
مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم

# سۈكۈتكە چۆمگەن دالا



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

民族文字出版专项资金资助项目

# ئۇيغۇر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانمىلار

71 - 100

维吾尔原创文学作品精选



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسم

# سۈكۈتكە چۆمگەن دالا

(رومان)

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم 1970 ـ يىلى 4 ـ ئايدا كېرىيە ناھىيەسىنىڭ يېڭىباش يېزىسىدا ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1989 ـ يىلى خوتەن دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئومۇمىي پەن كەسپىنى پۈتكۈزۈپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1997 ـ يىلى سىياسىي كېڭەش كېرىيە ناھىيەلىك كومىتېتىغا يۆتكەلگەن. ھازىر كېرىيە ناھىيەلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەۋاتىدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپلىك يازغۇچىسى.

مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىمنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1988 ـ يىلى «خوتەن گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «يىلتىز» ناملىق ئەسىرى بىلەن باشلانغان، ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆپلىگەن ھېكايە ـ پوۋېستلىرى، نەسرلىرى، بىر قىسىم ئەدەبىي ئاخباراتى ۋە ئىلمىي تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىنغان. ھەرقايسى نەشرىياتلاردا «بۇ شۇنداق جاھان»، «ئوتلۇق نەپەسلەر»، «تەشنا لەۋلەر»، «قىزارغان ئۈپۈق» قاتارلىق رومانى نەشر قىلىنغان.

# 1

ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن ھاۋادىن كىرىپ، يېپەك پەردىلەرنى بوشقىنا يەلپۈپ تۇرغان شامال جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ھاۋادان تەرەپتىكى دەرەخزارلىقتا قۇياش نۇرى يانتۇ چۈشكەچكىمۇ ئۆي ئىچى گۇڭگا كۆرۈنەتتى. يېقىنلا يەردىن قۇشقاچ، قارلىغاچ، تورغاي دېگەندەك قۇشلارنىڭ سايراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار خۇددى مۇڭلۇق بىر كۈينى ئورۇنلاۋاتقاندەك گاھىدا يالغۇز، گاھىدا قوشۇلۇپ سايرىشاتتى. بەزىدە خاس خانىغا يېقىنراق سەينادا مەشىق قىلىۋاتقان خان ئوغۇللارنىڭ ھەمراھلىرىغا ھەملە قىلىپ چىڭقىلىپ ۋارقىراشلىرى، نەيزە ـ قىلىچلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغان چاغدىكى تاراڭ ـ تۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەمما، خانا ئىچىدىكى قىپقىزىل خوتەن گىلىمى ئۈستىدە تامغا يۆلىنىپ كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئولتۇرغان مۇسا بۇغراخان بۇ ئاۋازلارنى ئاڭلىمىغاندەك خىيال قاينىمىغا چۆمگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دادىسى سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ مېھرىبان سىماسى نامايان بولۇپ، ئاللىقانداق بىرنەرسىلەرنى تاپىلاۋاتقاندەك، ئاتا ـ بوۋىلىرى قان كېچىپ جەڭ قىلىپ مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن شاھلىق تەختتە مەزمۇت ئولتۇرۇشقا روھى مەدەت بېرىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق تۇيغۇدا خېلى كۆپ ئولتۇردى. بىر چاغدا تۇيۇقسىز ئېسىگە بۇگۈن سەھەردە ئىدىقۇت ۋە ئۇدۇن تەرەپتىن تەڭلا يېتىپ كەلگەن ئايغاقچىلاردىن ئاڭلىغان مەلۇماتلار كەلدى ۋە قارا قىشتا كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك ئەندىكىپ كەتتى...

— يېقىندىن بۇيان ئىدىقۇت تەرەپ تىنىچ، — دېدى قەلەندەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سىياقىدا ياسىنىۋالغان، يۈزلىرىنى قاسماق بېسىپ، ئۆسكىلەك چاچلىرى سالۋاراپ كەتكەن، قۇراق جەندىسىنىڭ يىرتىقلىرىدىن بەدىنى كۆرۈنۈپ قالغان خۇنۇك كۆزلۈك ئايغاقچى دىردىيىپ تۇرغان چار ساقاللىرىنى ئارىدەك بارماقلىرى بىلەن تارىغاچ، — بىلىشىمچە، يېقىندىن بۇيان ئوردا ئىچىدە بىر توغرۇلۇق باشقا گەپ ـ سۆز يوق ئىكەن. ئىدىقۇت خانى بىر بىلەن تىنچ ـ ئىناق ئۆتۈشنى خالايدىكەن. شۇڭا، بىز تەرەپكە لەشكەر چىقىرىش ئېھتىمالى يوق دېيەرلىك. ئەكسىچە خانمۇ، ئەل ـ رەئىيەتمۇ بىزنى لەشكەر تارتىپ بېسىپ كېلەرمۇ، دەپ ئەنسىرەيدىكەن...

مۇسا بۇغراخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى. ئۇنىڭمۇ بۇ يېقىندا ئىدىقۇت تەرەپكە لەشكەر تارتىش غەرىزى يوق ئىدى. گەرچە ئۇ ياقتىكىلەرنىڭ ھازىرمۇ ئۆزلىرى ياسىۋالغان بۇت ـ ھەيكەللەرگە ئېتىقاد قىلىۋاتقانلىقى خانغا مەلۇم بولسىمۇ، بۇ ئىشلارنىڭ كېيىنكى كۈنلەردە ھامىنى ھەل بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

— ئۇدۇن تەرەپتە ياغلاقار قالۇ خان تېخى يېقىندىلا مەخسۇس كېڭەش چاقىرىپتۇ، — دېدى ئۇدۇن تەرەپتىن كەلگەن كۆزلىرى يوغان، بۇرنى سەل ئۇچلۇقراق كىشى يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، — مەن ئىگىلىگەن ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ھازىرچە بىز تەرەپكە باسقۇن قىلىپ كېلىش نىيىتى يوق ئىكەن. ئەمما، بۇتقا باش قويۇشتىن يېنىپ، مۇسۇلمان بولغانلار بايقالسىلا، ياغلاقار قالۇنىڭ لەشكەرلىرى دەرھاللا ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالىدىكەن. شۇڭا، نۇرغۇن رەئىيەت جانابىي مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم بۇغرا قاراخاننىڭ پايى قەدىمىنىڭ ئۇدۇن زېمىنىغا بالدۇرراق تېگىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋېتىپتۇ. ئەمما، ئوردىدىكى كېڭەشتە ياغلاقار قالۇ خاننىڭ لەشكەرباشلىرى نوقتەرىش بىلەن چوقتەرىشلەر قاراخانىيلار ئۇدۇن زېمىنىغا قەدەم باسىدىكەن، ئۇلارنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيمىز، دەپ جار سالغانىمىش.

— نوقتەرىش، چوقتەرىشلەر قانداقراق ئادەملەر ئىكەن؟ — دەپ سورىدى مۇسا بۇغراخان سەل قىزىقسىنىپ.

— ئۇ ئىككىسى ئەمدىلەتىن ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغان زەبەردەس ئاكا - ئۇكىلار بولۇپ، چېرىكچىلىك ئىشلىرىغا پىششىق ئىكەن. ھەرقانداق جەڭ قوراللىرىنى قولىغا ئالسىلا، بىمالال جەڭ قىلالايدىكەن. ئادەتتە بىر ئۆزى يالغۇز بەش يۈز لەشكەرگە تەڭ كېلەلەرمىش. باشقىلار ئۇلارنى ئۇرۇشنىڭ ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى تامام ئۆگىنىپ بولغان، بوغۇزىغا پىچاق تەڭلەپ تۇرسىمۇ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ قويمايدىغان لەشكەرباشلىرى، دېيىشىدىكەن.

ئايغاقچىنىڭ بۇ گېپى مۇسا بۇغراخاننى سەل بىئارام قىلىپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما چاندۇرماي ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان ئايغاقچىغا قولىنىڭ كەينى بىلەن ئىشىك تەرەپنى ئىشارە قىلدى. ئايغاقچى قول باغلىغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىچىلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

«بۇ ئىشنى زادى قانداق قىلىش كېرەك؟» مۇسا بۇغراخان بىر نۇقتىغا تىكىلىپ خىيالىنى داۋام قىلدى، «ئەگەر ئىدىقۇت، ئۇدۇن تەرەپلەرگە لەشكەر تارتمىسام، ئاتامنىڭ ئىزىنى باسالمىغان، ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇنلىيالمىغان بولىمەن، ھەر ئىككىلا ئالەمدە خان ئاتامغا، ئەل - رەئىيەتكە يۈز كېلەلمەيمەن. ئەگەر ھازىرقى شارائىتتا لەشكەر تارتسام، لەشكىرىي خىراجەتكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولارمۇ؟ بۇ ئىشتا ئاۋۋال ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلاش كېرەك. مەرھۇم داداممۇ كۆپ قېتىم: ‹مەيلى قانداقلا ئىش قىلساڭ، ئاۋۋال ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلا. ئاۋام ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا گول، ساددا، ياۋاش، كۆپ ئىشنى بىلمەيدىغاندەك بىغەم يۈرگەندەك قىلسىمۇ، ۋاقتى كەلسە، تۇغان ياساپ توسقىلى بولمايدىغان قىياندەك دەۋرەپ، قانداق قىلىشنى ئويلىشىشىغىمۇ پۇرسەت بەرمەيدۇ. ئۇ چاغدا ھەرقانچە پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. شۇڭا،

www.uyghurkitap.com

ئاۋۋال ئاۋامنى، ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىنى ئويلا. ئۇلارنى ئازراق بولسىمۇ موھتاجلىقتىن، خارلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى قىل. شۇنىڭدىلا ئۇلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشەلەيسەن»، دېگەنىدى. بۈيۈك بۇغراخانلىق تەختىگە بەرقارار بولغىنىمدىن بېرى بۇ سۆزلەرنى ئېسىمدىن چىقارمىغان بولساممۇ، لېكىن بەزى ئىشلارنى تېخىچە ھەل قىلىپ بولالىغىنىم يوق. ھېلىھەم بايلىق بىلەن نامراتلىق ئوتتۇرىسىدا پەرق چوڭ. ھۆكۈمدارلار بىلەن تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرىنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا ئوت بىلەن سۇدەك تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ ئىشلارنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپ، چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىمەن، دەپ زېمىنىمىز پاسسىلداش، تىلىمىز بىر، ھالبۇكى دىنىمىز باشقا قوۋمدىكىلەرگە لەشكەر تارتسام قانداق بولۇر؟ تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەر بۇ ئويۇمنى قوللارمۇ؟... بەلكىم ئۇلار مېنىڭ سۆزۈمنى يېرىماس ھەم يېرىشقىمۇ پېتىنالماس. ئەمما، ھازىر ئۆزىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان دەڭسەپ كۆرۈشۈم زۆرۈردۇر. قارار چىقىرىلىپ، ئىككى تەرەپكە قوشۇن تارتىدىغان ئىش بولسا غەلىبە قىلارمىزمۇ ياكى... ياق، مەغلۇپ بولمايمىز. بوۋاممۇ، داداممۇ، ھەتتا مەنمۇ نۇرغۇن قانلىق جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، كۆپ قېتىملاپ نۇسرەت قازانغانمىدۇق. بىزنىڭ كۈچ - غەيرىتىمىز ھەرقانداق كۈچلۈك دۈشمەننى باش ئەگدۈرگەن، تېز پۈكتۈرگەن. ئەمما، ئالىمادىس... بەزىدە ئاز كۈچ بىلەن كۆپ دۈشمەننى يوقاتقىلى بولسا، بەزىدە ئاجىز قوشۇنلارمۇ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك قوشۇننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدىغان ئىشنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ. كىچىككىنە چۈمۈلە پىلنىڭ خارتۇمىغا كىرىۋالسا، پىلمۇ بۇنىڭغا ئامال قىلالماي قالىدۇ ئەمەسمۇ؟! ... داۋاملىق ياۋنى يېڭىمەن، مەغلۇپ قىلىمەن دېسەڭمۇ، بەزىدە ئويلىمىغان سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېغىر تالاپەتكە دۇچار بولۇپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قېلىشى مۇمكىن... شۇڭا، لەشكەر تارتىش مەسىلىسىدە ئېھتىياتچان بولۇشۇم،

ئاقىلانە قارار چىقىرىپ، ياۋ بىخەستە تۇرغان پۈرسەتتە يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇشۇم كېرەك. خۇددى بوۋام بازىر ئارسلانخاندەك، دادام سۇلتان ساتۇق ئابدۇلكەرىم بۇغراخاندەك »...

مۇسا بۇغراخان شىرەدىكى ھۆل - قۇرۇق مېۋىلەر يېنىدا تۇرغان كۈمۈش پىيالىنى ئېلىپ، سوۋۇپ قالغان چاينى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن يەنە پەي ياستۇققا يۆلەندى - دە، خىيال قۇشىغا ئەگەشتى...

ساتۇق بۇغراخان بالاسىغۇننى بويسۇندۇرۇپ، سىر، ئامۇ دەريالىرى ۋادىسىدىكى بىپايان زېمىننى قارام قىلىپ، كاشغەرگە قايتىپ كېلىپ، كۆپ ئۆتمەي تايانغۇ كېڭشىدىكىلەرنى، دىنىي ئۇستازى ئەبۇنەسىر سامانىينىڭ ئوغلى ئەبۇلپەتتاھ تۇمەنباشىنى ۋە ئوغلى بايتاش تېگىن[①]نى قاتناشتۇرۇپ جىددىي كېڭەش چاقىردى.

كېڭەشتە چىرايى جىددىي تۈس ئالغان ساتۇق بۇغراخان ئۆزىگە ئەجەبلىنىش، تەشۋىش، ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغانلارنى كۆرمىگەندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر چاغدا سۇباشى[②] چاغرى تېگىن قۇرۇق يۆتىلىپ قويغاندا، ئاندىن كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ئېغىز ئاچتى:

— ئەپۇ قىلىشسىلا، تەخسىرلەر، خىيال بىلەن بولۇپ قاپتىمەن. كېلىدىغانلار كېلىپ بولدىمۇ؟

— كېلىپ بولدى، خان ئالىيلىرى، — دېدى ئىشىك ئاغىسى دەرھاللا.

— خوش، — ساتۇق بۇغراخان ئۆسكىلەڭ كىرپىكلىرى ئا- رىسىدىكى بۆركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن ھەممەيلەنگە بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —

---

① بايتاش تېگىن — مۇسا بۇغرا قاراخاننىڭ تۈركىي ئىسمى.

② سۇباشى — قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي سىستېمىسىدا «پۈتۈن قوشۇننىڭ قو- ماندانى، يەنى باش قوماندان» دېگەن مەنىدە كېلەتتى. (‹سۇباشى› سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى ‹قوشۇننىڭ قوماندانى› دېگەنلىكتۇر. رىشات گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 يىلى 3 - ئاي نەشرى، 419 - بەت).

ھەرقايسىلىرىنى چاقىرتىشىمىزنىڭ مەقسىتى پەقەت بىرلا، يەنى ئىدىقۇت خانلىقىغا قارشى بەشبالىق تەرەپكە لەشكەر تارتىش ئىدى. شىنى كېڭەش قىلىش. ھەممىڭلارغا مەلۇمدۇركى، بۈيۈك بۇغرا- خانلىقىمىز ۋۇجۇدقا كەلگەندىن بېرى ئەل ـ رەئىيەتنىڭ تۇر- مۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن زېمىندارلار ئىلكىدىكى يەرلەرنى يوق- سۇزلارغا، قۇللارغا بۆلۈپ بەردۇق، ھەق ـ ئادالەت ئورناتتۇق. ئاۋام جېنىنى جان ئېتەلمەيدىغان، يەر ئىگىلىرى ئۆزىگە تەۋە قۇللارنى خالىغانچە ساتىدىغان ئىشلارغا چەك قويدۇق. خانلىق مەدرىسەسى ـــ ساچىيە مەدرىسەسى قۇرۇلغاندىن كېيىن خانلىقىمىز ئۈچۈن داڭلىق ئۆلىما، مۇدەررىس، ھەكىم، مۇنەججىملەرنى يېتىشتۇ- رۇپ، ئاۋامنى نادانلىق، قاششاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا بى- ھېساب رول ئوينىدى. مانا ئەمدى ئىلىك ھاجىپنىڭ تەشەببۇسى، تايانغۇ كېڭەشچىلىرىمىزنىڭ قارارى بويىچە يۇرت ـ يۇرتلاردا مەد- رىسەلەر ئېچىلىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق پۇرسەتتە سامانىيلار خا- نىدانلىقىغا قارشى ماۋەرائۇننەھىر رايونىغا لەشكەر تارتىپ، شاش، قوقەند، بالاساغۇن، ئامۇ دەرياسى، سىر دەرياسى ۋادىلىرى- نى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىمىزگە ئېلىپ زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەل- دۇق. ئەمما، يان قوشنىلىرىمىز ئىدىقۇت، ئۇدۇنلەر ھېلىھەم بۇت ـ ھەيكەللەرگە باش قويۇشۇپ يۈرۈشىۋاتىدۇ. بىزنىڭ تىلىمىز بىر، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز ئوخشاش، زېمىنلىرىمىز پاسىلداش بولغى- نى بىلەن ئۇلار ھېلىھەم ھەق دىن ئىسلامغا بەيئەت قىلغىنى يوق. يارەنلەر، بىز ئىسلام دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن- دىن بېرى، تېررىتورىيەمىزدىكى خەلقنىڭ بەزىلىرى چىن دىلى- دىن ئىسلامغا بەيئەت قىلىپ، بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەي، مۇسۇلمانچىلىق يولىنى تۇتقىنى بىلەن بەزى كىشىلەر قارىماققا ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇت ـ ھەيكەللىرىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ۋاز كەچكىنى يوق. بىزگە يەت- كەن ئەڭ ئىشەنچلىك مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ياركەند، قاغىلىق، يېڭىسار تەرەپلەردىكى بەزى زېمىندارلار يەرلىرىدىن ئايرىلىپ

قالغاندىن كېيىن نادان خەلقنى قايمۇقتۇرۇۋاتقانىمىش. ئۇلار تەپتارتماي: «بۇرۇنقى دىنىمىز ئۇنداق ئەمدىيەي، هازىرقى دىنىمىز بۇنداقكىنەي...» دەپ ئاشكارا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ يۈرۈشكۈدەك، ھەتتا بەزى مەسچىتلەرنى كېچىسى نامەلۇم ئادەملەر چېقىۋېتىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىۋاتقانىمىش. ئەگەر مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۆز ئىچىمىزدىكى بۇتپەرەسلەر بىرلىشىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ تەتۈر قويۇن پەيدا قىلسا، ئىدىقۇت، ئۇدۇن تەرەپتىكىلەر دەرھال ياردەمگە كېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، يىلان ئۇخلاپ ياتقان چېغىدا بېشىنى مىجىپ تاشلىماق كېرەكتۇر!

ساتۇق بۇغراخان ئۇزاق سۆزلەپ كەتكەچكىمۇ ئالدىدىكى قاشتاشتىن ياسالغان چىنىدىكى چاينى بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. كېڭەش ئەھلى بىر - بىرىگە قارىشىپ قويغاندىن كېيىن، خاننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىگەندەك باشلىرىنى يېنىك لىڭشىتىشتى.

— ئارى، بەك بەلەن گەپ بولدى، — دېدى ئىلىك ھاجىپ دەرھاللا، — خوددى ئالىيلىرى ئېيتقاندەك ئىشلارنى مەنمۇ خېلى ئاڭلىدىم. يېزا - قىشلاقلاردا، تاغلىق رايونلاردا بەزىلەر ھېلىھەم ئەسلىي ئېتىقادى بىلەن تىرىكچىلىك قىلىۋېتىپتۇ. ئۇلار بىزنى ئاسىي، مۇرتەت دەپ تىللارمىش. راستىنى دېسەم، بەزى جايلاردىكى ئىشلار خان ئالىيلىرىنىڭ دېگىنىدىنمۇ قورقۇنچلۇق، بۇتقا ئېتىقاد قىلغۇچىلار بىزنىڭ بەزى دىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرمەكتە، پاجىئەلىك ئۆلتۈرمەكتە. زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلماقتا، ئاۋامنىڭ تىرىكچىلىك يولىنى ئۈزۈپ، چىقىش يولى تاپالماي قالغانلارنى ئۆزىگە بېقىنىشقا مەجبۇر قىلىش غەرىزىدە ھىيلە ئىشلىتىپ، نەيرەڭ تۈگمىنىدە خۇسۇمەت ئۇگۇتلىرىنى تارتماقتا. ئاڭلىسام ياركەند تەرەپتىكى بىر كاتتا زەردار بۇرۇن ئىستىبلا قىلىچىمىزدىن قورقۇپ ئىسلام دىنىمىزغا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر يەنىلا خۇپىيانە ھالدا بۇتقا باش قويۇپ ياشاۋاتقۇدەك.

ئۇ خان ئالىيلىرىنىڭ زېمىندار، ئېكتالار قولىلىرىدىكى ئارتۇق يەرلەرنى يەرسىز ئاۋامغا، قۇل - چۆرىلەرگە بۆلۈپ بېرىش توغرىسىدىكى پەرمانى جاكارلانغاندىن كېيىن، ئېلىكىدىكى بايلىقىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ قول ئاستىدىكى قۇللارغا ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، باشقا زېمىندارلارنى قۇترىتىپ، ئىش بېجىرگۈچىلىرىمىزگە قارشى چىقىپتۇ، قان تۆكۈلۈش خەۋپى تۇغۇلغاندا، باشقىلارنىڭ سۆلھى - سالاسى بىلەن بېسىقىپتۇ. ئەمما، ھېلىقى زېمىندار ھېلىھەم بۇرۇنقى ھاكىمىيەتنى، دىنىنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ: «بۇلارنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدۇ، پات ئارىدا ئۇدۇن خانى بۇياققا لەشكەر باشلاپ كېلىپ، بۇ ئاسىيلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيدۇ» دەپ ۋەز ئېيتىپ يۈرگۈدەك. خۇلاسە كالام، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىمۇ خان ئالىيلىرىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسى بىلەن ئوخشاش. بىز خانلىقىمىزنى مۇستەھكەملەيمىز، بۇ زېمىندا ئۇزاقىقچە پۇت تىرەپ تۇرىمىز، دەيدىكەنمىز، قوۋمىمىزنىڭ، تىلىمىزنىڭ بىرلىكىنى ۋاقتىنچە بىر ياندا قويۇپ ئىدىقۇت ۋە ئۇدۇن تەرەپكە لەشكەر تارتىقىنىمىز جايىزدۇر.

— ئارى، ئارى... مەنمۇ قوشۇلىمەن، — دېدى سۇباشى چاغرى تېگىن ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويۇپ، — ئەلنى ئەمىن تاپتۇرىمىز دېسەك، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوقتۇر. پېقىرلىرى خاننىڭ ئۇشبۇ ھەقتە يارلىق چۈشۈرۈشىنى سورايمەن.

ساتۇق بۇغراخان مەمنۇن بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، «ھە سىلەرمۇ گەپ قىلمامسىلەر؟» دېگەندەك باشقىلارغا قاراپ قويدى.

— دانا پىكىر، — دېدى ئەبۇلپەتتاھ بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، — يارلىق چۈشۈرگەيلا، ئالىيلىرى، دىن ئەغيارلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇچۇن جان تەسەددۇق!

— شۇنداق، خان ئاتا، جان تەسەددۇق! — دېدى خان ئوغۇل

بايتاش تېگىنمۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، — بۇ ئۇرۇشقا ھېلىھەم بەك كېچىكىپ كەتتۇق. ئەسلىي ماۋەرائۇننەھىر تەرەپتىن قايتىپ كېلىپلا لەشكەر تارتقان بولساق، بۇ باش قېتىنچىلىقنى ئاللىقاچان ھەل قىلىپ بولغان بولاتتۇق. خەيرىيەت، ھازىرمۇ تېخى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكىنى يوق. شۇڭا، خان ئاتام قىلچە ئىككىلەنمەي يارلىق چۈشۈرگەي. پېقىرمۇ ئەبۇلپەتتاھ جانابلىرى بىلەن بىللە لەشكەر تارتىشقا تەييارمەن!

ساتۇق بۇغراخان ئوغلىنىڭ ئىرادىسىدىن سۆيۈنگەندەك كۈلۈمسىرىدى-دە، ئۈن-تىنسىز ھالدا ئولتۇرغان ئوردا ئاغىچى[1]سى بىلەن ياساق ئۆلچىسى[2]غا قارىدى.

— بۇ... بۇ... تولىمۇ نازۇك مەسىلە، خان ئالىيلىرى، — دېدى ئاغىچى دەرھال ئېغىز ئېچىپ، — ئەلھال، ھازىرمۇ كېچىكمىگەندۇرمىز، لېكىن...

— ھەرقانداق گەپ بولسا ئوچۇق دەۋەرسىلە، — دېدى ساتۇق بۇغراخان ئۇنىڭ گېپىنى توختىتىۋالغىنىغا ھەيران بولۇپ، — بۇ كېڭەش سورۇنى، ھەر كىم ئويلىغىنىنى مۇشۇنداق دەرقەمتە ئولتۇرۇپ دېيىشمەك ياخشىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئادەمنىڭ ئەقلى بىرچە، كۆپ ئادەمنىڭ ئەقلى كۆپچە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟

— شۇ... بۇ... مەسلىھەتقۇ ئوبدان بولدى. ئەمما، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان بۇخارا، سەمەرقەند، شاش، پەرغانە تەرەپلەرگە لەشكەر تارتىپ، ئوردا ئاغىلىقىمۇ بوشاپ قالدى. گەرچە ئۇ تەرەپتىن زەپەر قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن بولساقمۇ، ئوردۇكەنت[3] تەۋەسىدە سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى قىلىش، مەدرىسەنى كېڭەيتىش، يۇرت-يۇرتلاردا مەسچىتلەرنى سېلىش، نامرات تېرىقچىلارغا ياردەم بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن خەزىنىگە كىرگۈزۈلگەن ئاقچىلارمۇ چىقىمنى ئاران قامداۋاتىدۇ.

---

① ئاغىچى — مالىيە ۋەزىرى.
② ياساق ئۆلچىسى — تۈرلۈك سېلىق، باج، ئالۋانلارنى يىغىشقا مەسئۇل ۋەزىر.
③ ئوردۇكەنت — شۇ ۋاقىتتىكى ئاستانە (ھازىرقى خانئۆي خارابىسى ئورنىدا ئىدى).

شۇڭا، لەشكەر تارتىش توغرا كەلسە، لەشكىرىي تەمىناتتا قىينىلىپ قالارمىزمىكىن؟

— ئەھۋال ئۈنچىلىك ئېغىر ئەمەستۇ؟ — سورىدى ئىلىك ھاجىپ ئاغىچىنىڭ كۆزلىرىگە مىختەك تىكىلىپ، — يېقىندىن بۇيان قىلىنىۋاتقان قۇرۇلۇشلارغا باشقىلارمۇ ياردەم قىلدىغۇ؟

— ئىلىك ھاجىپ جانابلىرى، ئۇلارنىڭ ياردەم قىلغىنى پەقەت تامبالغا سالىدىغان ياماقچىلىككىلا. قالغىنىنى يەنە شۇ ئوردا ئاغىلىقىدىن چىقىم قىلدۇق.

— بىزمۇ يىغىدىغان ئالۋان - ياساقلارنى كەم قويماي يىغىپ ئۆتكۈزدۇق، — دېدى ياساق ئۆلچىسى ئەمدى گەپ قىلمىسا بولمايدىغاندەك ھېس قىلىپ، — شۇنداقتىمۇ بۇ قېتىمقى لەشكىرىي يۈرۈش كىچىك ئىش ئەمەس. ئەگەر ئۇرۇشتا تېز غەلىبە قىلساققۇ مەيلى، ئۇنداق بولماي ۋاقىت سوزۇلۇپ كېتىپ قالسا، ئۇ چاغدا لەشكەرلەرنىمۇ، ئاۋامنىمۇ قىيناپ قويىدىغان ئىش چىقىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىشتا ھازىرچە ئالدىرىماي، تەييارلىقنى پۇختا قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇ تەرەپلەرگە لەشكەر تارتساق قانداق بولار؟

— ئارى، ئارى... دانا پىكىر، ئەلۋەتتە ئوبدانراق ئويلىشىپ بېقىش زۆرۈردۇر، — دېدى ئاغىچى ئۆزىگە بولۇشىدىغان ئادەم چىققىنىدىن جانلىنىپ، — ئەگەر پات يېقىندا لەشكەر تارتىمىز دېسەك، ئاۋامدىن يىغىدىغان ئالۋان - ياساقلارنى كۆپەيتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇ ئىش خەلقنىڭ بىزگە بولغان ئەقىدىسى، ئىشەنچىنى تەۋرىتىپ قويۇشى مۇمكىن، ھەتتا مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئۆزىمىزگە — خانلىقىمىزغا قارشى چىقمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ...

— بەس، جانابلىرى، — دېدى ئىلىك ھاجىپ زەردە بىلەن، — سىلىنىڭچە يەنە قاچانغىچە ساقلايمىز؟ بىز «مىكى - مىكى» دەپ ئولتۇرساق، رەقىبلىرىمىز جىم ياتارمۇ؟ خان ئالىيلىرى دېگەندەك ئالمادىس ئۆز ئىچىمىزدىكى رەقىبلىرىمىز بىلەن

ئۇلار بىرلىشىپ ئۈستىمىزگە يوپۇرۇلۇپ كەلسە، «بىز تەخىر قىلىغانىدەك، سىلەرمۇ بىر مەزگىل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار. بىزنىڭ ئۇرۇش تەييارلىقىمىز تېخى پۈتمىدى، دەيمىزمۇ؟...» ئەڭ ياخشىسى، سۇ كەلگۈچە تۇغان سېلىپ، يىلان تەييارلىقسىز تۇرغان پۇرسەتتە بېشىنى مىجىپ تاشلاش كېرەك. شۇندىلا ئۆز ئېلىمىزگە، دىنىمىزغا بولغان ساداقىتىمىزنى بىلدۈرگەن بولىمىز، جانابلىرى!

— بۇ دېمەككە ئوڭاي بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە تەس ئىش، ئىلىك ھاجىپ جانابلىرى! — ئاغىچىمۇ بىردىنلا چىڭقالدى، — ئۇ تەرەپلەرگە لەشكەر تارتىپ قويۇپ، كېيىن قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرالمىغاندەك ئىش بولۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟!

— بۇ تەرەپلەردىن غەم يېيىش ھاجەتسىز، — دېدى بايتاش تېگىن ئاغىچىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا، — بىز ئۇ يەرگە يېتىپ يېگىلى بارمايمىز! بەلكى دىنىمىزنىڭ ئەغيارلىرىغا قىلىچ تەڭلەپ بارىمىز. نەچچە يىلدىن بۇيان ئىدىقۇت خانى بىلەن ئۇدۇن خانى سۇلتان ساتۇق بۇغرا قاراخان لەشكەرلىرى ئۈچۈن بېھىساب لەشكىرىي تەمىنات تەييارلاپ كۈتۈۋاتىدۇ. ۋاقتىدا بېرىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋالغىنىمىز تۈزۈك...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساتۇق بۇغراخان، ئىلىك ھاجىپ، سۇباشى چاغرى تېگىن قاتارلىقلار كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى. ئوردا ئاغىچى بىلەن ياساق ئۇلچىسى كۆز سوقۇشتۇردى - يۇ، بايتاش تېگىن بىلەن زاكونلىشىپ، خاننىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ باشلىرىنى تۆۋەن سالدى.

— ئۇنداقتا ئىدىقۇت، ئۇدۇن تەرەپلەرگە لەشكەر تارتىش كېرەك، شۇنداقمۇ؟ — دېدى خان كېڭەش ئەھلىگە قاراپ.

— شۇنداق، خان ئالىيلىرى! يەنە كەينىگە سۈرىۋەرسەك بولماس، — دېدى ئىلىك ھاجىپ دەرھال، — ئەمما، پېقىرنىڭ ئويىچە، ھازىرچە ئىدىقۇتنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۇدۇن زېمىنىغا ئاتلانماق زۆرۈردۇر. چۈنكى، ئۇدۇن زېمىنى خانلىقىمىزغا

يېقىن، يەنە بىر جەھەتتىن ئۇلار بىلەن پۇت تېپىشىپ ئۆتۈۋاتقىنىمىزغا ئۇزاق زامانلار بولۇپ قالدى.

— ئارى، ھەق گەپ! بۇ ئىشنى شۇنداق قىلماق جايىزدۇر، ئالىيلىرى...

— مەنمۇ شۇنداق ئويدا...

— يارلىق چۈشۈرگەيلا، رەقىبلىرىمىز ئۈستىگە ئاتلىنايلى ! — دېدى بايتاش تېگىن سالام بېرىپ.

— مېنمۇ ئۇنتۇپ قالمىسىلا، خان ئالىيلىرى، مەن دادام ئەبۇنەسىر سامانىينىڭ روھىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ بۇ قېتىملىق لەشكىرىي يۈرۈشكە قاتنىشاي، — دېدى ئەبۇلپەتتاھ خانغا ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تىكىلىپ، — دادام ھاياتىنىڭ ئاخىرقى دەملىرىدە ئۇدۇن تەرەپتىكىلەرنىڭ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولالمىغىنى ئۈچۈن ئۆكۈنىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم تىلغا ئالغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشىدىغان پەيت كەپتۇ. مەنمۇ ئاتامىنىڭ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا ئاتلىناي، پەرمان بەرگەيلا!

— مەنمۇ ئاتلىناي، خان ئالىيلىرى، — دېدى سۇباشى چاغرى تېگىنمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — سەمەرقەند تەرەپتىن قايتىپ كەلگەندىن بىرى بىكار يېتىپ ئاتلىرىمىزنىڭ تۇيىقى قىزىسىپ، لەشكەرلەرنىڭ قولى قىچىشىپ كەتتى. بۇ دورەم پۇخادىن چىققۇچە بىر ئېلىشىپ، ياۋنى يەر بىلەن يەكسان قىلايلى.

ساتۇق بۇغراخان ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇ ماۋەرەئۇننەھىر رايونىغا قىلىنغان سەمەرقەند سەپىرىدىن كېيىن ئۇدۇن ۋە ئىدىقۇتقا يۈرۈش قىلىش ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئاغىچى دېگەندەك ئاغىلىقنىڭ قۇرۇقدىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بىر قارارغا كېلەلمىگەنىدى. بۈگۈنمۇ بۇ ئىش توغرۇلۇق ئوردا ئەركانلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرغىنى بىلەن كۆڭلىدە ئېنىق سان يوق ئىدى. ئەگەر كېڭەش ئەھلى بىلەن گەپ بىر يەردىن چىقىپ قالسا، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، كېلەر

يىلى لەشكەر تارتىشنى نىيەت قىلغانىدى. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن تېزلىكتە لەشكەر تارتىش ساداسى كۆتۈرۈلۈپ قالدى.
ساتۇق بۇغراخان بوي - بەستىگە ناھايىتى ياراشقان چار ساقاللىرىنى تاراپ قويغاچ ئىلىك ھاجىپقا قارىدى.
— ئەمدى ئىككىلەنمىگەيلا، ئالىيلىرى، بايتاش تېگىننىڭ ئېيتقىنىمۇ ناھايىتى ئورۇنلۇقتۇر. ئىرادە كەمىرىنى مەھكەم باغلىساق، كېچىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ سۇ، ئاشقىلى بولمايدىغان داۋان يوقتۇر. ياۋ بىلەن ئېلىشقاندا يا ئۇلار يېڭىدۇ، يا بىز. شۇڭا، ئەمدى ئاق يەردە تۇغمەن تالىشىپ، تەگمىگەن تاياققا ۋايجان دەپ ئولتۇرساق بولماس. ئۇرۇش دېگەننى چوقۇم يېڭىمەن، رەقىبىمنى يەر چىشلىتىمەن دېگەن نىيەتتە قىلغۇلۇق. ئالىمادىس كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىپ يا يېڭىلىدىغان، يا ئوزۇق - تۈلۈك، لەشكىرىي تەمىناتتىن قىينىلىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، يەنە بار مەسلىھەت ئىش قىلمايمىزمۇ؟! ئارقىمىزدا تاغدەك يۆلەنچۈك بولىدىغان ئىمان - ئېتىقادى دۇرۇس تۇمەنلىگەن ئەل - رەئىيەت بار، شۇلارنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلىشىمىز زۆرۈر! شۇڭا، ئەمدى ئىككىلىنىۋەرمىسىلە...
— ئىلىك ئۇستاز راست ئېيتىدۇ، خان ئاتا. يارلىق چۈشۈرگەيلا!
— خان ئالىيلىرى، مەرھۇم ئاتامنىڭ ئارمىنىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئىجازەت بەرگەيلا!
— پەرمان چۈشۈرگەيلا، ئالىيلىرى...
ساتۇق بۇغراخان بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ قويدى. ئىلىك ھاجىپ، بايتاش تېگىن، ئەبۇلپەتتاھ، سۇباشى چاغرى تېگىنلەر خاننىڭ تېزرەك ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ ھەربىر ھەرىكىتىگە تىكىلىپ تۇراتتى. ئەمما، ساتۇق بۇغراخان ئۇلارنىڭ ئۈمىد، ئىلتىجا، تەقەززالىق، ھاياجاندىن نۇرلىنىپ كەتكەن كۆزلىرىنى كۆرمىگەندەك جىملا ئولتۇراتتى. شۇ تاپتا خانا ئىچى ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن بولۇپ، چىۋىن

ئۇچىسىمۇ ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. ئاغىچى بىلەن ياساق ئۇلچىسىمۇ ساتۇق بۇغراخاندىن قانداق سادا چىقاركىن، دېگەندەك جىددىيلىشىپ ئولتۇراتتى. بىراق، خان خېلى ئۇزاققىچە ھېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئاخىر تاقەت قىلالمىغان بايتاش تېگىن ئېغىز ئاچتى:

— بىر قارارغا كەلگەيلا، خان ئاتا! بىز دۈچ كېلىۋاتقان ۋەزىيەتنى بايا ئۆزلىرى ناھايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ ئۆتتىلە. يەنە ئارىسالدى بولساق، يۇرتىمىزدىكى دىن ئەغيارلىرىدىن ھەم قارشى تەرەپتىن خاتىرجەم بولالماي، يېگىنىمىز ئوغا، ئىچكىنىمىز زەھەر بولۇپ، غەم ـ غۇسسە ئىچىدە قالىمىز. شۇڭا...

— خان ئوغۇل توغرا دەيدۇ، ئالىيلىرى...

— بايتاش تېگىننىڭ سۆزى ئورۇنلۇق...

ساتۇق بۇغراخان ئاخىر ئېغىز ئاچتى:

— خوش، راستلا ئۇدۇن تەرەپكە لەشكەر تارتامدۇق؟

— تارتايلى، خان ئالىيلىرى! ... — ھەممەيلەن تەڭلا جاۋاب بەردى.

— ئۇنداقتا لەشكەرنى تارتىشقا كىم چىقىدۇ؟

— مەن، خان ئالىيلىرى، — دېدى تېخىچە ئۆرە تۇرغان سۇباشى چاغرى تېگىن ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ قويۇپ، — مەن دېگەن خانلىقىمىزنىڭ لەشكەرباشى، دىنىمىزنىڭ ئەغيارلىرىغا لەشكەر تارتىش مېنىڭ ۋەزىپەم...

— مەن باراي، خان ئاتا، — دېدى بايتاش تېگىنمۇ، — سىلى مېنى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى «لەشكىرىي مەشىقنى چىڭ تۇت، ئوغلۇم، كۆڭلەرنىڭ بىرسىدە ئەلنىڭ بېشىدا شۇملۇقنىڭ سايىسى ئەگىگۈدەك بولسا، لەشكەرلەر بىلەن يەزەك قوشۇن① غا باش بولىسەن» دېگەن ئەمەسمىدىلە؟ شۇڭا، مەن مەشىقنى چىڭ تۇتتۇم. ئەمدىلىكتە ياۋ بىلەن ئېلىشىدىغان، ئۆگەنگەنلىرىمنى

① يەزەك قوشۇن — ئالدىن يۈرەر قوشۇن.

ئىشلىتىدىغان ۋاقىتتا مېنى بىرياققا قايرىپ قويمىغايلا!
— دادىسىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارمىنىنى روياپقا چىقىرىش يىگىتنىڭ بۇرچىدۇر، خان ئالىيلىرى! مەن باراي، ئۆلسەم شېھىت، قالسام غازى! ...
ئىلىك ھاجىپ ئىللىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا «قارىغاندا بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دېگەندەك ساتۇق بۇغراخانغا قارىدى. ساتۇق بۇغراخانمۇ ئىلىك ھاجىپنىڭ قارىشىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ يەتتى – دە، سورىدى:
— ھەممىڭلار شۇنداق نىيەتتىمۇ؟
— شۇنداق، ئالىيلىرى، پەرمان بەرگەيلا، — ئۈچەيلەن تەڭلا جاۋاب بەردى.
— ھەرقايسىڭلارغا بارىكاللا، — دېدى خان رازىمەنلىك بىلەن. ئاندىن سۇباشى چاغرى تېگىنگە قارىدى:
— سىلىنىڭ بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشقا قانچىلىك ئىشەنچلىرى بار؟
— ئۇرۇش دېگەنگە ئالدىن بىرنەرسە دېمەك تەس، ئالىيلىرى. ئەمما، مەن ئۆزۈمنىڭ غەيرىتىگە، لەشكەرلىرىمنىڭ ھازىرقى لەشكىرىي ماھارىتىگە ئىشىنىمەن.
— دانا پىكىر، ھەقىقەتەن ئۇرۇش مەيدانىنى كۆرمەي تۇرۇپ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. خوش سېنىڭچۇ ئوغلۇم؟
— بىز ھازىرچە ياۋنىڭ ئەھۋالىنى تازا بىلىپ كەتمەيمىز. «ئۆلتۈرمەن دېسە قويمۇ تېپىرلايدۇ» دېگەندەك، ياۋ پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشى چىقىشى مۇمكىن. ئەمما، بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزمۇ ئوت دېڭىزىغا كىرىشكە، تىغ قىيالاردىن سەكرەشكە ھەر ۋاقىت تەييار، خان ئاتا!
— ئېيتە، ئوغلۇم، بىر سەركەردىنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى ساتۇق بۇغراخان ئوغلىغا تىكىلىپ.

— بىلىمەن، خان ئاتا. «لەشكەر بېشى ئۈچۈن بۇ بىرقانچە خىسلەت بولۇشى زۆرۈر، ئۇنىڭ بىلەن ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق، ئىش - ھەرىكەتلىرى توغرا بولىدۇ. بىرىنچىدىن، گەپ - سۆزلىرى چىن، ئىشەنچلىك بولۇشى كېرەك، ئۇلۇغ كىشى يالغانچى بولسا، ئاۋام ئىشەنمەيدۇ. ئىككىنچىدىن، سېخىي بولۇشى، نەرسە - كېرەك ئېھسان بېرىشى لازىم. ئېلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى بېخىللىنىڭ يېنىغا توپلانمايدۇ. ئۈچىنچىدىن، يۈرەكلىك، جەسۇر بولۇشى كېرەك. يۈرەكسىزلەر دۈشمەننى كۆرگەندە ئاغرىپ يېتىۋالىدۇ. تۆتىنچىسى شۇكى، ھىيلە بىلىدىغان بولۇشى كېرەك، ھىيلە بىلگەن كىشىگە ئارسلانمۇ باش ئېگىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، قوشۇن سەركەردىسى دۈشمەنگە قارشى يۈزلىنىدىكەن، ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىپ، كېچە - كۈندۈز ئويغاق تۇرۇشى كېرەك. لەشكەرنىڭ كۆپ بولۇشى ھاجەت ئەمەس، خىل بولۇشى كېرەك، لەشكەر خىل بولغىنىدەك، قورالمۇ تولۇق بولۇشى كېرەك. ئۇرۇشنى ئوزارتسا، دۈشمەن ئەقىل تېپىۋالىدۇ، شۇڭا ئۇرۇشۇپ دۈشمەنگە نۆۋەت بەرمەسلىك لازىم. دۈشمەن بىر تارقىتىۋېتىلسە، قايتا توپلىنالمايدۇ، ئوتنى سۇ ئۆچۈرسە قايتا يانالمىغاندەك»①.

— يەنچۇ ئوغلۇم؟ — ساتۇق بۇغراخان ئوغلىنىڭ جاۋابىغا مەستلىكى كېلىپ ھاياجانلانغاندەك ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى.

— «سەركەردە يۈرەكلىك، ئەقىللىك، باتۇر ۋە قىزغىن بولۇشى كېرەك. جەڭ قىلغاندا ئارسلاندەك يۈرەكلىك، ئېلىشقاندا قاپلاندەك بىلەكلىك بولۇشى لازىم. يەنە دۈشمەنگە نىسبەتەن توڭگۇزدەك تەرسا، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك قايتماس، قوتازدەك ئاداۋەتخور، قىزىل تۈلكىدەك ھىيلىگەر، بۇغرا تۆگىدەك قىساسچى بولۇشى لازىم. ئۆزىنى سېغىزخاندىنمۇ

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، 2282 -، 2310 -، 2311 -، 2312 -، 2313 -، 1314 - بېيىتلار. مىللەتلەر نەشرىياتى 1991 - يىلى نەشر قىلغان نەشرىي يەشمىسىگە قارالسۇن.

ھوشيار تۇتۇشى، قىيا قۇزغۇنىدەك يىراقنى كۆرۈشى لازىم.
ئارسلاندەك يۈكسەك چىدام كۆرسىتىشى، تۈنلەرنى ھۇۋقۇشتەك
ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشى كېرەك»①.

— يارايسەن، ئوغلۇم. سەركەردە بولغان ئادەم ئەلەم
ماھارىتىدىلا كامىل بولۇپ قالماستىن، مانا مۇشۇنداق ھەر
جەھەتتىن يېتىشكەن ئىستېدات ئىگىسى بولۇشى كېرەك.
شۇنىڭدىلا ئاز لەشكىرى كۈچ بىلەنمۇ كۆپ ياۋ ئۈستىدىن
غەلىبە قىلىپ، نۇسرەت كەمىرىنى بېلىگە باغلىغىلى بولىدۇ.
سەمىڭدە بولسۇن: «كۆپ قوشۇن تەلەپ قىلما، خىل لەشكەر تەلەپ
قىل، لەشكەرنىڭ خىللانغان، قورالىنىڭ تولۇق بولۇشىنى تەلەپ
قىل. كۆپ لەشكەرگە قارىغاندا تەرتىپلىك ئاز لەشكەر
ياخشىراق»②. يەنە بىرسى، جەڭدە خىزمەت كۆرسەتكەنلەرگە
«تېگىن، ئالىپ، تۇڭا، ياغان، چاغرى، توغرۇل» ناملىرى ھەدىيە
قىلىنىشى، ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىدىن ئېلىنىدىغان باج خىراجىتى
كۆتۈرۈۋېتىلىشى، ئۇلارنى ۋاقتىدا تارتۇقلاپ، لەشكەرلەرنىڭ
جەڭگىۋارلىقى ئۆستۈرۈلۈشى لازىم... ئېسىڭدە بولسۇن، كىم
ياراملىق ئىش قىلسا، شۇنى دەرھال مۇكاپاتلاش، بۇنىڭ بىلەن
ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش كېرەك. كىمكى بىر ئەسىر تۇتۇپ
كەلسە، تارتۇقلاش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇشال بولىدۇ.
جەڭدە يارىلانغانلارنى بېقىپ داۋالىتىشنىڭ، ئەسىرگە
چۈشكەنلەرنى قۇتۇلدۇرۇپ قايتۇرۇۋېلىشنىڭ، ئۆلگەنلەرنى
قەدىرلەپ دەپنە قىلىشنىڭ، بالىچاقىلىرى بولسا ئۇلارغا ھەققىنى
بېرىشنىڭ لازىمدۇر. باشقا لەشكەر بۇنى كۆرۈپ سۆيۈنىدۇ. جەڭ
مەيداندا سەن ئۇچۇن جېنىنى پىدا قىلىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ، ئوغلۇم؟

— ھەربىر سۆزلىرىنى قەلب دەپتىرىگە بىر - بىرلەپ

① يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، 2323 ـ، 2324 ـ، 2325 ـ 2326 ـ، 2327 ـ، 2331 ـ، 2332 ـ، 2366 ـ، 2382 ـ، 2396 ـ بېيىتلار. مىللەتلەر نەشرىياتى 1991ـ يىلى نەشر قىلغان نەسرىي يەشمىسىگە قاراڭ.

② يۈسۈف خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، 2339 ـ، 2340 ـ بېيىتلار. مىللەتـ لەر نەشرىياتى 1991 ـ يىلى نەشر قىلغان نەسرىي يەشمىسىگە قاراڭ.

يېزىۋالدىم، خان ئاتا.

— يارايسەن... — ساتۇق بۇغراخان رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، ئەبۇلپەتتاھقا تىكىلىپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— سىلىنىڭمۇ ئىشەنچلىرى چىڭ، تەييارلىقلىرى تولۇقمۇ؟

— خان ئالىيلىرى، پەرمانلىرىنى ئورۇنلاش، دادامنىڭ روھىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۆلسەم رازى! — دېدى ئەبۇلپەتتاھ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋازدا.

ساتۇق بۇغراخان ئادەتتىكى چاغلاردا ئەبۇلپەتتاھقا ئامراق ئىدى. چۈنكى، ئۇ خاننىڭ دىنىي ئۇستازى ئەبۇنەسىر سامانىينىڭ ئوغلى ئىدى، يەنە بىر جەھەتتىن، مەيلى ئۇرۇشلاردا، مەيلى ئوردا ئىشلىرىدا بولسۇن، خاننىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولاتتى. مەرھۇم ئەبۇنەسىر سامانىي ھايات چېغىدا ساتۇق بۇغراخاننىڭ دىلىغا ئىمان نۇرىنى چېچىپ، ھىدايەت يولىغا باشلىغانىدى. راست، ئۇ چاغدا يالغۇز ساتۇق بۇغراخانلا ئەمەس، ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرىمۇ ئاشۇ ئۇستازدىن بىلىم ئالغانىدى. مۇسا بۇغراخاننىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى بىلگە كۆل قادىرخان بالاساغۇن شەھىرىدىكى قارلۇق قەبىلىسىنىڭ ئەمەلىي ھوقۇقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، چوڭ ئوغلى بازىر تېگىنگە «ئارسلانخان» دېگەن نامنى بېرىپ، بالاساغۇن شەھىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرغانىدى. كىچىك ئوغلى ئوغۇلچاق تېگىنگە ئەسلىدىكى «قادىرخان» دېگەن نامىنىڭ ئۇستىگە ياغما ئۇرۇقىنىڭ شەرەپ نامى بولغان «بۇغرا» دېگەن نامنى بېرىپ، تالاس شەھىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋاپات بولدى. دەسلەپتە ئوغۇلچاق قادىرخان بازىر ئارسلانخاننىڭ باشقۇرۇشىدا بولدى. كېيىن سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى ئىسمايىل بىننى ئەھمەد چوڭ قوشۇن بىلەن تالاس شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ خانىشى ۋە ئون بەش مىڭ ئادىمىنى تۇتقۇن

قىلغاندا كاشغەرگە قېچىپ كەلدى. كېيىن بازىر ئارسلانخان ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ يېشىغا يەتمىگەن كىچىك ئوغلى ساتۇق تېگىن تاغىسى ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ تەربىيەسىگە ئۆتتى. بازىر ئارسلانخان «ئارسلانخان» دېگەن نامنى بىكار قىلىپ «بۇغراخان» دېگەن نام بىلەن قاراخانىيلار تەختىدە ئولتۇردى، ئاكىسى بازىر ئارسلانخاننىڭ ئايالىغا ئۆيلىنىپ، ھەقىقىي تەخت ۋارىسى ساتۇق تېگىننى ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇپ، تەختكە ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى ئوغلىغا تاپشۇرماقچى بولدى. ساتۇق تېگىن ئەنە شۇ كۈنلەردە ئاتۇشقا كېلىپ پاناھلىنىۋاتقان ئەبۇنەسىر سامانىي بىلەن ئۇچرىشىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى ــ دە، ئابدۇلكەرىم دېگەن نامنى قوللاندى. شۇ چاغدا ساتۇق بۇغراخاننىڭ تاغىسى ئوغۇلچاق قادىرخان تەختىنى ئوغلىغا ئۆتۈنۈپ بېرىش نىيىتىدە بولۇۋاتقاچقا، ساتۇق تېگىننىڭ ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق تېرىكىپ، مۇشۇ پۇرسەتتە ئاكىسىنىڭ يېگانە ۋارىسىنى كۆزدىن يوقىتىپ، كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرۇش مەقسىتىدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئەمما، مەرھۇم بازىر ئارسلانخاننىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى، ھازىر ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ نىكاھىدا تۇرۇۋاتقان خانىش يېلىنىپ ــ يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئوغلىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتۇلدۇرۇۋالدى. ئەنە شۇ چاغدا ئەبۇنەسىر سامانىي ساتۇق تېگىنگە يول ۋە ئەقىل كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ قاراخانىيلار سەلتەنەت تەختىدە بەرقارار بولۇشىغا كۆپ كۈچ چىقاردى. ئەبۇلپەتتاھ بولسا ئەنە شۇ دىنىي ئۇستازىنىڭ ئوغلى. ھازىر ئۇمۇ لەشكەر تارتىپ، دادىسىنىڭ ئارزۇسىنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن يارلىق تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر خان قوشۇلمىسا، كۆڭلى يېرىم بولۇشى تۇرغانلا گەپ. شۇ تاپتا ئۇ خانلىقنىڭ دىنىي ئۆلىماسى ئەبۇنەسر سامانىينىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ لەشكەر تارتىشنى تەلەپ قىلماقتا. بايتاش تېگىننىڭ تەلىپىمۇ كۈچلۈك. ئادەتتە كۈنلىرىنى خانلىق مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە چېرىكچىلىك مەشقى

قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ يىگىتنىڭمۇ جەڭگە كەلگەندە خېلى كارامىتى بار. ئۇ دادىسى بىلەن سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلغاندا ئۆزىنى ئوبدانلا كۆرسىتىپ، كەلگۈسىدە خانلىقنىڭ يارامىلىق ئىزباسارى بولالايدىغانلىقىنى نامايان قىلدى. ئەمما، ئۇ يەنىلا ياش. بەزىدە ھېسسىياتىغا بېرىلىپ ئىش كۆرۈپ، قوشۇننى تالاپەتكە ئۇچرىتىپ قويۇشى مۇمكىن. سۇباشى چاغرى تېگىننىڭ قوشۇن باشلاپ، لەشكەر تارتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقىنىغا خېلى ئۇزاق بولدى. ئۇنىڭمۇ لەشكىرىي بىلىمى خېلى مول، بۇ ئىشقا تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىراق، خان ئوغۇل بىلەن ئەبۇلپەتتاھنىڭ تەلىپىنىمۇ ئويلىشىپ كۆرۈش زۆرۈر. ئۇلارمۇ جەڭگە قاتنىشىشى، چېنىقىشى كېرەك. شۇنىڭدىلا كېيىنكى كۈنلەردە تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئۇنۇملۇك ئالالايدىغان، ئەلنى خاتىرجەم كۈنگە ئېرىشتۈرەلەيدىغان قابىلىيەتنى يېتىلدۈرەلەيدۇ.

ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بۇنداق ئىشلاردا تېزلا ھۆكۈم چىقىرىدىغان بۇغراخاننىڭ بۈگۈن نېمىشقىدۇر خىيالغا چۆمۈپ ئولتۇرۇپ كېتىشى ئېلىك ھاجىپنى تەئەججۈپلەندۈرۈپ قويغانىدى، شۇڭا ئۇ قورۇق يۆتىلىپ قويدى ــ دە، پەس، ئەمما ۋەزمىن ئاھاڭدا ئېغىز ئاچتى:

ـــ ئەمدى يەنە ئىككىلىنىشنىڭ ئورنى قالمىدى، خان ئالىيلىرى، مانا ئالدىلىرىدا تاغنى تالقان قىلالايدىغان، بىر ئۆزى نۇرغۇن لەشكەرنى تىرىپىرەن قىلىۋېتەلەيدىغان باتۇرلىرىمىز ئۆزلىرىنى مەلۇم قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ يارەنلىرىمۇ ئوبدان لەشكىرىي مەشقى كۆرگەن، خانلىقىمىز ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن جېنىنى تەسەددۇق قىلىشتىن يانمايدىغان باتۇرلار. شۇڭا، ياۋ سۈت ئۈيقۇدا ياتقان چاغدا باسقۇن قىلىپ بارساق، نۇسرەت تۇغى بىزگە مەنسۇپ بولغۇسىدۇر.

ساتۇق بۇغراخان ئېلىك ھاجىپنىڭ گېپى بىلەن بىر قارارغا كەلگەندەك كەسكىن ئاھاڭدا ئېغىز ئاچتى:

— ھوششەرە، ھەرقايسىڭلار شۇنداق دېگەن يەردە بۇ يۇرۇشنى يەنە كەينىگە سۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوقتۇر! بۇ قېتىمقى لەشكىرىي سەپەرگە ئەبۇلپەتتاھ قوماندانلىق قىلغاي! سۇباشى چاغرى تېگىن بارلىق لەشكەرلىرى بىلەن ھەمدەمدە بولغاي. سەپەر ئالدىمىزدىكى پەسىلنىڭ قۇتلۇق كۈنلىرىنىڭ بىرىدە باشلانغۇسى! ئېنىق ۋاقتىنى ئايرىم كېڭەشكەيمىز!...

— مەنچۇ خان ئاتا؟ مەن بارمامدىمەن؟ — دېدى بايتاش تېگىن جىددىيلىشىپ.

— ئەگەر بۇ قېتىملىق لەشكىرىي يۈرۈشكە قاتناشساڭ، — ساتۇق بۇغراخان ئوغلىغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سوزىدى، — ئەبۇلپەتتاھنىڭ قوماندانلىقىغا شەرتسىز بويسۇنۇشۇڭ كېرەك!

— بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولسىلا، خان ئاتا. مەن لەشكىرىي ئىلىمدە «لەشكەر بولغۇچى مەيلى قانداق كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر قوماندان بۇيرۇق بەرسە قوزغىلىشى، بۇيرۇق بەرمىسە پەيت كۈتۈشى، باشتىن - ئاخىر قوشۇننىڭ ئىنتىزامىغا بويسۇنۇشى كېرەك» دېگەن قائىدىنى ئوبدان ئۆگەنگەن. شۇڭا، ئەبۇلپەتتاھ ئاكامنىڭ بۇيرۇقىنى شەرتسىز ئورۇنلايمەن.

— ياخشى، ئۇنداقتا ئېسىڭدە بولسۇن: ئەگەر لەشكىرىي سەپەر جەريانىدا ئۆزۈڭنىڭ خان ئوغۇل ئىكەنلىكىڭنى پەش قىلىپ، بۇيرۇققا بويۇنتاۋلىق قىلساڭ، لەشكىرىي ياساق بويىچە جازاغا تارتىلىسەن.

— ئىلەل①، خان ئاتا، پەرمانلىرىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن، — دېدى خۇشال بولغان بايتاش تېگىن لەشكىرىي سالام بېرىپ.

— كېڭەش مۇشۇ يەردە تامام. ھەرقايسىڭلار تېزدىن تەييارلىقلارنى تۈگىتىپ، بەلگىلەنگەن قەرەلدە يولغا چىقىشقا تەييار تۇرۇڭلار. ئەمما، شۇنىسى يادىڭلاردا بولسۇنكى، لەشكىرىي

① ئىلەل — خانلارنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرگەندە دېيىلىدىغان سۆز، «خوش»، «خوپ»، «لەببەي» دېگەن مەنىدە.

مەخپىيەتلىك زىنهار ئاشكارىلىنىپ قالمىسۇن!
— ئىلەل، خان ئالىيلىرى، — سۇباشى چاغىرى تېگىن، ئەبۇلپەتتاھ، بايتاش تېگىنلەر تەڭلا لەشكەرىي سالام بەجا كەلتۈردى.
بۇ قېتىمقى كېڭەش ئۆز پېتىلا قالدى. سەپەر ۋاقتى يېقىنلاشقاندا ساتۇق بۇغراخان بىتاپ بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كېسلى بارغانسېرى ئېغىرلاپ ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن تەرەپكە لەشكەر تارتىش ئىشىمۇ كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى.
— ئەھۋاللىرى قانداقراق، خان ئاتا؟ — دېدى دادىسىنى يوقلاپ كىرگەن بايتاش تېگىن. ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالغاندەك تىترەپ چىقتى. چۈنكى، ئۇ دادىسىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن جۇدەڭگۈ چىرايىغا، ھارغىنلىق، ماغدۇرسىزلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە، كۆز جىيەكلىرى ئەتراپىدىكى كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن قورۇقلارغا قاراپ كۆڭلى يېرىم بولغانىدى.
ساتۇق بۇغراخان سەل ئۆرە بولدى. خانىش دەرھال پەي ياستۇقلارنى ئوڭشاپ، خاننى ئاستا يۆلەپ ئولتۇرغۇزدى. ئۇ يېنىدا ئولتۇرغان ئوغلىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:
— ئاللاغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، ھەرھالدا ياخشى. تېنىمدە چوڭ كېسەل يوق ئوخشايدۇ. شۇغىنىسى پۇت - قولۇمدا ماغدۇر يوق... — ساتۇق بۇغراخان سەل تۇرۇۋالدى - دە، چوڭقۇر نەپەس ئېلىۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئادەم قېرىغاندا پات - پات بىتاپ بولۇپ قالىدىكەن. ئوتاچىلار كۈندە دېگۈدەك تومۇرۇمنى تۇتۇپ، شەربەت قايناتتىپ، خەستە كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرۇۋاتىدۇ. ئۆزۈممۇ تېنىمنىڭ كۈنسېرى كۈچلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتىمەن. ئاللا خالىسا، ئۇزاققا قالماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سەن بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىمەن تېخى...
ساتۇق بۇغراخان مەجبۇرىي كۈلمەكچى بولدى. ئەمما، تۇيۇقسىز كەلگەن يۆتەل بىلەن تەڭ چىرايى بىردىنلا قارىداپ

كەتتى. خانىش تېزلىكتە خاننىڭ گەجگىسىگە بوش - بوش شاپىلاقلاپ قويدى.
— بىردەم يېتىپ ئارام ئېلىۋالسىلا، خان ئاتا، — دېدى بايتاش تېگىن دادىسىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ يېتىشىغا ياردەملەشكەچ.
— ياق، سېنى كۆرۈپ ئولتۇشلۇپ قالدىم، — دېدى ساتۇق بۇغراخان ھاسىراپ تۇرۇپ، — مەن چوقۇم ياخشى بولۇپ كېتىمەن.
دادىسىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن كۆڭلى يېرىم بولغان بايتاش تېگىننىڭ كۆزىگە لۆممىدە ياش كەلدى. لېكىن، بىلىندۇرمەستىن يېشىنى سۈرتىۋالدى. خانىش خاننىڭ پۇتلىرىنى خۇددى قولدىن چۇشۇپ كەتسىلا سۇنۇپ كېتىدىغان ئەتىۋارلىق چىنە بۇيۇمدەك ئاۋايلاپ تۇتۇشقا باشلىدى. بايتاش تېگىنمۇ دادىسىنىڭ جانسىز، ئورۇق قوللىرىنى ئاستا سىلاشقا باشلىدى. ھۇجرا ئىچى ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدى. شۇ تاپتا خاننىڭ ئېغىر نەپەس ئېلىشىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھۇجرا چىۋىنىنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانغۇدەك جىمجىت ئىدى. بىر چاغدا كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتقان خاننىڭ مىسكىن ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ساڭا بىر مەسلىھەتىم بار، ئوغلۇم... — خان نېمىشقىدۇر گېپىنى توختىتىۋالدى - دە، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن ئوغلىغا تىكىلدى، — ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايان. قوغۇن پىشسا سايىقىدا تۇرمايدۇ. شۇڭا، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا ساڭا تېگىشلىك ئامانەتنى تاپشۇرۇپ بېرەي دەپ ئويلاۋاتىمەن. سەن ئەمدى ئەلگە پاسىبان بولۇپ...
— بولدى، ئەمدى سۆزلىمىسىلە، ئاتا... — دېدى كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي قالغان بايتاش تېگىن ئالدىراپ، — سىلى ئەل - ئاۋامنىڭ ۋە مېنىڭ نەزىرىمدە مەڭگۈ قابىل خان. تەخت ئۆزلىرىنىڭ... بۇ تەختتە تېخى يەنە نەچچە يىللاپ ئولتۇرىدىلا...

— ياق، ئوغلۇم، ياق... كۆڭلۇم تويۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن دادامدىن بىر قەرنە ئۇزاقراق ياشىدىم. شۇنىڭغىمۇ ئاللاغا مىڭ قەتلە ھەمدۇسانا ئوقۇيمەن. تەختنى قولۇڭغا ئال، ئوغلۇم...

— ئۇنداق دېمىسىلە، خان ئاتا. تەخت مەڭگۇ سىلىنىڭ... — بايتاش تېگىن ئاخىر ئۆزىنى قويۇۋېتىپ ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى. تارام - تارام ياشلىرىنى چىرايلىق گۈللەر نەقىشلەنگەن يىپەك قول ياغلىقىنىڭ بۇرجىكى بىلەن ئېرتىپ ئولتۇرغان خانىشمۇ بۇقۇلداشقا باشلىدى.

— بەس... — دېدى خان سەل تۇتۇلغان ھالدا. شۇ ھامان خانىش يىغىسىنى ئىچىگە يۇتتى. بايتاش تېگىن ئېغىر - ئېغىر خورسىنىپ جىم بولدى.

— نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىڭ كۆڭلۇمگە ئايان، ئوغلۇم. لېكىن، ھاياتلىق قانۇنىيىتىگە ھېچكىم قارشى چىقالمايدۇ. بۇرۇنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر باسىدۇ...

— ياق، خان ئاتا، بۇ گەپنى دېمىسىلە...

— ئەمدى تالاشماڭلار، — دېدى خانىش يىغا ئارىلاش، — بۇ گەپنى دېمىسىلە، ھەممە گەپ مۇشۇ يەردىلا قالسۇن...

بايتاش تېگىن ئانىسىنىڭ سۆزىگە قوشۇلغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى - دە، كۇلۇمسىرىدى. بىراق، ساتۇق بۇغراخان خۇددى كىچىك بالىدەك بىردىنلا ئۇمچەيدى. ئۇنىڭ كۆز چىيەكلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ، ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتتۇەردى. ھايت - ھۇيت دېگۇچە ياز كېتىپ، كۈز كەلدى. خان يەنىلا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەلمىدى. ئۇ كۈنسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتاتتى. گەرچە ئوغلىنى رەسمىي تەختكە ئولتۇرۇشقا كۆندۈرەلمىگەن بولسىمۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى ئاۋارە قىلماي خاتىرجەم ئارام ئالغىلى قويمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئوردا ئىشلىرىنى بايتاش تېگىنگە تاپشۇرغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ مەيلى نېمىلا ئىش بولسۇن،

ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن بىر ياقلىق قىلاتتى.

يېڭى بىر باھارنىڭ شەپىسى كېلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە ساتۇق بۇغراخان ۋاقىتسىز كۆز يۇمدى. بايتاش تېگىن مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ئاتىسىنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى ئېتىپ، ھۆكۈرەپ يىغلىدى، خانىشمۇ يىغان كۆتۈردى. ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئوردىسىغا كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلار كۆپ ئىدى، تولۇق لەشكەرچە كىيىنگەن نۆكەرلەر ماڭدامدا بىردىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلار ياراغلىرىنى چىڭ سىقىملاپ، ھەربىر كىشىگە شۇبھە بىلەن قارىشاتتى. بۇ خەۋەر ئوردىدىن ئۇچۇپ چىقىپ پۈتۈن ئوردۇكەنتكە پۇر كەتكەچكە، ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ سەينا يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن ئاۋام بىلەن تولۇپ كەتكەندى. ئۇلار ئاللىقانداق تەقەززالىق، تەشۋىش ئىچىدە بىرەر يۇزدەك لەشكەر ساقلاۋاتقان قوۋۇق تەرەپكە سۇرۇلەتتى ـ يۇ، ئەمما لەشكەرلەرنىڭ ئىتتىرىپ، قوللىرىدىكى ياراغلىرىنى تەڭلىشى بىلەن كەينىگە ياناتتى. ناگان ـ ناگاندا ئوردا ئىچىدىن ئاڭلانغان يىغا ـ زار ئوردا سىرتىدىكىلەرنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، ئۇلارنى ئىزتىراپلىق تۈيغۇلارغا سالاتتى. ئوردا ئىچىدە خان جەمەتىدىكىلەر، ئوردا ئەركانلىرى يىغىدىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قالغانىدى.

— سەۋر قىلىسىلا، بەندىدە قازاغا رىزا بولماي ئامال يوق، — دېدى ئىلىك ھاجىپ ناھايىتى قايغۇلۇق ئاھاڭدا بايتاش تېگىنگە، — مۇسىبەت ئەھلى سەۋر قىلمىسا ياخشى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە باقىيغا رىھلەت قىلغۇچىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بەك قاتتىق يىغا ـ زار قىلسا، مېيىتنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. شۇڭا، ئەمدى ئۆزىمىزنى بېسىۋېلىپ، مەرھۇم خانىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلماق جايىزدۇر.

ئەتىسى سەھەردە خانلىق مەدرىسىنىڭ يان تەرىپىدىكى كاتتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جامە ساتۇق بۇغراخاننىڭ مېيىت نامىزىغا كەلگەن ئادەملەر بىلەن لىق تولدى. ناماز چۈشۈرۈلۈپ دۇئا قىلىنغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار خاندانلىقىنى پۈتۈن ئالەمگە تونۇتقان مەشھۇر ئىنساننىڭ جىنازىسى ئادەملەر دېڭىزى ئۈستىدە جەۋلان قىلدى. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا بايتاش تېگىن بىلەن سۇلايمان تېگىن، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەبۇلپەتتاھ بىلەن چاغرى تېگىن ۋە باشقا ئوردا ئەركانلىرى، لەشكەرلەر، شەھەر پۇقرالىرى ئەگەشتى. ئۇلار ئوردۇكەنت قوۋۇقىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئاتۇش تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ساتۇق بۇغراخاننىڭ جەسىتى ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن ئاتۇش مەشھەتتىكى خان ئاتىسىنىڭ قەبرىسى يېنىغا دەپنە قىلىندى.

ساتۇق بۇغراخان يەرلىككە قويۇلۇپ بولغاندا، كۈن نامازدىگەردىن ئاشقانىدى. بايتاش تېگىن يەردىن بىرنەچچە غېرىچلا ئېگىز كۆتۈرۈلگەن قەبرىگە قاراپ قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. بىر چاغدا قىرائەت ئاۋازى ئاڭلىنىپ، گۇدۇڭ ـ گۇدۇڭ ئاۋازلارمۇ جىمىپ قالدى. قىرائەت قىلغۇچى يېقىملىق ئاۋازى بىلەن قۇرئان سۈرىلىرىنى شۇنچىلىك غېرىب ئوقۇدىكى، يۈكۈنگەن پېتى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ يۈرىكى مومدەك ئېرىپ كېتىشتى. بايتاش تېگىن بولسا ئۈنسىز ياش تۆكۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا دادىسىنىڭ مېھرىبان سىيماسى، بەرگەن تەلىملىرى بىر ـ بىرلەپ زاھىر بولماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ، قىرائەتنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەپ، دەۋرەپ كەلگەن يىغىسىنى بېسىپ ئولتۇراتتى. ناھايەت، قىرائەت ئاخىرلىشىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈلدى. بايتاش تېگىن ئورنىدىن تۇرۇپ، قەبرە يېنىغا كېلىپ خېلى ئۇزاق سۈكۈتتە تۇردى، ئاندىن بالاساغۇندا قازا قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاتىسى جەسىتىنى يۆتكەپ كېلىپ مۇشۇ يەرگە دەپنە

قىلغان بوۋىسى بازىر ئارسلانخاننىڭ ۋە خانىش مەسۇم[①]نىڭ قەبرىلىرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ دۇئا قىلدى. يەنە ئەبۇنەسىر سامانىينىڭ قەبرىسى ئالدىدىمۇ قوللىرىنى جۈپلەپ ئېگىز كۆتۈردى.

— ئەمدى ئوردۇكەنتكە قايتايلى، — دېدى ئەبۇلپەتتاھ بايتاش تېگىنگە پەس ئاۋازدا، — ئۇ يەردە قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلار سىلىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

ئۇلار مازارنىڭ سىرتىدا خاس نۆكەرلەر تۇتۇپ تۇرۇشقان ئاتلارغا مىنىپ ئوردۇكەنتكە قاراپ مېڭىشتى.

ئەتىسى ئوردا ئىچى ناھايىتى سۈرلۈك تۈسكە كىرگەنىدى. تولۇق قوراللانغان نۆكەرلەر بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ھالدا قەدەمدە بىر قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تىك تۇراتتى. ئادەتتە تەنتەنىلىك مۇراسىم ئۆتكۈزۈلىدىغان خاس دىۋانمۇ بۈگۈن باشقىچە سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ساراي ئىچىدە بىلىگ تايانغۇ[②]، ساتىغچىلار ئۇلچىسى، ئىگدىشچىلار ئۇلچىسى[③]، تارىغچىلار ئۇلچىسى، ئېكتالار[④]، ئوتاچىلار ئۇلچىسى[⑤]، ياساق ئۇلچىسى، داستىرخانبېگى، كېڭەشبېگى، سۇباشىلىرى بويىچە سەپ تۈزۈپ، قول باغلاپ، باشلىرىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۆرە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ چىرايلىرى ناھايىتى قايغۇلۇق بولۇپ، ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەمما، شۇ تاپتا بەزىلەرنىڭ يۈرىكى پوك - پوك بولۇپ، ئاللىقانداق بىئاراملىق، تەشۋىش ئىچىدە ئوردىدىكى توققۇز پايىلىك پەلەمپەي بىلەن چىققىلى بولىدىغان، چەت - چۆرىلىرىگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلىپ، قىممەت باھالىق ھېقىق، ئالماس، ياقۇت بويۇملاردىن كۆز قويۇلغاچقا، يالت - يۇلت نۇر چاچىدىغان تەخت ئۈستىدە

① خانىش مەسۇم — سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى.
② بىلىگ تايانغۇ — ئاقارتىش ۋەزىرى.
③ ئىگدىشچىلار ئۇلچىسى — چارۋا ئىشلىرى ۋەزىرى.
④ ئېكتالار — يەر ئىگىلىرى.
⑤ ئوتاچىلار ئۇلچىسى — سەھىيە ۋەزىرى.

www.uyghurkitap.com

ئولتۇرغان چىرايى سولغۇن بايتاش تېگىنگە يەر تېگىدىن قاراپ قويۇشاتتى. ئۇلار خان ئوغۇلنىڭ تۇنۇگۇن دادىسىنىڭ تۇپراق بېشىدىن يېنىپ، ئۇدۇللا ئوردىغا قايتىپ كېلىپ دادىسى ھايات چېغىدا ئەل ئىشلىرىنى كېڭەش قىلىدىغان تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەردىن باشقا، يەنە چاغرى تېگىن، ئەبۇلپەتتاھلارنى قاتناشتۇرۇپ، كېچىلەپ كېڭەش قىلغانلىقىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەردار بولۇشقاچقا، ئوردىدىكى مەرتىۋىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىش ۋەھىمىسى قەلبىنى چۇلغىۋالغانىدى. شۇ تاپتا دىۋان ئىچى ئىنتايىن سۈرلۈك بولۇپ، ھېچكىم ئۇنلۇكرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمايۋاتاتتى.

بىر چاغدا ئىشىكئاغىسى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن بايتاش تېگىنگە يېقىنلاشتى ـ دە، پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ئوردا ئەركانلىرى كېلىپ بولدى. خان ئوغۇل، ئەمدى باشلىساق بولامدىكىن.

بايتاش تېگىن مەيۈس كۆزلىرىنى دىۋاندىكىلەرگە تىكتى ـ دە، بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى. شۇ ئان دىۋان ئىچىدە سوزۇلۇپ چېلىنغان كاناي ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوردا ئەركانلىرى تېزلىكتە سەپلىرىنى تۈزەپ تەخت تەرەپكە تىكىلىشتى ـ دە، كاناي ئاۋازى توختىشى بىلەنلا گۇررىدە توۋلاشتى:

— خان ئوغۇل بايتاش تېگىن ئامان بولغاي...

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېدى بايتاش تېگىن پەس ئاۋازدا.

ھەممەيلەن بىردىنلا ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، دىۋان ئىشىكىدىن تەخت تەرەپكە ئۇزۇنىسىغا قويۇلغان خاس شىرەلەرنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشتى. بايتاش تېگىننىڭ ئارقىسىدا ئۆرە تۇرغان ئوردا باش بىتىكچىسى قولىدىكى تۈرمەللەپ زەر يىپ بىلەن باغلانغان پاتلىق قەغەزنىڭ يىپىنى يەشتى. ئوردا ئەركانلىرى بىردىنلا باش بىتىكچى تەرەپكە بۇرۇلۇپ، خۇددى نەپەس ئېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشتى.

— ھەممىمىزگە مەلۇمدۇركى، ئۇلۇغ خاقانىمىز سۇلتان

ساتۇق ئابدۇلكەرىم بۇغرا قاراخان جانابلىرى تەڭرىنىڭ ھۆكمى بىلەن باقىيغا رىھلەت قىلدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن تايانغۇ كېڭەشچىلەر خانلىقىمىزنىڭ ئادەت ـ يوسۇنلىرى ۋە سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئارزۇسى بويىچە خان ئوغۇل بايتاش تېگىننى تەخت ۋارىسى قىلىپ بېكىتتى. بايتاش تېگىن مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم بۇغرا قاراخان دېگەن نام بىلەن خانلىق تەختكە بەرقارار بولىدۇ، مۇبارەك بولغاي!

دىۋاندا يەنە سوزۇپ چېلىنغان كاناي ئاۋازى ياڭرىدى. شۇ ھامان ئىچكىرىدىن بىر سەركەردە خان تاجى سېلىنغان خونچىنى ئاچىقىپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. بۇنى كۆرۈپ ئوردا باش بىتىكچىسى جاراڭلىق، ياڭراق ئاۋازدا تەنتەنىلىك جاكار ئېلان قىلدى:

— ئۇلۇغ خاقانىمىز مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم بۇغرا قاراخان خانلىق تاجىنى كىيگەي!

يەنە بىر قېتىم سوزۇپ چېلىنغان كاناي ئاۋازى بىلەن دىۋان لەرزىگە كەلدى. ئوردا ئەركانلىرىمۇ گۈررىدە ئورنىدىن تۇردى. ئەبۇلپەتتاھ تاجنى ئاۋايلاپ ئېلىپ، مۇسا بۇغرا قاراخاننىڭ بېشىغا كىيدۈردى.

«ئۇلۇغ خاقانىمىز مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم بۇغرا قاراخانغا قۇتلۇق بولغاي !» دېگەن ئاۋاز دىۋان ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈردى. مۇسا بۇغراخان چىرايىغا سەل كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقا تەرىپىدىكى قاراخانىيلار دۆلەت تۇغىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ تۇغنى سۆيدى، ئاندىن يەنە تەخت ئالدىغا كېلىپ، سوغۇق نەزەردە ئوردا ئەركانلىرىغا يۈزلەندى. شۇ ھامان يەنە جاراڭلىق ئاۋاز كۆتۈرۈلدى:

— خاقانىمىز مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم بۇغرا قاراخانغا مۇبارەك بولغاي!

مۇسا بۇغراخان ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، دۆلەت ئەركانلىرىغا ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن تەختكە چىقتى. شۇ

ئان ئوردا باش بىتىكچىسى قولىدىكى قەغەزگە قاراپ جاراڭلىق ئاۋازدا يارلىقنى ئېلان قىلدى:

## يارلىق

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئۇلۇغ خانى مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم قاراخان تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن شۇنداق يارلىق قىلىدۇكى، قاراخانىيلارنىڭ بۈرۈنقى ئوردا يوسۇنلىرى ئۆزگەرمەيدۇ. تايانغۇ كېڭەشمىدىكىلەرگە سۇباشى چاغرى تېگىن ھەم ئەبۇلپەتتاھ ئىشتىراك قىلىدۇ. باشقا ئوردا ئەركانلىرىمۇ مەرھۇم ساتۇق بۇغراخان ئائىلىلىرىغا ساداقەتمەن بولغانلىقى، خانلىق ئۈچۈن كۆپ ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەسلىدىكى ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەۋېرىدۇ. ئۇلار يەنە مۇسا بۇغرا قاراخانغا سادىقلىق بىلدۈرۈشمەكلىكى زۆرۈر! قاراخانىيلار خاندانلىقىمىزنىڭ جىمى دۆلەت ھوقۇقى مۇسا بۇغراخانغا تالىق بولىدۇ. خان ئىنىسى تۆڭا ئىلىك سۇلايمانغا خان جەمەتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇنۋان تۇزۇمى بويىچە «ئىلىك» ئۇنۋانى بېرىلىپ، بالاساغۇنغا ئەۋەتىلىپ، تەڭرىتاغلىرىنىڭ غەربى، ئىسسىقكۆل ئەتراپى ۋە نارىن دەرياسىنىڭ بويلىرىدىكى جايلارنى باشقۇرۇش ئىمتىيازى بېرىلىدۇ. شەرەپ نامى «ئارسلانخان» بولىدۇ. باشقا ئوردا ئەركانلىرى ۋە ئۇلچىلار دەرھال ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشىپ خاندانلىقىمىزنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغاي!

يارلىق تامام!

يارلىق تامام بولۇشى بىلەنلا ئوردا ئەركانلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خان ئائىلىلىرىنىڭ شەپقىتىگە ھەشقاللا!

مۇسا بۇغراخان بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى. دىۋاندا گۈرۈلدەپ چىققان ئاۋازلار شۇ ئانلا قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك توختىدى.

— ئەسلىدە ئوردا يوسۇنى بويىچە مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، زىياپەت بېرىش زۆرۈر ئىدى. ئەمما، خانلىقنىڭ ئاساسچىسى، پەدەرى

بۇزرۇكۋارىم سۇلتان ساتۇق ئابدۇلكەرىم بۇغراخانغا ماتەم تۇتۇش سەۋەبىلىك بۇ ئىش كېيىنگە قالدۇرۇلدى. شۇڭا، ئوردىدىكى بارلىق ئۆلچىلار توغرا چۈشەنگەي ۋە ھازىردىن باشلاپ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغاي...

مۇسا بۇغراخان سۆزىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، سالماق قەدەملەر بىلەن خانلىق تەختىنىڭ يان تەرىپىدىكى مەخسۇس ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

مۇسا بۇغراخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كەتتى. بېجىرىدىغان ئىشلارنىڭ تولىلىقىدىن بەزىدە «پەدەرى بۇزرۇك خان ئالىيلىرى بۇ ئىشلارغا قانداقمۇ يېتىشىپ بولغان بولغىيدى؟» دەپمۇ ئويلاپ قالاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ ئۇنى قىلچە بىخەستەلىك قىلماسلىققا، ئاتىسى ئورۇنلاپ بولالمىغان ئىشلار ئۈچۈن غەيرەت ـ شىجائەتلىك بولۇشقا ئۈندەپ تۇراتتى...

خانا ئىچى ناھايىتى دىمىق بولۇپ كەتكەنىدى. مۇسا بۇغراخان ئورنىدىن تۇرۇپ ھاۋادانىنىڭ يېنىغا كەلدى. مېۋىلىك باغ تەرەپتىن ئۇرۇلغان ئىللىق شامال باياتىن بېرى خىيال سۈرۈپ چارچىغان مېڭىسىنى سەگىتىپ، تېنىنى ئەللەيلىگەندەك بولدى. راست، خان ھازىر ئاچا يول دوقمۇشىغا كېلىپ قالغاندەك تېڭىرقاپ قالغانىدى. ئۇ گەرچە ئاتا ئىزىنى بېسىپ خانلىق تەختكە بەرقارار بولغىلى خېلى يىللار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە ئاتىسىغا ۋەدە بەرگەن ئىشنى بىر ياققا چىقىرىپ بولالمىدى. شۇڭا، ھەر قېتىم پەدەرى بۇزرۇكۋارى ساتۇق بۇغراخان يادىغا يەتسىلا، قەلبى بىردىنلا لەرزىگە كېلىپ، ئۇدۇن تەرەپكە لەشكەر تارتىشنى نىيەت قىلاتتى. ئەمما، بىر ـ بىرىدىن مۇھىم ئىشلار بۇ ئارزۇسىنى كەينىگە سۈرۈشكە مەجبۇر قىلاتتى. مانا ئەمدى... مۇسا بۇغراخان يەنە بىر قېتىم ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇ بۇ ئىشتا تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەسلىھەتىنى ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلسىمۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۆزىنىڭ قارارىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، يارىشىملىق كۆتمەك قارا ساقاللىرىنى سىلاپ قويدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى بىئارام بولۇۋاتقاندەك، نەپەس ئېلىشقا ھاۋا يېتىشمەيۋاتقاندەك ھېس قىلىپ خاس ھۇجىرىسىدىن چىقتى. باغنىڭ ئىچى خۇددى رىۋايەتلەردىكى جەننەتتەك گۈلزارلىق ئىدى. ساتۇق بۇغراخان ھايات چېغىدا قاراخانىيلار زېمىنىدىكى ھەممە مېۋىلىك دەرەخنى بۇ باغقا جەم قىلىشنى ئويلىغاندەك جاي ـ جايلاردىن كەلتۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئەڭ تاتلىق، كۆركەملىرىنى تاللاپ بۇ باغقا تىكتۈرگەنىدى. شۇڭا، پۈتۈن ياز بويى باغدىن مېۋىلەرنىڭ پۇراقلىرى گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇراتتى، گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى. ئادەتتە خان يالغۇز سەيلە قىلغاچ ئەلنىڭ چوڭ ـ چوڭ ئىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشنى ئادەت قىلىۋالغانىدى.

خان سۇيى شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ قېشىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى ـ دە، مۇزدەك سۇ بىلەن قولىنى چايقىغاندىن كېيىن پېشانىسىنى سىلىدى. شۇ ئان ئىللىق بىر ئېقىم پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىغاندەك بولدى. ئۇ بۇ ھەرىكەتنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەكرارلىغاندىن كېيىن، ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ، بايا قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغان سەينا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. سەينادا ئون نەچچە ئادەم بىر ـ بىرىگە ھەملە قىلىشىپ، خۇددى جەڭ مەيدانىدىكىدەك جىددىي قىلىچلىشىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى باشلىرىغا دۇبۇلغا، ئۈچىسىغا ساۋۇت كىيىپ، يۈزىگە توسقۇ تاقىۋالغاچقا، كىملىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ، باشقىلاردىن بىرنەچچە قەدەم يىراقلىقتا بىر ـ بىرلىرىگە قىلىچ ئۇرۇۋاتقان ئىككىيلەن ئالاھىدە دىققەتنى تارتاتتى. چۈنكى، ئۇلار ناھايىتى چەبدەس ۋە كۈچتۈڭگۈر ئىدى. مۇسا بۇغراخان دەرەخنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ بۇ ئىككى پالۋاننىڭ ئېلىشىشلىرىنى كۆزىتىپ

تۇردى. ئۇلارنىڭ قىلىچ ئۇرۇشلىرى شۇنچىلىك چاققان، شۇنچىلىك تەبىئىي ئىدىكى، ئۇلار ھازىر مەشىق ئۇستىدە ئەمەس، ياۋ بىلەن ئېلىشىۋاتقان سانغۇنلارغىلا ئوخشايتتى. ئەنە گەۋدىلىك كەلگەن پالۋان ئۆزىدىن سەل پەس ھەم ئورۇقراق پالۋاننىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. قارشى تەرەپ بولسا چاققانلىق بىلەن بېشىنى ئەپقاچتى ــ دە، قىسقا ساپلىق، كىچىكرەك زۇلپىقارى بىلەن قىلىچىنى توستى. زۇلپىقار بىلەن قىلىچنىڭ بىسلىرى بىر ــ بىرىگە سۇركىلىپ، كۆزنى چاقنىدىغان ئۇچقۇن چاچرىدى. دەل شۇ چاغدا جۇغى كىچىك پالۋان زۇلپىقارى بىلەن رەقىبىنىڭ قىلىچىنى كەينىگە ياندۇرغاچ، بىرلا شوخشۇپ ئارقىسىغا بىر قەدەم ياندى ــ دە، زۇلپىقارىنىڭ ئۇچىنى دەل رەقىبىنىڭ يۈرىكىگە توغرىلاپ كۈچ بىلەن شىلتىدى.

بۇنى كۆرۈپ تۇرغان مۇسا بۇغراخان ۋارقىراپ تاشلاشقا تاس قالدى، ئەمما بۇنىڭ جەڭ مەيدانى ئەمەسلىكى ئېسىگە كېلىپ، ئۇلارغا تىكىلدى.

— سىز يەڭدىڭىز، — دېدى گەۋدىلىك كەلگەن ئېگىز بويى پالۋان دۈبۈلغىسىنى بېشىدىن ئالغاچ، — سىزگە قول قويدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن بىخەستىلىك قىلمىسام بولغۇدەك. ئەمدى بىردەم ئارام ئالايلى...

مۇسا بۇغراخان ھەيران بولدى. ھېلى رەقىبىگە يېڭىلگەن يىگىت ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ئەبۇھەسەن ئەلى ئىدى.

— خان ئوغۇل شۇنداق دېگەنىكەن، ئارام ئالايلى ئەمىسە، — دېدى زۇلپىقارلىق پالۋانمۇ بېشىدىن دۇبۇلغىسىنى ئالغاچ ئىنچىكە ئاۋازدا، — ھەي قىزلار، بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭلار...

خان كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى، ھېلىلا ئوغلىنى مەغلۇپ قىلغان جۇغى كىچىك پالۋان بېشىدىن دۇبۇلغىسىنى ئالغاندا قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى يەلكىسىگە يېيىلغانىدى. ئۇ سەمەرقەند تەرەپكە لەشكەر تارتقاندا جەڭ مەيدانىدا يوقاپ كېتىپ، ھازىرغىچە ئۆلۈك ــ تىرىكلىكى مەلۇم بولمىغان ئىلتەر

باخشىنىڭ قىزى مەريەم خېنىم ئىدى. مۇسا بۇغراخان ئىلتەر باخشىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن خەۋىرى بولغاچقا، تەختتە ئولتۇرۇپ ئوزاق ئۆتمەي ئوردا قوۋۇقچىسىبېشىغا ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەرنى تېپىپ كېلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەنىدى. كۆپ سۈرۈشتۈرۈشلەردىن كېيىن مەريەم خېنىم بىلەن ئۇنىڭ ئانىسى ئوردىغا ئېلىپ كېلىنىدى. مۇسا بۇغراخان ئۇلارغا ئوردا سىرتىدىن مەخسۇس قورۇ - جاي كۆرسىتىپ بېرىپ، تۇرمۇشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ھەم مەريەم خېنىمنى خانلىق مەدرىسەگە ئوقۇشقا بەرگەنىدى. مانا ئەمدى... مۇسا بۇغراخاننىڭ مەريەم خېنىمغا مەستلىكى كەلگەندەك چىرايىدا رازىمەنلىك ئالامەتلىرى پەيدا بولدى، ئۇ قىزنى قۇتلۇقلاشنى ئويلاپ، ئۇلار تەرەپكە ئەمدى ئىككى قەدەم سىلجىۋىدى، ئوغلىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— لەشكىرىي ماھارەتتە ھەقىقەتەن كامالەتكە يېتىپسىز، مەريەم خېنىم، ئالىمادىس بىرەرسى بىلەن توتۇشۇپ قالسىڭىزمۇ رەقىبىڭىزنى بىر قىلىچ بىلەنلا ئۇ ئالەمگە يوللىۋەتكۈدەكسىز...

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، خان ئوغۇل، مەرھۇم دادام ئىلتەر باخشى ھايات چېغىدا: «قىز بالا دېگەن ئاجىز، ئاز - تولا لەشكىرىي ماھارەت ئۆگىنىپ قويغىنىنىڭ زىيىنى يوق. كېيىن بېشىغا كۈن چۈشسە ئەسقېتىپ قالىدۇ» دەپ ئۇنىمىغىنىمغا قويماي قولۇمغا ياغاچ قىلىچ تۇتقۇزۇپ نۇرغۇن ھەرىكەتلەرنى مەشىق قىلدۇرغان، ئوقيا ئېتىشنى ئۆگەتكەنىدى. ئويلىسام، مەشىق قىلىۋاتقىنىمغىمۇ خېلى يىللار بولۇپ قاپتۇ. لېكىن، بۇنىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ باقماپتىمەن.

— بۇ ماھارەتلىرىڭىزنىڭ بۈگۈن بولمىسا، ئەتە، ئەتە بولمىسا، ئۆگۈن چوقۇم ئەسقېتىپ قېلىشىدا گەپ يوق. ئىنسان ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى ئۆگەنگەنىنىڭ پايدىسى بولىدۇكى، زىيىنى يوقتۇر.

— دېگىنىڭىزدەك بولغاي، خان ئوغۇل، ئەمما ئۆگەنگەنلىرىمنى ئىشلىتىدىغان يەر چىقسا بولاتتى. سىز بەزى ئىشلارنى ئوبدان بىلىپ كەتمەيسىز. يېنىڭىزدا خان ئاتىڭىز، خان ئانىڭىز، قوۋم - قېرىنداشلىرىڭىز بار. ئەمما، مەن سىزگە ئوخشىمايمەن. دادام بوۋىڭىز سەمەرقەندكە لەشكەر تارتقاندا ئۇرۇشقا كەتكەنچە قايتىپ كەلمىدى. هازىرغىچە ئۆلۈك - تىرىكلىكى نامەلۇم. هازىرقى كۈندە خان ئائىلىلىرى ئانام بىلەن مېنىڭ بېشىمنى سىلاپ، تۇرمۇشىمىزنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ، مېنىڭ مەدرىسىدە ئوقۇشۇمغىمۇ ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇڭا، خان ئائىلىلىرىنىڭ ھەممىتىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن بولسىمۇ تىرىشىپ ئۆگەندىم. ھەتتا، كېيىنچە دادام دېگەندەك بېشىمغا كۈن چۈشسە ئەسقېتىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە ئەمەس، بەلكى ئەلنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە ئەسقاتار، دېگەن نىيەتتە چېرىكچىلىك مەشقىنىمۇ قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزۈم بىلەن تەڭتۇش ئەنە ئاۋۇ دوستلىرىمنىمۇ چېرىكچىلىك مەشقى قىلدۇردۇم. باياتىن ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز، ئۇلارمۇ مەن - مەن دەپ مەيدىسىگە ئۇرىدىغان يىگىتلەردىن قېلىشقۇچىلىكى يوق قىزلار. دېمەكچى بولغىنىم، مەن ئۆگەنگەنلىرىمنى تۇرمۇشنىڭ ئاچا دوقمۇشىدا تېڭىرقاپ ئاچ - توق، نالە - زارلىقتا قالغان چاغلىرىمىزدا بېشىمىزنى سىلىغان، ياخشى كۈنگە ئېرىشتۇرگەن، بىلىك ئۆگىنىشىمگە شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن خان ئائىلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرالىسام، ئۆزۈمنى جاھاندىكى ئەڭ تەلەيلىك، ئەڭ بەختلىك ھېس قىلغان بولاتتىم. ئەپسۇس، ماڭا ھازىر ئۇنداق پۇرسەت نېسىپ بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۆزۈمنى خانلىقىمىز ۋە خان ئائىلىرى ئالدىدىكى قەرزىمنى مەڭگۈ قايتۇرۇپ بولالمايدىغاندەك سېزىۋاتىمەن...

مەريەم خېنىم بىردىنلا جىمىپ قالدى. مۇسا بۇغراخانمۇ ھاياجانغا چۆمدى. ئۇ مەريەم خېنىم ئائىلىسىگە ئاتىسىنىڭ خانلىقتا سادىق بولغىنىنى، يەنە كېلىپ جەڭدە يوقاپ

كەتكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ خەيرخاھلىق قىلغانىدى. بىراق، ئۇ بۇنى چوقۇم قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرز دەپ بىلىدىكەن، ئەل ـ رەئىيەت ئۇچۇن جېنىنى تەسەددۇق قىلىشتىن يانمايدىكەن.
ساتۇق بۇغراخان، مۇسا بۇغراخانلار ئاۋام ئۇچۇن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. ئەلنىڭ بەخت ـ سائادىتى ھەم ئۆزىنىڭ تەختى ئۇچۇن قان كېچىپ جەڭ قىلدى. بۇ جەرياندا ئۇلار مەريەم خېنىمغا ئوخشاش نۇرغۇن ئاۋامنىڭ بېشىنى سىلىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ چوقۇم خان قىلىشقا تېگىشلىك ئىشتەك، خاننىڭ مەجبۇرىيىتىدەك بېپەرۋا قارىدى. بۇنداق ئىشلارنى مۇسا بۇغراخان ئاللىقاچان ئېسىدىن چىقىرىۋەتكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئەل ئىگىسىنىڭ ئاۋامغا، خاننىڭ پۇقراغا قىلىشقا، ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى. راست، قاراخانىيلارنىڭ بۇ بىپايان، ئەلۋەك، سېخىي زېمىنى بولغاچقىلا، نۇرغۇن تۈركىي خەلقلەر ئولتۇراقلاشقان. ئەنە شۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ھىمايىسى بولغاچقىلا بۇ زېمىندا ئېكىتالار، بايلار، ھەتتا ئۆزىدەك خانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان. جاھاندا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىكەن. بەزىلىرى ناھايىتى تېزلا ئىنسانىنىڭ يادىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن. يەنە بەزى ئىشلار ئادەمنىڭ يۈرىكىگە نەقىش بولۇپ ئويۇلۇپ قالىدىكەن. جاھاندا نۇرغۇن كىشىلەر ياشايدىكەن، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەقەت ماددىي ئېھتىياج ئۈچۈنلا ياشىغاچقا، باشقىلارنىڭ ياردىمىگە، خەيرخاھلىقىغا ئېرىشسە، ناھايىتى تېزلا ئۇنتۇپ قالىدىكەن. لېكىن، يەنە بەزىلەر بىر ئۆمۈر ئۆزىنى قەرزدار بىلىپ ياشايدىكەن. باشقىلارنىڭ ئاشۇ ياخشىلىقىنى ياندۇرۇپ، ئۆزىنى قىيناپ كەلگەن بېسىمدىن قۇتۇلۇشنىڭ كويىدا بولىدىكەن. مانا مەريەم خېنىممۇ ھازىر شۇنىڭ پارىكىنى قىلىۋاتىدۇ. ئەسلىي ئۇ ماڭا ئەمەس، مەن ئۇنىڭغا قەرزدار. ئەگەر خانلىق ئۇچۇن جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان ئىلتەر باخشىدەك سانغۇنلار، لەشكەرلەر بولمىغان بولسا، قاراخانىيلار خانلىقى ھازىرغىچىلىك سەلتەنەتكە ئېرىشەلەرمىدى؟...

خان كۆز جىيەكلىرىنىڭ قىزىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— بۇ تىلىكىڭىزگە چوقۇم يېتىسىز، — دېدى ئەبۇھەسەن ئەلى قىزنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ، — يات يېقىندا خان ئاتام ئۇدۇن تەرەپكە لەشكەر تارتىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— راستىما؟ — مەريەم خېنىم بىر خىل ھاياجان بىلەن سورىدى، — بۇ ئىش قاچانلاردىراق بولار، خان ئوغۇل؟

— بۇ، خانلىقنىڭ چوڭ ئىشى. ئالدىراپ بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، يېقىندىن بۇيان خان ئاتام جىمغۇرلىشىپ قالدى. خاس خانىسىغا بېكىنىۋېلىپ خىيال سۈرگىنى سۈرگەن. ئوردا قوۋۇقچىلىرىدىن ئاڭلىسام، بوگۇن ئىدىقۇت بىلەن ئۇدۇندىن تەڭلا ئايغاقچى كەپتۇ. ئەگەر خاتالاشمىسام، خان ئاتام يات ئارىدا شەرق تەرەپكە ھۇجۇم قوزغايدۇ. بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتسىڭىز، سىزمۇ تىلىكىڭىزگە يېتىسىز.

— بولسىغۇ شۇنداق قىلسام تولىمۇ ئوبدان بولاتتى. ئۇ چاغدا قولۇمدىكى ماۋۇ زۇلپىقارىمنى ياۋنىڭ بېشىدا ئوينىتىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلسام... راست، خان ئالىيلىرى مەندەك بىر قىزنىڭ لەشكەر بولۇشۇمغا قوشۇلارمۇ؟ ئۇ مېنىڭ لەشكىرىي ماھارەتتىن خەۋىرىم بارلىقىنى بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ بىلگەن تەقدىردىمۇ...

— خان ئاتام ئۇنچىلىك مۇتەئەسسىپ ئادەم ئەمەس. ئۇ قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىدۇ. ئۇمۇ بۇرۇن خانلىق مەدرىسەدە ئوقۇغان قوشاقنى يات ـ يات ئوقۇپ تۇرىدۇ.

— قايسى قوشاقنى دەيسىز؟

ئەبۇھەسەن ئەلى بىردەم ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، پەس، ئەمما ۋەزمىن ئاھاڭدا قوشىقىنى ئوقۇدى:

قىلىچ مەملىكەتنى ئېلىپ ئەل ئۇتار،
قەلەم مەملىكەتنى تۈزەپ، مال يىغار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىچ قان تېمىتسا بېگى ئەل ئالار،
قەلەمدىن سىياھ تامسا ئالتۇن يىغار.

— راست، ئەلھەق شۇنداق. بىراق، سىز دېگەندەك كۈنلەر يېتىپ كەلسە، خان ئالىيلىرى تەلپىمگە قوشۇلمىسا، چاچلىرىمنى چۇشۇرۇۋېتىپ، يىگىتلەردەك ياسىنىپ بولسىمۇ جەڭگاھقا بارىمەن. ئۇ چاغدا ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمىنىم قالمايدۇ.
— ئۇنداق دېمەڭ. ئۆزىڭىزنىڭ جېنىغا ئىچىڭىز ئاغرىمىغان بىلەن شۇنداق كۈنلەر كېلىپ قالسا، سىزنىڭ دەردىڭىزدە ئارقىڭىزدىن بىللە كېتىدىغانلار بار..
— ۋيىەي، دەۋاتقان گېپىنى. نەدىمۇ ئۇنداق گەپ بار ئىكەن. مەن بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن.
— هازىر ئىشەنمىسىڭىز ئۇ دۇنىياغا بارغاندا، سىز ئۇچۇن جان پىدا كۆرسىتەلەيدىغانلارنىڭ بارلىقىنى چوقۇم بىلىپ قالىسىز.
— مەن ئۇنداق تەلەيلىك ئەمەس...
— ئۇنداق دېمەڭ... سىز ناهايىتى تەلەيلىك. ئەدناسى سىز ئۇچۇن سوقۇپ تۇرىدىغان يۈرەك يېنىڭىزدىلا بار ئەمەسمۇ؟
مەريەم خېنىم ھۇپپىدە قىزاردى ــ دە، ئورنىدىن تۇرغاچ ئەبۇھەسەن ئەلىنى كۈچ بىلەن ئارقىسىغا ئىتتىرىۋەتتى.
— ئەسكى...
خان ئوغلىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ بولغانىدى. ئۇنىڭسىزمۇ خان ئوغۇلنىڭ باياتىن ئوقۇغان قوشىقى ئۇنى ئۇزاقتىن بۇيان قىيناپ تۇرغان خىياللار قوينىدىن بىراقلا قۇتۇلدۇرۇپ چىققانىدى. «راست، ئوغلۇم ناھايىتى دانا گەپ قىلدى. مەملىكەت قىلىچ بىلەن ئىشلىنىدۇ، قورال ئىشلەتمەي، قان تۆكمەي، باشقىلارنى قارام قىلغىلى، زېمىننى كېڭەيتكىلى، ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى جارىستانغا چىقارغىلى بولمايدۇ. ئەمدى ئىككىلىنىشنىڭ ئورنى قالمىدى. دەرھال تايانغۇ

كېڭىشىدىكىلەرنى چاقىرىپ، بۇ ئىشنى كېڭەشكە قويۇش زۆرۈر. خانلىقىمىزدا مانا بۇلاردەك ئوت يۈرەك پالۋانلار تۇرغان يەردە نېمىدىن ئەنسىرىگۈلۈك!...»

مۇسا بۇغراخان ئۇلارغا قارىسىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئېھتىيات بىلەن كەينىگە ياندى ـ دە، ئۇدۇل خاس ھۇجرىسىغا ماڭغاچ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى: «تېزلىكتە يۈرۈش قىلىش كېرەك! ئەگەر ياۋغا قارشى ئۇرۇشنى يەنە كېچىكتۈرىدىغان بولساق، ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زىيانغا ئۇچرىغۇدەكمىز».

## 2

ئىككى قاش① ئارىسىغا جايلاشقان بۇ قەدىمىي ھەم گۈزەل شەھەرنىڭ كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا سوزۇلغان ئازادە كوچىلىرى ناھايىتى رەتلىك ئىدى. كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سودا دۇكانلىرىدىن كۈنبويى ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. يورۇڭقاشنىڭ ئەركەك سۈيىدە سۇغىرىلىپ، ئاينىتىلغان ئۈجمە يوپۇرماقلىرىدا بېقىلغان پىلىلەردىن ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئۇسۇلدا ئايرىۋېلىنغان يىپەكلەر ئاتا كەسىپ ئۇستىكارلارنىڭ چېۋەر قوللىرىدا خۇددى ماي بوياق رەسىمدەك چىرايلىق شايى ـ ئەتلەس بولۇپ چىقاتتى ـ دە، مانا مۇشۇ سودا دۇكانلىرى ئارقىلىق ئۇ يېقى ئىچكىرىدىكى سۇڭ خانلىقىغا، بۇ يېقى ھىندىستان، كەشمىر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا توشۇلاتتى. شەھەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يىل بويى سۈيى ئۆكسۈپ قالمايدىغان يورۇڭقاش دەرياسى بىلەن قاراقاش دەرياسى بۇ بىپايان زېمىنغا ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن ھالدا تەكلىماكان قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتۈپ، تارىم دەرياسىغا قۇيۇلاتتى. بۇ دەريالارنىڭ سۈيى كۈزدىن باشلاپ ياز پەسلىگىچە بىر خىل

① ئىككى قاش — يورۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىتىمدا لۆمشىپ ئاقسىمۇ، پىژغىرىم ئىسسىق باشلىنىش بىلەن تەڭ تاغ تەرەپتىن دەۋرەپ كەلگەن قىيان ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ، دەريا تېگىدىكى تاشلارنى دومىلىتىپ، قىيالارنى چېقىپ، ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرگۈدەك ئاۋازدا نەرە تارتاتتى. كەلكۈن پەسلىگەن چاغلاردا تارىخچىلار خۇددى بىرەر ھۆكۈمدار ھاشارغا ھەيدىگەندەك دەريا قىنىدا پەيدا بولاتتى ـ دە، كەلكۈن تەسىرىدە دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ئېقىپ كەلگەن، ئېچىلىپ قالغان قاشتاشلارنى ئىزدەشكە باشلايتتى. ئانا دەريا يورۇڭقاشتىن سۈزۈۋېلىنغان، تېرىۋېلىنغان قۇيرۇق مېيىدەك ئاپپاق، سۈزۈك، پارقىراق قاشتاشنىڭ باھاسى خېلى يۇقىرى ئىدى. بۇنداق كۈنلەردە ئۇدۇننىڭ رەستە كوچىلىرىدا مەخسۇس قاشتاش سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار دەريا بويىغا كېلىشەتتى ـ دە، تارىخچىلار تاپقان قاشتاشلارنى شۇ يەردىلا سېتىۋېلىپ، دۇكانلىرىدا پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن باشقا جايلارغا يۆتكەپ، نەچچە ھەسسە ئارتۇق پايدا ئالاتتى. ئۇدۇننىڭ نامى مانا شۇ قاشتاش ۋە يىپەك بىللە دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا قەدەر تارالغانىدى. شۇڭا، ئۇدۇن پادىشاھىنىڭ ئوردىسى جايلاشقان يۇرتخان شەھىرى① دىمۇ قاشتاش ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن بەكرەك ئېرىغ مال ھېسابلىناتتى. ئۇدۇن يەنە بۇتخانىلىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەم ھەيۋەتلىكلىكى، راھىبلىرىنىڭ بىلىمدە كامالەتكە يەتكەنلىكى، بۇتخانىلاردىكى راھىبلارنىڭ بىھېسابلىقى بىلەنمۇ جاھانغا مەشھۇر ئىدى. خان ئوردىسى جايلاشقان يۇرتخان شەھىرىدىلا ھەيۋەتلىك ساڭراملاردىن ئون نەچچىسى بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز تىلاۋەتچىلەر ياققان كۈجىلەرنىڭ خۇش پۇرىقى شەھەرنى ئەگىپ يۈرەتتى. نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى باشقا ئەللەردىن كەلگەن راھىبلار نەچچە ئون

---

① يۇرتخان شەھىرى ـــ خوتەننىڭ شۇ مەزگىللەردىكى مەركىزىي شەھىرى بولۇپ، ھازىرقى يوتقان خارابىسى ئورنىدا ئىدى.

يىللىق جاپالىق ئوقۇشتىن كېيىن بۇ يەرنىڭ شانلىق تارىخىنى، بىباھا گۆھەرلىرىنى ئۆز يۇرتلىرىغا ئېلىپ بېرىپ، كەڭ تۇردە تارقىتاتتى. ئۇزاقتىن بېرى بۇ يۇرتتا يېغىلىق بولمىغان ھەم ئەل تالاپەتكە ئۇچرىمىغانىدى. ئەمما، يېقىندىن بېرى بۇ شەھەردىمۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇرۇپ، قورقۇنچقا سالىدىغان ۋەھىمىلىك خەۋەر ئۇچۇپ يۇرۇشكە باشلىدى:

— كاشغەردىكى قاراخانىيلار ئۇدۇن تەرەپكە لەشكەر تارتارىمىش.

— قاراخانىيلارنىڭ مۇسا بۇغراخان دېگەن خانى ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچمىسەم، ئانامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي دەپ قەسەم ئىچكەنىمىش.

— ياۋنىڭ لەشكەرلىرى بىھېساب ئىكەن. ئۇلار بىرلا ۋارقىراشسا نەچچە يۈز ئادەمنىڭ قۇلىقى پاڭ بولۇپ قالارىمىش.

— قاراخانىيلارنىڭ رەئىيەتلىرىمۇ ئەسلى بىزدەك بۇتقا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەملەردىن ئىكەن. ئۇلارنىڭ خانى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىپ، ئەل ئىچىدىكى ئاۋامنى شۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭغا بويۇن تولغىغانلارنى قاتتىق جازالاپتۇ. يۇرت - يۇرتلاردىكى بۇتخانىلارنى چېقىپ، راھىبلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغا مەسچىت بىنا قىلغانىمىش. ئۇدۇن خانلىقىمىزغا لەشكەر تارتىپ كېلىشتىكى مەقسىتى خانىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، بۇتخانىلارنى چېقىپ كۆيدۈرۈپ، بارلىق راھىبلارنى قىلىچ - نەيزىدىن ئۆتكۈزۈپ، جىمى ئاۋامنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئىكەن...

— تۇۋا، بىز ئۇلارغا ھېچقانداق يامانلىق قىلمىساق، ئۇلار نېمە سەۋەبتىن بىزگە لەشكەر تارتار؟

— ئاڭلىساق، مۇسا بۇغراخان بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتۇ: چۈشىدە نۇرغۇن راھىبلار نوم ئوقۇپ ھەم تەسۋى سىيرىغان ھالدا ئۇنى قورشاپ كېلىۋاتقۇدەك. ئۇ قورقۇنچتىن ۋارقىرىغان

پېتى ئويغىنىپ كېتىپتۇ ـ دە. ئۇدۇندىكى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ھامىنى مېنىڭ تەختىمنى تارتىۋالىدىكەن، دەپ ۋەھىمىگە چۈشۈپتۇ. شۇڭا، سەن مۇشت ئاتقۇچە مەن مۇشت ئاتاي دەپ بىز تەرەپكە باسقۇن قىلىپ كېلىۋېتىپتۇ.

— ئۇمۇ تازا بىر ھاماقەت خان ئىكەن. چۈشىگە ئىشىنىپ جىم تۇرغان تامغا ئۈسكەندەك ئىش قىپتۇ. بۇ گەپ ئىشەنچلىك بولسا راستىلا ئۇرۇش بولارمۇ؟

— شۇنداق بولغۇدەك. بىزنىڭ خاقانىمىز ياغلاقار قالۇمۇ نوقتەرىش، چوقتەرىشلەرنى لەشكەر باشلاپ چىقىپ، بۇغرا قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىپ، مۇسا بۇغراخاننىڭ كاللىسىنى ئېلىپ ئەكېلىڭلار، دەپ پەرمان بېرىپتۇدەك.

— ئۇ ئىككى سانغۇن ۋە ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى بۇغراخاننىڭ قوشۇنىغا تەڭ كېلەلەرمۇ؟

— تەڭ كەلمەي... بۇ ئىككى سانغۇن لەشكىرىي ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن. بىرسى مىڭ لەشكەرگە تېتىيالايدۇ. ھېلىقى يىلىمۇ لەشكىرىي مەشىق بولغاندا ئىككى يۈز ماڭدام يىراقلىقتىكى داچەننىڭ تۆشۈكىدىن يا ئوقىنى ئۆتكۈزدىغۇ؟

— راست، ئاشۇنداق بىر ئىش بولغان، دەپ ئاڭلىدىم. ئۇلار قالتىس كارامەت مەرگەنلەر ئىمىش، ئەمما لەشكىرىمىز ئاز كېلىپ قالارمۇ؟

— ھازىر نوقتەرىش بىلەن چوقتەرىش ئىككى تۈمەندەك لەشكەر بىلەن ئاتلانغان ئوخشايدۇ. ياغلاقار قالۇ خان قۇرامىغا يەتكەنلىكى ئەركەكلەرنى لەشكەرلىككە ئېلىشنىڭ پىلانىنى سوقۇۋاتقۇدەك. ئۇنىڭدىن باشقا، تىبەت ۋە قوچۇ خانلىقىدىن ياردەم سورارىمىش ...

كوچا ـ كويىلاردا مۇشۇنداق پاراڭلار، مۇلاھىزىلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. يەتمىش ياشتىن يەتتە ياشقىچە جىمى كىشىنىڭ ئېغىزىدا مۇشۇ گەپ ئىدى. پاراڭ ئاۋۇغانسېرى گەپكە ـ گەپ

قىتىلىپ، ئاجايىپ ـ غارايىپ تۈس ئالاتتى.

— مۇسا بۇغراخاننىڭ لەشكەرلىرى ئارىسىدا سېھىرگەرلەرمۇ بار ئىمىش. بىرلا ئەپسۇن ئوقۇسا پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلىشىپ، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولماسىمىش.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس ئىكەن. ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بەزىدە كۆزگە كۆرۈنمەسىمىش. شۇڭا، رەقىبلىرى ئۇلارنى كۆرەلمەيدىكەن. ئۇلار ئاشۇنداق پۇرسەتلەردىن پايدىلىنىپ باشقىلارنىڭ جېنىنى ئالىدىكەن.

— جاھاندا مۇشۇنداق ئىشلارمۇ بارمىكىنە؟ مەن ئەقلىمگە كېلىپ بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ باقمىغان. يالغان ئېيتمايۋاتقانسەن؟

— ئۇلۇغ بۇددا ئىگەم ساكيامۇنى گۇۋاھ بولسۇن، بۇ گەپنى مەن ئوردىدىكى بىر سانغۇندىن ئاڭلىدىم. خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ سۆزىنى يالغان دېسەڭ بۇنىڭ قانداق گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟

كۆپلىگەن ئادەملەر بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمىسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ بىرەر سەۋەب بىلەن ئوردا قىسقخانا①سىغا كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك جىم بولۇپ قالاتتى. ئەمەلىيەتتە، خەۋەرلەر بەك كۆپتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما قاراخانىيلارنىڭ ئۇدۇنغا ھۇجۇم قىلىپ كېلىدىغانلىقى ئاياقتىكى ئاشتەكلا ئېنىق ئىدى. بۇ ئىشلاردىن ئەڭ ئاۋۋال ياغلاقار قالۇ خان خەۋەر تاپقانىدى. ئۇ قوشنىسى قاراخانىيلارنىڭ بۇددا دىنىدىن يۈز ئۆرۈپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلىكىنى جاكارلىغاندىن تارتىپ، قانداقتۇر بىر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ شەپىسىنى غۇۋا ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، تېزلا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ ئىدىقۇت، تىبەت تەرەپلەرگە ئەۋەتىپ، قاراخانىيلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش ھەققىدە بىرلىككە كېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن تا ھازىرغىچە بۇ

① قىسقخانا — قاماقخانا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشتىن ئۇنۇم كۆرۈلمەيۋاتاتتى. «ئەگەر ئىلىمىز مۇسا بۇغراخان دېگەندەك قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ، ئەل خارابلاشسا، بۇتخانا، ساڭراملىرىمىز كۆيدۈرۈلۈپ، پۇقرالار ئۆلتۈرۈلۈپ، خانلىقىمىز زاۋاللىققا يۈز تۇتسا قانداق بولار؟ ياق، ئۇنداق بولمايدۇ. ئەجدادلىرىمىز مىڭبىر جاپا ـ مۇشەققەتتە قۇرغان، گۈللەندۈرگەن خانلىقنى هالا بۇگۇنكى كۈنگە كەلگەندە ياۋنىڭ قولىدا خاراب قىلىش ئەجدادىمىزغا ئاسىيلىق قىلغان بىلەن باراۋەر. شۇڭا، مەيلى نەچچىلىك تالاپەت تارتىشتىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى يوقىتىشىم، ئۇدۇن زېمىنىغا قەدەم باستۇرماسلىقىم كېرەك...»

خان بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئوردىدىكى ئەڭ ياش، قابىلىيەتلىك ئاكا ـ ئۇكا سانغۇنلار بىللە بىللە ئۇدۇن چېگراسىغىچە بېرىپ، قاراخانىيلارنى توسۇپ زەربە بېرىش ئۈچۈن ئاتلانغانىدى. شۇڭا، بۇ گەپلەر ئوردىدىكى كىشىلەر تەرىپىدىن جاراستانغا يېيىلىپ، ئۇدۇننىڭ كوچا ـ رەستىلىرىدە، يېزا ـ قىشلاقلىرىدا شامالدەك تېز تارقىلىۋاتاتتى. مەيلى كىم بولسۇن، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان هامان ئوچۇق هاۋادا چاقماق چاققاندەك ئەندىكىپ كېتەتتى. چۈنكى، ئۇلار بۇ خەۋەردىن پات ئارىدا خۇددى يورۇڭقاش، قاراقاش دەريالىرىنىڭ كەلكۈنلىرىدەك مىڭلىغان ياۋنىڭ ئۇدۇنگە باستۇرۇپ كېلىدىغانلىقىنى هېس قىلىشاتتى...

## 3

ئوردۇكەنت هېيت تەنتەنىسىگە تەييارلىق قىلغاندەك قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى. بامدات نامىزىدىن كېيىنلا ياڭراشقا باشلىغان شادىيانە ناغرا ـ سۇناي ئاۋازى ئاستانە ئاسمىنىنى لەرزىگە سالاتتى. كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلەش بىلەنلا جىمى ئاۋام شەهەر سىرتىغا سەلدەك ئېقىشقا باشلىغانىدى. هاۋا ئوچۇق

بولغاچقا، خېلى يىراقتىكى ئاقباش تاغلارمۇ بىرەر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ئارىلىقتا يېتىپ بارغىلى بولىدىغاندەك يېقىنلا جايدا كۆرۈنەتتى. شەھەر سىرتىدىكى كەڭرى مەيداندا ئادەملەر مىغىلدايتتى. يول بويىدا رەتلىك تىزىلىپ، تولۇق قوراللانغان لەشكەرلەر ناھايىتى جەسۇر، جۇشقۇن كۆرۈنەتتى. بىر چاغدا مەيداننىڭ باش تەرىپىگە كۆتۈرمە قىلىپ ياسالغان، خېلى يىراقتىنمۇ بىمالال كۆرگىلى بولىدىغان سەينا تەرەپتىن سوزۇپ چېلىنغان سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى. كىشىلەر بىر - بىرىنى ئىتتىرىشكەن هالدا ئىككى تارامغا بۆلۈنۈشتى - دە، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراشتى.

— ئەنە... ئەنە! مۇسا بۇغراخان ئالىيلىرى كېلىۋاتىدۇ!

قەلبلەرنى لەرزىگە سالىدىغان ناغرا - سۇناي ئاۋازى ئىچىدە ئوردۇكەنت تەرەپتىن قويۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ، بارا - بارا كىشىلەر توپى تەرەپكە سۈرۈلۈشكە باشلىدى، بارا - بارا يۇزگە يېقىن ئاتلىق كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى. سەيناغا يىغىلغان ئۇزاتقۇچىلار بىردىنلا سانغۇنلىرىدىن كوماندا ئالغان لەشكەرلەردەك ئاتلىقلارغا يول بوشىتىپ، قول قوۋۇشتۇرۇشقان پېتى باشلىرىنى ئەگدى. شۇ ئەسنادا كىمدۇر بىرسى ئۇنلۇك ئاۋازدا توۋلىدى:

— ئۇلۇغ خان مۇسا بۇغراخان ئامان بولغاي...

شۇ هامان ئالامان ئىچىدە گۇرۇلدىگەن سادا كۆتۈرۈلدى:

— مۇسا بۇغراخان ئامان... ئامان بولغاي !...

سەپنىڭ ئالدىدا ئاق ئاتقا مىنىپ كېلىۋاتقان مۇسا بۇغراخان بۇنچە كۆپ كىشىنىڭ ئۇدۇن تەرەپكە ئاتلىنىۋاتقان لەشكەرلەرنى ئۇزىتىشقا چىققانلىقىنى كۆرۈپ هاياجانلاندى، قەلبى سەلكىن شامالدا ئۇسسۇلغا چۈشكەن يوپۇرماقلاردەك تىترىدى. ئۇ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، تەۋازۇ بىلەن بېشىنى ئېگىپ قويغاندىن كېيىن، يۇقىرى، جاراڭلىق ئاۋازدا دېدى:

— ئەل ئامان بولغاي !...

شۇ ئان ئالىمان ئىچىدە يەنە بىر قېتىم كۆچلۈك ھۇررا ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى.

— ئامان... بولغاي!... مۇسا بۇغراخان ئامان بولغاي!

خان ھېلىقى كۈنى ئەبۇھەسەن ئەلىنىڭ قوشىقىنى ئاڭلاپلا قەلبىدىكى غەم ـ ئەندىشىلىرى بىراقلا تارقاپ، كۆز ئالدى پاللىدە يورۇپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كەلدى ـ دە، ئۇدۇللا خاس ھۇجرىسىنىڭ يېنىدا قول باغلاپ تۇرغان ئىشىكئاغىسىغا «بۈگۈن كەچ تايانغۇ كېڭەشچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كەلسۇن، جىددىي كېڭەش بار» دەپ يارلىق چۈشۈرگەنىدى. شۇ كۈنى ئەل ئايىغى جىمىپ، پۈتۈن كائىنات ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمگەندە، مۇسا بۇغراخان بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلگەن تايانغۇ كېڭەشچىدىكىلەر بىلەن ئۇدۇن تەرەپكە لەشكەر تارتىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشتى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ خەۋەر ئوردىكەنت ئىچىدىلا ئەمەس، پۈتۈن كاشغەر تەۋەسىدە ئاشكارا مەخپىيەتلىككە ئايلاندى. گەرچە خان تايانغۇ كېڭىشىنىڭ مەسلىھەتىدە ياۋغا قارشى لەشكەر تارتىشنى سىر تۇتۇشنى تاپىلىغان بولسىمۇ، ئەمما، بۇ سىرنىڭ كىملەر تەرىپىدىندۇر سىرتقا يېيىلغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغانلىكى كىشى بىر ـ بىرلىرىگە يەتكۈزەتتى. قۇرامىغا يەتكەن، لەشكىرىي ئىشلاردىن خەۋەردار بولغان يىگىتلەر ئايپۇتۇك①كە تىزىملىتىش ئۈچۈن ئالدىرىشاتتى. مۇسا بۇغراخانمۇ كۈن ئارىلاپ مەشىق قىلىۋاتقان لەشكەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرەتتى، چوڭ ـ چوڭ تەييارلىقلارغا مەسئۇل بولغانلارنى ئالدىرىتاتتى، يېقىندىن ـ يىگى يولىيورۇقلارنى بېرەتتى.

مانا بۈگۈن قوشۇن يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

① ئايپۇتۇك — لەشكىرى تىزىملىك.

ئۇزاتقۇچىلارمۇ ناھايىتى كۆپ. ئاۋام مۇشۇنداق قولىلاپ يار ـ يۆلەكتە بولۇۋاتسا، يەنە نېمىدىن ئەندىشە قىلغۇلۇق؟ مۇسا بۇغراخان ھاياجان ئىلكىدە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاۋامغا ئۆز تەشەككۇرىنى بىلدۈردى. شۇ ئەسنادا خاننىڭ يېنىغا كەلگەن سۇباشى چاغرى تېگىن يۇقىرى ئاۋازدا مەلۇم قىلدى:

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، ئۇدۇن خانلىقىغا جازا يۈرۈشى قىلغۇچى بۇغرا قوشۇن تەييارلىقىنى تاماملاپ، كۆزدىن كەچۈرۈشلىرىنى، يولغا چىقىش يارلىقى بېرىشلىرىنى كۈتۈۋاتىدۇ!

مۇسا بۇغراخان ئېتىنىڭ يۈگىنىنى بوشلا تارتىپ، سۇباشى چاغرى تېگىنىنىڭ يول باشلىشى بىلەن سەلكىن شامالدا لەرزان يەلپۈنۈپ تۇرغان قاراخانىيلارنىڭ توققۇز شاخلىق تۇغلىرىنىڭ يېنىدا خاننىڭ قوبۇلىنى كۈتۈپ، رەتلىك تىزىلىپ تۇرغان لەشكەرلەرگە يېقىنلاشتى. شۇ ئان خۇددى بىر ئېغىزدىن چىققاندەكلا ئاڭلانغان ئاۋازلار بىپايان زېمىننى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك جاراڭلىدى:

— ئۇلۇغ خاقانىمىز مۇسا بۇغرا قاراخان ئالىيلىرى... ئامان... ئامان بولغاي!...

— ھەرقايسىڭلارمۇ ئامان بولۇڭلار، شىر يۈرەك پالۋانلىرىم... — دېدى مۇسا بۇغراخانمۇ شىردەك ھۆركىرىگەن ھالدا.

شۇ ئەسنادا تولۇق چېرىكچە كىيىنگەن، بېشىدىكى دۇبۇلغىسى كۈن نۇرىدا پارقىراپ، كۆزنى چاقنىغان، بېلىدىكى بەلباغقا ئۆتكۈزۈۋالغان كۆن قاپلىق قىسقا قىلىچى ئات ھەر قېتىم پۇتلىرىنى يۆتكىگەندە پۇلاڭلاپ تۇرىدىغان بىرسى جەدە ئېتىنى دېۋىتىپ خانغا يېقىنلاشتى.

— قادىنلار قوشۇنىدىكى سەرۋازلار خان ئالىيلىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈشىگە مۇنتەزىرا!

خان قەددىنى تىك تۇتۇپ سۆزلەۋاتقان قىزغا قاراپ مەمنۇنلۇق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. بۇ مەريەم خېنىمنىڭ قوشۇنى بولۇپ، ئۇ خاننىڭ ئۇدۇن تەرەپكە لەشكەر تارتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا ئۆزىنىمۇ بىللە ئېلىۋېلىشنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغانىدى. خان دەسلەپتە سەل ئىككىلەندى، كېيىن مەريەم خېنىمنىڭ قەتئىيلىكى ۋە ھېلىقى كۈندىكى پاراڭلار سەۋەبلىك ماقۇل بولغانىدى، مەريەم خېنىم خاندىن بۇ قېتىمقى لەشكىرىي سەپەرگە قاتنىشىش توغرىسىدا ئىجازەت ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ھەمشىرىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا يەنە لەشكەر تولۇقلاپ، مەخسۇس قىزلار قوشۇنى قۇرۇپ چىققانىدى. ئۇ خاننىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىنى كۆرۈپ، قادىنلار قوشۇنى تەرەپكە بۇرالدى. شۇ ئان خېلى جەڭ كۆرگەن لەشكەرلەردەك رەتلىك تىزىلغان قىزلار قوللىرىدىكى قىنىدىن چىقىرىلغان قىلىچنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا لەۋلىرىگە تەگكۈزۈشۈپ، ئېگىز كۆتۈرۈشتى. بۇنى كۆرۈپ ھاياجانلانغان مۇسا بۇغراخان ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ئامان بولۇڭلار!

شۇ ئان قوشۇن ئىچىدىن يەنە سادا كۆتۈرۈلدى:

— مۇسا بۇغراخان ئالىيلىرى ئامان... ئامان بولغاي!...

خان مەمنۇن بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ سەل يۇقىرى تەرىپىدە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان ئوردا ئەركانلىرىغا يېقىنلاشتى ـ دە، توپنىڭ بېشىدا تۇرغان ئەبۇھەسەن مۇھەممەد بىننى سوفيان كەلىماتى نىشاپۇرىي① نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ ئېگىلىپ سالام بەردى. ئاندىن سۇباشى چاغرى تېگىن

① ئىبنۇلئەسىر نامى بىلەن تونۇلغان تارىخچى ئىززىددىن ئەبۇلھەسەن ئەلى بىننى ئەبىلكەرىم، مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەبى ئەبدۇلكەرىم ئىبنى ئەبدۇلۋاھىد شەيبانىينىڭ «كامىلۇتتەۋارىخ» ناملىق ئەسىرىدىكى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، مۇسا بۇغراخان دەۋرىدە، يەنى 960 ـ يىلى ئەبۇھەسەن مۇھەممەد بىننى سوفيان كەلىماتى نىشاپۇرىينىڭ دالالىتى بىلەن 200 مىڭ ئائىلىلىك تۈرك ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان.

بىلەن كۈلۈك تۇمەنباشىغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، تېخى يېقىندىلا كاشغەرنىڭ ئىلىك خانلىقىغا تەيىنلەنگەن ئەبۇھەسەن ئەلىنىڭ يېنىدىكى لەشكەرنىڭ قولىدا سەلكىن شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان دۆلەت تۇغىنىڭ ئالدىغا كەلدى، شۇ ئان ھەممەيلەن بىردىنلا تۇغ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ھۆرمەت بىلەن تۇغقا تىكىلدى. دەل شۇ چاغدا لەشكەرنىڭ قولىدىكى تۇغ ئېگىلدى. خان ئالدى بىلەن تۇغقا چېرىكچە سالام بەرگەندىن كېيىن ئوڭ تىزىنى پۈكۈپ، تۇغنى سۆيۈپ، يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى. شۇ ھامان ئەبۇھەسەن مۇھەممەد بىننى سوفيان كەلىماتى نىشا پۇرىي يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى.

— ئامىن !...

«ئامىن!» دېگەن ياڭراق ئاۋاز گىياھسىز سايلىقنى لەرزىگە كەلتۈردى.

— ئۇلۇغ خاقانىمىز مۇسا ئىبنى ئابدۇلكەرىم بۇغرا قاراخان ئالىيلىرىغا ئاللا يار بولغاي! ياغى① ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، نۇسرەت قۇچۇپ قايتقاي، ئاقىۋللۇق بولغاي، ئاللاھۇ ئەكبەرا!...

— ئاللاھۇ ئەكبەرا!

— ئەمدى ئاتلانغايلا، خان ئالىيلىرى، — دېدى ئەبۇھەسەن مۇھەممەد بىننى سوفيان كەلىماتى نىشاپۇرىي.

خان ھەممەيلەنگە ئېھتىرام بىلەن ئېگىلىپ ئېھتىرام بىلدۈرگەندىن كېيىن، نەۋقىران يىگىتلەردەك ئاتقا بىر سەكرەپلا مىندى - دە، يۇقىرى ئاۋازدا جاكارلىدى:

— قوشۇن يولغا چىققاي!...

خاننىڭ يارلىقى بىلەن تەڭ ناغرا - سۇناي ئاۋازى ياڭرىدى. ئاۋۋال بىلەكتەك چوڭ قىزىل پۆپۈكلەر ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، ئۈچ بۇرجەك ھال رەڭ رەختىنىڭ چۆرىسىگە سېرىق چۇچىلار تىكىلگەن، ساپ تەرىپىگە قاراخانىيلارنىڭ توققۇز شاخلىق دۆلەت بەلگىسى، ئۇنىڭ تۆۋىنىگە ماش رەڭ يىپتىن «بۇغرا قوشۇن»

① ياغى — دۈشمەن.

دېگەن سۆز زەر يىپ بىلەن چېكىلگەن تۇغلارنى كۆتۈرگەن تۇغچىلار قوشۇنى ئۇدۇن تەرەپكە يول ئالدى. تۇغلار سەلكىن شامالدا يەلپۈنەتتى. زەر يىپ بىلەن چېكىلگەن خەتلەر تۇغ ھەربىر يەلپۈنگەندە، كىشىگە خۇددى ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان سۇدەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئۇلارغا ئۇلىشىپلا سۇباشى چاغرى تېگىننىڭ ئاتلىق قوشۇنى، ئۇنىڭ كەينىدىن مەخسۇس خاننى قوغداپ ماڭىدىغان جاندارلار قوشۇنى، قادىنلار قوشۇنى، ئاندىن پىيادە لەشكەرلەر يول ئالدى. مۇسا بۇغراخان ئۆزىنى ئۇزاتقىلى چىققان ئوردا ئەركانلىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم باش ئېگىپ خوشلاشتى ـ دە، ئېتىنى يېنىك دېۋىتتى. باياتىن بېرى ئورنىدا تۇرالماي چاپچىپ تۇرغان قاردەك ئاپپاق، چېكىتچىلىك ئالىسى يوق ئاق ئات ئىگىسىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك قوشۇن يولىغا چىققان تەرەپكە قاراپ بۆرە يۈرۈشىدە يورغىلىدى. شۇ ئان سايىدىكى ئادەملەر توپىدىن يەنە چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى:

ــ ئۇلۇغ خاقانىمىز مۇسا بۇغراخاننىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي!...

ــ ئامان... ئامان... مۇسا بۇغراخان ئامان بولغاي!...

ــ ئاللا نۇسرەت ئاتا قىلغاي!

ئۇزاتقۇچىلار تاكى خاننىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭغان بۇغرا قوشۇنىنىڭ قارىسى يىتكۈچە تارقىلىشماي تۇرۇشتى.

قوشۇن ناھايىتى ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. كۈن تىكلىنىپ، ھاۋا ئىسسىپ كەتكەن بولغاچقا، ئەتراپ خۇددى تونۇردەك يالقۇنلايتتى. لەشكەرلەر نەچچە ئون كۈندىن بۇيان توختىماي مېڭىۋاتقاچقىمۇ ھارغىن كۆرۈنەتتى. شۇنداقتىمۇ، قانداقلا بولسۇن، قاش قارايغۇچە ئالدىن يۈرەر قىسىم تەييارلىغان لەشكەرگاھقا يېتىپ بېرىش كېرەك بولغاچقا، يەنە تېزلىك بىلەن يۈرۈۋاتاتتى.

بۇلار ياركەندتە ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ھىلىغىچە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغان بۇددىستلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىگە

ئۇچرىدى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئادىمى ئىككى ـ ئۈچ مىڭ ئەتراپىدا بولسىمۇ، ئەمما يەر شەكلىنى پۇختا بىلگەچكە، پايدىلىق يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، مۆكۈپ يۈرۈپ ھۇجۇم قىلىپ، بۇغرا لەشكەرلىرىنى خېلى ئاۋارە قىلدى. ئاخىر ئۇلار قاغىلىقتىن نەچچە ئون چاقىرىم يىراقلىقتىكى سايلىقتا ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ، ئادەملىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ئۆلۈكىنى قالدۇرۇپ قېچىپ كەتكەندىن كېيىنلا ئاندىن سەپەر خېلىلا ئاۋۇغاندى.

— بۇلار تاغ تەرەپتە ياشايدىغان، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان رەئىيەت ئىكەن. بۇرۇن ئۇلۇغ خانىمىز سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ھايات چېغىدا بۇ يۇرتتىكىلەرنى قىلىچ كۈچى بىلەن ئىسلامغا كىرگۈزگەن بولسىمۇ، كېيىن بۇ نائەھلىلەر ئېتىقادىدىن يېنىۋاپتۇ. شۇ يەردىكى ئىسلامغا مۇستەھكەم ئېتىقاد قىلىدىغانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆيلىرىگە ئوت قويۇپ، ئۇلارنى بەك يۈرەكئالدى قىلىۋېتىپتۇ. بۇ دورەم ئۇدۇنگە لەشكەر تارتىپ ماڭغىنىمىزدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تۇپلەك مىڭبېشى دېگەن بىرسىنىڭ قۇترىتىشى ۋە يول كۆرسىتىپ باشلامچىلىق قىلىشى بىلەن ئالدىمىزنى توسۇپ، تەلەي سىناپ باققىنى ئىكەن. بىز تۇتۇۋالغان لەشكەرنىڭ دېيىشىچە، ئۇلار بىز بىلەن ئۇرۇشالىغۇدەك بولسا ئۇرۇشماقچى، كۈچى يەتمىسە ئاز ـ تولا پاراكەندىچىلىك سېلىپ لەشكەرلىرىمىز ئارىسىدا ۋەھىمە پەيدا قىلىپ قويۇپ، تاغقا چىقىپ كەتمەكچىكەن، — دېدى سۇباشى ئۇلار بىلەن بولغان جەڭدىن كېيىن.

— ئەتتىگىنەي، بۇرۇنراق ئۇلارنىڭ مەقسىتىنى بىلگەن بولساق ئوبدان بولاتتىكەن. ئۇ چاغدا ئۇلارنى زور لەشكىرىي كۈچ بىلەن قورشاپ، بىرسىنىمۇ تىرىك قالدۇرماي، تومۇرىمىزنى تۇتۇپ تەلەي سىنىغانلىقىغا تويدۇرىدىكەنمىز. بوپتۇ، ئۇلار ئەجەلى توشقۇچە بىر مەزگىل كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈۋالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگەر پۇرسەت بولۇپ قالسا، ئۇدۇندىن يانغاندا، ئۇلار بىلەن بۇ ھېساب ـ كىتابنى ئوبدان بىر قىلىشىۋالارمىز، ـــ دېدى مۇسا بۇغراخان ئويچان قىياپەتتە، ـــ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش ياۋنىڭ بىخەستەلىكىدە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلار ئۇلۇك ـ سولىنى تېپىۋالغۇچە ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرساق ئوبدان بولاتتى. بىراق، غوجىسىنى تونۇمىغان بۇ نائەھلىلەر بىزنى خېلى ئاۋارە قىلىپ، يولىمىزنى قىسقارتىپ قويدى. بۇ ھالەتتە ماڭساق مەنزىلىمىزگە ۋاقتىدا يېتىپ بارالمايمىز. يارلىق، چېرىكلەر يۈرۈشنى يەنىمۇ تېزلەتسۇن!

ـــ ئىلەل، خان ئالىيلىرى، مەن ھازىرلا چاپارمەن ماڭدۇراي!

قوشۇن كۈن چۈشتىن سەل قايرىلغاندا سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان، بىر ـ ئىككى تاشلىق تۆگمەننى بىمالال چۆرگۈلىتەلەيدىغان ئېقىن بويىدا توختاپ، قىسقا ۋاقىت غىزالانغاندىن كېيىن يەنە يولغا چىقتى. بۇ چاغدا ئەتراپ تونۇردەك قىزىپ كەتكەنىدى. لەشكەرلەرنىڭ ئايىغىدىكى تاشلاردىن ئۆرلىگەن ھارارەت يۈزلەرگە ئۇرۇلاتتى. ئۇلارنىڭ پېشانىسىدىن، يۈزلىرىدىن، ھەتتا پۈتۈن بەدىنىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇراتتى. ھاۋا ناھايىتى تىنچىق بولۇپ، تۇغچى لەشكەرلەرنىڭ قولىدىكى تۇغلارمۇ تۇغنىڭ سىپىغا يۆگىشىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ياركەندتىكى مالىمانچىلىقتا يارىلانغان سەپداشلىرىنى يۆلەپ ۋە كۆتۈرۈپ دېگەندەك سەپەرنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇلار شۇ مېڭىشىدا خېلى ئۇزاق يول يۈردى. ئەمما، چۈشتىن بۇرۇن ئالدىن يۈرەر قىسىمدىن كەلگەن ئارقىش① ئېيتقان كىچىكرەك كۆجۈم مەھەللىنىڭ قارىسى تېخىچە كۆرۈنمەيتتى.

ـــ يولدىن ئېزىپ قالمىغاندىمىز سۇباشى؟ ـــ سورىدى مۇسا

① ئارقىش ـــ خەۋەرچى.

بۇغراخان پېشانىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان تەر تامچىلىرىنى چۆرىسىگە رەخدار يىپەك يىپلاردىن چۆچا توقۇلۇپ، چىرايلىق گۈللەر كەشتىلەنگەن يىپەك قول ياغلىق بىلەن سۈرتكەچ.

— ئۇنداق بولمىغاندۇر، خان ئالىيلىرى، ئارقىش خەۋەرنى يەتكۈزگەندە ئۇنىڭ ئىپتقانلىرىغا دىققەت قىلغانىدىم، بىز ئېقىن بويىدىن يولغا چىققاندىن تارتىپ ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ كېلىۋاتىمەن. ماڭا خاتا ماڭغاندەك بىلىنمەيۋاتىدۇ، — دېدى چاغرى تېگىن پىژغىرىم ئىسسىقتىمۇ كىيىۋالغان دۇبۇلغىسىنىڭ گىرۋىكىگە قولىنى قويۇپ سايىۋەن قىلغان هالدا يىراق - يىراقلارغا قاراپ، — بەلكىم قونالغۇغا بېرىشىمىزغا يەنە خېلى مۇساپە بولسا كېرەك.

— ئەتىگەن ئارقىش كۈن ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن قونالغۇغا يېتىپ بارغىلى بولىدۇ، دەۋاتاتتى. بۇنداق گىياھ ئۈنمەيدىغان سايدا ئون نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتىكى يېشىللىق كۆزگە روشەن كۆرۈنۈشى مۇمكىن ئىدى. ئەجەبا... — دېدى خان نېمىدىندۇر تەشۋىشلەنگەندەك ئەتراپقا قاراپ قويۇپ.

— ئالدىن يۈرەر چارلىغۇچىلارنى ماڭدۇرايلىمۇيا، خان ئالىيلىرى؟ — سورىدى سۇباشى چاغرى تېگىنمۇ سەل ئەككىلەنگەن هالدا.

— مەيلى...

سۇباشى تۇغچى قوشۇن تەرەپكە قاراپ ئېتىغا قامچا سالدى ۋە ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كەلدى.

— چارلىغۇچىلار ماڭدى، خان ئالىيلىرى، ئۇلار كەلگۈچە ئارام ئالامدۇق ياكى يۈرۈشنى داۋام قىلىۋېرىمىزمۇ؟

— مېڭىۋېرەيلى.

قوشۇن بىر خىل رىتىمدا ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. كۈن غەربكە قىيسايغانسېرى پۈتۈن سايلىقتىكى دىمىق ئىسسىق تېخىمۇ كۆچىيىپ كەتكەندى. لەشكەرلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرىدىن

شۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇلار شۇ تاپتا مۇزدەك بىر چىنە سوغۇق سۇنى گۈپپۈلدىتىپ ئىچىپ، ئوت كەتكەندەك ئىسسىپ كەتكەن يۈرىكىدىكى تەشنالىقنى قاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن، بۇ كۆز يەتكۈسىز تاقىر سايدا مۇزدەك سۇ ئەمەس، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇدەك سۇ تېپىشمۇ مۇشكۈل ئىدى. شۇڭا، لەشكەرلەر ئۇسسۇزلۇقتىن گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالىشىپ قويۇپ، ھارغىن پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكەپ، يۈرۈشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى.

بىر چاغدا يول چارلىغۇچى ئايغاقچىلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە قايتىپ كەلدى.

— مەلۇم بولغاي، ئالدىمىزدا يات قوشۇن بار ئىكەن. ھازىر بۆكتۈرمىدە تۇرۇۋېتىپتۇ.

— ھە؟... نېمە دېدىڭ؟ — سورىدى سۇباشى چاغرى تېگىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — بۇ يەردە يات قوشۇن نېمە قىلسۇن؟

— ئەلھەق راست، سۇباشى، — دېدى ئايغاقچىلارنىڭ ئالدىدا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان، پېشانىسىدىن سىرغىپ چۈشكەن تەر تامچىلىرىنى دەممۇدەم ئېرتىۋاتقان ئونبېشى ھاسىراپ تۇرۇپ، — بۇ يەردىن ئالدىمىزغا ئازراقلا ماڭساق ئېگىز ـ پەس قۇم دۆۋىسى بار ئىكەن. ئۇ يەردىن سەللا ئېگىزلىلەپ كىرىۋېلىشقا، بۇ چاغقىچە بىز كۆرۈپمۇ باقمىغان تۇغ ـ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈۋالغان خېلى كۆپ لەشكەر قۇم بارخانلىرىنىڭ كەينىدە مۆكۈپ يېتىپتۇ.

مۇسا بۇغراخان تەئەججۇپلۇك، ھەيرانلىق چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى ئايغاقچىلارغا تىكىپ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۈنلۈك ئاۋازدا يارلىق چۈشۈردى:

— لەشكەرلەر دەرھال كەينىگە يېنىپ، بايىقى سۇ بويىغا قايتىپ، قارارگاھ قۇرسۇن!

چاغرى تېگىن بۇنى ئاڭلاپ، دەرگۇمان بولغاندەك سورىدى:

— نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئاشۇ لەشكەرلەر ئۈچۈن

كەينىمىزگە يانامدۇق، خان ئالىيلىرى؟ بەلكىم بۇلار خاتا كۆرۈپ قالغاندۇ؟ ئۇلار بەك كۆپ ئادەممۇ ئەمەستۇ؟ بىرلا ھۇجۇم قىلساق، تىرىپىرەن بولۇپ كېتىدىغان سايىقلاردىن قورقۇپ كەينىمىزگە يانغان بولۇپ قالمايلى يەنە! لەشكەرلىرىمىزنىڭ روھى چۈشۈپ، «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن!

خان ئادەتتىكى دائىم ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان سۇباشىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقى كەلگەندەك بولدى - يۇ، ئەمما بۇ گەپلەرنىڭ ئۇدۇللا ئېيتىلغانلىقىنى سېزىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— ياق، چاغرى تېگىن سۇباشى، ئەمدى ئالدىمىزغا قاراپ ئىلگىرىلەۋەرسەك بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرى بولغىنىغا قارىغاندا، سىز دېگەندەك سالپا - سايىق يول توسار قاراقچىلارغا ئوخشىمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر خاتالاشمىسام، ئۇلار ئۇدۇن لەشكەرلىرى. ئېھتىمال مۆكۈپ تۇرۇپ، بىزنىڭ ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنلىكىمىزدىن پايدىلىنىپ، توسۇپ زەربە بەرمەكچى. شۇڭا، دەرھال چېكىنىپ بارگاھ قۇرۇپ، جەڭگە تەييارلانغىنىمىز تۈزۈك.

— ئۇلار بىزنىڭ بۇ تەرەپكە لەشكەر تارتقىنىمىزدىن ئالدىنقاچان خەۋەر تېپىپ بولدى دېمەكچىمۇ سىلى، خان ئالىيلىرى؟

— ئېھتىمال، شۇنداقتۇر! بىز كېڭەش قىلغان كۈندىن بۇيان ئۇدۇن تەرەپكە لەشكەر تارتىدىغانلىقىمىز ھەققىدىكى خەۋەرلەر پۈتۈن خانلىق تەۋەسىگە پۇر كەتتى. بۇ خەۋەرنى ئۇدۇن ئايغاقچىلىرى ئۆز خانىغا يەتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. ياغلاقار قالۇ خان «سۇ كەلگۈچە تۇغان سالماقچى» بولۇپ، ئالدىمىزغا «كۈتۈۋېلىش» ئۈچۈن ئىستىقبالغا چىقىپتۇ. شۇڭا، بىز ھازىرچە ئېقىن بويىغا چېكىنەيلى.

سۇباشى بېشىنى لىڭشىتتى. دېمىسىمۇ مۇسا بۇغراخاننىڭ

www.uyghurkitap.com

سۆزلىرىنى ئورۇنسىز دېگىلى بولمايتتى. ئەگەر يوشۇرۇنۇپ ياتقانلار راستلا ئۇدۇن لەشكەرلىرى بولۇپ قالسا، ئېغىر تالاپەت تارتقاننىڭ ئۈستىگە قوشۇن تىرىپىرەن بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، قارارگاھ قۇرۇشقا مۇۋاپىق جاي تېپىپ ئورۇنلىشىپ بولغۇچە زىيان كۆپىيىپ كېتىشى مۇمكىن. ھەممىدىن يامىنى ئاسانلىقچە سۇ تاپقىلى بولمايدىغان بۇنداق تاقىر سايدا ئېقىن بويىغا قارارگاھ قۇرۇلمىسا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

سۇباشى يېنىدا تۇرغان ئارقىشقا قاراپ دېدى:

— خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى، قوشۇن دەرھال كەينىگە يېنىپ، چۈشتىكى ئېقىن بويىغا قارارگاھ قۇرسۇن! تۇتقاقبېگى[①] دەرھال بۇ يەرگە كەلسۇن!

ئارقىش ئېتىغا قامچا ئۇرۇپ، شامالدەك تېزلىكتە ئالدى تەرەپكە چاپقاچ بار ئاۋازى بىلەن سۇباشىنىڭ يارلىقىنى جاكارلىدى. شۇ ئان يۈرۈش توختاپ، تۇغچىلار قوشۇنى كەينىگە بۇرالدى. تۇتقاقبەگمۇ ھايالشىمايلا سۇباشىنىڭ يېنىدا ھازىر بولدى.

— سىز ئەڭ چېۋەر، چاققان لەشكەرلەردىن بىرنەچچىنى ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ، ئالدىمىزدىكى قۇملۇقتا مۆكۈپ ياتقان نامەلۇم ياۋنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىيرەك بىلىپ كېلىڭ! ئامال بولسا، تىل تۇتۇپ كېلىڭ!

— خوپ، سۇباشى جانابلىرى... — تۇتقاقبېگى ئات ئۈستىدىلا چىرىكچە سالام بەرگەندىن كېيىن ئېتىنى كەينىگە قايتۇردى، — چۇھا!...

كۈن ئولتۇرۇپ، ئاي كۆتۈرۈلگەندە، ئاندىن ئازراق سەلكىن شامال پەيدا بولدى. ئېقىن بويىغا قايتىپ كەلگەن لەشكەرلەر جانغا ھۇزۇر بېغىشلايدىغان شامال يۆنىلىشىگە يۈزلىرىنى تۇتۇپ

---

① تۇتقاقبېگى — ياۋنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەشكە، تىل تۇتۇپ كېلىشكە مەسئۇل بەگ.

پاراڭغا چۈشكەچ غىزالىنىشقا باشلىدى. ئوت يېقىش مەنئىي قىلىنغاچقا، ئۇلار قېتىپ كەتكەن نانلىرىنى سوغۇق سۇغا چۆكۈرۈپ، ئىشتىها بىلەن يەيتتى. مۇسا بۇغراخان باشقا چېدىرلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئۈستىگە قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تۇغى ئېسىلغان چېدىر ئالدىدا ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ تۇرغان قوروقچىلاردىن نەچچە ئادىم① يىراقلىقتا لەشكەرگاھدا قاراپ تۇراتتى. باياتىن بىرى ئۇ خېلى ئويلانغان بولسىمۇ، قۇملۇقتا نامەلۇم لەشكەرلەرنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى. بايا ئۆزى سۇباشىغا نامەلۇم ياۋنى ئۇدۇن لەشكەرلىرى دەپ ئېيتقان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا بۇ گۇمانىنىڭ ئورۇنسىز بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

— كەچلىك غىزا يەۋاتمىدىلىكىن، خان ئالىيلىرى، — تۇيۇقسىز ئۇنىڭ يېنىدا ئاشچىبېشى پەيدا بولدى، — داستىخان تەييار بولۇپ قالدى.

خان ئۇنىڭغا قارىدى. ئاشچىبېشى قوللىرىنى قوۋۇشتۇرغان پېتى بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا خاننىڭ پۈتۈن ئەس - يادى قۇملۇقتا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ قالغان نامەلۇم چېرىكلەردە بولغاچقا، غىزاغا مەيلى يوق ئىدى. ئۇ تۇتقاقبېگىنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاچقا، تېزلا جاۋاب بەردى:

— بىردەم ئارامىمدا قويۇڭ، ھازىر كۆڭلۈم غىزا تارتىدىغاندەك ئەمەس.

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى... — ئاشچىبېشى كەينىچىلەپ يىراقلاشتى.

خان ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايغا، كۆز قىسىۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتقان چاقناق يۇلتۇزلارغا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇردى.

① ئادىم — قەدەم.

www.uyghurkitap.com

ئەمدىلىكتە لەشكەرلەرمۇ ئالللىقاچان كەچلىك غىزالىرىنى يەپ بولۇپ، ھاردۇقلىرىنى ئېلىشماقچى بولغاندەك ئاستىدىكى تاشلارنى سىلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ سۇنايلىنىپ يېتىشىپ كەتكەنىدى. قەيەرلەردىندۇر سوزۇپ تارتىلىۋاتقان خورەك ئاۋازى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇپ قويۇشلىرى ئاڭلىناتتى. چاغرى تېگىنمۇ ياتقاق①لارنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەتكەن بولۇپ، قايتىپ كەلمىگەنىدى. مۇسا بۇغراخاننىڭ ئۆرە تۇرىۋېرىپ پۇتلىرى، يىراقلارغا قاراپ كۆزلىرى تالغانىدى. بارلىق خىيالى تۇتقاقبېگىنىڭ قايتىپ كېلىشىدىلا قالغاچقا، ۋاقىت سوزۇلغانسېرى تەقەززالىقى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. ئۇ بىر ئاز ئارام ئالغاچ خەۋەر كۈتمەكچى بولۇپ ئەمدىلا كەينىگە ئۆرۈلۈۋىدى، يېقىنلا يەردىن ياتقاقلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئىم! ②

— تۇڭگا!③

— مېڭىۋېرىڭ...

مۇسا بۇغراخان تېزلا توختاپ، ھېلىقى ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى ۋە سۇتتەك ئاي نۇرىدا بىرنەچچەيلەننىڭ خان چېدىرى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— كىم؟ — دېدى خاننىڭ قوغدىغۇچىسى سارىغ بۇقا «شارت»تىدە قىلىچىنى قىنىدىن سۇغارغاچ ئۈنلۈك ئاۋازدا.

— مەن، تۇتقاقبېگى. خان ئالىيلىرىغا مەلۇم قىلىدىغان جىددىي ئىش بار. يارلىقىقا بىنائەن تىل تۇتۇپ كەلدىم.

خان يېنىك تىنىدى ۋە ئۇدۇللا چېدىرىغا كىرىپ، يەرگە سېلىنغان سىلىنچا ئۈستىدە ئولتۇردى. سارىغ بۇقىمۇ چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يەردىن بىر ئىلىك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان كىچىككىرەك شىرە ئۈستىگە قىزىل موم شامدىن يەنە بىرنى

① ياتقاق — كېچىلىك قاراۋۇل.
② ئىم — پارول.
③ تۇڭگا — قاپلان.

ياندۇرۇپ ئۆلگۈردى. شۇنىڭغىچە تۇتقاقبېگى چەمبەرچاس باغلانغان تۇتقۇننى ھەمراھلىرى بىلەن ھەيدەپ كىردى. تۇتقۇن شام يورۇقىدا چېدىر ئىچىگە تېزلىك بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن، قورقۇنچ، ۋەھىمە نۇرلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنى تۆردە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان مۇسا بۇغراخانغا ئاغدۇردى. خاننىڭمۇ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، پۇت - قوللىرى تىترىگەندەك بولۇپ، تېزلا يەرگە قارىۋالدى.

— قەيەردىن تۇتتۇڭلار؟ — سورىدى مۇسا بۇغراخان تۇتقۇننى بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇتقاقبېگىدىن.

— ئۇدۇل قۇملۇقتا قاراپ ئىلگىرىلەپ، بىر يەرگە بېرىپ قارىساق، راست دېگەندەك ئالاھازەل بەش - ئالتە مىڭدەك لەشكەر قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا مۆكۈپ تۇرۇپتۇ. تەرەببالل ئۇلارغا يېقىنلىشىش مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا، پۇرسەت كۈتۈپ تۇردۇق. ھەرنېمە بولسا ماۋۇ لەشكەر ھاجەت قىلغىلى قۇم دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ قالدى. شۇ ئان خامباستى قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، بۇياققا ئەكەلدۇق.

مۇسا بۇغراخان تۇتقۇنغا قاراپ قويدى - يۇ، گەپ قىلمىدى. دەل شۇ چاغدا چېدىرغا چاغرى تېگىن بىلەن كۈلۈك تۇمەنبېشى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى - دە، ئاۋۋال خانغا، ئاندىن تۇتقاقبېگىنىڭ ئالدىدا قارا قىشتا سۇغا چۈشۈپ كەتكەندەك شۈمشىيىپ تۇرغان تۇتقۇنغا قارىدى.

— بىرەر ئەھۋالنى ئۇقالىدىڭلارمۇ؟ — سورىدى خان تۇتقاقبېگىدىن.

— ياق تېخى، بۇ مەلئۇننى باستۇرما قىلىپ تۇتساق، بىردىنلا ۋارقىراپ كەتتى. شۇ ئان ھەمراھلىرى سۇرەن - چۇقان كۆتۈرۈشكىنىچە بىز تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ كەلدى. بىزمۇ بەك تارتىشىپ ئولتۇرمايلا بۇنى ئاتقا ئارتىپلا بۇياققا ئاتلاندۇق. تېخى ئەھۋال ئۇقۇشقۇدەك بولمىدۇق.

مۇسا بۇغراخان «چۈشەندىم» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ

قويۇپ، ئالدىرىمايغىنا ئېغىز ئاچتى:

— سەن ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇنىڭ لەشكىرىمۇ؟ راست گەپ قىلساڭ، هايات قالىسەن. بولمىسا مۇشۇ يەردىلا چىپىپ تاشلايمەن.

تۇتقۇن ئۈندىمەي تۇردى. بۇنى كۆرۈپ، كۈلۈك تۇمەنبېشى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ، تۇتقۇننىڭ بېشىغا يېقىنلاشتۇردى. شۇ ئان شام يورۇقىدا قىلىنى قىرىق يارىدىغان، بىسلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان قىلىچتىن سوغۇق نۇر چاقنىدى. تۇتقۇن سەل قورققاندەك، چۆچۈگەندەك بىردە قىلىچقا، بىردە كۈلۈك تۇمەنبېشىغا قارىدى ـ يۇ، يەنە تېزلا يەرگە قارىۋالدى.

— خان ئالىيلىرى سەندىن سوئال سوراۋاتىدۇ. تېز جاۋاب بەر، بولمىسا... — كۈلۈك تۇمەنبېشى قىلىچىنى تۇتقۇننىڭ بويىنىغا توغرىلىدى. بۇنى كۆرگەن تۇتقۇن ئېغىز ئاچمايلا بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىزنىڭ بۇ تەرەپكە لەشكەر تارتقانلىقىمىزدىن ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇ قانداق خەۋەر تاپقانلىقىنى بىلەمسەن؟ — سورىدى مۇسا بۇغراخان يۇقىرى ئاۋازدا.

تۇتقۇن يەنە بىردەم يەرگە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى. ئاندىن لىپىلداپ كۆيۈۋاتقان شامغا، چېدىر ئىچىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— قوشۇندىكى قاداش[1]لاردىن ئاڭلىسام، كاشغەردە ئۇلۇغ خانىمىز ياغلاقار قالۇنىڭ ئايغاقچىلىرى بار ئىكەن. قاراخانىيلارنىڭ ئېلىمىزگە باسقۇن قىلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاشۇلار يەتكۈزۈپتۇ.

— ياغلاقار قالۇ خان قانچىلىك لەشكەر بىلەن كەلدى؟ قوشۇن بېشى كىم؟ — سورىدى خان يەنە.

— خانىمىز قوشۇنغا ئۆزى باش بولۇپ، ئىككى تۇمەندەك

---

[1] قاداش — ئاداش، دوست.

لەشكەر بىلەن ئاتلاندى. يەنە نوقتەرىش، چوقتەرىش دېگەن ئاكا ـ ئۇكا سانغۇنلار بار. ئۇدۇن ئېلىدە ئۇ ئىككىيلەننى تونۇمايدىغان، نام ـ شەرىپىنى ئاڭلىمىغان ئادەم يوق، ئۇلار لەشكىري ئىلىمگە ماھىر، پەم ـ پاراسەتلىك بولۇپ، ۋاقتى كەلسە، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان چىۋىنغىمۇ ئوق تەگكۈزەلەيدۇ، — تۇتقۇن بايىقى قورقۇنچىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئۆز سەركەردىسىدىن پەخىرلەنگەندەك ئاخىرقى سۆزلىرىنى ھاياجان بىلەن ئېيتتى.

— ياغلاقار قالۇ ھازىر نەدە؟ — سورىدى خان تۇتقۇننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاشنى خالىمىغاندەك تېزلىكتە.

— بىز قاراقاشقا كەلگەندە خانىمىز نوقتەرىش سانغۇن بىلەن تۆپلەك تۇمەنبېشىنى بەش مىڭ نەپەر ئالدىن يۈرەر لەشكەر بىلەن مېنى تۇتۇۋالغان جايدا بۆكتۈرمىدە تۇرۇپ ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇغان. بەلكىم ئۆزى يولدىمىكىن.

— بۇ يەر بىلەن قاراقاشنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلىدۇ؟

— بۇ مېڭىشقا باغلىق. تېزرەك ماڭسا ئىككى يېرىم ـ ئۈچ كۈندە، بولمىسا تۆت كۈندىن ئۇزاقراق ۋاقىتتا قاراقاشنىڭ زاۋا دېگەن يېرىگە بارغىلى بولىدۇ.

كۆلۈك تۇمەنبېشى بىردىنلا قىلىچىنى تۇتقۇننىڭ گېلىغا تىرىدى ـ دە، بوغۇق ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— تولا گەپدانلىق قىلماي دېمەي، راستىڭنى ئېيت. مۇساپە زادى قانچىلىك؟

تۇتقۇن بىردىنلا تىترەپ كەتتى:

— بەلكىم، ئىككى... ئىككى كۈنلۈك يولدۇر...

— زادى نەچچە كۈنلۈك؟

— ئىككى كۈنلۈك يول...

مۇسا بۇغراخان قانائەت ھاسىل قىلغاندەك «ئاچىقىپ كېتىڭلار» دېگەندەك قولىنى شىلتىپ قويدى. تۇتقاقبېگى تۇتقۇننى تارتىشتۇرۇپ چېدىردىن ئاچىقىپ كەتتى. خان ياغلاقار قالۇنىڭ ئۆزىدىن تېز چىقىپ كېتىشىنى ئەسلا ئويلاپ

باقمىغاچقا، بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش ھەققىدە خىيالغا پاتتى. ئەمما، ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمىدى. بىر چاغدا چاغرى تېگىن قاتارلىقلارنىڭ تېخىچە ئۆرە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىز ئاچتى:

— قېنى ئولتۇرۇڭلار.

ئۇلار خانغا روبىرو بولۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، خان ئۇيچان كۆزلىرىنى تىكىپ سورىدى:

— سىلەرچە، ئەمدى بۇ ئىشلارنى قانداق قىلساق بولار؟

ئارىنى ئېغىر سۈكۈت قاپلىدى. بىر چاغدا چاغرى تېگىننىڭ سالماق ئاۋازى بۇ سۈكۈتنى بۇزدى:

— بىز بۇنداق بولۇشىنى ئەسلا ئويلىمىغان، خان ئالىيلىرى، ئەسلىدە ئۇدۇن بۇددىستلىرى سۈت ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقاندا مۇددىئايىمىزنى تېزلا ئەمەلگە ئاشۇرىمىز، دېگەن نىيەتتە ئىدۇق. لېكىن، ئۇلار بىزدىن تېز چىقىپ كېتىپتۇ. ھالا ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە كەينىمىزگە قايتىشنىڭ ئورنى يوق. ئوق ساداقتىن چىقىپ بولدى. شۇڭا، ئالغا قاراپ مېڭىشقىلا بولىدۇكى، چېكىنمەسلىك كېرەك. ئۇلار مەيلى نەدە ئۇچرىسۇن، ئېلىشىش كېرەك!

— ئەمدىكى جەڭ ئۇچۇن ياخشىراق جەڭ تەدبىرى تۈزۈش زۆرۈردۇر، سۈباشى؟ — دېدى كۆلۈك تومەنبېشى تېزلا، — قارىسىغا ئوق ئاتساق، تالاپەتكە قالارمىزمىكىن؟

— دېگەنلىرى بەرھەق، جانابلىرى. بۇ مەسىلىنى ئاللىبۇرۇن ئويلىدىم. باياتىن تۇتقۇندىن ئالدىمىزدىكى جايلارنىڭ يەر شەكلىنى تەپسىلىي سوراي دېگەنلەرمۇ يادىمدىن كەچتى. لېكىن، ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋىداق گەپلەر بىلەن بىزنى ئالداپ، ھۆل يەرگە دەسسىتىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. ئېقىن بويىغا كەلگەن ئادەممۇ پۇچقىقىنى تۇرۇپ سۇغا كىرمىگۈچە، ئېقىننىڭ تېيىز ياكى چوڭقۇرلۇقىنى بىلەلمەيدۇ. قېنى ئاۋۋال تاڭ ئاتسۇن. قالغىنىنى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بېكىتمەيمىزمۇ؟

مۇسا بۇغراخانمۇ سۇباشىنىڭ گەپلىرىنى توغرا تاپتى. شۇڭا، ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

— ياتقاقلار ئىنتايىن سەگەك بولسۇن، سۇباشى جانابلىرى، ياۋنىڭ ھىيلە ئىشلىتىشىدىن سەگەك بولايلى.

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى!

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خان يېشىنىپ تۆشەككە كىرىپ ياتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يۇمغان ھالدا ئۆزىگە چوڭ بىر سىناقنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى، بۇ سىناقتىن قانداق ئۆتۈشنى ئويلاپ خىيالغا چۆمگەنىدى. ئەمما، ئويلىغانسېرى خىياللىرى باش ـ ئاخىرىنى تاپقىلى بولمايدىغان يىپتەك چىگىچلىشىپ كەتكەنىدى.

خان قاچانلاردا كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا ئىلىنغانلىقىنى سەزمىدى. بىر چاغدا ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ تاپتا خاننىڭ بېشى گاراڭلاشقان، كۆزلىرى قۇم كىرىپ كەتكەندەك ئېچىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يەنە بىردەم سوزۇلۇپ ياتقۇسى، كۆزلىرىنىڭ ئاچچىقى چىققۇچە ئۇخلىغۇسى كەلدى. بىراق، يەنە ياتسا بامدات نامىزىنى قازا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشىك ئالدىدىكى تۆشەكتە تاتلىق ئۇخلاۋاتقان سارىغ بۇقىغا قاراپ قويدى. ئۇ چۈش كۆرۈۋاتقان بولسا كېرەك، چىرايىدا بىر خىل خۇشاللىق پارلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشكەن يېپىنچىسىنى چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى. مۇسا بۇغراخان خىيالىدىن «بۇ بايقۇش چۈشىدە خوتۇنىنى كۆرۈۋېتىپتۇ ـ دە» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزۈپ كۈلۈپ قويدى. ئاندىن شەپە چىقارماستىن تالاغا چىقتى. بىپايان ئاسمان سەتھىدە ئۇكەر يۇلتۇزلار شوخ جىمىرلايتتى. تۆۋەن تەرەپتىن سەلكىن شامال ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. پۈتۈن لەشكەرگاھ جىمجىتلىققا چۆمگەن بولۇپ، ياتقاقلاردىن باشقىلار ئۇيقۇدا ئىدى. شۇ ئەسنادا زىل، ياڭراق، خۇددى باھار شاماللىرىدەك سۇزۇك ئاۋازدا يەنە بىر قېتىم ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇسا بۇغراخان سالقىن، ساپ ھاۋادىن قېنىپ

سۇمۇرگەندىن كېيىن چېدىر تەرەپكە ماڭدى.
— ئۇيقۇلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ ـ دە، خان ئالىيلىرى، — توساتتىنلا چېدىر ئىشىكىدە سارىغ بۇقا پەيدا بولدى.
— ھەئە، ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلاپلا ئويغىنىپ كەتتىم.
— تاھارەت ئېلىۋالامىلا؟
— ماقۇل.
بۇغرا قوشۇنى بامدات نامىزىنى تۈگىتىپ ناشتىغا تۇتۇش قىلغاندا، شەرق تەرەپ بېلىق قاسىرىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغانىدى. مۇسا بۇغراخان ئاشچىبېشى سەپەر داۋامىدا تۇجۇپىلەپ ساقلىغان سوغۇق گۆش، گۆشنان، مۇزدەك شەربەت ۋە ھەمەك نان بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن، سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇش ياكى داۋاملاشتۇرماسلىق ھەققىدە خېلى ئويلانغان بولسىمۇ بىر قارارغا كېلەلمىدى. بىر چاغدا چاغرى تېگىن چېدىر ئىچىگە ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.
— تالادا ياۋ قوشۇنى پەيدا بولدى، ئالىيلىرى، ئۇلار بىزنى ھە دەپ جەڭگە چىللاۋاتىدۇ.
— لەشكەرلەر غىزالىنىپ بولغان بولسا، دەرھال تەييارلىنىپ ئۇرۇشقا ئاتلانسۇن!
— ئىلەل، خان ئالىيلىرى، ئۆزلىرى ھازىر قارارگاھتا تۇرۇپ تۇرسىلا، مەن كۆلۈك تۇمەنبېشى ۋە باشقا قوشۇن باشلىرى بىلەن چىقىپ ياۋ بىلەن ئېلىشاي...
چاغرى تېگىن خاننىڭ جاۋابىنى كۈتمەستىنلا ئۆرۈلۈپ چىقىپ كەتتى. خان بىر ئاز ئولتۇرۇپ باقتى. ئەمما، سىقىلغاندەك بولۇپ چېدىر سىرتىغا چىقتى. بۇ چاغدا پۈتۈن بارگاھتا لەشكەرلەرنى جەڭگە چۈشۈشكە ئۈندىگەن ناغرا ـ سۇناي ئاۋازلىرى ياڭراپ، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، لەشكەرلەرنىڭ قالايمىقان ۋارقىراشلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. لەشكەرلەر بارگاھ قوۋۇقى تەرەپكە كەلكۈن سۈيىدەك كېتىۋاتاتتى.
مۇسا بۇغراخان ئۆز چېدىرىدىن بىرەر يۈز ئادىم كېلىدىغان،

كېچىچە مەخسۇس ئەتراپنى كۆزىتىش ئۈچۈن ياسالغان، يەردىن يىگىرمە بەش ـ ئوتتۇز ئادىم ئېگىزلىكتىكى كۆزىتىش راۋىقىغا چىقىپ، ئەتراپقا نەزەر سالدى. بارگاھتىن ئۇن يېتىم يىراقلىقتا جەڭ باشلىنىپ كەتكەنىدى. قىلىچلار ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلىپ چاقنايتتى. ئۆتكۈر نەيزىلەرنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلگەن قىزىل رەڭلىك ساخىت①لار كۆزگە روشەن چېلىقاتتى. ئاتلار كىشنىشەتتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇررا ـ سۈرەنلىرى، ناغرا ـ سۇنايلارنىڭ ئاۋازلىرى جىمجىت سايلىقنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. خان بىر ـ بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن لەشكەرلەر ئارىسىدىن ئۆزىگە تونۇش سىيمالارنى ئىزدىگەندەك سىنچىلاپ قارىدى. ئەمما، بىرەر تونۇش سىيمانى ئىلغا قىلالمىدى. بۇغراخان جەڭ مەيدانىغا تىكىلىپ تۇرغان مۇشۇ دەملەردە چاغرى تېگىن ئۇدۇن سانغۇنى بىلەن قىلىچلىشىۋاتاتتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ھەملە قىلىشقاچ قىلىچلىرىنى كۈچ بىلەن ئۇراتتى. ھەر ئىككىيلەن لەشكىرىي ماھارەتتە ئۈستۈن بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە ئاسانلىقچە يول بېرىشمەيتتى. كۇلۇك تۇمەنبېشى بولسا قىلىچى بىلەن بىر ياۋ لەشكىرىنىڭ كاللىسىنى ئالغاندىن كېيىن يەنە بىرسى ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋىدى، ئۇنىڭ نەيزە تۇتقان قولىغا قىلىچ ئۇرۇپ، ئۈزۈپ تاشلىدى ۋە قېرى جىگدە دەرىخىگە جىن ئولاشقاندەك بىر بۇغرا لەشكىرىنى ئۇن نەچچە ئۇدۇن لەشكىرى قورشىۋالغان توپقا قاراپ ئېتىلدى. يەنە بىر بۇغرا لەشكىرى يارىلانغانلىقىغا قارىماي، رەقىبى بىلەن قۇچاقلاشما جەڭ قىلىۋاتاتتى. يەنە بىر لەشكەر رەقىبىنىڭ قۇلىقىنى چىشلەپ ئۈزۈۋالدى...

مۇسا بۇغراخان جەڭ مەيدانىغا قاراپ تۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا بىر خىل ھاياجانىنىڭ دولقۇنلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ ئاق ئېتىغا مىنىپ، قىلىچىنى ئويناتقان پېتى

① ساخىت ـ پوپۇك.

www.uyghurkitap.com

جەڭگاھقا كىرگۈسى كېلىپ كەتكەندى.

كۈن تىكلەندى. قۇياش ئوتتەك ھارارەت پۈركۈيتتى. سارىغ بۇقا چېدىردىن كۈنلۈك①نى ئاچقىپ خانغا سايىۋەن قىلىپ تۇراتتى. ئاشچىبېشىمۇ مۇزدەك ساقلانغان شەربەتلەرنى ساپال ھېجىرلارغا قۇيۇپ كۈتۈپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، خان پېشانىسىدىن سىرغىپ چۈشۈۋاتقان تەر تامچىلىرىنى سۈرتكەچ جەڭگاھتىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇرۇش داۋاملىشىۋاتاتتى. بارا ـ بارا ھەر ئىككىلا تەرەپتىن چىقىمنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىغانلىقى مەلۇم بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئېلىشىۋاتاتتى...

كۈن قايرىلدى. مۇسا بۇغراخان ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ ئەتىگەنكى چالا ـ بۇلا ناشتا بىلەن پۈتۈن بىر كۈن جەڭ قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ۋارقىرىدى:

ــــ دەرھال ناغرا چېلىپ، ئۇرۇشنى توختىتىش ھەققىدە بەلگە بېرىلسۇن! قوشۇن بارگاھقا قايتسۇن!

ناغرىلار گۈمبۈرلىدى. بۇغرا لەشكەرلىرى ياۋدىن مۇداپىئەلەنگەچ چېكىنىشكە باشلىدى. بۇ چاغدا ئۇدۇن لەشكەرلىرىمۇ ئاستا چېكىنىدى. مۇسا بۇغراخان كۆزىتىش راۋىقىدىن چۈشۈپ قوشۇن بىلەن بىرلىكتە بارگاھ قوۋۇقىدىن كىرىۋاتقان چاغرى تېگىننى كۆرۈپ توختىدى. چاغرى تېگىنمۇ خاننى كۆرۈپ ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇ تەرلەپ كەتكەن بولۇپ، قىلىچىدىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى.

ــــ غەيرىتىڭىزگە بارىكاللا، سۇباشى! قوشۇندا ئاز ـ تولا تالاپەت كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇدۇن تەرەپمۇ ئاز چىقىم

---

① يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن ئەسىرىدە: شۇ مەزگىللەردە تۈرلۈك بۇيۇملار قاتارىدا كۈنلۈكمۇ ئىنئام قىلىناتتى، كۈنلۈك ئىسسىقتا، قار ـ يامغۇردا باشقا تۇتۇلاتتى، دېگەن مەزمۇندا بېيىت بار. دېمەك، شۇ چاغلاردا كۈنلۈك ئىشلىتىلگەن.

تارتمىدى، — دېدى خان كۈتۈرەڭگۈ ئاۋازدا، — قارىغاندا ياۋنى بوش چاغلىساق بولمىغۇدەك.

— راست دەيدىلا، خان ئالىيلىرى، ئۇدۇن سانغۇنلىرىمۇ، لەشكەرلىرىمۇ خېلى ئوبدان تەربىيە كۆرگەن، مەشىق قىلغاندەك تۇرىدۇ. بىز ھەقىقەتەن كۈچلۈك رەقىبكە دۇچ كەپتىمىز. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەربىر قەدەمنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئالماق زۆرۈردەك تۇرىدۇ، — دېدى چاغرى تېگىن ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىر لەشكەرگە تۇتقۇزغاچ، — ھېلىمۇ لەشكەرلىرىمىز زور غەيرەت بىلەن جەڭ قىلدى. ئۆلۈش، يارىلىنىش كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما رەقىبلەرنى ئالدىغا سىلجىتمىدى.

— ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ سانى ئېنىقلاندىمۇ؟ — سورىدى خان.

— لەشكەرلەرنى ئايپۇتۇك بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتىمىز، خان ئالىيلىرى!

— ئوبدان بوپتۇ. ھەربىر لەشكەرنى ئايپۇتۇك بىلەن سېلىشتۇرۇپ چىقىڭلار. جەڭدە قازا قىلغانلارنى ئەتە بامدات نامىزىغا ئۇلگۇرتۇپ يەرلىكىدە قويۇۋېتەيلى. ھاۋا ئىسسىق، جەسەتلەر سايدا ئۇزۇن تۇرۇپ قالسا بولمايدۇ.

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى! يارلىقلىرىغا پەرمانبەردارمەن. مەن ھازىرلا يەرلىك كولاشقا ئادەم ئورۇنلاشتۇراي، — دېدى چاغرى تېگىن لەشكەرچە سالام بېرىپ.

بارگاھ ئىچىدە كەچلىك غىزا تەييارلاش ئۈچۈن تەرەپ ـ تەرەپكە گۈلخانلار يېقىلغانىدى. بىرمۇنچە لەشكەرلەر جەڭ جەريانىدا ئۆزلىرىگە ھەمراھ بولغان ئاتلىرىنى سۇۋۇتۇش ئۈچۈن يېتىلەپ يۈرۈشەتتى. يەنە بەزى جايلاردا يارىدارلار باش ـ كۆزلىرى تېڭىلغان ھالدا ياتاتتى. مۇسا بۇغراخان ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن يارىدارلار تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

www.uyghurkitap.com

## 4

مۇسا بۇغراخاننىڭ ساي ئىچىدىكى ئېقىن بويىغا چۈشكۈن قىلىپ ياتقىنىغا بىر ئايدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ جەريانىدا ئىككى تەرەپ تۆت ـ بەش قېتىم توقۇنۇشقان بولسىمۇ، لېكىن بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. بىر قېتىم چاغرى تېگىن بىلەن كۈلۈك تۇمەنبېشى ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ مۇداپىئەسى ئاجىز يېرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، بىرەر مىڭدەك لەشكەر بىلەن ياۋنىڭ قارارگاھىغا بېسىپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن نوقتەرىش سانغۇننىڭ قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى قايتا مۇھاسىرىگە ئېلىشى نەتىجىسىدە لەشكەرلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ئۆلۈكىنى قالدۇرۇپ چېكىنىپ چىقتى. شۇنىڭدىن بېرى تىركىشىش ۋەزىيىتى قاتمال ھالەتكە چۈشۈپ قالغان بولۇپ، ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىدىن ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇداپىئە كۆرمەكتە ئىدى. شۇڭىمۇ خان ئەمدى قانداق قىلىش ھەققىدە كۆپ ئويلانغان بولسىمۇ، بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ھازىر ھاۋا بارغانسېرى سوۋۇپ كېتىۋاتاتتى. يەنە بىر ـ ئىككى ئايلاردىن كېيىن ھازىرقىدەك ئاسمانى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ ياتقىلى بولمايتتى. شۇڭا، يا ئالدىغا ئىلگىرىلىيەلمەي، يا كەينىگە يانالماي يېتىش خەتەرلىك ئىدى. تېخىمۇ يامان بولغىنى، ئوردۇكەنتتىن يوللانغان لەشكىرىي تەمىناتلار بۇ يەرگە ساق ـ سالامەت كەلمەيۋاتاتتى. ئۆتكەندە بۇغراخاننىڭ ئالدىنى توسۇپ پاراكەندىچىلىك سالغان ياركەندتىكى بۇددىستلار لەشكىرىي تەمىناتنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، ئۆچ ئېلىۋاتاتتى. گەرچە ھەر قېتىملىق لەشكىرىي تەمىناتنى ئىككى ـ ئۈچ مىڭ لەشكەر قوغداپ ماڭسىمۇ، ئەمما يول توسار قاراقچىلار بەزىدە يوقاپ، بەزىدە پەيدا بولۇپ، پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتاتتى.

خان قىش كىرىشتىن ئىلگىرى ھېچ بولمىسا ئىككى تەرەپنىڭ پاسىلى بولۇۋاتقان زاۋادىن ئۆتۈپ، قاراقاش دەرياسى بويىغا بېرىۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما، تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن قېرىشقاندەك، قارارگاھتىن ئۇن يېتىم يەرگىمۇ ئىلگىرىلىيەلمەي تۇرۇپ قالغانىدى.

— يەنە بىر رەت ھۇجۇم قىلايلى، خان ئالىيلىرى، — دېدى چاغرى تېگىن سۇباشى بىر كۈنى مۇسا بۇغراخانغا، — ھازىر ئۇدۇن قوشۇنى قاتتىق مۇداپىئەدە تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھۇجۇم قىلساق بىرەر يوچۇق ئېچىلىپ قېلىشى مۇمكىن.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى كۆلۈك تۇمەنبېشىمۇ، — بىز بۇ سايدا يېتىشۇەرسەك بولمايدۇ. لەشكەرلىرىمىزنىڭ جاسارىتى سۇنماستا ئۇلارنى سۈر - توقاي قىلىپ ئىلگىرىلىشىمىز لازىم.

خان بىرھازا ئۈندىمەي ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى:

— مەيلى، يەنە بىر مەرتەم ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى ئەمىسە.

ئەتىسى ئۇكەر يۇلتۇز كۆتۈرۈلگەندە ناشتا قىلغان بۇغرا قوشۇنى كۈن چىچىلغاندا ئۇدۇن خانىنىڭ لەشكەرگاھىغا يېقىنلاشتى - دە، ئۇلارنى جەڭگە چىللاپ ناغرا چالدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا قارارگاھتىن ئاتلىق، پىيادە لەشكەرلەر سەپ بولۇپ چىقىپ جەڭگە تەييار بولدى. چاغرى تېگىن سەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىغا دۇبۇلغا، ئۇچىسىغا ساۋۇت كىيگەن، چىرايى بىر - بىرىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر جۈپ سانغۇنغا قاراپ: «ئۇلار ھېلىقى نوقتەرىش، چوقتەرىشلەر ئوخشايدۇ. چىرايىدىن قارىغاندا تېخى يىگىرمە ياشنىڭ قارىسىنى ئالمىغاندەك قىلىدۇ، ئەمما يەنە جەڭگە قوماندانلىق قىلىۋېتىپتۇ...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— جەڭگە مەن چىقايمۇ، سۇباشى؟ — دېدى كۆلۈك تۇمەنبېشى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ.

— ياق، ئۆزەم قىلىچ جەڭگە چۈشسۇن!

كـۈلۈك تۇمەنـبېشى بـۇ گـەپنى ئـاڭلاپ، كۆزنـى چـاقـدىـغـان جـاۋاھـىـراتلاردىـن ياسالغـان ئېگـەرلـىـك چـىـلان تـورۇق ئاتـنـىـڭ ئۇستىدە چۆلۈۋۈرىنى چىـڭ تارتـىـپ ئولتۇرغـان ئۆندەر قـىـلـىـچقـا قارىدى. ئۆندەر قـىـلـىـچ شـۇ هـامـان يەر تـىـلـغاپ، چاپـچـىـپ تۇرغـان ئېتـىـنـىـڭ تىزگىـنـىـنى قويـۇۋېتـىـپ، ئـاتا مـىـراس ئـۇزۇن ساپلـىـق قوش قىلـىـچـىـنى پۇلاڭلاتقىـنـىـچە مەيدانغا ئېتىلدى.

ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئارىـسـىـدىـنـمـۇ بـىـر سانـغۇن سۇغۇرۇلـۇپ چىقىپ ئۆندەر قـىـلـىـچـقا قاراپ ئات سـالدى. ئىـكـكى ئات بـىـر - بىرىگە روبىرو بولغان هالدا ئېتىلدى. قىلـىـچـلار بـىـر - بىرىگە قاتتىق كۈچ بىلەن ئۇرۇلۇپ، يالـت - يۇلت ئۇچـقۇن چاچرىـدى. ئـۇلار ئـاتلـىـرىنـىـڭ بـاشـلـىـرىـنى كـەيىنگە يـاندۇرۇپ، يەنە يېقىنلاشـتـى - دە، قىلـىـچۋازلـىـق ماهارىتـىـنى ئـىـشقا سـالـدى. قىلىچلار بىر - بىرىگە كۈچ بىلەن ئـۇرۇلاتتى، رەقىبلەر گاهـى ئوڭدىن، گاهـى سولدىن هـەمـلە قـىـلـىـشاتـتـى. ئارىدىـن چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت ئـۆتۇپ كەتكەن بولسـىـمۇ، ئۇلار بـىـر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ئىككى سەپتىكىلەر ئۇلارغا قاراپ قېتـىـپ قېلىشقانـدى. چاغرى تېگـىـن نـەپەس ئېـلـىـشـنـىـمۇ ئۇنـتـۇپ قالغاندەك، ئىككى سانغۇننىڭ هەربىر هەرىكىتىگە زەن سېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆندەر قىلىچ هەربىر قىلـىـچنى ئەپچىللىك بىلـەن رەقىبىگە ئۇرغاندا خۇشال بولۇپ كېتەتتى. ياۋ سانغۇنى هۇجۇمغا ئۆتسـە، يـۈرىكى ئـۆرۈلـۈپ ئەنسـىـزلىكـكـە پاتاتتـى. شۇ تاپـتـا ئـېـلـىـشـىـۋاتقانلارمۇ هېرىـپ قېلىـشـقانـدى. ئـەمما، سەللا بىخەستەلىك قىلىنسا هالاك بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلگەچكـە، بارلىق تىرىشچانلىقى بـىـلەن ئېـلىـشـماقتا ئىـدى. شۇ ئارىدا ياۋ سانغۇنـى ئۆزىگە يـېـقىـنـلـىـشـىـپ قالغان ئـۆندەر قىلـىـچنـىـڭ دەل كۆكسىنى چەنلەپ قىلىچ ئۇردى. ئۆندەر قىلىچ گەۋدىسىنى شارتـلا ئېتىنىڭ قورسىقىغا چاپلىدى - دە، قىلىچتـىـن ئۆزىنى ئـەپقاچتـى ۋە ئۇنىڭ يەنە هۇجۇم قىلىشـقا تەييارلىنـىـۋاتقان پۇرسـىـتىـدىـن پايدىلىنىپ، سول قولىدىكى قىلىچنى كۈچ بىلەن شىلتىدى. ياۋ

سانغوٗنى دەل بوينى تەرەپكە كېلىۋاتقان قىلىچنى كۆرۈپ بېشىنى ئوڭ تەرەپكە قىيسايتىپ، ئات ئۈستىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىماقچى بولغاندەك ھەرىكەت قىلدى. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن ئۆندەر قىلىچ ئوڭ قولىدىكى قىلىچى بىلەن تېخى ئەمدىلا ئۆزىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ تۇرغان سەركەردىنىڭ بوينىغا ئۇردى. شۇ ئان ئۇنىڭ بېشى بىراقلا ئۈزۈلۈپ چۈشتى ـ دە، بىر ـ ئىككى دومىلاپ توختىدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۆزەڭگىگە كىرىپ قالغان بولغاچقا، ئېتى باشسىز جەسەتنى ئېلىپ ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ سېپىگە قاراپ چاپتى. شۇ ئان بۇغرا قوشۇنلىرى ئارىسىدىن چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈلدى:

— ياشاپ كەت...

— ئۆندەر قىلىچ... ئۆندەر قىلىچ مىڭبېشى !...

تۇيۇقسىز قارشى تەرەپتىن يەنە بىر پالۋان نەيزىسىنى ئوينىتىپ مەيدانغا چۈشتى. ئۆندەر قىلىچمۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ـ دە، ئون نەچچە ئادىم يىراقلىقتىن ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، نەيزىسىنى شىلتىگەن پېتى كېلىۋاتقان كوسا چىراي سانغۇنغا ئات سالدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشقاندا، قارشى تەرەپنىڭ قولىدىكى نەيزە كۈچ بىلەن ئالغا شوخشۇدى. ئۆندەر قىلىچ بىردىنلا ئۆزىنى ئېتىنىڭ قورسىقىغا چاپلاپ نەيزە زەربىسىدىن تېنىنى قاچۇردى ـ دە، ھېچكىم ئويلاپ باقمىغان چاققانلىق بىلەن تېخى ئەمدىلا ئۆزى بىلەن يانمۇيان بولۇپ قارشى تەرەپكە چېپىۋاتقان ياۋ سانغۇنىنىڭ كەينىدىن قىلىچ ئۇردى. سانغۇن شۇ ئان يەرگە گۈپپىدە يىقىلىپ چۈشتى ـ دە، تېخى ھېلىلا قىلىچ ئۇرۇلغان جايدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېقىشقا باشلىدى. ئۇ تاشلىق ئۈستىدە پۇت ـ قوللىرىنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم سوزۇپ يىغقاندىن كېيىن جىمىپ قالدى. شۇ ئان ئۇدۇن لەشكەرلىرى سېپى تەرەپتىن گۈمبۈرلەپ چېلىنغان ناغرا ئاۋازى بىلەن تەڭ يا ئوقلىرى ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئۆندەر قىلىچ بىر جۈپ قىلىچى بىلەن ئۆزىگە نىشانلىق ئېتىلغان ئوقلارنى

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇرۇپ يەرگە چۈشۈرگەچ تېزلىكتە ئارقىغا چېكىندى.

— ئېتىڭلارا — دېدى چاغرى تېگىنمۇ.

بۇغرا لەشكەرلىرىمۇ ئاللىقاچان ساداقىقا سېلىپ تەييار قىلغان ئوقلىرىنى ئېتىشقا باشلىدى. ھەر ئىككى سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغانلاردىن بىرنەچچەيلەن ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغىنىچە يىقىلدى.

— ئاتلىنىڭلارا — دېدى چاغرى تېگىن بىردىنلا قىلىچىنى سىلكىگەن ھالدا ۋارقىراپ.

بۇغرا لەشكەرلىرى رەقىبلىرىگە قارىتىپ ئوق ئۈزگەن ھالدا ئالدى تەرەپكە سۈرۈلدى. بۇنى كۆرگەن نوقتەرىشمۇ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بەردى. ئارىلىق بارغانسېرى قىسقىراشقا باشلىدى. بۇنداق ئەھۋالدا يانى ئىشلىتىشكە بولمايتتى. شۇڭا، چاغرى تېگىن بىرلا ۋارقىراپ سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتتى ـ دە، ياۋ قوشۇنىنىڭ ئالدىدا ئۆزلىرى تەرەپكە ئات سېلىپ كەلگەن بىر سەركەردە بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ئىككى قوشۇن بىردەمدىلا گىرەلىشىپ كەتتى. قانلىق جەڭ باشلاندى. نەچچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى يەر يۈزىنى بىر ئالدى. يارىلانغانلار ئېچىنىشلىق ۋايسايتتى. توساتتىن ياۋ تەرەپنىڭ جەڭ ناغرىلىرى ئاستا ـ ئاستا پەسكويغا چۈشتى ـ دە، لەشكەرلىرى كەينىگە قاراپ چېكىنىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن چاغرى تېگىن «ياۋ بىزگە تەڭ كېلەلمەي چېكىندى» دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى قوغلاشقا يارلىق چۈشۈردى. بارا ـ بارا ئىككى قوشۇننىڭ ئارىلىقى يېقىنلىشىشقا باشلىدى.

قانداقتۇر بىر ئېگىزلىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن باياتىن مۇشۇكتىن قورققان چاشقاندەك تېزلىكتە قېچىۋاتقان ئۇدۇن قوشۇنلىرى بىردىنلا كەينىگە بۇرالدى ـ دە، شىددەتلىك ھۇجۇم باشلىدى. شۇ ئان ئىككى يان تەرەپتىن ياۋنىڭ پىستىرما قوشۇنى پەيدا بولۇپ، بۇغرا قوشۇنىنى ئۈچ تەرەپتىن ئىسكەنجىگە ئالدى.

چاغرى تېگىن لەشكەرلىرىگە چېكىنىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرمەكچى بولغان بولسىمۇ كېچىككەندى. چۈنكى، ئىككى ياندىكى ياۋ قوشۇنلىرى ئۇلارنىڭ چېكىنىش يولىنىمۇ ئۈزۈۋەتكەندى. ئەمدى ئېلىشماقتىن، قان كېچىپ بولسىمۇ مۇھاسىرىنى بۆزۈپ چىقىپ كەتمەكتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ لەشكەرلىرىگە يارلىق چۈشۈردى:
— ياۋ لەشكەرلىرىنى ئايىماي قىرىڭلار!...
ئۇرۇش ئانچە ئۇزاققا سوزۇلمىدى. بۇغرا قوشۇنى بارغانسېرى ئېغىر تالاپەت تارتىۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئۆندەر قىلىچ ئالدىغا كەلگەنلىكى ياۋ لەشكەرلىرىنى يەر چىشلەتكەچ چاغرى تېگىنگە يېقىنلاشتى.
— يەنە ئېلىشىۋەرسەك لەشكەرلىرىمىز قىرىلىپ تۈگەيدۇ، سۇباشى، چېكىنەيلىمۇ؟...
— چېكىنەيلى!...
ئۇلار تېزلىكتە ئەتراپقا قاراپ ياۋنىڭ ئاجىز ھالقىسىنى جەزم قىلدى ـ دە، ئارقىسىدىكى لەشكەرلەر بىلەن شىددەتلىك ھۇجۇم قىلىپ، ئون نەچچە ياۋنى يەر چىشلەتكەندىن كېيىن مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقتى.
— چېكىنىڭلار!...
شۇ ئان بۇغرا لەشكەرلىرى ئېلىشقاچ سۇباشىغا ئەگىشىپ چېكىنىشكە باشلىدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ قاچقانلىقىنى كۆرۈپ قوغلىماقچى بولۇۋىدى، نوقتەرىش لەشكەرلىرىنى توستى:
— بولدى، ئۇلار قاچسا قېچىۋەرسۇن. قوغلىماڭلار !...
سۇباشى ھايات قالغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ ھارغىن ھالەتتە قارارگاھقا قايتىپ كەلگەندە مۇسا بۇغراخان ھەممە ئىشلاردىن ئاللىقاچان خەۋەر تېپىپ بولغانىدى. ئۇ شاھانە چېدىر ئىچىگە چېرىكچە سالام بېرىپ كىرىپ، خۇددى گۇناھكارلاردەك قول باغلاپ تۇرغان چاغرى تېگىنگە قاراپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ

قويدى. بۇنى كۆرۈپ سۇباشىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولدى ـ دە، يىغلامسىراۋاتقاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

ــ مېنى لەشكىرىي جاساق بويىچە جازالىغايلا، خان ئالىيلىرى ! ئالدىراڭغۇلۇقۇمدىن قوشۇننى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتىم.

مۇسا بۇغراخان ئۇنىڭ ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۇمچەيگەن چىرايىغا قارىدى ـ يۇ، تېزلا تەتۈر قارىۋالدى. ئاتىسى زامانىدىن باشلاپ قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ سۇباشىلىق مەنسىپىگە ئېرىشىپ، نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن چاغرى تېگىن ئوردا ئەركانلىرى ئارىسىدا يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە ئىدى. ئۇنىڭسىزمۇ چاغرى تېگىننىڭ تۆھپىسىگە ھېچكىم كۆز يۇمالمايتتى. ئۇ خېلى جەڭلەردە نۇسرەت قۇچۇپ، قاراخانىيلارنىڭ زېمىنىنى كېڭەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىغانىدى. شۇڭا، مۇسا بۇغراخانمۇ بۇ پېشقەدەم سانغۇنغا خۇددى ئۆزىگە ئىشەنگەندەك ئىشىنەتتى. ئەمما، بۈگۈن ئۇنىڭ ئالدىراڭغۇلۇقى خاننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغانىدى. مۇسا بۇغراخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان چېغىدىلا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك چېدىر ئىچىدە نەچچىنى چۆرگۈلەپ، چاغرى تېگىن كەلگەن ھامانلا بۈگۈنكى قاراملىقى ئۈچۈن ھېساب ئالماقچى بولغانىدى. ئەمما، ئۇرۇش دېگەندە بەزىدە ياۋنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىدىغان، ھىيلە تۈگمەنلىرىگە ئۈگۈت قۇيىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنى تۇتۇۋالغانىدى.

ــ جەڭ دېگەندە يېڭىش ـ يېڭىلىش بولۇپ تۇرىدۇ. بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت ئالدىدا ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويمىسىلا. ئەتىگەندىن بېرى ھېرىپ ـ ئېچىپ جەڭ قىلدىلا، ھاردۇق يەتتى ھەرقاچان... ئاۋۋال ئارام ئالغاچ غىزالىنىۋالسىلا، قالغان گەپلەرنى ئالدىرىماي دېيىشەرمىز، ــ دېدى خان ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ.

چاغرى تېگىن خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قەلبى تەسكىن

تاپقاندەك بولسىمۇ، ئەمما يەنە نېمىشقىدۇر ئۆرە تۇرىۋەردى.

— قېنى ئولتۇرسىلا، — دېدى خان يەنە بايىقى جاينى كۆزى بىلەن ئىشارە قىلىپ. ئاندىن ئىككى قولىنى جۈپلەپ بىر - بىرىگە ئۇردى. شۇ ئان ئۆيگە ئاشپەزبېشى داستىخان كۆتۈرۈپ كىردى - دە، داستىخاننى سېلىنچا ئۈستىگە سېلىپ بولغاندىن كېيىن ئارقىسىدىن كىرگەن لەشكەرلەرنىڭ قولىدىكى تاۋاقلارنى تىزىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ ئەمدى ئولتۇرمىسا قاملاشمايدىغانلىقىنى سەزگەن چاغرى تېگىن خان كۆرسەتكەن ئورۇندا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— قېنى غىزاغا باقسىلا، — دېدى خان ئالدىدىكى تاۋاقلارنى سۈباشى تەرەپكە ئىتتەرگەچ. ئاندىن ئاشپەزبېشىغا لاپپىدە قاراپ قويدى.

ئاشپەزبېشى تېزلىكتە كەينىگە ئۆرۈلۈپ چىقىپ كېتىپ ھايالشىمايلا يوغانغىنا ھېجىر قاچىدىكى ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئۆگرىنى داستىخانغا قويدى. ئۆگرىگە ئاشكۆكى سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى.

— ئۆزلىرىنىڭ تاپىلىغانلىرى بويىچە ئاتايىن ئەتكۈزۈلگەن ئۆگرىگە ئېغىز تەگسىلە، خان ئالىيلىرى، — دېدى ئاشپەزبېشى تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ.

مۇسا بۇغراخان چاغرى تېگىننى تائامغا بېقىشقا دالالەت قىلغاچ، ھېجىرنى قولىغا ئالدى - دە، بىر قوشۇق ئاشنى ئەمدى ئېغىزىغا ئاپىرىۋىدى، سىرتتا بىردىنلا ئاللىكىملەرنىڭ ۋارقىراشقان، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇيۇق ئاۋازلىرى پەيدا بولۇپ، چېدىر تەرەپكە يېقىنلىششقا باشلىدى. خان ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى. شۇ ھامان چېدىرنىڭ ئوچۇق تۇرغان ئىشىكىدىن ئالاقزەدە بولغان ھالدا ئەبۇھەسەن ئەلى يۈگۈرۈپ كىرگەچ ۋارقىرىدى:

— ئىچمىسىلە، خان ئاتا. ئاشلىرىغا زەھەر سېلىنغان...

مۇسا بۇغراخان ھەيران بولغان ھالدا بىردە ھېلىھەم قولىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرغان ھېجىردىكى سۆلىرى سۆزۈك ئۆگرىگە، بىردە ئوغلىغا قاراپ قالدى. ئاندىن ئۆزىگە روبىرو ئولتۇرغان ئاشچىبېشىنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. ئاشچىبېشى ئاللىقاچان قانسىرىغان ئۆپكىدەك ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، پۈت ـ قوللىرى شامال سوققان ياپراقتەك سۈس تىترىمەكتە ئىدى.

— بولدى، قوللىرىدىكى ھېجىرنى قويسىلا، خان ئاتا. بۇ راست گەپ. تېخى ھازىرلا مېنىڭ نۆكىرىم مۇشۇ ئاشتىن نەچچە قوشۇق ئىچىپلا نەپەستىن قالدى. ئاشتا زەھەر بار ئىكەن!

— ئۇ... ئۇنداق ئەمەستۇ، خان ئوغۇل؟ — ئاشچىبېشىنىڭ تىللىرى كالۋالىشىپ، دېگىلى گەپ تاپالماي قالدى، — بۇ... بۇ... بۇنداق دېسىلە...

مۇسا بۇغراخاننىڭ چىرايىدىمۇ شۈبھىلىنىش ئالامەتلىرى پەيدا بولدى ـ دە، بىردە ئوغلىغا، بىردە ئاشچىبېشىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن قولىدىكى ھېجىرنى داستىخانغا قويۇپ قويدى.

— ئاشنى ئىچكەنمىدىلە، ئاتا؟

— ياق، تېخى تېتىغۇدەكمۇ بولمىغانىدىم!

— ئاللاغا شۈكۈر! — دېدى خان ئوغۇل ئۆزىنى سەل بېسىۋېلىپ، — بايا مۇلازىم يىگىت كەچلىك غىزانى چېدىرىمغا ئەكىرىپتىكەن. مەن غىزالانماقچى بولۇپ، ئۆگرىنى قولۇمغا ئالدىم ـ يۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم تارتماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن مۇلازىم يىگىتنىڭ ئىككى ـ ئۈچ كۈندىن بۇيان تۇمۇقاپ قالغانلىقىنى يادىمغا ئېلىپ، ئاشنى قىزىقىدا ئىچىپ، ئوبدان تەرلىنىۋېلىشىنى ئېيتتىم. ئۇمۇ نېزىقاپ تۇرمايلا ھېجىرنى قولىغا ئېلىپ، ئاشنى بىردەمدىلا ئىچىۋەتتى ـ يۇ، بىردىنلا قورسىقىنى تۇتۇپ ۋايجانلاپ كەتتى. ئۇنىڭدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپ، ئەھۋالنى بىلىپ بولغۇچە ئېغىز ـ بۇرنىدىن قان ئوقچۇپ چىقىشقا باشلىدى. شۇ ھامان ئوتاچىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم بۇيرۇدۇم. ئەمما، ئوتاچى كېلىپ بولغۇچە مۇلازىم جان ئۈزدى. ئوتاچى ئۇنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي

كۆرۈپ، «يېگەن غىزاسىدا زەھەر بار ئىكەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ تەرەپكە يۈگۈردۈم، خان ئاتا... ھېلىمۇ ياخشى سىلى تېخى ئىچمىگەنىكەنلا!

مۇسا بۇغراخاننىڭ غەزەپتىن قاشلىرى لىكىلداپ كەتتى. نەپەس ئېلىشى تېزلىشىپ، بۇرۇن تۆشۈكى كېڭەيدى. ساقاللىرى بىردىنلا كىرپە تىكىنىدەك دىردايدى. ئۇ ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئاشچىبېشىغا تىكتى.

— قېنى ئېيتە، بۇ نېمە ئىش؟

جاقىلداپ تىترەپ تۇرغان ئاشچىبېشى گۈپپىدە قىلىپ تىزلاندى ـ دە، بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى:

— بۇ... بۇ... بۇنى بىلمەيمەن، خان ئالىيلىرى... قۇللىرىغا ئىشەنسىلە...

شۇ ئەسنادا چېدىر ئالدىدا مەريەم خېنىمنىڭ قوڭغۇراقتەك زىل ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، ئالىكىملەرنى تىللىغىنىچە، ئىجازەت سورىمايلا، قوللىرى كەينىگە باغلانغان بىرسىنى چېدىرغا ھەيدەپ كىرىپ كەلدى:

— مەلۇم بولغاي، خان ئالىيلىرى، ئۇدۇن تەرەپتىن كەلگەن ماۋۇ ئايغاقچىنى تۇتۇۋالدۇق.

ھەممەيلەننىڭ كۆزى بىردىنلا ئايغاقچىغا تىكىلدى. ئۇ بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغان بولۇپ، بۇرۇتلىرى ئەمدىلەتىن خەت تارتىشقا باشلىغان ياشقىنا يىگىت ئىدى. تۇرقىدىن مەغرۇرلۇق، كۆرەڭلىك ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— بۇنى قەيەردىن تۇتۇۋالدىڭىز؟ — سورىدى ئەبۇھەسەن ئەلى مەريەم خېنىمدىن.

— كەچلىك غىزادىن كېيىن بىرقانچە ھەمشىرەم بىلەن ئەتراپنى ئايلىنايلى دەپ يېقىن ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرسەم، ماۋۇ مەلئۇن پات ـ پات ئارقىسىغا قاراپ قويغاچ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتىدۇ. مەنمۇ ئۇ ۋاقىتتا تازا ئېرەنشىمەپتىمەن. ئەمما، قاراۋۇل ئىمنى سورىۋىدى، ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بەرمەي قاچتى. شۇ

ئان بىرنەچچىمىز ئارقىسىدىن قوغلاپ، ئاران تەسلىكتە تۇتۇپ، سوراق قىلساق «سىلەر ئەمدى كىچىكتىڭلار، بۇ چاغقىچە بۇغرا خانىڭلار ئالىلىقاچان جەھەننەمگە سەپەر قىلدى. ئەمدى مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلارمۇ ئارمىنىم يوق، ئۇلۇغ بۇددا ئىگەمنىڭ ئىخلاسمەن مۇخلىسلىرىغا قارشى لەشكەر تارتقان ئۇ ئاسىي خاننى ئۆلتۈرەلىگەنلىكىم ئۈچۈن ئەل ـ يۇرت ئۆلۈكۈمنى بېشىدا كۆتۈرىدۇ» دېمەسمۇ؟ بۇ گەپنى ئاڭلاپ پۇت ـ قولۇمدا جان قالمىدى. شۇڭا، تېزلىكتە بۇ مەلئۇننى ئېلىپ بۇ تەرەپكە كەلدىم...

مۇسا بۇغراخان تۇتقۇننىڭ ئۇستىبېشىغا ئالدىرىمايغىنا بىر قۇر قاراپ چىقتى. ئاندىن سالماق ئاۋازدا سورىدى:

— سەن مېنى ئۆلتۈرمەكچىمىدىڭ؟

ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭ خان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ تېخى ھاياتلىقىنى بىلگەن تۇتقۇن چۆچۈپ كەتتى ۋە تەشۋىشلەنگەندەك، ئۈمىدسىزلەنگەندەك بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە خانغا قاراپلا قالدى.

— سېنى ياغلاقار قالۇ ئەۋەتتىمۇ؟ — دېدى خان يەنە ۋەزمىن ئاھاڭدا.

تۇتقۇننىڭ چىرايىدىكى ۋەھىمە ئالامەتلىرى بارا ـ بارا يوقالدى. ئۇ ئەپسۇسلۇق، ئۆچمەنلىك ئارىلىشىپ كەتكەن كۆكۈچ كۆزلىرىنى خانغا تىكتى:

— مەندىن گەپ ئالىمەن دەپ چۆچۈرىنى خام ساناشما. مېنىڭ پەقەت ئۇدۇنلۇق ئىكەنلىكىمنى، ئۇلۇغ بۇددا دىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلسەم رازى ئىكەنلىكىمنى بىلسەڭلارلا بولىدۇ. ئەپسۇس، سېنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرەلمەي، بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كېتىدىغان بولدۇم. خەيرىيەت، مەندەك پىداكار پالۋانلار ئۇدۇن زېمىنىدا كۆرمىڭ. شۇلارنىڭ بىرسى چوقۇم كۆنلەرنىڭ بىرسىدە سەندەك دىن ئاسىيسىنى چوقۇم جەھەننەمگە يولغا سالىدۇ...

ئەبۇھەسەن ئەلى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەلىبېغىغا ئۆتكۈزۈۋالغان

كۆن غىلاپتىكى بۆكتە① سىنى شارتتىدە سۇغاردى:
— ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول. بولمىسا تىلىڭنى كېسىۋالىمەن!
تۇتقۇن ئېرەنشىمىگەندەك چېدىر ئىچىدىكى ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن تېزلىكتە چىرايىنى پۈرۈشتۈردى. ھايالشىمايلا ئۇنىڭ جاۋىغايلىرىدىن قىپقىزىل قان تەپچىرەپ چىقىشقا باشلىدى.
— بۇ مەلئۇن تىلىنى چىشلەپ ئۈزىۋالدى! — دېدى مەريەم خېنىم ئالدىراپ.
تۇتقۇن شاھانە چېدىردىكىلەرنى مەسخىرە قىلغاندەك ئىستىھزا بىلەن كۈلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېغىزىدىن قان ئارىلاشقان بىر لوقما گۆش بوغراخاننىڭ ئالدىغا «پوك» قىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن خان تېزلا كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، يارلىق چۈشۈردى:
— بۇ مەلئۇننى ئارمىنىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار!
مەريەم خېنىمنىڭ ھەمشىرىلىرى تۇتقۇننى سۆرىگەن پېتى چېدىردىن ئاچىقىپ كەتتى. مۇسا بوغراخان شارتلا كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، ئاشچىبېشىدىن سورىدى:
— سەن ئۇنى تونۇمسەن؟
— ياق، خان ئالىيلىرى، مەن ئۇنى تېخى بايىلا كۆردۈم!
— ئۇنداقتا كەچلىك غىزا ۋاقتىدا سەن نەدە ئىدىڭ؟
— دەسلىپىدە قازان بېشىدا بار ئىدىم. كېيىن ئۆزلىرىنى چېدىرلىرىدا بارمۇ، يوق، قاراپ باقاي دەپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئۆزلىرى يوق ئىكەنلا، شۇنىڭ بىلەن بارگاھ ئىچىدە سىلىنى ئىزدەپ يۈرۈپتىمەن...
— ئاشپەز يىگىتنى چاقىرىپ كېلىڭلار... — خان بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈردى. شۇ ئان ئەبۇھەسەن ئەلى چېدىردىن چىقىپ كەتتى - دە، ھايالشىمايلا خاننىڭ خاس ئاشپىزىنى تېپىپ ئەكىردى. ئاشپەز يىگىتمۇ باياتىن بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان

① بۆكتە — خەنجەر، پىچاق.

بولغاچقا، چىرايى قورقۇنچتىن تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، پۇتلىرى لاغىلداپ تىترەپ تۇراتتى.

— كەچلىك غىزانى سەن ئەتكەنمىدىڭ؟ — سورىدى خان ئۇنىڭغا مىختەك تىكىلىپ.

— شۇنداق، خان ئالىيلىرى، غىزا ئېتىۋاتسام، مەن بۇ چاغقىچە كۆرۈپمۇ باقمىغان بىر لەشكەر: «سىزنى خان ئوغۇل قېشىمغا بىر كېلىپ كەتسۇن، دەۋاتىدۇ. تېز بېرىڭ. سىز كەلگۈچە مەن بۇ يەردە تۇرۇپ تۇراي، هايال بولماڭ» دېۋىدى، خان ئوغۇلنىڭ بۇيرۇتمىسى بار ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، باشقا ئىشنى ئويلىمايلا مېڭىپتىمەن. بىراق، خان ئوغۇل چېدىرىدا بولمىغاچقا، بۇ ئىشتىن سەل غەلىتىلىك هېس قىلىپ كەينىمگە يېنىپ قازان بېشىغا كەلسەم، مېنى چاقىرغىلى كەلگەن لەشكەر يوق تۇرىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا نېرى - بېرىسىنى ئويلىماپتىمەن. بىردەمدىن كېيىن خان ئوغۇلنىڭ نۆكىرى كېلىپ ئۇگرىنى ئەكەتتى. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئىشلارنى سوراش يادىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. كېيىن سىرتتا ئاللىكىملەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. سۈرۈشتۈرسەم، خان ئوغۇلنىڭ نۆكىرى ئۆلۈپ قاپتۇ. بولغان ئىش مۇشۇ، خان ئالىيلىرى. قالغان ئىشلاردىن پەقەتلا خەۋىرىم يوق...

چېدىر ئىچى چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك سۈكۈناتقا چۆمدى. هەممەيلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ قالدى. مۇسا بۇغراخان ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان بۇرۇقتۇرمىچىلىقتا بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ، چېدىر ئىچىنى ئاستا ئايلىنىشقا باشلىدى. ئۇ دەسلەپ ئاشچىبېشى بىلەن ئاشپەز يىگىتنى جېنىدىن جۇدا قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، نىيىتىدىن يالتىيىپ قالدى. بۇ ئىشلارنىڭ ئاساسلىق سەۋەبكارى ئۇدۇن خانى ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ، بېشىنى سۈس لىڭشىتتى - دە، هېلىغىچە تىزلانغان هالدا ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان ئاشچىبېشىغا قاراپ، پەس

ئاۋازدا دېدى:

— ئورنۇڭدىن تۇر. خەير، بۇ ئىشتا سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ ئېغىر بولسىمۇ، بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتىم. بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بۇنداق ئەھۋال كۆرۈلۈپ قالسا، يەتتە ئەۋلادىڭغىچە قىرىپ تاشلايمەن!

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى... ئۆزلىرى قۇللىرىغا قايتا ھاياتلىق بەردىلە. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز سەۋەنلىككە يول قويمايمەن، — ئاشچىبېشى سۆزلىگەچ ماغدۇرسىزلانغان پۇتلىرىنى تىكلەپ ئاران ئۆرە بولدى.

— سەنمۇ گۇناھىڭنى بىلەمسەن، يىگىت؟ — سورىدى خان ئاشپەزدىن.

— بى... بىلىمەن، خان ئالىيلىرى... ئەسلي ئۇ مەلئۇننىڭ يالغان سۆزىگە ئىشىنىپ قازان بېشىدىن ئايرىلمىغان بولسام، جەڭگە ماھىر، غوجىسىغا سادىق بىر لەشكەرنىڭ بېشىغا چىقمايتتىم. يەنە تېخى تاس قاپتىمەن خان ئالىيلىرىنىڭ... قۇللىرى بۇ ئەرزىمەس جېنىمنى ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم... مەيلى قانداقلا ھۆكۈم چىقارسىلا رازىمەن...

— ئاشپەز يىگىتنىڭ گۇناھىنى كەچۈرسىلە، خان ئاتا، — دېدى ئەبۇھەسەن ئەلى، — بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارنىڭ قايتا تەكرارلانماسلىقى ئۈچۈن بېشى بىلەن كاپالەتلىك قىلسۇن!

— شۇنداق قىلغايلا، خان ئالىيلىرى، — دېدى مەريەم خېنىممۇ، — ھېلىمۇ قاتىل ۋاقتىدا تۇتۇلۇپ، ئىشلار ئايدىڭلاشتى. خەيرىيەت، بۇ يىگىتنىڭمۇ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە...

مۇسا بۇغراخان ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك ئاشپەز يىگىتكە تىكىلدى. ئۇ خاننىڭ بۇ قارىشىدىن جېنىدىن ئۈمىد قالمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى ـ دە، بىردىنلا يىراقتا قالغان ئاتا ـ ئانىسى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنى يادىغا ئېلىپ، ئۈن ـ تىنسىز بىرنەرسىلەرنى پىچىرلاپ ئۇلگۈردى.

— بوپتۇ، كەچچىلىك قىلاي، — دېدى مۇسا بۇغراخان سالماق ئاھاڭدا، — ئەمما ئېسىڭدە بولسۇنكى، — ئۇ بىردىنلا ئاشپەزگە مىختەك تىكىلدى، — بۇنىڭدىن كېيىن غىزاغا تۇتۇش قىلىۋاتقان چېغىڭدا ھەتتا مەن چاقىرساممۇ قازان بېشىدىن ئايرىلمايسەن. ئەگەر بۇگۈنكىدەك ئىش يەنە تەكرارلىنىدىكەن، ئۇرۇق - نەسلىڭنى قۇرۇتۇۋېتىمەن!

— ئىلتىپاتلىرىغا ھەشقاللا، خان ئالىيلىرى! تەلىملىرىنى چوقۇم ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن... — ئاشپەز يىگىت بىردىنلا مىشىلداپ يىغلاپ كەتتى.

— ئەمدى چىقىپ كەتسەڭ بولىدۇ.

ئاشپەز يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، خانغا تەزىم قىلغان ھالدا ئارقىچىلاپ ماڭغىنىچە چىقىپ كەتتى. چېدىردىكىلەر يېنىك نەپەس ئېلىشتى. ئەمما، شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ كەيپى ياخشى بولمىغاچقا، ھېچكىمنىڭ گەپ قىلغۇسى يوق ئىدى. شۇ تاپتا خان ناھايىتى بىئارام بولۇۋاتاتتى. ئۇ ئۇدۇن خانىنىڭ مۇشۇنداق رەزىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئۆزىنى كۆزدىن يوقىتىشقا كىرىشكەنلىكىدىن غەزەپلىنىۋاتاتتى.

ئارىدىن خېلى ئۇزاق ئۆتكەندە خان ئوغۇل جىمجىتلىقنى بۇزدى.

— ئەمدى سەۋر قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى، خان ئاتا، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن تېز - تېز سۆزلەپ، — مەيلى قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويايلى!

— ھازىر ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمىگەندەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، ئوغلۇم، — دېدى مۇسا بۇغراخان پەس ئاۋازدا، — ئەمما، بىز چوقۇم ئوبدان بىر ئامال تېپىپ، يۇرتخان شەھىرىگە سورەن - چۇقان سالغىنىمىزچە كىرىمىز.

— ئارى، ئارى، نەق گەپنى قىلدىلا خان ئالىيلىرى، — دېدى باياتىن بېرى يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى خۇددى چۈشىدە

كۆرگەندەك قاراپ ئولتۇرغان، ھېچكىمنىڭ سۆزىگە ئارىلاشمىغان سۇباشى ئېغىز ئېچىپ، — ھېلىمۇ نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلدۇق. بەزىلىرىدە نۇسرەت قازاندۇق، بەزىلىرىدە قۇربان بەردۇق. ئۇرۇش دېگەندە يېڭىش - يېڭىلىش، ئۆلۈش - يارىلىنىش بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بەزى ئىشلاردا بەك ئالدىراپ كەتمەيلى.

ئۇنىڭ سۆزىگە ھېچكىم ئىنكاس قايتۇرمىدى. چېدىر ئىچىنى يەنە ئېغىر سۈكۈنات قاپلىدى. شۇ تاپتا ھېچكىمنىڭ گەپ قىلغۇسى يوقتەكلا قىلاتتى.

— ئېغىر ياتقۇ بولۇپ قالدى، بىز قايتايلى، خان ئاتا. ئوبدانراق ئارام ئېلىۋالسىلا. قالغان ئىشلارنى ئەتە مەسلىھەتلىشەرمىز، — دېدى خان ئوغۇل.

خاننىڭ رازىلىقى بىلەن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ سىرتقا چىقىشتى. ئەمما، ئۇلار ئىشىكتىن چىقىشىغىلا قاياقتىندۇر قىيا - چىيا ئاۋازى ئاڭلىنىپ، يېقىنلا يەردىن گۇرۇلدەپ كۆيگەن ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلدى.

— ئاپلا، لەشكىرىي تەمىناتقا ئوت كېتىپتۇ! — دېدى سۇباشى بىردىنلا ۋارقىراپ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بۇغراخانمۇ چېدىرىدىن ئېتىلىپ چىقتى. راست دېگەندەك ئوت پۈتۈن ئەتراپنى يورۇتۇپ، كۆككە كۆتۈرۈلۈۋاتاتتى.

— تېز... تېز... تۇمەنبېشى، مىڭبېشىلارغا خەۋەر قىل، — دېدى سۇباشى چېدىر تۈۋىدىكى لەشكەرگە بۇيرۇق قىلىپ، — دەرھال ئوتنى ئۆچۈرۈۋالايلى!

سۇباشى ئوت يالقۇنى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. مۇسا بۇغراخانمۇ شۇ تەرەپكە مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، خان ئوغۇل ئالدىنى توستى:

— بولدى خان ئاتا، ئېھتىيات ئۈچۈن سىلى بارمىغايلا!

— شۇنداق، سىلى بارمىسىلا، خان ئالىيلىرى! — دېدى مەريەم خېنىممۇ.

بۇغراخان ئېغىز ئېچىپ بولغۇچە ئۇلار يىراقلىشىپ كەتتى.

چېدىر ئالدىدا تۇرغان بۇغراخان بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتقان ئوتقا قارىدى. ئوت خۇددى ئەجدىھادەك بىپايان قاراڭغۇ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن جاھاننى يالماپ يۇتىدىغاندەك تولغىنىپ كۆيمەكتە ئىدى. تۇيۇقسىز خاننىڭ ئېسىگە بىر ئىش كەلدى ـ دە، خاس نۆكىرىگە قاراپ بۇيرۇدى:

ــــ سۇباشىغا يەتكۈز، ئوتنى ئۆچۈرۈش بىلەن بولۇپ كېتىپ، مۇداپىئەگە سەل قارىمىسۇن. ياۋنىڭ مۇشۇنداق ۋاقىتتا توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىشىدىن قاتتىق ھېزى بولسۇن...

ــــ ئىلەل، خان ئالىيلىرى!...

ئوت باش ئەزان مەھەلدە ئاندىن ئۆچۈرۈۋېلىندى. ھەرھالدا زىيان ئۇنچىلىك كۆپ ئەمەس ئىدى. ئوت قويغۇچىلار بۇغرا لەشكەرلىرى پاتىپاراقچىلىقتا قالغان پۇرسەتتە قاچقان بولسىمۇ، كۆزەتتە تۇرغانلار ئۇلارنىڭ ئىككىسىنى نەق مەيداندا ئۆلتۈرۈپ، يەنە ئىككىسىنى تىرىك تۇتۇۋالغانىدى. تۇتۇلغانلارنىڭ بىرسىنىڭ كەينىدىن يا ئوقى تەگكەن بولۇپ، ئوتاچى خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، سوئال سوراپ بولغۇچە تىنىقىدىن قالدى. يەنە بىرسى بولسا تۇغما كېكەچ بولغاچقا، سورالغان سوئاللارغا تۆتۈتلەپ، ئاللىقاياقلارنى شەرەتلەپ بىرنېمىلەرنى دېگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گېپىدىن ھېچكىم بىرەر مەنىنى بىلەلمىدى.

ــــ بۇ چوقۇم ئۇدۇن خانىنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرى، ــــ دېدى مەريەم خېنىم كېچىچە تۇزۇك ئۇخلىمىغاچقىمۇ بەقەمسدەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇپ، ــــ سەۋر قاچىمىز توشتى. بۇ ئىشلارنى يەنە «سۇنىڭ ئېقىمىغا، توكىنىڭ يېتىشىغا» قويۇپ بەرسەك بولمايدۇ. ئەمدى جىددىي تەدبىر قوللانغايمىز، خان ئالىيلىرى!

ــــ دۇرۇس، خان ئالىيلىرى! يارلىق بەرسىلە، لەشكەرلىرىم بىلەن ھازىرلا ياۋغا ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئاتلانغايمەن ! ــــ دېدى كۆلۈك تۇمەنبېشىمۇ.

ــــ سەۋر قىلىشىسلا، پىتنىنىڭ ئاچچىقىدا چاپاننى ئوتقا

سالغاندەك ئىش قىلمايلى، — دېدى سۇباشى تەمكىنلىك بىلەن ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا تەكشى تەرزدە قاراپ چىققاندىن كېيىن، — ياۋنىڭ تۈنۈگۈندىن بېرىقى قىلمىشى ئۈچۈن چوقۇم بىر - بىرلەپ ھېساب ئالىمىز. ئەمما، بۈگۈن ئەمەس، ئەتە. بۇنىڭ ئىككى تۈرلۈك سەۋەبى بار: بىرى، بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمەدۇر. جۈمە كۈندە قان تۆكۈشىمىزنى ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. يەنە بىرى، كېچىچە لەشكەرلىرىمىز ئوت ئۆچۈرۈش ئۈچۈن خېلىلا ھەرەج تارتىپ، ھېرىپ - چارچاپ قالدى. بۇنداق ھالەتتە جەڭگە ئاتلانساق، ھېرىپ قالىمىز. شۇڭا، بۈگۈن ھەممىمىز جۈمە نامىزى ئوقۇغاچ ئوبدان ئارام ئالايلى. ئالىمادىس ياۋ لەشكەرلىرى جەڭگە دالالەت قىلىپ كەلسىمۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرۇۋالايلى. ئەتە سەھەردە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلايلى.

— سۇباشىنىڭ دېگىنى ئورۇنلۇق، — دېدى مۇسا بۇغراخان بېشىنى لىڭشىتىپ، — بۈگۈن ھەممەيلەن جۈمەنىڭ ھۆرمىتىنى قىلايلى. قالدى گەپنى كەچتە يەنە مەسلىھەتلىشەرمىز.

بىر كۈن جىمجىتلا ئۆتۈپ كەتتى. ياۋ لەشكەرلىرىمۇ جەڭگە چىللاپ ناغرا ئۇرمىدى. كەچتە سۇباشى چاغرى تېگىن كۈتۈلمىگەن بىرەر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بارگاھنىڭ كۆزەتچىلىكىگە قاراۋۇللارنى ھەسسىلەپ كۈچەيتىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. ئەتىسى سەھەردە ئوبدانلا غىزالانغان بۇغرا لەشكەرلىرى سەپ بويىچە ئاتلاندى. چاغرى تېگىن، ئەبۇھەسەن ئەلى تېگىن، مەريەم خېنىم، كۆلۈك تۈمەنبېشى قاتارلىقلارنىڭ بارگاھتا قېلىپ ئارام ئېلىش ھەققىدىكى ئۆتۈنۈشىنى رەت قىلغان بۇغراخانمۇ چېرىكچە كىيىنىپ سەپكە قوشۇلغانىدى. ئۇلار كۆپ ماڭمايلا جەڭگاھقا يېتىپ كەلدى. ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە قارىشىپ بىر ئوق يېتىم يەردە سەپ تۈزۈشتى. قوشۇن باشلىرى قوشۇنلىرىنىڭ سەل ئالدىغا چىقتى. چاغرى تېگىن سۇباشى قارشى تەرەپكە قاراپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

www.uyghurkitap.com

— ئەڭ ياخشىسى ئەل بولۇش! ھازىرمۇ كېچىكىشمەيسەن !...

— ھا - ھا - ھا... قايسى ھالىڭغا بۇ گەپنى قىلىۋاتىسەن؟ «مەردنى مەيداندا سىنا» دېگەن گەپ بار. مەرد بولساڭ مەيدانغا چۈش... كىمنىڭ ئەل بولىدىغانلىقىنى ھېلى بىلىپ قېلىشىسەن ! — دېدى ياۋ سەركەردىسى چوقتەرىش سانغۇن كىنايە قىلغاندەك ئاۋازدا كۈلۈپ.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئەبۇھەسەن ئەلى ئېتىنى دېۋىتىپ مەيدانغا چۈشتى. قارشى تەرەپتىنمۇ بوي - بەستى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ كېلىدىغان بىرسى قىسقا ساپلىق نەيزە كۆتۈرۈۋالغان ھالدا ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلدى. ئىككى ئات تېزلا ئۇچراشتى. قىلىچ بىلەن نەيزە بىر - بىرىگە قاتتىق ئۇرۇلدى. ئېلىشىش باشلاندى. ھەر ئىككىيلەننىڭ كۈچى ئاساسەن ئوخشاش كېلىپ قالغاچقا، بۇ ئۇرۇشنى كۈچ بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى چۈشەنگەن ئەبۇھەسەن ئەلى قارشى تەرەپ نەيزىنى دەل ئۆزىنىڭ كۆكسىگە توغرىلاپ ئۇرغاندا، چاققانلىق بىلەن ئېتىنىڭ يان تەرىپىگە ئېغىشىپلا نەيزىدىن ئۆزىنى قاچۇردى. ئاندىن قارشى تەرەپ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە گەۋدىسىنى لىككىدە ئېگەرنىڭ ئۈستىگە ئالدى - دە، ئۇنىڭ دەل بوينىنى نىشانلاپ قىلىچ ئۇردى. قىلىچ خان ئوغۇل كۆزلىگەن يەرگە تېگىپ، باش بىلەن تەن ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. شۇنىڭغىچە چوقتەرىش سانغۇننىڭ ياچىلىرى ئوق ئېتىشقان ھالدا يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى.

— ئېتىڭلار، خان ئوغۇلنى قوغداڭلار! — دېدى سۇباشى جىددىي بۇيرۇق چۈشۈرۈپ.

بۇغرا لەشكەرلىرىمۇ قارشى تەرەپكە يا ئوقى ئاتقان ھالدا ئالدىغا سىلجىدى. ئارىلىق بارغانسېرى قىسقىراپ، يا ئىشلىتىش ئىمكانىيىتى قالمىدى. شۇڭا، ئىككى تەرەپ تىغمۇتىغ ئېلىشىشقا باشلىدى. ناغرىلار گۈمبۈرلەپ، قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى ئاۋازى بارغانسېرى كۈچىيىپ

چۆللۈكنى لەرزىگە كەلتۈردى. يارىلانغانلار كۆپىيىپ، ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى بارغانسېرى ئاۋۇشقا باشلىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ چىقىم تارتماقتا ئىدى. سۇباشى چاغرى تېگىن، ئەبۇھەسەن ئەلى، كۈلۈك تۇمەنبېشى قاتارلىقلار جان پىدالىق بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. مۇسا بۇغراخانمۇ بىر توپ قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ھىمايىسىدە جەڭگە كىرگەن بولۇپ، نەچچە ياۋ چېرىكىنى قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغانىدى. سارىغ بۇقا خاننىڭ يېنىدىن ئايرىلماي مۇھاپىزەت قىلماقتا ئىدى. مەريەم خېنىم ئالدىغا كەلگەنلىكى ياۋغا قىلىچ ئۇرۇپ، بىر چاغدا ياۋنىڭ ئارقا سېپىگە ئۆتۈپ قالدى ـ دە، ئوچۇق تۇرغان سېپىل قوۋۇقىغا قاراپ، بىرەر پىلان سوقىقاندەك يېنىدىكى ھەمشىرىلىرىدىن بىرسىگە خان ئوغۇلنى تېزدىن بۇ يەرگە باشلاپ كېلىشنى ئېيتىپ، ئۆزىگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كەلگەن لەشكەرلەر بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى.

— نېمە گەپ؟ — دېدى بىر چاغدا ياۋنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشقاچ مەريەم خېنىمغا يېقىنلاشقان خان ئوغۇل.

مەريەم خېنىم ئالدىدىكى ياۋ لەشكىرىنىڭ نەيزە تۇتقان قولىغا كۈچ بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ بىلىكىدىن ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، بېشى بىلەن ياۋ قارارگاھىنى ئىشارە قىلدى. خان ئوغۇل ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلىدى:

— ياۋ قارارگاھىغا قاراپ ئالغا!...

شۇ ئان مەريەم خېنىممۇ ئېتىنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە بۇرىدى ـ دە، ھەمشىرىلىرى بىلەن سۈرەن سالغىنىچە ئات سالدى. بۇغرا لەشكەرلىرى ياۋ قارارگاھى تەرەپكە كەلكۈن سۈيىدەك دەۋرىدى. ئەمما، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇلار ئۇدۇن لەشكەرلىرى تەرىپىدىن قاتمۇقات مۇھاسىرىدە قالدى. بۇ تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشتىن گاڭگىراپ قالغان لەشكەرلەر يا ئالدىغا مېڭىشنى، يا كەينىگە قايتىشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ

قالدى.

ـــ قانداق قىلىمىز؟ ـــ سورىدى خان ئوغۇلمۇ مەڭدىگەن ھالدا.

ـــ بەرداشلىق بېرىپ، جان تىكىپ ئېلىشايلى، ـــ دېدى مەريەم خېنىم زىل، جاراڭلىق ئاۋازدا، ـــ خان ئالىيلىرى بىلەن سۇباشى جانابلىرى ياردەمگە كېلىدۇ!

جەڭ يەنە باشلىنىپ كەتتى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى كۈچلۈك ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا بۇغرا قوشۇنىنىڭ تالاپىتىمۇ بارغانسېرى كۆپىيىپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكى تارىيىۋاتاتتى. مەريەم خېنىم بىلەن خان ئوغۇل ئالدىراقسانلىق قىلىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى كېچىككەنىدى. شۇڭا، قانداقلا قىلىپ بولسۇن بەرداشلىق بېرىشى، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشى لازىم ئىدى. ئەبۇھەسەن ئەلى ئۆزىگە يېقىنلاپ كەلگەن ئۇدۇن لەشكىرىدىن بىرنەچچىنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا جەھەننەمگە يولغا سالدى. باشقا بۇغرا لەشكەرلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتلىق تاللاشتا دۇچ كەلگەنلىكىنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، قورقۇش، ئەندىشە، ۋەسۋەسە دېگەنلەرنى ئۇنتۇپ ئالدىغا كەلگەنلىكى ياۋ لەشكىرىنى قىلىچ ـ نەيزىلەردىن ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. مۇھاسىرە چەمبىرىكى بارا ـ بارا كېڭىيىشكە، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. بىر چاغدا يىراقتىن بىر ئوق ۋىژىلدىغىنىچە ئۇدۇل خان ئوغۇل تەرەپكە ئۇچۇپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن مەريەم خېنىمنىڭ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولدى ـ دە، ۋارقىرىغان پېتى ئېتىنى دېۋىتىپ خان ئوغۇل ئەبۇھەسەن ئەلىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى. ئوق ئۇنىڭ بىلىكىگە تەگدى. ئوقنىڭ زەربىسى ۋە ئاغرىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مەريەم خېنىم ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى.

ـــ مەريەم خېنىمنى قوغداڭلار! ـــ خان ئوغۇل ئەبۇھەسەن

ئەلى يارىلانغان شىردەك ھۆركىرەپ رەقىبىگە تاشلانغانىدى، — بۇ مەلئۇنلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلايلى!...

ئۇلار ھايات - ماماتلىق ئۇچۇن جىددىي ھالدا ئېلىشىۋاتقان پەيتتە سۇباشى چاغرى تېگىنمۇ لەشكەرلىرى بىلەن سۈرەن سالغىنىچە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن خان ئوغۇل روھلانغاندەك بولدى - دە، بىر بۇغرا لەشكىرىنى چېپىش ئۇچۇن قىلىچ تەڭلەپ كەلگەن ئۇدۇن لەشكىرىنىڭ كەينى تەرىپىدىن قىلىچ ئۇرۇپ يىقىتقاندىن كېيىن، ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ھەمشىرىلىرىنىڭ قۇچىقىدا ياتقان مەريەم خېنىمنىڭ قېشىغا كەلدى.

— قانداقراق؟ — دېدى ئەبۇھەسەن ئەلى جىددىيلەشكەن ھالدا.

— چوڭ ئىش يوق، مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن. ئالدى بىلەن ياۋ... ياۋ لەشكەرلىرىنى يوقىتىڭ...

— خېنىمنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىپ بىخەتەر جايغا يۆتكەپ، ئوتاچىغا ئەملىتىڭلار، — دېدى خان ئوغۇل ھەمشىرىلەرگە، — مەن ھېلى سىلەرنى تېپىۋالىمەن!

— دىققەت قىلىڭ!... — دېدى بىردىنلا مەريەم خېنىم ئەنسىزلىك بىلەن ۋارقىراپ. ئەبۇھەسەن ئەلى تېزلا قەددىنى رۇسلاپ ئۆزىگە توغرىلىنىپ ئۇدۇل ئۇرۇلغان نەيزىنىڭ سېپىنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ، ئالدىغا كۈچ بىلەن تارتتى - دە، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان لەشكەرنىڭ بېشىغا قان يۇقى قىلىچىنى زەرب بىلەن ئۇردى. لەشكەر دەلدەڭشىگەن ھالدا يىقىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇھەسەن ئەلى ئېتىغا سەكرەپلا مىنىپ جەڭ مەيدانىغا ئۇچقاندەك ئېتىلدى. بۇ چاغدا جەڭ يەنە شىددەتلىك داۋام قىلماقتا ئىدى. مۇسا بۇغراخانمۇ خۇددى نەۋقىران يىگىتلەردەك قىلىچ ئوينىتىپ، ئالدىغا كەلگەنلىكى ياۋ لەشكەرلىرىنى يەر چىشلىتىپ ماڭماقتا ئىدى.

كۈن قىزىرىشقا باشلىغاندا ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ

چېكىنىشى بىلەن جەڭ ئاياغلاشتى. ئەتراپ ئۆلۈكلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، قانلار ئېرىق بولۇپ ئاقماقتا ئىدى. نوقتەرىش، چوقتەرىشلەر خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىرەر تۈمەنگىمۇ يەتمەيدىغان لەشكەرلىرى بىلەنلا بارگاھىغا قايتقاندى.

— قارارگاھنىڭ مۇھاپىزىتى قاتتىق كۈچەيتىلسۇن. لەشكەرلەر كېچىچە تۆت گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ قاراۋۇللۇقتا تۇرسۇن! — دېدى سۇباشى بۇغراخان ئاتتىن چۈشۈۋاتقاندا.

— ئىلەل، سۇباشى! — چاغرى تېگىنىنىڭ خاس نۆكىرى شۇنداق دېگەچ ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇراپ چاپتۇرۇپ كەتتى.

بۇغراخان بىلەن سۇباشى شاھانە چېدىر ئىچىگە كىردى. چېدىردا ئەبۇھەسەن ئەلى ۋە بىرنەچچەيلەن مەريەم خېنىمغا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار خان بىلەن سۇباشىنى كۆرۈپ كەينىگە داجىپ يول بېرىشتى. بۇغراخان يۇمشاق تۆشەك ئۈستىگە ياتقۇزۇلغان، چىرايى ھاكلانغان تامدەك ئاقىرىپ كەتكەن مەريەم خېنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ سەل ئېڭىشتى - دە، مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى:

— ئەھۋالىڭىز قانداقراق، قىزىم؟

— خاتىرجەم بولسىلا، خان ئالىيلىرى، ئەھۋالىم خېلى ياخشى، — دېدى مەريەم خېنىم سۇس كۈلۈمسىرىگەن ھالدا پەس، تىترەڭگۈ ئاۋازدا جاۋاب بېرىپ.

— ئوبدانراق ئارام ئېلىڭ، باشقا ئىشلارنى ئويلىماڭ... — دېدى خان ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ.

— ھەرنېمە بولسا ئوق سۆڭەككە تەگمەپتۇ، — دېدى ئوتاچى ئالدىراپ، — جاراھىتى ئېغىر ئەمەس، نەچچە كۈن ئوبدان ئارام ئالسا، سەللىمازا ياخشىلىنىپ كېتىدۇ.

— سەرخىل دورىلارنى ئىشلىتىپ، سالامەتلىكىنى تېزرەك

ئەسلىگە كەلتۈرسىلە!

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى. خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى ئوتاچىمۇ تېزلا، — كۆندە دېگۈدەك دورىلىرىنى يەڭگۈشلەپ تۇرساقلا تېز ساقىيىپ كېتىدۇ...

بۇغراخان مەريەم خېنىمغا قايتا ـ قايتا ياخشى ئارام ئېلىشنى تاپىلىغاندىن كېيىن چېدىردىن قايتىپ چىقتى ـ دە، ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان شاھانە چېدىرغا كىرىپ، قىپقىزىل جۇلالىنىپ تۇرىدىغان گىلەم ئۈستىدىكى تەتىللا كۆرپىگە تاشلاندى. خان چارچاپ كەتكەنىدى، شۇڭا ئۇيقۇ بىلەن خىيال ئارىسىدا خېلى ۋاقىتنى ئۆتكۈزدى. بىر چاغدا سارىغ بۇقا پۈتىنىڭ ئۈچىدىلا دەسسەپ كىرىپ ئىشىكنىڭ يان تەرىپىدىكى چىراغپايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان قىزىل موم شامغا ئوت ياققاندا، ئاندىن سەل ئۆرە بولدى.

— غىزالىنىۋالامىلا خان ئالىيلىرى؟ — سورىدى سارىغ بۇقا تولىمۇ پەس ئاۋازدا.

— ياق، كۆڭلۈم غىزا تارتمايدۇ. مېنى بىردەم ئارامىمدا قويۇڭلار. غىزانى ھېلى ئۆزۈم بۇيرۇي.

— ئىلەل... — سارىغ بۇقا كەينىگە ئۆرۈلدى.

— مەريەم خېنىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى خان.

— ھېلى قادىنلار قوشۇنىدىكى بىرسى خېلىلا ئوڭشىلىپ قالدى، دەۋاتىدۇ. ئۇ تولىمۇ باتۇر، قورقماس قىز ئىكەن. ئۆزىنى ئوققا تۇتۇپ بېرىش بەدىلىگە خان ئوغۇلىنى ياۋنىڭ ئوقىدىن ساقلاپ قاپتۇ. بولمىسا خان ئوغۇل ئۇ...

— نېمە؟ ئوق ئەسلىي خان ئوغۇلغا ئېتىلغانمىكەن؟ — سورىدى مۇسا بۇغراخان ھەيران بولۇپ قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا.

— ھەئە، خان ئالىيلىرى. ئوق خان ئوغۇلغا ئېتىلغانىكەن. مەريەم خېنىم ئۇنى بەدىنى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىمەن دەپ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇۋاپتۇ.

خاننىڭ كۆز ئالدىغا ئوغلىنىڭ ئوردىنىڭ بېغىدا مەريەم خېنىمغا مېھرى بىلەن تىكىلگەن مۇھەببەتلىك كۆزلىرى، ئۇنىڭغا قاراپ ئېيتقان سۆزلىرى كەلدى ـ دە، يۈرىكى شۇررىدە قىلىپ ئېرىگەندەك بولدى. «ئىش ئەسلي مۇنداق ئىكەن ـ دە. مەن ھېلىغىچە ئىشلارنى ئاددىي چاغلاپ كەپتىمەن. كىچىكىدىن باشلاپ بىللە ئويناپ چوڭ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ يېقىن ئۆتۈشى تەبىئىي، نورمال ئىش دەپ قاراپتىمەن. لېكىن، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان يەرگە كەپتۇ. شۇڭا، مەريەم خېنىم ماڭا يېلىنىپ، بۇ سەپەرگە بىللە كەلگەنىكەن...» خان شۇنداق خىياللار ئىچىدە بۇ يەردىكى ئىشلار بىر ياقلىق بولغاندا ئوردۇكەنتكە قايتىپ، خانىش بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىككى ياشنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى...

چېدىرغا سۇباشى كىرىپ كەلدى:

— ئۆزلىرىنىڭ تاپىلىغانلىرى بويىچە ئاتايىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئايغاقچى قايتىپ كەلدى، خان ئالىيلىرى!

— كىرسۇن! — دېدى مۇسا بۇغراخان ئالدىراپ، — يەنە بارلىق قوشۇن باشلىرىمۇ كىرسۇن!

ئۇزاق ئۆتمەيلا قوشۇن باشلىرى چېدىر ئىچىگە بىر ـ بىرلەپ كىرىشكە باشلىدى. ئاندىن ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيگەن ئىككى چېرىك كىردى ـ دە، چاققانلىق بىلەن ئوڭ تىزىنى ئېگىپ، ھەممەيلەنگە لەشكىرىي سالام بەردى. خان ئىجازەت بەرگەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالغان ھالدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشتى.

— ياۋ تەرەپنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — سورىدى خان ئۇلارنىڭ ئۇستىبېشىغا بىر قۇر نەزەر سېلىپ چىققاندىن كېيىن.

— بىز ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە قوشۇلۇپ، ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا قەدەر باردۇق. ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇ ئۆز قوشۇنىنىڭ بۇگۈنكى جاسارىتى ئۈچۈن سۆيۈنگەنلىكىنى ئېيتىپ، لەشكەرلەرنى ئېسىل غىزالار بىلەن تارتۇقلايدىغانلىقىنى

ھەمدە شاراب ئىنئام قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بىز بۇ تەرەپكە ماڭغاندا، لەشكەرلەر شارابخورلۇقىنى باشلىغان. ھېلىغىچە خۇدىنى بىلمەيدىغان يېرىگە يەتتى ھەرقاچان...

— ئۇدۇن خانى ۋە سانغۇنلىرىنى كۆردۇڭلارمۇ؟ — سورىدى خان يەنە.

— ياق، ئۇلارنى كۆرمىدۇق. ئۇدۇن خانىنىڭ شۇنداق پەرمان قىلغانلىقىنى لەشكەرلىرىدىن ئاڭلىدۇق. بىزمۇ ئۇلارنىڭ كەچلىك غىزاسىغا ئېغىز تېگىپ بولغاندىن كېيىنلا بۇ تەرەپكە ماڭدۇق.

— چىقىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، — دېدى خان خىيالغا پاتقان ھالدا، — ئەمما كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرىڭلارنى ھېچكىمگە تىنماڭلار. ئەلياتقۇدىن كېيىن بۇ يەرگە كېلىڭلار!

— ئىلەل، ئالىيلىرى...

لەشكەرلەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن چېدىر ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات باستى. ئەبۇھەسەن ئەلى خانىنىڭ ئۆزىگە بىلىندۇرمەيلا ياۋ سېپىگە ئايغاقچى كىرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى تىڭتىڭلىغانلىقىدىن خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈنكى ئىشلار بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى بىلەلمىدى. ئۇ خان ئاتىسىدىن بۇ ئىشلارنىڭ سەۋەبىنى ئۇدۇللا سورىيالمىغاچقا، بىردەم ئۈندىمەي ئولتۇردى ـ دە، خانغا يەر تېگىدىن يەنە بىر قېتىم قاراپ قويدى. خان ئېغىر خىيالغا چۆمگەنىدى. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن بولۇپ، شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ئۇققىلى بولمايتتى. سۇباشى ئېغىر خورسىنغىنىچە قوللىرىنى تىزىنىڭ ئۇستىگە قويۇپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇلار شۇ يوسۇندا خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆندەر قىلىچ سۈكۈتنى بۇزدى:

— بۇ ئىشنى قانداق قىلساق بولار، خان ئالىيلىرى؟ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقىمىزمۇ ياكى سەۋر قىلامدۇق؟

مۇسا بۇغراخان ئويچان كۆزلىرىنى ئىككى سانغۇنغا

تىكتى ـ دە، قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن سورىدى:
— ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنگىلى بولارمۇ؟
— ئىشەنگىلى بولىدۇ، خان ئالىيلىرى. ئۇ ئىككىيلەن تۇتقاقلار ئارىسىدىن تاللانغان، خانلىقىمىزغا ۋە سىلىگە سادىق تەقۋادار لەشكەرلەر، — دېدى سۇباشى چاغرى تېگىن، — ئۇلار ھەرگىز يالغان خەۋەر ئەكەلمەيدۇ.
بۇ گەپنى ئاڭلىغان كۆلۈك تۇمەنبېشى تېزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ بۇغراخانغا قارىدى ۋە:
— سىلى ياۋ بىخۇد تۇرغان ۋاقىتتا قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلايلى دېمەكچىمۇ، خان ئالىيلىرى؟ — دېدى.
— ھەئە، ئۇدۇنلۇقلەر بۇگۈنكى جەڭدە ھەرھالدا يامان ئەمەس نەتىجىگە ئېرىشتى. بايا ئايغاقچىلارنىڭ سۆزلىرىنى ھەممەيلەن ئۆز قۇلاقلىرىمىز بىلەن ئاڭلىدۇق. ئۇلار جەڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەپ شاراب ئىچىشىۋېتىپتۇ. قارىغاندا بۇگۈن خۇدىنى يوقىتىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ بارساق، ئۇلارنى بىر يولىلا...
— ياق، خان ئالىيلىرى، بۇنداق تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا زىنھار بولمايدۇ. بەلكىم ئۇلار ھىيلىگەرلىك قىلىۋاتقاندۇ ! — دېدى ئۆزدەر قىلىچ جىددىي قىياپەتتە.
— شۇنداقمۇ بولارمۇ تەقسىر؟ — سورىدى كۆلۈك تۇمەنبېشى ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك، — ئۇلارنىڭ ئۆز ئىچىگە ئايغاقچى كىرگۈزگىنىمىزدىن خەۋىرى يوق تۇرسا!
— تۇمەنبېشى توغرا ئېيتىدۇ، مەن بۇگۈنكىدەك ئوبدان پۇرسەتتە ئۇلارنى بىر يولىلا تارمار قىلىشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. ئۇلار ھازىر بىزنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىمىزدىن بىخەۋەر. شۇنداق ئىكەن، بەزى ئىشلاردىن ئارتۇقچە ئەنسىرەش ھاجەتسىز. مېنىڭچە، بۇگۈن كەچ ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلساق، چوقۇم كۆزلىگەن مەقسىتىمىزگە يېتەلەيمىز.

— بۇنداق قارامىلىق قىلىشقا بولمايدۇ، ئالىيلىرى. ئالدىراپ ئىش كۆرۈپ، پۇشايمانغا قالىدىغان ئىش بولمىغاي!

— نېمىشقا بۇنداق دەيدىسىلا، ئۆندەر قىلىمچ؟ — دېدى خان ئەجەبلەنگەن ئەلپازدا.

— نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرىدە «ئۇلارنىڭ قىلمىۋاتقانلىرى ھىيلە، ئالدىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ» دېگەن سادا ياڭراپلا تۇرىدۇ.

— ھا - ھا - ھا... ئۆمرىدە بىر قېتىم يىلان چېقىۋالغان ئادەم چار ئارغامچىنى كۆرسىمۇ قورقۇپ كېتىدۇ، دېگەن راست ئىكەن - دە. ئادەتتە جەڭنى كۆرسىلە باشقىچىلا روھلىنىپ كېتەتتىلە. بۇگۈنكى ئىش سىلىگە بەك تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ، جانابلىرى...

— ياق، خان ئالىيلىرى، بۇ جەڭدىن قورققىنىم ئەمەس، قەلبىمدە شۇنداق بىر خىل تۇيغۇ بار.

— تۇيغۇ دېگەن تۇيغۇ. بىز تۇيغۇغا ئەمەس، كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىققا يۈزلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر كۆز قورقۇتۇپ بۇگۈنكىدەك ئوبدان پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك، كېيىن پۇشايمان قىلغان بىلەن ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەگەر سىلى ئۆز پىكىرلىرىدە چىڭ تۇرسىلا مەيلى. مەن بۇگۈن سۇباشى چاغىرى تېگىن ۋە كۈلۈك تۇمەنبېشى بىلەن بىللە جەڭگە چىقاي. سىلى قارارگاھتا قالسىلا...

سۇباشى بۇغراخاننىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى، ھەرقانچە نەسىھەت قىلغان بىلەنمۇ نىيىتىدىن ياندۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەپسۇسلانغاندەك خورسىنىپ قويدى - دە، ئورنىدىن تۇردى:

— سىلى شۇنداق قارارغا كەلگەن بولسىلا، جەڭگە چىقايلى، خان ئالىيلىرى. ئەمما، سىلى قوشۇن بىلەن بىللە بارمىسىلا، قارارگاھتا قالسىلا.

مۇسا بۇغراخان ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدىن شۇنداق

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈنۈشنى سېزىپ بېشىنى لىڭشىتتى:
ــ ماقۇل، دېگەنلىرىچە بولسۇن. جەڭدە ھەممىڭلار سۇباشىنىڭ ئىغىزىغا قاراڭلار...
ئىغىر ئەلياتقۇ مەھەلدە بۇغرا قوشۇنى ئۇدۇن لەشكەرگاھىغا يېقىنلاشتى. پۈتۈن ئەتراپ قاراڭغۇلۇقتا چۆككەن بولۇپ، ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. يولغا چىقىش ئالدىدا ئاتلارنىڭ پۇتىغا كىگىز، لاتا پارچىلىرى يۆگىلىپ، لەشكەرلەرگىمۇ ئالاھىدە جېكىلەنگەن بولغاچقا، ئۇلار شەپىسىزلا ياۋ قارارگاھىغا يېقىنلىشىپ كەلگەنىدى. شۇ تاپتا ئۇدۇن قارارگاھىمۇ ئىغىر سۈكۈناتقا چۆمگەن بولۇپ، لەشكەرلەرنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ خورەك تارتىشلىرى، ئاتلارنىڭ پۇشقۇرۇشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا پاشا ـ قوڭغۇزلارنىڭ ۋىڭىلداپ ئۇچقىنىنىمۇ ئېنىق ئاڭلىغىلى بولاتتى. بۇنى كۆرۈپ چاغرى تېگىن سەل ئەجەبلىنىپ، بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن يېنىدىكى ئايغاقچىدىن سورىدى:
ــ بايا ھەممىنى ئېنىق كۆرگەنمۇ؟
ــ ئېنىق كۆرگەن، جانابلىرى.
ــ ياۋ سانغۇنلىرىنىڭ چېدىرى قايسى تەرەپتە؟
ــ قارارگاھ قوۋۇقىدىن 130 ــ 140 ئادىم يىراقلىقتىكى قاتار چېدىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يوغان چېدىر ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇنىڭ، ئوڭ ـ سول تەرىپىدىكى نوقتەرىش، چوقتەرىش دېگەن سانغۇنلارنىڭ ئىكەن.
ــ خاتاسى يوقتۇ؟
ــ ياق، جانابلىرى، مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.
سۇباشى سەل ئىككىلىنىپ قالدى. قارارگاھتا ھېچقانداق تىۋىش بولمىغانىنىڭ ئۈستىگە بىرەر ئوتقاشىمۇ، قاراۋۇللارمۇ كۆرۈنمەيتتى. ياۋ جەڭ غەلبىسىنى تەبرىكلەپ شاراب ئىچكەن تەقدىردىمۇ، بۇنداق ھالقىلىق مەسىلىگە دىققەت قىلماسلىقى ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى. شۇڭا، چاغرى تېگىن: «ئۇدۇن

قوشۇنلىرى ھېيلە ئىشلىتىۋاتقان ئوخشايدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇ يەردىن كېتەيلى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. ئەمما، مۇسا بۇغراخاننىڭ باياتىن ئۆندەر قىلىچقا دېگەن گەپلىرى قۇلاق تۈۋىدە ياڭرىغاندەك بولدى ـ دە، ئىككىلىنىپ قالدى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ ياۋ قارارگاھىغا تېگىش قىلماي، جىملا قايتىدىغان ئىش بولسا، بۇغراخاننىڭ بايىقىدىنمۇ ئاشۇرۇپ تەنە قىلىشى، ھەتتا ئۆزى قوشۇن باشلاپ ئاتلىنىشى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، مەيلى قانداق ئاقىۋەت يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇدۇن لەشكەرگاھىغا تېگىش قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— قېنى ئاتلىنىڭلار، پالۋانلىرىم. ئەمما، ھەرگىز تىۋىش چىقارماڭلار، — دېدى سۇباشى يېنىدا تۇرغان لەشكەرباشلىرىغا، — ئۇلارنىڭ سېزىپ قېلىشىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار.

لەشكەرلەر قارارگاھنىڭ ئادەم بىلىنگىدەك بادرىلارنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ چېتىپ تىكلەپ قويغان توسۇقلىرىنى پەم بىلەن بىر تەرەپكە ئېلىۋېتىپ تىۋىشسىز ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. سۇباشى چاغرى تېگىننىمۇ لەشكەرلەرگە قوشۇلۇپ، ئايغاقچىلار بايا چۈشەندۈرگەن يۆنىلىش بويىچە مېڭىپ، چېدىر تەرەپكە ئاستا سۈرۈلدى. دەل شۇ چاغدا قارارگاھنىڭ ھەممىلا يېرىدە مەشئەللەر يورۇپ، جەڭ ناغرىلىرىنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ سۈرەن ـ چۇقانلىرى كۆتۈرۈلدى. بۇغرا لەشكەرلىرى مەڭدەپ، نېمە قىلارىنى دەڭسەپ بولغۇچە تەرەپ ـ تەرەپتىن يا ئوقلىرى ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى.

— ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار! — دېدى سۇباشى كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك ۋارقىراپ، — ئۇلار يېقىنلاشقاندا ئاندىن ئېلىشىڭلار!

ئوقلار خۇددى يامغۇردەك ئۇچۇپ كېلەتتى. بۇغرا قوشۇنلىرى يا ئوقلىرىنىڭ قايسى تەرەپتىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمەي قېلىشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىر يەرگە غۇژمەكلىشىپلا قالغان بولغاچقا، بىردەمدىلا ئۆلگەن، يارىلانغانلار كۆپىيىشكە

باشلىدى. بۇنى كۆرگەن سۇباشى ئەمدى جاننى ئالىقانغا ئېلىپ ئاتلانمىسا، تالاپەتنىڭ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ـ دە، يەنە ۋارقىرىدى:

ـــ ئالغا!... ئۇدۇن بۇددىستلىرىنى قىرىڭلار!...

سۇباشى شۇنداق دەپلا قىلىچىنى يالىڭاچلاپ ئالغا ئېتىلدى. بارلىق بۇغرا قوشۇنى ھۇررا ـ سۈرەن بىلەن مەشئەللەر تامان يوپۇرۇلدى. دەل شۇ چاغدا ئۇدۇن قوشۇنى تەرەپتىنمۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈش ناغرىسى چېلىنىدى. گىرەلەشمە جەڭ باشلاندى، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قىلىچ ـ نەيزىلەردىن ئۇچقۇنلار چاچراشقا باشلىدى. قارارگاھنى ئالىقاندىن ئاۋازلار، يارىلانغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق پىغانلىرى قاپلىدى. بۇغرا لەشكەرلىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، بەزى چېدىرلارغا، ھەتتا لەشكىرىي تەمىناتلارغا ئوت قويۇۋەتكەن بولغاچقا، ئەتراپ ئوت يالقۇنىنىڭ نۇرىدا بارغانسېرى يورۇشقا باشلىغانىدى.

ياۋ ناغرىسى بىردىنلا رىتىمىنى ئۆزگەرتتى. ئېنىقكى، بۇ يەنە بىر قېتىملىق كۈچلۈك ھۇجۇمنىڭ سىگنالى ئىدى. باشلار تېخىمۇ كۆپ چېپىلدى، قانلار تېخىمۇ كۆپ تۆكۈلدى. بۇغرا لەشكەرلىرى تالاپەت ئىچىدە قالدى. قارارگاھ ئىچىدە ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى تولۇپ كەتتى. شۇڭا، چاغرى تېگىن بارلىق كۈچى بىلەن ئېلىشىپ، ئالدىغا كەلگەنلىكى ياۋ لەشكىرىنى قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكىدىن يوچۇق ئاچتى ـ دە، ۋارقىرىدى:

ـــ ئېلىشقاچ چېكىنىڭلار...

بۇغرا لەشكەرلىرى ئاستا ـ ئاستا ئۇدۇن قارارگاھىدىن چېكىنىپ، ئۆز بارگاھى تەرەپكە يول ئالدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرىمۇ ئۇلارنى تاپ بېسىپ قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. بۇغرا قوشۇنلىرى گاھ ئېلىشىپ، گاھ قېچىپ، شەرق تەرەپ بىلىق قاسىرىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغاندا ئۆز قارارگاھىغا يېقىنلاشتى. ئەمما، كۆز ئالدىدىكى ھەممە ياقنى يالماپ يۇتۇۋاتقان كۈچلۈك ئوت يالقۇنىنى

كۆرۈپ تۇرۇپلا قېلىشتى. چاغىرى تېگىنىنىڭ پۈت - قوللىرى تىترەپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلگەندەك بولۇپ، ئىچىنىشلىق ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاھ، خۇدا! بۇ قانداق ئىش ئەمدى؟!...

بۇ يەردە قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقى ھەممەيلەنگە قاراڭغۇ ئىدى. چاغىرى تېگىن قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. كەينىدىن قوغلاپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازى، ھۇررا - سۈرەنلىرى بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا سارىغ بۇقا پەيدا بولدى.

— خان... خان ئالىيلىرى قانداقىراق؟ ئۇ نەدە؟... — دېدى سۇباشى جىددىيلەشكەن ھالدا.

سارىغ بۇقا چاپچىپ تۇرغان ئېتىنىڭ تىزگىنىنى كۈچ بىلەن تارتىپ تۇرۇپ جىددىي ئاھاڭدا دېدى:

— خان ئالىيلىرى ساق - سالامەت، ئۇلار قارارگاھتىن چېكىنىپ، قاغىلىق تەرەپكە ماڭدى. سىلەرنىڭ ئۆزىنى تاپالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مېنى ئالدىڭلارغا ئەۋەتتى.

يېقىنلا يەردىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، ھۇررا - چۇقان كۆتۈرۈلدى. سۇباشى چاغىرى تېگىن سەل جىددىيلەشكەندەك بولۇپ، ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ دېدى:

— قاغىلىققا قاراپ ئاتلىنايلى... خان ئالىيلىرىغا تېزرەك يېتىشىۋالايلى !...

## 5

بۇغرا قوشۇنى قاغىلىققا يېتىپ كېلىپ، ئىككى ئاش پىشىمدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇدۇن لەشكەرلىرىمۇ سېپىل ئالدىدا پەيدا بولدى. مۇسا بۇغراخان سېپىل قوۋۇقى ئۈستىگە چىقىپ، تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرۈشۈپ، ئۆزلىرىگە ھەيۋە قىلىپ تۇرغان ئۇدۇن قوشۇنىغا قاراپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ

لەشكەرلىرى بىرەر تۇمەندىن ئارتۇق ئىدى. ھەيۋىسىمۇ يۇقىرى بولۇپ، سەپەر جەريانىدا ھارغاندەك كۆرۈنمەيتتى. بۇغراخان بولسا ئۆكۈنۈش، پۇشايمان ئىچىدە قالغان بولۇپ، قانداق قىلىشنى، كېيىنكى قەدىمىنى قانداق بېسىشنى بىلمەيۋاتاتتى. ئۇ سۇباشى چاغرى تېگىن ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قاغىلىققا كەلگۈچە يول بويى باش قاتۇرغان بولسىمۇ، كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي گاڭگىراپلا قالغانىدى. بولۇپمۇ ئۆلگەن لەشكەرلىرىنىڭ مېيىتىنىڭ ۋاقتىدا يەرلىكىدە قويۇلماي، دالادا تاشلىنىپ قىلىشى ئۇنى بەك ئازابلاۋاتاتتى. «ئەينى چاغدا سۇباشى ۋە ئۆندەر قىلىچنىڭ سۆزىگە كىرسەم بوپتىكەن. مەن ياۋنىڭ بۇنداق ھىيلە ئىشلىتىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. ئۇلارنى بىز ئەۋەتكەن ئايغاقچىلارنى شۇنچە كۆپ لەشكەرلەر ئارىسىدىن پەرقلەندۈرەلمەيدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ياۋ بىزدىن ھوشيار ئىكەن. ئۇلار قەستەن ‹دۇمبە كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىپ› بىزنى ئۆزىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈپتۇ. ئەگەر سانغۇنلىرىمنىڭ سۆزىگە كىرىپ، لەشكەرلەرنى قارارگاھتىن ئايرىمىغان بولسام، بۇنداق تالاپەتمۇ كۆرۈلمەس ئىدى. مانا ئەمدى قانچە پۇشايمان قىلساممۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، ئىسىت... ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟...»

خان ناھايىتى پەرىشان ھالدا پەسكە قارىدى. ئۇدۇن قوشۇنى قوللىرىدىكى قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى ئاسمانغا شىلتىپ جەڭگە چىللاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ داقا ـ دۇمباقلىرى جاھاننى بېشىغا كىيىپ گۈمبۈرلەيتتى. ئەنە ئاشۇنداق ئاۋازلار ئارىسىدىن قاراخانىيلارنى، مۇسا بۇغراخاننى، لەشكەرلەرنى ھاقارەتلەيدىغان، ئادەم ئېغىزىغا ئېلىشقىمۇ ئۇيۇلىدىغان سەت گەپلەرمۇ ناگان ـ ناگاندا ئاڭلىنىپ قالاتتى. مۇسا بۇغراخان دەسلەپتە ئانچە ئېرەن قىلمىغاندەك تۇرغان بولسىمۇ، تۇرۇپلا سەل جۇدۇنى تۇتتى. ئۇ لەشكەرلىرىگە قوۋۇقنى ئېچىپ، جەڭگە چىقىشقا يارلىق

بېرىشنى ئويلىدى ـ يۇ، لەشكەرلەر ھارغان ۋاقىتتا جەڭگە چىقسا تالاپەتنىڭ يەنىمۇ ئېغىر بولىدىغانلىقى ھېس قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بىراق، سۈرەن ـ چۇقان بارغانسېرى كۈچىيىۋاتاتتى.

— توخۇ يۈرەك مۇسا بۇغراخان! قايسى ھالىڭغا ئۇدۇنغا لەشكەر تارتىپ كەلدىڭ؟ ئۆزۈڭنى ئەركەك ھېسابلىساڭ، بۇياققا چۈشۈپ بىز بىلەن ئېلىش! — دېدى لەشكەرلىرىنىڭ سەل ئالدىغا چىققان سانغۇنلاردىن بىرسى.

— قاراخانىيلار لەشكەرلىرى تۇل خوتۇنلارنىلا ۋارقىراپ قورقۇتالايدىغان يۇمشاقباشلار! — دېدى يەنە بىرسى.

بۇنداق گەپلەر ئۈزۈلمەي داۋام قىلىنىۋاتاتتى:

— مۈشۈكتىن قورقۇپ، كامارغا بېكىنىۋالىدىغان چاشقاندەك قىلىق قىلىشماي بۇ يەرگە چۈشۈش!...

— قېنى ئەركەك بولۇشساڭ سېپىلدىن چىقىشامسەن!

— ھەي، مۇسا بۇغراخان ! مۇشۇ ھالىڭغا ئۇرۇش قىلىمەن دېگۈچە ئورداڭدا بىكار قېلىپ، دەمدەك ئۇسىما قويۇپ، ياسىنىپ ـ تارىنىپ ئولتۇرغان خوتۇنۇڭنىڭ قېشىغا قاراپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟

مۇسا بۇغراخان ئەمدى تاقەت قىلالمىدى.

— ئېتىڭلار، ئاۋۇ بۇددىست كاپىرلارنى ئايىماي ئېتىڭلار! — دېدى خان بىردىنلا ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىراپ. شۇ ئان سېپىل ئۈستىدە ئوقيالىرىنىڭ كىرىچلىرىنى چىڭ تارتىپ تۇرغان لەشكەرلەر ياۋغا قارىتىپ يا ئوقى ئېتىشقا باشلىدى. سەپىنىڭ ئالدىدا تۇرغان ياۋ لەشكەرلىرى بىر ـ بىرلەپ يىقىلدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇدۇن ئېلىنىڭ تۇغى يېنىدا تۇرغان نوقتەرىش قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ توۋلىدى:

— چېكىنىڭلار!...

ياۋ ئامالسىز چېكىنىپ، مۇسا بۇغراخاننىڭ كۆرۈش دائىرىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ياۋ چېكىنىپ كەتتى، خان ئالىيلىرى، ئەمدى ئارام ئېلىڭۋالسىلا، — دېدى سارىغ بۇقا.

خان نېمىشقىدۇر ئېغىر خورسىنىپ قويغاندىن كېيىن، سارىغ بۇقا كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. شۇ ئەسنادا سۇباشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كۆزەت كۆچەيتىلسۇن، ياۋ تەرەپتىن بىرەر غەيرىي ئالامەت كۆرۈلگەن ھامان دەرھال خەۋەر قىلىڭلار!...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. نوقتەرىش ھەر كۈنى دېگۈدەك سېپىل ئالدىغا كېلىپ، ھۇررا ـ سۈرەن بىلەن بۇغراخاننى جەڭگە چۇشۇشكە چىلىلىغان بولسىمۇ، سۇباشىنىڭ تەكلىپى بىلەن قوشۇن ئۇرۇشقا چىقمىدى.

— ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، ئالىيلىرى، ئۇلار جەڭ مەيدانىدىنلا بىزنى قوغلاپ ماڭغاچقا، كۆپ لەشكىرىي تەمىنات ئېلىۋالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چېرىكلىرىمىزمۇ ئۇلارنىڭ قارارگاھىدىكى لەشكىرىي تەمىناتقا ئوت قويۇۋەتتى. بەلكىم ئۇلار بۇ يەردە سەل ئۇزاقراق تۇرسا لەشكىرىي تەمىناتتىن قىسىلىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئوردىسىدىن لازىمەتلىكلەرنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىشى ئۈچۈن كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇنىڭغىچە بۇلار بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا، ياۋ قوشۇنى ئالدىراپ قېلىۋاتىدۇ. بىز بىرنەچچە كۈن جىم تۇرۇۋالساق بەلكىم ئەھۋالدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىشى مۇمكىن.

— سۇباشى جانابلىرى توغرا ئېيتىدۇ، خان ئالىيلىرى، — دېدى كۆلۈك تۇمەنبېشىمۇ، — قېنى ئۇلار قانداق كارامەت كۆرسىتەلەيدىكىن؟

مۇسا بۇغراخان بۇ گەپلەرنى توغرا تاپتى. شۇڭا، ھەپتىگىچە نوقتەرىش ئۆزلىرىنى ھەرقانچە دەيدەيگە سالسىمۇ ئۇرۇشقا چىقمىدى. ئەمما، ئۇلار سېپىل تۈۋىگە يېقىنلاشقان ھامان يا ئوقى ئېتىپ زەربە بەردى. بىراق، بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە خاننىڭ پەقەتلا قاپىقى ئېچىلمىدى. ئۇ ئولتۇرسا ـ قوپسا بىرنەرسىلەرنى

خىيال قىلاتتى، ئۆزىنىڭ قاراملىقىغا ئۆكۈنگەندەك قىياپەتتە يۈرەتتى. سۇباشىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەچكە، ئۆتكەن ئىشلارنى پەقەت تىلغا ئالمىدى. ئەمما، خان بۈگۈن تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى:

— لەشكەرلەرنىڭ سانى ئېلىپ بولۇندىمۇ، سۇباشى؟

— ئېلىپ بولۇندى، ئالىيلىرى. قاغىلىققا كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا ئاپپۇتۇك بويىچە بىرمۇبىر سېلىشتۇردۇق.

— تالاپەت ئەھۋالى قانداق؟ — سورىدى خان سۇباشىغا تىكىلىپ.

سۇباشى بىردىنلا تەمتىرەپ قالدى. ئۇ بۇغراخاننىڭ ئۆزىدىن بۇنداق سوئال سورىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. ئەمما، بۇ سوئالغا ئۇدۇل جاۋاب بەرسە، خاننىڭ كۆڭۈل يارىسىنى تاتىلاپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، مۇجمەللا جاۋاب بەردى:

— لەشكەرلەرنىڭ ئۈچتىن بىرى چىقىم بوپتۇ، خان ئالىيلىرى.

مۇسا بۇغراخان بېشىنى تۆۋەن سالدى - دە، جىمىپ قالدى. چاغرى تېگىنمۇ خاننىڭ ئوزايىغا قاراپ ئۈھسىنىپ قويدى.

— بۇ يەرگە كەلگىلى نەچچە كۈن بولدى؟ — سورىدى خان توساتتىنلا.

سۇباشى بۇغراخاننىڭ بۇ سوئالنى ئۆزىدىن نېمە ۋەجىدىن سورىغانلىقىنى ئۇقالمىغان بولسىمۇ، تېزلا جاۋاب بەردى:

— بۈگۈن يەتتە كۈن بولدى، ئالىيلىرى.

— ئوردۇكەنتتىن لەشكىري ياردەم كېلىۋاتامدۇ؟

— كېلىۋاتىدۇ، ئالىيلىرى، قاغىلىققا كەلگەندىن بۇيان بىر قېتىم لەشكىري تەمىنات تاپشۇرۇۋالدۇق.

— لەشكەرلەر ئوبدان كۈتۈلسۇن.

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى...

خان يەنە جىمىپ كەتتى. سۇباشى ئۇنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاستاغىنا ئورنىدىن

قوزغالدى.

— ئولتۇرسىلا، سۇباشى، سىلى بىلەن مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار، — دېدى مۇسا بۇغراخان ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا.

چاغرى تېگىن سىلىنچىغا قايتىدىن جايلىشىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— ئەمدىكى ئىشلارنى قانداق قىلساق بولار؟

چاغرى تېگىن ساقاللىرىنى سىلىغان ھالدا جاۋاب بەردى:

— بۇنداق بېكىنىپ يېتىۋەرسەك، ياۋ بىزنى جەڭگە سۆرەپ كىرەلمەي باشقىچە ھىيلە ئىشلىتىشى مۇمكىن، خان ئالىيلىرى. ھازىر ئۇلار كۆزدىكى ئۇششۇك ھەربىگىلا ئوخشاپ قالدى. ئۇششۇك ھەرىنىڭ چېقىشىغا قاراپ ئولتۇرۇۋاسىلىقىمىز كېرەك!

— ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشايلى، دېمەكچىمۇ سىلى سۇباشى؟

— ھەئە، خان ئالىيلىرى. مەن ئۇدۇن لەشكەرگاھى تەرەپكە ئايغاقچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ تۇرۇۋاتقان ئورنى، قارارگاھىنىڭ جايلىشىشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدىم. نەچچە كۈندىكى جەڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇدۇن سانغۇنلىرى لەشكىرىي ئىلىمدە خېلى كامالەتكە يەتكەن، ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا قارىسىغا ھۇجۇم قىلساقمۇ، ئۇلار بىزنى جەڭگە ئۈندىگەندە سېپىلدىن چىقىپ ئۇرۇش قىلساقمۇ ئوخشاشلا تالاپەت تارتىمىز. شۇڭا، لەشكەرلەرنى ئۇچكە بۆلۈپ، ئىككى بۆلىكىنى كېچىسى سېپىلدىن چىقىرىۋەتسەك، بىر قىسمىنى ئۇلار بىزنى جەڭگە چىللىغاندا ئاچىقساق، بەلكىم ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىش ئۈمىدىمىز ئەمەلگە ئېشىپ قالارمىكىن؟!

مۇسا بۇغراخان چاغرى تېگىن سۇباشىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەل جانلانغاندەك بولدى.

— دېگەنلىرىچە بولسۇن، سۇباشى! ... ئەمما پىلان پۇختا تۈزۈلسۇن!

يەنە ئىككى كۈن جىمجىتلا ئۆتۈپ كەتتى. سۇباشى ئايغاقچىلىرى ئارقىلىق نوقتەرىشنىڭ بۇرۇنقى قارارگاھىدا قازا قىلغان لەشكەرلىرىنىلا ئەمەس، بۇغرا لەشكەرلىرىنىمۇ كۆمدۈرۈۋەتكەنلىكى ھەم ئوت ئاپىتىدىن ئامان قالغان لەشكىرىي تەمىناتىنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلگەنلىكى، يەنە يۇرتخان شەھرىدىن بىر بۆلەك لازىمەتلىكلەرنىڭ يولغا سېلىنغانلىقى، ھەپتىگە قالمايلا يېتىپ كېلىدىغانلىقى قاتارلىق ئەھۋاللاردىنمۇ خەۋەر تاپتى. شۇڭا، بۇغراخانمۇ، سۇباشىمۇ ياۋ قوشۇنى چوقۇم قاغىلىق سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىدۇ، دېگەن ئىشەنچتە ئۇلارنى كۈتۈپ تۇردى. دېگەندەك ئۈچىنچى كۈنى ياۋ قوشۇنى ناغرا - سۇناي چېلىپ، كۇچلۇك ھۇررا - سۈرەن بىلەن يەنە سېپىل ئالدىدا پەيدا بولدى. ياۋ قوشۇنى تازا يوپۇرۇلۇپ كەلگەن چاغدا چاغرى تېگىن قوۋۇقچىبەگكە پەرمان چۈشۈردى:

— قوۋۇق ئېچىلسۇن!...

قوۋۇق ئېچىلىشى بىلەن تەڭ چاغرى تېگىن تىزىلىپ تەخ بولۇپ تۇرغان لەشكەرلىرى بىلەن سېپىلدىن چىقتى - دە، بۇددىست لەشكەرلىرىگە روبىرو سەپ تۈزدى. نوقتەرىش ئۇلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— جېنىڭ ھەلقۇمىڭغا كېلىپ قالغاندىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلەشمەي، نېمىگە گىدىيىشىپ ئولتۇرۇشىسەن، بەتبەختلەر؟!

— ھەقىقىي ئەزىمەت ئەخمەقلەرگە باش ئەگمەيدۇ، — دېدى سۇباشىمۇ ياڭراق ئاۋازدا، — ئۆزۈڭنى مەرد چاغلىساڭ قېنى مەيدانغا چۈش!

ياۋ قوشۇنىدىن بىرسى ئات چاپتۇرۇپ چىقتى. شۇ ھامان بۇغرا قوشۇنىدىنمۇ بىر پالۋان ئۇنىڭغا قارشى ئات سالدى. ئۇلار بىر - بىرىگە ھەملە قىلىشماي، ئۇدۇللا بېرىپ ئېلىشىشقا باشلىدى. بىپايان سايدا نەيزە - قىلىچلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن چىقىۋاتقان تاراڭ - تۇرۇڭ ئاۋازلار ياڭرىدى. ئۇلار بىر ئاش

پىشىم ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. بىر چاغدا ياۋ سانغۇننىڭ ئېتى بىردىنلا مۇدۇرۇلۇپ كەتتى ـ دە، ئۆزى تىك موللاق ئاتتى. بۇنى كۆرگەن نوقتەرىش ئوڭ قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، لەشكەرلىرىگە ئۇرۇشقا ئاتلىنىش بۇيرۇقى بەردى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى چاغىرى تېگىنىنىڭ لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. بۇغرا لەشكەرلىرىمۇ خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك ئالدىغا ئېتىلدى. ئىككى سەپ تېزلا ئۇچرىشىپ، گىرەلەشمە جەڭ باشلاندى. مۇسا بۇغراخان سېپىل ئۈستىدە جەڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇغرا لەشكەلىرى ناھايىتى جان پىدالىق كۆرسىتىۋاتاتتى، ئەمما ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىمۇ بارغانسېرى كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئەمدى ۋاقتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلغان بۇغراخان دۆلەت تۇغىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان لەشكەرگە بۇيرۇق قىلدى:

— بەلگە بەر!...

تۇغچى لەشكەر قولىدىكى تۇغنى شىمال تەرەپكە سەل يانتۇ قىلىپ بىرنەچچە قېتىم پۇلاڭلاتتى. شۇ ئان ئۇن يېتىم يىراقلىقتىكى ئورمانلىقتا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بۇغرا لەشكەرلىرى بۇ تەرەپكە ئات سالدى. ئۇلار جەڭ مەيدانىغا ئاز قالغاندا كۈچلۈك چۇقان ـ سۈرەن كۆتۈرۈپ، ياۋ لەشكەرلىرىگە يوپۇرۇلدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قىر ـ چاپ تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغۇچە، ئۇلار ئاللىقاچان تالاپەت ئىچىدە قالغانىدى. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى بىلگەن ياۋ سانغۇنى نوقتەرىش بۇغرا لەشكەرلىرى بىلەن ئېلىشقاچ قارارگاھى تەرەپكە سۈرۈلدى.

— بەلگە بەر! — دېدى مۇسا بۇغراخان يېنىدىكى لەشكەرگە يەنە.

تۇغچى لەشكەر تۇغنى جەنۇب تەرەپكە قىيسايتىپ پۇلاڭلاتتى. ھايال ئۆتمەي جەنۇب تەرەپتىمۇ بۇغرا لەشكەرلىرى پەيدا بولۇپ، قارارگاھى تەرەپكە چېكىنىۋاتقان ئۇدۇن قوشۇنىنىڭ ئالدىنى

توستى. پۈتۈنلەي مۇھاسىرىگە چۈشۈپ قالغان ئۈدۈن لەشكەرلىرى جان ـ جەھلى بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ئەمما، ئۇلار قانچىلىك تىرىشىپ باقسۇن، شىددەتلىك قىرغىنغا ئۇچراۋاتاتتى. ئەنە بىر ياۋ سانغۇنى ئاتتىن تىك موللاق ئېتىپ چۈشتى... ئەنە بىرسىنىڭ دەل كۆكسىگە نەيزە سانجىلدى... ئەنە بىرسىنىڭ بېشى ئۈزۈلۈپ دومىلاپ چۈشتى...

مۇسا بۇغراخان قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ جەڭنىڭ بۇ قەدەر جىددىي، كەسكىن تۈس ئالىدىغانلىقىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. توساتتىن نوقتەرىش ئالدىغا كەلگەنلىكى بۇغرا لەشكىرىنى سۈر ـ توقاي قىلىپ، مۇھاسىرىدىن بۆسۈپ چىقتى ـ دە، قارارگاھى تەرەپكە ئەمەس، سايلىققا قاراپ قاچتى. شۇ ھامان چاغرى تېگىنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. بۇغراخان سۇباشىنىڭ بىرەر خەتەرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ناغرا چېلىپ ئۇنى كەينىگە ياندۇرۇۋېلىشنى ئويلىدى ـ يۇ، ئەمما قېچىۋاتقان ئۈدۈن لەشكەرلىرىنى قوغلاپ كېتىۋاتقان كۈلۈك تۈمەنبېشىنى كۆرۈپ، نىيىتىدىن يالتايدى.

چاغرى تېگىن كۈن قىزىرىشقا باشلىغان ۋاقىتتا ئاندىن قايتىپ كەلدى. باياتىن بېرى سېپىل ئۈستىدە يىراققا قاراپ كۆزلىرى، ئۆرە تۇرىۋېرىپ پۇتلىرى تالغان بۇغراخان ئالدىراپ سېپىلدىن چۈشتى. چاغرى تېگىن خاننى كۆرۈپ بىرلا ئىرغىپ ئېتىدىن چۈشتى ـ دە، ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن بىر لەشكەرگە چۇلۋۇرنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، خانغا يېقىنلاشتى.

— قانداق بولدى، سۇباشى؟ ئۆزلىرىگە بىرەر زىيان ـ زەخمەت يەتمىگەندۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى خان ئۇنىڭ ئۈستىبېشىدىكى قان داغلىرىغا قاراپ.

— ياق، خان ئالىيلىرى. ياۋنى خېلى بىر يەرگىچە قوغلاپ باردۇق. ئۇلارمۇ پىستىرما قويۇپ قويغانىكەن. ئەمما، بۇ يەردىكى تالاپىتى بەك ئېغىر بولغاچقا، ئۇ يەردە كۆپ قارشىلىق كۆرسىتەلمىدى. بىز بىردەمدىلا سۈر ـ توقاي قىلىپ، ئۇلارنى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سايلىقنىڭ خېلى بىر يەرلىرىگىچە قوغلاپ بېرىپ قىرغىن قىلغاندىن كېيىن، كۈتۈلمىگەن تاسادىپىيلىقلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، قوغلاشنى توختىتىپ قايتىپ كەلدۇق. كۆلۈك تۇمەنبېشى ياۋنىڭ قارارگاھىنى باسقۇن قىلىپ ئۇ يەردىكى لەشكىرىي تەمىناتنى تولۇق غەنىيمەت ئېلىپ يولدا كېلىۋاتىدۇ.

— باركاللا، سۇباشى جانابلىرى، — دېدى بۇغراخان ھاياجان ۋە سۆيۈنۈش بىلەن، — ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇردۇڭلار!

— توغرا دېدىلە، ئالىيلىرى، ئۇلار بۇ قېتىم ئېغىر تالاپەت تارتتى. بۇ ئاچچىق ساۋاقنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمايدۇ...

مۇسا بۇغراخان ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، يېنىدىكى سارىغ بۇقىغا بۇرالدى:

— دەرھال كۆلۈك تۇمەنبېشى ۋە باشقا تۇمەنبېشىلىرىغا ئارقىش ماڭدۇر. قوشۇن باشلىرى ناماز خۇپتەندىن كېيىن ھۇزۇرۇمغا كەلسۇن!

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى...

— قېنى يۇرسىلە، سۇباشى جانابلىرى، باشقىلار كەلگۈچە بىردەم ئارام ئېلىۋالسىلا، — دېدى خان تۇرالغۇسى تەرەپكە ماڭغاچ، — مەن ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم. بۇگۈن ئىنتايىن جان پىدالىق كۆرسەتتىلە!

— يوقسۇ، خان ئالىيلىرى، مەن پەقەت ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلدىم.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ خاننىڭ خاس تۇرالغۇسىغا قاراپ مېڭىشتى.

يەنە بىر ھەپتە تىنچ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا جەڭدە قازا قىلغانلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، يەرلىكىدە قويۇلدى، ھەتتا ياۋ لەشكەرلىرىمۇ ئايرىم بىر يەرگە كۆمۈلدى. ھەممە ئىشلار تۈگەپ، لەشكەرگاھ ئىچى جىمجىتلىقتا چۆمگەن ۋاقىتتا ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ كەينىدىن ماڭغان ئايغاقچىمۇ قايتىپ كەلدى. ئايغاقچىنىڭ ئېيتىشىچە، جەڭدە ئېغىر تالاپەت تارتقان، بارلىق

لەشكىرىي تەمىناتىدىن ئايرىلغان ياۋ ئۇدۇل قاراقاشنىڭ زاۋا ئۆتكىدىكى قارارگاھىغا قايتىپ بېرىپتۇ. يۇرتخان شەھىرىدىن ھەمدەمچى قوشۇنمۇ يېتىپ كەپتۇ. ياغلاقار قالۇ خان بۇ قېتىملىق ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيەتنى ئىچىگە سىغدۇرالماي ئىككى كۈن ئېغىزىغا بىر بۇردا نانمۇ سالماي، بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەي يېتىۋاپتىمىش. ھازىر ياۋ قارارگاھى ناھايىتى قالايمىقان ئىكەن. لەشكەرلىرىنىڭ روھى چۈشۈپ، خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك خامۇش يۈرۈشىدىكەن. نوقتەرىش، چوقتەرىش دېگەن سانغۇنلار خانغا قاراخانىيلار قوشۇنىغا قايتا ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىپتۇ. ئەمما، ياغلاقار قالۇ خان: «لەشكەرنىڭ ھازىرقى ھالىتى بىلەن ئۇرۇش قىلساق، چوقۇم ئۇزۇل - كېسىل تۈگىشىمىز. شۇڭا، دەرھال يۇرت - يۇرتلاردىن قۇرامىغا يەتكەن يىگىتلەرنى لەشكەرلىككە ئېلىپ، سېپىمىزنى ئۇلغايتايلى. يېتەرلىك لەشكىرىي تەمىناتنى غەملەپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ ئىشنى ئويلاشساقمۇ كېچىكمەيمىز. ھازىرچە زاۋانى چىڭ ساقلاپ، ئۇلارنىڭ قايتا ھۇجۇم قىلىشىدىن مۇداپىئە كۆرەيلى» دېگەنمىش...

مۇسا بۇغراخان بۇ مەلۇماتنى ئاڭلاپ خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى - دە، خاس خانىسىدا ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغان چاغرى تېگىن سۇباشى، كۈلۈك تۇمەنبېشى ۋە باشقا قوشۇن باشلىرىغا «قېنى سىلەرمۇ گەپ قىلىپ بېقىڭلار، بۇ ئىشنى زادى قانداق قىلغۇلۇق؟» دېگەندەك تىكىلدى. بىراق، ھېچكىمدىن سادا چىقمىدى. ئاخىر مۇسا بۇغراخان ئۆزى سۆز ئالدى:

— ئايغاقچىنىڭ ھەممە گېپىنى ئاڭلىدىڭلار. بۇ قېتىمقى جەڭدە بىزدىمۇ، ياۋدىمۇ ئېغىر تالاپەت كۆرۈلدى. بولۇپمۇ بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمى چىقىم بولدى. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ قېتىملىق يۈرۈش سەۋەبلىك ئاۋامنىڭ ئۈستىدىكى ئالۋان - ياساقمۇ كۆپىيىپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ئۇرۇشنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەنە داۋاملاشتۇرىمىز دېسەك، ئەل ـ رەئىيەتنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويىمىز. نارازىلىق كۆچەيسە ئۆز ئىچىمىزدىن بۆلۈنۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇمۇ جان ئاچچىقىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر بىز ئۇدۇنلۇقلەرگە يەنە ھۇجۇم قىلساق، ئۇ قانچىلىك چىقىم تارتىشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىنى بىراقلا دوغا تىكىشى تۇرغانلا گەپ. شۇڭا، ئۇلار زاۋا ئۆتىڭنى چېگرا پاسىلى قىلىپ ياتسا يېتىۋەرسۇن. بىزمۇ ھازىرچە خانلىقىمىزنىڭ شەرقىي پاسىلىنى قاغىلىق قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىز تاجاۋۇز قىلىشىدىن مۇداپىئەلىنەيلى. يەممىچە، ئۇلار پات يېقىندا بىزگە لەشكەر تارتمايدۇ. شۇڭا، بىزمۇ ھازىرچە ئۆزىمىزنى ئوڭشىۋېلىپ، كېيىن لەشكەرلىرىمىز تولۇقلىنىپ، لەشكىرىي تەمىناتتىن قىسىلمىغۇدەك ھالەت شەكىللەنگەندە ئاندىن بۇ ئىشنى قايتا ئويلاشساق قانداق دەيسىلەر؟

— دۇرۇس ئېيتتىلا، خان ئالىيلىرى، جەڭ دېگەندە ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەندە ئاندىن نۇسرەت قازانغىلى بولىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا ئۆزىمىزنى سەل بېسىۋېلىپ، تەييارلىقلىرىمىزنى قايتىدىن پۇختىلاپ ئاندىن كېيىن يەنە لەشكەر تارتىمىز ئاقىلانىلىكتۇر، — دېدى چاغرى تېگىن.

— خان ئالىيلىرى ئېيتقاندەك ھازىر ئۇدۇن خانى بىزگە تىكىلىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمايدۇ. پات يېقىندا ئېلىمىزگە لەشكەر تارتىشقا جۈرئەتمۇ قىلالمايدۇ. شۇنىڭغىچە بىز لەشكەرلىرىمىزنى تەرتىپكە سېلىۋالمىقىمىز زۆرۈر، — دېدى كۆلۈك تۇمەنبېشى.

«ئارى، تولىمۇ دانا مەسلىھەت بولدى»، «دۇرۇس... شۇنداق قىلماق كېرەك»، «خان ئالىيلىرىنىڭ، سۇباشى جانابلىرىنىڭ دېگىنىدەك قىلايلى» ، دېيىشتى باشقىلارمۇ.

مۇسا بۇغراخان قوشۇن باشلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەنە قوشۇمچە قىلدى:

— ھازىرچە قاغىلىقتا بىر مەزگىل تۇرايلى. ياۋ قارارگاھىغا يەنە ئايغاقچى ئەۋەتىپ، ئىچكى ئەھۋاللارنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتەن بىزگە ھۇجۇم قىلىش نىيىتىنىڭ بار - يوقلۇقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ئاندىن سىپىلنى ۋە بۇ يەرنى ساقلاشقا مۇۋاپىق ساندا لەشكەر قالدۇرۇپ، قالغانلار ئوردۇكەنتكە قايتايلى. شۇنداق قىلساق بولارمۇ جانابلار؟

— دېگەنلىرىچە بولسۇن، خان ئالىيلىرى، — دېيىشتى ئۇلار دېيىشىۋالغاندەكلا بىر ئېغىزدىن.

— ئەمىسە كېڭەش تامام. ۋەللاھۇئەلەم[①]، ھەرقايسىلىرىمۇ چۈشلۈك غىزا يېيىشمىگەنلا، غىزالىنىپ بولغانلار بولسىمۇ كېرەك يوق، — دېدى خان ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — ھەممەيلەن دەرقەمتە ئولتۇرۇپ راھەتلىنىپ بىر غىزالىنايلى. قېنى سارىغ بۇقا، ئاشچىبېشىغا ئېيتىڭ. داستىخان تەييارلىسۇن...

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى!...

## 6

ئەتىگەنلىك قوبۇلدىن يېنىپلا خانلىق مەدرىسەنى كۆرۈپ بېقىش نىيىتىگە كەلگەن مۇسا بۇغراخان بۇيانقار ئىلىكنىڭ ھەمراھلىقىدا مەدرىسەگە قاراپ ماڭدى. ئۇ مەدرىسەنىڭ خېلى يىراقتىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك قۇببىلىرىگە سۆيۈنۈش ئىچىدە قارىدى. دادىسى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدە سېلىنغان، قاراخانىيلار سەلتەنەت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مېمارچىلىقى تولۇق نامايان قىلىنغان بۇ مەدرىسەنىڭ بىنالىرى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ھەم كۆركەم ئىدى. شۇڭا، مۇسا بۇغراخان ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگىنىدە ئۆزى ئوقۇغان بۇ مەدرىسەنىڭ

① ۋەللاھۇئەلەم — ئاللا ئوبدان بىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

قاتار سىلىنغان، ئازادە ـ يورۇق ئوقۇتۇش ئۆيلىرىگە، قاراخانىيلار ئېلىدىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا شەرقتە يېگانە سانىلىدىغان كۇتۇپخانىسىغا ئىپتىخار بىلەن كۆز يۈگۈرتەتتى، شۇنچە تاتلىق ھېسلارغا چۆمۈلەتتى. دېمىسىمۇ مەدرىسەنىڭ داڭقى سەمەرقەند، بۇخارا، باغداد تەرەپلەرگىچە يېتىپ بارغان بولۇپ، ھەر يىلى ئۇ جايلاردىن بىلىم ئېلىش ئۈچۈن ئوردۇكەنتكە كېلىدىغانلار بارغانسېرى ئاۋۇماقتا ئىدى. مەدرىسە پۈتۈن كۈنلۈك، ياتاقلىق بولغاچقا، بۇغراخان ئۈچ يىل ئىلگىرى ئوردا خەزىنىسىدىن مەخسۇس خىراجەت ئاجرىتىپ، مەدرىسەنى كېڭەيتىپ قۇرۇش ئىشىنى تاماملىغان، كېيىن مەدرىسىدىكى ئۇستازلارنىڭ ئىش ھەققىنى مەخسۇس ئوردا خەزىنىسىدىن تەمىنلەپ، خانلىق مەدرىسەنىڭ باشقا چىقىملىرى ئۈچۈن مىڭ پاتمانلىق يەر ۋە بىر ئېرىق سۇ ۋەخپە قىلىپ بەرگەنىدى. شۇنىڭغا يارىشا بۇيانقار ئىلىكنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن باشقا ئەللەردىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەللامە، ئوتاچى، مۇنەججىملەر ئالاھىدە تەمىنات بېرىش شەرتى بىلەن تەكلىپ قىلىنىپ، ئوقۇش ـ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى ئىشقا ئاشقانىدى. ھازىرقى كۈنلەردە يىلىغا بەش ـ ئالتە يۈزدەك تالىپ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ، يۇرت ـ يۇرتلاردا ئەل ـ رەئىيەتنى ھىدايەت يولىغا باشلاپ، مەدرىسەنىڭ نامىنى تىللاردا داستان قىلغانىدى. شۇڭا، مۇسا بۇغراخان ۋاقىت تاپسىلا بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇستازلىرى بىلەن ئىلمىي مۇتالىئەلەرنى قىلىشقاچ، مەدرىسەنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەتتى، مەيلى قانداقلا ئىش بولسۇن، ئۆزىنى ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈشنى ئالاھىدە جېكىلەپ تۇراتتى. بۇيانقار ئىلىكمۇ مەدرىسىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى خانغا ۋاقتىدا مەلۇم قىلىپ تۇراتتى. بولۇپمۇ يېقىندىن بۇيان ئۆتۈلىدىغان دەرسلىكلەر ئەسلىدىكىدىن كۆپىيىپ، ئىسلام پەلسەپىسى، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، مېدىتسىنا، ھەربىي ئىشلار، رىيازىيات (ماتېماتىكا)، جەبىر

(ئالگېبرا)، ئەخلاق، مۇزىكا پەنلىرى قوشۇلغان، ئارستوتىل، سوقرات، فارابىي، ئىبنى سىنا ۋە خارەزمىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەر خىل ئىلمىي قاراشلىرى تەھلىل قىلىنىدىغان بولغانىدى. يەنە ئەبۇھەسەن سەيىد ئاتام، سەيىد جالالىدىن باغدادى، شەيخ نەجمىدىن ئەتتار، خوجا ئەلەمدار، ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىي①، ئەبۇلپەتتاھ، ئابدۇغوپۇر ھۇسەيىن ئەلمايى كاشغەرىي، مۇھەممەت ئىبنى رەشىد ئىبنى ئەلى كاشغەرىي قاتارلىق ئالىملارنىڭ مۇتالىئەلىرى مەخسۇس دەرسلىك قىلىنىپ سۆزلىنىدىغان بولغاچقا، مۇسا بۇغراخان مەدرىسەگە كېلىشكە بۆلەكچىلا ھېرىسمەن بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بەزىدە ھېچكىمگە كۆرۈنمەيلا دەرس ئوقۇلۇۋاتقان سىنىپنىڭ پەنجىرىسى تۈۋىگە كېلەتتى - دە، ئۇستازلارنىڭ چوڭقۇر ئىلمىي ھېكمەتكە، تېرەن پىكىرگە ئىگە مۇتالىئەلىرىنى تىڭشاپ، يېڭى پىكىرگە ئېرىشەتتى.

— بۇنچە ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشلىرىنىڭ بائىسى نەدۇر، خان ئالىيلىرى؟ — سورىدى بۇيانقار ئىلىك مۇسا بۇغراخاننىڭ مەدرىسەگە قاراپ بەك ئۇزاق تۇرۇپ قالغانلىقىدىن ئەجەبلىنىپ.

— مەدرىسىگە قاراپ بالىلىق چاغلىرىم ئېسىمگە كېلىپ

① ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىي — مەھمۇد كاشغەرىينىڭ ئۇستازى بولۇپ، ئۇ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مۇسا بۇغراخان دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىمى. جامال قارشى «سورراھ لۇغىتىگە ئىلاۋە» دېگەن ئەسىرىدە «ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئىلاھىيەت ئالىمى ۋە مۇسەننىپ (يازغۇچىسى)، ئۇ جاھانشۇمۇل ئالىم بولۇپ، قۇرئاننى تەپسىر قىلىپ، ھەدىس شەرھلەپ يازغان ئەسەرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان» دەپ يازغان. تاجۇل ئىسلام سەمئانىي ئۆزىنىڭ «كىتابۇل - ئەنساب» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ئالىمغا باھا بېرىپ: «ئۇ ئۆز ئۆمرىنى ئىلىم - پەنگە بېغىشلىغان يۈكسەك پەزىلەتلىك ئالىم ئىدى. مەرھۇم 1093 - يىلى 120 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن. قاراخانىيلارنىڭ خاقانلىرى بۇ زاتنى ‹دۇئاگۇيىمىز› دەپ ھۆرمەت قىلغان» دېگەن قۇرلارنى پۈتكەن. شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىي ئۆز دەۋرىنىڭ مەھمۇد كاشغەرىيدەك بىلىملىك، ئېنسىكلوپېدىيە ئالىمىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگىنىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ شۇ دەۋردىكى ھەممە پەنلەردىن، بولۇپمۇ جەمئىيەتشۇناسلىق، تىلشۇناسلىق، ئاسترونومىيە ئىلمىدە ئەتراپلىق يېتىلگەن ئالىم ئىكەنلىكى ئېنىق.

قالدى، ئىلىك جانابلىرى، ــ دېدى خان كۆزلىرىنى مەدرىسەنىڭ كۆركەم قۇببىلىرىدىن يۆتكەپ، ــ بۇ يەرگە ھەربىر كەلسەم بالىلىق چاغلىرىمدىكى ئىشلار كۆز ئالدىمدىن بىرمۇبىر ئۆتۇشكە باشلايدۇ. نېمىشقىكىن قارىغانسېرى قارىغۇم، تۇرغانسېرى تۇرغۇم كېلىدۇ.

ــ ئاتىلىرىمۇ، ئۆزلىرىمۇ ئىلىمگە ھېرىسمەن، بىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان ئەزگۈ نىيەتلىك زاتلار، خان ئالىيلىرى. ئىلمنى سۆيىدىغان كىشلەر مەدرىسگە ئۆزلىرىدەك بۆلەكچىلا خۇشتار كېلىدۇ، ــ دېدى بۇيانقار ئىلىك مەمنۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتىپ.

خان كۇتۇپخانا تەرەپكە قاراپ سورىدى:

ــ ھۇسەيىن ئىبنى خەلەف كاشغەرىي جانابلىرى ھازىر بارمىكىن؟

ــ بار، ئالىيلىرى، ئۇ جانابىي بۇزرۇك كېچە ـ كۈندۈز ئۆز ئەسىرى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ. ئىبادەتتىنمۇ كۆپىنچە خاس كۇتۇپخانىسىدىلا تاماملايدۇ. بۇ كۈنلەردە ئۇنى تالا ـ تۈزدە كۆرمەكمۇ بەسى مۇشكۇل... ئۇ جانابىي بۇزرۇك بىلەن كۆرۈشەملا، خان ئالىيلىرى؟

ــ ئۇل ئۇستازنىڭ خانلىقىمىزنىڭ ئىلىم ـ مەرىپەت ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىسى بىھېسابتۇر. مۇشۇ يېشىدىمۇ مەدرىسە ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ، ئالەمشۇمۇل قىممەتكە ئىگە ئەسەرلەرنى يېزىۋاتقىنى بىزنى سۆيۈندۈرىدۇ. ھازىرچە ئۇل ئۇستازنى مالال قىلمىپ، دىققىتىنى چېچىۋەتمەي، كېيىنچە ئايرىم تەلىم ئالارمەن، ــ دېدى خان سۆيۈنۈش ئىچىدە، ــ مەدرىسىمىزدە ھازىر ئۇستاز ھۇسەيىن ئىبنى خەلەفتەك تونۇلغان زاتلار، ئەلنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن ئالىملار خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما بىر خانىدانلىقتا، بىر ئەلگە نىسبەتەن ئېيتقاندا يەنىلا قانائەت قىلغۇدەك دەرىجىدە ئەمەس. شۇڭا، تالىپلار ئىچىدىكى زېھنى ئۆتكۈر، نەزەر دائىرىسى كەڭ، جەمئىيەتنى،

ئىقتىسادنى چۈشەنمىگەنلەرنى نۇقتىلىق تەربىيەلەپ، مەدرىسىنىڭ شەۋكىتىنى ئاشۇرىدىغان ياخشىراق بىر لايىھە تەييارلىغايلا، ئىلىك جانابلىرى!

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى، بۇ يارلىقلىرىنى جايىدا ئورۇنلايمەن.

— يەنە بىر گەپ، بۇ ئۇستازلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئىلمىي ئىشلىرى ئۈچۈن تولۇق شارائىت يارىتىپ بەرگەيلا، ئىلىك جانابلىرى. ئىلمىي مۇتالىئەلەرنى قىلىپ، شاھانە ئەسەرلەرنى، كاتتا قامۇسلارنى يازماق ئاسان ئەمەس. بۇ لەشكەر باشلاپ جەڭ قىلغانغا، يەر تېرىپ، ھوسۇل ئالغانغا ھەرگىز ئوخشىمايدۇ. ئىلىم نۇرغۇن زېھنىي كۈچ، ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان بەسىي مۇشكۇل ئىشتۇر. ۋاقتى كەلسە مەندەك بىر ئەلنىڭ خانى ئۆلۈپ كەتسە، بىر ياكى ئىككى ئەۋلاد كىشى بۇرۇن قاراخانىيلار ئېلىدە مۇسا بۇغراخان دېگەن بىر خان ئۆتكەن، دەپلا قويۇشار. لېكىن، ئۇستازلارنىڭ پېشانە تەرى، يۈرەك قېنى، مېھنىتى بەدىلىگە پۈتۈلگەن قامۇسلار مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. ئاۋام ـ خەلق ئۇلارنى ئەۋلادمۇئەۋلاد قىممەتلىك بىباھا گۆھەر بىلىپ، ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ، ئۆزىگە روھىي كۈچ ـ مەدەت ئالىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇبارەك نامىنى ھەر ۋاقىت تىلىدا زىكرى قىلىدۇ. شۇڭا، بىز چامىمىزنىڭ يېتىشىچە خانلىقىمىزنىڭ نۇرلۇق چىرىغى بولغان بۇ ئۇستازلارنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىگە ئېھتىرام بىلدۈرۈشىمىز، ئۇلارغا ياخشى ئىلمىي مۇھىت، تىنچ شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشىمىز، ھەر تۈرلۈك ئىشلىرىنى قوللىشىمىز زۆرۈردۇر، شۇنداقمۇ، ئىلىك بەگ جانابلىرى؟...

— دۇرۇس، تولىمۇ ئورۇنلۇق گەپ قىلدىلا خان ئالىيلىرى. يارانتقۇچى سىلىنىڭ ئەقىللىرىنى تېخىمۇ زىيادە، مەرتىۋىلىرىنى تېخىمۇ يۇقىرى قىلغاي! كەمىنە قۇللىرى بۇ تەلىملىرىنى چوقۇم ئېسىمدە تۇتىمەن.

خان دەرسخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر دەرسخانىنىڭ پەنجىرە ئاراچىلىرىدىن ئىچكىرىگە نەزەر تاشلىدى. تۆردە — يۇمشاق تۆشەك ئۈستىدە يارىشىملىق ئاپپاق ساقاللىرى مەيدىسىگە يېيىلغان، چىرايىدا ئىللىق تەبەسسۇم، كۆزلىرىدە بىر خىل مېھىر، ئىشەنچ جىلۋە قىلىپ تۇرغان مۆھتەرەم ئۇستاز شەيخ نەجمىددىن ئەتتار ئولتۇراتتى. ئۇ ئالدىدىكى رېھىلدە ئېچىقلىق تۇرغان كۆن تاشلىق كىتابتىن كۆزىنى ئېلىپ، سېلىنچا ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان تالىپلارغا قارىدى:

— ئۇستاز ئارستوتىل بۇ مەسىلىنى يۇقىرىقىدەك شەرھلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئىسلام ئۆلىمالىرىمۇ ئوخشىمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما، بىز ھەربىر مەسىلىنى توغرا دەپ قارىساقمۇ، ئىلىم نۇقتىسىدىن يەنىلا گۇمانىي قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرساق، مەسىلىنىڭ دەل نېگىزىنى تاپالايمىز.

— ئۇستاز، رۇخسەتمىكىن؟... — تۆيۈقسىز ئارقىدىكى قاتاردا ئولتۇرغان، چاقچاقنىسنا يېشىل سەللە ئورىۋالغان، بۇرۇتلىرى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان بىر تالىپ ئۇنلۇك ئاۋازدا ئىجازەت سورىدى.

— قانداق سوئالىڭىز بولسا سوراۋېرىڭ، ئوغلۇم! — دېدى شەيخ نەجمىدىن ئەتتار ۋەزمىن ئاھاڭدا.

— بايا سىلى دىنىي ئېتىقاد ئىنسانغا خاس تۇيغۇ، دېدىلە. ئۇنداقتا بىر ئادەم بىر ۋاقىتتا ئىككى خىل دىنغا ئېتىقاد قىلسا بولامدۇ، ئۇستاز؟

— ئىنساندا ئېتىقاد كۆپ قۇتۇپلۇق بولىدۇ. ئەمما، بىز ئۇنىڭ ماھىيىتىگە قارايمىز. ئېتىقادنىڭ كۈچلۈكىمۇ، ئاجىزىمۇ بولىدۇ. ھېچقاچان بىر قەلبتە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل ئېتىقاد ئوخشاش تەڭپۇڭلۇقنى ساقلىيالمايدۇ. بۇ خىل تۇيغۇ ئىنساندا تەڭلا مەۋجۇت بولغان ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ بىرسى چوقۇم

ئىنسان ۋۇجۇدىدا كۈچلۈكرەك ئىپادىلىنىدۇ.

— ئۇنداقتا مىسال قىلىپ ئېيتسام، بىز ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ تۇرۇپ، يەنە باشقا دىنغا ئېتىقاد قىلساقچۇ، ئۇستاز؟

— مەسىلەن قايسى دىنغا؟ — سورىدى شەيخ نەجمىددىن ئەتتار ھەيران بولغاندەك تەرزدە.

سوئال سورىغۇچى تالىپ بۇ گەپ بىلەن سەل مەڭدەپ قالغاندىن كېيىن، دەيمۇ، دېمەيمۇ دېگەندەك ئارىسالدىلىق ئىچىدە بېشىنى ئەگدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ ئارقىسىغا بويۇنداپ قارىغىلى تۇردى. ھېلىقى تالىپ بىردىنلا بويۇنلىرىغىچە ئانار دانىسىدەك قىزاردى - دە، بېشىنى كۆتۈرمەيلا پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— مەسىلەن، بۇددا دىنىغا، ئۇستاز.

— بۇنداق سوئال سورىشىڭىزنىڭ سەۋەبى نېمىكىن، ئوغلۇم؟

— نەچچە كۈن ئىلگىرى ياشانغان بىر ئادەم ئەتراپىغا تۆت - بەش كىشىنى يىغىۋېلىپ سۆزلەۋېتىپتىكەن...

— نېمە دەۋېتىپتۇ، ئوغلۇم؟

— «بۇددا دىنى ئۇلۇغ دىن ئىدى. ئەجدادلىرىمىز نەچچە يۈز يىل ئاشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلىپ، بۇددا ئىگەم ساكيامۇنىنىڭ شاپائىتى ۋە پاراغىتىدە ناھايىتى ئاسايىشلىق تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى. سۇلتان ساتۇق بۇغراخان نەچچە ئون يىل ئىلگىرى قەيەردىندۇر پەيدا بولۇپ قالغان تېگى - نەسلى نامەلۇم ئەبۇنەسىر سامانىي دېگەن سالپا - ساياق كەلگۈندىنىڭ زەھەرلىشى بىلەن ئاۋۋال ئۆزى مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇنىڭ ياردىمىدە تاغىسى ئوغۇلچاق قادىرخاننى ئۆلتۈرۈپ، خانلىق تەختىگە بەرقارار بولغاندىن كېيىن پۈتۈن ئەلدىكىلەرنى قىلىچ كۈچى بىلەن مۇسۇلمان بولۇشقا زورلىدى. يەيدىغان رىزقى، كۆرىدىغان كۈنى تۈگىمىگەن كىشىنىڭ يەنە ئۇزاقراق ياشىغۇسى، جاھاننىڭ سېرىق شاملىدىن كۆپرەك ھۇزۇرلانغۇسى

كېلىدىكەن. خاننىڭ قاتتىق سىياسىتىدىن، ۋاقىتسىز ئەجەلدىن قورقۇپ، شاھادەت ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولۇۋېلىشىدۇق. مانا ئەمدى تارتىمىغان جەبىر ـ جاپايىمىز، كۆرمىگەن كۈنىمىز، تىرىك تۇرۇپ كىرمىگەن گۆرىمىز قالمىدى. ئۇ ھە دەپ ئۆز زېمىنىنى كېڭەيتىش، خانلىق تەختىنى كۈچەيتىش، شانۇشەۋكىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تولا ئۇرۇش قىلىپ، بىزگە ھاشار سېلىپ، يەۋاتقان نېنىمىزنىمۇ ئېغىزىمىزدىن تارتىۋېلىشقا تاسلا قالدى. ساتۇق بۇغراخان ئالەمدىن كېتىۋىدى، ئەمدى دولىمىز ئاپتاپ كۆرەرمىكىن دېسەك، مەرھۇم خانىمىزنىڭ ئوغلى مۇسا بۇغراخان خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ، نەچچە يىل ئۆتمەيلا تىلداش ئۇدۇنلۇقلار ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە كىشىنى قىرغىن قىلىپ، بىگۇناھ ئەل ـ رەئىيەتنىڭ قانلىرىنى دەريادەك ئاقتۇرۇپتۇ. گىياھسىز تاقىر سايلار جەسەت بىلەن توشۇپ، نەچچە كۈن ئىچىدە پۇراپ ئېغىر ۋابا تارقىلىپتۇ. ئۇدۇن ئېلىدە جەڭگە چىققۇدەك بىرەر ئەركەك ئەمەس، ئايال زاتىمۇ قالمىغاندا، ئاندىن كاشغەرگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇرۇشتا ئۇدۇنلۇقلەرگە يېڭىلمىگەن بولسىمۇ، بىراق قىمارۋازنىڭ ئوشۇقى داۋاملىق سىياھ چۈشۈۋەرمىگەندەك بۇغرا قوشۇنىدىكى لەشكەرلەرنىڭ ئوندىن ئالتىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قالغان تۆتىنىڭ ئۈچى توكۇر، چولاق ۋە ئادەم كۆرۈپلا قالسىمۇ بىرنەچچە كۈنگىچە سەسكىنىدىغان دەرىجىدە ئەيمىناق بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار باشقا بىرسى ئەمەس، بىزنىڭ ئاكا ـ ئىنىلىرىمىز، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمىز، قولۇم ـ قوشنا، ئەھلىمەھەللىداشلىرىمىزغۇ؟ ... ئۇلارنىڭ ئاشۇ ھالىنى كۆرۈپ قانداقمۇ چىداپ تۇرالايمىز، يارەنلەر؟... ئۇلار قايسى گۇناھى ئۈچۈن ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە جاھاننىڭ سىرىق شامىلىنى كۆرۈپ، ئادەمدەك ياشىماي، ئاشۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ، ئىنسانىي ياشاش ئىمتىيازىدىن مەھرۇم بولىدۇ؟... مۇسا بۇغراخان ئەلنىڭ پاسىبانى، قاراخانىيلار زېمىنىنىڭ ئىگىسى

تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۆز پۇقرالىرىنىڭ غېمىنى يېمەيدۇ؟.. ئۇنىڭ قان تۆكۈش، ئادەم ئۆلتۈرۈش خۇمارى قاچان تۈگەيدۇ؟... ياق، يارەنلەر، ياق.... خان ئەزەلدىن بىزنى ئادەم قاتارىدا ئەمەس، قۇل قاتارىدا كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇ بىر تەرەپتىن، قىلىچنى بېشىمىز ئۈستىگە تەڭلەپ تۇرۇپ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىزنى مەجبۇرىي ھالدا جەڭگاھقا ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ قان تۆكۈپ ھۇزۇرلىنىشى ئۈچۈن ئەرمەك بولۇشقا قىستىماقتا. ئامىتابا، ئۇلۇغ بۇدساتۋا ئىگەم ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ئۇ ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ ئازاب چېكىپ، تىرىك تۇرۇپ دوزاخ ئازابىنى تارتىشىنى ئەسلا خالىمايدۇ. ئەمما، بىزنىڭ بۇددا ئىگەمگە ساداقىتىمىز، باش ئۇرۇپ، نوم ئوقۇشىمىز، ئېتىقادىمىز سۇسلاپ كەتكەچكە، ئىنساندەك ئەمەس، ھايۋاندىنمۇ بەتتەررەك كۈن كۆرۈۋاتىمىز. خۇلاسە كالام، بىز ئۆزىمىزنى، ئۇلۇغ بۇددا دىنىمىزنى ھەر ۋاقىت ئۇنتۇپ قالماي، بۇدساتۋادىن گۇناھىمىزنى تىلەيلى، يارەنلەر. بۇددىمىزغا كۆجە كۆيدۈرۈپ باش قويايلى. شۇ چاغدىلا تەڭرىنىڭ ھىممىتىگە ئېرىشىپ، ئىنساندەك ياشاپ، ھاياتلىق مەئىشەتلىرىدىن ئادەمدەك ھۇزۇرلىنالايمىز. گۇناھىمىزدىن پاكلىنالايمىز...» دېگەندەك گەپلەرنى قىلىۋېتىپتۇ. مەن ئۇ كىشى بىلەن زاكونلاشماقچى بولدۇم ـ يۇ، يېشى خېلىلا چوڭىيىپ قالغان ئاقساقال بوۋايلارنىڭ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ناھايىتى ھېرىسمەنلىك بىلەن ئاڭلاۋاتقانلىقىنى، يەنە كۆزلىرىدىن ۋەھىمە، ئۆچمەنلىك چىقىپ تۇرىدىغان نەچچەيلەننىڭ ۋەز ئېيتقۇچى كىشىنىڭ يېنىدا ئەتراپقا سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىرەر ئىش تېرىپ، پالاكەتكە يولۇقۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەپ قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن بۇيان كاللامدا نۇرغۇنلىغان سوئاللار پەيدا بولدى. ئۇنى ئۆزۈم ئۆگىنىۋاتقان بىلىملەرگە، ئۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىگە تەتبىقلاپ، توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىماقچى بولغان بولساممۇ،

www.uyghurkitap.com

لېكىن بىر باشقا ئاچچىقالمىدىم. ئاخىر بىر ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئىككى خىل دىنغا ئېتىقاد قىلسا قانداق بولار؟ ئۇ ۋاقىتتا كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئىش بولامدۇ نېمە؟ ... دېگەنلەرنى ئويلىدىم. شۇڭا، بۈگۈن سىلىدىن سورىدىم...

مۇسا بۇغراخان باياتىن بېرى ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇردى. ئۇ سوئال سورىغۇچى تالىپتىن ھېلىقى كىشىنىڭ بۇ گەپلەرنى قەيەردە دېگەنلىكىنى، ئۇ كىشىنىڭ تەق - تۇرقىنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى، ئاڭلىغۇچىلار ئارىسىدا كىملەرنىڭ بارلىقىنى ئېنىق سورىماقچى بولدى - يۇ، ئەمما ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ خان بۇنداق خەۋەرلەرنى تۇنجى قېتىم ئاڭلىمايۋاتاتتى.

مۇسا بۇغراخان ئۇدۇن ئۇلۇغ ئاغىلىق ۋىسارا خانلىقى① نىڭ خانى ياغلاقار قالۇغا قارشى لەشكەر تارتىپ قاغىلىقنى پاسىل قىلىپ قايتىپ كەلگەن سەككىز - توققۇز يىلدىن بۇيان ئىدىقۇت ۋە ئۇدۇن دىيارلىرىغا ئىزچىل ئايغاقچىلارنى ماڭدۇرغاندىن سىرت، ئۆز تېررىتورىيەسى تەۋەسىگىمۇ تىڭتىڭچىلارنى قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ ھەر خىل خەۋەرلەرنى قىلچە توسالغۇسىز ئىگىلەپ، بەزىلىرىگە تېگىشلىك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۇدۇندىنمۇ ياغلاقار قالۇنىڭ سەركەردىلىرى نوقتەرىش بىلەن چوقتەرىشلەرنىڭ ھە دەپ لەشكەر كۆپەيتىۋاتقانلىقىنى، ئاۋامنىڭ سېلىقىنى ئاشۇرۇپ، لەشكىرىي تەمىنات جۇغلاۋاتقانلىقىدىنمۇ خەۋەر تېپىپ بولغانىدى. ئەمما، خاننىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغىنى باياتىنقىدەك گەپلەر ئىدى. يېقىندىن بۇيان كاشغەر تەۋەسىدە بۇددا دىنىغا مەدھىيە ئوقۇپ، كىشىلەرنى قايتىدىن بۇددىغا ئېتىقاد قىلىشقا ئۈندەيدىغان گەپ -

① ئۇدۇن خانلىقى مىڭ يىلغا يېقىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن بولۇپ، خانلىق نامى كۆپ قېتىم ئۆزگەرتىلگەن. قاراخانىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئۇلار- نىڭ خانلىق نامى «ئۇدۇن ئاغىلىق ۋىسارا خانلىقى» دەپ ئاتىلاتتى.

سۆزلەر كۆپىيىپ قېلىۋاتقانلىقى، بەزىدە كىچىك بۇتلارنىڭ ئاۋات بازارلاردا ئاشكارا سېتىلىۋاتقانلىقى، كىملەرنىڭدۇر بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەي مەسچىتلەردە ئوقۇپ تۇرسىمۇ، ئەمما كېچىلىرى ئۆيىدىكى ئويۇقلارغا قويۇۋالغان كىچىك بۇتلارغا باش قويۇپ، بۇدساتۋاغا كۆجە كۆيدۈرۈپ، تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقى ھەققىدىكى خەۋەرلەر كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. خان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇۋاتقانلارنى قىسىقتا ئېلىش، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەلنى ساراسىمىگە سېلىپ، ۋەھىمە پەيدا قىلىپ قويماسلىق، شۇنداقلا يىلاننىڭ ئەڭ چوڭىنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىنتايىن مەخپىي تىڭتىڭلاش ھەققىدە پەرمان بەرگەنىدى. ئايغاقچىلارنىڭ مەلۇماتى بويىچە ئوردا قورۇقچىبېشى توغرۇلبەگ ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن جىددىي ھەرىكەتكە ئۆتۈپ بىر بۆلەك كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلغان بولسىمۇ، لېكىن قارماققا بېلىقنىڭ چوڭى ئىلىنمىغانىدى. تۇتۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئوردۇكەنتتىكى تۆۋەن قاتلام تارىخچىلار بولۇپ، ئۇلار قاتتىق سوراق قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى دېيىشىۋالغاندەكلا «بىر كۈنى مەھەللىمىزگە بىرسى كېلىپ بىزنى بىر يەرگە يىغىپ بۇددا دىنىغا قايتىش ھەققىدە نەسىھەت قىلدى. ئەگەر بۇرۇنقى ئېتىقادىمىزغا قايتمىساق، بۇدساتۋا كارامەت كۆرسىتىپ، بىزنى مېيىپ، ئەيىبناق قىلىپ قويارمىش. ھەتتا ئەجدادلىرىمىزدىن بۇرۇن جېنىمىزنى ئالارمىش. لەھەتكە كىرگەندىمۇ ئارامىمىزدا قويماي، ئوتتا كۆيدۈرۈپ، سۇدا ئاقتۇرۇپ قىينارمىش. بۇدساتۋا بىز ئىسلامغا كىرگەندىن بۇيان «مۇخلىسلىرىمنىڭ ئاق ــ قارىنى، ياخشى ــ يامانني، ھەق ــ ناھەقنى پەرقلەندۈرگۈچىلىكى بارمۇ، يوق» دەپ بۇ ۋاقىتقىچە سەۋر قىلىپ كەپتىمىش. ئەگەر

www.uyghurkitap.com

ۋاقتىدا ئېتىقادىمىزغا قايتىۋالمىساق، ئاۋارۇكسۇرا بۇدساتۋانىڭ غەزىپى كېلىپلا قالسا، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز بوران چىقىپ، كۈن تۇتۇلارىمىش. ئاشۇ چاغدا بۇددىغا ئاسىيلىق قىلغانلار يەر يۈزىدىن ئۆزلۈكىدىن يوقىلىپ كېتەرىمىش. شۇڭا، بىز بۇنداق كارامەتلەرنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، يوشۇرۇنچە ئەسلىي دىنىمىزغا قايتىۋالدۇق. باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ مۇھتەسىب①لەرنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بەش ۋاخ نامازنى مەسچىتتە ئۆتەشنى تەرك ئەتمەي كېلىۋاتقان بولساقمۇ، كېچىلىرى كۆجە كۆيدۈرۈپ، بۇددىغا باش قويدۇق...» دېگەندەكلەرنى سۆزلەيتتى. خان بۇ ئىشنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ئاۋامنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىۋاتقانلارنى دەرھال تۇتۇپ، ئەل قەلبىنى تىنچلاندۇرۇش ھەققىدە توغرۇلبەگكە پەرمان چۈشۈرگەن، ھەتتا تېخى ئاشۇنداق تەرغىباتچىلار قىسىققا ئېلىنىشقا قارشىلىق كۆرسەتسە، نەق مەيداندا كاللىسىنى ئېلىش ھوقۇقىنىمۇ بەرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، توغرۇلبەگنىڭ پىلەك بويلاپ خەمەك ئىزدىشى تازا ئۇنۇملۇك بولمايۋاتاتتى. مانا ئەمدى ئۇلار يەنە ھەرىكەت قىلىشنى باشلاپتۇ. بۇ ئىش داۋاملىشىۋەرسە، يەنە قانچىلىغان نادان كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشەر؟... بۇ ئىش كېڭەيسىچۇ؟!... ياق، ئەمدى سۈكۈت قىلىشقا بولمايدۇ. ئاشۇنداق ئادەملەردىن بىرسى بولسا بىرنى، ئونى بولسا ئوننى تۇتۇپ كاللىسىنى نەق مەيداندا ئېلىش كېرەك. شۇنىڭدىلا ئاۋامنىڭ ئەمدىلەتىن تىنچلىنىۋاتقان يۈرىكىنى ئورنىغا

① مۇھتەسىب ــ بۇ قاراخانىيلار سۇلالىسى ئەدلىيە مەھكىمىسىنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، ئاساسلىق ۋەزىپىسى: ئىسلام دىنىنىڭ پەرز، ۋاجىپلىرىنىڭ توغرا بېجىرىد-لىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئەمەل قىلمىغانلارغا جازا بېرىش؛ مەسچىتلەرنى كۆ-پەيتىش، رېمونت قىلىش؛ يامان ئىش، يامان ئادەتلەرنى چەكلەش؛ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش؛ مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلەرگە بېرىپ ناماز ئوقۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ناماز ئوقۇمىغان، روزا تۇتمىغانلارنى سۈرۈشتۈرۈش؛ مۇددىتى توشماي توي قىلغانلاردىن ھېساب ئېلىش؛ ئەخلاق، قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىگە نازارەتچىلىك قىلىش ئىدى.

چۇشۇرگىلى، قاراخانىيلار تەۋەسىدە بارغانسېرى كېڭىيىپ، تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىسلام ئېتىقادىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ...

مۇسا بۇغراخان شۇنداق ئويلار بىلەن خورسىنىپ قويىدى ـ دە، پەنجىرىدىن دەرسخانا ئىچىگە قاراپ، شەيخ نەجمىدىن ئەتتارنىڭ ھېلىقى تالىپ سورىغان سوئالغا قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولدى. بىراق، شۇ ئەسنادا مەدرىسە ھويلىسىدىن ئۇدۇل ئۆزى تەرەپكە ئالدىراش كېلىۋاتقان توغرۇلبەگنى كۆرۈپ، ئەجەبلەنگەن ھالدا تۇرۇپ قالدى. توغرۇلبەگ خاننىڭ يېنىغا كېلىپ جىددىيلەشكەن ھالدا دېدى:

— دەرھال ئوردىغا قايتقايلا، خان ئالىيلىرى، جىددىي ئىش چىقىپ قالدى!

خاننىڭ يېنىدا بۇيانقار ئىلىك قاتارلىق باشقا كىشىلەر بولغاچقا، توغرۇلبەگدىن باشقا گەپ سورىماي بۇيانقار ئىلىككە قاراپ دېدى:

— مەن قايتاي، ئىلىك جانابلىرى. باشقا ۋاقىتتا يەنە كېلەرمەن.

— ئەلەل، خان ئالىيلىرى... — دېدى بۇيانقار ئىلىكمۇ باش ئېگىپ.

مۇسا بۇغراخان تېزلىكتە ئوردىغا قايتتى. ئوردا قورۇقچىبېشى توغرۇلبەگ قويۇن يانچۇقىدىن مەخسۇس ئالاقە ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان كۆن قاپنى ئېلىپ، مۇسا بۇغراخانغا قوش قوللاپ سۇنغاچ، ئېغىز ئاچتى:

— تېخى بايىلا قاغىلىقتىن ئارقىش كەلدى، خان ئالىيلىرى. ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇ نوقتەرىش، چوقتەرىش دېگەن سانغۇنلىرىنى باش قىلىپ ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قاغىلىققا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىپتۇ. قاغىلىقتىكى قوشۇنىمىز تېزلا تىرىپىرەن بولۇپ، تۆت مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرىمىز قىرغىن قىلىنىپتۇ. ياۋ قاغىلىقنى ئاسانلا ئىگىلەپ، پوسكامدىن

ئۆتۈپ، يېڭىسارغا يېقىنلاپ كېلىپ قاپتۇدەك...
مۇسا بۇغراخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ھەيرانلىقتا تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇنىڭ بۇنچە تېز كاشغەر تەرەپكە باسقىن قىلىپ كېلىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئاشۇ قېتىملىق جەڭدىن كېيىن گەرچە ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ لەشكەر كۆپەيتىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەرلەر كېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما تۇلۇمدىن تۇقماق چىققاندەكلا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىشىنى خىيالىمۇ قىلمىغانىدى. تېخى ئالدىنقى ھەپتە كەلگەن خەۋەردىمۇ بۇنداق ئېھتىماللىق تىلغا ئېلىنمىغانىدى.
مۇسا بۇغراخان بىرھازا ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، قولىدىكى كۆن قاپنى ئالدىراپ ئېچىپ، پاتلىق سېرىقىش رەڭدىكى قەغەزگە ئۇستىدىن ئاستىغا قارىتىپ دانىمۇدانە قىلىپ يېزىلغان خەتلەرنى ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى. بېتىكتىكى خەۋەر توغرۇلبەگنىڭ بايانى بىلەن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيتتى. شۇڭا، خان توغرۇلبەگكە قارىدى ـ دە، جىددىي ئاھاڭدا:
ــ تېز ئارقىش ماڭدۇرسىلا. كاشغەرنىڭ ئىلىك خانى ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان، بارلىق سۇباشىلار، تايانغۇ كېڭەشچىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەرگە كەلسۇن. بۇ ئىشنى دەرھال كېڭەش قىلغايمىز! ــ دېدى.
ــ باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى، ــ دېدى توغرۇلبەگمۇ جىددىي ئاھاڭدا. ئۇ ئوردا قائىدىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئارقىچىلاپ چىقىپ كەتمەستىن، شارتلا كەينىگە بۇرالدى. ئەمما، شۇ تاپتا خاننىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇ قانداقلا قىلىپ بولسۇن، ياۋنى يېڭىسارىدىنلا كەينىگە قايتۇرۇپ، قاغىلىقتا سۇر ـ توقاي قىلىپ، قاراقاشتا ئاساسىي كۈچىنى يوقىتىپ، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ ئاستانىسى يۇرتخان شەھىرىنى قانغا بوياپ بولسىمۇ ئېلىپ، ئۆز تۇغىنى قاداپ، ئۇنىڭ نېرىسىدىكى

سولى[1]، ئۇزۇنتات[2]، نىران[3] قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز تېررىتورىيەسىگە قوشۇشنى ئويلايتتى. لېكىن، بۇ ئىش ئويلىماققا ئاسان بولغان بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇشكۇل ئىدى. شۇڭا، خاننىڭ كاللىسىدا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى «قانداق قىلىش كېرەك؟» دېگەن بىرلا سوئال ئەگىشىپ يۈرەتتى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ خىياللىرى بارغانسېرى چىگىچلىشكە باشلىدى. لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىغان چېكىسىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن چىڭگىدە بېسىپ قويۇپ ئېغىر ئۇھ تارتاتتى. دەل شۇ چاغدا سىرتتا يېنىك چامدىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. «ئۇلار بىلەن ئورتاق كېڭەشسەك بىرەر ئامال تېپىلىپ قالار... — دېدى خان ئۆزىگە پىچىرلاپ، — ياغلاقار قالۇنىڭ بىزگە باسقۇن قىلىپ كەلگىنىگە پۇشايمان قىلدۇرۇۋېتىش كېرەك زادى...»

## 7

كېڭەشكە قاتناشقانلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھەم چۆچۈشتى، ھەم ھەيران بولۇشتى. مۇسا بۇغراخان قاغىلىقتىكى سېپىل مۇداپىئەسىگە تەيىنلەنگەن مىڭبېشىنىڭ مەخسۇس مەلۇماتىنى ئەينەن ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن، خاس ھۇجرا ئىچى بىردىنلا ئېغىر سۈكۈناتقا چۆمدى. ھەممەيلەن خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا جىمىپ قېلىشتى.

— قانداق قىلىمىز، ئەركانلار؟ ياۋ بېشىڭنى ئالىمەن، دەپ قىلىچىنى تەڭلەپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەقتە قانداقلا خىيالىڭلار بولسا، دادىل ئوتتۇرىغا قويغايسىلەر، — دېدى مۇسا بۇغراخان پەس ئاۋازدا ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ قويۇپ.

كېڭەشكە قاتناشقانلار گەپ قىلىشقا ئالدىرىمىدى. چۈنكى، ھەممەيلەنگە ئايان ئىدىكى، مۇسا بۇغراخان ئىچى كۆچلۈك شاھ.

---

[1] سولى — چىرا.
[2] ئۇزۇنتات — كېرىيە.
[3] نىران — نىيە.

ئۇ ئادەتتە مەيلى ئەلنىڭ چوڭ ئىشلىرى بولسۇن، مەيلى ئوردىنىڭ ئىشلىرى بولسۇن، ئاۋۋال مەسلىنى ئۆزى ئويلاپ بىر قارارغا كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن مۇناسىۋەتلىك كىشلەرنى چاقىرىپ كېڭەش ئۆتكۈزىدۇ. بىرەر ئىشنى باشقىلارغا مەسلىھەت سېلىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغىنى بىلەن ئۆزى دۇچ كەلگەن مەسىلە ئۈستىدە ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغاچقا، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئىش كۆرىدۇ. بۇنى ئوردا ئەھلى بىر ئەمەس، بىرقانچە قېتىملاپ چۈشىنىپ يەتكەن. شۇڭا، كېڭەش ئەھلىمۇ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ باسقۇن قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈشكەن، ھەممىسىنىڭ كۆز ئالدىغا بىگۇناھ كىشلەرنىڭ قان ئىچىدە جان تالىشىپ يېتىۋاتقانلىقى زاھىرەن پەيدا بولغان بولسىمۇ، ھېچكىم ئېغىز ئېچىشقا ئالدىرىمىدى. ئۇلار خاننىڭ بۇ ئىشنى قانداق ئويلىغان بولسا، شۇ بويىچە يارلىق چۈشۈرۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، خاننىڭمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. شۇڭا، كېڭەشكە قاتناشقانلارنى گەپ قىلىشقا ئۈندىگەندەك ھەربىر كىشىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويىدى.

— خان ئالىيلىرى، ئۇدۇن خانى بىزگە جەڭ ئېلان قىلىپ، قىلىچىنى قىنىدىن چىقارغانىكەن، بىزمۇ كىرىچلىرىمىزگە ئوقلىرىمىزنى بېسىپ تەييار قىلايلى. دەرھال ئاتلىنىپ، ئۇلارغا ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويايلى، — دېدى قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى قويۇق قارا ساقاللىرى سېمىزگىنە جىسمىغا ناھايىتى ياراشقان، تېخى ئۆتكەن يىللا سۇباشىلىققا ئۆستۈرۈلگەن تەكەباش سۇباشى ئىمكانقەدەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ، سۆزلىرىنى دانىمۇدانە چىقىرىپ، — بىز بۇغرا لەشكەرلىرى ھېچقاچان ياۋدىن قورقۇپ باققان ئەمەس، ئالىيلىرى پەرمان بەرسىلا، كەمىنە پېقىرلىرى ئۇلارنىڭ كۆزىگە يا ئوقى، يۈرىكىگە نەيزە بولۇپ سانجىلىشقا تەييارمەن!

تەكەباش سۇباشىنىڭ سۆزى باشقىلارغا تەسىر قىلدى بولغاي، ئەمدى ھەممەيلەن جانلىنىشقا باشلىدى:

— سۇباشى ئوبدان گەپ قىلدى. ياۋ ئالدىدا تىز پۈكۈشكە بولمايدۇ. بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلايلى.

— ئۇلارنى زېمىنىمىزغا باسقىن قىلىپ كەلگىنىگە «داد» دېگۈزمەك كېرەك!

— بارلىق لەشكىرىي كۈچىمىزنى چىقىرىپ بولسىمۇ، ئۇلارنى ئوردۇكەنت ئەتراپىغا يېقىن يولاتماسلىق زۆرۈر! پۈتۈن ئەلنى سەپەرۋەر قىلايلى، خان ئالىيلىرى، مېلى بارلار مال، كۈچى بارلار كۈچ چىقارسۇن. ئۇ بۇددىستلارنىڭ زېمىنىمىزنى بۇلغىشىغا ھەرگىز يول قويمايلى.

— ئارى، ھەق گەپ، بۇ ئىشنى زادى ئاشۇنداق قىلماق كېرەك. يارلىق چۈشۈرسىلە، خان ئالىيلىرى، سىلى مەيلى كىمنى بۇ ئورۇنغا ئەۋەتسىلە، بىز يارلىقلىرىغا پەرمانبەردارمىز.

خان ئوردا ئەركانلىرىدىن رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى. ئاندىن ئالدىنقى قېتىملىق لەشكىرىي يۈرۈشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كاشغەرنىڭ ئىلىك خانلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئارسلانخانلىق مەرتىۋىسى بېرىلگەن ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخانغا «سىزنىڭ قانداق ئويىڭىز بار، ئارسلانخان ئوغلۇم؟» دېگەندەك نەزەردە قاراپ قويدى. ئەپتىدىن ھازىرلا ياۋغا ئېتىلىدىغاندەك تەرزدە ئولتۇرغان ئەلى ئارسلانخان بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئاتىسىغا تىكتى:

— بۇ ئىش ھامان يۈز بېرەتتى، خان ئاتا. چۈنكى، ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئۆچ - ئاداۋىتىنى ئېلىشى مۇقەررەر ئىدى. مانا ئەمدى جاراھەت ئاخىر ئېغىز ئالدى. شۇڭا، قىلچە ئىككىلەنمەي پەرمان بەرگەيلا. مەن سەركەردە - سەرۋازلىرىم بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، ئۇلۇغ، سەلتەنەتلىك قاراخانىيلار خانلىقىمىزغا ۋە ئەلگە يامان كۆزدە قارىغان ئۇل مۇتتەھەم نائەھلىلەرگە كۈچىمىزنى كۆرسىتىپ قوياي. ئاللا كۈچ - مەددەت بەرسە بىر يولىلا تارمار قىلىپ، كۆلىنى كۆككە سورۇي.

مۇسا بۇغراخان ئوغلىنىڭ شىجائىتىدىن سۆيۈنگەندەك سۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، باشقىلارغا يەنە بىر قېتىم كۆز يۈگۈرتتى.

ـــ سىلەرنىڭ يەنە دەيدىغان گېپىڭلار بارمۇ، جانابلار؟

ـــ يارلىق بەرگەيلا، خان ئالىيلىرى. ئۆزلىرى قانداق يارلىق چۈشۈرسىلە، ئورۇنلاشقا بىز تەييار، ـــ دېيىشتى ئۇلار بىر ئېغىزدىن.

خان خېلى ئۇزاق جىمىپ كەتكەندىن كېيىن كەسكىن ئاھاڭدا دېدى:

ـــ يارلىق: كاشغەرنىڭ ئىلىك خانى ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان تەكەباش سۇباشى، قۇتلۇقتاش سۇباشىلار بىلەن بىللە بىر تۈمەندىن لەشكەرنى ئېلىپ دەرھال ئىككى كۈن ئىچىدە ياۋغا قارشى ئاتلانسۇن. كۈلۈك تۈمەنبېشى بەش مىڭ لەشكەرنى ئېلىپ ئەلى ئارسلانخانغا ياردەم بەرسۇن. تارىخچىلار ئۇلچىسى تورقانبەگ بىلەن ئالىم ـ سالىغ ئۇلچىسى بۆرىبەگ ئوردىشقا كېتەرلىك لەشكىرىي تەمىناتنى جۇغلاش ئۈچۈن پۈتۈن ئەلنى سەپەرۋەر قىلسۇن. شاھبەگ ئاغىچى بىر بۆلەك خىراجەت ئاجرىتىپ، لەشكەرلەرنىڭ قورال ـ ياراغلىرىنىڭ تېزدىن سەپلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلسۇن!

ـــ يارلىقلىرىغا پەرمانبەردارمىز، ئالىيلىرى، ـــ دېيىشتى ئىسمى ئاتالغان ئوردا ئەركانلىرى دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ـــ ۋەزىپىلىرىمىزنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئورۇنلايمىز.

ـــ غەيرىتىڭلارغا بارىكاللا! ـــ دېدى خان قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، ـــ ئېسىڭلاردا بولسۇن، بۇ ھەممىمىزنىڭ بېشىغا كەلگەن ئېغىر سىناق. سەللا بوشاڭلىق قىلساق خانلىقىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ بېشىنىمۇ قىلىچقا تۇتۇپ بېرىمىز!

ـــ خاتىرجەم بولسىلا، خان ئاتا، كەمىنە ئوغۇللىرى چوقۇم ئىككى سۇباشى بىلەن بىرلىكتە ياۋنى چېكىندۈرۈپ، خانلىقىمىزنىڭ ئاسمىنىدا پەيدا بولغان تۇمانلارنى پاك ـ پاكىز

تۈگىتىمەن، — دېدى ئەلى ئارسلانخان ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ تەۋازۇ بىلەن سەل ئېگىلىپ.

— ئوبدان، خان ئوغلۇم، ياراتقان ئۇلۇغ ئىگەم مۇراد - مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزگەي، — دېدى مۇسا بۇغراخان سەل ھاياجانلىنىپ، — بۇ جەڭدە قىلچە بىپەرۋالىق، ئالدىراقسانلىق، بىخۇدلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. شۇڭا، باشقا سانغۇنلار بىلەن ئوبدان ھەمكارلىشىپ، بىر يەڭدىن قول، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، ئەل - يۇرتىنىڭ ئۇل قارغىش تەگكۈر ئەغيارلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلغايسىز!

— ئىلەل، خان ئاتا. بۇ تەلىملىرىنى چوقۇم ئېسىمدە تۇتىمەن.

— ئەمىسە ھەممىڭلار تېزدىن ئۆز ئىشىڭلارغا كىرىشكەيسىلەر! كېڭەش تامام!

مۇسا بۇغراخاننىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ خاس ھۇجرىدىكى كېڭەش ئەھلى گۇررىدە ئورنىدىن تۇرۇشتى.

— يارلىقلىرىغا پەرمانبەردارمىز، ئالىيلىرى!...

ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئوردىلا ئەمەس، پۈتۈن ئوردۇكەنت تەۋرەپ كەتتى. خاندىن يارلىق تاپشۇرۇۋالغان ئوردا ئەركانلىرى قول ئاستىدىكى چاپارمەنلىرىنى تەرەپ - تەرەپكە ئەۋەتىپ ئۆز تەييارلىقلىرىغا چۈشكەندى. بولۇپمۇ كاشغەرنىڭ ئىلىك خانى ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەندى. ئۇ تەكەباش سۇباشى بىلەن قۇتلۇقتاش سۇباشىلارنى ئەگەشتۈرۈپ قوشۇنلارنى تېزلىكتە يىغدى - دە، قورال - ياراغلىرىنى تەكشۈرۈپ، يېتەرلىك لەشكىري تەمىناتنى ئېلىپلا، بەلگىلەنگەن قەرەلدە يولغا چىقتى. ئۇلار ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلەپ، قىزىل دەريادىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل يېڭىسار تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە ئۈچىنچى كۈنى كۈن تىكلەنگەن ۋاقىتتا يېڭىسارغا يېقىنلاشتى. كۈن ئىسسىق بولسىمۇ، غەربىي جەنۇب تەرەپتىن جانغا ھۇزۇر بەخش ئەتكۈچى ئىزغىرىن شامال ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇغرا قوشۇنىنىڭ ئالدى تەرىپىدە يول باشلاپ مېڭىۋاتقان تۇغچىلارنىڭ قولىدىكى قاراخانىيلارنىڭ ئۈچ

بۇرجەكلىك قىزىل دۇردۇندىن تىكىلگەن، چۆرىسىگە سېرىق چۇچىلار تۇتۇلغان، ساپ تەرىپىگە خانلىقنىڭ توققۇز شاخلىق دۆلەت بەلگىسى زەر يىپ بىلەن چېكىلگەن تۇغى لەپىلدەيتتى. تۇغچىلارنىڭ كەينىدە ماڭغان يۈرتۇغ[1]لارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر خىل رىتىمدا بۆرە يۇرۇشىدە كېتىۋاتقان گەۋدىلىك، يۈتلىرى ئىنچىكە چىلان تورۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان ئەلى ئارسلانخان ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قاراپ قويۇۋاتاتتى. ئۇ كېچىچە ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى قانداق چېكىندۇرۇشنى ئويلاپ، تۇزۇك كىرپىك قاقماي چىققاچقىمۇ، سەل چارچاپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەگەر پۇرسەت بولسا، پۇتلىرىنى ئۈزەڭگىدىن سوزۇپ بىردەم يېتىپ، كۆزلىرىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغۇسى بار ئىدى...

توساتتىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يىراقتىن چېكىتتەك ئوخشاش بىرنەرسە كۆرۈنگەندەك بولدى. ئەلى ئارسلانخان تېخىمۇ سىنچىلاپ تىكىلدى. ھېلىقى نەرسە بارا ـ بارا چوڭىيىپ، ئاتلىق بىرسىنىڭ بۇغرا قوشۇنى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. مۇشۇنداق كۆز يەتكۈسىز سايلىقتا توساتتىن بىراۋنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇشى ئەلى ئارسلانخاننى ھەيران قالدۇردى. شۇڭا، ئۇ ئاتلىق كىشىدىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ كېتىۋاتاتتى. ئاتلىق كىشىمۇ ھايالشىمايلا بۇغرا قوشۇنىغا يېقىنلىشىپ، تۇغچى قوشۇن كەينىدىنلا مېڭىۋاتقان يۈرتۇغلار تەرەپتە ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى. ئەلى ئارسلانخان ئۇنىڭ بۇغرا قوشۇنى لەشكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيىۋالغانلىقىنى، ئېتىنىڭ تەرلەپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قاغىلىق تەرەپتىن خەۋەر ئەكەلگەن ئارقىش ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى ـ دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى ئوڭ تەرەپكە تارتىپ، يۈرتۇغلارنىڭ ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. شۇنىڭغىچە ئارقىشمۇ ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوڭ پۇتىنى سەل ئېگىپ چېرىكچە سالام بەرگەندىن كېيىن ئالدىراپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ــ قاغىلىق سېپىلىنىڭ ھىراۋۇلى قارابۇقا مىڭبېشى

---

① يۈرتۇغ ــ مۇھاپىزەتچى.

ئۆزلىرىگە ياۋنىڭ يېڭىساردىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل ئوردۇكەنت تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى مەلۇم قىلىشىنى ئېيتتى، ئالىيلىرى. ھازىر ياۋ خۇددى سەرەتان ئىسسىقتىكى كەلكۈن سۈيىدەك باستۇرۇپ كەلمەكتە. ئۇلار ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى يەردەش①لىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ مۈلۈكلىرىنى بۇلاپ، ئۆيلىرىگە ۋە مەسچىتلەرگە ئوت قويۇپ كېلىۋاتىدۇ.

ئەلى ئارسلانخاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىدىن كۈچلۈك غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرىدى. ئۇ ئالدىغا — يېڭىسار تەرەپكە قاراپ قويۇپ سورىدى:

— قارابۇقا مىڭبېشى ھازىر قەيەردە؟

— بۇددىستلار قاغىلىق سېپىلىغا ھۇجۇم قىلغاندا، قارابۇقا مىڭبېشى ئۆز لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئۇلار بىلەن ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلدى. ئەمما، ياۋ كۆپ، بىز ئاز بولغاچقا، ئۆلۈم ـ يېتىم ئېغىر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بولدۇق. قارابۇقا مىڭبېشى بىر تەرەپتىن چېكىنىپ، يەنە بىر تەرەپتىن پايدىلىق يەر شارائىتىغا ئىگە بولسىلا ياۋغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى خېلى چىقىمدار قىلدى. شۇنداقتىمۇ، ياۋ لەشكىرى كۈچ جەھەتتە ئۈستۈن بولغاچقا، كۆپ توسالغۇغا ئۇچرىماي ئىلگىرىلەۋاتىدۇ. ھازىر قارابۇقا مىڭبېشىنىڭ يېنىدا يېنىكرەك يارىدار بولغان لەشكەرلەرنى قوشقاندا بار ـ يوقى ئىككى يۈز ئەللىك ئەتراپىدا لەشكەر بار. ئۇلار ياغى يېقىنلاشسا، يا ئوقى ئېتىپ، ھۇجۇم قىلسا چېكىنىپ دېگەندەك ئۇلارنىڭ ئىلگىرىلىشىنى ئازراق بولسىمۇ كەينىگە سۈرۈۋاتىدۇ.

ئەلى ئارسلانخاننىڭ قەلبى بىردىنلا ھاياجانغا چۆمدى. ئۇ قارابۇقا مىڭبېشىنى بىرنەچچە قېتىم يىراقتىن كۆرگەن. ئەمما، دەرقەمتە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، مۇسا بۇغراخان ئالدىنقى قېتىم قاغىلىقتىن قايتار چاغدا قارابۇقىنىڭ قاغىلىق سېپىلىدە مىڭبېشى بولۇپ قالدىغانلىقىنى جاكارلىغاندا، ھەيرانلىققا پاتقانىدى.

ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئېسىگە شۇ چاغدىكى سۆھبەت كەلدى:

① يەردەش — يۇرتداش، مەھەللىداش.

www.uyghurkitap.com

— قارابۇقا مىڭبېشى سېپىلنى تۇتۇپ تۇرالارمۇ؟ تاسادىپىي بىرەر ئىش چىقىپ قالماس ـ ھە، خان ئاتا؟

— قانداق دەيسىز، ئوغلۇم؟ — خان ئوغلىنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمىگەندەك قايتۇرۇپ سورىغانىدى.

— قارابۇقا مىڭبېشى خانلىقىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇ جاپالىق چوڭ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟

— ھا ـ ھا ـ ھا... سىزنىڭ قايسى ئىشتىن ۋايىم يەۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندىم، ئوغلۇم، — دېگەنىدى خان، — خاتىرجەم بولۇڭ. قارابۇقا ناھايىتى تەدبىرلىك، ئەستايىدىل ئادەم، ئۇنىڭ لەشكەر بولغىنىغىمۇ تالاي يىللار بولدى. قارابۇقا ئۆزىنىڭ لەشكەرچىلىك ئىشلىرىدىكى قابىللىقى، جەڭدىكى باتۇرلۇقى بىلەن ئاستا ـ ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ئونبېشى، يۈزبېشى، ئاخىرىدا مىڭبېشى بولغان. تېخى نەچچە قېتىم «تۇڭگا»، «چاغرى» دېگەن شەرەپناملىرىغىمۇ نائىل بولغان. شۇڭا، قارابۇقا مىڭبېشىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۇ كىشىنى خۇددى سەلتەنەتىمىزنى، شانۇشەۋكىتىمىزنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان مۇشۇ ھەشەمەتلىك ئوردىمىزنىڭ قاپقىسىغا سېلىنغان قۇلۇپ ئورنىدا كۆرىۋەرسەڭ بولىدۇ...

مانا شۇ سۆھبەتلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە تالاي يىللار بولدى. قارابۇقىمۇ بۇ ئارىدا ئوردۇكەنتكە ئىككى قېتىم كەلدى. لېكىن، ھەر ئىككىلا قېتىمدا ئەلى ئارسلانخان ئوردۇكەنتتە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ بىلەن دىدارلىشالمىدى. ئەمما، ئۇ بىرنەچچە قېتىم قول ئاستىدىكى چاپارمەنلىرىدىن مىڭبېشىنىڭ ئۆيىگە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئەۋەتىپ بەرگەنىدى. مانا ئەمدى...

ئەلى ئارسلانخان كۆز جىيەكلىرىنىڭ نەمدەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، سۆزنى بۇرىدى:

— ياۋ ھازىر بىزدىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟

— ئارام ئالماي يۈرۈش قىلسا ئەتە ئەتىگەندە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ، ئالىيلىرى.

ئەلى ئارسلانخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئەتراپقا قارىدى ـ دە، ئاللىقانداق ئىشلارنى قىياس قىلىۋاتقاندەك سەلگىنە تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۈنلۈك ئاۋازدا دېدى:

— يارلىق، يۈرۈش توختىتىلسۇن، دەرھال كەينىمىزگە يېنىپ، كېچىدىن چۈشكۈن قىلغان ئېقىن بويىغا چېدىر ـ بارگاھلار قۇرۇلۇپ، مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى تەييارلانسۇن !...

بوغرا قوشۇنى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى. ئەلى ئارسلانخان تېزلىك بىلەن چېكىنىۋاتقان لەشكەرلىرىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئارقىشقا تىكىلدى:

— سىزمۇ ئېتىڭىزنى قوشۇنىمىزدىكى ئەڭ ئۇچقۇر ئاتلارغا ئالماشتۇرۇپ دەرھال ئاتلىنىپ، مىڭبېشىغا خەۋەر يەتكۈزۈڭ، پالۋان. مىڭبېشى ئەمدى دەرھال چېكىنىپ بۇ يەرگە كەلسۇن. ياۋغا ئۇرتاق قارشى تۇرايلى.

— ئىلھەل، ئارسلانخان ئالىيلىرى، يارلىقلىرىغا پەرمانبەردارمەن... — ئارقىش ناھايىتى تېزلا چېرىكچە سالام بەردى ـ دە، تېخىچە نەپسى يېتىشمەي، ئېغىر ھاسىراپ تۇرۇۋاتقان ئېتى تەرەپكە بۇرالدى.

ئەلى ئارسلانخانمۇ چىلان تورۇقنىڭ باشبېغىنى كۈچ بىلەن تارتىپ، لەشكەرلەر قايتقان يۆنىلىشكە توغرىلىدى.

## 8

ئىككى ئايدىن بۇيان ئوردۇكەنت ۋەھىمىگە ئىچىدە قالغانىدى. يۇقىرىسى خاندىن باشلاپ، تۆۋىنى بىر ۋاخ قورسىقى تويسا رازى بولىدىغان تارىغچىلارغا قەدەر ئولتۇرسا ـ قوپسا قىلىدىغان پارىڭى ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ ئوردۇكەنتنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغىنى ئىدى. كوچا ـ كويلاردا ھەر خىل پاراڭلار ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. بەزى گەپلەرگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسىمۇ كەلمەيتتى.

— ئۇدۇن خانى بۇ قېتىم تولۇق تەييارلىق قىلىپ كاشغەرگە

ھۇجۇم قىپتۇ. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى مۇسا بۇغىراخاننىڭ بىر قوشۇق قېنىنى ئىچىپ، بۇرۇنقى ئەنئەنىنى ئالمەن، ئاندىن پۈتۈن مەسچىت، مەدرىسەلەرنىڭ ئورنىغا بۇتخانىلارنى بىنا قىلىپ، كاشغەر خەلقىنىلا ئەمەس، پۈتۈن قاراخانىيلار زېمىنىدا بۇددا دىنىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىمەن، دېگەنىمىش.

— ياغلاقار قالۇ خاننىڭ بۇ قېتىم پەيلى بەك يامان ئىكەن. ئۇ قاغىلىقتىن قىزىل دەريانىڭ بويىغا كەلگۈچە يولدا ئۇچرىغانلىكى جانلىقنى ئۆلتۈرۈپ، نەسلىنى تامامەن قۇرۇتۇپ ماڭغانىمىش. ئەگەر كاشغەر خەلقى ئەسلىي ئېتىقادىغا يانمىسا، پۈتۈن يۇرتنى تۈپتۈز قىلىۋېتىپ، كۆز يېتىم يەردە بىر تال تۇخۇم قويسا بىمالال كۆرگۈدەك قىلىۋەتمىسەم ئۇدۇن ئۆلۈغ ئاغىلىق ۋىسارا خانلىقىنىڭ خانلىق تەختىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن، دەپتۇدەك.

— ياغلاقار قالۇنىڭ ئىككى سانغۇنى ئالامەت يامان ئادەملەر ئىكەن. ئۇلار ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان چىۋىنغىمۇ ئوق ئېتىپ تەگكۈزەلەيدىكەن.

— ئۇ پالۋانلار بىلەن جەڭدە روبىرو بولۇپ قالغانلار قىلىچىنىڭ زەربىسىدىن ئەمەس، ئۇنىلۇكرەك يۈتەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالسىمۇ، قورقۇنچتا يۈرىكى يېرىلىپ كېتىپ تىن تارتماي ئۆلۈپ قالىدىكەن.

— ئۇلار ۋىژىلداپ ئوق ئېتىلىۋاتسىمۇ پەرۋا قىلماي مېڭىۋېرەرىمىش. چۈنكى، ئۇلارغا ئېتىلغان يا ئوقلىرى ئالدىغا كەلگەندە يانغا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەرىمىش. تاسادىپىي ئوق تېگىپ كەتسىمۇ ئوق تەگكەن يەردىن قان چىقماسىمىش. ئوقنى ئېلىۋەتكەن ھامانلا ئوق تەگكەن جاي يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كېلىپ قالارىمىش.

— قارىغاندا مۇسا بۇغراخان ياۋغا تاقابىل تۇرالمىغۇدەك. چۈنكى، ياۋنىڭ لەشكىرى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن.

— ياق، مۇسا بۇغراخان پۈتۈن ئەلنى چاقىرىق قىلغۇدەك.

قولىدا ياراغ تۇتالايدىغانلا ئەركەك بولسا ھەممىسى ئۇرۇشقا قاتنىشارىمىش.

— ياراتقان ئىگەم ئۆزۈڭ بار. بىزگە سىڭار كۆزۈڭدە بولسىمۇ قاراپ رەھىم - شەپقەت قىل. بولمىسا پۈتۈن ئەۋلادىمىز قىرىلىپ تۈگىگۈدەك.

— بەلكىم ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس. ھېلىتىن تەگمىگەن تاياقتا ۋايجان دېمەيلى، مۇسۇلمانلار. خانىمىزمۇ ئۇلارغا «بېشىمنى ئالمەن دېسەڭ مانا» دەپ بويۇن ئېگىپ تۇرماس.

— ھازىر مۇسا بۇغرا قاراخانىمۇ ئۇلارغا قارشى لەشكەر تارتىشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشۈپتۇدەك. ئوردىدىكى ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ياۋنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن چېكىندۇرۇپ، ئۇلارنى كەلگەن يېرىگە قايتۇرۇۋېتەرىمىش.

— يائاللا، راست ئاشۇنداقمۇ بولارمۇ؟

— بولماي، بۇغرا قوشۇنىمۇ تولۇق تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپتۇ. ئەلى ئارسلانخان ئاتا - بوۋامىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جىمى زېمىننى قايتىدىن قولۇمغا ئالمىسام قارا يۈز بولۇپ كېتەي، دەپ قەسەم ئىچىپتۇدەك.

— بۇغرا قوشۇنى راستلا ياغلاقار قالۇننىڭ قوشۇننى مەغلۇپ قىلالارمۇ؟

— بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ. ساتۇق بۇغراخانمۇ بىر چاغلاردا ماۋەرائۇننەھىر تەرەپلەرگە ھۇجۇم قىلغاندىمۇ سەمەرقەند، شاش، پەرغانە دېگەن جايلارنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا باش ئەگدۈردى ئەمەسمۇ؟ ئۇدۇنلۇقلەر «ئۇچىسى قىچىشقان ئېشەك دۆڭگە تارتىپتۇ» دېگەندەك، بىكارچىلىقتا قىلغىلى ئىش تاپالماي خانىمىزغا شىلتىڭ ئېتىپتۇ. ئەمدى خانىمىز بىرلا ھۇجۇم قىلسا ياغى لەشكەرلىرىنىڭ قورقىنىدىن جېنى چىقىپ كېتىدۇ.

— بۇ گەپلەرگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. ئەگەر مۇسا بۇغراخاننىڭ لەشكەرلىرى باتۇر بولسا، ياغىنى قاغىلىقتا،

يېڭىساردا ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەي قىزىل دەرياسىنىڭ بويىغىچە باشلاپ كەلمەس ئىدى. يەنە تېخى ئەلى ئارسلانخانمۇ يېڭىسارغا يېقىن يەردە ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراپ يۈرمەس ئىدى؟

— ئېھتىمال، ئەلى ئارسلانخانىنىڭمۇ بۇ ئىشتا ئويلىغىنى باردۇر. قاراپ تۇرۇڭلار، ئۇزاققا قالماي ئۇدۇنلۇقلەرگە چاشقان تۆشۈكى ساراي كۆرۈنىدىغان كۈنلەرمۇ كېلىدۇ.

— ھەي تاڭ جۇمۇ، بىر نەرسە دەپ بولغىلى بولمايدۇ...

— كېلىدۇ، قاراپ تۇرۇڭلار - ھە!...

بۇنداق گەپلەر ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. ئەگەر ئۇرۇش توغرىسىدا بىرەر يېڭى گەپ پەيدا بولۇپ قالسا، شۇ كۈنى پۈتۈن كاشغەر تەۋەسىگە تارقىلىپ ئۈلگۈرەتتى. پۈتۈن ئاۋامنىڭ ئويلايدىغىنى، كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئۇرۇش ئىدى.

قاراخانىيلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمدارى بولغان مۇسا بۇغراخاننىڭ بۇ ھەقتە ئويلايدىغىنى تېخىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ ئەلى ئارسلانخاننى ئىككى تۈمەنبېشى بىلەن ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى توسۇپ زەربە بېرىشكە بۇيرۇغان چاغدا ئوغلىدىن ناھايىتى چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتكەنىدى. بىراق، ئەلى ئارسلانخان ئارقىشىنىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلاپ، كەينىگە يېنىپ، ئەمدىلا چېدىر - بارگاھلىرىنى قۇرۇپ تۇرۇشىغا نوقتەرىشىنىڭ لەشكەرلىرى دەھشەتلىك كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەلدى - دە، ئەلى ئارسلانخان لەشكەرلىرىنى سەپراس قىلىپ بولغۇچە ھۇجۇمنى باشلىدى. ئىككى تەرەپ ھايات - ماماتلىق بۇ جەڭنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، جان تىكىپ ئېلىشتى. بىر ئاش پىشىم بولمايلا بىپايان دالانى ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى قاپلىدى. ئىگىسىز ئاتلار ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە چېپىشقا باشلىدى. يارىلانغانلارنىڭ يۈرەكنى ئېزىدىغان نالىلىرى پەلەككە يەتتى. ئەلى ئارسلانخان تەكەباش سۇباشى ۋە قۇتلۇقتاش سۇباشى بىلەن ئۈچ ھالقىلىق سەپ تۈزۈپ، بارلىق لەشكىرىي كارامەتلىرىنى چىقارغان بولسىمۇ، بۇغرا قوشۇنىنىڭ تالاپىتى

ئىزچىل كۆپىيىپ كەتتى. ئاخىر ئۇلار ياۋغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقلىرىنى ھېس قىلىپ، لەشكەرلەرگە تېزدىن چېكىنىشكە پەرمان چۈشۈردى. ئەلى ئارسلانخان ئۆز كۆڭلىدە چېكىنىپ تۇرۇپ، پايدىلىق پۇرسەتكە ئېرىشىسىلا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى پىلانلىغانىدى. ئەمما، «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دېگەندەك، بۇغرا قوشۇنلىرى چېكىنگەنسېرى ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئۇلارغا قىلچىلىك ئاراملىق بەرمەي، تاپ بېسىپ قوغلاپ ھۇجۇم قىلىپ، قىزىل دەريا بويىغا قەدەر قىستاپ كەلدى. ئەھۋالنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن خەۋەر تاپقان مۇسا بۇغراخان ئوردىدىكى زاپاس لەشكەرلەرنى چاقماق تېزلىكىدە ياردەمگە ئاتلاندۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇدۇن لەشكەرلىرى دەريا بويىدا بارگاھ قۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداقتىمۇ، نوقتەرىش، چوقتەرىشلەر كۈن ئارىلاپ ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. مۇسا بۇغراخانمۇ ئاۋامنىڭ ئۆزىگە بولغان ئەقىدە، ئىشەنچىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن بارلىق لەشكىرىي كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئوردۇكەنتنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىپ، ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۈنۈملۈك ھالدا ئەجەللىك زەربە بېرەلمەيۋاتاتتى. شۇڭىمۇ ئۇدۇنلۇكلەرنىڭ ئىككى ئايدىن بۇيانقى مۇھاسىرىسى مۇسا بۇغراخاننى ئەنسىرىتىپ قويۇۋاتاتتى. ھېلىقى كۈندىكى كېڭەشتىن كېيىن تارىخچىلار ئۆلچىسى تورقانبەگ، ئالىم ـ سالىغ ئۆلچىسى بۆرىبەگلەر يارلىق بويىچە قول ئاستىدىكى چاپارمەنلەرنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىپ ئالۋان ـ ياساقنى كۆپەيتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۈنلەردە ئەل ـ رەئىيەتنىڭ تۇرمۇشىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغاچقا، يىغىلغان لەشكىرىي تەمىناتمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. شۇڭا، ئوردا خەزىنىسىدىن خېلى كۆپ مىقداردا خىراجەت ئاجرىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئېھتىياجنى قاندۇرالمايۋاتاتتى. ئامالسىز قالغان خان ئوردۇكەنتتىكى مۆتىۋەر بايلارنى، سودىگەرلەرنى،

ئىكتىلارنى، قولىدا ۋەج ـ خىراجىتى كۆپ كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوردىنىڭ قوبۇلخانىسىغا جەم قىلىپ، ئۇدۇن ئېلى بىلەن قاراخانىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ھازىرقى ئەھۋالنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى، نۆۋەتتە لەشكىرىي تەمىناتنىڭ تولىمۇ جىددىي ئىكەنلىكىنى، ئاۋامدىن ئېلىنىۋاتقان ئالۋان ـ ياساق كۆپ بولسىمۇ، بۇ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇ كېڭەشكە چاقىرىلغانلارنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ ياردەم بېرىشى كېرەكلىكىنى ئۆتۈندى. بۇ گەپ بىلەن تەڭ كېڭەشكە چاقىرىلغانلارنىڭ چىرايلىرى خۇددى زەپىراندەك سارغىيىپ، پېشانىسىدە مونچاق ـ مونچاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى، ھەممەيلەن پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مۇسا بۇغراخان ئۇلارغا بىر ـ بىرلەپ قاراپ چىقىپ، كۆزلىرى بىلەن ئۇلارنى سۆزلەشكە ئۈندىگەن بولسىمۇ، ئۇلار خاننىڭ ئۆزىگە نېمە سەۋەبتىن تىكىلگەنلىكىنى ئۇقمىغاندەك گۆشىيىپ تۇرۇشتى.

خان بۇلاردىن لەشكىرىي ياردەم ئېلىشنىڭ پېتىر نانىدىن قىل سۇغۇرغاندىنمۇ تەسلىكىنى ھېس قىلدى ـ دە، كەسكىن تەدبىر قوللانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ كەسكىن تەلەپپۇز بىلەن ئەتىدىن باشلاپ كېڭەشكە چاقىرىلغانلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ ئېنىقلايدىغانلىقىنى، ئېنىقلانغان مال ـ مۈلۈكنىڭ بەشتىن ئۈچ قىسمىنى بۇ قېتىمقى جەڭ خىراجىتى ئۈچۈن ئاجرىتىدىغانلىقىنى، ئەگەر قارشىلىق قىلغۇچىلار بايقالسا بارلىق ئەسلى ـ ۋەسلىنى تامامەن خانلىق خەزىنىسى ئۈچۈن مۇسادىرە قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا پۈتۈن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ قىستاقا ئالىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. كېڭەش ئەھلى مۇسا بۇغراخاننىڭ ئەلپازىنىڭ يامانلىقىدىن قورقىتىمۇ ياكى ئۇنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى، دېگىنىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ قالدىمۇ، ئۆيگە ئادەم بېرىپ بولغۇچە، ئۆزلىرى ئېغىز ئېچىپ، ئەھۋالىغا يارىشا ياردەم

قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

ئۇدۇنلۇقلەرنىڭ قامالى سوزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ھازىرقى جىددىي ۋەزىيەتنى تېزدىن ئۆزگەرتىش، ئاقىۋەتنىڭ قانداق بولۇشىنى مۆلچەرلىمەك تەس ئىدى. مۇسا بۇغراخاننىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كەتكەنىدى. بىرنەچچە قېتىم كېڭەش قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما «ھۇجۇم قىلايلى، ياغىدىن قورقۇپ كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالساق، ئاۋامنىڭ قەلبىنى تەۋرىتىپ قويىمىز» دېيىش بىلەن «ياۋ يىراقتىن كەلدى. شۇنچە لەشكەر، ئات ــ ئۇلاغلارغا ئۇدۇندىن لەشكىري تەمىنات يۆتكەپ كېلىش ئاسان ئەمەس. شۇڭا، بىز مۇداپىئەنى كۈچەيتسەك، ئۇزاققا قالمايلا ئۇلارنىڭ لەشكىري تەمىناتى ئېھتىياجىنى قاندۇرالماي، ئۇرۇشتىن رايى يېنىپ كېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتىلا بىرلا ھۇجۇم قىلساق، نۇسرەت قۇشى بېشىمىزغا قونىدۇ. شۇڭا، ھازىرچە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى چېكىندۈرىمىز دېمەي، مۇداپىئەنى يەنىمۇ كۈچەيتەيلى» دېگەندەك ئىككى خىل قاراشتىن باشقا يېڭى گەپ يوق ئىدى. خان قايسى تەرەپنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلىپ، قايسى تەرەپنىڭ پىكرىنى رەت قىلىشنى بىلمەيتتى.

ئەلى ئارسلانخان ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش تەرەپدارى ئىدى.

— كۆپ ئىككىلىنىشنىڭ ئورنى يوق، خان ئاتا. شەھەردىن چىقىپ ئۇلار بىلەن ئېلىشايلى. يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم...

— بۇ گەپلىرىڭىز ئورۇنلۇق، ئارسلانخان ئوغلۇم. ئەمما، سەمىڭىزدە بولسۇنكى، ياغلاقار قالۇنىڭ بۇ قېتىمقى نىيىتى بەك يامان. ئەسلىي مەن سىزنى ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرەلمىسىمۇ، يېڭىسارنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆتكۈزمەيدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەمما، ياغىنىڭ لەشكىرى كۆپ، ياراغلىرى خىل بولغاچقا، قىزىل دەريا بويىغىچىلىك قىستاپ كېلىپ، ئىككى ئايدىن بۇيان بىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك، ئۇلار ئادەتتىكى تەييارلىق بىلەن كەلمىگەن. كېڭەشتە

ئاڭلىدىڭىز، ئوغلۇم، بىر قىسىم ئوردا ئەركانلىرىنىڭ پەقەت جەڭ قىلغۇسى يوق. «قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ» دېگەندەك، ياغىنىڭ ھۇررا ـ سۈرەنلىرى ئۇلارنىڭ قورقۇنچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلار ھازىر ئەلنىڭ غېمى بىلەن ئەمەس، ئۆزىنىڭ، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ، مال ـ دۇنياسىنىڭ غېمى بىلەنلا قالدى. ئۇلار ئۇزاق يىللاردىن بېرى خانلىقىمىزنىڭ ئاش ـ نېنىنى، تۇزىنى يېگەنلىكى ئۈچۈن ئازراق يۈزى قىزىرىپ يېنىمىزدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئەتە ـ ئۆگۈن سايىسىنىمۇ كۆرەلمەي قېلىشىمىز مۇمكىن. بۇ بىرنەچچە ئادەمنىڭ ئىشى قارىماققا كىچىك كۆرۈنگىنى بىلەن ۋاقتى كەلگەندە پۈتۈن ئەلدىكى تارىغچىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھازىر ئوردۇكەنتتە بولۇۋاتقان ئەپقاچتى پاراڭلاردىن خەۋىرىڭىز بار. ئەلنىڭ كۆڭلى ئارامىدا ئەمەس. قانداقتۇر مۇدھىش پاراڭلار كوچا ـ كويلارنى كېزىپ يۈرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر بىز دۈچ كەلگەن ۋەزىيەتنى توغرا تونۇيالماي قالغان پۇرسەتتە بەزى پىتنىخورلار توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلىغاندەك ئەپقاچتى گەپلەرنى بازارغا سېلىپ، ئەلنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ پاراكەندە قىلماقتا. بۇنداق كېتىۋەرسە، تارىغچىلارنىڭ كۆڭلى تەۋرىنىپ قالىدۇ ـ دە، بىزگە بولغان ئىشەنچى سۇسلىشىشقا باشلايدۇ. يېقىندىن بۇيان ئوردۇكەنتتىكى ئايغاقچىلار ئېلىپ كېلىۋاتقان خەۋەرلەر ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. شۇڭا، ئىشلارنى بەك يۈزە ئويلاپ، ئالدىراقسانلىق قىلساق بولمايدۇ.

ــ ئۇنداقتا ئۆزىمىزنىڭ ھالاكىتىمىزنى كۈتۈپ تۇرامدۇق، خان ئاتا؟ ــ دېدى ئەلى ئارسلانخان سەل قىزىشىپ، ــ «ئۇيانغا سۆرىسەك ھارۋا ئۆرۈلسە، بۇيانغا سۆرىسەك شوتا سۇنسا». ياغلاقار قالۇ پۈتۈن لەشكەرلىرى بىلەن جاھاننى بېشىغا كىيىپ، ئوردۇكەنتنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالسا، بىز قارشىلىق كۆرسەتمەي، خالىغىنىڭنى قىل دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرامدۇق؟

مۇسا بۇغراخان ئوغلىنىڭ سۆزىدىن ئەجەبلەنگەندەك ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدى ـ يۇ، ئالدىراپ ئېغىز ئاچمىدى. دېمىسىمۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان ياغلاقار قالۇنىڭ لەشكەرلىرى نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، ئاستانە قوۋۇقىدىكى بۇغرا لەشكەرلىرىنى خېلىلا ھالسىرىتىپ قويغانىدى. نەچچە كۈن ئىلگىرىكى بىر قېتىملىق ھۇجۇمى ناھايىتى كۈچلۈك بولدى. ئەگەر شۇ چاغدا ئەلى ئارسلانخان ئارقا تەرەپتىن لەشكەر ئەۋەتىپ ياردەمگە لەشكەر كەلگەندەك كۆرۈنۈش ھاسىل قىلمىغان بولسا، ياۋ بەلكىم ھېلىغىچە ئوردۇكەنتنى تامامەن ئىشغال قىلىپ، پۈتۈن كاشغەر زېمىنىنى بېسىۋالغان بولاتتى. ياۋ ئۆزلىرىچە قاراخانىيلار قۇزئوردۇ①نىڭ لەشكەرلىرىنى ياردەمگە چاقىرغان ئوخشايدۇ دەپ خاۋاتىرلىنىپ، ئوپۇل ـ توپۇللا جەڭنى ئاخىرلاشتۇرغان چاغدا ئەلى ئارسلانخانمۇ تىم②غا ئوت يېقىپ چېكىنىش بۇيرۇقىنى بەرگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، ياغى نەچچە كۈندىن كېيىنلا يەنە قىلىچىنى قىنىدىن چىقاردى. بۇ جەرياندا بۇغرا لەشكەرلىرى خېلى تىرىشچانلىقلار بىلەن ئۇلارنى چېكىندۈرۈپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، بۇنداق ھالەتنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىغا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى.

— قېنى گەپ قىلسىلىچۇ، خان ئاتا، — دېدى ئەلى ئارسلانخان ئاتىسىنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، — يا پىتنە ـ پاسات تارقاتقان ئۇل مەلئۇنلارنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلايلى، يا ياۋ بىلەن ئېلىشايلى. بۇ جىمجىت يېتىپ ئۆلۈمىمىزنى كۈتكەندىن ياخشىراق...

مۇسا بۇغراخان چىرايلىق ياسىتىلغان ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ دېدى:

— بەزى گەپلەرنى دېمەككە ئوڭاي، ئوغلۇم. قورۇقچىبېشى

---

① قۇزئوردۇ — ئىلىكخانلار تۇرىدىغان ئوردا، شۇ ۋاقىتتا بالاساغۇننى كۆرسىتەتتى.

② تىم — ئۇرۇش ۋاقتىدا ئوت يېقىپ بەلگە بېرىدىغان ئورۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توغرۇلبەگنىڭ ئېيتىشىچە، ھازىر شەھەرىستاندا پىتنە ـ پاسات تارقىتىۋاتقانلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار دەيدىغىنىنى دەپ بولۇپلا، خۇددى يەر يۇتقاندەك بىردەمدىلا غايىب بولۇپ كېتىدىكەن. قارىغاندا ئىشلار بىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئاددىي بولمىسا كېرەك. شۇنداقتىمۇ، ھازىر ئايغاقچىلارنى كۆپەيتىپ، پىتنە ـ پاسات تارقاتقۇچىلاردىن بىرسى بايقالسا بىرسىنى، ئونى بايقالسا ئونىنى قىسىقتا ئېلىپ، سوراق قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردۈم. ئەگەر ئۇلار بىز يايغان تورغا چۈشۈپ قالسا، ئاندىن قانداقلا تەدبىر قوللانساق بولىۋېرىدۇ. ئەمما، ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلساق، نۇسرەت قازانساقمۇ مەيلى. ئالمادىس تالاپەت تارتىپ، پاتىپاراقچىلىقتا ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى سېپىل ئىچىگە كىرىۋالسا...

بۇغراخان ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇ خېلىدىن بېرى مانا مۇشۇنداق ئاچا يول دوقمۇشىغا كېلىپ قالغان سائىلدەك تەمتىرەپ قالغانىدى. نەچچە قېتىم ئۆزى لەشكەر باشلاپ سېپىل قاپقىسىدىن چىقىپ، ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسىمۇ، يەنە ئۆزىنى توختىتىۋالغانىدى. شۇ تاپتىمۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلىغان بولسىمۇ، بەزى گەپلەرنى ئوغلىغا قانداق دېيىشىنى بىلمەيۋاتاتتى.

— ماڭا پەرمان بەرسىلە، خان ئاتا. ئاۋۋال مەن ئۇلار بىلەن يەنە بىر مەرتەم ئېلىشىپ باقاي. ئۇلارنى ھازىرقى ئورنىدىن قوزغىيالىساق تېخى ياخشى. قوزغىيالمىغۇدەك، ئۇلارغا تەڭ كېلەلمىگۇدەك بولسام جەڭنى يىغىشتۇرۇپ، سىلى ئويلىغاندەك تالاپەتنىڭ ئالدىنى ئالاي، — دېدى ئەلى ئارسلانخان خان ئاتىسىنىڭ كۆزىگە دادىللىق بىلەن تىكىلىپ، — راستىنى ئېيتسام، بۇ بۇرۇقتۇرمىچىلىقتا پەقەت چىدىيالماي قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمىنە ئوغۇللىرى كاشغەرنىڭ ئىلىكخانى! ئەلنىڭ، خانلىقنىڭ بېشىغا مۇشۇنداق ئېغىر كۈنلەر كەلسە، قول

قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇۋالسام قاملاشماس. شۇڭا، ئەمدى بىزمۇ تەۋەككۇل دەرياسىغا كىرمە سېلىپ باقايلى.

— بۇ ئىشىمىز قاملىشارمۇ، خان ئوغلۇم؟ — مۇسا بۇغراخان ئىككىلەنگەندەك پەس، ئەمما ۋەزمىن ئاھاڭدا سورىدى.

— بۇ تەرىپىنى كۆپ ئويلىساق ئەلنىڭ ئىشەنچىنى تېخىمۇ بوشاشتۇرۇپ قويىمىز. شۇڭا، ماڭا دۇئا بەرسىلە، خان ئاتا، ئۆلسەم شېھىت، قالسام غازى...

ئوغلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان مۇسا بۇغراخاننىڭ قەلبى لەرزىگە كېلىپ، لەۋلىرى نېمىشقىدۇر ئۈمچەيدى - يۇ، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، دەماللىققا نېمە دېيىشىنى بىلەلمىگەندەك بىرپەس ئولتۇرۇپ قالدى. دېمىسىمۇ ئەلى ئارسلانخاننىڭ دېگەن گەپلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. قاراخانىيلار تەرەپ قانچە ئۇزاق سوكۇت قىلغانسېرى ئۇدۇن لەشكەرلىرى مۇھاسىرىنى بارغانسېرى تارايتىپ، ھوجومنى كۈچەيتىشى تەبىئىي ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار مۇشۇنداق تىركىشىش ۋەزىيىتىنى ساقلاۋاتقىلى ئىككى ئايدىن ئېشىپ كەتتى. ئەگەر بۇ ئىش داۋاملىشىۋەرسە...

خان بىردىنلا بىر قارارغا كەلگەندەك نېمىشقىدۇر ئۈنلۈك يۆتىلىپ قويدى. دەل شۇ چاغدا مۇسا بۇغراخاننىڭ خاس خانىسىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، سارىغ بۇقا كىرىپ كەلدى - دە، «قانداق تاپشۇرۇقلىرى باركىن، خان ئالىيلىرى؟» دېگەندەك تىكىلدى.

— ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە خەۋەر قىلىڭ، دەرھال بۇ يەرگە كەلسۇن، كېڭەش قىلىدىغان جىددىي ئىش بار. يەنە تەكەباش سوباشى بىلەن قۇتلۇقتاش سوباشىغىمۇ خەۋەر بېرىۋېتىڭ. ئۇلارمۇ كەلسۇن!

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى...

سارىغ بۇقا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەلى ئارسلانخان

هاياجانلانغان هالدا ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۈمىد، ئىشەنچ نۇرلىرى بالقىپ كەتكەنىدى. چۈنكى، ئۇ ئاتىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، بايىقى تىلىكىنىڭ ئىجابەت بولۇۋاتقانلىقىغا ئىشەنگەنىدى.

شۇ كۈنى مۇسا بۇغراخاننىڭ خاس ھۇجرىسىدا ناماز خۇپتەن بىلەن باشلانغان كېڭەش باش توخۇ چىللىغۇچە داۋاملاشتى. تايانغۇ كېڭەشچىلەر دەسلەپتە خاننىڭ ھازىرقى ئەھۋاللار توغرىسىدىكى بايانىنى جىملا ئولتۇرۇپ ئاڭلاشتى. ئاندىن پايدىسىز ۋەزىيەتنى قانداق ئوڭشاش ھەققىدە پىكىرلىرىنى ئېيتىش تەلەپ قىلىنغاندا ھەممىسى دېيىشۈالغاندەكلا جىم بولۇپ قالدى. كېيىن ئەلى ئارسلانخان چوقۇم ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى ئېيتتى. بۇنداق قىلىشقا قارشى چىققۇچىلارمۇ، قوللىغۇچىلارمۇ بولدى. ئۇلار خېلى ئۇزاق دەتالاش قىلىشقان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسى تەرەپ بىر ـ بىرلىرىگە قايىل بولمىدى. ئاخىر ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان خان گەپنى يورغىلىتىپ يۈرمەستىن، مەقسىتىنى ئۇدۇللا ئېيتتى:

— مەلۇمدۇركى، بىزگە ياۋ بىلەن ئېلىشىشتىن، كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن مۇشۇ تۇپراقنى جان تىكىپ قوغداشتىن باشقا چىقىش يولى يوق، يارەنلەر! شۇڭا، ئۆگۈنلۈككە بامدات نامىزىدىن كېيىنلا ئەلى ئارسلانخان باش بولۇپ بىر يېرىم تۈمەن لەشكەر بىلەن ياۋغا ئۇدۇلدىن تېگىش قىلىدۇ. تەكەباش سۇباشى بىلەن قۇتلۇقتاش سۇباشى ئۈچ مىڭدىن لەشكەر بىلەن ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن ھەمدەمدە بولىدۇ. كۈلۈك تۈمەنبېشى خىللانغان بەش مىڭ لەشكەر بىلەن شەھەر سېپىلىدىن چىقىپ مۆكۈپ تۇرىدۇ. جەڭنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن تىمغا ئوت يېقىپ بەلگە بېرىلگەندىن كېيىن ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، ئاساسلىق قوشۇنغا ھەمدەمدە بولىدۇ. شۇڭا، ئەتە بىر كۈن ئىچىدە ھەممە لەشكىرىي ھازىرلىقلار تۈگىتىلىپ، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىنسۇن!...

خاننىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭ ئىسمى ئاتالغان سانغۇنلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ـ دە، لەشكىرىي سالام بەجا كەلتۈرۈشتى:

— يارلىقلىرىغا پەرمانبەردارمىز، خان ئالىيلىرى، ياۋ بىلەنكى هايات ـ ماماتلىق جەڭدە ئامان قالساق غازى، ئۆلسەك شېهىت!...

مۇسا بۇغراخان مەمنۇنىيەت بىلەن كولۇمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى ـ دە، پەس ئاۋازدا دېدى:

— تاڭ ئېتىشقا ئازلا قالدى، جانابلار، ئەمدى ھەرقايسىڭلارغا ئىجازەت!...

قاراخانىيلارنىڭ ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە قىلغان ھۇجۇمى بەلگىلەنگەن قەرەلدە باشلاندى. ھەر ئىككىلا تەرەپ بۇ ئۇرۇشنىڭ ئۆز تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، بىر ـ بىرلىرىگە شىددەت بىلەن قىلىچ ئۇرۇشاتتى. كۈن نەيزە بويى ئېگىلگەندە جەڭ تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈس ئالدى. ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ئۆلۈم ـ يېتىم كۆپىيىشكە باشلىدى. ئىگىسىز ئاتلار يارىلانغانلارنىڭ ئارىسىدا قاياقا قېچىشىنى بىلەلمەي چېپىشىپ يۈرەتتى. مۇسا بۇغراخان جەڭ باشلانغاندىن بېرى ئۇرۇش مەيدانىنى بىمالال كۆرگىلى بولىدىغان راۋاقتا ئۆرە تۇرۇۋاتاتتى. سارىغ بۇقا نەچچە قېتىم ئولتۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، قولاق سالماي يىراققا تىكىلىپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئۆزى راۋاقتا بولغىنى بىلەن پۈتۈن ئەس ـ يادى جەڭ مەيدانىدا ئىدى. ئۇ ئۇرۇشنىڭ قانداق نەتىجە بىلەن ئاياغلىشىشىنى بىلمەيتتى. ئەمما، كۆزلىرىنىڭ تالغىنىغا، پۇتلىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشىغا قارىماي يەنىلا كۆزلىرىنى جەڭ مەيدانىدىن ئۈزمەيتتى. كۈن تىكلىنىەي دېگەندە جەڭ ۋەزىيىتى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. ئەلى ئارسلانخان ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن ئۆز قوشۇنىغا ياردەمگە كەلگەن ئىككى سۇباشىنى كۆرۈپ بىردىنلا روھلاندى ـ دە، يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىغىنىچە

ياۋ سەركەردىسىگە تاشلاندى. بۇنى كۆرۈپ بۇغرا لەشكەرلىرىمۇ قايتىدىن جانلىنىپ ساداقتىن ئايرىلغان ئوقتەك رەقىبلىرىگە تاشلىنىشتى. قىلىچلارنىڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭلىرى، ناغرىلارنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. ياۋ سانغۇنى نوقتەرىشمۇ ناغرىچىلىرىغا ئومۇمىي سەپ بويىچە ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقىنى بېرىشكە يارلىق چۈشۈردى ـ دە، قان تېمىپ تۇرغان ئەگرى سايلىق ئۇزۇن قىلىچىنى ئويناتقىنىچە ھۇجۇمغا ئۆتتى. جەڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، بىرەر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇغرا لەشكەرلىرى ئاستا ـ ئاستا چېكىنىشكە تۇردى. بۇنى كۆرگەن ئەلى ئارسلانخان ئۆزى بىللە ھۇجۇمغا ئۆتكەن يۇرتۇغلارغا قاراپ جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

— قىرىڭلار بۇ دىنسىز مەلئۇنلارنى! بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار!...

راۋاق ئۈستىدە تىك تۇرۇپ ھەممىنى كۆزىتىۋاتقان مۇسا بۇغراخان بۇ جەڭدىكى كەيپىياتنى كۆرۈپ، تاقەتسىزلەنگەن ھالدا يېنىدىكى قىسقا سايلىق قىلىچىنى سىلاپ قويدى. ئەمما، بىردىنلا جىم بولۇپ، يېنىك خورسىندى. قۇياش غەربكە قىيسىيىشقا باشلىغاندا ئۇرۇش ۋەزىيىتىدە يەنە ئۆزگىرىش بولدى. ياۋنىڭ ئارقا تەرىپىدىن بىردىنلا بەش مىڭدەك قوراللىق لەشكەر كۈچلۈك ھۆررا ـ سۈرەن بىلەن باستۇرۇپ كەلدى. ئۇلار ئالدىغا ئۈچرىغانلىكى بۇغرا لەشكەرلىرىگە قىلىچ ئۇرۇشقا، نەيزە سانجىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇغرا قوشۇنلىرى ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، بىر بۆلەك لەشكەرلەر كەينىگە ئۆرۈلۈپلا شەھەر قوۋۇقى تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ئەلى ئارسلانخان، تەكەباش سۇباشىلار لەشكەرلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈش ئۈچۈن خېلى كۈچىگەن بولسىمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. سەھەردىن بېرى ئۆرە تۇرۇپ پۇتلىرى تېلىپ كەتكەن مۇسا بۇغراخان بېشىنى چايقىغان ھالدا سارىغ بۇقىغا تىمغا ئوت يېقىپ، كۆلۈك تۇمەنبېشىغا بەلگە بېرىشنى

تاپىلمىدى ـ دە، راۋاقتىن چۈشۈپ كەتتى.

جەڭ مۇسا بۇغراخان قوشۇنلىرىنىڭ ياغلاقار قالدۇق لەشكەرلىرىگە يېڭىلىشى بىلەن تامام بولدى. ئەگەر كۈلۈك تۇمەنبېشى دەل ۋاقتىدا ياردەمگە يېتىپ بارمىغان بولسا، بۇغرا قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە قىرغىن بولۇش خەۋپىگە دۇچار بولاتتى. ھەرھالدا كۈلۈك تۇمەنبېشى لەشكەرلىرى بىلەن ھەممىدەمگە بېرىپ، ئاساسلىق قوشۇننى ئېغىر تالاپەتتىن قۇتقۇزۇپ قالدى. ئەمما، يەنىلا ئۆلۈم ـ يېتىم ئەھۋالى خېلىلا كۆپ ئىدى.

ئوردىغا قايتىپ كەلگەن ئەلى ئارسلانخان كەچلىك غىزاسىغا خېلى ئۇزاق قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاتىسىنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كەلدى. مۇسا بۇغراخانمۇ بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇراتتى. بۇ ھالەتنى كۆرۈپ ئەلى ئارسلانخان بىردىنلا ئوڭايسىزلانغاندەك بوسۇغىدا تۇرۇپ قالدى. خان بوش ئاۋازدا دېدى:

— قېنى يۇقىرىغا چىقىڭ، ئوغلۇم!

ئەلى ئارسلانخان ئاتىسى ئىشارە قىلغان جايغا چىقىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى. خان يەنىلا ئۇلۇغ ـ كىچىك ئۇھسىنىپ ئولتۇراتتى. ئەلى ئارسلانخانمۇ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي ئاتىسىنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

— ئەمدى قانداق قىلساق بۇ مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلالارمىز، خان ئوغلۇم؟

ئەلى ئارسلانخان دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ھازىرقى ۋەزىيەت بىزگە پايدىسىز بولۇۋاتىدۇ، خان ئوغلۇم. ئېھتىمال بىز ئۇدۇن قوشۇنى بىلەن يەنە بىر مەزگىل مۇشۇنداق تىركىشىش ھالىتىدە تۇرىدىغان ئوخشايمىز. كۆڭلۇمدىكىنى ئېيتسام، بۇگۈنكى جەڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا،

ياغلاقار قالۇ لەشكەرلىرىگە تەڭ كېلەلمىشىمىز ئاسانغا توختىمايدىكەن. بولۇپمۇ نوقتەرىش، چوقتەرىش دېگەن سانغۇنلار لەشكىرىي ئىشلارغا خېلىلا كامىل ئىكەن. ئۇلارنىڭ سەپ تۈزۈش شەكلى، جەڭ ماھارىتى ناھايىتى ئۆزگىچە ئىكەن. شۇڭا، ئۇلارنى سەل چاغلاپ، يەڭگىللىتەكلىك بىلەن ئۇرۇش قىلىساق بولمىغۇدەك...

خان يەنە جىمىپ قالدى. ئەلى ئارسلانخان «قېنى سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋەرسىلە، خان ئاتا، قۇلىقىم سىلىدە...» دېگەندەك قارىغان بولسىمۇ، خان ھەممە گەپنى دەپ بولغاندەك ئۈندىمىدى. ئاخىر تاقەتسىزلەنگەن ئەلى ئارسلانخان ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

— ئەمىسە قانداق قىلىساق بولار، خان ئاتا؟

— مەلۇم بولدىكى، بىز ياۋغا ھازىرقى لەشكىرىي كۈچىمىز بىلەن تاقابىل تۇرالمىغۇدەكمىز. شۇڭا، بالاساغۇنغا جىددىي ئارقىش ماڭدۇرايلى، سۇلايمان ئارسلانخان ئوغلى يۈسۈپ قادىرخاننى ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن ياردەمگە ئەۋەتسۇن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەلى ئارسلانخان ھەيران بولغاندەك ئاتىسىغا قاراپ قويدى. ئاندىن نېمىنىدۇر دېمەكچىدەك ئېغىزىنى ئۆمەللەپ بولۇپ توختاپ قالدى. ئوغلىنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان مۇسا بۇغراخان:

— تارتىنماڭ، ئوغلۇم، قېنى ئويلىغىنىڭىزنى دەۋېرىڭ، — دېدى ئىلھام بېرىپ.

— خان ئاتا، ئوردۇكەنت بىلەن قۇزئوردۇنىڭ ئارىلىقى خېلى ئۇزۇن يول. ئارقىش ماڭدۇرغان تەقدىردىمۇ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ لەشكەرلىرى يېتىپ كەلگۈچە ياۋ ساقلاپ تۇرارمۇ؟

— ئەگەر بىز سۇلايمان ئارسلانخانغا ئارقىش ماڭدۇرۇپ، يۈسۈپ قادىرخان بۇ يەرگە كەلگۈچە ياۋنى توسۇپ تۇرالىساق، بەلكىم ئۇلارنىڭ لەشكىرىي تەمىناتىمۇ خوراپ بىر يەرگە بېرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىزمۇ ئۇ بىر نەۋرە ئىنىڭىزنى ئوبدان بىلىسىز، ئوغلۇم، جىيەنىم يۈسۈپ قادىرخان ئاتىسىنىڭ دەۋتى

بىلەن قۇزئوردۇدىن ئوردۇكەنتكە كېلىپ خانلىق مەدرىسەدە
ئىلىم تەھسىل قىلغان ئۈچ - تۆت يىل جەريانىدا دىنىي
بىلىملەرنى مۇكەممەل ئىگىلىگەندىن سىرت، لەشكىرىي
ماھارەتتىمۇ ئەتراپلىق يېتىلگەن. بۇ يەردە يەنە بىر مەزگىل
تۇرغان بولسا پۈتۈن قاراخانىيلار تەۋەسىدە ئابرۇيلۇق دىنىي
ئۆلىما، مەشھۇر سەركەردە بولۇپ چىقىشىغا گەپ كەتمەيتتى.
ئەپسۇسكى، ئۇزاقى يىلى سامانىيلار تەۋەلىكىدىكى بەزى يۇرتلاردا
تارىخچىلارنىڭ ئىسيانى كۆتۈرۈلدى. مانا شۇنداق ئەھۋال ئاستىدا
ئىنىم سۇلايمان ئارسلانخان قۇزئوردۇنىڭ بىخەتەرلىكىگە
كاپالەتلىك قىلىش، ياۋنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىپ،
خانلىقىمىزغا كۆز ئالايتقان نائەھلىلەرنى تولۇق جىمىقتۇرۇش
ئۈچۈن ئوغلىنىڭ ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشىنى سوراپ ئارقىش
ئەۋەتتى. مەنمۇ ئەمەلىي ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، يۇسۇپ
قادىرخاننىڭ بالاساغۇنغا قايتىشىغا ئىجازەت بەرگەنىدىم. ئۇ
قۇزئوردۇغا بېرىپلا ئاتىسىنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ،
ناھايىتى تېزلا ئەل - رەئىيەتنىڭ ھىمايىسىگە ۋە قوللىشىغا
ئېرىشىپ، ئىسپىجاپ شەھىرىنى قايتىدىن قولىغا ئېلىپ،
ماۋەرائۇننەھىر رايونىدىكى تاشكەنت، سەمەرقەند، بۇخارا قاتارلىق
جايلاردا خانلىقىمىزغا قارشى تىغ كۆتۈرگەن مەلئۇنى بىر
ياقلىق قىلىپ، خانلىقىمىزنىڭ ئۇلىنى مۇستەھكەملەش،
تېررىتورىيەمىزنىڭ پۈتۈنلۈكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن كۆپ
ئەجىر سىڭدۈردى. ئەگەر ئۇ ۋاقتىدا يېتىپلا كېلەلىسە،
ئىككىڭلار قوش خەنجەر بولۇپ ياۋنىڭ يۈرىكىگە سانجىلاتتىڭلار
ھەم ئۇلارنى كەلگەن يېرىگە قوغلىۋېتەلەيتتىڭلار...

خان ئۇزاق سۆزلەپ كەتكەچكىمۇ دېمىمنى ئېلىۋالاي
دېگەندەك جىم بولۇپ قالدى. ئەلى ئارسلانخانمۇ ئاتىسىنىڭ
سۆزىنى توغرا تېپىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. دېمىسىمۇ
راست ئىدى. يۇسۇپ قادىرخان ئوردۇكەنتتە تۇرغان مەزگىلدە
نەۋرە ئاكىسى ئەلى ئارسلانخان بىلەن ناھايىتى ئىجىل - ئىناق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتكەنىدى. گەرچە ئۇلار بەش ـ ئالتە ياش پەرق قىلىسمۇ، ئەلى ئارسلانخان يۇسۇپ قادىرخاننىڭ مەيلى دىنىي ئىلىمدە، مەيلى لەشكىرىي ماھارەتتە بولسۇن، پىشقان سەركەردە ئىكەنلىكىگە كۆز يۇممايتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى ۋەزىيەت ئىنتايىن جىددىي ئىدى.

— ئەتىراپلىق ئويلاپلا، خان ئاتا. دېگەنلىرى بويىچە ئىش تۇتايلى ئەمىسە. ئەڭ ئىشەنچلىك، تەجرىبىلىك، يول بىلەر ئارقىنشلارنى تېزلىكتە كىچىك ئاتام سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ھۇزۇرىغا ماڭدۇرايلى. ئۇلار ئۆتەڭ ـ ئۆتەڭلەردە ئات ئالماشتۇرۇپ، بۇ خەۋەرنى يەتكۈزسۇن. ئىنىم يۇسۇپ قادىرخان قىسقا مۇددەتتە كاشغەرگە يېتىپ كەلسۇن.

— بولىدۇ، خان ئوغلۇم. ئەمىسە مەن ھازىرلا ئىنىم سۇلايمان ئارسلانخانغا ئۆز قولۇم بىلەن نامە پۈتەي، سىز توغرۇلبەگكە يارلىق چۈشۈرۈڭ. يەنە بىر ئاش پىشىمدىن كېيىنلا ئىشەنچلىك ئارقىنشلار يولغا چىقسۇن. ۋاقىتنى قولدىن بەرمەيلى!

— ئىلەل، خان ئاتا، — ئەلى ئارسلانخان دەرھال ئورنىدىن تۇردى، — ئەمىسە مەن چىقاي.

— ماقۇل خان ئوغلۇم، مەن نامە پۈتۈشنى باشلاي...

## 9

ئەتىگەن چىقىقان شىۋىرغان كۈن تىكلەنگەندە ئاندىن پەسەيدى. ئوردا قورۇقچىبېشى توغرۇلبەگ تارىغچىلاردەك ياسىنىۋالغان ئىككى نۆكىرى بىلەن ئوردىدىن چىقىپ بىر ئاش پىشىمدەك ماڭدى. ئۇ تۆت يول دوقمۇشىغا كەلگەندە تېخى بايىلا ئۆزلىرىدىن كۆز يېتىم يىراقلىقتا كېتىۋاتقان كىشىنىڭ قايسى تەرەپكە بۇرالغانلىقىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۈنچىقىشقا بۇرىلىدىغان دوقمۇشقا يېقىن جايدا غۇژمەكلىشىپ تۇرغان بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپ ئۇلارغا يېقىنلاشتى ـ دە،

ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سالدى.

— قاچانمۇ ئاخىرلىشار بۇ ئۇرۇش؟ ھېلىمۇ ئۇدۇن بۇددىستلىرى ئوردۇكەنتنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقىلى ساق تۆت ئاي بولدى. يەنە بىر مەزگىل داۋاملىشىدىغان بولسا بىز تارىغچىلارنىڭ كۈنى تەس، — دېدى سېرىق شايى سەللە ئورىۋالغان بىرسى. بۇ گەپ بىلەن باشقىلارمۇ كۆڭلىدىكىنى ئېيتىۋېلىشقا ئالدىرىغاندەك سۆزلىشىپ كېتىشتى:

— راست، مۇشۇ كۈندە بىزگە كەلگۈلۈك كېلىۋەردىغۇ؟ بىر تەرەپتىن ياغمىنىڭ زۇلمى، يەنە بىر تەرەپتىن كۈندە دېگۈدەك سېلىق... جاھان يەنە بىر مەزگىل مۇشۇنداق تۇرسا، پۈتۈن كاشغەرلىك دولىمىزغا خۇرجۇن ئارتىپ تىلەمچىلىك قىلىدىغان ئوخشايمىز.

— شۇنى دېگىنە، دەسلەپتە نۇرغۇن ئادەملەر كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكىدىن تىلەمچىلىك قىلدى. مانا ھازىر جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن پەرزەنتلىرىنى ئېكتالارغا سېتىۋاتامدۇ؟!...

— بۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى، خالايىق. يۇرتىمىزنىڭ پاسىبانى مۇسا بۇغراخان ئائىلىرى بىزدەك كەمبەغەللەرنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئوردا خەزىنىسىدىكى ئاشلىقنى ئوزۇق - تۈلۈكسىز ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بەرگەندىن سىرت، ھازىر ھەممە مەھەللىدىكى مەسچىتلەردە داش قازان قايىنتىپ، ئۆيلىرىدە قازان ئاسالمايۋاتقان بىچارىلەرگە غىزا تارقىتىۋاتامدۇ؟

— دۇرۇس... گەپنى ئېغىزىمىزغا كەلدى دەپ دەۋەرمەيلى. بولمىسا تۈزنى يەپ، تۇزلۇقنى چاقىقاندەك ئىش قىلغان بولىمىز. يۇقىرىسى خاندىن، تۆۋىنى قوشۇن باشلىرى، بايلار، مۇئەززىن، ئىماملارغىچە نامراتلارغا خەيرخاھلىق قىلىۋاتىدۇغۇ؟!...

پارلاڭ بارغانسېرى ئاۋۇغىلى تۇردى. ھەركىم ھەرنېمە دەيتتى. ھازىرقى ئەھۋالدىن زارلىنىدىغانلارمۇ، ئۇرۇشنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىپ، تىنچ، خاتىرجەم كۈنلەرنىڭ پاتراق يېتىپ

كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلارمۇ، خانلىقتىن، خاندىن ئاغرىنىدىغانلارمۇ بار ئىدى. توغرۇلبەگ كىم گەپ قىلسا شۇنىڭ چىرايىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئۇلاردىن سەل يىراقتا قاراپ تۇراتتى. بىر چاغدا باياتىن بېرى توغرۇلبەگكە ئارقىسىنى قىلىپ تۇرغان كوسا چىراي ئادەم ئېغىز ئاچتى:

— ھەي خالايىق، سىلەر ئۇنىمۇ، بۇنىمۇ دەيسىلەر. ئەمما، ئىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئۇقمايسىلەر. مۇسا بۇغراخاننىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنى پۈتۈنلەي نەيرەڭۋازلىق. ئۇ بىزدەك گول، قاياقتا باشلىسا ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئويلىمايلا ئۆزىگە ئەگىشىدىغان ساددا تارىغچىلارنىڭ بۇرنىدىن چۈلۈك ئۆتكۈزۈپ يېتىلەۋاتىدۇ. راست گەپنى دېسەم، خان مۇشۇنداق چاغدا لەشكەرلىرىنىڭ قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى بىردىنلا كەينىگە ياندۇرۇپ، ئۆزىگە تەگلىشىدىن قورقمىسا داش قازان قاينىتىپ، بىزگە ئۆزىنىڭ شاپائەتچى، ساخاۋەتچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ يۈرەمدۇ؟ قېنى سىلەرمۇ قاپاقتەك كاللاڭلاردىكى ئوشۇقتەك مېڭەڭلەرنى ئىشلىتىپ كۆرۈڭلار، خاننىڭ نىيىتى سەممىي بولسا، بىزدەك بىر قېتىم قورسىقى تويسا، يەنە بىر قېتىملىقنىڭ كويىدا يۈرىدىغان كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ يۇرتىنىڭ غەمگۇزارى، يوقسۇللارنىڭ يۆلەنچۈكى ئىكەنلىكىنى كۆز ـ كۆز قىلىپ يۈرگۈچە، زېمىنىمىزدىكى ئالۋان ـ ياساقنى ئازايتىۋەتسە بولمامدۇ؟ قاراڭلار، ھەر كۈنى ئەڭ كېمىدە ئالتە ـ يەتتە خىل ياساق يىغىدىغانلارنى يولغا سالىمىز. ئۇلارنىڭ دېگىنى ئۆيىمىزدە بولسىغۇ بېرىمىز، ئەگەر بولمىسىچۇ؟ ئالۋان يىغقۇچىلارغا يېلىنىمىز، يالۋۇرىمىز. بۇ دۇنيادىكى ئەڭ چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئايىغىغا يىقىلىمىز. ئالۋان ـ سېلىق يىغقۇچىلارنىڭ بىزگە رەھمى كېلىپ قالسا، دەرھال ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى ئۆتنە ـ يېرىم قىلىپ بولسىمۇ بىر ئامال بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىشىمىزنى ئېيتىپ، مۆھلەت بېرىپ

كېتىپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىسىچۇ؟ كۆرىدىغىنىمىز بار. يېنىك بولسا دۇمبالىنىپ ئەيىبناق بولۇپ قالىمىز. ئېغىرراق بولسا ئورۇنسىز هالدا ئالۋان ـ ياساق تۆلەشكە قارشى چىققان سانىلىپ ئوردا قىسىقخانىسىغا سولىنىمىز. راست ئەمەسمۇ يارەنلەر؟...

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ غۇژمەكلىشىپ تۇرۇۋالغانلار ئارىسىدىن هەر خىل سادالار ياڭراشقا باشلىدى:

— هەق، ناهايىتى ئورۇنلۇق گەپ بولدى.

— راست، بىزگە نېمە تارتقۇلۇق بۇ! ئەگەر ئۇرۇش يەنە داۋاملىشىدىغان بولسا، مۇسا بۇغراخان بىزنى ئادەم قاتارىدىمۇ كۆرمىگۇدەك.

— خانغا ئالۋان ـ سېلىقنى كېمەيتىش هەققىدە گەپ قىلىپ باقىدىغان ئادەم چىقماسمۇ؟

— بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بىزدەك تارىغچىلار بىلەن كىمنىڭ كارى، هەممە ئادەم ئۆز غېمى بىلەن...

توغرۇلبەگ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىرنېمە دېمەكچى بولدى ـ يۇ، ئەمما توختاپ قالدى. چۈنكى، بۈگۈنكى كۈنلەردە ئاۋامنىڭ كۈنى هەقىقەتەن تەسلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئوردۇكەنتكە هۇجۇم قىلىپ، مۇهاسىرە چەمبىرىكى هاسىل قىلغاندىن بېرى، سىرتتىن يۆتكەپ كېلىنىدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈكمۇ توختاپ قالدى. هەتتا بۇغداي ـ قوناقلىرىنى يۇمشىتىپ ئۇن قىلىدىغان كىشىلەرمۇ قىزىل دەريانىڭ باش تەرىپىدىكى سۇ تۈگمەنلىرىگە بىمالال بارالماي، يەنە يارغۇنچاق ئارقىلىق ئۇن تارتىشقا مەجبۇر بولدى. شۇ سەۋەبتىن بازارلاردىكى مال باهاسى شىددەت بىلەن ئۆسۈپ، ئادەتتىكى شەهەر ئاهالىلىرى كۈن ئالالمايدىغان، جان سانى كۆپ كەمبەغەللەر هەپتە ـ ئون كۈن مورىلىرىدىن تۈتۈن چىقىرالمايدىغان هالەت شەكىللىنىپ قالدى، ئوردۇكەنت كوچىلىرىدا تىلەمچىلەر غولداپ كەتتى. هەتتا بەزى ئائىلىلەردىكىلەرنىڭ چوڭىدىن كىچىكىگىچە يولغا

www.uyghurkitap.com

چىقىشىپ، تاماق يېمىگىلى ئىككى ـ ئۈچ كۈن بولغانلىقىنى ئېيتىپ ھېچبىر قاچىلىرىنى تەڭلەيتتى. كۈن ئۆتكەنسېرى ئەھۋال تېخىمۇ ئېغىرلاشقانىدى. ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدە ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەنگەن قۇل سودىسى يەنە ئەسلىگە كېلىپ، بالىلىرىنى ساتىدىغانلار كۆپىيىشكە باشلىدى. ئالارمەنلەر خۇددى مال بازىرىدىكى بېدىكلەردەك سېتىلغۇچىنىڭ چىشلىرىنى يېرىپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى تۇتۇپ كۆرەتتى. تېخى بەزى ئۇياتسىزراقلىرى قىزلارنىڭ ئەمدىلەتىن بۆرتۈپ چىقىشقا باشلىغان، تاش ئالمىدەك چىڭ كۆكسىنى ھاياسىزلىق بىلەن مۇجۇپ، ئۆزلىرىچە ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشۈپ كېتەتتى، شۇنداقلىقىغا قارىماي ناھايىتى بېخىللىق بىلەن سودا قىلاتتى. بۇ ئەھۋاللار مۇسا بۇغراخاننىڭ قۇلىقىغا يەتكەندە ئۇ چايان چېقىۋالغان ئادەمدەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكەن ھەم ئالىلىكىملەرنى غايىبانىسىگە بىرھازا تىللاپ، توغرۇلبەگكە بالىلىرىنى ساتقانلارنىمۇ، خەقنىڭ بالىلىرىنى قۇل ئورنىدا سېتىۋالغانلارنىمۇ تېزلىكتە قىسىققا ئېلىپ، قاتتىق جازالاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنىدى. توغرۇلبەگمۇ خان يارلىقى بويىچە قورۇقچىلىرى بىلەن كۈن چىققاندىن كۈن پاتقانغا قەدەر كوچىمۇكوچا چارلاپ ئاشۇنداق ئەھۋاللارنى ئۇچراتقان، بايقىغان ھامان ھەممىسىنى قىسىققا ئالدى. ھەپتە ئىچىدىلا ئوردىنىڭ قىسىقخانىسى ئادەملەر بىلەن توشۇپ كەتتى. شۇنداق ئەھۋالدىمۇ بالىلىرىنى ساتىدىغانلار، ئالىدىغانلار ئاۋۇپ كېتىۋاتاتتى. مۇسا بۇغراخانمۇ بۇ ئىشنى قانداق يىغىشتۇرۇشنى، چەكلەشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ يۈرگەن كۈنلەردە ئەلى ئارسلانخان ئوردا خەزىنىسىدىكى ئاشلىقتىن مەلۇم نىسبەتتە ئاجرىتىپ ئوزۇقسىز قالغان ئائىلىلەرگە تارقىتىپ بېرىپ، بۇ پەۋقۇلئاددە مەزگىلدىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈۋېلىش تەكلىپىنى بەردى. خان تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىلىپ، بۇ ئىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى. لېكىن، ئارىدىن كۆپ كۈن ئۆتمەي ئوردا

خەزىنىسىگە قول سونىدىغانلارنىڭ كۆپلۈكىنى، بۇ ئىش يەنە بىر مەزگىل داۋاملاشسا ئورۇش قىلىۋاتقان چېرىكلەرنىڭ ئوزۇقىغىمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، ھەرقايسى مەھەللە مەسچىتلىرىنىڭ ھويلىسىدا داش قازان ئېسىپ، ئاۋامنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدە قايتىدىن يارلىق چۈشۈرگەنىدى. شۇنىڭدىن بۇيان ھەرقايسى مەھەللىلەردىكى مەسچىتلەردە ئەتىگەندىن نامازشامغىچە داش قازانلار قاينىتىلىپ، ئوزۇقسىز كىشىلەرنىڭ غىزالىنىشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغاندىن كېيىن، بالىچاقىلىرىنى قول ئورنىدا ئېكتالارغا ئەرزانلا سېتىۋېتىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدى ئېلىنغانىدى. مانا ئەمدى...

توغرۇلبەگ ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى ئىرغىتتى. شۇ ئەسنادا باياتىن سۆزلىگەن كىشىنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەمدى تاقەت قىلىشۇرسەك بولمايدۇ، يارەنلەر، ئۇدۇن ئۇلۇغ ئاغىلىق ۋىسارا خانلىقىنىڭ خانى، جاھانغا تەڭداشسىز باتۇر ياغلاقار قالۇ جانابلىرى ئوردۇكەنتنىڭ ئۈچ تەرىپىنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى قولىغا تۇغنى ئېلىپ، بىر تەرەپكە شۇنداق بىر شىلتىسا، ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك يوپۇرۇلۇپ شەھەر سېپىلىدىن باستۇرۇپ كىرىدۇ ـ دە، پۈتۈن ئوردۇكەنت ئىچىدىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاقنى قىلىچ ـ نەيزىلىرىدىن ئۆتكۈزىدۇ. قانلار دەريا بولۇپ ئېقىپ، جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا خانىمۇ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرمۇ قېچىپ قۇتۇلۇشى مۇمكىن. ئەمما، بارلىق كەلگۈلۈكنىڭ ھەممىسى يەنە بىزدەك نامرات تارىغچىلارغا كېلىدۇ. شۇڭا، ئەمدى ئاق ـ قارىنى، پايدا ـ زىياننى ئايرىيدىغان چاغ كەلدى...

شۇ ھامان توپ ئىچىدە كىمنىڭدۇر ئەنسىزلىك بىلەن ئېيتقان سۆزى ئاڭلاندى:

— ۋاي خۇدايىم، ئەگەر راستلا شۇنداق ئىش بولسا قىيامەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايىم بولىدۇغۇ!

— ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمىغۇدەك. ئۇدۇن خانى ئوردۇكەنتنى قورشاپ ياتقىلى خېلى چاغ بولدى. ئەگەر مۇسا بۇغراخاننىڭ ئۇنىڭغا كۈچى يەتكەن بولسا، ياغلاقار قالۇ خاننى ئالدىراقچان كەلگەن يېرىگە قوغلىۋېتەتتى. قارىغاندا ئەمدى ئۇرۇش تۈگىگۈچە بولسىمۇ بۇ ئەرزىمەس جېنىمىزنى بىر يەرگە ئەپقاچمىساق بولمىغۇدەك.

— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەيلى. شاھىمىز مۇسا بۇغراخان بالاساغۇندىكى جىيەن ئوغلى يۇسۇپ قادىرخانغا جىددىي ئارقىش ئەۋەتكەنىمىش. ئۇ كىشى پات يېقىندا لەشكەر باشلاپ كېلىپ تاغىسى مۇسا بۇغراخان، نەۋرە ئاكىسى ئەلى ئارسلانخانلار بىلەن بىرلىكتە ياغىغا قارشى جەڭگە چۈشەرمىش. ئەگەر يۇسۇپ قادىرخان كەلسە، ئۇ چاغدا...

— ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يېگەندەك گەپ قىلمىسىلا، تەخسىر. ئوردۇكەنت بىلەن قۇزئوردۇنىڭ ئارىلىقى نەچچە ئون كۈنلۈك يول. ئارقىش بالاساغۇنغا بېرىپ، سىلى دېگەن يۇسۇپ قادىرخاننى باشلاپ كەلگۈچە ياغلاقار قالۇ خان «بۇغراخاننىڭ ياردەمچى لەشكەرلىرى كەلگۈچە بىزمۇ كۈتۈپ تۇرايلى» دەرمۇ؟...

— بەرھەق... بىراقتىكى سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايدۇ. بالاساغۇن تەرەپكە ئارقىش ماڭغانلىقىنى بىزمۇ ئاڭلىدۇق. لېكىن، سۇلايمان ئارسلانخان ئوغلىنى ياردەمگە ئەۋەتەمدۇ، ئەۋەتمەمدۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس...

— ئۇنداق دېمىسىلە، بۇغراخان بىلەن ئارسلانخان بىر ـ بىرىگە ساداقەتمەن ئوغلانلاردىن...

— ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ غوجىلىرىمىنىڭ ئۆيىدىكى ئىشلارنى بىزدەك يالاڭ تۆشلەر بىلىپ بولالمايمىز. كۆرۈنۈشتە ئېجىل ـ ئىناق ئۆتكەندەك قىلغىنى بىلەن كۆڭۈللىرىدە بىر ـ بىرىگە قانداق غۇملىرى بار، كىم بىلىدۇ...

— ئاق يەردە تۇگمەن تالىشىۋەرمەيلى، بەلكىم ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەس ...

— «قاساپ ياغ قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» دېگەندەك، خانلار ئۆزلىرىنىڭ تەختىنىڭ كويىدا. بىز جېنىمىزنى ساقلاشنىڭ كويىدا. قارىغاندا ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەندەك، ۋاقتىلىق بولسىمۇ ئەرزىمەس تېنىمىزنى دالدىغا ئالساق بولامدۇ نېمە؟...

— شۇنداق قىلمايمۇ باشقا ئامال يوق ئوخشايدۇ...

— ئاھ، خۇدا، بىزگە نېمە تارتقۇلۇق بۇ! يېقىندىن بۇيان پەقەتلا دولىمىز ئاپتاپ كۆرمىدىغۇ؟ بۇنداق سورۇقچىلىق كۈنلەر قاچانغىچە داۋاملىشار؟

— بۇنداق دادلىنىۋەرگىنىمىز بىكار، سەنمۇ بەش ئەزايىڭ ساق ئەركەك بولغاندىكىن، جان ساقلاشنىڭ ئامالىنى قىلمامسەن؟

— قانداق ئامالىنى قىلىمەن؟ قولۇمغا چىققانلىكى نەرسىنى ئېلىپ ئۇدۇن قارارگاھىغا قاراپ ھۇررا توۋلىغىنىمچە يۈگۈرەيمۇ؟ يا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن مۇشۇ زېمىننى تاشلاپ، پېشىمنى قاققان پېتى باشقا يۇرتقا كېتىپ قالايمۇ؟

— مەيلى قانداقلا قىل، بۇنداق سورۇقچىلىق كۈنلەردىن قۇتۇلالمايسەن !

— نېمىشقا ئەمدى؟

— قارا ماۋۇنىڭ ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان كىچىك بالىدەك گەپ قىلىۋاتقىنىنى، ئۇ تەرىپىگە ماڭساڭ ئىدىقۇت ئېلىگە، بۇ تەرىپىگە ماڭساڭ ئۇدۇن زېمىنىغا بارىسەن. ئەمما، ئۇنتۇپ قالما، مەيلى قەيەرگىلا بارغىن، قازاننىڭ قۇلىقى تۆت...

— ھەي، يارەنلەر ئۇنتۇپ قالماڭلار، ھازىرقى كۈندە بۇنداق پەلسەپەتىش گەپلەرنى قىلماي، ئەقىل كۆزۈڭلارنى ئەنە ئاۋۇ تەرەپكە تىكىڭلار، دەيمەن. ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇ خان ھەممە تەرەپتىن ئوردۇكەنتنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتسا، بۇ

يەردىن قانداق چىقىپ كېتەلەيسىلەر؟ يا سىلەرنىڭ قۇشلارغا ئوخشاش خالىغانچە پەرۋاز قىلالايدىغان بىر جۈپ قانىتىڭلار بارمۇ؟

— ئۇنداقتا ئۇدۇنلۇقلەرگە ئەل بولماقتىن، ئاشۇ بۇددىستلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ گۇناھىمىزنى تىلىمەكتىن باشقا ئامال يوق، دېمەكچىمۇ سىلى...

— يا خۇدا، كۆرگىلى كۆزۈڭ، دېگىلى سۆزۈڭ بار، بىزدەك مۆمىن ئۇممەتلىرىڭنى ئۆزۈڭ پاناھىڭدا ساقلىغايسەن!

— بىز ئۇلارغا ئەل بولۇپ گۇناھىمىزنى تىلىسەك، بۇددىستلار بۇ شەھەرگە تېزلا كىرىدۇ. مەسچىتلەرنى ئۆرۈپ چېقىپ، كۆيدۈرۈپ خالىغىنىنى قىلمامدۇ؟

— پاك زېمىنىمىز بۇلغانمامدۇ؟

— «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمىنى» دېگەندەك، ئۇدۇن خانى بۇ چاغقىچە مۇسا بۇغراخاندىن ئالالمىغان ئەنتىنى قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ بولمىغان تارىخچىلاردىن ئالماسمۇ؟

— بۇ دېگەن سېپى ئۆزىدىن ئاسىيلىق! قاراپ تۇرۇپ ياۋدىن بىر قوشۇق قېنىمىزنى تىلەمدىمىز؟!

— ياق، يارەنلەر، يېتىپ قالساڭمۇ، ئېتىپ قال، دېگەن گەپ بار. مەن ئائىلەمدىكى ھەممەيلەن قىرىلىپ كەتسىمۇ، ئۇ بۇددىست كاپىرلارنىڭ ئالدىدا باش ئەگمەيمەن. جېنىم تېنىمدىلا بولسا، قولۇمغا چىققانلىكى نەرسىنى ئېلىپ ئۇلارغا قارشى ئاتلىنىمەن. بۇددىست لەشكەرلىرىدىن بىرنى ئاللانىڭ دەرگاھىغا ئەۋەتمۇېتىپ ئۆلۈپ كەتسەم قىلچە ئارمىنىم يوق.

— ئالدىرىماي تۇر، «بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەن گەپ بار. ياغلاقار قالۇ خان ئوردۇكەنتنى قولىغا ئالسا، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مۇشۇ دېگەن گېپىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ تىزلانمىغىنىڭنى مەن بىر كۆرەي.

— كۆرىسەن، مەن چوقۇم دېگەن گېپىمدە تۇرىمەن!

— ھەي، ھەي... بىر دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان

يارەنلەر تۇرۇپ چۇجە ـ خورازلاردەك ھۇرپىيىشمەڭلار دەيمەن. ھازىرقى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە شەھەر ئالغان باتۇر ئەمەس، جان ساقلىغان باتۇر. بىزنى كۇندە دېگۇدەك ئالۋان ـ ياساق تۆلەشكە، بالىلىرىمىزنى سېتىشقا، ئىلاجسىزلىقتىن ئۆلۈۋېلىشقا قىستاۋاتقان خان تەرەپتە تۇرىمىزمۇ ياكى غېمىمىزنى يەپ، بىزنى دوزاخ ئازابىدەك كۇنلەردىن قۇتۇلدۇرۇشنى نىيەت قىلىپ، شۇنچە يىراقتىن ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ كەلگەن ياغلاقار قالۇ خان تەرىپىدە تۇرىمىزمۇ؟ بۇنى ئوبدانراق دەڭسەپ كۆرۈڭلار...

— راست، ئەمدى ئويلانمىساق بولمايدىغان يەرگە يەتتى.

— ھېلىمۇ چىداشلىق بەردۇق. يا جان چىقمىدى، يا ئادەمدەك كۇن كۆرمىدۇق!

— ئۇدۇن خانى تەرەپكە ئۆتسەك ئۇ كىشى بىزنى قوبۇل قىلارمۇ؟

— ئۇدۇن خانىنىڭ ئالدىغا قول باغلاپ بارساق، ئۇ چوقۇم بىزنى قوبۇل قىلىدۇ. يەنە تېخى بالىچاقىلىرىمىز بىلەن خېلى بىر مەزگىل ئىشلىمەي يېسەكمۇ كەڭرى يەتكۇدەك ئاش ـ ئوزۇق، ئالتۇن ـ كۇمۇش ئىنئام قىلىدۇ. سىلەر بىلمەيسىلەر، يارەنلەر، ياغلاقار قالۇ خان ناھايىتى ئاق كۆڭۇل، سەمىمىي كىشى، ئۇ ئۆزى بۇددىست بولغىنى بىلەن كۆڭۇل ـ كۆكسى قىزىل دەريادىن كەڭ، ئەپۇچان، باشقا دىندىكى قوۋملارنى ھۆرمەت قىلىدىغان كىشى. شۇڭا، ئۇنىڭ ئەجدادىمۇ ئۇدۇن دىيارىدا مىڭ يىللاردىن بېرى سەلتەنەت سۇرۇپ كەلگەن. ئۇدۇن خانى يەنە تېخى...

توغرۇلبەگ ئەمدى چىداپ تۇرالمىدى ـ دە، كۇپكۇندۇزدە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ زۇۋانىنى جىمىقتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ توپ ئىچىگە سۇرۇلۇپ كىرىپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى. قارىدى ـ يۇ، ھەيران بولدى. دېمىسىمۇ توغرۇلبەگ بۇ كىشىنى خېلى ئۇزاقتىن بۇيان

ئوردۇكەنت كوچىلىرىدا كۆپ قېتىم كۆرگەنىدى. ئەمما، سىياقى بۇگۈنكىدەك ئەمەس ئىدى. ئۇ بەزىدە چاققانلىقىنى سەللە ئوراپ، يارىشىملىق ياستىلغان كەكە ساقاللىرىنى قەدەمدە سىلاپ قويۇپ يۈرەتتى. بەزىدە بېشىغا ئۇزۇن كۇلا، ئۇچىسىغا تۆپە ـ تۆپىلەپ ياماق سېلىنغان جەندە كىيىپ، ھارغىن قەدەملىرىنى ئاستا يۆتكىگىنىچە ساپايىسىنى ئالىلىقاندىاق بىر كۈيگە چالغىنىچە كوچىمۇ كوچا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرەتتى. بەزىدە خۇددى ئەنجاندىن كەلگەن ھالىلىق سودىگەرلەردەك ياسىنىپ، تىزگىنى سىيرىپلا تۇرىدىغان قۇلا ئاتنى بۆرە يۇرۇشىگە قويۇۋېتىپ، ئوردۇكەنتتىكى تۇتسا سېپى، چارقىرسا ئېتى بار ئېكىتالارنىڭ، سودىگەرنىڭ ئۆيىگە باراتتى. شۇڭا، توغرۇلبەگ بۇ كىشىگە خېلىدىن بېرى دىققەت قىلىپ كەلگەن بولۇپ، نەچچە قېتىم يېيىگە چۈشكەن بولسىمۇ، ئەمما قولىغا چىققۇدەك سەۋەب بولمىغاچقا، ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇۋېتىپلا كەلگەنىدى. ئۇ مەيلى قانداق ياسانسۇن، ئۆزىنى قانداق پەردازلىسۇن، يۈزىدىكى سەپكۈنلىرى، چېقىر كۆزلىرى توغرۇلبەگكە تونۇشلۇق بېرىپ تۇراتتى. تېخى ئالدىنقى ھەپتىدە ئۇ ئوردىنىڭ يان تەرىپىدىكى كەڭرى سەيناغا جايلاشقان ئاۋات بازاردا بۈگۈنكىدەك ۋەزخانلىق قىلغانىدى. شۇ چاغدىمۇ توغرۇلبەگ ئۇنى تۇتۇپ، قىسىققا ئېلىش ئۈچۈن تەمشەلگەندە، توپ ئىچىدىكى كىمدۇر بىرسى ئۈنلۈك ئاۋازدا: «بولىدى قىلمىغىلار، خالايىق، ئەنە ئاۋۇ تەرەپتىن ئوردا قوروقچىلىرى كېلىۋاتىدۇ. تېزدىن ئۆزىمىزنى دالدىغا ئالايلى، بولمىسا بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ، ئوردا قىسىقخانىسىغا كىرىپ قالمايلى» دەپ تۇۋلىشى بىلەنلا ھەممەيلەن بىردىنلا ئۆرىتۆپە بولۇشۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەنىدى. توغرۇلبەگ چېقىر كۆز كىشىنى يوقىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن يېنىدىكى ياشقىنا كەلگەن قوروقچى بىلەن خېلى كۈچەنگەن بولسىمۇ، ھېلىقى كىشى يەر يۇتقاندەك غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا توغرۇلبەگ ئاچچىقىدىن ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك

بولۇپ يەرنى نەچچىنى تېپىۋەتكەنىدى. شۇڭا، ئەمدى تورغا چۈشەي دەپ قالغان بېلىقنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىللە كەلگەن قورۇقچىلارغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، چېقىر كۆز كىشىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ ئاق سېرىق سەپكۈنلۈك چىرايىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى.

— تولىمۇ ئوبدان گەپ قىلدىڭلا، تەخسىر. ياغلاقار قالۇ يەنە قانداق ئادەم؟ ئۇ كىشى قاراخانىيلار پۇقرالىرىغا يەنە قانداق مېھرىبانلىقلارنى يەتكۈزىدۇ؟ ئېنىقراق دېسىلە، مەنمۇ قۇلىقىمنى قېقىۋېتىپ تۇرۇپ ئاڭلاي!...

چېقىر كۆز تەئەددى بىلەن ئېيتىلغان بۇ سۆزلەردىن سەل تەئەججۈپلەنگەندەك بولدى ـ دە، ئىختىيارسىز ھالدا كەينىگە داجىدى. شۇنىڭغىچە ئىككى قورۇقچىمۇ ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئۈلگۈردى.

— مەن... مەن... باشقا گەپ قىلمىدىمغۇ؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ تۆھ... تۆھمەت قىلغانلىق. مېنى قويۇۋېتىڭلار!... — چېقىر كۆز قورۇقچىلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇلقۇنغان بولسىمۇ، ئەمما لەشكىري مەشقتە پىشقان قوللارنىڭ چىڭ سىقىشىدىن بىلىكى ئاغرىپ، چىرايى تاتىرىپ كەتتى، — مېنى قو... قويۇۋېتىڭلار، بولمىسا جاۋاب بېرەلمەي قالىسىلەر بىكار؟

— كىمگە؟ ياغلاقار قالۇ خانغىمۇ؟ ئۇنىڭ جاھاننى تىترىتىۋەتكۈدەك ھەرقانچە چوڭ ھەيۋىسى بولغان تەقدىردىمۇ تېخى ئوردۇكەنت سېپىلىدىن كىرگىنى يوق، شۇڭا بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ھازىرچە مۇسا بۇغراخان جانابلىرىغا جاۋاب بېرىشنى ئويلىساڭ بولىدۇ، قېنى ئېلىپ مېڭىڭلار بۇ چۈپرەندە ئىغۋاگەرنى!...

توغرۇلبەگنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ چېقىر كۆزنىڭ پۇت ـ قولىدا ماغدۇر قالمىغاندەك زوڭزىيىۋالماقچى بولدى. ئەمما، ئىككى قورۇقچى ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ، سۆرىگەن پېتى ئوردا قىسىقخانىسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى.

— ئەمدى سىلەرمۇ ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، — دېدى

توغرۇلبەگ بۇ تاسادىپىي ۋەقەدىن چۆچۈگەندەك بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپلا قېلىشقان كىشىلەرگە قاراپ، — ئاگاھ بولۇڭلار، ئۇلۇغ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى مۇسا بۇغراخان ئالىيلىرى تېخى ھايات. ئۇ زات ھېلىھەم ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە يېڭىلگىنى يوق. شۇڭا، ئۆزۈڭلارغا ئاگاھ بولۇپ، پىتنە ـ پاساتلارغا ئىشەنمەي يۈرۈڭلار، بولمىسا سىلەرنىڭ ئاقىۋىتىڭلارمۇ ئەنە ئاۋۇ مەلئۇندەك بولىدۇ...

توپلىشىۋالغان كىشىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەررۇلا تارقاپ كېتىشتى. توغرۇلبەگمۇ ھەمراھلىرىنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

شۇ كۈنى كەچتە توغرۇلبەگ بۈگۈنكى ئەھۋاللارنى مەلۇم قىلغىلى خاننىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرگەندە، مۇسا بۇغراخان ئۆزى تەنھا ھالدا خىيالغا پېتىپ ئولتۇراتتى.

— قېنى يۇقىرىغا... — دېدى خان يۇمشاق كۆرپە ئۈستىدە سەل قىمىرلاپ قويۇپ، — خوش، ئىشلار قانداقراق كېتىۋاتىدۇ، قورۇقچىبەگ جانابلىرى...

خاننىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان توغرۇلبەگ يېقىندىن بۇيان ئوردۇكەنتتە يۈز بەرگەن ئىشلارنى، كوچىلاردا ئېقىپ يۈرۈۋاتقان گەپلەرنى قىسقىلا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، بۈگۈن رەستىدە تۇتۇۋالغان چېقىر كۆزنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلدى.

— باياتىن بېرى ئۇنى كۆپ قېتىم سوراق قىلدۇق. يۇمشاق ـ قاتتىق ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوللاندۇق. بىراق، ئىقرار قىلغانلىرى پەقەتلا كىچىك ئىشلار. ئۆزىگە يول كۆرسەتكەن غوجىسىنى دېگىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ. بىزمۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدۇق، ئالىيلىرى...

مۇسا بۇغراخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خىيالغا پاتقاندەك كۆزلىرىنى بىردەم يېرىم يۇمۇپ جىمىدە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا سورىدى:

— سىزچە، ئۇنىڭ غوجىسى بارمىدۇ قورۇقچىبەگ؟

— مەن شۇنداقمىكىن دەپ گۇمان قىلىۋاتىمەن، خان ئالىيلىرى. ئۇ چېقىر كۆزنى نازارەت قىلىۋاتقىنىمغا خېلى ئۇزاق ۋاقىت بولدى. ئۇ كاشغەرلىك ئەمەس، بەلكىم ئۇدۇن تەرەپنىڭ ئايغاقچىسى بولسا كېرەك. ئۇنىڭ بۇ يەردە خېلى مەزمۇت ئارقا تىرىكى بار. بولمىسا بۇنچە ئۇزاق نىقابلىنىپ يۈرەلمەيتتى. بىز ئاشۇ يۆلەنچۈكنى، يولباشچىسىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالساقلا بولاتتى.

— نېمە دېمەكچىسىز، قورۇقچىبەگ؟...

توغرۇلبەگ ئۆيدە باشقا ئادەم يوقلۇقىغا قارىماي ئېغىزىنى خاننىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكېلىپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى. خاننىڭ چىرايىدا دەسلەپ گۇمانسىراش، ئەجەبلىنىش ئىپادىلىرى ئەكس ئەتتى، كېيىن مەمنۇن بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— توغرا ئويلاپسىز، قورۇقچىبەگ، سىزنىڭ بۇ تەدبىرىڭىز بولغۇدەك. تورنى كەڭ يېيىپ بېلىقنىڭ چوڭىنى تۇتۇش... بوپتۇ، مەن قوشۇلىمەن. ئەمما بۇ ئىشنى ئىشەنچلىك يارەنلىرىڭىزگە تاپشۇرۇڭ. بۇ كۈنلەردە مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئەلنىڭ قەلبىنى ئەمىن تاپتۇرۇشتىن باشقا ئامالمۇ يوق...

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى، ئۇنداقتا مەن چىقايمىكىن!...

— مەيلى، ئەمما بۇ ئىشنىڭ ئىس - بۇسىنى ھېچكىم بىلمىسۇن...

— خاتىرجەم بولسىلا، خان ئالىيلىرى، — توغرۇلبەگ ئورنىدىن تۇرۇپ چېرىكچە سالام بەرگەندىن كېيىن ئارقىچىلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

خاس ھۇجرا يەنە سۈكۈناتقا چۆمدى. بۇغراخان خىيالىدىن كەچكەن ئاللىقانداق بىر ئوي بىلەن ئەلى ئارسلانخاننى چاقىرتماقچى بولۇپ سەل قىمىرلىدى - يۇ، تېزلا بۇ نىيىتىدىن يالتىيىپ، پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— ئەستا... بۇ سورۇقچىلىق كۈنلەر قاچانغىچە داۋاملىشار؟!...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 10

كۆنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋاتاتتى. ياغلاقار قالۇ لەشكەرلىرى يەنە بۇرۇنقىدەكلا كۈن ئارىلاپ ئوردۇكەنت سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. ئەلى ئارسلانخانمۇ لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى بىر ئاماللار بىلەن چېكىندۈرۈپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئەمما بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ روھى خېلىلا چۈشكۈن ئىدى. قاغىلىقتىن قايتىپ كېلىپلا مۇسا بۇغراخاننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن خان ئوغۇل ئەلى ئارسلانخان بىلەن توي قىلىپ، بىر بالىلىق بولغان مەريەم خېنىممۇ تېخى ئوغۇز سۈتىگە تولۇق قانمىغان ئوغلى سۇبۇق تېگىننى ئەمچەكتىن ئايرىپ، سانى مىڭغا يېتەي دەپ قالغان قادىنلار قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، ئېرىنىڭ ياۋ لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشىگە ھەمدەم بولۇۋاتاتتى. ئەمما، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ مۇھاسىرىسى ئۇزارغانسېرى قوشۇن ئىچىدە لەشكىري تەمىنات جىددىي بولۇش، لەشكەرلەرنىڭ كەيپىياتى سۇسلىشىش قاتارلىق ئەھۋاللار ئەۋج ئالماقتا ئىدى. ئەلى ئارسلانخان بىرەر قېتىم كۈچلۈك قايتۇرما ھۇجۇم قىلىپ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى يېڭىساردىن ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئارمان قىلاتتى. كۈلۈك تۇمەنبېشىمۇ، قۇتلۇقتاش سۇباشىمۇ كۈندە دېگۈدەك ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ قوشۇن ئىچىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلەرنى يەتكۈزگەچ، يەنە بىر قېتىم ياۋغا قارشى قوشۇن تارتىشنى تەلەپ قىلىپ تۇراتتى. ئەمما، ئەلى ئارسلانخان يەنە ئالدىنقى قېتىمقىدەك تالاپەتكە ئۇچراشتىن ئەنسىرەيتتى.

— ھازىر لەشكەرلىرىمىزنىڭ كۆڭلى تازا جايىدا ئەمەس، ئارسلانخان ئالىيلىرى، لەشكەر دېگەن جەڭدە نۇسرەت قازانسا، خۇددى تۇلكىدەك ھىيلىگەر، يولۋاستەك قورقۇمسىز، شىردەك باتۇر بولۇپ كېتىدىكەن. ئەمما، مەغلۇپ بولسا، پۈتۈنلەي

سالپىيىپ كېتىدىكەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر لەشكەرلەر ئارىسىدا ياۋ قوشۇنىغا مايىل بولىدىغان، ئۇلارنىڭ سەركەردىلىرى نوقتەرىش، چوقتەرىشلەرگە ئاستىرتىن ئاپىرىن ئوقۇپ، كۆككە كۆتۈرىدىغان گەپ - سۆزلەر كۆپىيىپ قالدى. ھازىرغىچىلىك لەشكەرلەرنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغان، قوشۇن ئىچىدە ياۋنى ماختاپ ئۆزىمىزنى كەمسىندۇرۇۋاتقانلاردىن خېلى كىشىنى لەشكىرىي جاساق بويىچە بىر تەرەپ قىلدۇق. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەممە قوشۇنغا ئايغاقچى ئورۇنلاشتۇرۇپ، قانداقلا گەپ - سۆز بولسا، ۋاقتىدا خەۋەر تاپالايدىغان ھالەت شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بۇ تەدبىر ئۇزاققا پايلىمايدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرى خان ئالىيلىرىدىن يەنە بىر قېتىم جەڭگە چىقىشقا ئىجازەت تەلەپ قىلسىلا.

— مەنمۇ شۇنداق قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن. ئەمما، ئۇرۇشنى قارامىلىق بىلەن قىلساق يەنە تالاپەت تارتىپ قېلىشىمىز مۇمكىن. شۇڭا، خان ئاتام تەلىپىمنى رەت قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

— ئۆللالەم، خان ئالىيلىرىنىڭ مۇددىئاسى يۈسۈپ قادىرخان كاشغەرگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بىراقلا جەڭگە چىقىشتۇر. لېكىن، ھازىرقى ئىشلار...

— مەن يەنە خان ئاتامغا ئىلتىماس قىلىپ باقاي. ئەمما، قوشۇن ئىچىدىكى گەپ - سۆز، بىزگە پايدىسىز ھەرىكەتلەرگە ئوبدانراق ھېزى بولمىساق بولمايدۇ. ياغاچ ھەرقانچە قاتتىق بولسىمۇ، ئۇنى ئىچىدىن پەيدا بولغان قۇرت ئاسانلا ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتەلەيدۇ. قورغان ھەرقانچە مۇستەھكەم بولسىمۇ، ئىچىدىن ھۇجۇم قىلىپ ئالماق ئوڭاي، شۇڭا...

— بۇ تەلىملىرىنى ئېسىمدە چىڭ تۇتىمەن...

— ئەمىسە ھەرقايسىلىرى تېخىمۇ ھوشيار بولغايلا، مەن خان ئاتامنى جەڭگە چىقىشىمىزغا يارلىق بېرىشكە ئۈندەپ باقاي.

ئەلى ئارسلانخان ئېغىزىدا شۇنداق دېسىمۇ، كۆڭلىدە يەنىلا دادىسىنىڭ: «بۇ ئىشقا ئالدىرىماڭ، ئوغلۇم، ئالدى بىلەن قۇزئوردۇ تەرەپتىن يۈسۈپ ئارسلانخان كەلسۇن، ئاندىن جەڭگە

چىقايلى» دەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئەپلىك پۇرسەت بولسا، شاھ ئاتىسىغا يەنە بىر قېتىم نىيىتىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى ئويلايتتى. ئەمما، ھەر قېتىم خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، مۇسا بۇغراخاننىڭ ئۇيقۇسىزلىقتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى، غەم ـ ئەندىشە سەۋەبلىك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ، دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى يۇتۇۋېتىشقا مەجبۇر بولاتتى. دېمىسىمۇ مۇشۇ كۈنلەردە مۇسا بۇغراخاننىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، غىزاسى ئازىيىپ، ئادەتتىكى ئىشلارغىمۇ چېچىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، تايانغۇ كېڭەشچىدىكى ئەربابلارمۇ، باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردا ئەركانلىرىمۇ ئاسانلىقچە خاننىڭ ئالدىغا كىرەلمەيتتى. پەقەت ئەلى ئارسلانخانلا كۈندە دېگۈدەك نەچچە قېتىملاپ خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇراتتى. ئەمما، ئاتىسىنىڭ بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭمۇ بېشى چۈشۈپ كېتەتتى. ئاتىسىغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمەي، بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولاتتى. راست، خان بۇ كۈنلەردە ئېغىر غەمگە مۇپتىلا بولغانىدى. ئۇنىڭ بارلىق ئەس ـ يادى قانداقلا قىلىپ بولسۇن ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇنىڭ لەشكەرلىرىنى كاشغەر زېمىنىدىن چېكىندۈرۈپ، ئۇدۇن ئېلىگە قايتۇرۇۋېتىش ئىدى. ئۇنچىلىك قىلالمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى قاغىلىققىچە چېكىندۈرەلىسە بولاتتى.

مۇسا بۇغراخان يىگىتلىك دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن باشلاپلا مەرھۇم ئاتىسى ساتۇق بۇغراخانغا ئەگىشىپ نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتناشقانىدى. بۇ ئۇرۇشلارنىڭ كۆپىنچىسىدە بۇغرا قوشۇنى نۇسرەت قازانغان بولسىمۇ، يەنە بەزىلىرىدە ئېغىر تالاپەت تارتقانىدى. ئەمما، ھېچقاچان سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ بېشى چۈشۈپ باقمىغانىدى. بىر ئامالLAR بىلەن يەنە نۇسرەت قۇشىنى قاراخانىيلار لەشكەرلىرىنىڭ بېشىغا قوندۇرغانىدى. ئەمما، مۇسا

بۇغراخان ئۇنداق قىلالمايۋاتىدۇ، جاھىل ئۇدۇنلۇقلار ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەيۋاتىدۇ!

ئۇدۇن بۇددىستلىرى ئالدىنقى قېتىملىق مەغلۇبىيىتىنى بىراقلا ئۆزگەرتىپ، خانلىقىغا قىلىنغان ھاقارەتنى ئۇزۇل - كېسىل يۇيۇپ تاشلىماقچى بولغاندەك قىلاتتى. ئەلى ئارسلانخاننىڭ تۇنجى قېتىملىق قورشاۋنى بۇزۇش جېڭىدىن كېيىن، ئۇلار يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۆن ئارىلاپ، بەزىدە كۈندە دېگۈدەك ھۇجۇم قىلىپلا تۇراتتى. بۇغرا لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى پەقەت مۇستەھكەم سېپىل مۇداپىئەسى ئارقىلىقلا توسۇپ تۇراتتى. تېخى نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇدۇن لەشكەرلىرى تۇن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، سېپىلغا شوتا قويۇپ يامىشىپ چىقىپ خېلى پاراكەندىچىلىك سالدى. ھېلىمۇ ياخشى ھوشيار كۆزەتچىلەرنىڭ ۋاقتىدا سېزىۋېلىشى نەتىجىسىدە ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىر يۈز قىرىقتەك ئۆلۈكنى سېپىل ئاستىدا قالدۇرۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇڭا، ئوردۇكەنتنىڭ مۇداپىئەسىنى ھەسسىلەپ چىڭىتىشقا توغرا كەلدى. چارلىغۇچىلار سېپىل ئۇستىدىكىلەرنىڭ ئۇخلاپ قالغان - قالمىغانلىقىنى قەدەمدە بىر تەكشۈرىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن خاننىڭ كۆڭلى سەل ئەمىن تاپقان بولسىمۇ، ئەمما قۇزئوردۇغا كەتكەن ئارقىشلاردىن خەۋەر يوقلۇقى ئۇنى ئەنسىرىتىپ تۇراتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ئوردۇكەنتتە بولۇۋاتقان ئىشلار ـــ مال باھاسىنىڭ ھەسسىلەپ ئۆسۈپ كېتىشى، نائىنساپ ئېكىتالارنىڭ يوقسۇل تارىغچىلارنىڭ بالىلىرىنى قۇلچىلاپ سېتىۋېلىشى، قەلەندەرلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، كوچا - كويلاردا بولۇۋاتقان، ئاڭلىسا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان گەپ - سۆزلەر قوشۇلۇپ خاننىڭ بېشىنى ئاغرىتىۋاتاتتى.

ئەلى ئارسلانخان يەنە مۇسا بۇغراخاننىڭ خاس خانىسىغا كىردى. ئەمما، مۇسا بۇغراخان پەنجىرىدىن كىرگەن سەلكىن شامالدا يېنىك يەلپۈنۈۋاتقان يىپەك پەردىلەرگە قارىغىنىچە

ئۆندىمەي ئولتۇرىۋەردى. شۇ تاپتا خانغا ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك، ئۆيدىكى ھاۋا نەپەس ئېلىشقىمۇ يېتىشمەيۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ نەچچە قېتىم سۆزلەشكە تەمشىلىپ، يەنە توختاپ قالغانلىقىنى سەزدى. بىراق، ئەلى ئارسلانخان خېلى ئۇزاققىچە يېنىك پۇشۇلداپ ئولتۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. خاننىڭ يۈرىكى پىچاق بىلەن تىلىغاندەك ئېچىشىپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ نېمە دېيىشنى، قانداق قىلىشنى بىلەلمەيلا قالغانىدى.

تۇيۇقسىز ئىشىك تۈۋىدىن سارىغ بۇقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئوردا قورۇقچىبېشى توغرۇلبەگ جانابلىرى خان ئالىيلىرىنىڭ قوبۇلىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

مۇسا بۇغراخان ئۇنىڭ بىمەھەل كەلگەنلىكىدىن سەل ئەجەبلەنگەن ھالدا ئىجازەت بەردى:

— كىرسۇن!...

تولۇق چېرىكچە كىيىنگەن توغرۇلبەگ ئالدىراش كىرىپ، ئۇستەل ئالدىدا چازا قۇرۇپ ئولتۇرغان مۇسا بۇغراخانغا سالام بەردى.

— بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى بۇغراخان ئۇنىڭ چىرايىدىكى جىددىيلىكنى ھېس قىلىپ.

توغرۇلبەگ ئېھتىيات بىلەن خاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— بىرەر يېڭى گەپ بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى خان ئۇنىڭ تېخىچە جىددىيلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ.

— بىز ھېلىقى چېقىر كۆزنى تۇتقان ۋاقىتتا، پەقەتلا ياۋنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان ئادىمى ئوخشايدۇ دەپ ئويلىغان، خان ئالىيلىرى. شۇڭا، دەسلىپىدە چىرايلىق گەپ بىلەن ئۇندەككە كەلتۈرەيلى دەپ ئويلاپ سوراق قىلساق زىنھار ئېغىز ئاچقىلى ئۇنىمىدى. ھەتتا مەن بىللە قىسقىخانىغا كىرىپ، سوراققا قاتناشقان ياندىش قورۇقچىبەگنى تىللىغىلى

تۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا يۇمشاق ۋاستىلەرنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى تونۇپ، بىرنەچچە خىل قىيناش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق. دەسلەپدە ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، خانلىقىمىزنى، دىنىمىزنى، ھەتتا بىزنى ھاقارەت قىلىشنى توختاتمىدى. كېيىن بىز سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەرمىسە، قىسىقتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىمۇ قانداق، بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسەك ئۆزى بىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بەرمەكچى بولدى. بىزمۇ شۇنى كۈتۈپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدۇق. مەلۇم بولدىكى، ئۇ مەلئۇن ھەققەتەن ئۇدۇن خانى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئايغاقچى ئىكەن. ياۋ بىرنەچچە يىلدىن بېرى بىرەر يۈزگە يېقىن ئايغاقچىنى ھەر خىل سىياقتا ياساندۇرۇپ، قاراخانىيلار تەۋەسىگە كىرگۈزۈپتۇ. ئەمما، بۇ قەتئىي مەخپىي ھەرىكەت بولغاچقا، ئۇلار بىر - بىرى بىلەن ئالاقە قىلمايدىكەن. ناگان - ناگاندا ئۇ تەرەپتىن كەلگەن كىشىلەر ئىم ئارقىلىق ئۆز ئادەملىرى بىلەن ئالاقىلىشىدىكەن. ھەربىر ئايغاقچىنىڭ ۋەزىپىسى ئايرىم ئىكەن. ئۇلار خانلىقىمىزدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار، ئېكتالار، بايلار، سودىگەرلەر ۋە تارىخچىلار ئىچىدىكى قولىدىن ئىش كېلىدىغان كىشىلەرنى ئالتۇن - كۈمۈش، قاشتاش، يىپەك - دۇردۇنلار، ئۈنچە - مەرۋايىتلار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى قورشاۋدا ئىچى - تېشىدىن ماسلىشىپ، خانلىقىمىزنى ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ قىلماقچىكەن. ھېلىقى ئايغاقچى ئۆزى ئوردۇكەنتكە كەلگەندىن بۇيان ئالاقە قىلغان ئوردا ئەمەلدارلىرىنى، ئېكتالارنى، سودىگەرلەرنىمۇ پاش قىلدى.

— تۇز يەپ، تۇزلۇققا چىچىدىغان ئۇنداق ناكەسلەر خېلى بارمىكەن؟ — دېدى مۇسا بۇغراخان چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ.

— خېلى بار ئىكەن، ئالىيلىرى، مانا بۇ بىز تۇتۇۋالغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايغاقچى پاش قىلغان كىشىلەرنىڭ ئىسمىلىكى... — تۇغرۇلبەگ قويۇن يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، قوش قوللاپ سۇندى. خان ئالدىراپ قەغەزنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئۈستىدىن ئاستىغا قارىتىپ يېزىلغان ئىسىملارنى ـ چىرماش خەتلەرگە تېزلىكتە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كېيىن، بىردىنىلا قوشۇمىلىرى تۈرۈلدى، ئاق ئارىلاشقا باشلىغان ساقاللىرى تىترەپ كەتتى:

— بۇ... بۇ... بۇلارنىڭ ھەممىسى راستمىكەن؟

— ھېلىقى ئايغاقچى ئامىتابا بۇدساتۋانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ قەسەم قىلدى. ھەتتا دېگەنلىرىنىڭ بىرەرسى يالغان بولسا قانداق جازا بەرسەك رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. يەنە ئايغاقچىنىڭ دېيىشىچە، ياغلاقار قالۇ خاننىڭ بۇ قېتىمقى ھۇجۇمىغا ئىدىقۇت خانى بىلەن تىبەت خانىمۇ ياردەملىشىپتۇ...

— ھە؟.... نېمە دېدىڭىز؟.... — بۇغراخان خاتا ئاڭلاپ قالدىممۇ دېگەندەك ئالدىراپ سورىدى.

— بۇ قېتىم ئىدىقۇت خانى، تىبەت خانى ئۆدۈن خانىغا لەشكىرىي ياردەم بېرىپتۇ، ئالىيلىرى. ئايغاقچىنىڭ مەلۇم قىلىشىچە، تىبەت خانى بەش مىڭ ئاتلىق لەشكەر ئەۋەتىپتۇ. ئىدىقۇت خانى لەشكىرىي تەمىنات ياردەم قىلغان ئوخشايدۇ...

— ياغلاقار قالۇ بۇ قېتىم نېمىشقا بۇنچىلىك تىركىشىدىكىن دېسەم، ئەسلىي ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە!... بىز ياۋنى بوش چاغلاپتۇق. ئەمدى باشقا ئامال قوللانمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ... — دېدى بۇغراخان تولىمۇ پەس ئاۋازدا ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پىچىرلاپ، — ئۇلارغا ھەمدەم بولىدىغانلار، يانتاياق بولۇۋاتقانلار بولغاچقىلا، نەچچە ئايدىن بېرى ئوردۇكەنتنى مۇستەھكەم مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇۋېتىپتۇ ـ دە، ھەي ئىستەي، كەم ئەقىللىكىم...

ھۇجرا بىردىنلا جىمىپ قالدى. تۇغرۇلبەگ ئەپسۇسلىنىش ئىچىدە تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئۆزى سۇنغان

تىزىملىكنى چىڭ سىقىملاپ ئولتۇرغان خانغا قاراپ بىردەم ئۇندىمەي ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:

— ئاسىيلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار، خان ئالىيلىرى؟

مۇسا بۇغراخان تېزلا جاۋاب بەردى:

— ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە «ياقسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ» دەپ ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق، قورۇقچىبەگ، ئۇلارنى بىر - بىرلەپ قىستىققا ئېلىپ، سوراق قىلىش كېرەك. ئەھۋالنىڭ راستلىقى ئىسپاتلانسا، دەررۇ قاتتىق جازالاش زۆرۈردۇر. قىلچە كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ، — خان قولىدىكى قەغەزگە يەنە بىر قېتىم قارىغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بۈگۈنلا تۇتۇپ كېلىڭ، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، ئالىيلىرى.

— دەرھال ھەرىكەتلىنىڭ. باشقىلارغا، زىنھار سەزدۈرمەڭ، بۇ تىزىملىككە چۈشكەن ئاسىيلارنىڭ بىرسىنىمۇ قاچۇرۇپ قويماي، ھەممىسىنى خانلىق قىستىقخانىسىغا سولاپ، بىر - بىرلەپ سوراق قىلىڭ. ئەگەر ئۇلارنىڭ قىلمىشى ئېنىقلانسا، ئۆگۈنلۈككە جۈمەدىن كېيىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى بىلەن قوشۇپ ھەممىسىنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ، بارلىق مال - مۈلكى ئوردا خەزىنىسىگە ئۆتكۈزۈلسۇن!

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى، يارلىقلىرىغا پەرمانبەردارمەن... — توغرۇلبەگ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— بۇ ئىشتا قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇش زۆرۈر، قورۇقچىبەگ. ياۋنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، خانلىقىمىزنىڭ ئۇلىنى كولىغان بۇ ئاسىي، ئازغۇن بەندىلەرنىڭ بىرسىمۇ قېچىپ كەتمىسۇن!

— خاتىرجەم بولسىلا، خان ئالىيلىرى، ھەممە ئىشنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرمانلىرى بويىچە جايىدا ئورۇنلايمەن!

— ئەمىسە چوقۇم ئېھتىياتچان بولۇڭ...

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى!

توغرۇلبەگ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن خاننىڭ ئىچى بىردىنلا ئاچچىققا تولدى. ئۇ بۇنداق بولۇشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. بايىقى تېزىملىكتىكى بەزى كىشىلەرنى ئۇ خېلىلا ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەنىدى. مانا ئەمدى جاھان ئازراقلا قالايمىقان بولۇۋىدى، «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دېگەندەك، ئۇلار شۇنچە تېز خانلىقتىن، دىندىن، ئۆزىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن خاندىن يۈز ئۆرۈپتۇ. بۇ كىمنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرمىسۇن؟ خان بىردىنلا مۇشتۇمىنى تۈگدى. شۇ ئان ئۇنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىن غاراسلىغان ئاۋاز چىقىپ كەتتى...

خاس خاننىڭ سىرتىدىن يەنە سارىغ بۇقىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، بالاساغۇننىڭ ئىلىكخانى، سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان ئەۋەتكەن ئارقىش خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ!

خان دەرھال ئىجازەت بەردى:

— كىرگۈزۈۋەت، دەرھال كىرسۇن...

شۇ ئەسنادا چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدىغان، كىيىملىرىنى توپا ـ چاڭلار باسقان بىرسى خاس ھۇجرىغا كىرىپ، سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن قويۇن يانچۇقىدىن مەخسۇس خەت ـ ئالاقىگە ئىشلىتىدىغان كۆن قاپنى ئېلىپ خانغا سۇندى. خان قاپنى ئېلىپ ئۇنى ئاچماستىنلا سورىدى:

— قېنى ئېيت، يۈسۈپ قادىرخان ھازىر قەيەردە؟

— يولدا كېلىۋاتىدۇ، خان ئالىيلىرى.

— ئوردۇكەنتتىن قانچىلىك يىراقلىقتا؟

— تېزرەك ماڭسا يەنە ئىككى كۈندە يېتىپ كېلىدۇ.

— قانچىلىك لەشكەر بىلەن كەلدى؟

— بىر تۈمەندىن كۆپرەك لەشكەر بىلەن...
— بولدى، قايتىپ ئارام ئال...
— ئىلەل، خان ئالىيلىرى...
ئارقىش چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، خان تېخى ھېلىلا قەلبىنى قۇرتتەك تاتىلاپ تۇرغان غەمنى بىردەمدىلا ئۇنتۇپ كەتكەندەك، يېشىغا ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن ھۇجرا ئىچىدە بىرنەچچىنى ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىك تۈۋىدە قول باغلاپ تۇرغان سارىغ بۇقىغا قارىدى:
— ئەلى ئارسلانخان ۋە باشقا تايانغۇ كېڭەشچىلەرگە خەۋەر قىلىڭ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھۇزۇرۇمغا كەلسۇن!
— ئىلەل، خان ئالىيلىرى...
مۇسا بۇغراخان ھاياجانلىق ھېسسىياتىنى تەستە بېسىۋېلىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى ـ دە، كۆن قاپنى ئالدىراشلىق بىلەن يېشىپ، تۇمارچىلاپ قاتلانغان خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى بىر خىل سۆيۈنۈشتىن پارقىراپ كەتكەنىدى. خەتنى ئوقۇغانسېرى چىرايىدىكى نۇرلىنىش تېخىمۇ پارلاۋاتاتتى. خان تېزلا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، مۇشتىنى سىلكىپ قويدى: «خەپ، ياغلاقار قالۇ! سېنىڭ قىلغانلىرىڭنى كۆزۈڭگە كۆرسەتمىسەم! شۇنداق مەغلۇپ بولىسەنكى...»
ئەلى ئارسلانخان ئىجازەت بىلەن ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى ۋە ئاتىسىنىڭ چىرايىدىكى نۇرلىنىشنى كۆرۈپ ھەيران بولغاندەك قاراپ تۇردى.
— خۇش خەۋەر ئوغلۇم، يۈسۈپ قادىرخان يەنە ئىككى كۈندە ئوردۇكەنتكە يېتىپ كېلىدىكەن.
— راستمۇ؟... — ئەلى ئارسلانخان تېزلا سورىدى.
— راست... — دېدى خان. ئۇ قولىدىكى خەتنى ئەلى ئارسلانخانغا كۆرسەتمەكچى بولۇپ ئەمدىلا «مانا بۇ...» دېيىشىگە، تايانغۇ كېڭەشچىلەر كىرىشكە ئىجازەت سورىدى.
— كىرىڭلار! — دېدى خان جاراڭلىق ئاۋازدا.

www.uyghurkitap.com

# 11

يۇسۇپ قادىرخان مۇسا بۇغراخان مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتا ئوردۇكەنتكە كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋالنىڭ ئارقىش يەتكۈزگەن خەۋەردىنمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇزاق مۇساپىنى بېسىپ، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەن لەشكەرلىرىنى ئىككى كۈن ئارام ئالدۇرۇپلا، خاندىن جەڭگە چىقىشنى ئۆتۈندى. مۇسا بۇغراخانمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە شۇنداق قىلماقتىن باشقا ئامال يوقلۇقىنى بىلگەچكە، بۇ تەلەپكە قوشۇلدى. ئۇنىڭغا ئوغلى ئەلى ئارسلانخاننىڭ ھەمدەم بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ پاراڭنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان مەريەم خېنىممۇ شۇ ھامان ئورنىدىن تۇرۇپ، تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭمۇ ئېرى بىلەن بىللە جەڭگە چىقىقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇسا بۇغراخان بىرھازا ئۈندىمەي ئولتۇردى. مەريەم خېنىم خاننىڭ ئۆزىنى جەڭگە قاتناشتۇرۇش - قاتناشتۇرماسلىق ئىشىدا بىر قارارغا كېلەلمەي قىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— بۇ قېتىم ياۋغا قارشى بۇ ئىككى سانغۇن بىلەن بىللە جەڭگە چىقىشىمغا ئىجازەت بەرگەيلا، خان ئاتا. كەمىنە قىزلىرى ئەل - رەئىيەتنىڭ بېشىغا چۈشكەن بۇ دىشۋارچىلىقلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەمشىرىلىرىم بىلەن بىللە كۈچ چىقىراي.

— سىز باشچىلىق قىلىۋاتقان قادىنلار قوشۇنىدىكى ھەمشىرىلىرىڭىزنىڭ لەشكەرچىلىك ئىشلىرىغا تولىمۇ ماھىر ئىكەنلىكى ماڭا ئايان، قىزىم. ئەپسۇسكى، بۇ قېتىملىق جەڭ باشقا ۋاقىتلاردىكى جەڭگە ئوخشىمايدۇ. ئادەمنىڭ كۆزى بولغىنى بىلەن قىلىچ - نەيزىنىڭ كۆزى يوق. شۇڭا، بۇ ئىشتا ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر. ئوغلىڭىز سۇبۇق تېگىنمۇ ئاشۇ بۇددىست كاپىرلارنىڭ كاساپىتىدىن بالدۇرلا ئانا سۈتىدىن ئايرىلىپ

قالدى. ئەپسۇس...

— ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى كۆپرەك ئويلاپ، ماڭا ۋە قوشۇنۇمنىڭ جەڭگە قاتنىشىشىغا ئىجازەت بەرگەيلا، خان ئاتا. بىز ئەرلەردەك جەڭ قىلالمىساقمۇ، ھېچ بولمىسا ھوررا ـ سۈرەن سېلىپ جەڭ قىلغان بۇغرا ئوغلانلىرىغا مەدەت بېرەيلى... — مەريەم خېنىم بوغۇزىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. بۇغراخان قانداق قىلىشىنى بىلمىگەندەك سۈكۈتتە ئولتۇرۇپ قالدى. ئەلى ئارسلانخانمۇ ئاتامنىڭ دېگىنى ھېساب، دېگەندەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرىۋەردى. مەريەم خېنىم يەنە تىترەك ئاۋازدا خانغا ئىلتىجا قىلدى، — مېنى كېلىنلىرى، نەۋرىلىرىنىڭ ئانىسى، ئوغۇللىرىنىڭ ھەمشىرىسى دېگەننى ئويلىماي، ئۇلۇغ، شانۇشەۋكەتلىك قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاددىي بىر لەشكىرى دەپ قارىغايلا، خان ئاتا!

خان ئەلى ئارسلانخانغا قاراپ ئورنىدىن قىمىرلاپ قويدى. ئەمما، ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئۈندىمەي ئولتۇرۇشى مەريەم خېنىمنىڭ بېرىشىغا قوشۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

— بوپتۇ، قىزىم، — دېدى خان بىردىنلا غەمكىنلىشىپ قالغاندەك، — سىزنى يارانقۇچىغا تاپشۇردۇم. ھەر ۋاقىت قاتتىق ئېھتىيات قىلغايسىز! بولمىسا مەرھۇم ئاتىڭىز ئىلتەر باخشىغا بۇ ئالەمدىلا ئەمەس، ئۇ ئالەمدىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن...

— ئىلەل، خان ئاتا، تەلىملىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن، — دېدى مەريەم خېنىم تېزلىك بىلەن لەشكەرچە سالام بەجا كەلتۈرۈپ. ئاندىن باشقىلارغا چاندۇرماستىن ئەلى ئارسلانخانغا قاراپ شوخلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

جەڭ باشلانغان كۈنى ھاۋا ناھايىتى تۇتۇق بولدى. شەرق تەرەپتىن ئۇرۇلۇپ تۇرغان شامال ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ تۇغىنى تىنىمسىز يەلپۈپ تۇراتتى. بەزىدە ئىزغىرىن شامال بىلەن كۆتۈرۈلگەن قۇمسىمان توپىلار ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە كىرگەن ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ كۆزلىرىگە ئۇرۇلۇپ، بىمالال جەڭ

قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىلا تەرەپتىكىلەر سەللا بىخەستەلىك قىلسا ھالاكەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ناھايىتى سەزگۈرلۈك بىلەن قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى ئوينىتىشاتتى. يۈسۈپ قادىرخان خانغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن لەشكەرلىرى بىلەن ئۇرۇش سېپى ئىچىگە باشچىلاپ كىرىپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىلا ئەمەس، دۇبۇلغا ـ ساۋۇتلىرىمۇ قان تامچىلىرى بىلەن بويىلىپ كەتكەنىدى. پۈتۈن بىر كۈن جەڭ قىلغان بولغاچقا ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزى سەللا بوشاڭلىق قىلسا، بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، ياۋنىڭ ئاجىز يېرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزى بىلەن بىللە جەڭ قىلىۋاتقانلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. ئەلى ئارسلانخانمۇ، مەريەم خېنىممۇ تولا ۋارقىراپ، ئاۋازلىرى پۈتۈپ كەتكەنلىكىگە، چىلىق ـ چىلىق قان ئارىلاش تەرگە پاتقانلىقىغا قارىماي، ھەربىر قىلىچ ئۇرغاندا بىر قېتىم ۋارقىراپ، لەشكەرلەرنىڭ قېنىنى قىزىتىش ئۈچۈن تىرىشىۋاتاتتى. ئەمما، ياۋ لەشكەرلىرىمۇ بوشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇلار يەنىلا تىغمۇتىغ ئېلىشىۋاتاتتى. يۈسۈپ قادىرخان ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ ناھايىتى جاھىللىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى، تالاپەتنىڭمۇ ئۆزى مۆلچەرلىگەندىنمۇ ئېغىر بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بۈگۈنچە جەڭنى توختىتىپ، ئەتە بامدات نامىزى بىلەن تەڭ يەنە قايتا ھۇجۇم قىلىشنى ئويلاۋاتقاندا تۇيۇقسىز ياۋ قارارگاھى تەرەپتىن ئۈنلۈك، ئەمما رىتىمى ناھايىتى ئاستا ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ ئەسنادا ئۇدۇن لەشكەرلىرى مۇداپىئەلەنگەچ چېكىنىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ يۈسۈپ قادىرخان تېخى ھېلىلا ئويلىغان خىيالىدىن تېزلا يالتايدى ـ دە، قان تېمىپ تۇرغان ئايسىمان قىلىچىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، ئېتىنى كۈچ بىلەن تېقىمدىغاچ كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ ۋارقىرىدى:

— ھۇررا! ئۇلۇغ بۇغرا لەشكەرلىرى، ھۇررا !...

بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان ئەلى ئارسلانخانمۇ، مەريەم خېنىم، كۈلۈك تۇمەنبېشىلارمۇ تەڭلا ۋارقىراشتى:

— ھۇررا! ئۇلۇغ بۇغرا لەشكەرلىرى! ياۋنى يەر بىلەن يەكسان قىلايلى!

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن بېرى ئېغىزىغا بىرەر بۇردا نان سالماي، بىرەر يۇتۇم سۇ ئىچمەيمۇ قىلىچ ئوينىتىپ كېلىۋاتقان بۇغرا لەشكەرلىرى ئۆز سانغۇنلىرىنىڭ چاقىرىقلىرىنى ئاڭلاپ، قايتا روھلانغاندەك بولۇپ ئۇدۇن لەشكەرلىرى تەرەپكە كەلكۈندەك يوپۇرۇلۇشتى. لېكىن، دەل ئاشۇ چاغدا ياۋ ناغرىسىنىڭ رىتىمى بىردىنلا ئىتتىكلەشتى ـ دە، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن تەڭلا كۈچلۈك سۈرەن ـ چۇقان كۆتۈرۈلدى. ئويلىمىغان يەردىن ياۋنىڭ ھەمدەمچى ئاتلىق لەشكەرلىرى قۇيۇندەك باستۇرۇپ كەلدى. بۇنى كۆرۈپ يۇسۇپ قادىرخاننى بىردىنلا سوغۇق تەر باسقاندەك بولۇپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشسا تالاپەتنىڭ ئېغىر بولىدىغانلىقىنى پەملەپ، تېزلا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىپ، كەينىگە ئۆرۈلگەچ ۋارقىرىدى:

— چېكىنىڭلار!... تېز چېكىنىڭلار!...

بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ بەزىلىرى ھەمدەمچى ياۋ لەشكەرلىرىنى كۆرۈش بىلەنلا ئالدىراقچان كەينىگە ئۆرۈلۈپ بولغانىدى. يۇسۇپ قادىرخاننىڭ يارلىقى بىلەن ئۇنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتقانلارمۇ تېزلا چېكىنىشكە باشلىدى. ئەمما، ياۋنىڭ ھەمدەمچى قوشۇنى تېزلىكتە يېتىپ كېلىپ، ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن ھۇجۇم باشلىدى. بۇغرا لەشكەرلىرى سايىنىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكەن جەسەتلەرنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ ئۇدۇل كەلگەن رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشقاچ سېپىل تەرەپكە چېكىنىشكە باشلىدى. شۇنداقتىمۇ، تالاپەت ناھايىتى ئېغىر بولدى. ئەگەر گۇگۇم پەردىسى ئەتراپقا يېپىلىپ، ئۇلار ئۆز ئادەملىرىنى پەرق ئېتەلمىگۈدەك ھالەت شەكىللەنمىگەن بولسا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەھۋال تېخىمۇ يامان بولار ئىدى.

— ھوشىشەرە باتۇرلىرىم، بۈگۈن ئىنتايىن باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلدىڭلار، — دېدى ئەتىگەندىن بېرى شاھانە چېدىردىن ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە مەخسۇس ياسىتىلغان كۆزىتىش سۇپىسى ئۈستىدە جەڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ ئولتۇرغان ياغلاقار قالۇ خان ئوخشاش رەڭدىكى تىزگىن سىيرىپ كېلىۋاتقان ئارغىماقلاردىن يەرگە چۈشكەن نوقتەرىش بىلەن چوقتەرىشكە قاراپ كۈلۈمسىرەپ، — بۈگۈن ئامەت قۇشى يەنە بىر قېتىم بېشىمىزغا قوندى. رەقىبلىرىمىز ئۆلگەن لەشكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنى بىرەر ھەپتىدىمۇ يىغىشتۇرۇپ بولالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. ئەمدى ئۇلار تولۇق تۈگەشتى.

— ئۆزلىرىنىڭ مەددىتى، ئۇلۇغ ئاممتابا بۇدساتۋانىڭ كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلىشى بىلەن ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى ئوڭۇشلۇق چېكىندۇردۇق، شاھىم، — دېدى نوقتەرىش ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدىغا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كەلگەن مۇلازىم لەشكەرگە ئۇزارتىۋېتىپ، — ئەمما، ھازىر ئۇلار نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان بىلەن ھەرگىز بولدى قىلمايدۇ. شۇڭا، ئۇلارغا سەل قارىماسلىق زۆرۈر!

— بۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، ئاكا، — دېدى چوقتەرىش، — بىز ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرۇۋاتقىلى ئاز كەم بەش ئاي بولۇپ قالدى. مەن ئىگىلىگەن ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئوردۇكەنتتىكى تارىغچىلارنىڭ ئاش - ئوزۇقى ئاساسەن تۈگەپ قالغانىمىش. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاچ - زارلىقتا قالغانلاردىن خېلى كۆپى ئۆز خانىغا ئۆكتە قوپۇپ، بۇغراخاننىڭ تەختىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بىزگە بەيئەت قىلىشنى نىيەت قىلىۋاتقانىمىش. قاراخانىيلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، بىزگە ئەل بولىدىغان ۋاقتىغا ساناقلىقلا كۈن قالدى. بىز مۇھاسىرىنى يەنە بىر مەزگىل ساقلاپ تۇرالىساقلا، بۇغراخاننىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى ۋە تارىغچىلىرىلا ئەمەس، خاننىڭ ئۆزىمۇ بۇرۇنقى

گۇناھىنى كەچۈرۈشىمىزنى تىلەپ ئاق تۇغنى كۆتۈرۈپ ئالدىمىزغا كېلىدۇ...

— ئالدىراپ ئۇنداق ئويلاردا بولماڭ، ئىنىم، بۇغراخان ھېلىمۇ كۆپ بەرداشلىق بەردى. يەنە نېمە ئىشلار بولىدۇ، بىر نەرسە دېمەك تەس.

— قورقۇنچاق بولۇپ كېتىپسىز، ئاكا! ئۆمرىدە بىر قېتىم يىلان چېقىۋالغان ئادەمگە ئارغامچىمۇ يىلان كۆرۈنەرمىش. بۇرۇنقى كەچمىشلەرنى ئەمدى ئۇنتۇپ كېتىڭ، بۇ دورەم نۇسرەت قۇشى بىزنىڭ...

— ئۇرۇش دېگەندە ئالدىراپ يەكۈن چىقارغىلى بولمايدۇ، ئىنىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەڭگۈ يېڭىلمەس قوشۇن بولغان ئەمەس. ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدا راھىب كالان ھەزرەتلىرى: «دۇنيانى تىترەتكەن ئاتىللانىڭمۇ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭمۇ ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان ۋاقىتلىرى بولغان» دېگەنىدىغۇ؟!... ھازىر تېخى خۇشال بولۇشقا سەل بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

چوقتەرىش يەنە ئاكىسىغا رەددىيە بەرمەكچى بولغانىدەك ئېغىزىنى ئۆمەللىدى. بۇنى كۆرۈپ ياغلاقار قالۇ خان ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— ئامىتابا، باتۇرلىرىم، بۇگۈن پۈتۈن كۈن ئۇرۇش قىلىپ ھېرىپ - ئاچتىڭلار، ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام، دەپتىكەن. قالغان گەپنى غىزالانغاچ دېيىشەيلى!

— شۇنداق قىلايلى، شاھىم، غىزالانغاچ پاراڭلىشايلى... — دېدى نوقتەرىشمۇ دەرھاللا.

ئۇلار ياغلاقار قالۇنىڭ شاھانە چېدىرىنىڭ ئالدىدا خاس نۆكەر قۇيغان سۇ بىلەن قوللىرىنى چايقىغاندىن كېيىن چېدىرغا كىرىشتى. ئاۋۋال تۆر تەرەپتىكى چاسا ئۈستەل ئۈستىدىكى بۇدساتۋانىڭ ھەيكىلى ئالدىدا كۈجىگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، ئۈچ قېتىم تەزىم قىلغاندىن كېيىن، كۈجىنى كۈجدانغا سالدى. ئاندىن جۇلالىنىپ تۇرىدىغان خوتەن گىلىمى ئۈستىدىكى ھەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىل نازۇ نېمەتلەر تىزىلغان شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى.

— بۈگۈن ھەرقايسىڭلارنىڭ جەڭدە قازانغان نۇسرىتىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن قاتتىق - قۇرۇق بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك داستىخان تەييارلاندى. ئېغىز تېگىڭلار، باتۇرلىرىم!

— ئامىتابا، ھېلىمۇ بەك جوۋاپلا، شاھىم. جەڭ قىلىش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز. ھەرگىز بۇنداق دېمىگەيلا، — دېدى نوقتەرىش ئالدىراپ.

— بىز ئەقلىمىزگە كەلگەندىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ ھىمايىلىرىدە غەم - غۇسسىسىز ھالدا ياشاپ كەلدۇق، شاھ ئالىيلىرى، ئەمدى قەرزىمىزنى قايتۇرىدىغان پۇرسەت كەلگەن چېغى، — دېدى چوقتەرىشمۇ.

— ئامىتا، بۈدساتۋا ئىگەم گۇۋاھ بولسۇن، سىلەر مېنىڭ ئوڭ ۋە سول قولۇمغا ئوخشاش قەدىردانلىرىم. پېقىر سىلەردەك باتۇرلىرىم بولغاچقىلا سەلتەنەت تەختىگە بەرقارار بولۇۋاتىمەن... غىزا سوۋۇپ قالمىسۇن... قېنى خوش...

— قېنى ئۆزلىرىمۇ... — دېدى نوقتەرىش.

— بۈگۈن كەيپىم تولىمۇ چاغ. تاماقنى ئوبدان يەيدىغاندەك قىلىمەن... — دېدى ياغلاقار قالۇ كۈلۈپ.

ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن ياغلاقار قالۇ خاننىڭ كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان چىرايىغا قاراپ قويۇشقاندىن كېيىن غىزاغا قول سوزۇشتى. خان ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە قاراپ ئولتۇرغاچ، نېمىدىندۇر رازى بولۇۋاتقاندەك بېشىنى بىرنەچچە قېتىم لىڭشىتىپ قويدى.

راست، بۈگۈن ياغلاقار قالۇ خان خۇشال ئىدى. چۈنكى، ئۇ كۆزىتىش سۇپىسىدا تۇرۇپ بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ تالاپىتىنى ئېنىق كۆردى. ھەربىر بۇغرا لەشكەرلىرىگە يا ئوقى سانجىلغاندا، ھەربىر قىلىچ ئۇلارنىڭ بەدىنىگە تەگكەندە، ئۇ خۇشاللىقتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇردى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى ئۇدۇن زېمىنىدا سەلتەنەت سۈرگەن مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت

ئىچىدە كۆپ قېتىملاپ تىبەت تەرەپتىن باستۇرۇپ كىرىپ كەلگەنلەر بىلەن ئۇرۇش قىلغان بولۇپ، بۇ ئۇرۇشلارنىڭ تەپسىلاتى ئوردا كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان پۈتۈكلەرگە پۈتۈلگەنىدى. لېكىن، ياغلاقار قالۇ خاننىڭ بىلىشىچە، ھېچقاچانقى ئۇرۇش ئالدىنقى قېتىم بۇغراخان ھۇجۇم قىلغاندىكىدەك ئېغىر تالاپەت كەلتۈرمىگەنىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ، كاشغەر تەۋەسىدە ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن، ياغلاقار قالۇ خاننىڭ بوۋىسى ئۇلارنىڭ تەسىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەنىدى. دېگەندەك خان ئاتىسى قارا كېزىك سەۋەبلىك قازا قىلىپ، ياغلاقار قالۇ تەختتە ئولتۇرۇپ كۆپ ئۆتمەيلا قاراخانىيلارنىڭ ئۇدۇنغا لەشكەر تارتىشى باشلاندى. ياغلاقار قالۇ ئۇرۇش قىلىشتىن ساقلىنالمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، تەييارلىقنى پۇختا قىلدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي قاراخانىيلار راستىلا ئۇدۇن ئېلىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئىككى ئەل ئارىسىدا ناھايىتى ئېچىنىشلىق جەڭ باشلاندى. ئەنە شۇ چاغدىمۇ ياغلاقار قالۇنىڭ ئالدىدىكى مانا مۇشۇ ئىككى سانغۇنىنىڭ ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ، قان كېچىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىشى نەتىجىسىدە قاراخانىيلار قاراقاشنىڭ زاۋا ئۆتىڭىدىن ئۆتەلمىدى. لېكىن، لەشكىري تالاپەت بەكلا ئېغىر بولغاچقا، بۇ ئىش ياغلاقار قالۇ خانغا بەك ھار كەلدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ياغلاقار قالۇ خاننىڭ يېگىنى ئوغا، ئىچكىنى زەھەر بولۇپ، نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەنىدى. «قاراخانىيلارنىڭ ھۇجۇمىنى بەك ھار ئېلىپ كەتمىسىلە، شاھىم، بۇ دېگەن ئۆتنە جاھان، ئەلمىساقتىن بۇيان زىنھار مۇتلەق ئىش بولغان ئەمەس. بۇ دورەم ئۇلار بىزگە ھۇجۇم قىلغىنى بىلەن كېيىن بىزمۇ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى ئوبدانلا بېرىپ، خانلىقىمىزنىڭ كۈچ – قۇدرىتىنى نامايان قىلىمىز، — دېگەنىدى بۇ سەركەردىلەر، — ھېساب – كىتابنىڭ ۋاقتى ئۆتمەيدۇ. ۋاقتى كەلسە، بۇ ھېسابنى چوقۇم قىلىمىز.»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياغلاقار قالۇ خان بۇ ئىككى سانغۇننىڭ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، تەسەللى بېرىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە ئۇندىمىگەندى. كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، ئايلار يىللارغا ئۇلىنىپ ئۆتىۋەرگەن بولسىمۇ، كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە چوقۇم بۇغراخاننىڭ ئۇدۇن زېمىنىغا باستۇرۇپ كىرىشى قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىكى ئىشتەكلا ئېنىق بولۇپ قالدى. شۇڭا، ياغلاقار قالۇ خان بىر قېتىم پاراڭ ئارىلىقىدا بۇ ھەقتىكى ئەندىشىسىنى ئېيتىپ بولغۇچە، نوقتەرىش تېزلا ئىپادە بىلدۈرگەندى.

— ئويلىغانلىرى بەرھەق، شاھىم، ھامىنى بىر كۈنى بۇغراخاننىڭ زېمىنىمىزغا بېسىپ كىرىشى ئېنىق.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز، باتۇرۇم؟ — سورىغانىدى خان بۇ ئىشەنچلىك سانغۇنىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل ئۇمىدلىنىپ.

— ئۇلار بىز تەرەپكە لەشكەر تارتقۇچە، بىز ئۇلارغا قارشى ئاتلانمىقىمىز لازىمدۇر.

— ئۇلارغا تەڭ كېلەلەرمىزمۇ؟...

— ھازىرقى ئەھۋالدا بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىز سان جەھەتتە ئۇلارغا يەتمەيدۇ. ئەمما، قوشنىمىز تىبەت ئېلى بىلەن قوچۇ دىيارىدىكى ئىدىقۇت خانىدىن ياردەم سورىساق، ئۇلارمۇ قاراپ تۇرمايدۇ. چۈنكى، قاراخانىيلارنىڭ ئۇلارنىڭ زېمىنلىرىغا كۆز ئالايتىۋاتقىنىمۇ سىر ئەمەس. ئەگەر ئۇلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلىسەكلا، نۇسرەت قازىنىشىمىزدا گەپ يوق.

— ياغىغا ئورتاق قارشى تۇرۇش ھەققىدە تىبەت خانى بىلەن خېلى بۇرۇنلا پۈتۈمنامە تۈزگەنمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىلەن قۇدا - باجىلىق مۇناسىۋىتىمىزمۇ بار. تىبەت خانىغا ئارقىش ئەۋەتسەكلا ياردەم بېرىشى ئېنىق. ئەمما، ئىدىقۇت خانىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىغا بىرنېمە دېمەك تەس.

— ئىدىقۇت خانىمۇ چوقۇم ياردەم قىلىدۇ، شاھىم. ئۇلار بىز بىلەن بىر دىندا، شۇنداقلا كالىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈننىڭ بىر

كۆنى موزاينىڭمۇ بېشىغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇلار ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا، سىلى ئۇلارغا نامە يېزىپ، بۇغراخان ئالىمادىس بىز تەرەپتە نۇسرەت قازىنىپ قالسا، دەرھال ئىدىقۇت تەرەپكە لەشكەر تارتىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇل دىن ئەغيارلىرىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشقا دالالەت قىلسىلا. ئىدىقۇت خانى تەلەپلىرىگە قوشۇلۇپ، چوقۇم جان دەپ قاراخانىيلارغا قارشى لەشكەر تارتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ھازىر بۇغراخاندىن تەپ تارتىپ، ئاشكارا ھالدا لەشكەر چىقىرىشقا پېتىنالمىسا، خۇپىيانە ھالدا لەشكىرىي ياردەم بەرسە بولىشۇېرىدۇ.

— بۇ ناھايىتى ئوبدان مەسلىھەت بولدى. قېنى، مەن ھەر ئىككى تەرەپكە يالۋاچ① ئەۋەتىپ باقاي. ئۇلارنىڭ زادى قانداق جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا قاراپ، بۇ ئىشنى قايتىدىن ئوبدانراق مەسلىھەت قىلايلى.

— ئۇلار بۇ تەكلىپلىرىگە جان دەپ قوشۇلىدۇ، شاھىم. بۇنىڭدىن ھەرگىز خاۋاتىرلەنمىگەيلا.

— بەلكىم شۇنداق بولار. ئەمما، ئالىمادىس ئۇرۇشتا ۋاقىت سوزۇلۇپ كەتسە، لەشكىرىي تەمىناتتىن قىسىلىپ قالماي بەرداشلىق بېرەلەرمىزمۇ؟...

— بۇ تەرەپنى ئويلىغانلىرى توغرا، شاھىم. تىبەت بىلەن قوچۇغا ئارقىش ئەۋەتىپ، ئۇلاردىن جاۋاب كەلگۈچە بىزمۇ لەشكىرىي تەمىناتنى غەملەشنىڭ كويىغا كىرمىكىمىز زۆرۈر.

— باركاللا، سانغۇن، بۇ ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاپلا، دېگەنلىرىچە بولسۇن. قېنى ئاۋۋال بۇ ئىككى ئەلگە يالۋاچ ماڭدۇرۇپ كۆرەيلى، ئۇلارنىڭ تومۇرى قانداق سوقىدىكىن، ئەگەر ياردەم بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، بىزمۇ دەرھاللا تەييارلىقىمىزنى پۇتكۈزەيلى.

— شۇنداق قىلايلى، شاھىم.

---

① يالۋاچ — ئەلچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشتا ئەنە شۇنداق ئاددىي مەسلىھەت بىلەنلا پىكىر بىرلىكىگە كېلىنىپ، ياغلاقار قالۇ خان ۋە ئىككى سانغۇندىن ئۆزگە ھەممە كىشىدىن مەخپىي تۇتۇلۇپ، تېزلىكتە قوچۇ ۋە تىبەت ئەللىرىگە يالۋاچ ماڭدۇرۇلدى. ياغلاقار قالۇ خان ئوردا كېڭىشىدە يات ئاربدا كونا رەقىبى قاراخانىيلارغا لەشكەر تارتىدىغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق گەپ قىلمىغان بولسىمۇ، «يات ئەللەرنىڭ تاسادىپىي تاجاۋۇزچىلىقىدىن ئېھتىيات قىلىش يۈزىسىدىن» دېگەن سەۋەب بىلەن لەشكىرىي تەمىنات توپلاش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈردى. ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ يېرىم يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندە ئاۋۋال قوچۇ دىيارىدىكى ئىدىقۇت خانىدىن، ئاندىن تىبەت خانىدىن بۇ ئىشقا قىزغىن ياردەمدە بولۇپ، لەشكەر ئەۋەتىپ ھەمدەم بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ۋەدىلەر يېزىلغان جاۋابنامە يېتىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ياغلاقار قالۇ خان قەلبىنى ئۆرتەپ تۇرۇۋاتقان قىساس ئېلىش پەيتىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ خۇشاللىقتا ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى.

— ئۇلارغا يەنە ئارقىش ماڭدۇرايلى، خان ئالىيلىرى، — دېدى نوقتەرىش شۇ چاغدا خاننىڭ كۆلكە پارلاپ تۇرىدىغان چىرايىغا تىكىلىپ، — ئاۋۋال تىبەت خانى ئەۋەتكەن ھەمدەمچى قوشۇن يېتىپ كەلسۇن، ئىدىقۇت خانىنىڭ لەشكەرلىرىمۇ قوچۇدىن يولغا چىقسۇن. بىز شۇ چاغدىلا يۇرتخان شەھىرىدىن قوزغىلايلى. شۇنىڭغىچە بىزنىڭ قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى كاشغەرگە لەشكەر تارتىدىغىنىمىز قەتئىي مەخپىي تۇتۇلسۇن.

— دېگەنلىرىڭىز بەرھەق، سانغۇن، ھازىر يۇرتخان شەھىرىدە ئۇلارنىڭ ئايغاقچىلىرىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ زۆرۈر تەييارلىقىمىز پۈتكۈچە ناۋادا ئۇلار سېزىپ قالسا، ئۇلۇغ ئىشلىرىمىز، جەڭدە نۇسرەت قازىنىشىمىز توسقۇنلۇققا ئۇچرايدۇ. ۋاقتى كەلسە قاراخانىيلارنىڭ ئوردىسىغا يورۇڭقاش، قاراقاش دەرياسىغا كەلكۈن كەلگەندەك شۇنداق دەھشەتلىك نەرە

تارتقىنىمىزچە باستۇرۇپ بارايلىكى، ئۇلار ھۇررا ـ سۈرەنلىرىمىزنى ئاڭلاپ، قورققىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېلىشسۇن... ھا ـ ھا ـ ھا...

مەسلىھەت بويىچە ئىككى ئەلگە يەنە يالۋاچ ماڭدۇرۇلدى. ئۇلارنىڭمۇ ئاز ـ تولا ئىدىيەۋى تەييارلىقى بولغاچقا، يالۋاچلار يېتىپ بارغان ھامانلا يولغا چىقىشتى. ياغلاقار قالۇ خان تىبەت ئېلىدىن يولغا چىققان ياردەمچى قوشۇن يېتىپ كېلىشكە ئىككى كۈن قالغاندا، ئاندىن مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە زور قوشۇن بىلەن قاراخانىيلار تەرەپكە لەشكەر تارتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان ئوردا ئەركانلىرى خاننىڭ ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزلىرى باش بولۇپ يىغقان ئالۋان ـ ياساقلارنىڭ يات ئەللەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قىلىنغان تەييارلىق بولماستىن، بەلكى قاراخانىيلارغا ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئالدىنقى لەشكىري تەييارلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، تىبەت تەرەپتىن كەلگەنلەر يۇرتخان شەھىرىدە نەچچە كۈن ئارام ئېلىپ، ھاردۇقلىرىنى چىقىرىشقاندىن كېيىن ياغلاقار قالۇ خاننىڭ باشچىلىقىدا كاشغەر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقىشتى. ئۇلار تېزلىكتە زاۋا ئۆتىڭىدىن ئۆتۈپ، ھېچنېمىدىن خەۋىرى يوق تۇرغان قاغىلىق سېپىلىدىكى قاراخانىيلار لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى تىرىپىرەن قىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇل پوسكام، ياركەند زېمىنلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، يېڭىسارغا قاراپ ئاتلاندى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ باسقۇن قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر مۇسا بۇغراخاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئەلى ئارسلانخان ئۇلارغا قارشى لەشكەر تارتقان بولسىمۇ، ئەمما جەڭدە يېڭىلىپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ياغلاقار قالۇ خان قىزىل دەرياسىنىڭ بويىغا قارارگاھ قۇرۇپ، ئوردۇكەنتنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ قورشاپ ياتقىنىغا بەش ئايدىن ئاشقاندى. بۇ جەرياندا چوڭ ـ كىچىك جەڭلەر ئۈزۈلمەي بولۇۋاتقان بولسىمۇ،

ئەمما ئوردۇكەنتنىڭ پۇختا سېپىلى ئۇلارنى ئاخىرقى مەقسەتكە يەتكۈزمەيۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ، ئالدىدىكى ئىككى سانغۇننىڭ پىداكارلىقى بىلەن قاراخانىيلارنىڭ ئىككى قېتىملىق قامالنى بۇزۇش ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقانلىقىدىن شۇ تاپتا ياغلاقار قالۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى.

— قېنى ئېلىڭلار، باتۇرلىرىم، ئوبدان غىزالىنىڭلار! — دېدى ياغلاقار قالۇ ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەنگە رازىمەنلىك بىلەن بېقىپ.

— كەچلىك غىزايىمىز ناھايىتى مول بولدى شاھىم، رەھمەت سىلىگە، — دېدى نوقتەرىش بىلەن چوقتەرىش قورسىقىنى توقلىۋالغاندىن كېيىن.

— ئەمدى بۇنىڭغا ئېغىز تېگىپ بېقىڭلار، — دېدى خان ئېغىزى قىزىل يىپەك رەخت بىلەن ئورالغان نەپىس كوزىدىكى شاھانە مەينى ئۇلار تەرەپكە ئىتتىرىپ.

— ياق، شاھىم، بۈگۈنكىدەك چاغدا بۇ نەرسىنى ئېغىمىزغا ئالماي تۇرايلى. گەرچە جەڭدە غەلىبە قىلغان بولساقمۇ، ئەمما ياۋنىڭ كېچىدە بىرەر ھىيلە ئىشلەتمىكىدىن ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر.

— ئاكام توغرا ئېيتىدۇ، ئالىيلىرى، ئامىتابا، بۇددا ئىگەم مەدەت بەرسە، بۇ ئاسىيلارنى تامامەن مەغلۇپ قىلىپ، ئوردۇكەنت سېپىلىغا خانلىقىمىزنىڭ تۇغىنى قادىغاندىن كېيىن تازا ئىچىشىپ جەڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەيمىز تېخى...

ياغلاقار قالۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى - دە، بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا دېدى:

— راست، بۇمۇ ئورۇنلۇق گەپ. بۇغراخاننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمىنى تارمار قىلدۇق. ئۇ ناھايىتى كۆپ تالاپەت تارتتى. مۇشۇ تاپتا بەلكىم ئۇز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالغاندۇ!... يۈرەكلىرى ئاچچىق ئازاب، ھەسرەت دەستىدىن تېپچەكلەۋاتقاندۇ، ئۆزىنى

تۇتۇۋالالماي، يىغىلىگەن ئۇرۇشقا تويماپتۇ دېگەندەك، بىزگە هۇجۇم قىلىپ بېشىمىزنى ئالىمەن دەپ داۋراڭ سېلىۋاتقاندۇ؟!... شۇڭا ئېھتىيات قىلماق كېرەك...

ئۇلار شۇ يوسۇندا بۈگۈنكى جەڭ غەلىبىسى توغرىسىدا خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. ۋاقىت ئالللىقاچان ئېغىر ياتقۇ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ھەممەيلەننىڭ كەيپى چاغ بولغاچقا، بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەملەرنى قانداق بېسىش ھەققىدىمۇ مەسلىھەتلىشىۋالدى.

— بۇ غەلىبە خەۋىرىمىزنى يۇرتخان شەھىرىدىكىلەرگىمۇ يەتكۈزەيلى، — دېدى نوقتەرىش خانغا تەۋازۇ بىلەن باش ئېگىپ، — هازىرقى لەشكىرىي تەمىناتىمىز ئىككى - ئۈچ ئايغا تامامەن يېتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار لەشكىرىي تەمىناتنى يەنىمۇ كۆپەرەك غەملەش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلسۇن.

— ياق، ئۇنداق قىلىش ئارتۇقچە! چۈنكى، ئۇزاققا قالماي ئوردۇكەنتنىڭ سېپىلى ئۈستىدە بىزنىڭ دۆلەت تۇغىمىز جەۋلان قىلىدۇ، مۇسا بۇغراخان تەييارلاپ قويغان بارلىق لەشكىرىي تەمىناتمۇ بىزنىڭ ئىلكىمىزگە ئۆتىدۇ. يۇرتخان شەھىرىدىكىلەرنى لەشكىرىي تەمىنات جۇغلاش ئاۋارىچىلىكىدىن بىر يولىلا خالاس قىلىمىز... — دېدى چوقتەرىش كۈلۈپ تۇرۇپ.

بىراق، نوقتەرىش بىر قورساق قېرىندىشىنىڭ بالىلارچە سۆزىدىن رەنجىگەندەك، ئولتۇرغان يېرىدىن قىمىرلاپ قويدى. ئۇنىڭغىچە ياغلاقار قالۇ خان ئېغىز ئاچتى:

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، باتۇرۇم. ئاكىڭىزنىڭ پىكرى توغرا. بىزدە «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمەپتۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئۇرۇشتا تېزلا نۇسرەت قازانساققۇ مەيلى، ئەگەر ئىشلار بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدەك بولماي قالسا، ئۇ چاغدا پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىمىز. ئەل ئىچىدە «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن» دەيدىغان گەپ بارغۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ــــ ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسىلا، شاھىم. چوقۇم مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە نۇسرەت قۇياشى بىزنىڭ بېشىمىزدا پارلايدۇ! ــــ دېدى چوقتەرىش گېپىدىن يانغۇسى كەلمىگەندەك، ــــ شۇنىڭغا ئىشەنگەيلىكى، قارارگاھىتىكى لەشكىرىي تەمىناتىمىز تۈگەپ بولغۇچە بۇغراخان لەشكەرلىرى مەغلۇپ بولۇپ، پۈتۈن قاراخانىيلار زېمىنى بىزگە قۇچاق ئاچىدۇ! ئەگەر پات پۇرسەتتە ئوردۇكەنتنىڭ سېپىلىغا ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتى ۋىسارا خانلىقىنىڭ تۇغىنى قادىيالمىسام، بېشىم بىلەن جاۋاب بېرىشكە تەييارمەن!

ــــ شۇنداقتىمۇ ئارقىش ماڭدۇرايلى، سەركەردەم، يېقىندىن بۇيان يۇرتخان تەرەپتىنمۇ ئارقىش كەلمىدى. بىزمۇ ماڭدۇرمىدۇق. ئۇ يەردە بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرمىسۇن يەنە!

ــــ بۇ ئەندىشىلىرىنى ئورۇنسىز دېگىلى بولمايدۇ، شاھىم، يۇرتخان شەھىرىگە غەلىبە خۇش خەۋىرىمىزنى يەتكۈزۈپ ئارقىش ماڭدۇرايلى. يەنە ئۇلۇغ سۇلۇڭ ئېلىگىمۇ بۇ ھەقتە نامە پۈتەيلى.

ــــ راست، تولىمۇ دانا گەپ بولدى. ئالدىنقى قېتىم بىز ئېغىر ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغاندا، ئۇ ئەلگە بارغان سودىگەرلەرگە ئۇلۇغ سۇلۇڭ ئېلىنىڭ شاھى بۇددا دىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ياردەم كېرەك بولسا، ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مەخسۇس مەكتۇپ يوللىغانىكەن. بۇ قېتىم ئۇ زاتتىن ياردەم تەلەپ قىلىشنى ئويلىغان بولسامۇ، بەربىر «يىراقتىكى سۇ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرالمايدۇ» دەپ ئويلاپ، بۇ نىيىتىمدىن يالتايغانىدىم. بېشىمىزغا كۈن چۈشكەن ۋاقىتلاردا ياردەم قولىنى سۇنالمىغان بولسىمۇ، تەسەللىي بېرىپ، شىكەستىلەنگەن قەلبىمىزنى ئاۋۇندۇرغان ئۇ زاتى مۇبارەك شاھقا غەلىبە خەۋىرىمىزنى يەتكۈزەيلى. ئۇ زاتمۇ بىزنىڭ ساكيامۇنى بۇدساتۋانىڭ دىنىنى قوغداش يولىدا جان پىدالىق كۆرسەتكىنىمىزدىن خەۋەر تېپىپ قالسۇن، ــــ دېدى خان خۇشال بولغان ھالدا.

— توغرا دېدىلە، ئالىيلىرى، ئۇلارغا ئارقىش ماڭدۇرۇش زۆرۈر! — دېدى چوقتەرىش.

نوقتەرىش ياغلاقار قالۇ خان بىلەن ئىنىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇلارنى سۇڭ ئېلىگە ئارقىش ماڭدۇرۇش نىيىتىدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، «سۇنى كۆرمەي، پۇچاق تۈرمەيلى» دېمەكچى بولدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ قانلىرى قىزىپ تۇرغان ئەھۋالدا بۇنداق گەپنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، نائىلاج دېدى:

— مەيلى، خان ئالىيلىرى، ئۇدۇن تەرەپتىن سۇڭ ئېلىگە كارۋان تارتىدىغان سودىگەرلەرگە ھازىرقى ئەھۋاللارنى تولۇق بايان قىلىپ نامە پۈتۈپ بېرەيلى. ئۇلار نامىمىزنى سۇڭ خانلىقىنىڭ خانىغا تاپشۇرۇپ بەرسۇن.

— ماقۇل، باتۇرلىرىم! مەن يۇرتخانىغا بارىدىغان ئارقىشقا بۇ نامىنى ئۆز قولۇم بىلەن يېزىپ بېرەي، ئوردىدىكىلەر سىز دېگەندەك لەشكىرىي تەمىنات تولۇقلاش ئىشىغا تۇتۇش قىلىشسۇن. سۇڭ سۇلالىسىگە مەكتۇپنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى راھىب كالان ۋە ئوردا ئەربابلىرىدىن مەخسۇس ئەلچىلەر ئۆمىكى تەشكىللەپ ماڭدۇرايلى①، — دېدى خان رازى بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، — خۇددى سىلەر دېگەندەك، يالۋاچلار سۇڭ ئېلىگە بېرىپ بولغۇچە، بىزمۇ ئۇرۇشنى بىر ياقلىق قىلىپ بولىمىز. ئۇ چاغدا جەڭدىكى نۇسرىتىمىز بىلەن خۇش خەۋىرىمىز بىرلەشسە، ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز ياراشقاندەك ئىش بولىدۇ، ھا ـ ھا ـ ھا...

---

① «سۇڭ سۇلالىسى تارىخى. ئۇدۇن تەزكىرىسى»دە: «ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇ قاغىلىق، يېڭىسار، ياركەند قاتارلىق جايلارنى ئىگىلەپ، كاشغەر شەھىرىنى مۇھاسىرىگە ئالدى ۋە بۇددا راھىبلىرى، ئوردا ئەربابلىرىدىن تەشكىللەنگەن زور ئەلچىلەر ئۆمىكىنى سۇڭ سۇلالىسىگە ئەۋەتىپ، كاشغەرنى مەغلۇپ قىلغانلىقىنى مەلۇم قىلدى»، دەپ پۈتۈلگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھى - ھى - ھى...

ئۇلار ئۆز ئارزۇلىرىدىن سۆيۈنۈپ راھەتلىنىپ كۈلۈپ كېتىشتى.

بۇ چاغدا مۇسا بۇغراخاننىڭ ھۇجرىسىنى ئېغىر سۈكۈنات قاپلىغانىدى. بۇغراخان نەچچە قېتىم تۆرگە چىقىپ ئولتۇرۇشنى ئېيتقان بولسىمۇ، بۈگۈنكى جەڭدە ئېغىر چىقىم بىلەن يېڭىلگەن يۈسۈپ قادىرخان، ئەلى ئارسلانخان، تەكەباش سۇباشى، قۇتلۇقتاش سۇباشى ۋە كۆلۈك تۇمەنبېشىلار پەگاھدا باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا ئۆرە تۇرۇشاتتى.

بۇغراخان ئۇلارنىڭ تۇرقىغا قاراپ، پۇشۇلدىغان ھالدا خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتى ياغلاقار قالۇ خاننىڭ ئېيتقىنىدىن ئانچە پەرق قىلمايتتى. بۇغراخاننىڭ ئالدىدىكى ئاكابىر - ئەشرەپلەرگە چېچىلغۇسى، ئالىلىكىملەرنى بار ئاۋازى بىلەن تىللىغۇسى، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئاش پىشىم ئىلگىرى لەشكەرگاھقا قايتىپ كېلىپ، ھاردۇق چىقىرىشۋاتقان لەشكەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ياۋغا قارشى قايتا ئاتلاندۇرغۇسى كەلدى.

ئۇ جەڭدىن بۇرۇن يۈسۈپ قادىرخان بىلەن ئەلى ئارسلانخانلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى تامامەن مەغلۇپ قىلغىلى بولمىغان تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى ھازىرقى قارارگاھىدىن قوزغاپ، يېڭىسارنىڭ ئۇ تەرىپىگە، ھېچ بولمىسا بىرەر - يېرىم كۈنلۈك يىراقلىقتىكى يەرگە قوغلىۋەتكىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ باغلىغانىدى. ئەمما، ئىش يەنە ئەپلەشمىدى. مانا ئەمدى كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش باش قاتۇرىدىغان ئىشقا ئايلاندى.

مۇسا بۇغراخان ئېغىر خورسىنىپ قويدى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ تېخىچە ئۆرە تۇرۇۋاتقانلارغا ئالدىرىماي قاراپ چىققاندىن كېيىن، دېدى:

— بۇنداق ئۆرە تۇرىۋەرمەڭلار! كۆزىتىش سۇپىسىدا ھەممىنى

كۆرۈپ تۇردۇم. ھەرقايسىڭلار جەڭدە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن بولساڭلارمۇ، ئەمما ئاخىرقى ھېسابتا ياۋنىڭ ھىيلە - مىكىر تۇگمىنىگە ئۇگۇت قۇيغاندەك ئىش قىلدىڭلار. ئەمدى ھەرقانچە پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، قېنى تۆرگە چىقىڭلار...

پەگاھتىكىلەر خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك بايىقى قىياپىتىنى بۇزماي ئۆرە تۇرۇۋېرىشتى. خاننىڭ ئەمدىلەتىن پەسكويغا چۈشكەن پىغانى يەنە ئۆرلىگەندەك بولۇپ قوشۇمىسىنى تۇردى. شۇ ئەسنادا ئەلى ئارسلانخان سەپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ، قول باغلىدى:

— ئۇدۇن بۇددىستلىرى ئەمەلىيەتتە جەڭدە ھىيلە ئىشلەتكەن بولسىمۇ، بىز بۇنى ۋاقتىدا سېزىۋېلىشىمىز، ئۇلارغا بىردەممۇ ئاراملىق بەرمەي، قارارگاھىنى ئوردۇكەنت ئەتراپىدىن يۆتكىۋېتىشىمىز لازىم ئىدى. ئەپسۇس، بىز بەزى ئىشلارغا سەل قاراپتۇق. بۇنداق دەپ ئۆزۈمنى ۋە باشقا سانغۇنلارنى ئاقلىماقچى ئەمەسمەن. ئەمما، سىلىدىن ئۆتۈنىدىغان بىرلا ئۆتۈنۈشۈم بار ئىدى، خان ئاتا، كەمىنە ئوغۇللىرىنىڭ ئەرزىمەس تەلىپىنى يەردە قويمىغان بولسىلا!

مۇسا بۇغراخان ئوغلىنىڭ زادى نېمە ئۆتۈنۈشى بارلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلگەچ سورىدى:

— نېمىلا سۆزىڭىز بولسا، تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ، ئوغلۇم. ئاۋۋال ئاڭلاپ باقايلى، ئورۇنلۇق پىكىر بولسا، كېڭەشكە قويارمىز.

— خان ئاتا، مەن يەنە شۇ كونا گەپنى تەكرارلايمەن: ياۋ بوسۇغىمىزغا كېلىپ ياتقىلى خېلى ئۇزاق بولدى. ئۇلار كەلگەندىن بۇيان خانلىقىمىزغا چۈشۈۋاتقان بېسىمنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە ئايان. كەمىنە ئوغۇللىرى نەچچە قېتىم ۋەدە بېرىپ ئالدىلىرىدىن چىقىپ كېتىپ، يەنە ياۋ لەشكەرلىرىگە يېڭىلىپ قالدىم. ئۆزلىرى ماڭا دائىم «مەرتەم،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەرتەم، ئۈچ مەرتەم» دېگەن گەپنى كۆپ ئېيتاتتىلە. ئەمدى يەنە بىر مەرتەم ياۋغا قارشى لەشكەر تارتىشقا ئىجازەت بەرگەيلا. ئەگەر ئۇلارنى چېكىندۈرەلمىسەك چېكىندۈرەرمىز، ئۇنداق بولمىسا باشقىچە يول تۇتارمىز.

مۇسا بۇغراخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ سۆزىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدى. رەت قىلاي دېسە، بۇ تولۇق مەغلۇپ بولغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ. «ماقۇل» دېسە، يەنە ئېغىر تالاپەتنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

— ئەلى ئارسلانخان توغرا دېدى، ئالىيلىرى، — دېدى يۈسۈپ قادىرخانمۇ سەل دادىللىشىپ، — كەمىنە جىيەن ئوغۇللىرى پاراسەتسىز بولغاچقا، بۇگۈنكى جەڭدە لەشكەرلەرنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتتىم. شۇڭا، ئاكام بىلەن يەنە بىر مەرتەم جەڭ قىلىشىمىزغا ئىجازەت بەرگەيلا. بىر قېتىملىق جەڭ بىلەن ھەممىگە ھۆكۈم قىلىپ بولماس...

— مەنمۇ شۇنداق قاراشتا، ئالىيلىرى، — دېدى تەكەباش سۇباشىمۇ تېزلا، — ھازىر ياۋ ئۇرۇشتا ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۆز غەلىبىسىدىن مەغرۇرلىنىپ بىخۇدلىشىدۇ. شۇڭا، يەنە بىر قېتىم ئۇلار بىلەن ھايات - ماماتلىق جەڭ قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلسىلا.

— جەڭگە چىقىشىمىزغا ئىجازەت بەرگەيلا، ئالىيلىرى...

— يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم...

— خانلىقىمىزنىڭ ئۇل ئەغيارلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىش يولىدا جېنىمىز پىدا...

— ئۇلۇغ، سەلتەنەتلىك، شانۇشەۋكەتلىك قاراخانىيلار خانلىقىمىزنىڭ بېشىغا سايە تاشلاپ تۇرۇۋاتقان قارا بۇلۇتلارنى سۇپۇرۇپ تاشلاش يولىدا ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى...

— ...

مۇسا بۇغراخاننىڭ يەنە كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزاردى. بايىقى دىلخەستىلىكى بىردەمدىلا تارقاپ كەتكەندەك يەڭگىلگىنە

تىن ئالغاندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:
— ھەممىڭلارنىڭ پىكرى شۇ بولسا، مەيلى دېگىنىڭلارچە بولسۇن، لېكىن لەشكەرلەرنى ئوبدان ئارام ئالدۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن لەشكەر تارتىڭلار...
— رەھمەت، خان ئاتا، — دېدى ئەلى ئارسلانخان تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ، — كەمىنە ئوغۇللىرىغا ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز سۆزى كۇپايە. كاشغەرنىڭ ئالىي قوماندانى، ئارسلانخانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ياۋ بىلەن يەنە بىر مەرتەم ئېلىشىمەن... دىنىمىزنىڭ ئۇل ئەغيارلىرىنى چېكىندۈرۈپ، خانلىقىمىزغا كېلىۋاتقان تەھدىتلەرنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىشكە تىرىشىمەن.
— ئامىن!... — تۈيۇقسىز كۈلۈك تۆمەنبېشىنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممەيلەن گۈررىدە دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى. شۇ ئەسنادا كىملەرنىڭدۇر ئۈلۈغ - كىچىك تىن ئېلىپ، ئۆكسۈپ - خىرتىلداپ يىغلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. دۇئادىن كېيىن مۇسا بۇغراخان ئۇلارنى يەنە تەكلىپ قىلدى:
— قېنى تۆرگە چىقىڭلار، ئەمدى بىرئاز ئەركىن كېڭەش قىلىۋالايلى...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندە پىلان بويىچە قاراخانىيلارنىڭ ياۋغا قارشى كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمى باشلاندى. كۈن تىكلىنەي دېگەن مەھەلدە جەڭ ئەۋجىگە چىقتى. ئەلى ئارسلانخان بىلەن يۈسۈپ قادىرخان گاھى ئوڭدىن، گاھى سولدىن، بەزىدە ياۋ قوشۇنىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن ھۇجۇم قىلىپ، نوقتەرىشىنىمۇ ئەنسىرىتىپ قويدى. بۇ جەرياندا نوقتەرىش بۆكتۈرمىگە قويۇپ قويغان لەشكەرلىرىگە بەلگە بېرىپ جەڭ مەيدانىغا چىللاشنى نەچچە قېتىم ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمما قاراخانىيلارنىڭ ئالدىنقى قېتىمقىدەك كۆپ لەشكەر بىلەن ھۇجۇم قىلمىغانلىقىنى كۆرۈپ، بىرەر ھىيلە ئىشلىتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك، نىيىتىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ ئەلى ئارسلانخان بىلەن تۇتۇشۇپ،

ئۇنى ھالاك قىلىپ، جەڭ ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش نىيىتىدە نەچچە قېتىملاپ ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما ئەلى ئارسلانخاننى قوغداپ جەڭ قىلىۋاتقان يۇرتوغلار ئۆزلىرىنى قىلىچقا تۇتۇپ بەرسە بەردىكى، ھەرگىز ئۆز سەركەردىسىگە يېقىن يولاتمىدى. كۈن تىكلىنىپ، ئەتراپ تونۇردەك ئىسسىشقا باشلىغاندا، تۇيۇقسىز ئۇدۇن لەشكەرلىرى قارارگاھىدىن قويۇق ئىس ـ تۈتەك كۆتۈرۈلدى. بۇنى ھەممىدىن بۇرۇن بايقىغان يۇسۇپ قادىرخان بىسىدىن قان تامچىپ تۇرغان قىلىچىنى كۈچ بىلەن ھاۋادا ئوينىتاچ، بار ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

— ھۇررا! بۇغرا لەشكەرلىرى، ھۇررا!... كىمىدىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئەزىز تۇپراقنى قوغداش يولىدا ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى...

يۇسۇپ قادىرخان بىلەن سوقۇشىۋاتقان جەڭ قىلىۋاتقان، ئوزايىدىن ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان يارىشىملىق قارا ساقاللىق يىگىت ئۆز سەركەردىسىنىڭ سۆزى تۈگىمەستىن، ھېلىلا كانىيى يىرتىلىپ كېتىدىغاندەك توۋلىدى:

— ئامىن!... ئامىن!

جەڭگاھ بىردىنلا لەرزىگە كەلدى. ئاجايىپ بىر خىتاب، ھۆركىرەشلەر پۈتۈن دالانى لەرزىگە كەلتۈردى. جەڭ ئەمدى باشقىچە تۈسكە كىرىپ، قۇياش يۈزىنى بىر قەۋەت چاڭ ـ توزان قاپلىدى. بىر چاغدا ئوڭ تەرەپتىن كۈلۈك تۇمەنبېشى بىلەن مەريەم خېنىم، سول تەرەپتىن قۇتلۇقتاش سۇباشى ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن دەھشەتلىك قىياندەك باستۇرۇپ كەلدى. ياغى قارارگاھىدىكى ئوت يالقۇنىمۇ بارا ـ بارا ئۇلغايدى. ئەمدى بۇغرا لەشكەرلىرى ئۆلۈمنى بىر ياققا چۆرۈۋەتكەندەك ئۆزىنى ئۇدۇن لەشكەرلىرى تەرەپكە ئېتىپ جەڭ قىلماقتا ئىدى. ھەتتا يارىلانغان، قولىدا قىلىچ ـ نەيزە تۇتالمايدىغان، ئۆرە بولالمايۋاتقانلارمۇ جەڭ قىلىۋاتقان رەقىبلىرىنىڭ پۇتلىرىغا ئېسىلىپ، ئۇلارنىڭ بىمالال جەڭ قىلىشىغا توسقۇنلۇق



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىۋاتاتتى. نوقتەرىش بابا يۈسۈپ قادىرخان ۋارقىرىغان چاغدىلا قانداقتۇر بىرەر كىلىشمەسلىكنىڭ ئۆزلىرى تەرەپكە يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلغان بولۇپ، ئالدىراپ ئەتراپىغا قاراپلا، قارارگاھ تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق ئىسنى كۆرۈپ، ئۇ تەرەپتىمۇ بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ تېگىش قىلغانلىقىنى بىلگەندى. ئەمدى ھەمدەمچى قوشۇنغا بەلگە بېرىپ، ئۇلار يېتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ قانداق بولۇشىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتىگەندە بۇغرا لەشكەرلىرى ھېلى ئوڭ، ھېلى سولدىن ھۇجۇم قىلغان ۋاقىتتا بارگاھتىكى لەشكىرىي تەمىناتنى ساقلاۋاتقان بەش مىڭ لەشكەردىن ئاران مىڭىنى قالدۇرۇپ، قالغانلارنىڭ جەڭگە قاتنىشىشى ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەنىدى. مانا ئەمدى...

نوقتەرىشمۇ ئەلەم بىلەن ۋارقىرىدى:

— ئامىتابا بۇدساتۋا، ئۆزۈڭ مەدەت بەرگەيسەن!...

ئەمما، ئۇنىڭ ئاۋازىنى كەڭ دالانى بىر ئالغان «ئامىن» دېگەن ئاۋازلار بېسىپ كەتتى. بۇغرا لەشكەرلىرى ئەمدىلىكتە خۇددى ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇۋاتقان قىيانغا، ساداقتىن ئايرىلغان ئوققا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇلار رەقىبلىرىگە شىددەت بىلەن ھەملە قىلاتتى، ئۆزىنىڭ جېنى بىلەن ھېسابلاشماي، رەقىبلىرىگە ئېتىلاتتى. نوقتەرىش ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ بىر ـ بىرلەپ يىقىلىۋاتقانلىقىدىن مەڭدەپ قالدى. گەرچە ھەر ئىككىلا تەرەپتىن ئۆلگەن ـ يارىلانغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئاۋۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ ئېغىر تالاپەتكە دۇچار بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. بۇغرا لەشكەرلىرى بولسا بارغانسېرى ۋەھشىي يولۋاستەك تاشلىنىپ، قانلارنى چاچرىتىپ قىلىچ ئۇرۇۋاتاتتى. ئەمدى ئىككىلىنىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇزاق مۇددەت قىلىنغان خۇپىيانە تەييارلىق سوغا چىلاشقاننىڭ ئۈستىگە بەش ئايدىن بۇيان تۆلەنگەن بەدەللەرنىڭ ھەممىسى بىكار بولاتتى.

شۇڭا، نوقتەرىش يەنە ۋارقىرىدى:

— ياۋنى يەر بىلەن يەكسان قىلىڭلار! ئۇلۇغ ئامىتابا بۇدساتۋا سىلەرگە مەدەتكار!...

تۇيۇقسىز جەڭ ۋەزىيىتىدە يەنە ئۆزگىرىش بولدى. ئوردۇكەنت سېپىلى تەرەپتىن قوللىرىغا ئارا، كەتمەن، كالتەك كۆتۈرۈۋالغان بىر توپ ئادەم چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ پۈتلىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان بىپايان ھاۋاغا ئۆرلەپ، ھەيۋەتلىك بىر قوشۇن ھەمدەمگە كېلىۋاتقاندەك ھالەت شەكىللەنگەنىدى. بۇنى كۆرگەن بۇغرا لەشكەرلىرى تېخىمۇ روھلىنىپ كەتتى - دە، ھەربىر قىلىچ ئۇرغاندا، نەيزە سانجىغاندا «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ توۋلايتتى.

ئۇدۇن لەشكەرلىرى ھالاكەتكە يۈز تۇتتى. جەڭ مەيدانىدا ئۆلە - تىرىلىشكە قارىماي قېچىۋاتقانلارمۇ، ياراغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، بىر قوشۇق قېنىنى تىلەۋاتقانلارمۇ كۆرۈلۈشكە باشلىدى. نوقتەرىش يەنە داۋاملىق قارشىلىشىۋەرسە، جەڭنىڭ ئاخىرى پۈتۈن قوشۇننىڭ ھالاكىتى بىلەن ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەلەم بىلەن تولغاندى ۋە تېخى ھېلىلا بىر ئۇدۇن لەشكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان بۇغرا لەشكىرىنىڭ بوينىغا ناھايىتى زەرب بىلەن قىلىچ ئۇردى. شۇ ئان لەشكەرنىڭ بوينى شارتىلا قىلىپ ئۈزۈلۈپ، كاللىسى جەڭ قىلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغىدا دەسسىلىپ غايىب بولدى. ئۆرە قالغان تېنى بولسا نوقتەرىش تەرەپكە گۈپىلا قىلىپ يىقىلدى.

— چېكىنىڭلار! — دېدى نوقتەرىش بار ئاۋازدا، — دەرھال چېكىنىڭلار!...

ئەسلىدىمۇ ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئاللىقاچان چېكىنىشكە باشلىغانىدى. ئەلى ئارسلانخان بەش ئايدىن بېرى ئۆزى ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتقان پەيتنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئېتىنى كۈچ بىلەن تېقىمدىدى - دە، ۋارقىرىدى:

— قىرىنداشلار! ئۇدۇن بۇددىستلىرىنى يەر يۈزىدىن يوقىتىڭلار!...

بىردىنلا بۇغرا قوشۇنى تەرەپتىن جەڭ ناغرىسىنىڭ سۈزۈك، يېقىملىق، ياڭراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بارا - بارا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. بۇ ئومۇمىيۈزلۈك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ ئاخىرقى سىگنالى ئىدى. لەشكەرلەر يەنە بىر قېتىم جانلىنىپ كەتتى، قېچىپ كېتىۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىنى قوغلاپ يۈرۈپ زەربە بېرىشكە باشلىدى...

— قوغلاڭلار بۇغرا باتۇرلىرى!... ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىڭلار !... ئۇدۇن بۇددىستلىرى بۇنىڭدىن كېيىن بۇ زېمىنغا قايتا ئاياغ بېسىش ئەمەس، تىكىلىپ قاريالمايدىغان بولۇپ كەتسۇن!...

ئەلى ئارسلانخان يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىغاچ تېخى ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەن ياۋ قوشۇنىنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. يۈسۈپ قادىرخان، مەريەم خېنىم، كۆلۈك تومەنبېشىلارمۇ ھۆررا سالغىنىچە ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، كۈچ بىلەن تېقىمداشتى. لەشكەرلەرمۇ ياۋ لەشكەرلىرىنى ئۇچرىغان يەردە چېپىپ، نەيزە سانچىپ، سۈر - توقاي قىلىشقا باشلىدى.

نوقتەرشىنىڭ قوشۇنى چاقماق تېزلىكىدە قارارگاھقا كەلگەندە، ياغلاقار قالۇ خان ئالدىراپ يۇرتۇغ قوشۇنى بىلەن چېكىنىپ بولغانىدى. قارارگاھنىڭ يان تەرىپىدىكى لەشكىرىي تەمىناتلارغا قويۇۋېتىلگەن ئوت ھېلىھەم گۈرۈلدەپ كۆيۈپ تۇراتتى. لەشكىرىي چېدىرلارنىڭ بەزىلىرىگە ئوت قويۇۋېتىلگەن، بەزىلىرى ئۆرۈۋېتىلگەنىدى. ھەممە ياقتا بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭمۇ، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭمۇ ئۆلۈكلىرى ئارىلىشىپ ياتاتتى، يارىلىنىپ ۋايجانلاپ ياتقانلارمۇ خېلى كۆپ ئىدى. دېمەك، بۇ يەردىمۇ شىددەتلىك جەڭ بولغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 12

ياغلاقار قالۇ خان قارارگاھتىكى كۆزىتىش سۇپىسىغا چىقىپ، خېلىلا يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنۈۋاتقان بۇغراخاننىڭ قارارگاھىغا قاراپ خېلى تۇردى. بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل مۇقەددەم قاراخانىيلار ئاخىرقى قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاپ، ئوردۇكەنت مۇھاسىرىنى تارمار قىلغاندىن كېيىن ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە قىلچىلىك ئارام ئېلىش پۇرسىتىنىمۇ بەرمەي قوغلاپ، قاغىلىقنىڭ قارائۆتەڭ دېگەن يېرىگىچە قىستاپ كەلگەنىدى. ياغلاقار قالۇ خان ياركەندتىن ئۆتكەندىن كېيىن كاشغەر تەرەپكە ماڭغاندا، قاغىلىق سېپىلىنى قوغداشقا قالدۇرۇپ قويغان بىر تۇمەنگە يېقىن لەشكىرىنى يارلىق بىلەن ئەكەلدۇرگەندىن سىرت، يەنە ئۇدۇندىنمۇ ياردەمچى قوشۇن كەلدى. تەبىئىي يەر شارائىتى ۋە ياردەمچى قوشۇننىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن سەلدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇغرا قوشۇنى ئىلگىرىلىيەلمەي، بارگاھ قۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار نەچچە قېتىم جەڭ قىلىشقان بولسىمۇ، ھەر ئىككىلا تەرەپ تالاپەتكە ئۇچراپ ئېغىر چىقىمدار بولدى، ئەمما بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. شۇڭا، ياغلاقار قالۇ ۋاقتىنچە مۇشۇ يەردە، يەنى قارائۆتەڭدە بارگاھ قۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ ئىككى تەرەپ نەچچە يىللارنى قاتتىق مۇداپىئە ھالىتى بىلەن ئۆتكۈزدى. ياغلاقار قالۇ خان بۇ جەرياندا يۇرتخان شەھىرىگە نەچچە قېتىم بېرىپ كەلدى. ئەمما، ياسىداق، ھەيۋەتلىك ئوردىسىدا بىرەر كۈنمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالمىدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل نىيىتى نېمىلا قىلىپ بولسۇن، مۇسا بۇغراخاننى مەغلۇپ قىلىپ، ئوردۇكەنتنى ئىگىلەش ئىدى. بىراق، ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىر قەدەممۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيۋاتاتتى.

ياغلاقار قالۇ خان كەينىگە ئۆرۈلۈپ، تېزلىكتە كۆزىتىش

سۆيسىدىن چۈشتى، پەستە ئۆزىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرۇشقان ئاكا ـ ئۇكا سانغۇنلارغىمۇ قارىماي چېدىرى تەرەپكە ماڭدى. نوقتەرىش، چوقتەرىشلەر خانىنىڭ يېقىندىن بۇيانقى كەيپىياتىنى ئوبدان بىلگەچكە ئۇندىمەستىن ئۇنىڭغا ئەگەشتى. ئۇلار شاھانە چېدىرغا كىرىپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— بۇ ئىشلار بەك ئۇزاقـقا سوزۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. قېنى ئېيتىڭلارچۇ؟ ئەمدى قانداق قىلماق كېرەك؟ — دېدى ياغلاقار قالۇ خان خېلى ئۇزاق جىمىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۇزۇپ ـ ئۇزۇپ سۆزلەپ، — ئەسلىي ئوردۇكەنتنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، ئۆزىمىزگە تەمەننا قويماي، تېخىمۇ سەگەك بولۇشىمىز كېرەك ئىدى... ئالتۇن ـ كۈمۈش، قاشتاش دېگەنلەرنىڭ كۆزىگە قارىماي، بىر ئاماللار بىلەن دۈشمەننى ئۆز ئىچىدىن پارچىلاپ، ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئورۇندىكى كىشىلىرىنى ئۆزىمىزگە رام قىلىپ ئىشنى تۈگەتكەن بولساق، ياخشى بولاتتى. ئەمما، ئۇ چاغدا ئۆزىمىزنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىگە ھەددىدىن زىيادە ئىشىنىپ كەتتۇق. مانا ئەمدى...

— ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم، ئۇ چاغدا لەشكەرلىرىمىزمۇ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ جەڭ قىلدى. بىز ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئۇنداق ھىيلە ئىشلىتىشىنى ئويلىمىغانىكەنمىز، — دېدى نوقتەرىش گۇناھكارلارچە بېشىنى ئېگىپ، — ئەمما، شۇنىڭغا ئىشەنسىلە، شاھىم، كەمىنە قۇللىرى ئەلى ئارسلانخاندىن بۇ قان قىساسىنى چوقۇم ئالماي قويمايمەن.

ياغلاقار قالۇ خان نوقتەرىشنىڭ بۇنداق سۆزلىرىنى كۆپ ئاڭلىغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياقمىدىغىنى قۇرۇق ۋەدە ئەمەس، بەلكى جەڭ مەيدانىدىكى بۇغرا قوشۇنلىرىنىڭ قانلىق تالاپىتى، يەنە كېلىپ بۇغراخاننىڭ ئەل بولغان، گۇناھىنى تىلىگەن كۆرۈنۈشى ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ گېپىگە باشقىچە ئىپادە بىلدۈرمىدى ـ دە، ئويلىغانلىرىنى سۆزلەۋەردى:

— ھېلىمۇ يۇرتخان شەھىرىدىن چىققىنىمىزغا ئۇزاق ۋاقىت بولۇپ كەتتى. بۇ يەردە يەنە قانچىلىك تۇرىمىز، بۇنىسى قاراڭغۇ. ئۇزاقتا سوزۇلغان ھەرقانداق ئىشنىڭ چاتىقى كۆپ بولىدۇ. شۇڭا، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، ھەرىكەت قىلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئەمما، ئىشنى زادى قەيەردىن باشلاشتا مەنمۇ گاڭگىراپ قېلىۋاتىمەن...

خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىغان، شاھانە چېدىرغا كىرگەندىن بېرى سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇرغان چوقتەرىش بىردىنلا ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ئادەمدەك سەگەكلەشتى.

— سىلى قايسى تەرەپتىن ھەرىكەت قىلىشنى دەيدىلا، شاھىم؟

— سىلەرگىمۇ مەلۇم. بۇ يەرگە بارگاھ قۇرغاندىن بېرى ئىككى ئەل لەشكەرلىرى ئىزچىل ھالدا تىركىشىش ۋەزىيىتىدە تۇرۇۋاتىمىز. كاشغەرنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، ئىشەنچلىك مەلۇماتلاردا ئۇلارنىڭ تارىغچىلىرىنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكتىن قىينىلىپ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقى، ھەتتا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئاچلىقتىن مۇسا بۇغراخانغا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنلىكى مەلۇم بولغانىدى. ئەگەر بۇغراخان راستىلا لەشكىرىي تەمىناتتىن قىينالمىسا، ھەرگىز مۇشۇ كۈنگىچە بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقساق ئوبدان بولاتتى. بىراق، ئۇلار ھازىر ناھايىتى سەزگۈرلىشىپ كەتتى. بۇنداق ئەھۋالدا ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇپ كېلىشكە ئايغاقچى ئەۋەتىش بەك خەتەرلىك...

— راست، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ، جەڭ تەدبىرىنى تۈزەلەيتتۇق. شۇغىنىسى... — نوقتەرىشنىڭ ئاۋازى نېمىشقىدۇر پەسلەپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ چوقتەرىش ئېغىز ئاچتى:

— مېنىڭ شاھىم دېگەن ئىشلارنى قىلالايدىغان لەشكىرىمىزدىن بىرسى بار. ئەگەر خان ئالىيلىرى قوشۇلسا، ئارسلانخان

قارارگاھىنىڭ ئەھۋالىنى ئاشۇ لەشكەر تىڭتىڭلاپ كەلسۇن.

ياغلاقار قالۇ خان تېزلا چوقتەرىشنىڭ چىرايىغا تىكىلدى.

— ئۇ كىم، باتۇرۇم؟ — سورىدى خان سەل ئۈمىدلەنگەندەك.

— قول ئاستىمدىكى بىر لەشكەر. ئەسلىي يۇرتى ياركەند. ئۇنىڭ مۇسا بۇغراخاندىن ئالدىغان قان قىساسى بولغاچقا، بىزگە قوشۇلغان. خېلىدىن بېرى كۆپ جەڭلەرگە قاتناشتى. ئەگەر شاھىم قىزىقسا ئۇنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ كېلەي.

— ئىجازەت !...

چوقتەرىش سىرتقا چىقىپ، قىلىچ تۇتۇپ تۇرغان نۆكەرنىڭ قۇلىقىغا بىرنەرسىلەرنى پىچىرلاپ قويغاندىن كېيىن، قايتىپ كىرىپ بايىقى ئورنىدا ئولتۇردى. خان يەنىلا سەل ئىككىلەنگەندەك ئەلپازدا ئولتۇراتتى. ئەمما، ئۇ قانداقتۇر بىر تاسادىپىيلىقلارنىڭ يۈز بېرىپ، بىر كېچىدىلا كاشغەر رايونىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل قاراخانىيلارنىڭ زېمىنىنى ئۆز تېررىتورىيەسىگە ئېلىشنى، ھەممىلا جايدا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ تۇغىنى لەپىلدىتىشنى خىيال قىلاتتى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇ بۇ خىل خىيالدىن قۇتۇلماقچى، قەلبىنى تىنىمسىز داۋالغۇتۇپ تۇرغان ۋەسۋەسىلەرنى يىراققا چۆرۈۋېتىپ، ئۇدۇندەك سۈيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت، دەريالىرىدا بىباھا بايلىقلار لۆمشىپ ئېقىۋاتقان، يەتتە ئىقلىمدا نامى مەشھۇر يۇرتنىڭ شاھلىقىنى قىلىپ خاتىرجەم ياشاش ئويىنى قىلىپ باقتى. ئەمما، ئەمدىلىكتە ھەرقانچە قىلسىمۇ مەڭگۈ خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى، قاراخانىيلارنىڭ مەيلى قاچان بولسۇن ئۇدۇن زېمىنىغا ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندى.

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، لەشكەر ئوج ئۆزلىرىنىڭ قوبۇلىنى كۈتۈۋاتىدۇ، — چېدىر سىرتىدىن قوروۇقچى نۆكەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. خان جاۋاب بېرىپ بولغۇچە چوقتەرىش ئېغىز ئاچتى:

— كىرگۈزۈۋەت !...

ھايالشمايلا چېدىرنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئوتتۇرا بوي ۋە دىقماق كەلگەن بىرسى كىرىپ، چېرىكچە سالام بەرگەندىن كېيىن بېشىنى ئەگدى.

— قېنى يۇقىرى چىقىڭ، پالۋان، — دېدى نوقتەرىش يېنىدىكى بىكار جاينى كۆرسىتىپ، — بولدى تارتىنماڭ، شاھىم سىز بىلەن بىردەم پاراڭلاشماقچى.

ياغلاقار قالۇ خانىمۇ ئۇنىڭ بىردەمدىلا تەرلەپ كەتكەنلىكىنى، تۇرغان تۇرقىدىنمۇ ئاللىقانداق بىر خىل تارتىنىش، جىددىيلىكنىڭ چىقىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۈس كۈلۈمسىرىدى.

— بولدى چىقمۇېرىڭ ...

ئوج ئەمدى يەنە تاپسىدىلا تۇرۇۋەرسە قاملاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، چوقتەرىش كۆرسەتكەن جايغا چىقىپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

— بۇ پالۋاننىڭ ئىسمى ئوج، ئۆزى ياركەندتىن، — دېدى چوقتەرىش بايا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى خانغا چۈشەندۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قايتىدىن تونۇشتۇرۇپ، — قول ئاستىمدىكى يارەنلىرىم ئىچىدە ئۆزى باتۇر، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلاردىن...

ئوج بۇ ماختاشتىن سەل قورۇنغاندەك، ئولتۇرغان جايىدىلا قىمىرلاپ قويدى. خان ئۇنىڭ چىرايىغا يەنە بىر مەرتەم ئالدىرىماي سىنچى كۆزلىرى بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن، قۇرۇق يۆتىلىپ قويدى.

— سىزنى بۇ يەرگە نېمىشقا چاقىرغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىز، پالۋان؟ — سورىدى خان.

— يا... ياق... — دېدى ئوج بۇ سوئالدىن تەمتىرەپ كېكەچلىگەن ھالدا.

— باياتىن سىزنىڭ بۇغراخاندىن ئالىدىغان قانلىق قىساسىڭىز بارلىقىنى ئاڭلاپ، سىزگە ئىچىمىز ئاغرىپ قالدى. شۇڭا، قىسمەتلىرىڭىزنى ئۆز قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلايلى دەپ... —

خان ئېيتىشقىدۇر گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا ئوجىنىڭ قوي كۆزلىرىدە كۈچلۈك ئۈچمەنلىك نۇرلىرى يالقىپ، چىرايى قارىداپ كەتتى.

— راست، شاھىم، مېنىڭ ئۇ نائەھلىدىن ئالىدىغان قانلىق قىساسىم بار. يەنە كېلىپ ئاتا قىساسى... — ئوج غەزەپلەنگەندەك مۇشتۇمىنى تۈگدى، — ئامىتابا بۇدساتىۋا ئالدىدا قەسەم بەرگەنمەن: «بۇ قىساسنى چوقۇم ئالىمەن، ئەگەر ئالالمىسام ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي» دەپ.

خان «بۇ ئادەمدىن راستىلا پايدىلانغىلى بولامدۇ نېمە؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى ـ دە، سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاش مەقسىتىدە دەيدەيگە سالدى.

— قېنى پالۋان، قانداق قىساس ئىدى ئۇ؟ تارتىنماي دەۋېرىڭ. بىزمۇ ئاڭلاپ باقايلى...

ئوج خاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چېدىردىكىلەرگە تېزلىكتە قارىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئەستايىدىللىقنى كۆرۈپ، سۆزلەشكە باشلىدى:

— كەمىنە قۇللىرىنىڭ ئەسلىي تېگى ياركەنىد دىيارىدىن بولۇپ، ئاتام يۇرتىمىز تەۋەسىدىكى خېلى ئاتالغان ئېكتا ۋە سودىگەر ئىدى. ئۇلۇغ بوۋام زامانىسىدىن باشلاپ ئائىلىمىز ئەۋلادمۇ ئەۋلاد تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ناھايىتى كاتتا ئىگىلىك تىكلىگەنىدۇق. ئەمما، ئاشۇ كۈنلەردە ساتۇق بۇغراخان تېگى ـ تەكتىنى بىلگىلى بولمايدىغان، ئۆز يۇرتىغا پاتماي باش ئېلىپ قېچىپ كەلگەن بىر سامانىينىڭ ئالدىشى بىلەن، پۈتۈن ئەلدە مەجبۇرىي ھالدا ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا باشلىدى. جۈملىدىن، بارلىق بۇتخانىلارنى چېقىپ، كۆيدۈرۈپ، راھىبلارنى مەجبۇرىي ھالدا قىلىچ كۈچى بىلەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا زورلىدى. داداممۇ ئامىتابا بۇدساتىۋانىڭ سادىق مۇرىتى ئىدى. ئۇ مۆھتەرەم زاتمۇ بىگۇناھ ھالدا ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، كۆرۈنۈشتە ئىخلاسمەن مۇسۇلمان

بولۇۋالغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىزچىل ئۆز ئېتىقادىنى ساقلاپ قالغانىدى. كېيىن ساتۇق بۇغراخان كاشغەر تەۋەسىدىكى خانلىق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ بولغاندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، تېررىتورىيەسىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن سامانىيلار سۇلالىسىگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلاندى. بۇ ۋاقىتتا لەشكىري تەمىناتتىن قىسىلغانلىقى ئۈچۈن يۇرت كاتتىلىرى، ئېكتالار، سودىگەرلەر ۋە بايلاردىن خىراجەت يىغىلدى. دادام «ئالۋان ـ ياساقنى ۋاقتىدا تولۇق تاپشۇرمىغان» دېگەن سەۋەبلىك قىسىققا ئېلىندى. بۇ ئارىدا مەن پۇل ـ مالنىڭ كۆزىگە قارىماي، ئوردا ئەربابلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، دادامنى خانلىق قىسىقخانىدىن چىقىرىۋېلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساممۇ، دادام قىسىقخانىدىن تىرىك قايتىپ چىقالمىدى. گۇندىپايلار: «ئۇنىڭدا يوشۇرۇن كېسەل بار ئىكەن. قىسىققا ئېلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كېسىلى قوزغىلىپ قالدى. بۇ ئىش يۇقىرىغا مەلۇم قىلىنغان بولسىمۇ، قىسىقتىن ئازاد قىلىش ھەققىدە يارلىق چۈشۈپ بولغۇچە باقىيغا سەپەر قىلدى» دېيىشتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇردۇم، ياقامنى يىرتىپ يىغا ـ زار قىلدىم. ئۇلار بىلەن ئېلىشماقچى، دادامنىڭ قىساسىنى ئالماقچى بولدۇم. ئەمما، «يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس» دېگەندەك ئۇلارغا ئۆزۈم يالغۇز تەڭ كېلەلمىگەچكە سەۋر قىلدىم... — ئوجىنىڭ ئاۋازى تىترەپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئولتۇرسام ـ قوپسام ئويلايدىغىنىم دادامنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئىدى. باشتا ئېيتقاندەك، بۇنداق چوڭ ئىشلارنى بىرلا ئۆزۈم بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايتتىم. شۇڭا، يۇرت ـ يۇرتلارنى كېزىپ، بۇغراخانلار بىلەن پۇرچىقى پىشمايدىغان، ئۇلارغا قارشى ئىدىيەسى كۈچلۈك كىشىلەرنى ئىزدەپ توپلاشقا باشلىدىم. ئادەم تىرىشسا قىلغىلى بولمايدىغان

ئىش يوق ئىكەن. ئىككى - ئۈچ يىل ئىچىدىلا يېنىمدىكى بۇرادەرلىرىم ئۈچ يۈزدىن ئېشىپ كەتتى. ئۇلارنى قوراللاندۇرۇش، يېمەك - ئىچمەك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قىساس ئېلىش پۇرسىتى كەلگۈچە ئاز - تولا ئوقەت قىلىپ، خىراجەت توپلاش نىيىتىدە قاراخانىيلار زېمىنىدىكى ئېكتىلارنىڭ قۇللىرىنى سېتىۋېلىپ، باشقا جايلارغا يۆتكەپ سېتىپ ئاز - تولا خىراجەت توپلىدىم. ئەمما، بۇ ئىشىمنى قايسىبىر ئوتقۇيرۇق چېقىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى چاقىرتىپ خېلى گەپلەرنى سوراشتى. ئەمما، ھېچنېمىنى تەن ئالغىلى ئۇنىمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار نەسىھەت قىلىپ قويۇۋېتىشتى. دەسلىپىدە بۇ ئىشتىن چېچەك چىقىپ قىلىپ چوڭ بالاغا قېلىشىمدىن قورققان بولسامۇ، ئەمما قىساس ئېلىش، بىرەر مىڭ ئادەمنى قوراللاندۇرغۇدەك ياراغ تەييارلاش، ئۇلارنىڭ ئاش - ئوزۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلمىسام بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بۇرۇنقى سودامنى يەنە داۋاملاشتۇرىۋەردىم. كېيىن قانداق بولغانلىقىنى، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ كىملەرگە زىيىنى يەتكىنىنى بىلمەيمەن. بىر قېتىملىق سودىدا نەق مەيداندا تۇتۇلۇپ قېلىپ، خانلىق قىسقخانىغا سولاندىم. ئون بەش - يىگىرمە كۈنچە مەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. كېيىن ئەھۋال بىردىنلا ئۆزگىرىپ ھەر كۈنى قىيىن - قىستاققا ئالغىلى تۇردى. دەسلىپىدە گەپ قىلمايلا تۇرۇۋالدىم. ئەمما، ئۇلارمۇ ھۈنەر چىقارغىلى تۇردى. ھەر خىل قىيناش ئۇسۇللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سالدى. جان دېگەن تاتلىق ئىكەن، تاياققا چىدىماي ھەممىنى ئىقرار قىلىپ ساپتىمەن. شۇنىڭدىن كېيىن پەقەتلا ئاراملىق بولمىدى. ئاخىر بۇ يەردە تاياق يەپ بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكۈچە جېنىمنى بولسىمۇ قۇتقۇزۇۋالاي دېگەن خىيالدا بىر گۇندىپايغا مېنى قاچۇرۇۋېتەلىسە، خېلى كۆپ بايلىق بېرىشكە ۋەدە قىلدىم. ئۇ دەسلەپ ماقۇل بولغان بولسىمۇ، كېيىن ئاۋۋال پۇلنى ئېلىپ،

ئاندىن تىلىكىمنى ئىجابەت قىلىدىغانلىقىنى شەرت قىلىپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن ئۆزۈم يېقىن ئارىلىشىدىغان، ئىشەنچلىك بىرسىگە خەت چىقارتتىم. ھېلىقى گۇندىپاي مەن دېگەن كىشىنى تېپىپ، مەن ۋەدە قىلغان پۇللارنى ئالغاندىن كېيىن، ئۆزى نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان كېچىسى مېنى قاراخانىيلارنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كىيىمىنى كىيدۈرۈپ، قىسىقتىن قاچۇرۇۋەتتى. قىسىقتىن چىققان چېغىمدا بەدەنلىرىمنىڭ ھەممە يېرىدە جاراھەت بولۇپ، بىمالال ھەرىكەت قىلالمايتتىم. شۇڭا، بىر مەزگىل ئوردۇكەنتتىكى ئۆلپەتلىرىمنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، يارام سەل ئەسلىگە كەلگەندە ئۇدۇل يۇرتۇمغا قايتتىم. بىراق، كىم بىلسۇن، مەن ئۆيگە قايتقان مەزگىللەردە مۇسا بۇغراخان ئۇدۇن ئېلىگە لەشكەر تارتىپ، لەشكىرى تەمىناتتىن قىسىلىپ قېلىپ، يەنە ئاتىسىنى دوراپ يۇرت كاتتىلىرىدىن لەشكىرى سېلىق يىغمىۋاتقان كۈنلەر ئىكەن. يۇرتىمىزدىكى بىر بەگ مېنىڭ قىسىققا ئېلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن پايدىلىنىپ پۈتۈن بىساتىمنى ئوردىدىن كەلگەن ئالۋان - ياساق يىغقۇچىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. بىچارە ئايالىم مېنى ئۆلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ. تېخى قۇرامىغا يەتمىگەن ئىككى نارەسىدە يۈرەك پارەم يۇرتۇمدىن ئىز - دېرەكسىز غايىب بولۇپ كېتىپتۇ...

ئوج بىردىنلا ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىدى، ياغلاقار قالۇ خان نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلەلمىگەندەك جىم بولۇپ قالدى.

— كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، پالۋان، — دېدى چوقتەرىش تېزلا، — ئەر كىشى دېگەننىڭ بېشىغا نى - نى كۈنلەر كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەلبىگە بۈيۈك ئارمانلارنى پۈككەن سىزدەك ئەزىمەتكە كۆز يېشى ياراشمايدۇ.

— بەرھەق، كۆز يېشى ھېچنېمىنى ھەل قىلالمايدۇ. شۇڭا، بەردەم بولۇڭ... — دېدى نوقتەرىشمۇ، — ئىرادە كەمرىنى

بىلىگە مەھكەم باغلاپ، قىساس خەنجىرىنى چىڭ قاماللىغانلارغا يىغلاش نومۇس!...

ئوج بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى شاھانە چېدىردىكىلەرگە تىكىپ، زورغا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئائىلەمدىكى پاجىئە مېنى ساراڭدەكلا قىلىپ قويدى. يۈرەك پارىلىرىمنى ئىزدىگەن بولسامۇ، ئۇلارنىڭ دېرىكى بولمىدى. شۇ كۈنلەردە بۇرۇنقى يارەنلىرىمدىن بىرەر يۈزدەك كىشى يېنىمغا پەيدا بولدى. ئەمما، مەندە كېرەكسىز تەندىن ئۆزگە ھېچنېمە قالمىغانىدى. ھالىمنى كۆرۈپ، يارەنلىرىم تەسەللى بېرىشتى. «بىزگە باش بول، — دېيىشتى ئۇلار، — ئەمدى سېنىڭ بۇ جاھاندا تارتىشىدىغان ھېچنېمەڭ قالمىدى. بىزمۇ سەندەكلا بۇغراخاننىڭ زۇلمىدىن داد دەيدىغانلار. شۇڭا، دەردىمىزنى يۇتۇپ يۈرگەندىن كۆرە، ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ، غەم - ئەندىشىگە سالايلى. ئەمدى سەۋر قاچىمىز توشتى...»

ئەمدى يەنە ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدۇم. شۇنىڭدىن باشلاپ يارەنلىرىم بىلەن بىرلىكتە بۇغراخاننىڭ ئۇ يەر - بۇ يەردە تۇرغۇزغان ئاز ساندىكى لەشكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارغا ئاراملىق بەرمىدىم. قاراخانىيلارنى ھىمايە قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ ھەرقانداق يارلىقىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئادا قىلىدىغان يۇرت كاتتىلىرىنى ئۆلتۈردۈم. ھەتتا تۇرمۇش موھتاجلىقى سەۋەبىدىن يول توسۇپ بۇلاڭچىلىقمۇ قىلدىم. بۇ جەرياندا بۇغرا لەشكەرلىرىمۇ مېنى تۇتۇش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ سۇيىقەستىنى ئالدىن بىلىۋېلىپ تۇتۇق بەرمىدىم. ئەمما، يارەنلىرىمدىن خېلى كۆپ ئادەم ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان

چىقمىغان تاغ، كەزمىگەن دالا، كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى. ئەمما، قىساس ئېلىش ئىستىكىم بارغانسېرى كۈچەيدى. ھالبۇكى، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار سەۋەبىدىن بۇرادەرلىرىمنى كۆپەيتىپ، چوڭراق ئىش تەۋرىتەلمىدىم. مانا مۇشۇنداق كۈنلەردە ئۆزلىرى قاراخانىيلارنى يوقاتماق بولۇپ، ناھايىتى تېزلىكتە نۇرغۇن جايلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىپ، نۇسرەت تۇغىنى لەپىلدەتتىلە. پېقىرمۇ يارەنلىرىم بىلەن چوقتەرىش سانغۇننىڭ توپىغا قوشۇلۇپ، مادارىمنىڭ يېتىشىچە كۈچ چىقاردىم. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى يېتىپ كەلگەندە تۇيۇقسىز...

چېدىر ئىچىنى بىردىنلا ئېغىر سۈكۈنات قاپلىدى. ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ، خۇددى دېيىشمىۋالغاندەكلا خورسىنىپ قويۇشتى. ئوج ئۇلارنىڭ ئۇندىمەي جىمىپ كېتىشكەنلىكىنى كۆرۈپ، «ئاخىرقى گەپلىرىم بۇلارنىڭ ئىچىشقان يېرىگە تۇز سەپكەندەك بولدىمۇ قانداق؟» دېگەندەك، يەر ئاستىدىن ئاۋۋال ياغلاقار قالۇ خانغا، ئاندىن ئىككى سانغۇنغا قاراپ قويۇپ، يەنە ئېغىز ئاچتى:

— مەن ئۇزاقتىن بۇيان بۇغراخاندىن ئاتامنىڭ، ئايالىمنىڭ، نەچچە يىلدىن بۇيان ئىمز ـ دېرىكسىنى ئالالمايۋاتقان يۇرەك پارىلىرىمنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈنلا لېۋىمنى چىشلەپ بارلىق موھتاجلىقلارغا، خورلۇقلارغا، جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن. ئەگەر بۇ قىساسنى ئالالمىسام ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ!

چوقتەرىش «كۈتكەن پەيت يېتىپ كەلدى، ئالىيلىرى، تۈمۈرنى قىزىقىدا سوقسىلا...» دېگەندەك خانغا مەنىلىك قاراپ قويدى. ياغلاقار قالۇ خان زورغا كۆلۈمسىرەپ قۇرۇق يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:

— كاشغەرنى مۇھاسىرىگە ئالغان چېغىمىزدا مۇسا بۇغراخان ھالسىراپ، چاشقان تۆشۈكى ساراي كۆرۈنگىلى تۇرغان. ئەمما،

جەڭدە ھىيلە ئىشلەتتى. شۇنداقتىمۇ، بىز يەنىلا ئۇنىڭ مۇشۇ زېمىنىدا ھازىرغىچە پۇت تىرەپ تۇرۇۋاتىمىز. سىز ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ. پات يېقىندا سىز كۈتكەن، كېچە ـ كۈندۈز ئارزۇ قىلغان كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ. ئىشىنىمەنكى، شۇ چاغدا رەقىبىمىز بولغان بۇغراخان ئالدىڭىزغا كېلىپ گۇناھىنى تىلەپ، بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشىڭىزنى ئېيتىپ پۇتىڭىزغا باش قويىدۇ...

— شۇنداق كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟ ... — دېدى ئوج خانىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك مەيۇس ھالدا.

— كېلىدۇ، بۇنىڭغا ئىشىنىڭ، پالۋان، — دېدى چوقتەرىش دەرھاللا، — بىز پات ئارىدا ئۇلار بىلەن يەنە ئېلىشماقچىمىز. شۇ چاغدا سۆزىمىزنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ قالىسىز.

— راستمۇ؟!... — ئوجنىڭ كۆزلىرىدە بىردىنلا ئۈمىد شولىسى چاقنىدى.

— راست. بىز پات ئارىدا بۇغرا قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىش ئۈستىدە كېڭىشىۋاتىمىز، شۇڭا بىزگە سىزنىڭ ياردىمىڭىز كېرەك بولۇپ قالدى، پالۋان. سىزنى چاقىرتىشىمىزدىكى مۇددىئايىمىز مۇشۇ... سىز ۋە بىزنىڭ بۇغراخاندىن ئالىدىغان ئىنتىقامىمىزنىڭ بۇرۇنراق ئورۇنلىنىشى ئۈچۈن ياردىمىڭىزنى ئايىمىغايسىز.

ئوج نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ خاس نۆكەردىن چوقتەرىش سانغۇننىڭ ئۆزىنى شاھ چېدىرىغا چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تۈرلۈك قىياسلار ئىچىدە قورقۇپ قالغانىدى. كېيىن چېدىر ئىچىگە كىرىپ، بولۇنغان پاراڭلاردىن يۈرىكىدىكى ۋەسۋەسىلەر پەسكويغا چۈشۈپ، قەلبى ئاز ـ تولا ئارامغا چۈشكەن بولسىمۇ، خانىنىڭ بۇنداق ئىلتىپات كۆرسىتىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغاچقا، بىردىنلا ھاياجانلىنىپ، تىلى گەپكە كەلمەي قالدى. ئاندىن بىردىنلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئىككى ئالقىنىنى جۈپلىدى:

— مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان قانداقلا ئىش بولسىلا پەرمان بەرسىلە، ئالىيلىرى، پېقىر ئۆزلىرىنىڭ يارلىقىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىشكە، تىك قىيالاردىن ئېشىشقا رازىمەن.

— ياق، پالۋان، ياق... بۇ ئىشقا سىز دېگەندەك قىلىش كەتمەيدۇ. پەقەت ياۋنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقالىساقلا بولاتتى...

ئوج خاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى ـ دە، ئالدىراپ جاۋاب بەردى:

— باش ئۈستىگە، ئالىيلىرى. ئۆزلىرى مېنى بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ قارىغانىكەنلا، پېقىر يارلىقلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن بېشىم كەتسىمۇ رازىمەن!

— تولىمۇ بەلەن بولدى... سىزدە شۇنداق جاسارەت، غەيرەت، ئىشەنچ بولسىلا چوقۇم ياۋنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان ئىگىلەپ، بىزنىڭ ئورتاق غايىمىزنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايسىز، — دېدى خان ئۇنىڭ سۆزىدىن رازى بولغاندەك بېشىنى ئاستا لىڭشىتىپ، — ئەمما ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، ئۇ ئىشقا لەشكىرىي ماھارەت ئەمەس، ئەقىل ـ ئىدراك، پەم ـ پاراسەت كېتىدۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، شاھىم، بۇنىسى ماڭا ئايدىڭ...

— ئەمىسە شۇنداق كېلىشتۇق، پالۋان. ئەگەر بۇ ئىشىمىز ئەمەلگە ئېشىپلا قالسا، سىزنى ئوردا خەزىنىسىدىن ئاقچا چىقىرىپ كاتتا مۇكاپاتلىغاندىن سىرت، ياركەند دىيارىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەيمەن.

خاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئوجنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۆزىنىڭ ھاياجانلانغانلىقىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىپ، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سورىدى:

— بۇ ئىشنى قاچان باشلايمەن، شاھىم؟

— بىزگە كېرەكلىك ئۈچۈرنى قانچە تېز يەتكۈزسىڭىز شۇنچە ياخشى، پالۋان.

ئوج سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى:
— «پۇرسەت غەنىيمەت» دېگەن گەپ بار، ئالىيلىرى. مەن بۇغراخاندىن قان قىساسىمنى ئالالايدىغان ئىش بولسا پەرمانلىرىنى هازىرلا ئورۇنلاشقا باشلاي. قېنى نۆكەرلەرگە يارلىق چۈشۈرسىله، ئۇلار مېنى ئايىماستىن قاتتىق ئۇرسۇن. ئاندىن كېيىن مېنى ئاتقا غانجۇغىلاپ، ياۋ قارارگاهى تەرەپكە ماڭدۇرۇۋەتسۇن...

ئاكا ـ ئۇكا سانغۇنلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ هەيران بولدى. ئەمما، ياغلاقار قالۇ خان ئۇنىڭ هىيلە ئىشلەتمەكچى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى:

— جاپا چېكىپ قالىدىغان بولدىڭىز، پالۋان! هە راست، يەنە قويۇن يانچۇقىڭىزغا ئىككى ئىلىك خەت قىستۇرۇپ قويۇشنىمۇ ئۇنتۇمايمەن... — خان سۆزلىگەچ ئالىقانلىرىنى جۈپلەپ قاتتىق ئۇردى. شۇ ئان تولۇق قوراللانغان ئىككى نۆكەر شاهانە چېدىر ئىچىگە كىردى، ياغلاقار قالۇ خان لەشكەرلىرىگە يارلىق قىلدى، — ماۋۇ مەلئۇننى ئېلىپ چىقىپ ئايىماي كالتەكلەڭلار، ئەمما ئۆلۈپ قالمىسۇن.

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى!...

نۆكەرلەر ئوجنى ئاچىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ياغلاقار قالۇ خان سىرلىق هىجىيىپ قويدى ـ دە، پەس ئاۋازدا دېدى:

— ئىشلار ئەمدى هەل بولىدىغان بولدى!...

## 13

ئاردىن ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، نامەلۇم كەلگۈندى هوشىغا كېلەي دېمەيتتى. ئۇ بەزىدە ئىچىنىشلىق ئىڭراپ قوياتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغانلار بۇ كىشىنىڭ نېمە دەپ جۆيلۈۋاتقانلىقىنى ئۇقالماي قالغانىدى. ئوردا ئوتاچىسىمۇ ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىن چىققان قانغا مىلىنىپ تېنىگە چاپلىشىپ كەتكەن

كىيىملىرىنى خېلى تەستە ئاجرىتىپ، مەخسۇس ئەكەلگەن دورىلىرىنى قاينىتىپ، بىر تېمىم، بىر تېمىمدىن ئىچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنۇمى بولاي دېمەيتتى. ئۇ كىشى ئوتتەك قىزىق ئىدى. چېدىر ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنچىلىك تاياق يېگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغاندەك قارىشىپ تۇراتتى. پەقەت ئەلى ئارسلانخانلا بايا ئۇنى مۇشۇ چېدىرغا ئەكىرىشتىن ئىلگىرى كۆزەتچى لەشكەرلەر ئۇنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن تېپىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ تاپشۇرۇپ بەرگەن، بەزى جايلىرى قانغا بويىلىپ كەتكەن خەتنىكى گەپلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئارسلانخان خەتنى ئۈچ، ياق تۆت مەرتەم ئوقۇغان بولسىمۇ، قەلبىدە خىلمۇخىل گۇمانلار كېزىپ يۈرەتتى. خەت مۇنداق يېزىلغانىدى:

«مۇسا بۇغراخان!

مەنكى ئۇدۇن شاھى ياغلاقار قالۇ خان. مەن سېنىڭ بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئىلگىرى يۇرتىمىز ئۇدۇنغا بېسىپ كېلىپ، سالغان سورۇقچىلىقىڭدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن جازا يۈرۈشى قىلغان بولسامۇ، ئەمما ھىيلە ئىشلىتىپ، ھالاكەتتىن ۋاقتىنچە قۇتۇلۇپ قالدىڭ. بۇ سېنىڭ جەڭگە قابىل، ئېلىڭنىڭ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەيدۇ. قايسىمىزنىڭ غالىب، يېڭىلمەس ئىكەنلىكىنى ۋاقىت ئۆزى بەلگىلەيدۇ. سەن بىر ئەلنىڭ خانى بولغاندىكىن ھازىرقىدەك ۋاقىتتا ھىيلە ئىشلىتىپ، مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلساڭ، ئاقىۋىتىڭ ئۆزۈڭ ئەۋەتكەن مۇشۇ كىشىدەك بولىدۇ. ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، جەڭگاھتا كۆرۈشەيلى.

ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ بۈيۈك خانى ياغلاقار قالۇ.»

ئارسلانخان بىردە ھەيران بولاتتى. بىردە تەئەججۈپلۈك خىياللارغا غەرق بولاتتى. ئۇ بۇ قارارگاھتىن ئايرىلىپ باقمىغىنىغا ئۇزاق بولدى. ھازىرغىچە ئۇدۇن لەشكەرگاھىغا

ئايغاقچى ئەۋەتىپ باقمىدى. «ئەمما، مەكتۇپتا يېزىلغىنى قانداق ئىش؟ ماۋۇ نىمجان ھالەتتە ياتقان كىشى كىم؟... يا ئۇدۇن خانى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى تەپسىلىي ئىگىلەش ئۈچۈن ئايغاقچى ئەۋەتكەنمىدۇ؟! ئەگەر ئۇنداق نىيىتى بولسا بۇ كىشىنى ناكار قىلغۇچە باشقىچە بىرەر ئامال قوللانسىمۇ بولاتتىغۇ؟...» ئۇ ھەرقانچە ئويلاپمۇ بىرەر خۇلاسىگە كېلەلمىدى ـ دە، ئۇنىڭغا دورا ئىچۈرۈۋاتقان ئوتاچىسىدىن سورىدى:

— ئەھۋالى قانداقراق؟ تۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەكمۇ؟

— قارىغاندا بەدىنى تاياق زەربىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، سۆڭەككە زەخىم يەتمەپتۇ. بەدىنىدىكى جاراھەتلىرى يىرىڭلاپ قالمىسىلا ئاز كۈندە ساقىيىپ كېتىدۇ.

— بۇ كىشىگە ياخشى دورىلارنى ئىشلىتىپ بولسىمۇ تېزرەك ئەسلىگە كەلتۈرسىلە، — دېدى ئەلى ئارسلانخان جىددىي تەرزدە.

— ئىلەل، ئارسلانخان ئالىيلىرى، مەن چوقۇم دېگەنلىرى بويىچە قىلىمەن، — دېدى يېشى ئاتمىشلارغا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ پىشقان ئالمىدەك پارقىراپ تۇرىدىغان، روھىي ھالىتى ياش يىگىتلەردەك كۆتۈرەڭگۈ، ھەرىكەتلىرى چەبدەس ئوتاچى.

ئەلى ئارسلانخان مەيۇس ھالەتتە چېدىردىن چىقتى. ئۇ يېقىندىن بۇيان تولا چېچىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. چۈنكى، ئۇدۇن بۇددىستلىرى بىلەن بولغان توقۇنۇشنىڭ بۇنچىلىك ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىشى ئۇنى بىرقىسمىلا قىلىپ قويۇۋاتاتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق مۇھاسىرىنى بۇزۇش ئۇرۇشى غەلىبە قىلىپ، ھەر ئىككىلا تەرەپ قارائۆتەڭدە تىركىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، نەچچە قېتىملىق توقۇنۇش نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى. «ياغلاقار قالۇنىڭ لەشكەرلىرىنى بەك تېز تارمار قىلىشنى ئويلىماڭ، ئوغلۇم، ھازىر ئەلنىڭ تۇرمۇشى ياخشى ئەمەس، ئۇدۇن تەرەپكە لەشكەر تارتىش داۋامىدا ئوردا

خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قالدى. دەماللىققا لەشكىرىي تەمىنات تەييارلايمىز دېسەك، تارىخچىلارنىڭ كۆن ئالمىقى تەسلىشىپ، بىزگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشى مۇمكىن. تارىخچى دېگەن پادىچى ئالدىدىكى بىر توپ قويغىلا ئوخشايدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا قاياققا ھەيدىسەڭ ياۋاشلىق بىلەن ماڭغىنى بىلەن ئالىمادىس بىرەر سەركىسى پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇنى يۆنىلىشىدىن، يولىدىن توسىمەن دەپمۇ توسۇپ بولالمايسىز. شۇڭا، ھازىرچە قارائۆتەڭدىكى لەشكەرگاھنى چىڭ ساقلاپ تۇرۇڭ. ياۋ ھۇجۇم قىلسا، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇرۇڭ. ئەمما، ئالدىراپ ئۇلار تەرەپكە لەشكەر تارتماڭ. بولمىسا كېيىنچە پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىسىز...» دېگەنىدى ئۇنىڭ ئاتىسى مۇسا بۇغراخان نەچچە قېتىملاپ. شۇڭا، ئۇ ياۋ تەرەپكە قاراپ ئات سېلىشتىن ئۆزىنى مەجبۇرىي تۇتۇپ تۇردى. بۇ جەرياندا سۇلايمان ئارسلانخانمۇ ماۋەرائۇننەھىر تەرەپتە سامانىيلارنىڭ ئۇزۇلدۇرمەي پاراكەندىچىلىك سېلىشۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قوزئوردۇ ۋە ئەل ئىشىغا يېتىشىپ بولالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ، ئوغلى يۇسۇپ قادىرخاننى بالاساغۇنغا چاقىرىۋالدى. شۇنداقتىمۇ، ئەلى ئارسلانخان تەجرىبىلىك ئىككى سۇباشى ۋە كۆلۈك تۈمەنبېشى بىلەن بىرلىكتە مانا مۇشۇ قارائۆتەڭدە قارارگاھنى ساقلاپ يېتىۋەردى. بەزىدە جەڭ قىلمىسا قولى قىچىشىپ قالىدىغان تەكەباش سۇباشى ئۇدۇن لەشكەرلىرى قىلچە تەييارلىقسىز تۇرغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار قىلىش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەلى ئارسلانخان ئاتىسىنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، ۋاقىتىنچە تەخىر قىلىشنى ئېيتتى.

— بەزى ئىشلاردىن بەك ئەنسىرەشنىڭ ئورنى يوق، ئارسلانخان جانابلىرى. خان ئالىيلىرى ئۆزلىرىنىڭ جەڭدە ئالدىراقسانلىق قىلىپ بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ قېلىشلىرىدىن ئەنسىرەپ ھۇجۇم قىلىشتىن توسقان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن،

ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇددىست كاپىرلارغا قارشى جەڭ قىلساق، ئۇلار تېزلا تۇگىشىپ، ئۇزۇل - كېسىل مەغلۇپ بولىدۇ. ئۇ چاغدا قاراخانىيلارغا خىرىس قىلالايدىغان رەقىبىمىز تۇگەيدۇ. سىلىمۇ ئەجىر - تۆھپە كۆرسىتىپ، خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلالايدىلا...

بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا ئەلى ئارسلانخاننىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، قانلىرى قىزىپ، ھازىرلا جەڭگە ئاتلىنىش ھەققىدە پەرمان بېرىدىغاندەك ئورنىدىن تۇراتتى - يۇ، ئەمما ئاتىسى مۇسا بۇغراخاننىڭ ئويچان سىيماسى كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن تەڭلا لاسسىدە بولۇپ قالاتتى.

— تەخىر قىلايلى، تەخسىر. بەزىدە مەنمۇ سىلىدەك ئويلايمەن. بەلكىم خان ئاتامنىڭ ئويلىغىنى باردۇر. مەن ئۇنىڭغا ئالدىراپ لەشكەر تارتماسلىق ھەققىدە ۋەدە بەرگەن. ھازىر ۋاقىت سوزۇلۇپ كېتىۋاتقىنى بىلەن ھەقىقەتەن بۇددىستلارغا قارشى لەشكەر تارتىشنىڭ ياخشى پەيتى بولماسلىقى مۇمكىن...

ئەلى ئارسلانخان ئېغىزىدا بۇنداق دېگىنى بىلەن ئەمما يۈرىكىدىكى گەپنى، ئۆزىنى كېچە - كۈندۈز تىنىمسىز خىياللارغا غەرق قىلىدىغان پىلانلىرىنى سۇباشىغا دېگۈسى كەلمەيتتى. ئەمما، مەريەم خېنىم بىلەن يالغۇز قالغان چاغلىرىدا ئويلىغانلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ قالدۇرماي دەيتتى.

— سەۋر قىلسىلا، غوجام، سىلى مەن ئۈچۈن خان ئاتىمىزنىڭ بىر ئېغىز سۆزى مۇقەددەس بۇيرۇق. بەلكىم تەكەباش سۇباشىمۇ ئۇدۇن بۇددىستلىرىنى بالدۇرراق يوقىتىپ، ئەل قەلبىنى ئەمىن تاپتۇرساق، خانلىقىمىزنى گۈللەندۈرۈپ، تارىخچىلارنىڭ خان ئالىيلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىساق، دەپ ئويلايدىغاندۇ؟!... لېكىن، خان ئاتىمىزنىڭ سۆزىنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز زۆرۈر!

ئەلى ئارسلانخان ئايالىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتاتتى، شۇنداقتىمۇ بۇغراخاننىڭ تېزرەك پەرمان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېرىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتەتتى...

ئەلى ئارسلانخان چېدىردىن چىقىپ مەريەم خېنىمنىڭ چېدىرى تەرەپكە قايرىلدى ـ يۇ، ئەمما يەنە بىردىنلا يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، كۆزنىتىش سۇپىسى تەرەپكە ماڭدى. شۇنىڭغىچە يەردىن ئۈنگەندەكلا مەريەم خېنىم ئىككى ھەمشىرىسى بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئارسلانخان ئۇلارنىڭ جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە، تولۇق چىرايلىق ياسىنىۋالغان ئوزايىغا قاراپ قويدى.

— مېھماننىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ — سورىدى مەريەم خېنىم ئېرىنىڭ ئويچان كۆزلىرىگە تىكىلىپ.

— ھازىرچە بىر خىللا ياتىدۇ. تېخى ھوشىغا كەلمىدى، — دېدى ئەلى ئارسلانخان پەس ئاۋازدا.

— بۇ ياۋنىڭ ھېيلىسى ئەمەستۇ ـ ھە؟ — دېدى مەريەم خېنىم، — مۇشۇ كۈنلەردە قاتتىق ئېھتىيات قىلمىساق بولمايدۇ.

— مەنمۇ شۇبھىلىنىۋاتىمەن. ئەمما، ئۇ ئادەمنىڭ ئوزايىدىن قارىغاندا...

— ھېلىقى كىشى ھوشىغا كەلدى، ئارسلانخان ئالىيلىرى، — تۇيۇقسىز پەيدا بولغان نۆكەر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، — ئۇ ھوشىغا كېلىپلا ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ.

ئەلى ئارسلانخان بىلەن مەريەم خېنىم بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىۋالغاندىن كېيىن ئۇدۇل چېدىرغا كىردى. ھېلىقى كەلگۈندى ئەمدى يېرىم ئۆرە بولغان ھالەتتە يۇمشاق پەي ياستۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇ چېدىر ئىچىگە ئالدىراپ كىرىپ كەلگەن ئەلى ئارسلانخانغا قاراپ قويۇپ، «بۇ كىم؟» دېگەندەك، يېنىدا ئولتۇرغان ئوتاچىغا قارىدى.

— بۇ كىشى سىز ھېلىلا گېپىنى قىلغان بىزنىڭ پاسىبانىمىز، مۇسا بۇغراخاننىڭ ئوغلى، كاشغەرنىڭ ئىلىكخانى ئەلى ئارسلانخان جانابلىرى بولىدۇ، — دېدى ئوتاچى پەس ئاۋازدا.

كەلگۈندى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندەك ھەرىكەتلەرنى قىلدى ـ يۇ، ئەمما يارىسى بەك ئاغرىپ كەتكەن بولسا كېرەك، چىرايى ئۆزگىرىپ، يېنىك ئىڭراپ تاشلىدى:

— بولدى قوزغالماڭ، — دېدى ئەلى ئارسلانخان تېزلا، — يارىڭىز ئېغىر، بىرنەچچە كۈن ئارام ئېلىڭ. ھەرقانداق گەپ بولسا كېيىن دېيىشەيلى. ھېلىمۇ گۆر ئاغزىدىن يېنىپ كەلدىڭىز...

— يا... ياق، ئارسلانخان ئالىيلىرى... مەن... مەن... ھەر ھالدا ئۆزلىرىنى كۆردۈم. مەن... مەن بەك خۇشال... — ئۇ خېلىلا كۈچىنىپ سۆزلىدى، — شۇ... شۇغىنىسى ئۆزلىرىنىڭ پۇتلىرىنى سۆيۈپ، سالام بەجا كەلتۈرەلمىدىم.

— ئاۋۋال ياخشى ئارام ئېلىڭ، مېھمان. باشقا گەپلەرنى سىز ئاز ـ تولا ئەسلىگىنىڭىزگە كەلگەندە دېيىشەرمىز، — دېدى ئەلى ئارسلانخان، ئاندىن چېدىردىن قايتىپ چىقتى.

— بىرەر ئىشنى بايقىدىلىمۇ؟ — ئەلى ئارسلانخاننىڭ كەينىدىن سوئىدىشىپلا چىققان مەريەم خېنىم چېدىردىن چىقىپ، ئون نەچچە ئادىم ئۇزىغاندا بىردىنلا سوراپ قالدى.

— ياق، ھېچنېمىنى بايقىمىدىم.

— بۇ ئادەمدىن ھېزى بولايلى، مېنىڭ كۆزۈمگە زادى سىغمىدى. مېنىڭچە، بۇ ياۋنىڭ بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەن ئايغاقچىسى...

— ھا ـ ھا ـ ھا... ئۇ ئادەمنى بىرلا كۆرۈپ چىقارغان ھۆكمىڭىزنى قاراڭ....

— ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، غوجام، مەن ئاۋۋال ئويلىغانلىرىمنى دەۋالاي، تېخى ھېلىلا چېدىر ئىچىگە كىرگەندە ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا تازا ئوبدان زەن سالمىغان ئوخشايلا. يۈز ـ كۆزلىرى تاياق زەربىسىدىن يېرىلغاندەك قىلغان بىلەن يارىسى ئېغىر ئەمەس ئىكەن. سوغۇق نۇر چىقىپ تۇرىدىغان، ھەييارلىق

بىلەن ئەتراپقا سىنچىلاپ قارايدىغان چېقىر كۆزلىرىدىن بىر شۇملۇق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ماڭا ئۇنىڭ بايىقى ھالىتى، قىلمىشلىرى ھەرىكەتلىرى يالغاندەك، بىزگە نەيرەڭ كۆرسىتىۋاتقاندەك بىلىندى، — دېدى مەريەم خېنىم ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئەڭ كىچىك ئىشلارغىمۇ سەل قارىمايلى، بولمىسا دوستلارغا يىغا، دۈشمەنلەرگە كۈلكە بولىدىغان ئىشلار كېلىپ چىقمىغاي...

ئەلى ئارسلانخان كۈلكىسىنى تېزلا توختىتىپ، قەدىرداننىشىنى تۈنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك چىرايىغا ھەۋەس بىلەن تىكىلدى:

— بۇ گېپىڭىزمۇ ئورۇنلۇق، قېنى ئاۋۋال ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى ئوبدانراق بىلەيلى. ئاندىن بىر گەپ بولار!

ئوچ خېلى تەستە ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى. بەزىدە گەپ قىلىۋېتىپ، يەنە بەزىدە بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئولتۇرغان ھالدا ھوشىدىن كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا ئوتاچى جىددىيلەشكەن ھالدا ئالدىراپ دورىلىرىنى ئىچۈرەتتى. ئارىدىن بىرەر ئاشپىشىم ئۆتكەندە ئۇ يەنە ھوشىغا كېلەتتى - دە، ئۇيقۇچىلىقتا جۆيلۈگەن ئادەمدەك ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ ئىش نەچچە قېتىملاپ تەكرارلاندى.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئارسلانخان بىلەن زادىلا كۆرۈشمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. ئوتاچى ئۆزىگە ياردەملىشىۋاتقان نۆكەرنى ئەلى ئارسلانخانغا بۇ تەلەپنى يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. ئارسلانخان چېدىرغا كىرگەندە، بىمار ئورنىدىن چاچراپ تۇردى - دە، ئارسلانخاننىڭ پۇتىغا تىزلاندى.

— كەمىنە قۇللىرىنىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلغايلا، ئارسلانخان ئالىيلىرى! نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىلىرىنى تولا ئاڭلاپ، غايىبانە ھۆرمەت قىلىپ كەلگەندىم. ئەلى ئارسلانخان غازىنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كەتسەم بۇ دۇنيالىقتا باشقا ئارمىنىم قالمايتتى، دەپ ئويلاپ، ھەر ۋاخ نامىزىمدا

ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئاللادىن مۇشۇنداق پەيتلەرنى نېسىپ قىلىشنى تىلىگەنىدىم. مانا ئاخىر تىلىكىم ئاللاغا مەقبۇل بولۇپ، مۇرادىم ھاسىل بولدى. ئەمدى ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق...

ئۇ بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك بىچارە، ئېچىنىشلىق ئىدىكى، نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ، قان ئىچىدە جان تالىشىپ ياتقان، ئاغرىق ئازابىدا پەرياد چېكىۋاتقان لەشكەرلەرنى كۆرۈپ ئازابلانسىمۇ باشقىلارغا بىلىندۈرمەيدىغان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ۋۇجۇدى ئىختىيارسىز تىترەپ، كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرى پەيدا بولدى.

— ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، — دېدى ئەلى ئارسلانخان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ.

— ياق، ئارسلانخان ئالىيلىرى، كەمىنە قۇللىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك مۇرادى بۈگۈن ھاسىل بولدى. مەن ئەمدى مۇشۇ پېتى جان تەسەددۇق قىلىپ، ئاللانىڭ دەرگاھىغا كېتىشكە رازى!

ئوچ سۆزلىگەچ يۈزلىرىنى ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئايىغىغا تەگكۈزگەندىن كېيىن، جاراھەتلىرى تېخى ساقايمىغان قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يىپەك تونىنى ئاۋايلاپ تۇتۇپ، كۆزلىرىگە سۈرتتى.

— بولدى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، — ئەلى ئارسلانخان ئۇنىڭ جەينىكىدىن تۇتۇپ ئۆرە قىلدى - دە، بىمارنىڭ چىرايىغا ئوبدان بىر سەپسالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قېنى ئولتۇرۇڭ، دەرقەمتە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

— قېنى ئۆزلىرى ئاۋۋال ئولتۇرسىلا، ئالىيلىرى، — دېدى نامەلۇم كەلگۈندى يىغلامسىرىغان ھالدا سۆزلەپ.

ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە ئوتاچى بىلەن ئارسلانخانغا ئەگىشىپ كەلگەن كۆلۈك تۇمەنبېشىمۇ ئولتۇردى.

— ئۆزلىرى مەن ئاڭلىغاندىنمۇ بەردەم، قاۋۇل، نۇرانە چىراي كىشى ئىكەنلا، ئارسلانخان ئالىيلىرى، — دېدى بىمار پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئېسەدىگەن ھالدا، — پېقىر قۇللىرىنىڭ

ئۆزلىرىنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق ئولتۇرالىشىم ياراتقان ئۇلۇغ ئاللا ئىگەمنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى... ئۆزلىرى ئىسىم ـ جىسىملىرىغا لايىق ھالدا كىچىك پېئىل، مەردانە، ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىسىغا خاس شىجائەتلىك، پەزلى كامالەتلىك زات ئىكەنلا.

بۇ ماختاشلارنى ئاڭلاپ ئەلى ئارسلانخاننىڭ كۆڭلى ياپىرىغاندەك بولدى. ئەمما، چېدىردىكىلەرگە باشقىچە تەسىر بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ قوشۇمىسىنى تۈردى.

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز... خوش، ئۆز سۆزىمىزگە كېلەيلى، ئىسمىڭىز نېمە؟ قەيەردىن كەلدىڭىز؟

ئوج ئاۋۋال ئەلى ئارسلانخانغا، ئاندىن چېدىر ئىچىدە ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ قويغاندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— قۇللىرىنىڭ ئىسمى ئوج. قاغىلىقنىڭ تاغلىق رايونىدىنمەن، ئارسلانخان ئالىيلىرى...

— بۇ يەرگە سىزنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ مەن دېمەكچى ئوج، سىز بۇ يەرگە ئاتقا غانجۇغىلانغان ھالدا كەلگەن ۋاقتىڭىزدا نىمجان ھالەتتە ئىكەنسىز. نېمە بولۇپ بۇ قىسمەتلەرگە دۇچار بولدىڭىز؟

ئوج بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بىردىنلا كۈچلۈك شامالغا دۇچ كەلگەن ياپراقتەك تىترىگەن ھالدا بايىقىدەكلا ھۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتى.

— بۇنى سورىمىسىلا، ئارسلانخان ئالىيلىرى، قۇللىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن دەرد باشقا بىراۋنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن، ياراتقان ئاللا ئىگەم مەندەك شور پېشانىنى نېمىشقىمۇ ياراتقان بولغىيدىكىن، ئاھ، خۇدا، ئۆزۈڭ بار !...

چېدىردىكىلەر يۈرەكنى تىلغايدىغان مۇڭلۇق نىدالارنى ئاڭلاپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. باياتىن بېرى ئۈندىمەي ئولتۇرغان كۆلۈك تۇمەنبېشى ئېغىز ئاچتى:

— بولدى ئوج، يىغلاۋەرمەي ئارسلانخان ئالىيلىرى سورىغان

سوئالنىڭ ئۆزىگە جاۋاب بەرسىلە.

ئوج تەسلىكتە يىغىسىنى توختىتىپ، ئىغىز ئاچتى:

— بىشىمغا كەلگەن بالالارنىڭ قايسىسىنى دەپ بولاي، ئالىيلىرى، قۇللىرى تۇغۇلۇشۇمدىن شور پېشانە بەندە ئىكەنمەن. ئەمدىلەتىن ئەقلىمگە كەلگەن چاغلاردا يۇرتىمىزدىكى بۇددىست چارۋىدار مەرھۇم ئاتامنىڭ ئىسلامغا كىرگىنىنى سىزىپ قىلىپ قولچوماقچىلىرىغا باغلاتقۇزۇپ، قاتتىق دۇمبالىتىپ دەرھال ئىتىقادىدىن يېنىشنى تەلەپ قىپتۇ. ئەمما، دادام ئۇنىماپتۇ. ئۇ چارۋىدار دادامنىڭ شۇنچە كۆپ تاياق يەپ تۇرۇپمۇ ئىتىقادىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، بەدەنلىرىنى بۆكتە بىلەن تىلدۇرۇپ، تېنىگە تۇز سۈيى قۇيدۇرۇپتۇ. ئەمما، دادام يەنىلا ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرۇپتۇ. ئۆمرىدە تالايلىغان ئادەملەرنىڭ بېشىدا قامچا ئوينىتىپ، ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى، يالۋۇرۇشلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ كۆنگەن چارۋىدار تېخىمۇ ۋەھشىيلىشىپ دادامنىڭ جان يېرىگە ئات قىلىنى تىقىپ ئازابلاشنى بۇيرۇپتۇ. دادام قاتتىق ئاغرىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ، يەنىلا ئۆز دىنىدىن يانمايدىغانلىقىنى تەكرارلاپ تۇرۇۋاپتۇ. ئۆز ھۇنىرىنىڭ كارغا كەلمىگەنلىكىنى كۆرگەن چارۋىدار باشقىلارغا ھەيۋىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن يايلاقتىكى جىمى ئادەمنى يىغىپ، ئۇنى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرۈپتۇ... — ئوج يەنە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى. ئەلى ئارسلانخانمۇ دەۋرەپ كەلگەن يېشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئېسەدەۋاتقان ئوتاچىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويدى. ئوتاچى ئارسلانخاننىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى سېزىپ، تېزلا جىم بولدى، ئوج ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ، ھېسداشلىقى قوزغالغۇدەك ھالەتتە بىرپەس يىغلىغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇنىڭدىن كېيىن يېتىملىك كوچىسىغا قەدەم باستىم. ئانام بىچارە دادامنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ دىشۋارچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاللاغا تېۋىنىپ تولا

يىغلاپ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپ ئەما بولۇپ قالدى. بىزنىڭ بارلىق تىرىكچىلىك يولىمىز ئۈزۈلۈپ كەتكەچكە، تۇرمۇشىمىز بەكمۇ خاراب ئىدى. مەن باشقىلارنىڭ ماللىرىنى بېقىپ، يۇگۇر ـ يېتىم ئىشلىرىنى قىلىپ باقتىم. ئەمما، ئۆيىمىزدىكىلەرنىڭ ئەمەس، ئۆزۈمنىڭمۇ قورسىقىنى باقالمىدىم. شۇنداقتىمۇ، تاپالىساق يەپ، تاپالمىساق ياۋا ئوتلارنى قاينىتىپ قورساق گوللاپ كۈنلەرنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزدۇق. مەن ئائىلەمدىكىلەرنى يېتىلەپ يۇرۇپ تىلەمچىلىك قىلىشنى ئويلىغان بولساممۇ، ئەمما تاغ يېرى دېگەندە ئاھالىلەر تارقاق ياشىغاچقا، بۇنىڭغا مۇمكىن بولمىدى. شۇڭا، بەزىدە باشقىلارنىڭ چارۋىلىرىنى ئوغرىلاشقا مەجبۇر بولدۇم. ئانامنىڭ كۆزى كۆرمىگىنى بىلەن يۇرىكى تۇيىدىغان ئوخشايدۇ. بەزىدە ئۇ مەن تەڭلىگەن پىششىق گۆشنى قولىغا ئالغان ۋاقىتلىرىدا بۇنى قەيەردىن تاپقىنىمنى سوراپ تۇرۇۋالاتتى. بۇنداق ۋاقىتلاردا يالغان ئېيتسام، «راست گەپ قىلغىن، بالام، ئەگەر راست گەپ قىلمىساڭ، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە رازىمەنكى، بۇ گۆشتىن بىر لوقما ئېغىزىمغا سالمايمەن» دەپ تۇرۇۋالاتتى.

مەن ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ ئانامنى گېپىمگە ئىشەندۇرەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىر راست ئەھۋالنى ئېيتىپ، مۇشۇ بىر قېتىم ئۇكىلىرىمنىڭ بىر ۋاخ ئوبدانىراق غىزالىنىۋېلىشى ئۈچۈن گۇناھىمدىن ئۆتۈشىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بىراۋنىڭ رىزقىغا قارا سانىمايدىغانلىقىمنى ئېيتىپ مىڭبىر بالالىقتا گېپىمگە ئىشەندۇرەتتىم. بىراق، ئادەم بەزىدە ئۆزىنى قارا باسقانلىقىنى بىلەلمەيلا قالىدىكەن. ئانامغا ۋەدە بەرگىنىم، ئەمدى ئوغرىلىق قىلماسلىققا مەرھۇم دادامنى، ياراتقۇچى ئىگەمنى شېپى كەلتۇرۇپ تۇرۇپ قەسەم قىلغىنىم بىلەن ئەمما ئۇكىلىرىمنىڭ ئاچلىقتىن سارغايغان چىرايىنى، ھاياتلىق شامى ئۆچەي دەپ قالغان خۇنۇك كۆزلىرىنى، ماغدۇرسىزلىقتىن ئۆرە بولۇشقىمۇ قۇربى يەتمەيۋاتقان ئورۇق جىسمىنى كۆرسەملا، مەيلى

قانداقلا قىلىپ بولسۇن، ئۇلارنى بىر ۋاخ بولسىمۇ تويدۇرۇش نىيىتىگە كېلىپ قالاتتىم. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇر بولاتتىم. ھېلىمۇ ئېسىمدە، بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلىۋاتقىنىمدا تۇتۇلۇپ قالدىم. خېلىدىن بۇيان چارۋىلىرىغا سوغۇق قول تېگىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغان چارۋىدار پايلاپ تۇرغانمۇ قانداق، مېنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالدى ـ دە، بارلىق ئاچچىقىنى چىقىرىۋالاي دېگەندەك بولۇشىغا ئۇرۇپ ـ دەسسىدى. شۇ چاغدا تاياق زەربىسىدىن يىقىلىپ چۈشكىنىم يادىمدا. قالغان ئىشلار ئېسىمدە يوق. بىر ۋاقىتتا ئۆگە ـ ئۆگىلىرىمنىڭ سىرقىراپ ئاغرىشى بىلەن كۆزۈمنى ئاران تەسلىكتە ئاچسام ئىككى قېرىندىشىم بېشىمدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلارنى بەزلىمەكچى بولدۇم ـ يۇ، ئەمما گەپ قىلىشقا مادارىم يەتمەي يەنە ھوشۇمدىن كەتتىم. شۇ ياتقانچە قانچىلىك ياتتىم، ئەسلىيەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، كېيىنكى قېتىم ھوشۇمغا كەلگەندە پۇت ـ قولۇمدا ئاز ـ تولا ماغدۇر بار ئىدى. مەن ئاران ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، ئۆيدە ماڭا قاراپ ئولتۇرۇشقان قېرىنداشلىرىمدىن ئانامنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم. ئۇلار مەندىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ياتقان ئانامنى كۆرسىتىشتى.

دەلدۈگۈنۈپ بېرىپ ئانامنى چاقىردىم، ئۇنى تۇرتۇپ باقتىم، بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىدىم، لېكىن ئانامدىن سادا چىقمىدى. دېمەك، ئانام ئاللىقاچان تىنىقىدىن قالغانىكەن. جەسىتىمۇ مۇزلاپ كېتىپتۇ. ئۇكىلىرىمدىن سورىسام، «ئىككى كۈندىن بېرى مۇشۇنداق ياتىدۇ. بىز تېخى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قاپتۇق» دېيىشتى. يىغلىدىم، ئاھ ئۇردۇم. بىراق، بىزگە قازاغا رىزا بولۇشتىن ئۆزگە ئامال قالمىغانىدى. ھېلىمۇ يوقسۇلنىڭ قاياشى يوقسۇل ئىكەن. ياخشى نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن ئانامنى يەرلىكىدە قويۇۋالدۇق. لېكىن، شۇ يىلى ھەددىدىن زىيادە ئاچلىق سەۋەبىدىن ئىنىم ياۋا كۆكتاتلارنى يەپ

قورسىقىمنى توقلايمەن دەپ زەھەرلىك ياۋا ئوتلارنى يەۋېلىپ زەھەرلىنىپ ئۆلۈپ كەتتى. ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن كەلگۈلۈكلەر مېنىمۇ تۈگەشتۈرۈۋەتتى. تولا يىغلاپ كۆزلىرىمنىڭ يېشىمۇ قۇرۇدى. كېيىنچە تۇرمۇشۇمنى ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ كۆزۈم يەتمەي، ئۆلۈۋېلىپلا بۇ دۇنيانىڭ خوۋلۇقلىرىدىن قۇتۇلماقچىمۇ بولدۇم. بىراق، ھەر قېتىم قەتئىي نىيەتكە كەلگەندە كىچىكىدە ئاتا مېھرىگە قانمىغان، ئەمدىلىكتە ئانامدىنمۇ ئايرىلغان سىڭلىمنى باشقىلارنىڭ خارلىغان كۆرۈنۈشلىرى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، بۇ نىيىتىمدىن ياندىم. دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دادامنى ئۆلتۈرگەن، مېنى ئۆلگۈدەك دۇمبالىغان چارۋىداردەك قارا نىيەت، تاش يۈرەك ئەمەس ئىكەن. باشقىلارغا قولىدىن كېلىشىچە خەيرخاھلىق قىلىدىغان، بىر ۋاخلىق غىزاسىنى تېپىپ، يەنە بىر ۋاخلىقنىڭ غېمىدە يۈرسىمۇ، ئۆزىدەك يوقسۇللارغا ھەممەتلىك قولىنى سۇنىدىغان كىشىلەر بار ئىكەن. بىز ئەنە شۇنداق كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە بىرنەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۇق. مەنمۇ باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ تۇرماي، چامىم يېتىدىغانلا، قورسىقىم تويىدىغانلا ئىش بولسا قىلدىم. كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئېقىن سۇدەك ئۆتىۋەردى. ئانام قازا قىلغاندا تېخى كۆك پوتلىسىنى ئېرتالمايدىغان سىڭلىممۇ پۈررىدە چوڭلاپ بىر چىرايلىق قىز بولدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆيدە قىلغىلى ئىش تاپالماي، ئىچى پۇشۇپ قالغان چارۋىدار بىكار تەلەپ چاپارمەنلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپ، سىڭلىمنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ ۋە سىڭلىمغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى ئېيتىپ ماڭا ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئەكەلگەن كىشىگە: «باي غوجام بىر پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان ئادەم. سىڭلىم بولسا ئۇنىڭ نەۋرىسىدەك سەبىي قىز. شۇنداق ئىكەن، بۇ تويغا قوشۇلمايمەن» دەپ جاۋاب بەردىم. بۇ گەپ بولۇپ ئىككى كۈن ئۆتكەندە، بىرسىنىڭ

قىلىدىغان ئىشى چىقىپ قالدى. مەن سىڭلىمغا ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ ئۆيدىن چىقماسلىقنى تاپىلاپ، مەدىكارچىلىققا كەتتىم. كەچتە قايتىپ كەلسەم، سىڭلىم ئۆيدە يوق. ئۇنى چاقىردىم، يىقىن ئەتراپتىكى ئۇ دائىم بارىدىغان، بېرىش ئېھتىمالى بولغان يەرلەرگە بېرىپ ئىزدىدىم. ئەمما، ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. بىر چاغدا تۇيۇقسىز چارۋىدارنىڭ ئادەم ئەۋەتكەنلىكى يادىمغا كەلدى ـ دە، ئۇدۇل ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. ئەمما، ئىتلىرىمۇ ئىگىسىنى دورىغان چېغى، قوروسىغا يېقىنلىشالمىدىم. بىر چاغدا ئۇنىڭ قوللىرىدىن بىرسى سىرتقا چىقىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بارلىق كەچمىشلىرىمنى بىرمۇبىر بايان قىلىپ، سىڭلىمنىڭ دېرىكىنى قىلدىم. ئۇ قۇلنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىدى بولغاي، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېيتىپ بەردى. ئەسلىي چارۋىدار مېنىڭ جاۋابىمنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىدا ئۆزى سىڭلىمنى بۇلاپ كېلىش ئۈچۈن مېڭىپتۇ. بىراق، چاپارمەنلىرى ئۇنى توسۇپ، بۇ ئىشنى ئۆزلىرى توغرىلايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىشىپ، مەن ئۆيدە يوق پۇرسەتتە سىڭلىمنى باغلاپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن چارۋىدارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، سىڭلىمغا پوخورلۇق قىلماقچى بوپتۇ. سىڭلىم ئۇنىماپتۇ. ئەمما، چارۋىدار ئۇنى تىللاپتۇ. ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپتۇ، خۇددى چۈجىنى ئولجىغا ئالغان ساردەك ئاستىغا بېسىۋاپتۇ. ئاشۇ چاغدا ھېچكىم ئويلىمىغان ئىش يۈز بېرىپتۇ: سىڭلىم چارۋىدارنىڭ بېلىگە باغلىۋالغان سەرگەز پوتىسىغا ئۆتكۈزۈۋالغان بۆكتەسىنى تېزلىكتە سۇغۇرۇۋېلىپ، چارۋىدارغا تىقماقچى بولغان بولسىمۇ، چارۋىدار چاققان كېلىپ ئۆزىنى قاچۇرۇۋاپتۇ. بىراق، كىم بىلسۇن، بۆكتە ئۇنىڭ بىلىكىنى تىلىۋېتىپتۇ. چارۋىدار خۇددى ئېيىقتەك چىرقىرىغان پېتى سىڭلىمنىڭ قولىدىكى بۆكتەنى تارتىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆكسىگە كۈچ بىلەن تىقىۋېتىپتۇ. سىڭلىم شۇ يەردىلا «ئاكا» دەپ نالە قىلغان پېتى تىنىقىدىن قاپتۇ. چارۋىدارنىڭ چوماقچىلىرى سىڭلىمنى بۇ يەردىن سەل يىراقراق

دۆڭنىڭ باغرىغا كۆمۈۋېتىپتۇ.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئالەم چۆرگۈلەۋاتقاندەك، يەر تىترەۋاتقاندەك تۇيۇلدى، شۇنداقتىمۇ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم ـ دە، ھېلىقى قۇلنىڭ كۆرسىتىپ قويۇشى بىلەن سىڭلىم كۆمۈۋېتىلگەن دۆڭنىڭ يېنىغا كېلىپ، كولانغانلىقى ئېنىقلا بىلىنىپ تۇرىدىغان يەرگە تىزلاندىم. ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلدى. ۋۇجۇدۇم كۈچلۈك شامال سوققان ياپراقتەك تىترىدى. بار ئاۋازىم بىلەن ياراتقۇچىغا نىدا قىلدىم. بىراق، بولىدىغان ئىشلار بولۇپ بولغانىدى. ئاتام ئاشۇ نىجىس، تاش يۈرەك، ئۆزىدىن باشقا كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان بۇددىستىنىڭ قولىدا ئۆلگەنىدى. سىڭلىم ئۆزىنىڭ پاك ئېتىقادىنى، غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يەنە شۇ چارۋىدارنىڭ قولىدا خۇددى ئاتامدەكلا جېنىدىن ئايرىلدى... ناھايىتى ئۇزاق يىغلىدىم، ئاھ ئۇردۇم، نۇرغۇن ئىشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئاخىر چارۋىدارنى ئۆلتۈرۈپ، ئىنتىقام ئالمىسام دادام رازى بولمايدىغاندەك، ئانام گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرىدىغاندەك، بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكەن ئىنىم: «سەنمۇ ئوغۇل بالىمۇ؟ بۇ يەردە ماڭقاڭنى ئېقىتىپ يىغلاپ ئولتۇرغۇچە ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟» دەپ ئەيىبلەيدىغاندەك، ئۇن گۈلنىڭ بىرسى ئېچىلماي ئۆلۈپ كەتكەن سىڭلىم: «ئاكا، مېنىڭ قىساسىمنى، ياق، پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ ئەتتىنى ئالمىساڭ، ئۇ دۇنياغا بارغاندا مەن بىلەن كۆرۈشكۈچى بولما...» دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى ـ دە، چارۋىداردىن قىساس ئېلىش نىيىتىگە كەلدىم. ئەمما، ئۇنىڭ تۇرالغۇسىغا يېقىن بېرىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. قورۇنى ئايلىنىپ نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان چاپارمەنلەردىن تىرىق قىلغان ئاۋازنى ئاڭلىسىمۇ قاۋاپ كېتىدىغان ئىتلىرى يامان ئىدى. مەن خېلى ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولساممۇ قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىشكە ئامال تاپالمىدىم ـ دە، ئاخىر ھەشەمەتلىك ئۆيگە يانداپ سېلىنغان ئېغىلنىڭ ئۈستىگە چىقتىم. تۇيۇقسىز كۆزۈم

ئېغىلنىڭ يان تەرىپىدىكى ئاسمان ـ پەلەك دۈۋىلىنىۋېتىلگەن ئوت ـ چۆپلەرگە چۈشتى. شۇ ئان كاللامغا «ئاۋۋال بۇ ئوت ـ چۆپلەرگە ئوت قويۇۋەتسەم، ھەممىسىلەن ئوت ئۆچۈرۈش بىلەن قالىدۇ، ئاندىن چارۋىدارنى تېپىپ جايلىۋېتەلەيمەن» دېگەن خىيال پەيدا بولدى. ئەمما، ئوت قويۇۋېتىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. مەن ئېغىل ئۈستىدە خېلى ئولتۇردۇم. ئاي خېلىلا يۇقىرى ئۆرلەپ قالغانىدى. يەنە بىردەم مۇشۇ پېتى ئولتۇرسام، ئالەم يورۇپ قېلىشى، مەن ئاشكارىلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئېغىلنىڭ ئۈستىدىن قىلچە تىۋىش چىقارماي پەسكە سىيرىلىپ چۈشتۈم ـ دە، قاراڭغۇدا خۇددى ئوغرى چاشقاندەك تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ئېغىلنىڭ يان تەرىپىدىكى چارۋىدارنىڭ ماللىرىنى باقىدىغان پادىچىلار تۇرىدىغان ئۆيگە يېقىنلاشتىم. بەزىدە شۇنداق ئۇدۇل كېلىپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولىدىكەن. مەن تېخى ئەمدىلا ئۆيگە يېقىنلىشىشىمغا تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلىپ بىرسى قاتتىق يۆتەلگىنىچە چىقىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل مەن تەرەپكە كەلدى. تېزلا ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. ئۇ ئادەم يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىشىگىلا ئوچۇق تۇرغان ئىشىك تەرەپكە قاراپ، كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىكى جىگدە ياغىچىدىن ياسالغان تۈۋرۈكنىڭ يان تەرىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان چىراغپايدا بىر جىنچىراغ ئۆينى غۇۋا يورۇتۇۋاتاتتى. قەيەردىن كەلگەن كۈچ ـ قۇۋۋەت، قورقماسلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. تېزلا، خۇددى شامالدەكلا ئۇچۇپ ئۆيگە كىردىم ـ دە، چىراغنى قولۇمغا ئېلىپلا كەينىمگە يېنىپ، ئۇدۇل باياتىن ئوت قويۇۋېتىشنى پىلانلىغان ئوت ـ چۆپ دۈۋىسى يېنىغا كېلىپلا چىراغنى تۆت ـ بەش يەرگە يېقىنلاشتۇردۇم. قۇرۇپ، پىچان بولۇپ كەتكەن ئوت ـ چۆپلەر دەسلەپتە بوش پاراسلاپ، كېيىن بارا ـ بارا ئۇلغىيىپ، گۈركىرەپ كۆيۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم يايراپ كەتتى، جىنچىراغنى ئوت ـ چۆپ دۈۋىسىنىڭ ئۈستىگە پىرقىرىتىپ ئاتتىم. دەل شۇ چاغدا يېقىنلا يەردە بىرسىنىڭ

ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ئوت!... ئوت كەتتى!... ئادەم بارمۇ؟!...
مەن دەرھال بۇ تەرەپتىكى ئېغىلنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدىم. ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىۋاتاتتى. چارۋىدارنىڭ چاپارمەنلىرىمۇ يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ ئوتنى ئۆچۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئەمما، كۈچلۈك ئوت يالقۇنى ئۇلارنى يېقىن يولاتمايتتى. شۇ ئەسنادا قاياقتىندۇر چارۋىدارمۇ پەيدا بولدى. مەن ئوت يورۇقىدا ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى، قورقۇنچتىن سۇس تىترەۋاتقان جىسمىنى كۆرۈپ قالدىم.
— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسەن؟...تېز... تېز ئوتنى ئۆچۈرۈشمەمسەن، نان قېپلار؟! قايسىڭ بوشاڭلىق قىلىشساڭ تېرەڭنى تەتۈر سويىمەن!...
ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ئويلىمىغان يەردىن ئېغىلغىمۇ تۇتاشتى. شۇڭا، مەنمۇ يەنە بىر يەرگە مۆكۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم. كۆزۈم چارۋىداردا ئىدى. بىر چاغدا كىمدۇر بىرسى چارۋىدارنى كىرىپ كېتىشكە دالالەت قىلدى. بۇ مەن كۈتكەن پۇرسەت بولغاچقا، مۆكۈپ تۇرغان يېرىمدىن چىقىپ، ئاستاغىنا چارۋىدار تەرەپكە يېقىنلاشتىم. چارۋىدارنىڭ قىزىل ئوت تەرەپكە كىگىز، تىكمەتلەرنى ھۆل قىلىپ كېتىۋاتقان، سوغىدا سۇ كۆتۈرۈپ يۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى ئالدىرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قىساس ئېلىش ئىستىكى پەيدا بولغاندىن بېرى يېنىمدىن ئايرىماي، كۈندە دېگۈدەك بىلەپ بىسلىرىنى پارقىرىتىۋەتكەن بۆكتەنى چىڭ سىقىملىدىم — دە، ئۇنىڭغا يېقىنلاشتىم. ئەمما، بۇ چاغدا بۇرۇنقى غەزەپلىرىم قەيەرگىدۇر يوقالغاندەك يۈرىكىم ئەنسىز سېلىشقا باشلىدى. پۇت — قوللىرىممۇ لاغىلداپ تىترەيتتى. ئەمما، ۋاقىتسىز قازا قىلغان دادام، ئارماندا كەتكەن ئانام، ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىنىم، ياشلىق غۇنچىسى ئېچىلماي تۇرۇپلا توزۇغان سىڭلىم كۆز ئالدىمغا كېلىش بىلەنلا تېنىم ئاز — تولا مادارلانغاندەك بولدى — دە، بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىغىنىمچە چار-

ۋىدارغا ئېتىلدىم. چارۋىدار ئوت يورۇقىدا ۋال ـ ۋۇل قىلىپ سوغۇق نۇر چاقنىغان ھالدا ئۆزىگە تەڭلەنگەن بۆكتەنى كۆرۈپ، چىرايىنى قورقۇنچلۇق قىلىپ ۋارقىرىدى:

— ئا... ئادەم... بارمۇ؟ قا... قاتىل!...

ئۇنىڭ چىرايىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قارىدىم ـ دە، بۆكتەنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تىقىشقا باشلىدىم. چارۋىدار ئىچىنىشلىق ۋارقىرايتتى، نالە قىلاتتى. تۇيۇقسىز دۈپۈرلىگەن ئاياغ تاۋۇشى، قالايمىقان ئاۋازلار يېقىنلاپ كەلگەندەك بولدى. شۇ ھامان «قاچ...ئەمدى قاچمىساڭ تۇگىشىسەن!...» دېگەن بىر ياڭراق سادا قۇلىقىمدا تۇۋىدە جاراڭلىدى ۋە خىرقىراپ ياتقان چارۋىدارنى تاشلاپ، ئوت يالقۇنى ئاجىز، قارىيىپ كۆرۈنىدىغان تەرەپكە قاراپ قاچتىم. شۇ چاغدا نەچچە تامدىن ئارتىلىپ چۈشكىنىم، نەچچىلىك تامغا دۇقۇرغىنىم ئېسىمدە يوق. ئىشقىلىپ، بەك قورقۇپ كەتكەچكە ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قېچىۋەردىم. بىر چاغدا تۇيۇقسىز: «ھەي بالا، ماڭ ئاۋۇ سۆگۈچتىن چىقىپ كەت...» دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندەك قىلدىم. شۇنىڭدىلا ئۆزۈمنىڭ مېۋىلىك دەرەخلىرى قويۇق بىر باغدا ئىكەنلىكىمنى، مەندىن سەللا يىراقلىقتا بىرسىنىڭ ماڭا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاران ئىلغا قىلىپ، ئۇ كىشى ئىشارە قىلغان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم. دېگەندەك ئالدىمدا چارۋىدارنىڭ بېغىغا سۇ كىرىدىغان بىر سۆگۈچ تۇراتتى. مەن تېزلا يەردە سۇنايلىنىپ ياتتىم ـ دە، خۇددى يىلاندەك ئۆمىلەپ سۆگۈچتىن چىقىپ كەتتىم. باغ ئىچىدە قالايمىقان ۋارقىراشلار، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— قاچتى... قاتىل سۆگۈچتىن قېچىپ كەتتى!

مەن يۈگۈرۈۋاتاتتىم، بۇ يەردىن كېتىش، يىراقلارغا كېتىش ئۈچۈن يۈگۈرۈۋاتاتتىم. كاللامدا ھازىرچە جېنىمنى ساقلاپ قېلىش، كېيىن چارۋىدارنىڭ ئۆلگەن ـ ئۆلمىگەنلىكىنى

تىڭتىڭلاپ بېقىش، ئۆلگەن بولسا باشقا يۇرتلارغا كېتىش، ئۆلمىگەن بولسا يۇرسەت تېپىپ، ئۇنى جەھەننەمگە ئۇزىتىش خىيالىمدىن ئەگىپ يۈرەتتى. شۇنداق ئوي ـ خىياللار بىلەن بېشىم قايغان، پۈتۈم تايغان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردۈم... يۈگۈرۈۋېرىپ نەپەسلىرىم تېزلىشىپ پۈتلىرىمنىڭ ماغدۇرىمۇ قالمىدى. بىر چاغدا ئېگىز بىر دۆڭ ئۈستىگە چىقىپ قالدىم ۋە ئەمدى بىردەم ئارام ئېلىۋالاي دەپ ئارقامغا ئۆرۈلۈپ ھەيرانلىقتا ئېغىزىمنى ئېچىپلا قالدىم. يىراقتا، تولىمۇ يىراقتا ئاسمان ـ پەلەك بىر ئوت كۆيۈۋاتاتتى...

مەن يېنىك نەپەس ئالدىم ـ دە، كۈندۈزى يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، كەچلىرى يول مېڭىپ دېگەندەك ئۇ يەردىن خېلىلا ئۇزاپ كەتتىم. كېيىن تاغدىكى بىرسىنىڭ ماللىرىنى باقتىم. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرسىدە يايلاقتا ماللارغا قاراپ ئولتۇرسام، يوچۇن بىر كىشى مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى. ئۇزاق ۋاقىت چارۋىلارنىڭ كەينىدىنلا يۈرۈپ، زېرىكىپ قالسام ئۆزۈم بىلەن ئۆزۈم پاراڭلىشىپ ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىپ كەلگەچكە، ئۇ كىشىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتىم ـ دە، ئۇدۇل ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ، ئەھۋالىنى سورىدىم. بىز چاي ئىچىشكەچ خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. مەن پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ كىملىكىنى، ھازىر قەيەردىن كېلىپ قەيەرگە كېتىۋاتقانلىقىنى سورىدىم. ئۇ گەپ يوشۇرمايلا ئۆزىنىڭ بىر چارۋىدارنىڭ ماللىرىنى باقىدىغان پادىچى ئىكەنلىكىنى، ئىككى يىل مۇقەددەم غوجىسىغا ئاشۇ يەرلىك بىرسىنىڭ قەست قىلىپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما قەست قىلغۇچى بەك ھودۇقۇپ كەتكەچكە، بۆكتەنىڭ دەل جان يېرىگە تەگمەي، تەلىيىگە يارىشا ئامان قالغانلىقىنى، ئەل ئىچىدىكى ئاتاقلىق ئوتاچىلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ھايات قالغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن بارلىق چاپارمەنلىرىنى پۈتۈن تاغ رايونىنى كېزىپ، قاتىلنى تېپىپ كېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى

ئالالمىغانلىقىنى، باشقىلار ئۇنى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن، بولمىسا بىرەر يەردە دېرىكى بولاتتى، دېگەن بولسىمۇ، لېكىن چارۋىدارنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنمەي: «ئۇ هايات، يۈرىكىم تۇيۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇ هېلىهەم تاغ رايونىدا بار. ئەگەر كىمكى ئۇنى تۇتۇپ كەلسە، ئون كالا، يۈز قوي ئايرىپ بېرىمەن. دېرىكىنى بىلىپ، خەۋەرىنى يەتكۈزسىمۇ هېساب» دېگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن يۇرتنىڭ بايلىق ۋەسۋەسىسىدە دەۋرەپ كەتكەنلىكىنى، نەۋقىران يىگىتلەرلا ئەمەس، هەتتا هاسىسىنى توكۇلدىتىپ ئاران ماڭىدىغان ئاقساقال بوۋايلارمۇ ئاشۇ قاتىلنى ئىزدەشكە ئاتلانغانلىقىنى، شۇڭا ئۆزىنىڭمۇ ئەگەر تاسادىپىي پۇرسەتتە قاتىلنى تۇتۇۋالسا، چارۋىدار ۋەدە قىلغان چارۋىلارغا ئىگە بولۇپ، بىر كېچىدىلا بېيىپ كېتىش ئىستىكىدە تاغمۇتاغ، دالامۇدالا كېزىپ يۈرۈۋاتقىلى يېرىم يىلغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، تېخى هېلىلا غىزا، چاي بەرگىنىمگە پۇشايمان قىلىپ قالدىم. چارۋىدارنىڭ ئۆلمىگەنلىكى قېنىمنى قىزىتتى. شۇنداقتىمۇ، سەللا چاندۇرۇپ قويسام ئۆزۈممۇ ئويلىمىغان پېشكەللىكلەرگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم.

— سىز ئۇ قاتىلنى تونۇمسىز؟ — سورىدىم مەن غەزىپىمنى ئاران - ئاران بېسىۋېلىپ.

— كىچىك ۋاقتىدا بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنىدىم. ئېڭىكىنىڭ ئاستىدا يوغانلا مەڭ بار ئىدى. ئەمما، بۇنىڭغا خېلى يىللار بولۇپ قالدى. ئەگەر ئۇنى بىرەر يەردە ئۇچرىتىپلا قالسام چوقۇم تونۇۋالىمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم ئاز - تولا ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. مەن پادىچى بولغاندىن بېرى ساقال - بۇرۇتلىرىمغا ئۇستىرا تەگمىگەنلىكتىن، چاچ - ساقاللىرىم ئۆسۈپ، خۇددى ئوتتۇرا ياشلاردىن ئېشىپ كەتكەن كىشىگىلا ئوخشاپ قالغانىدىم. ئۇ كىشى تولىمۇ پاراڭچى ئادەم ئىكەن. ئۇ ماڭا

يېقىنىدىن بويان بۇددىستلارنىڭ ئوردۇكەنتكە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى، ھەتتا كاشغەرنى خېلى ئۇزاق مۇھاسىرىگە ئېلىپ قامال قىلىۋالغانلىقىنى، ئەلى ئارسلانخان ئىسىملىك بىر غازىنىڭ بۇغراخان لەشكەرلىرىگە باش بولۇپ، ئۇلارنى سۇر - توقاي قىلىپ، قاغىلىقچىلىك بولغان يەرلەرنى تارتىۋالغانلىقىنى، ئۇ غازى جەڭگە كىرسە كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ، بۇددىستلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى، قىلىچىنى بىر شىلتىسا نەچچە ئون ئادەم يىراقلىقتىكى ياۋنىڭمۇ بوينىنى ئۈزۈۋېتىدىغانلىقىنى، يا ئوقلىرى بەدىنىگە يامغۇردەك ئۇرۇلۇپ، سانجىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئوق تەگكەن يەردىن قان چىقمايدىغانلىقىنى، ھەتتا ئوقنىڭ ئىزىمۇ قالمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىردىنلا يورۇپ كەتتى. ئائىلىمىزنى خانىۋەيرانچىلىققا سالغان چارۋىداردەك تاش يۈرەك، بېخىل، ئۆزىدىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان بۇددىستلارنى سۇر - توقاي قىلىپ ھەيۋىسىنى سۇندۇرغان ئادەمنىڭ تەرىپىنى، داڭقىنى، شۆھرىتىنى ئاڭلىسام قانداقمۇ ھاياجانلانماي، خۇشال بولماي تۇرالايمەن؟!... شۇ چاغدا ئورنۇمدىن تۇرۇپلا تەرەت ئېلىپ، ئەلى ئارسلانخان غازى باتۇرنىڭ سالامەتلىكى، جەڭدە بۇددىست كاپىرلارنى تېخىمۇ كۆپ يوقىتىپ، ئەلنى ئەمىن، خاتىرجەم قىلىشى ئۈچۈن دۇئا - تىلاۋەت قىلغۇم كەلدى. ئەمما، چارۋىدارنىڭ راست - يالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ۋەدىسىگە ئىشىنىپ، مېنى تۇتۇش، ھېچ بولمىسا ئىز - دېرىكىمنى بىلىش ئۈچۈن جاپا چېكىۋاتقان بۇنداق ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنداق قىلىشتىن يالتايدىم. ئۇ كىشى شۇ كۈنى مېنىڭ كەپەمدە تۈنەپ، كېچىچە يەنە ئارسلانخاننىڭ تەرىپىنى قىلىپ چىقتى. ئەتىسى مەندىن ئۆزى ئىزدەۋاتقان كىشىنىڭ بۇ ئەتراپقا كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ئاسماقچىلاپ سورىدى:

—— مەن بۇ يەردە پادا بېقىۋاتقىلى ئۈچ - تۆت يىلدىن ئاشتى، ——

دېدىم مەن ئۇنىڭ چىرايىغا قارىمايلا، — لېكىن سىز دەۋاتقان كىشىنى پەقەت كۆرۈپ باقمىدىم. ئاۋۇ كۆرۈنگەن ئېگىز تاغنىڭ كەينىدە يەنە ئىككى - ئۈچ پادىچى بار. ئاشۇ يەرگە بېرىپ سوراپ بېقىڭ. بەلكىم شۇلار كۆرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس...

ئۇ كىشى خوشلىشىپ كەتتى. تېخى ماڭارىدا مەندىن ئاز - تولا ئوزۇقلۇقمۇ سورىدى. ئۇنىڭ مېنى تۇتۇپ بېرىش بەدىلىگە باي بولۇش ئىستىكىدە جەبىر - جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىمدا، ئۇنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈشىنى تىلىسەممۇ، ئەمما مۇسۇلمانلىق بۇرچۇم يول قويمىدى. شۇڭا، ئۆزۈمنىڭ ھاياتلىقىغا كېپىللىك قىلىدىغان نېسىۋەمنىمۇ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن يۈرىكىمگە بىر ئوت كىرىۋالدى. مال بېقىۋېتىپ بىپايان دالاغا قاراپ ئولتۇرساممۇ، ئوڭدا يېتىپ ئاسمانغا قارىغان پېتى خىيال سۈرسەممۇ كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىك، دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيىپ، قولىدىكى قىلىچىنى زەرب بىلەن شىلتىۋاتقان، كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان نۇرلۇق بىر سىيما پەيدا بولاتتى. بۇنى ئۆزۈمچە بىزنىڭ يولباشچىمىز، ھىدايەتنى ئۆز قولىدا تۇتقۇچى ئەلى ئارسلانخان غازى باتۇرىمىز دەپ ئويلايتتىم. ئاخىر بۇ يەردە تۇرۇۋېرىپ، كۈنى كېلىپ چارۋىدارنىڭ ئايغاقچىلىرىغا سېزىلىپ قېلىپ، ئۇنىڭ قولىدا بىئەجەل ئۆلۈپ كەتكۈچە، ئاشۇ غازىنى بىر كۆرۈپ ئۆلۈپ كېتەي دېگەن خىيالغا كەلدىم - دە، بېقىۋاتقان ماللىرىمنى يايلاقنىڭ ئۆزىدە تاشلاپ قويۇپ، ئەگرى - بۈگرى چىغىر يوللار بىلەن قاغىلىق تەرەپكە قاراپ يول ئالدىم. شۇ تەرىقىدە ئۇدۇل كەلگەن يەرنى سېلىنچا، ئاسماننى يېپىنچا قىلىپ يېتىپ، ئاش - ئوزۇقۇم تۈگىسە ئاق نىيەتلىك كىشىلەردىن سەدىقە تىلەپ خېلى ئۇزۇندا قاغىلىققا يېتىپ كەلدىم. ئەمما، «بىتەلەي سۇغا چىقسا، كالا تېزەكلىگەندەك»، قاغىلىققا كېلىپلا بۇددىستلارنىڭ قاراۋۇللىرىغا ئۇچراپ قالدىم.

www.uyghurkitap.com

— ئىمىز؟ — دېدى ئۇلار ئۇستىبېشىمغا قاراپ. ئۇلارنىڭ نېمىنى سوراۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە گۆشىيىپ تۇردۇم. ئۇلار مەندىن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى سورىدى. مەن ھېچقايسىسىغا جاۋاب بېرەلمىگەندىن كېيىن، باشلىقى بولسا كېرەك، ئېگىز بوي، كوسا چىراي بىرسىنىڭ ئالدىغا باشلاپ باردى. ئۇ ئادەممۇ مەندىن كۆپ گەپلەرنى سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ زادى نېمىنى سوراۋاتقانلىقىنى بىلمىگەچكە، ئۈندىمەي تۇرۇۋالدىم. ئاخىر ئۇلار: «سېنى ئەلى ئارسلانخان ئايغاقچىلىققا ئەۋەتتىمۇ؟» دەپ سوراشتى. مەن بۇ ئىسىمنى ئاڭلاپ:

— ئاھ، ئەلى ئارسلانخان غازى! — دەپ ساپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرھازا دۇمبالاپ، راست گەپ قىلىشىمنى، بولمىسا تېرەمنى تەتۈر سويىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. مەن يەنە ئۆزۈمنىڭ باشقىلارغا يالىنىپ، پادا باقىدىغانلىقىمنى، ئەلى ئارسلانخاننىڭ داڭقىنى ئاڭلاپلا بىر كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدە يۇرگەنلىكىمنى دېدىم. شۇ ئارىدا مەندىن گەپ سوراۋاتقانلار بىردىنلا ئۆرۈتۆپە بولۇشۇپ كەتتى. بىر چاغدا يەنە بىرنەچچە ئادەم گۈرۈلدىشىپ كەلدى.

— تۇتۇۋالغان ئايغاقچى مۇشۇمۇ؟ — سورىدى ھېلىقى ئادەم بېشى بىلەن مېنى ئىشارە قىلىپ.

— دەل ئۆزى، شاھىم، — دېدى باياتىن بېرى مەندىن كۆپ گەپلەرنى سورىغان، ھاۋانىڭ ئىسسىق، تىنچىق بولۇشىغا قارىماي دۇبۇلغا - ساۋۇت كىيىۋالغان ئادەم خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن ھىجىيىپ، — بۇ بەك جاھىل ئايغاقچى ئىكەن. شۇنچە چىرايلىق گەپ سورىساقمۇ، ئاز - تولا تاياق - توقماقنىڭ تەمىنى تېتىتساقمۇ ئېغىز ئاچقىلى ئۇنىمىدى. «مەن پەقەت ئەلى ئارسلانخاننى كۆرگىلى ماڭغان، ئايغاقچى ئەمەس» دەپلا تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ.

— سەن راستلا ئايغاقچى ئەمەسمۇ؟ — دېدى ھېلىقى كىشى يېنىمغا كېلىپ، — راست گەپ قىلىپ، خىزمەت كۆرسەتسەڭ،

ئەجىر ـ تۆھپەڭگە لايىق مۇكاپاتلىنىسەن. يالغان ئېيتساڭ ئۆلۈكۈڭ مۇشۇ يەرگە كۆمۈلىدۇ. قېنى ئېيت، ئەلى ئارسلانخان سېنى بۇ تەرەپكە قايسى ئىشلارنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى؟

— مېنى ئەلى ئارسلانخان ئەۋەتمىدى. مەن ئۇ زاتنى مۇبارەكنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرەي دەپ ئالايىتەن تاغدىن كەلدىم.

— يالغان ئېيتما!

— ئاللا گۇۋاھ، يالغان ئېيتمىدىم.

— ئۇ ھازىر بىزگە قارشى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىۋاتامدۇ؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا يوغان ئېچىلدى.

— بىلمەيمەن. مەن تېخى ئەلى ئارسلانخاننى كۆرگۈدەك بولمىدىم.

— ئۇرۇڭلار!... تازا ئۇرۇڭلار!... راست گەپ قىلىپ، قاراركاھىمىزغا قايسى ئىشلارنى تىڭتىڭلاشقا كەلگەنلىكىنى دېگۈچە قىيناڭلار!...

ماڭا بىردىنلا تاياق ـ توقماق يېغىشقا باشلىدى. قوللىرىم تۈۋرۈككە چەمبەرچاس باغلىنىپ دۇمبالاندىم. ماڭا پەقەت ئاغرىق ئازابىغا چىداپ تۇرماقتىن ئۆزگە ئامال يوق ئىدى.

— راست گەپ قىل، بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ — سوراشتى ئۇلار يەنە بىرھازادىن كېيىن.

— ئەلى ئارسلانخاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي دەپ...

— ئۇرۇڭلار...

— ...

ئۇلار مېنى خېلى ئۇرۇشتى. جان يېرىمگە ئات قىلىنىمۇ تىقىشتى. تاياق زەربىسىدىن يېرىلغان ئەتلىرىمگە تۇز سۈيىمۇ قۇيۇشتى. يەنە ئاللىقانداق ئاماللارنىمۇ ئىشلەتتى. بىراق، مەن ئەلى ئارسلانخاننى تېخىچە كۆرۈپ باقمىغانلىقىمنى، ئۆزۈمنىڭ پادىچى ئىكەنلىكىمنىلا ئېيتىپ تۇردۇم.

— مەن سېنى مۇرادىڭغا يەتكۈزەي، — دېدى ئەڭ ئاخىرىدا كېلىپ مېنى سوراق قىلغان ئادەم ئاچچىقتىن تىترەپ، — ئەمما

بىلىپ قال، سەن ئەلى ئارسلانخاننى ئەمەس، ئەلى ئارسلانخان سىڭنىڭ جەسىتىڭنى كۆرسۇن. قېنى ئۇرۇڭلار، بۇ ئايغاقچىنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپ قويۇڭلار!...

كىمدۇر بىرسى ناھايىتى قاتتىق بىرنەرسە بىلەن ئۇردى. شۇ ئان كۆزلىرىم قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، تۇيغۇلىرىم سۇسلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىشلارنىڭ بولغانلىقى يادىمدا يوق. ھوشۇمغا كەلسەم، ماۋۇ كىشى دورا ئىچۈرۈۋېتىپتۇ. يەنە ئىككى - ئۈچ ئادەم چىرايىمغا قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئەلى ئارسلانخان، تەكەباش سۇباشى، بۇددىستلار... دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. مەن شۇنىڭدىلا ھېلىقى كىشىنىڭ گەپلىرىنى ئېسىمگە ئېلىپ، ئەلى ئارسلانخاننىڭ قارارگاھىغا كېلىپ قالغان بولسام كېرەك، ئۇ باتۇر غازىنى ئەمدى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىدىغان بولدۇم، دەپ ناھايىتى خۇشال بولدۇم ھەمدە بۇ ئارزۇيۇمنى بايان قىلدىم. مېنى داۋالىغان ئوتاچى: «ئەلى ئارسلانخاننىڭ ھازىر سەن بىلەن كۆرۈشۈشكە ۋاقتى يەتمەيدۇ، سەۋر قىل، ئاۋۋال جاراھەتلىرىڭ ساقايسۇن، شۇ چاغدا ئۇ سەن تەلەپ قىلمىساڭمۇ ئۆزى ئالاھىدە كېلىپ كۆرۈشىدۇ...» دېدى. مانا بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك، نۇرلۇق دىدارلىرىنى كۆرۈش نېسىپ بولدى. ئەمدى مېنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشتى. ھازىرلا ئالدىلىرىدا جان تەسەددۇق قىلساممۇ قىلچە ئارمىنىم يوق...

ئوج ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇرىدىغان ھېكايىسىنى تۈگىتىپ، يەنە ئېسەدەشكە باشلىدى. ئوجنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئەلى ئارسلانخاننىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەتكەندى. ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن كەلگۈلۈكلەر، ئۆزىنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش يولىدا تارتقان دىشۋارچىلىقلىرىغا قاراپ، شۇ تاپتا ئوجغا قانداق تەسەللى بېرىشنى، كۆڭلىنى قانداق ئاۋۇندۇرۇشنى بىلەلمەي قالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنى باغرىغا باسقۇسى، ئۆزىگە بولغان ئەقىدە - ئىخلاسىغا تەشەككۈرىنى بىلدۈرگۈسى كەلدى. شۇنداقتىمۇ، بۇنداق قىلسا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس

قىلىپ ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى. كۇلۇك تۇمەنبېشىمۇ جىمىپ كەتكەن بولۇپ، قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى ئوجغا تىكىپ، ئۇنىڭ راست ياكى يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى قىياس قىلىۋاتقاندەك ئولتۇراتتى. ئوتاچى باياتىن بېرى خىرتىلداپ يىغلاۋاتاتتى.

— بەك كۆپ جاپا چېكىپسىز، ئوج، بۇنداق ئازابقا بەرداشلىق بېرىش ئوڭاي ئەمەس، — دېدى ئەلى ئارسلانخان چېدىر ئىچىدىكى ئېغىر سۈكۈتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك ئېغىز ئېچىپ، — يەنە بىر مەزگىل تەخىر قىلىڭ. ئاتام مۇسا بۇغراخان پەرمان بەرسىلا، سىزنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان ئۇ مەلئۇنلارغا قارشى لەشكەر تارتىپ، سىزنىڭ، سىزگە ئوخشاش ئازابقا دۇچار بولغان ئەل ـ ئاۋامنىڭ بارلىق قان ـ قىساسىنى بىراقلا ئالىمەن...

— بەك ئوبدان گەپ قىلدىلا، ئارسلانخان جانابلىرى، ئۇ نائەھلىلەرنىڭ ئۈستىگە چوقۇم لەشكەر تارتماق كېرەك، — ئوج سەل جانلاندى، — بولسا بەك كەينىگە سۈرۈۋەتمىسىلە بولاتتى. بولمىسا نۇرغۇن كىشىلەر زۇلۇم ـ سىتەمدىن، ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇ كۈنلەرگىمۇ ئۇزاق قالمىدى. ھامان بىر كۈنى ئۇلارنى سۈر ـ توقاي قىلىپ، يۇرتخان شەھىرىنى تۈپتۈز قىلىۋېتىمەن! — دېدى ئەلى ئارسلانخان ئىشەنچ بىلەن.

— ئاھ، خۇدا، مانا بۇگۈن ئەلى ئارسلانخان جانابلىرىنىڭ نۇرانە چىرايىنى، ئادەم قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان لەزىز ئاۋازىنى ۋە سەمىمىي لەۋزىنى ئاڭلىدىم!...

— ھازىرچە ئوبدان ئارام ئېلىڭ... — دېدى ئەلى ئارسلانخان ئوج بىلەن يەنە بىردەم پاراڭلىشىش ئارزۇسىنى مەجبۇرىي بېسىپ ئورنىدىن تۇرغاچ. بۇنى كۆرگەن ئوج ئۆمىلەپ بېرىپ، ئەلى ئارسلانخاننىڭ پېشىگە ئېسىلدى.

— توختىسىلا، ئارسلانخان ئالىيلىرى، پېقىر قۇللىرىنىڭ

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىدىن ئۆتۈنىدىغان بىر ئۆتۈنۈشى بار ئىدى. شۇنى ئاڭلاپ ماڭسىلا...

— قېنى قۇلىقىم سىزدە، مەيلى قانداقلا گېپىڭىز بولسا تارتىنماي دەۋېرىڭ!

— قۇللىرى بېقىۋاتقان پادامنى تاشلاپ پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نۇرانە دىدارىنى كۆرۈۋېلىش ئىستىكىدە يولغا چىققانىدىم. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن بۇددىستلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، تېنىم ئېغىر زەخىملىنىپ، ئۆلۈك - تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن. ئۆزلىرىنىڭ ئاتىدارچىلىق قىلىشلىرى بىلەن قايتا ھاياتلىققا ئېرىشتىم. مەرھۇم ئاتام مېنى يورۇق دۇنياغا ئاپىرىدە قىلغان بولسا، ئۆزلىرى يەنە بىر مەزگىل جاھاننىڭ سېرىقىنى كۆرۈش پۇرسىتى بەردىلە. بىر ھېسابتا ئۆزلىرى ئەل - يۇرتنىڭلا ئەمەس، ماڭىمۇ ئاتامغا ئوخشاشلا ئاتا بولدىلا. مانا ھازىر كۆردىلە، جاراھەتلىرىممۇ ساقىيىپ قالدى. ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ھىممەتلىرى ئۇچۇن ئات - ئېشەك ئورنىدا ئىشلەپ بولسىمۇ خىزمەتلىرىدە بولمىسام، ئۇ ئالەمگىمۇ قەرزدار پېتى كېتىمەن، ئالىيلىرى...

ئەلى ئارسلانخان قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي مەڭدەپ قالدى.

— تېخى تولۇق ئەسلىڭىزگە كېلىپ بولالمىدىڭىز، ئاۋۋال ياخشى بولۇپ كېتىڭ، ئاندىن بىر گەپ بولسۇن.

ئوج ئارسلانخاننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، لاسسىدە بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئەمما چاندۇرمىدى.

— مېنىڭ پۈتۈن ئەس - يادىم ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىنى قىلىپ، ھىممەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش، ئالىيلىرى، بۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن قىلغان ئىلتىجايىمنى ئويلىشىپ كۆرگەيلا.

ئارسلانخان ھەمراھلىرى بىلەن چېدىردىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبى ھېلىھەم دولقۇنلىنىپ تۇراتتى. ئوجنىڭ بايىقى كەچۈرمىشلىرى قۇلىقى تۈۋىدە دەمۇدەم جاراڭلىغاندەك بولاتتى.

يەنە تېخى ئۇنىڭ ئىلتىجاسى... بۇنىڭغا نېمە دېيىش كېرەك؟ ئۇ سەممىمىي لەۋزى بىلەن دەۋاتسا، رەت قىلىشنىڭ ئورنى يوقتۇ؟...

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئوج بىلەن قايتا كۆرۈشكەندە، ئوج بۇ تەلىپىنى يەنە ئوتتۇرىغا قويدى. ئارسلانخان ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، نەق مەيداندىلا ماقۇل دەۋەتكىلى تاسلا قالغان بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە تېخى يېشىلمىگەن تۈگۈچلەر بار بولغاچقا، يەنە بىر مەزگىل داۋالىنىشنى تاپىلىدى.

— نېمىنى ئويلاۋاتىدىلا؟ — سورىدى مەريەم خېنىم ئاشۇ سۆھبەتلەر بولۇپ ئارىدىن ساق ھەپتە ئۆتكەندە، — قارىسام كۆڭۈللىرى تازا بىر يەردە ئەمەستۇ؟ باشلىرىنى قاتۇرۇۋاتقان بىرەر تۈگۈچ بارمۇ؟

ئارسلانخان مەريەم خېنىمغا قارىدى. ئادەتتە كەم سۆز بولغىنى بىلەن جەڭ مەيدانىغا كىرسە بىردىنلا تۈرگۈنلىشىپ كېتىدىغان رەپىقىسىنىڭ ئۆزىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، چىراي ئىپادىسىگىمۇ ئالاھىدە ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلگەچكە، كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي ئۇدۇللا دېدى.

— بۇ ئىشقا بەك بالدۇر خۇش بولۇپ كەتمىسىلە. ئوج دېگەن ئادەمنىڭ تېگى - تەكتىنى ئوبدان بىلمەيمىز، بىر ئادەمنىڭ چىرايىغا، قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا، دېگەن سۆزلىرىگە قاراپ ئالدىراپ ئىشىنىپ قالساق، كېيىن پۇشايمان قىلساقمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ.

— ئوج دېگەن گەپلەر ماڭا يالغان ئەمەستەك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرى كۆڭۈللىرىنى ئۇتۇۋاپتۇ. ئوبدانراق ئويلاپ باقسىلا، ئۇنىڭ باشقا ۋاقىتتا ئەمەس، دەل ئىككى تەرەپ جىددىي تىركىشىۋاتقان ۋاقىتتا پەيدا بولۇپ قېلىشى سىلىنى گۇمانغا سالمىدىمۇ؟

— ئۇ تەرىپىنى مەنمۇ ئويلىدىم. ئەمما، ئەمما... ئۇمۇ ئۇدۇنلۇقلار تەرىپىدىن رىيازەت چېكىپتۇ...

— سىلى ئۇنىڭ ھەممە گېپىگە ئىشىنىپ، ئۇنى ياخشى ئادەم دەۋاتامدىلا؟

— ئۇنىڭ ماڭا بولغان ئىخلاسى بەك چوڭقۇر ئىكەن.

— ئۇ دېگەن ئېغىزىدىكى گەپ، يۈرىكىدىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئوجغا بەك ئىشىنىپ كەتمىسىلە.

ئەلى ئارسلانخان گەپ قىلمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ ھايات سەپىرىدىكى سىردىشى، غەمگۈزارىغا كۆڭلىدىكى گەپلەرنى دېيىشنى خالىمىدى. ئۇ ئوجنىڭ ھېلىقى كۈنىدىكى گەپلىرىگە ئىشەنگەن. خۇددى مەريەم خېنىم دېگەندەك چىرايلىق سۆزلەر قەلبىنى رام قىلغانىدى. ئەگەر ئوج راستلا ياۋنىڭ ئايغاقچىسى، بۇ ياغلاقار قالۇنىڭ ھىيلىسى بولسىچۇ؟!...

بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە ئوج تولۇق ئەسلىگە كېلىپ قالدى. ئۇ بەزىدە چېدىردىن چىقىپ لەشكەرلەر بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇلارغىمۇ بېشىدىن ئۆتكەن كەچمىشلەرنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەپ بېرەتتى. بەزى لەشكەرلەر ئوج بىلەن بىللە يىغلىشىپ كېتەتتى. ئوج يەنە بەزىدە يېنىك چامدىغىنىچە شاھانە چېدىرنىڭ ئالدىغا كېلەتتى ـ دە، كىرىشكە پېتىنالمىغاندەك بولۇپ قايتىپ كېتەتتى. ئەمما، بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدى. ئۇدۇللا چېدىر يېنىغا كېلىپ، ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن نەزەر سېلىپ تۇرۇۋاتقان نۆكەرگە ئۆزىنى ئارسلانخان بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنى ئىلتىماس قىلدى.

— بىردەم مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇر. ئاۋۋال مەلۇم قىلاي، — نۆكەر شۇنداق دېگىنىچە چېدىر ئىچىگە كىرىپ كەتتى ـ دە، ھايالشىمايلا چىقىپ، بېشى بىلەن چېدىر ئىچىنى ئىشارە قىلدى:

— ئارسلانخان ئالىيلىرى سىزنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. قېنى كىرا!

ئوج بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى ـ دە، يېنىك قەدەم بىلەن شاھانە چېدىر ئىچىگە كىردى. ئاندىن تۆر تەرەپتىكى



www.uyghurkitap.com

يۈمشاق كۆرپە ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئالدىغا يۈگۈرگەندەك بېرىپ، يۈكۈنگەن ھالدا پېشىگە يۈزىنى ياقتى:

— شانۇشەۋكەتلىك، سەلتەنەتلىك ئۇلۇغ قاراخانىيلار خانلىقىمىزنىڭ بەخت يۇلتۇزى، ئەلنىڭ شاپائەتچىسى، مېنىڭ نىجاتكارىم ئەلى ئارسلانخان غازىنىڭ پېقىردەك بىر قۇلنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن بېشىم ئاسمانغا يەتكۈدەك بولدى. ئۆزلىرىدەك ئىپسىل سۈپەتلىك زاتنى ئاللا ئىگەم ھەر ۋاقىت پاناھىدا ساقلىغاي!... قۇرۇق سۆز، قۇرۇق غەيۋەتتىن خالىي قىلىپ، تەلەي يۇلتۇزىنى تېخىمۇ نۇرلۇق قىلغاي، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يەتكۈزۈپ، پۈتۈن ئون سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ غوجىسى بولۇشقا ياردەم بەرگەي...

ئەلى ئارسلانخاننىڭ ۋۇجۇدى سىلكىنگەندەك بولدى. ئۇنىڭغا ئوجىنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلغان، قەلبىنى تىنچ كۆل سۈيىگە چالما تاشلاپ دولقۇنلاتقاندەك تۈيغۇ پەيدا قىلغانىدى.

— بولدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئوج، — دېدى ئارسلانخان ئۇنى ئورنىدىن تۇرۇشقا ئۈندەپ، — ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى.

— ياق، ئارسلانخان ئالىيلىرى، پېقىرنىڭ بىر ئېغىز ئاددىي ئىلتىجاسىغا جاۋاب بەرمىسىلە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ، يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۇرۇشكە كۆڭلۈم ئۇنىمايدىكەن...

— قېنى ئاۋۋال دەپ بېقىڭ، قانداق ئىلتىجايىڭىز باركىن؟

— بۇ ئەرزىمەس تەلىپىمنى پېقىر قۇللىرى ئۆزلىرىگە بۇرۇنمۇ بايان قىلغانىدىم. ئىت چېغىدىمۇ باقىقان ئىگىسىگە ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىدۇ. مەن دېگەن ئادەم، شۇڭا ئۆزلىرىگە خىزمەت قىلىپ، مېنى ئەزرائىلنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋېلىش يولىدا كۆرسەتكەن ھىممەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرمىسام، مېنىڭ ئىتتىن نېمە پەرقىم بولسۇن، ئالىيلىرى. شۇڭا يا ماڭا لايىقىدا بىرەر ۋەزىپە تاپشۇرۇپ، يانلىرىدا ئېلىپ قالسىلا يا نۆكەرلەرگە

يارلىق بېرىپ، ئۆزلىرى بەرگەن ھاياتىمنى يەنە ئۆز قوللىرى بىلەن ئالسىلا!

ئەلى ئارسلانخان يەنە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ ئۆز كۆڭلى بويىچە بولغاندا ئوجىنى قارارگاھتا ئېلىپ قالغۇسى، ھالىغا يارىشا ئىشقا قويۇپ، ساداقىتىنى ئىپادىلىشىگە شارائىت يارىتىپ بەرگۈسى بار ئىدى. ئەمما، مەريەم خېنىم بىلەن كۆلۈك تۇمەنبېشىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئويىچە بولغاندا، ئوج ياغلاقار قالۇنىڭ ئايغاقچىسى ئىدى. ئەگەر شۇنداقلا بولۇپ قالسا، بۇ بەئەينى بۆرىنى قوتانغا باشلاپ كىرگەندەك ئىش بولاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئەلى ئارسلانخاننى دەپ تاياق يېگىنى، يارىلانغىنى پاكىتقۇ؟ ياۋ بىر ئايغاقچىنى بۇغرا لەشكەرگاھىغا ئايغاقچىلىققا ئەۋەتسە ئۇنى نىمجان ھالەتتە ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا يولغا سالامدۇ؟!... ئۇ بىر دەمدىلا نۇرغۇن خىياللارنى قىلىپ چىققان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالماي، ئوجغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمىدى. ئوج ھېلىھەم يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان پېتى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھەييارلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى يەر تېگىدىن ئارسلانخانغا تىكىلگەنىدى.

— بۇ بەك چوڭ تىلەك ئەمەس ئىكەن، ئوج. سىزنى مەيلى قايسى ۋەزىپىگە قويساق، ئۆز بۇرچىڭىزنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلاپ، ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىشىڭىزگە ئىشەنچىم كامىل. ئەمما، سالامەتلىكىڭىز تولۇق ئەسلىگە كەلمىدى. يەنە بىر مەزگىل ئۆتسۇن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تىلىكىڭىزنى ئويلاشساقمۇ كېچىكمەيمىز.

— ياق، ئارسلانخان ئالىيلىرى، ياق، ئۆزلىرىنىڭ شاپائىتىدە سالامەتلىكىم تولۇق ئەسلىگە كەلدى. ئىشەنمىسىلە ھازىرلا يارلىق بەرسىلە، چېدىر سىرتىدىكى نۆكەر بىلەن كۈچ سىنىشىپ باقاي، ئۇنى يېڭەلىسەم تىلىكىمنى ئىجابەت قىلسىلا،

يېڭەلمىسەم بۇ گەپنى ئۆزلىرىگە دېمىگەن بولاي...
ئەلى ئارسلانخان تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى ـ دە، دەررۇلا تازا كۈچتۈڭگۈر نۆكەر بىلەن كۈچ سىنىششقا پەرمان بېرىشنى ئويلىدى ـ يۇ، ئەمما ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، جەبىر ـ جاپا تارتىپ كەلگەن كىشىنى كۈچ سىنىششقا سېلىپ، ئۆزىگە بولغان ئىخلاس، ئەقىدىسىنى ياندۇرۇۋەتسە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بىرپەس جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى.
— مۇنداق بولسۇن، ئوج، ھازىرچە سىزگە بىرەر ۋەزىپە ئارتمايلى، سالامەتلىكىڭىز تولۇق ئەسلىگە كەلگۈچە مېنىڭ خىزمىتىمدە بولۇڭ ھەمدە ياۋ قارارگاھىدا كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىڭىزنى قالدۇرماي ماڭا ئېيتىپ بېرىڭ. بۇ جەھەتتە بىزنىڭمۇ كۆڭلىمىزدە تېگىشلىك سان بولسا، سىزنىڭ، سىزگە ئوخشاش قىسمەتلەرگە دۇچار بولغانلارنىڭ قىساسىنى ئېلىپ، خانلىقىمىز ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرگەن بۇ قارا قۇزغۇنلارنى بىراقلا يوقىتالايمىز ئەمەسمۇ؟!...
— باش ئۇستىگە، ئالىيلىرى، ئۆزلىرى شۇنداق دېگەن يەردە مەن يەنە نېمە دېيەلەيتتىم. بۇ ئۆزلىرىنىڭ ماڭا ئىشەنگەنلىكلىرى، بىز تاغلىقلار باشقا ئىشقا يارىمىغىنىمىز بىلەن بىرلا كۆرگەن نەرسىنى ئاسان ئۇنتۇپ قالمايمىز. ھەتتا بېقىۋاتقان پادىلىرىمىزدىن بىرەر قوي يوقاپ كەتسىمۇ، ئىزلاپ بېرىپ تاپالايمىز. مەن ئۇ بۇددىست كاپىرلارنىڭ قارارگاھىدا كۆپ تۇرمىغىنىم بىلەن خېلى كۆپ نەرسىلەرنى كۆردۈم. بەزى ئىشلار تېخى ھازىرلا كۆرگەندەك كۆز ئالدىمدا تۇرىدۇ. ئەگەر پايدىسى تېگىدىغانلا ئىش بولسا، بىلگىنىمنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىمەن.
— ئەمىسە ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ...
— ئىلەل، ئارسلانخان ئالىيلىرى...
ئوج ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەلى ئارسلانخانغا روبىرو ئولتۇرۇپ،

يەنە گەپ باشلاي دېيىشىگە، چېدىر سىرتىدىكى نۆكەرنىڭ ياڭراق ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ مەريەم خېنىم ئارسلانخان ئالىيلىرىنىڭ قوبۇلىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ!

ئوچ تۇنجۇققاندەك بولدى. ئۇ بۇغرا لەشكەرگاھىغا كېلىپ مەريەم خېنىمنى قاچانلا ئۇچراتسۇن، مەريەم خېنىمنىڭ ئۆزگىچە ئىشەنمەسلىك، شۈبھە بىلەن تىكىلگەنلىكىنى كۆرۈپ، بەدەنلىرى تىكەنلەشكەندەك بولۇپ، يۈرەكلىرى ئىختىيارسىز سىيلىپ كېتەتتى. ئوچ يېقىندىن بۇيان مەريەم خېنىمنىڭ ناھايىتى چېۋەر، ئارسلانخانغا سادىق ئىكەنلىكىنى، لەشكىرىي ۋە تۇرمۇش ئىشلىرىدا قىلچىلىكمۇ يوچۇققا يول قويمايدىغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. شۇڭا مەريەم خېنىمدىن ئىلاج بار ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق تەقدىر ئۇلارنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تار يولدا ئۇچراشتۇرۇپ قويغانىدى. مانا ھازىرمۇ ئۇ ئارسلانخاننىڭ كۆڭلىنى ئاز ـ تولا بولسىمۇ ئۆزىگە مايىل قىلمۇۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قېلىشى ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس ئىدى. شۇڭا، دەرھاللا ئورنىدىن تۇردى.

ــ مەن ھازىرچە قايتىپ تۇرسام بولامدىكىن، ئارسلانخان ئالىيلىرى؟...

ــ ئىجازەت، بۇنىڭدىن كېيىن ۋاقتىڭىز چىقسىلا كېلىپ تۇرارسىز...

ــ ئىلەل...

ئوچ چېدىر ئىشىكى تۈۋىگە كېلىشىگە ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئىجازىتىنى كۈتمەيلا چېدىر ئىچىگە كىرىپ كەلگەن مەريەم خېنىم بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى. ئۇ تېزلىكتە ئارقىسىغا ئىككى قەدەم يېنىپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇردى ـ دە، بېشىنى ئەگدى. مەريەم خېنىم ئورنىدىلا توختاپ، ئوچنىڭ باش ـ ئايىغىغا بىر

قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ئارسلانخان تەرەپكە بۇرالدى. ئوجمۇ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي غىپلا قىلىپ چىدىردىن چىقىپ كەتتى.

— ئۇ يەنە نېمىدەپ كەپتۇ؟ — سورىدى مەريەم خېنىم ئەلى ئارسلانخانغا قاراپ.

— ئۆزىنى ئۆلۈم گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋالغىنىمىز ئۈچۈن رەھمىتىنى بىلدۈرۈشكە كەلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ئارسلانخان تېخى ھېلىلا ئوج بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان سۆھبەتنى ئايالىغا دېگۈسى كەلمىگەندەك، — قېنى ئولتۇرۇڭ.

— بۇ ئادەمدىن ئېھتىيات قىلماق كېرەك، ئالىمادىس...

— بىلىمەن، بۇ ھەقتە سىزمۇ مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىۋاتىسىزغۇ، قېنى ئولتۇرۇڭ...

مەريەم خېنىم لاپ قىلىپ ئەلى ئارسلانخاننىڭ چىرايىغا قارىدى ـ يۇ، ئەمما بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىپ، ئارسلانخاننىڭ ئۇدۇلىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى ـ دە، ھەسرەتلىك ئۇھسىنىپ قويدى.

كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئۇدۇن لەشكەرلىرى يەنە قوتراپ، پات ـ پات ھۇجۇم قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار جەڭ ناغرىلىرىنى دۈگىلدىتىپ چېلىشقىنىچە تاغنى تالقان قىلىۋېتىدىغاندەك سۈر ـ ھەيۋە بىلەن بېسىپ كېلەتتى ـ يۇ، بۇغرا قوشۇنلىرى جەڭگە كىرسە، ئازراق ئېلىشىپلا يەنە قارارگاھىغا چېكىنىپ كېتەتتى. ئەلى ئارسلانخان ئۇلارنىڭ زادى نېمىشقا بۇنداق قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى خېلى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئېنىق بىر يەكۈنگە كېلەلمىدى. شۇنداقتىمۇ، پات ئارىدا يەنە بىر مەيدان ئېلىشىشنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك بولدى.

— ئەجەب ئىش، ئۇدۇن بۇددىستلىرى قانداق ئويۇن ئويناۋاتىدۇ، — دېدى تەكەباش سۇباشىمۇ ئىچى پۇشقاندەك، — بىزگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئەمما بىز ئەمدىلا لەشكەر چىقارساق،

www.uyghurkitap.com

چېكىنىپ كېتىدۇ. شۇنداق قىلغىنىغا تويدۇرۇپ، مانا ئەمىسە دەپ سۇر - توقاي قىلىپ باقساق قانداق بولار ئالىيلىرى؟!...

— ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ سۇباشى. ھازىر ياۋنىڭ قانداق ھىيلە ئىشلەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيمىز. شۇڭا، ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر. ھېلىمۇ بۇ يەرنى مۇداپىئە قىلىپ ياتقىنىمىزغا ئۇزاق يىللار بولدى. بەلكىم سىلى دېگەندەك كۆنلەرگىمۇ ئۇزاق قالمىغاندۇ... ۋاقتى كەلگەندە ئۇلارنى قارائۆتەڭدىن، قاغىلىقتىن قوغلاپ چىقىرىپ، زاۋادىن ئۆتكۈزۈپ، يۇرتخان شەھىرىگە بىراقلا ئاپىرىۋېتىمىز. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ بىزنى كولدۇرلاتقانلىقىنىڭ جازاسىنى بىراقلا بېرىمىز.

ئەلى ئارسلانخان گەرچە ئېغىزىدا شۇنداق دېسىمۇ، ئاتىسى مۇسا بۇغراخاننىڭ قاچان يارلىق چۈشۈرىدىغانلىقىنى، ئۇرۇشنىڭ قاچانلاردا باشلىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا، بەزىدە يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدا نۇرغۇن خىياللارنى قىلاتتى، ئەمما ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالماي، ئۆزىنى قىيناپ تۇرۇۋاتقان ئازابلارغا جاۋاب تاپالماي، ئويلىغانلىرىنى بىراۋغا ئېيتىپ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئىككى سۇباشى ۋە كۆلۈك تۇمەنبېشى بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلىشىشنى ئويلىسىمۇ، ئەمما يەنە ئۇلارنىڭ خان ئاتىسىنىڭ قول ئاستىدا ئۇزۇن ئىشلىگەنلىكىنى، ئۆزى ئويلىغان بەزى گەپلەرنى بۇلار ئاڭلاپلا بولدى قىلغان تەقدىردىمۇ، كېيىنكى كۈنلەردە ئالمادىس ئۇلارنىڭ ئۆزىگە قورساق كۆپۈكى پەيدا بولۇپلا قالسا، بىر تاۋاق غىزا پاتقان قورساققا ئىككى ئېغىز گەپلەرنىڭ پاتماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كېيىنكى ۋاقىتلاردا ياخشى كۈنلەرنىڭ يامىنى بولۇپ مۇسا بۇغراخان ئاللانىڭ دەرگاھىغا رىھلەت قىلسا، تەخت تەبىئىيلا ئۆزىنىڭ ئىلكىگە ئۆتەتتى. ئۇ چاغدا خانلىقنىڭ مۇشۇ تۈۋرۈكلىرى بىر - بىرىدىن مەرتىۋە، ئورۇن تالىشىپ يۈرۈپ، بۇ يەردە بولغان گەپلەرنى باشقىلار

ئالدىدا جاراستانغا چىقارسا، ئۇ ۋاقىتتا ئەلى ئارسلانخاننىڭ باشقىلار ئالدىدا نوپۇزى، ئىناۋىتى، ھەيۋىسى بولامدۇ؟! ... ياق، گەپ بۇنىڭدا ئەمەس. ئۇلار ئىشىنىشكىمۇ، ئىشلىتىشكىمۇ بولىدىغان سانغۇنلار، ئۇزاق يىل مۇسا بۇغراخاننىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن، نۇرغۇن جەڭلەرگە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ ئەزىزلىشىگە، ئەتىۋارلىشىغا ئېرىشكەن، خانلىقنىڭ مۇھىم ئادەملىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان. تەكەباش سۇباشى ئادەتتە ئەلى ئارسلانخاننى ئۇدۇن بۇددىستلىرىغا قارشى جەڭ قىلىشقا قىزىقتۇرسىمۇ، قۇتلۇقتاش سۇباشى بىلەن كۆلۈك تومەنبېشى خاننىڭ يارلىقىسىز ھېچقانداق ئىشنى قىلىشقا ئۇنىماسلىقى مۇمكىن. ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەلۋەتتە، يېپىقلىق قازان يېپىقلىق قالغىنى ياخشى.

ئەلى ئارسلانخاننىڭ خىياللىرى ناھايىتى گادىرماچ ئىدى. ئۇ بەزىدە خۇددى سەۋدايىلاردەكلا بولۇپ قالاتتى ـ دە، شاھانە چېدىر ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە سوئال قويۇپ، ئۆزى جاۋاب بېرىشكە باشلايتتى. بەزىدە ئۆزىنىڭ جاۋابىغا ئۆزى قايىل بولماي، بىر نۇقتىغا تىكىلىپلا تۇرۇپ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا مەريەم خېنىممۇ بۇ قەدىردانىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، سەۋر قىلىشنى، كېيىنچە ھەممە ئىشلارنىڭ ئۆز ئىزىغا چۈشىدىغانلىقىنى قايتا ـ قايتا سەمىگە سېلىپ تۇراتتى. ئەمما، بۇنداق قۇرۇق گەپلەر تەكرارلىنىۋەرگەنسېرى ئەلى ئارسلانخانمۇ گەپ ـ سۆز قىلمايلا جىم بولۇۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا كۈنلەر تولىمۇ ئاستا، تولىمۇ مەنىسىز ئۆتۈۋاتقاندەك بىلىنەتتى. بەزىدە بىر توپ لەشكەرلەرنى باشلاپ، قارارگاھىنىڭ غەربىدىكى بىپايان يايلاقتا ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ ئوۋ ئوۋلىغۇسى، دەريادا بىر خىل سېھىرلىك ئاداقىي كۈيىنى ئورۇنلاۋاتقاندەك رىتىمدا لۆمشىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇدا يۇيۇنغۇسى، ئۇستا سازەندىلەرنى چاقىرىپ، مەشرەپلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، جاھان سەۋدالىرىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇغۇسى

www.uyghurkitap.com

كېلەتتى. بىراق، ھازىر ئىككى تەرەپ جىددىي تىركىشىۋاتقان بولغاچقا، كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ قارارگاھتىكى بۆرۈقتۇرمىچىلىققا چىداپ كېلىۋاتاتتى.

مانا شۇنداق كەيپىيات ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئوجنىڭ پەيدا بولۇپ كۈندە دېگۈدەك چېدىرغا كېلىشى، ئەلى ئارسلانخان ئويلاۋاتقان، ئەمما نېمىشقىكىن كۆڭۈل توختىتالمايۋاتقان ئىشلارنى ئۆزىچە ئوتتۇرىغا تاشلاپ ئۆزى جاۋاب بېرىشى، ھەتتا ئەلى ئارسلانخاننى ماختاپ ـ ئۇچۇرۇپ، كۆڭۈل خاپىلىقىنى ئۇنتۇلدۇرۇشى ئۇنى رام قىلىشقا باشلىدى. دەسلەپىدە ئوج ياۋ لەشكەرگاھىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى ئارسلانخانغا يەتكۈزدى. قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇ ھەممە ئىشنى بىراقلا دېمەيتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنى بىر ئىش، ئەتىسى يەنە بىر ئىش ئېيتسىگە كېلەتتى. شۇڭىمىكىن قاچان، قانداق ۋاقىتتا ياۋ قارارگاھىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى يادىغا يەتسىلا ئۇدۇللا ئارسلانخاننىڭ چېدىرى ئالدىدا پەيدا بولاتتى. نۆكەرمۇ ئۆز غوجىسىغا ئوجنىڭ كەلگەنلىكىنى دەرھاللا مەلۇم قىلاتتى. ئوج ئارسلانخاننىڭ چېدىرىدىن ئوڭ پۇتىنى ئالا ـ ئالمايلا گۈپپىدە يۈكۈنەتتى ـ دە، پېشانىسىنى ئارسلانخاننىڭ پېشىگە تەگكۈزۈپ تۇرۇپ خاندىن ئەھۋال سوراشقا باشلايتتى:

ــــ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ باشپاناھى، غازى سۈپەت ئەل ئاتىسى، ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك، باھاسىز تەنلىرى ساقمىكىن؟! بارلىق ئاۋام ئۆزلىرىنىڭ بۈددىست كاپىرلار بىلەن بولغان غازاتتىكى جەڭدە نۇسرەت قۇچۇشىنى ئاللادىن تىلەۋاتقان ئۇشبۇ ۋاقىتلاردا پېقىر قۇللىرىنىڭ يادىغا بىر ئىش يېتىپ قالدى. بۇ ئىشنىڭ مۇھىم، مۇھىم ئەمەسلىكىگە قۇللىرى ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىساممۇ، ئەمما كېيىنچە جەڭ پىلانىنى تۈزگەندە ئەسقېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن نىيەتتە ۋاقتىدا مەلۇم قىلغىلى كەلدىم.

— قېنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، ئوج، بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، يادىڭىزغا كەلگەن ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىڭ، — دەيتتى ئەلى ئارسلانخان.

— قۇللۇق، قاراخانىيلار ئاسمىنىنىڭ نۇرلۇق يۇلتۇزى، خانلىق تەختىنىڭ ۋارىسى، ئەل - ئاۋامنىڭ باشپاناھى، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ يېقىن دوستى ئارسلانخان ئالىيلىرى... — ئوج ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارسلانخانغا ئىككى ئادىم يىراقلىقتا كېلىپ ئولتۇرۇپ، تېخى ھېلىلا يادىغا ئالغان مەلۇماتنى دېيىشكە باشلايتتى. ۋەزىيەت ئېھتىياجى قىستاپ تۇرۇۋاتقاچقا ئارسلانخانمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلايتتى.

— تولىمۇ ياخشى ئۇچۇر ئىكەن، ئوج، — دەيتتى ئارسلانخان ئۇنىڭ بايانى تامام بولغاندا رەھمەت - ھەشقاللا ئېيتقاندەك ئاھاڭدا، — كېيىن جەڭ پىلانى تۈزۈلۈپ قالسا، بىزگە تازا ئەسقاتقۇدەك. بىز ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن بولىدىغان جەڭدە نۇسرەت قازانساق، چوقۇم بۇ تۆھپىڭىزنى ئۇنتۇپ قالمايمىز.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىگەيلا، ئالىيلىرى، قۇللىرى مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە بۇددىستلارنىڭ خارلىشىغا ئۇچراپ، ھايۋان كەبى ياشاپ كەلگەنىدىم. مانا ئۆزلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەندىن بۇيان ئۆزۈمنىڭ ئىنسان، ياراتقۇچىنىڭ قۇلى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇممىتى ئىكەنلىكىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن. يەنە تېخى بۇ يەردە مەرھۇم ئاتام ھايات ۋاقتىدىمۇ ئېرىشەلمىگەن ئىززەت - ئىكرامغا ئېرىشتىم. مەن ئۆزلىرى ۋە ئۇلۇغ، شانۇشەۋكەتلىك قاراخانىيلار خانلىقى ئۈچۈن ئوت دېڭىزىغا كىرىشكە، تىلىك قىيالاردىن ئېشىشقا رازى. قولۇمدىن چوڭراق ئىش كەلمىسىمۇ ئات - ئېشەك ئورنىدا ئىشلەپ، ھىممەتلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىمەن!

— ئۇنداق دېمەڭ، ئوج. بىز بىر نىيەتتىكى ئادەملەر. بۇددىستلار سىزنىڭ، مېنىڭ، خانلىقىمىزنىڭ ئورتاق دۈشمىنى. ئۇلارنى تارمار قىلىپ، ئاللاتائالانىڭ ھەق يولىنى ئۇلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ بەرسەكلا، ئىككى دۇنيالىقتا ئالەمشۇمۇل چوڭ ساۋابقا ئېرىشىمىز.

— بۇ سۆزلىرى ناھايىتى يىمباھا گەپ بولدى، ئالىيلىرى. قۇللىرى مۇشۇ ساۋابچىلىق يولىدا ئۆلۈپ كەتسەم رازىمەن...

سۆھبەت بارغانسېرى چوڭقۇرلايتتى. ئارسلانخان ئوج بىلەن ئەنە شۇنداق پاراڭلىشاتتى. ئەمما، ئىككى كۈندىن بۇيان ياۋ ئارقا ــ ئارقىدىن ھۇجۇم قىلغاچقا، ئارسلانخانىنىڭمۇ تازا دېگەندەك كۆڭلى ئارامىدا بولمىدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى بۇ دورەم ئالدىنقى قېتىمقىدەك دەبدەبە، ھەشەم بىلەن ھۆررا ــ سۈرەن سېلىپ قاراخانىيلار قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلماستىن تۇيۇقسىزلا ھۇجۇم قىلدى. بۇنى كۆرۈپ سۇباشى، تۇمەنبېشىلارلا ئەمەس، ئارسلانخانمۇ تەمتىرەپ قالدى. جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولدى. ھەر ئىككىلا تەرەپتىن چىقىم ئېغىر بولدى. ئۇلار ئۈچ تەرەپتىن قارارگاھنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ، بۇغرا لەشكەرلىرىگە قىلچىمۇ ئاراملىق بەرمىدى. بۇنى كۆرگەن ئەلى ئارسلانخان كۆزنىتىش سۇپىسىدىن چۈشۈپ، خاس نۆكىرى ئېگەر ــ جابدۇقلىرىنى توقۇپ تەييار قىلىپ، باش بېغىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرغان ئېتىغا مىنىپ، ئۆزى جەڭ مەيدانىغا ئات سېلىشقا تاسلا قالدى. ئەمما، ئىككى سۇباشى بىلەن كۆلۈك تۇمەنبېشى كەلكۈن سۈيىدەك دەۋرەپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ ئۇلارنى چېكىندۈردى. ئەلى ئارسلانخان ئەنە شۇ چاغدىلا يېنىك نەپەس ئالدى. ئۇ بۇ ئىشنى مۇسا بۇغراخانغا مەلۇم قىلىپ نامە يېزىپ، مۆھۈر بېسىپ شۇ كۈنىلا ئارقىش ئارقىلىق ئوردۇكەنتكە ماڭدۇردى.

ئەلى ئارسلانخان بىئاراملىق ئىچىدە چېدىر ئىچىدە ئۇياندىن ــ بۇيان ماڭاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ يېقىندىن بۇيان نېمىشقا بۇنداق جىددىي، كەسكىن ھۇجۇم قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى. «ئۇلار ئارىسىغا ئايغاقچى كىرگۈزۈشنىڭ ئامالىنى قىلساق بولغۇدەك» دەپ

ئويلايتتى ئۇ. «بۇرۇن خېلى تەجرىبىلىك، كۆپنى كۆرگەن بىرنەچچە ئايغاقچى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى جەڭدە قازا قىلىپ كەتتى. قالغانلىرى قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك غايىب بولۇپ، هازىرغىچە ئىز - دېرىكى يوق. ئاشكارىلىنىپ قالغان بولسا، ياۋ لەشكەرلىرى كاللىسىنى ئالدىمىكىن يا ئۇدۇن بۇددىستلىرىغا هەرىكەتلىرى سېزىلىپ قالغان بولسا، ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ يۈرەمدىكىن؟!... ياق، ئەمدى نېمىلا بولسۇن بىرەر ئامال قىلمىساق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ هازىرقى خىياللىرىنى، لەشكىرىي ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى بىلىۋالساقلا، سۇ كەلگۈچە تۇغان سېلىپ ئۈلگۈرەتتۇق... بۇرۇنراق نېمىشقا بۇ خىيال كاللامغا كەلمىگەندۇ؟ هەي ئىسسىتەي...» ئارسلانخان ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى. دەل شۇ چاغدا چېدىر ئېچىلىپ قورۇقچى لەشكەر كىرىپ كەلدى.

— ئوج ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ئارسلانخان ئالىيلىرى...

— كىرسۇن...

قورۇقچى لەشكەر ئارقىچىلاپ مېڭىپ چىقىپ كېتىپ، هايالشىمايلا چىرايىدا كۈلكە پارلاپ تۇرىدىغان ئوج هىجايغىنىچە چېدىرغا كىرىپ كەلدى - دە، بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، پېشانىسىنى ئارسلانخاننىڭ پېشىگە تەگكۈزدى.

— قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ شۇڭقارى، جاهاندا يەكتا ئارسلانخان ئالىيلىرى، رەقىبلىرى ئۈستىدىن مەڭگۈ غالىب كەلگەيلا!...

— قېنى ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، — دېدى ئەلى ئارسلانخان ئۇنىڭغا ئىلتىپات كۆرسىتىپ.

— هەشقاللا، ئالىيلىرى... — ئوج خانغا قاراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈن ياۋ لەشكەرلىرى تازا دەككىسىنى يېدى، ئالىيلىرى، پېقىر ئۆزلىرىنىڭ ئىجازىتى بولمىغاچقا، قولۇمغا

ياراغ ئېلىپ ياۋ بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشالمىغان بولساممۇ، جەڭ مەيدانىنى يىراقتىن كۆزىتىپ، ئۇلۇغ ئاللادىن بۇغىرا لەشكەرلىرىگە نۇسرەت تىلىدىم. ئۇلار خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك دەۋرەپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ دانا تەدبىرلىرى بىلەن تۇغانغا ئۇسۇپ كەينىگە قايتقان سۇدەك ناھايىتى تېزلا تارمار بولدى. ئەگەر ئۆزلىرىنىڭ دانا لەشكىري تەدبىرلىرى بولمىغان بولسا، بۇ چاغقا قىيامەت قايىم بولۇپ كېتەتتى، ئالىيلىرى...

— ياق، بۇنداق چۈشەنسىڭىز بولمايدۇ، ئوج، سۇباشى ۋە تۈمەنبېشىلار ئۆزلىرىنىڭ ھايات ـ ماماتى بىلەن ھېسابلاشماي، لەشكەرلەرگە ئوبدان باشچىلىق قىلغاچقا، ھەرھالدا قارارگاھنى ساقلاپ قالدۇق.

— ئۇنداق دېمىسىلە، ئالىيلىرى، ئۆزلىرى قارارگاھتا تۇرۇپ، سانغۇنلارغا دانا كۆرسەتمە بەرگەنلىكلىرى ئۈچۈنلا ئۇلارنى جەڭدە نۇسرەت قازاندى، دېسەك ھەق بولىدۇ.

ئەلى ئارسلانخان گەپ قىلمىدى. ياق، ئوج بىلەن بۇ ھەقتە تاكاللاشقۇسى كەلمىدى. بۇنى كۆرگەن ئوج بۇ گېپىم ئارسلانخانغا ياقتى بولغاي دېگەنلەرنى تېزلىكتە خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئۇرۇش قاچان تۈگەر، ئالىيلىرى؟ — سورىدى ئوج يەنە، — مۇشۇنداق يىغىلىق كۈنلەر داۋاملىشىۋەرسە، خانلىقىمىزغىمۇ، ئۆزلىرىگىمۇ، ئەل ـ ئاۋامغىمۇ مالاللىق يېتىدىكەن. بولسا ئۇ كەلگۈندى بۇددىست كاپىرلارنى تەلتۆكۈس يوقاتقان بولساڭ، ئەل ئاسايىشلىق كۈنلەرگە تېزلىكتە يېتىپ، خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلغان بولاتتى.

بۇ گەپ بىلەن ئەلى ئارسلانخان يالت قىلىپ ئوجغا قاراپ قويىدى ـ دە، ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، خۇددى ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ئالدىرىماي ئېغىز ئاچتى:

— بۇ كۈنلەر چوقۇم كېلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭغا مەلۇم ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن. ھېلىمۇ بۇ يەردە خېلى ئۇزاق قارارگاھ قۇرۇپ

ياتتۇق. خان ئاتام يارلىق بەرسىلا، ئۇدۇن لەشكەرلىرى قارارگاھىغا ھۇجۇم قىلاتتىم، — دېدى بىر خىل تەمكىنلىك، ئىشەنچ بىلەن، — ئۇ چاغدا سىز دېگەن ئەمىنلىك كۈنلەر باشلىناتتى.

ئوج بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئارسلانخانغا قاراپ قويدى-يۇ، «چۈشەندىم» دېگەندەك بېشىنى سۇس ھالدا لىڭشىتىپ، دېدى:

— خان ئالىيلىرى بۇ يەردىكى ۋەزىيەتنى سىلىدەك ئوبدان چۈشەنمەيدۇ. شۇڭا، بۇ ھەقتە مەخسۇس پۈتۈك پۈتۈپ، ئارقىش ماڭدۇرسىلا بولماسمۇ ئارسلانخان ئالىيلىرى؟

ئەلى ئارسلانخان نېمىدىندۇر شۈبھىلەنگەندەك ناھايىتى تېزلىكتە ئوجنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئەمما، ئۇنىڭ قىياپىتىنى ھېچبىر ئۆزگەرتمەي ئۆزىگە تەلمۈرۈش ئىچىدە، خۇشامەت قىلىۋاتقاندەك قىياپەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تېخى ھېلىلا خىيالىدىن «لاپ» قىلىپ كەچكەن «بۇ چېدىردىكى مەخپىي پاراڭلار بۇنچە تېز سىرتقا چىقىپ كەتكەنمىدۇ؟!» دېگەن ئويدىن ساقىت بولغاندەك دىمىقىنى بوشلا قېقىپ قويدى.

— ھەممە ئىش ئۆز يولىدا بولغىنى ياخشى، خان ئاتام بۇ يەردە بولمىغىنى بىلەن كۆپنى كۆرگەن، ئۆمرىدە نۇرغۇن جەڭلەرنى قىلىپ نۇسرەت قازانغان. شۇڭا، ئۇنىڭ يارلىقىسىز ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن جەڭ قىلساق زادى بولمايدۇ، — دېدى ئارسلانخان ئۆزىنىڭ يېقىندىن بۇيان ئويلىغانلىرىنى ئاشكارىلىغۇسى كەلمىگەندەك، — بۇ دۇنيادا ھەممە ئىشنىڭ چوقۇم ۋاقتى-سائىتى بار. ۋاقتى-سائىتى كەلمىسە ھەرقانچە كۆچىسەكمۇ بىكار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىزدە «ئالدىراپ قويغان ئوسما ئىچمەيدۇ» دەيدىغان گەپمۇ بارغۇ؟!...

— ئۇغۇ شۇ، ئالىيلىرى، مېنىڭ ئويلىغىنىم ئەل-ئاۋامنىڭ تۇرمۇشى، ئۆزلىرىگىمۇ سىر ئەمەسكى، ئۇلار بۇ ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ... — دېدى ئوج بايىقى گېپىنى يەنە تەكرارلاپ.

— كىم ئۇرۇشنىڭ تېزرەك ئاياغلىشىشىنى خالىمايدىكەن؟! — دېدى ئارسلانخانمۇ سەل قىزىشىپ، — تارىخچى ئاۋاملا ئەمەس، مانا مەنمۇ بۇ ئۇرۇش تېزرەك ئاخىرلاشسىكەن، ئارامخۇدا ئارام ئالىدىغان كۈنلەر تېزرەك كەلسىكەن، دېگەننى كېچە - كۈندۈز ئويلايمەن.

— راست... راست... سىلىدەك ئەلنىڭ باشپاناھىنىڭ مۇشۇنداق ئويلايدىغىنى ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك قاراخانىيلار ئېلىدە ھېچكىمگە سىر ئەمەس، سىلىدەك بىر شاھزادىنىڭ بولغىنى ئەلدىكى ھەممە كىشىنىڭ بەخت - تەلىيى. شۇڭا، تارىخچىلار «ئەلى ئارسلانخان ئالىيلىرى كۈنلەرنىڭ بىرىسىدە ئاتا ئىزىنى بېسىپ، بۇغراخانلىق تەختىگە بەرقارار بولسا، خۇددى نۇشىرۋان ئادىلدەك ئەدلى - ئادالەت بىلەن يۇرت سورايدۇ» دېيىشمەكتىدۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئەلى ئارسلانخاننىڭ چىرايىدا سۇس كۈلكە پارلىدى. ئارسلانخاننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن سېلىپ ئولتۇرغان ئوج «گېپىم تەسىر قىلدى» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۆزلىرىنى جاھاندىكى يەكتا باھادىر دېسەك ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدۇ، ئالىيلىرى. سەۋەبى سىلى كىچىكلىرىدىن باشلاپ خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئۆزىنى خېلى دانىشمەن، كاتتا ئۆلىما ھېسابلايدىغانلار تېخى ئوقۇپمۇ باقمىغان نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، دىنىي ئىلىمدە مۇكەممەل يېتىشتىلە. راست گەپنى قىلسام، بۇ جەھەتتە خېلى - خېلى كىشىلەر دىنىي ئىلىم جەھەتتە قولللىرىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئاتىلىرى ھۆرمەتلىك مۇسا بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ ياخشى پەزىلەت - خۇلقلىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، خانلىقنى ئىدارە قىلىش، ئەلنى ئەمىن قىلىپ، تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە نۇرغۇن ھاسلاتلارغا ئىگە بولدىلا. ئەگەر راستىلا ئەلنىڭ تىلىكى ئىجابەت بولۇپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرسىلا، ئەلنىڭ گۈللىنىشى، بەخت - سائادىتى يەنىمۇ

يۇقىرى بولىدۇ. مۇقەددەس دىنىمىز كۆچىيىپ، ئېلىمىزگە باشقا ئەللەر كۆزىنى ئېچىپمۇ قارىيالمايدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزلىرىنىڭ لەشكىرىي ئىلىم جەھەتتىكى كامىللىقلىرىنى شۇ تاپتا قانداق تەرىپلەشنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن. بۇرۇن كىچىك ۋاقىتلىرىمدا باشقىلاردىن جاھان ئاپىرىدە بولغاندىن كېيىن يېتىشىپ چىققان سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ جەڭگاھلاردىكى باتۇرلۇقلىرى تەسۋىرلەنگەن جەڭنامە ـ قىسسەلەرنى كۆپ ئاڭلىغانمەن. ئەمما، سىلىنىڭ جەڭ ماھارەتلىرى ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇرسا تۇرىدۇكى، ھەرگىز تۆۋەن تۇرمايدۇ. سىلى ئۇلۇغ بوۋىمىز ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادى، باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ نەسلى، ئالىيلىرى. سىلىنىڭ ھامان بىر كۈنى باشقىلار كۆرۈش تۈگۈل، نامىنى ئاڭلىسىمۇ لاغىلداپ تىترەپ كېتىدىغان ئالىپ ئەرتوڭادەك ئادەم بولۇپ كېتىشلىرىگە گەپ كەتمەيدۇ.

ئەلى ئارسلانخان ئوجغا تەبەسسۇم بىلەن قاراپ بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى. ئوج بۇنى كۆرۈپ بارغانسېرى جانلاندى ـ دە، سەل دېمىنى ئېلىۋالاي دېگەندەك بىرپەس جىم بولۇپ قالدى. ئاندىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— بۇرۇن سىلىنى كۆرمىگەن چاغلاردا ئۆزۈمگە ئوخشاش تارىغچىلاردىن تەرىپلىرىنى بەك تولا ئاڭلىغانىدىم. مانا يېقىندىن بۇيان تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قارارگاھلىرىدا تۇرۇپ نۇرانە چىرايلىرىنى كۆرۈش، نۇرغۇن ئىشلىرىغا گۇۋاھ بولۇش پۇرسىتىگە نائىل بولدۇم. ئۆزلىرى ھەقىقەتەن ئالىيجاناب، پەرىشتىدەك پاك ئادەم ئىكەنلا. ئۇلۇغ ياراتقان ئىگەم ئۆزلىرىنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپ، مەڭگۇ غالىب ياشاشقا نېسىپ قىلغاي...

— ياق، ئوج، ئۇنداق دېمەڭ، بەك ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — دېدى ئەلى ئارسلانخان ئۇنىڭ سۆزلىرىگە كۆڭلىدە قايىللىقى ئېشىپ خۇشال بولغان بولسىمۇ، چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئېغىز ئېچىپ، — مېنىڭمۇ پەقەتلا مەدرىسەدە ئىجتىھات بىلەن

ئۆگەنگەن يېرىم بار. لەشكەرىي ئىشلارغا كەلسەك، قوشۇنىمىزدىكى خېلى ـ خېلى سانغۇنلار لەشكەرىي ماھارەتتە مەندىن يۇقىرى تۇرىدۇ. ئالىمادىس تەقدىر قىسمەت سەۋەبلىك ئۇلار بىلەن تىغ كۆتۈرۈشۈپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، بىردەمدىلا ئۇلارغا ئۇتتۇرۇۋېتىشىم، ھەتتا جېنىمنىمۇ ساقلاپ قالالماسلىقىم مۇمكىن.

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىگەيلا، ئالىيلىرى، ئۇ سانغۇنلارغا ئۆزلىرى يەنە نەچچە يىل مەشقاۋۇل بولالايدىلا. جەڭ ماھارىتى، لەشكىرىي ئىلىمگە كەلگەندە ئۇلار سىلىنىڭ قوللىرىغا سۇمۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ... — ئوچ ھېيلىگەرلىك بىلەن ئارسلانخانغا ئوبدان بىر قارىۋالدى، — ئۆزلىرى خېلى ـ خېلى سەركەردە ـ سەرۋازلاردىن مىڭ مەرتىۋە ئۇستۇن تۇرىدىلا، ئالىيلىرى؟!...

— ياق، مېنىڭمۇ مەيلى لەشكىرىي ئىلىمدە، مەيلى دىنىي ئىلىمدە بولسۇن، چولتا يەرلىرىم بار. بۇنى ئېتىراپ قىلمىسام بولمايدۇ، ئوچ.

— كەمتەرلىك ئۆزلىرىدەك ئالىيجانابلارنىڭ ئېسىل خىسلىتى، ئالىيلىرى، — دېدى ئوچ پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتكۈسى كەلمەي ئالدىراپ سۆزلەپ، — مانا مۇشۇ خىسلەتلىرىمۇ باشقىلارنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ...

چېدىر ئىچىنى بىرپەس سۈكۈت قاپلىدى. ئوچ يەنە نېمىلەرنى دېسەم بولىدىكىن دېگەندەك جىمىپ قالدى. ئارسلانخان بولسا «بۇ ئادەم ھەقىقەتەن باشقىلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بايقاشقا ماھىر ئىكەن» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

— ئۇزاقتىن بېرى ئۆزلىرىدىن سوراي دەپ يۈرگەن بىر ئىشىم بار ئىدى، ئالىيلىرى، ئەگەر ئۆزلىرىگە مالال كەلمىسە، سورىسام بولارمۇ؟ — دېدى ئوچ پەس ئاۋازدا تەۋازۇ بىلەن.

— سوراڭ...

— بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى لەشكەرلەردىن ئۆزلىرىنىڭ

لەشكىرىي ماھارەتلىرىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكى ھەققىدە كۆپ تەرىپلەرنى ئاڭلىدىم، ئالىيلىرى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۆزلىرى تۇلپارلىرىنى مىنىپ، يېرىم غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى زۇلپىقارلىرىنى ئوينىتىقانلىرىچە جەڭگە كىرسىلە، كۆزلىرىدىن يالقۇن چىققان ئاجايىپ بىر خىل سېھىرلىك نۇرنى كۆرگەن ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ يۈرەكلىرى قورقۇنچتىن يېرىلىپ، تىن تارتمايلا جان بېرەرىمىش، ئەگەر زۇلپىقارلىرىنى شۇنداقلا بىر شىلتىسىلا يېرىم غۇلاچ ئۇزۇنلۇقتىكى قىلىچلىرى نەچچە ئادەم يىراقلىقتىكى ياۋ لەشكىرىنىڭ دەل يۈرىكىگە سانجىلارىمىش. يەنە تېخى تۇلپارلىرى يېقىنلىشىپ قالغان ياۋنى كۆرسە ئالدى ئىككى پۇتى بىلەن دەسسەپ، كەينى ئىككى پۇتى بىلەن تېپەرىمىش. ياۋ ئۆزلىرىگە يىراقتىن ھۇجۇم قىلىپ، يا ئوقى ئاتسا، ئۇلارنىڭ ئوقى بەدەنلىرىگە تەگسىمۇ قان چىقمايدىكەن، ئوق ئىزىمۇ قالمايدىكەن. ئۆزلىرى جاھاندا مۇشۇنداق يەكتا پالۋان تۇرسىلا، ئۇدۇن بۇددىستلىرىدىن قورقۇشنىڭ ھېچبىر زۆرۈرىيىتى يوقتۇ، ئالىيلىرى...

— ھا ـ ھا ـ ھا ... بۇنداق گەپلەرنى قەيەردىن ئاڭلىدىڭىز، ئوج؟ بۇ جاھاندا سىز دېگەندەك خىسلەتلىك، كارامەتكە ئىگە كىشىلەرنى كىم كۆرۈپتۇ؟... ھەممىسى ئەپقاچتى گەپ. مەنمۇ ئادەم بالىسى. تىغ ئۇرسا كار قىلمايدىغان بەندە ئەمەس، ئەدناسى قولۇمغا خوخا تىكىنى كىرسىمۇ ئاغرىيدىغان تۇرسا، ماڭا يا ئوقى تەگسىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ دېگىنى تولىمۇ قىزىق... شۇڭا بۇنداق گەپلەرگە ئىشەنمەڭ...

— مەنمۇ شۇنداق ئويلىدىم، ئالىيلىرى. ھەممە ئادەمنىڭ ئېغىزىدا شۇ گەپ بولغاچقا، كۆڭلىدە دېگۈدەك نەچچە قېتىم ئاڭلاۋەرگەندىن كېيىن، «بۇ راست ئىش بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ قالىدىكەن كىشى...

— باشقىلار نېمە دېيىشسە دېيىشسۇن. ئەمما سىز راستىنى، ھەقىقىيسىنى چۈشەندۈرۈڭ.

— ئىلەل، ئارسلانخان ئالىيلىرى، بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم شۇنداق قىلىمەن. ئەمما، يەنە ئۆزلىرىدىن بىر گەپنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ: ئۇدۇن بۇددىستلىرى ئوردۇكەنتنى نەچچە ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىپ، بۇغرا قوشۇنىغا خېلى ئۇزۇن تالاپەت يەتكۈزۈپتۇ. ئۆزلىرى لەشكەر باشلاپ تاغنى تالقان قىلغۇدەك سۈر - ھەيۋە بىلەن ئۇلارنى سۈر - توقاي قىلىپ بۇ يەرگىچە قوغلاپ كەپتىلا. ئاڭلىسام بۇ ئىشلارغىمۇ خېلى ئۇزاق ۋاقىت بوپتۇ. بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنىڭمۇ ئارزۇسى يەنە بۇرۇنقىدەك ئۆزلىرىنىڭ باشچىلىقىدا ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، تىنچ، ئاسايىشلىق كۈنلەرنى كۆرۈش ئىكەن. بايا ئۆزلىرى «خان ئاتامدىن يارلىق يوق» دېدىلە، بۇمۇ تامامەن توغرا، ئەمما نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلار ھەددىدىن ئېشىپ قارارگاھىمىزغا باسقۇن قىلىپلا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇنچە زور لەشكىرىي كۈچىمىز بولغاندىن كېيىن، «مانا بىزگە ھۇجۇم قىلغىنىڭغا توي ئەمىسە!...» دېسەك بولماسمۇ؟! ياكى بىزنىڭ لەشكىرىي كۈچىمىز ئۇلاردىن تۆۋەنمۇ؟!...

ئەلى ئارسلانخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋاتقان ھاياجىنىنى تەستە بېسىۋېلىپ، ئوجغا يالت قىلىپ قاراپ، تېخى بايىلا ئۆزى جاۋاب بېرىپ بولغان سوئاللارنى زادى نېمىشقا سورىغانلىقىنى كۆڭلىدە ھەر خىل مۇلاھىزە قىلدى. ئەمما، قانداق قارار چىقىرىشقا كۆڭۈل توختىتالمىدى.

— ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ئوج. بۇ بىزنىڭ لەشكىرىي كۈچىمىزنىڭ ئاجىزلىقىدىن ئەمەس، بەلكى خان ئاتامنىڭ لەشكىرىي يارلىق چۈشۈرمىگەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى ئەھۋالدا ئىككى تەرەپ جەڭگە كىرسەك، ئۇلارغا ھەرگىز يېڭىلىپ قالمايمىز. يېقىنقى بىر - ئىككى يىلدىن بۇيان لەشكىرىي تەييارلىقىمىز خېلى پۇختا. ئەگەر ئۇلار ئالىمادىس ھىيلە ئىشلىتىپ، بىز ناماز ئوقۇغان ۋاقىتتا ھۇجۇم قىلىپ قالمىسىلا، بىزمۇ بوش كەلمەيمىز.

— راست... راست، بۇ تەرىپىنى ئويلاپ باقماپتىمەن، ئالىيلىرى، — دېدى ئوج تېزلا چۈشەنگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۇلار بىزگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

ئوجنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ بۇ قارارگاھقا كەلگەندىن كېيىن، يالغاندىن توقۇلغان «تەسىرلىك ھېكايە»سى بىلەن ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، كۈچلۈك ئارقا تىرەككە ئىگە بولغانىدى. ئۇ مەيلى مەريەم خېنىمنىڭ بولسۇن، مەيلى كۈلۈك تۇمەنبېشىنىڭ بولسۇن، يوچۇن قاراشلىرىغا، دىمىقىنى قېقىشلىرىغا پەرۋا قىلماي، نوقتەرىش، چوقتەرىشلەر ئۆزىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، ياغلاقار قالۇ خان ۋەدە قىلغان ئىنئامغا ۋە مەنسەپكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئوبدانلا كۈچ چىقاردى. بۇ جەرياندا گەرچە ئارسلانخانغا ياۋ قارارگاھىدا كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىنى خۇددى كۆندۈرۈلگەن شاتۇتىدەك نەچچە قېتىم تەكرارلاپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئوندىن بىرسى راست، قالغانلىرى ئويدۇرۇپ چىقىرىلغانىدى. ئۇ «تاياق زېدىسى ھېلىسى» بىلەن بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى. ئولتۇرسا ـ قوپسا «ھەشەمەتلىك ھاكىمبەگ مەھكىمىسى، قول قوۋۇشتۇرغىنىچە بېشىنى ئېگىپ تۇرغان مىڭبېشى، يۈزبېشى، دورغىلار، ئېغىزىغا تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاتارمەن ـ چاپارمەنلەر، ئەتراپىدىن كەتمەيدىغان خۇمار كۆزلۈك، قەلەم قاشلىق، بەللىرى تال چىۋىقتەك نازىنىنلار... ئاھ، بۇ كۈنلەر تېز، تېزرەك يېتىپ كەلسە ئىدى...» دېگەنلەرنى ئويلايتتى. ھەتتا ئۇ نەچچە قېتىملا ھاكىمبەگ قەسرىدە يەلپۈنۈپ ئولتۇرۇپ، سۇ ئىچسە گېلىدىن كۆرۈنىدىغان پەرى سۈپەت رەققاسلارنىڭ يالىڭاچ ئۇسسۇلىدىن ھۇزۇرلىنىپ چۈش كۆرگەنىدى. ئۇ ئويغاق ۋاقىتلىرىدا چۈشىدە كۆرگەن ئاشۇ مەنزىرىلەرنى تەكرار كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىچە راھەتلىنىپ كېتەتتى ـ دە، بۇ يەردىكى ۋەزىپىسىنى تېزرەك تۈگىتىپ، ئۇدۇل ياغلاقار قالۇ خاننىڭ ھۇزۇرىغا

www.uyghurkitap.com

بېرىشنى ئارمان قىلاتتى. ئۇ ھەتتا ئەلى ئارسلانخان بىلەن ئىككىيلەنلا شاھانە چېدىر ئىچىدە پاراڭغا چۈشكەن چاغلىرىدا ئارسلانخان بايقىمىغان پۇرسەتتە ئۇنىڭ چېچىغا ئۆتكۈر زەھەر سېلىۋېتىشنى، ئۇزۇن چاپىنىنىڭ ئىچىگە پۇختا يوشۇرغان بىر غېرىچمۇ كەلمەيدىغان، بىسلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، ئۆتكۈر تىغلىق بۆكتەسىنى كۆكسىگە تىقىۋېتىپلا، ئۇ جان تالىشىۋاتقان پۇرسەتتە كاللىسىنى كېسىۋېلىپ، ئۇدۇن لەشكەرگاھىغا بېرىپ، ياغلاقار قالۇ خاندىن تېخىمۇ چوڭراق ئىنئام ئېلىشنىمۇ خىيال قىلاتتى. كۆز ئالدىغا بايلىق، مەرتىۋە، نازىنىن قىزلار كەلسىلا بىردىنلا روھلىنىپ كەتكەندەك، بۇ قارارگاھتىكى ھېچكىم ئۆزىگە تەڭ كېلەلمەيدىغاندەك، بۆكتەسىنى قولىغا ئالسىلا، ئەلى ئارسلانخانمۇ قورقىنىدىن غال - غال تىترەپ تىزلىنىپ، بىر قوشۇق ئىسسىق قېنىدىن كېچىشنى ئۆتۈنىدىغاندەك سېزەتتى. ئەمما، بىردەمدىلا يەنە ئەسلىي ھالىتىگە كېلىپ، ئاللىقانداق ۋەسۋەسە، قورقۇنچ ئىچىدە قالاتتى - دە، ئىشنى «چىرايلىق» پۈتكۈزۈپ، «ئىنس - جىنغا» تۇيدۇرماي قايتىپ كېتىشنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئەلى ئارسلانخاننىڭ سايىسىدا قارارگاھنى كۈندە دېگۈدەك ئارىلاپ، ئۆزى مۇھىم دەپ بىلگەن ھەربىر ئىشنى كۆڭۈل دەپتىرىگە بىرمۇبىر خاتىرىلەپ ماڭغانىدى. مانا ئەمدىلىكتە ئەلى ئارسلانخان تولىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەۋاتىدۇ. بولدى بەس، ئەمدى مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك!...

شاھانە چېدىرنىڭ ئىچىنى ئېغىر سۈكۈنات باستى. شۇ تاپتا ئەلى ئارسلانخاننىڭمۇ ھېسسىياتى قايناپ تۇراتتى. ئوجىنىڭ تەرىپلىرى ئۇنى ھاياجانغا سالغان، يۈرەكلىرىنى ئوينىتىۋەتكەنىدى. ئۇلار شۇ تەرزدە خېلى ئۇزاق خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇشتى. ئوجىنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى سورىغۇسى، لەشكىرىي سىرلاردىن تېخىمۇ كۆپ خەۋەر تاپقۇسى بولسىمۇ، لېكىن ھاياجىنىنى باسالماي چاندۇرۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ جىم ئولتۇراتتى. ئوجىنىڭ تەلىيىگە چېدىر سىرتىدىكى نۆكەرنىڭ

ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كۈلۈك تۇمەنبېشى ئارسلانخان ئالىيلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ!

ئەلى ئارسلانخان ھەيران بولغاندەك ئوجىقا قاراپ قويدى. چۈنكى، كۈلۈك تۇمەنبېشى تېخى بايىلا مۇشۇ چېدىردىن قايتىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەمدى يەنە نېمىدەپ كەلدىكىنە؟!...

ئوج ئورنىدىن تۇردى.

— مەن قايتاي، ئارسلانخان ئالىيلىرى، ئالتۇن تەنلىرى ئامان بولغاي!...

ئەلى ئارسلانخان بېشىنى لىڭشىتقاچ، پەس ئاۋازدا «ئىجازەت» دېگەندىن كېيىن، سىرتقا قاراپ دېدى:

— كىرسۇن!

ئوج تېزلا چېدىر ئىشىكى تەرەپكە ماڭدى. بىراق، ئۇ كۈلۈك تۇمەنبېشى بىلەن دەل بوسۇغىدىلا دوقۇرۇشۇپ قالدى. كۈلۈك تۇمەنبېشى ئوجنىڭ چىرايىغا، چېقىر كۆزلىرىگە سىنچىلاپ قارىدى. ئوج ئۆز قىياپىتىنىڭ تۇمەنبېشىدا باشقىچە خىياللارنى پەيدا قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ تېزلىكتە قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ، بېشىنى ئەگكىنىچە كەينىگە داجىپ يول بەردى. تۇمەنبېشىمۇ تۇزۇت قىلمايلا ئارسلانخاننىڭ چېدىرى ئىچىگە ماڭدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئوج تېزلىكتە چېدىردىن چىقتى ـ دە، چوڭقۇر نەپەس ئالدى.

شۇ ئىشتىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئۇدۇن لەشكەرلىرى بۇغرا لەشكەرگاھىغا يەنە ھۇجۇم قىلدى. بۇ دورەم ياغلاقار قالۇ خان ھەممە دەسمايىسىنى بىراقلا دوغا تىككەندەك بارلىق لەشكەرلىرىنى سەپەرۋەر قىلغانىدى. جەڭگاھنى ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ تاراڭ ـ تۇرۇڭلىرى، يارىلانغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھۇزارى بىر ئالغانىدى. جەڭ مەيدانىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزاننىڭ قويۇقلۇقىدىن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىدى. دەسلەپتە

ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان ئىككى سۇباشى بىلەن كۈلۈك تۇمەنبېشىغا مەيلى قانداقلا قىلىپ بولسۇن ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى بىر ئامالىلار بىلەن چېكىندۈرۈشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئۇدۇن لەشكەرلىرى بارگاھقا قىستاپ كەلدى. ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان جىددىي ھالدا كۆزىنىش سۇپىسىدىن چۈشتى ـ دە، نۆكەر تۇتۇپ تۇرغان ئېتىنىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى. دەل شۇ چاغدا تولۇق چېرىكچە ياسانغان مەريەم خېنىم پەيدا بولدى.

— ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، قادىنلار قوشۇنىدىكى ھەمشىرىلىرىم بىلەن ئاۋۇ تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇددىستلارنىڭ ئالدىنى توسۇي، — دېدى مەريەم خېنىم بارگاھقا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىقلارنى قولىدىكى قامچىسى بىلەن كۆرسىتىپ، — ئۇلار يەنە بۇ تەرەپلەرگە يېقىنلىشىۋەرسە بولمايدۇ!

— ياق، سىز بارماڭ، ئۆزۈم لەشكەر باشلاپ باراي.

— سىلى بارسىلا بولمايدۇ، ئارسلانخان ئالىيلىرى، — دېدى مەريەم خېنىم نېمىشقىدۇر «ئارسلانخان ئالىيلىرى» دېگەن سۆزنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ سوزۇپ، — سىلى بۇ يەردە تۇرۇپ، پۈتۈن جەڭگە قوماندانلىق قىلمىسىلا بولمايدۇ. مەندىن ئەنسىرەپ خاۋاتىرلەنمىسىلە، بۇ مەلئۇنلارغا ئۆزىمىز تېتىيمىز!...

ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭچە بولغاندا قەدىردان ئايالىنى جەڭگە بېرىشتىن توسۇش كېرەك ئىدى. گەرچە مەريەم خېنىم بۇرۇن قاغىلىق دىيارىدىكى جەڭگاھلاردا، ئوردۇكەنت مۇھاسىرىدە تۇرغان چاغلاردا ئۆزىگە ھەمدەم بولۇپ، قادىنلار قوشۇنىدىكى ھەمشىرىلىرى بىلەن ياۋغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان ۋە زور تۆھپە قوشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى ئۇنى جەڭ مەيدانىغا كىرگۈزگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. بىراق، ئەلى ئارسلانخان مەريەم خېنىمنىڭ قەتئىيلىك، باتۇرلۇق، مۇلايىملىق ۋە كۈچلۈك

مىھىر ـ مۇھەببەت بالقىپ تۇرىدىغان ئاھۇنىڭكىدەك چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىختىيارسىز بېشىنى لىڭشىتتى:

— ماقۇل...

— ئۆزلىرىگە مىڭ مەرتەم ھەشقاللا... — مەريەم خېنىم ئىللىق بىر خىل تەبەسسۇم بىلەن جىلمىيىپ ئەلى ئارسلانخانغا رەھمەت ئېيتتى. ئاندىن تېزلىكتە كەينىگە ئۆرۈلۈپ بېرىپ، چاققانلىق بىلەن ئېتىغا مىندى، بېلىدىكى سىدىرىم①غا ئېسىۋالغان كۆن قاپلىق قۇمدۇ②دىن سەل كالتىرەك، بىسلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، ئەينى دەۋرلەردە ئاتىسى ئىلتەر باخشى لەشكەربېشى بولغاندا ئىشلەتكەن مىسران قىلىچىنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، بۇيرۇق بەردى:

— ئالغا، ھەمشىرىلەر!... ئاۋۇ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان مەلئۇنلارنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلايلى!...

مەريەم خېنىمنىڭ يۈگىنى قاتتىق سىلكىشلەنگەن ئېتى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىشنىۋەتكەندىن كېيىن ياۋ تەرەپكە قۇيۇندەك چېپىپ كەتتى. قادىنلار قوشۇنىدىكى باشقا قىزلارمۇ مەريەم خېنىمنىڭ ئارقىسىدىن ئات سېلىشتى. ئەلى ئارسلانخان ئۇلارنىڭ بەستىگە ناھايىتى ياراشقان لەشكەرچە كىيىملىرىگە، جەڭگىۋار قىياپىتىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، يەنە قايتىدىن كۆزىتىش سۇپىسىغا چىقىدىغان شوتىغا ياماشتى.

بۇ كۈنلۈك جەڭ نامازدىگەرگە يېقىن ئاياغلاشتى. ئەلى ئارسلانخان نۇسرەت قۇچۇپ قايتىپ كەلگەن سانغۇنلىرىنى ۋە مەريەم خېنىمنى مۇبارەكلەپ، ئۇلارنىڭ شەرىپىگە ئاتايىن ئۆز چېدىرىدا داستىخان ھازىرلىتىپ غىزالاندۇردى، ئۇلار بىلەن ئۇدۇنلۇكلەرنىڭ يېقىندىن بۇيان نېمە سەۋەبتىن كۈندە دېگۈدەك ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ،

① سىدىرىم — بەلباغ، كەمەر.

② قۇمدۇ — غىلاپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«مۇداپىئەنى قاتتىق كۈچەيتىش، ھەر ۋاقىت جەڭ ھالىتىدە تۇرۇش، تاسادىپىي بىرەر ئىش يۈز بېرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ھەققىدە پىكىر بىرلىككە كېلىشىپ تارقاشتى. مەرىيەم خېنىم باشقىلاردىن ئايرىلىپ، ئارسلانخاننىڭ چېدىرىدا قالدى.

— تازا جاپا تارتتىڭىز، — دېدى ئارسلانخان ئايالىنىڭ چىرايىدىكى ھارغىنلىقنى كۆرۈپ، — بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى كۆپ مالامەت تارتتىۋاتىسىز، بولسىغۇ ئوردۇكەنتكە قايتىپ كەتسىڭىز بولاتتى.

— ئۇنداق دېمىسىلە. مەن دېگەن خاتۇن كىشى، ئۆزلىرىنىڭ ئەمرىلىرىدىكى مەزلۇم. ئەر نەدە بولسا، خاتۇن شۇ يەردە، — دېدى مەرىيەم خېنىم پەس ئاۋازدا.

— ئۇغۇ شۇ، ئەمما... — ئارسلانخان ئەسلىي «خاتۇن كىشى دېگەنگە جەڭگاھ راۋا ئەمەس، ئۇلار ئۆيگە يارىشىدۇ...» دېمەكچىدى. ئەمما، مەرىيەم خېنىمنىڭ ئۆزىگە ئاجايىپ بىر خىل سۆلكەت بىلەن تىكىلىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ دەيدىغان گېپىنىمۇ يۇتۇۋەتتى ـ دە، سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى، — بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگىمۇ خېلى ئۇزاق بولۇپ قالدى. بەلكىم سۇبۇق تېگىننىڭ كۆزىدىن ئۇچقانسىز...

مەرىيەم خېنىم ئوغلىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەنلا بىرقىسما بولۇپ قالدى. راستىنى دېگەندە ئۇنىڭ سۇبۇق تېگىننى ئويلىمايدىغان، كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەيدىغان ۋاقتى يوق ئىدى. ھەتتا چۈشىدىمۇ ئۇماق، بۇدرۇققىنا كەلگەن سۇبۇق تېگىننىڭ غۇلاچلىرىنى كەرگەن ھالدا «ئانا...» دېگىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ھالىتىنى تولا كۆرگەنىدى. ئۇ ئويغانغان چېغىدا چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى يېرىم بولغان ھالدا مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. ھەتتا بەزىدە ئەلى ئارسلانخاندىن ئىجازەت سوراپ ئوردۇكەنتكە قايتقۇسى، ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ ئانىلىق مېھرى بىلەن ھىدلىغۇسى كېلەتتى. ئەمما، ھازىرقىدەك ۋاقىتتا ئۆمۈرلۈك ھالال جۈپتىنى

تاشلاپ قويۇپ قايتىپ كېتىشكە كۆزى قىيمايتتى. «يەنە بىر مەزگىل چىداي، بەلكىم ئۇزاققا قالماي خان ئاتام يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇدۇنلۇقلارگە كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى قاراخانىيلار زېمىنىدىن سۈرۈپ چىقىرىۋېتىشىمىز مۇمكىن. شۇ چاغدا ئوغلۇمنىڭ ئاتىسى بىلەن بىللە قايتارمەن...» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرەتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇمۇرلۇك باشپاناھى، تاغدەك يۆلەنچۈكى بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقان چاغلىرىدا، ئىمكانقەدەر يۈرەك پارىسى سۈبۇق تېگىنىنىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلاتتى. ئەپسۇس، ئۇ ئېھتىيات قىلغان، ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەلگەن ئىشنى ئەلى ئارسلانخان تىلغا ئالدى. مانا ئەمدى... مەريەم خېنىم ئارامسىزلاندى. كۆڭلى يېرىم بولۇپ، نازاكەتلىك جىسمى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندى. ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئەمما، ئەلى ئارسلانخانىڭمۇ كۆڭلىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن، ئۆزىنى بىر ئاماللار بىلەن ئوردۇكەنتكە قايتۇرۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆز چاناقلىرىغا پاتماي قالغان ياشلىرىنى ناھايىتى تېزلىكتە يوشۇرۇپ، ئېغىر خورسىندى. ئەلى ئارسلانخانمۇ مەريەم خېنىمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى:

— بولدى، بۇ گەپلەرنى دېيىشمەيلى. بۈگۈن جەڭگە قاتنىشىپ ھېرىپمۇ قالغانسىز. بالدۇرراق ئارام ئېلىڭ.

مەريەم خېنىم باشقا ۋاقىتلاردا ئۆزىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆز چېدىرىدا قېلىپ قېلىشنى ئۆتۈنىدىغان خان ئوغۇلنىڭ بۈگۈن يالغۇز ئارام ئېلىشقا ئۈندىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئارسلانخانىڭ چىرايىغا قارىدى. ئەمما، ئەلى ئارسلانخانىڭ تۈرۈلگەن قوشۇملىرىدىن، ئويچان كۆزلىرىدىن، جىددىي تۈس ئالغان چىرايىدىن ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىدى. «بەلكىم يېقىندىن بۇيانقى پاراكەندىچىلىك سەۋەبلىك كۆڭلى ئارامىدا بولمىسا كېرەك، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرەر ھەپتىدىن بۇيان ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئۇدا ھۇجۇم قىلىپ

تۇرۇۋاتىدۇ. ئاتىسىنىڭ مۇقەددەس پەرمانىنى ئورۇنلاش، خانلىقنىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغداشنى ئۆز زىممىسىگە ئالغان ئارسلانخاننىڭمۇ غېمى ئاز ئەمەس. بوپتۇ، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى يۈزلىنىشلەرنى ئوبدانراق ئويلىنىۋېلىش ئۈچۈن تەنھا قېلىشنى خالاپ قالغاندۇ!...» مەريەم خېنىم شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئەلى ئارسلانخانغا تەبەسسۇم بىلەن تىكىلدى:

ـــ ئىلەل. ئۆزۈمنىڭمۇ يېنى يەر خالاپ تۇرۇۋاتاتتى. مەن چىقاي، سىلىمۇ بۇرۇنراق ئارام ئالسىلا.

ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان «ماقۇل» دېگەندەك بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى. مەريەم خېنىم چېدىر سىرتىغا قاراپ ماڭدى ـ يۇ، ئەمما بىردىنلا توختاپ، ئۆمۈرلۈك غەمگۇزارىغا قايتىدىن سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. خاتۇنىنىڭ بۇ ئىشى ئارسلانخانغا سەل غەلىتە تۇيۇلغان بولسىمۇ، ئەمما يەنە تېزلا ئۆزىنىڭ خىيالىغا پاتتى...

كېچە. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. خىلمۇخىل خىياللار بىلەن ئېغىر ياتقۇ مەھەل بىلەن ئاران كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان ۋارقىرىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى.

ـــ نى... نېمە بولدىلا، ئالىيلىرى، قارا بېسىپ قاپتۇمۇ؟!... ـــ چېدىرنىڭ بۇلۇڭىدا يېشىنىمەيلا ياتقان خاس نۆكەر ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، چېدىر ئىچىدىكى چىراغپايغا جايلاشتۇرۇلغان موم شامغا ئوت ياققاچ سورىدى. ئارسلانخان ئۈندىمىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بايىقى قاباھەتلىك چۈش قايتا گەۋدىلەندى: ئاپپاق بوز ئارغىماققا مىنگەن ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان بىر توپ يۈرتۇغلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ياپيېشىل ئوتلاقتا كېتىۋاتاتتى. تۇساتتىن ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا بىر توڭگۇز پەيدا بولدى. ئەتىگەندىن بۇيان خېلى يول يۈرۈپمۇ بىرەر ئوۋنى ئۇچراتالمىغان ئارسلانخان توڭگۇزنى

كۆرۈپ خۇشاللىقىدا تېزلا قولىغا يانى ئالدى ـ دە، ئوقلاپ، ئۇنىڭ دەل كۆكسىنى چەنلەپ كىرىچنى قويۇپ بەرمەكچى بولغاندا، تۇيۇقسىز توڭگۇزنىڭ يېنىدا يەنە بىر توپ توڭگۇز پەيدا بولدى. ئۇ ھەيران بولۇپ، بۇلارنىڭ ئاسماندىن چۈشكەن ياكى يەردىن ئۈنگەنلىكىنى بىلەلمىگەن هالدا قايسىسىغا ئوق ئۈزۈشنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى جانىۋارلار بارغانسېرى ئاۋۇپ، پۈتۈن دالانى قاپلىدى. ئۇلار يولۋاستەك نەرە تارتىپ، شىردەك ھۆركىرەپ ئارسلانخان ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان ئارسلانخان يېنىدىكى قورقۇنچتا قالغان ھەمراھلىرىغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ «ئېتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كىرىچنى ئالدىغا چىڭ تارتتى. قاتتىق زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن يايسىمان كىرىچ شۇ ئان سۇنۇپ كەتتى. ئارسلانخان قاتتىق ھودۇققان ھالدا قۇمدۇدىن قىلىچىنى شارتتىدە سۇغۇرۇپ، ھاۋادا پۇلاڭلاتقۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېلىقى توڭگۇزلار بىردەمدىلا ئادەمگە ئايلىنىپ، ئۆزى تەرەپكە تاشلاندى...

ئەلى ئارسلانخان خېلى ئۇزاق جىممىدە ئولتۇردى. خاس نۆكەرنىڭ ئىلتىجاسىمۇ جاۋابسىز قالدى. ئۇ پېشانىسىدە پەيدا بولغان تەر تامچىلىرىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئېرتىپ، بايىقى قاباھەتلىك چۈشىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باشقا ئىشلارنى ئويلاي دېسىمۇ، ئەمما كۆز ئالدىغا ئۇزۇن ئىككى تال چىشلىرى بىلەن يەرنى تىلغاۋاتقان قاۋانلار، ئۆزىنى مازاق قىلغاندەك قاقاھلاپ كۈلۈۋاتقان نامەلۇم كىشىلەر كېلىۋالدى. ئۇ بۇ چۈشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىغا تەبىر ئىزدىمەكچى بولغاندەك خىلمۇخىل قىياسلارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالمىدى. گەرچە دەرھال

ئۇقۇمۇشلۇق ئۆلىمالارنى چاقىرتىپ، چۈشىگە تەبىر بەرگۈزمەكچىمۇ بولغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق تۈن نىسپىدە ئۇلارنىڭ شىرىن ئۇيقۇسىنى هارام قىلغۇسى كەلمەي، بۇ ئويىدىن ياندى. چېدىر ئىچىنى سۇس يورۇتۇۋاتقان موم شام خۇددى يىلاندەك تولغىنىپ كۆيۈۋاتاتتى. نەچچە ئادىم يىراقلىقتا خاس نۆكەر ئەلى ئارسلانخانغا ئۈمىد، ئىلتىجا بىلەن تىكىلىپ ئولتۇراتتى. بىراق، ئۇ بايىقى چۈشىنىڭ ۋەسۋەسىسىدىن قۇتۇلالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ يادىغا بىردىنلا ئوج كەلدى. «توغرا، شۇنى چاقىرتىش كېرەك، چۈش تەبىرىنى ئوجدىن سوراش لازىم...»

ئارسلانخان يېنىك نەپەس ئېلىپ قول باغلاپ تۇرغان نۆكەرگە دېدى:

— دەرهال ئوجنى باشلاپ كەل!

خاس نۆكەر چېدىردىن چىقىپ كەتتى ـ دە، خېلى ئۇزۇندا قايتىپ كىردى.

— ئوج قېنى؟ — سورىدى ئۇ خاس نۆكەرنىڭلا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ.

— چېدىردا يوق ئىكەن، — دېدى نۆكەر بىردىنلا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

— ئىزدىمىدىڭمۇ؟

— ئىزدىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىر چېدىردا تۇرىدىغانلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇنى ئۇلۇشكۈندىن بېرى كۆرمەپتۇ.

— هە!... — ئارسلانخان هەيران بولۇپ، قارارگاهنىڭ هەممە يېرىنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، ئۇنىڭ دېرىكىنى قىلىشنى تاپىلىماقچى بولدى ـ يۇ، ئەمما بوغۇزىغا كېلىپ قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىپ جىم بولۇپ قالدى. «ئۇ لەشكەرلەرگە قوشۇلۇپ جەڭگە چىققان بولسا... ياق، يامان ئويلاردا بولماي... ئۇنى ياراتقان

ئىگەم ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلار... بەلكىم باشقا چېدىرلاردىمۇ، ئەتە ئەتىگەنگىچە پەيدا بولۇپ قالار... » ئەلى ئارسلانخان خىلمۇخىل خىياللار بىلەن بەند بولۇۋاتقان چاغدا يېقىنلا يەردىن بامدات نامىزىغا تۇۋلانغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سۇ تەييارلا، غۇسۇل قىلىۋالاي، — دېدى ئارسلانخان يۇيۇنۇپ بايىقى قاباھەتلىك چۈشتىن بىراقلا قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ.

— ئىلەل، ئالىيلىرى...

ئارسلانخان چېدىرىدىن چىققاندا شەرق تەرەپ ئاقىرىشقا باشلىغان، شاھانە چېدىردىن ئانچە يىراق بولمىغان تۈپتۈز سەينادا بامدات نامىزىغا يىغىلغانلار سەپ تۈزۈپ تەييار بولغانىدى. ئۇ نامازخانلار تەرەپكە قەدەم ئالغاندا يىراقتىن تولىمۇ پەس ئاۋازدا ناغرا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولۇپ، يۈرىكى قارتىدە قىلىپ قالدى. «ئۇدۇنلۇقلار بۈگۈن يەنە ھۇجۇم قىلارمۇ؟... ناغرا ئاۋازى ئەجەب يېقىنلا يەردىن ئاڭلانغاندەك قىلىدۇ دېسە.. نامازغا تۇرغاندا باستۇرۇپ كەلمەس... يا بىردەم تۇرساقمىكىن...» ئارسلانخان شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، بامدات نامىزىنى تەرك ئەتكۈسى كەلمىدى ـ دە، تېزلىكتە سەپ تۈزۈپ بولغان لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۆزىنى ساقلاپ، نامازنى باشلىيالماي تۇرغان ئىمامنىڭ يېنىغا كېلىپ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— نامازنى قىسقىراق سۈرىلەر بىلەن ئوقۇپ، تېزرەك ئاخىرلاشتۇرسىلا.

— ئىلەل، ئارسلانخان ئالىيلىرى... — دېدى ئىمام.

سەپلەر قايتىدىن رەتلەندى. ئىمام تېزلا نامازنى باشلىدى. دەل شۇ چاغدا نامازگاھنىڭ ئالدى ۋە ئىككى تەرىپىدىن تۇيۇقسىزلا

ناغرا ئاۋازى بىلەن كۆچلۈك ھۇررا ــ سۈرەن كۆتۈرۈلدى. ئارسلانخاننىڭ يۈرىكى قاتتىق ئېغىپ كەتتى، ئىماممۇ خىيالىدىن لاپ قىلىپلا كەچكەن بىر سۈرىنى ئوقۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا ناغرا ساداسىمۇ، ھۇررا ــ سۈرەنچىلەرنىڭ ئاۋازىمۇ قارارگاھنىڭ ئىچىگە دەۋرەپ كىردى. ئۇلارنىڭ قاچانلاردا بۇ يەرگە يېتىپ كېلىپ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىغا ئارسلانخاننىڭ ئەقلى يەتمىدى. ھەئە، ئەقلى يەتمىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇزاقتىن بۇيان ئۆز يېنىدا تۇرۇپ قارارگاھنىڭ ئۇجۇر ــ بۇجۇرىسىگىچە كۆزەتكەن، نۇرغۇن لەشكىرىي ئۇچۇرلارنى كۆڭۈلگە پۈككەن، ھەتتا تېخى ئۆزىدىن نۇرغۇن قىممەتلىك ئاخباراتلارنى ئىگىلەپ، جەڭ پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ياۋ لەشكەرگاھى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەن ئوجىنىڭ پۈتۈن مەخپىيەتلىكلەرنى ئاشكارىلاپ ئۇچۇر يەتكۈزۈشى بىلەن تۇنۇگۈنكى ھۇجۇمدا خېلى كۆپ ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ بۇغرا لەشكەرلىرى سىياقىدا ياسىنىپ بۇ يەرگە كېلىپ ئورۇنلىشىۋالغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىدى. ئارسلانخان تاقەتسىزلەنگەندەك ئىمامغا يەنە قارىدى. بىراق، ئىمام ئارقىسىدىن ئىت قوغلىغان كىشىدەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئۇزۇن بىر سۈرىنى ئالدىراپ ئوقۇماقتا ئىدى. ئەنە ياۋ بىردىنلا يان تەرەپتىن يېقىنلاپ ئەڭ چەتتىكى بىر لەشكەرنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. ئەنە يەنە بىرسىنىڭ دەل كۆكسىگە يا ئوقى قادالدى... شۇنىڭ بىلەن نامازغا تۇرغانلارنى قىرىش باشلاندى. قولىدا قورالى يوق لەشكەرلەر نامازنى بۇزۇشنى خالىمىغاندەك سېپىنى بۇزماي نامىزىنى ئوقۇۋەردى. ناماز ئوقۇۋاتقان تۈزلەڭلىك بىردەمدىلا قان دەرياسىغا ئايلاندى. ئەمدى ئارسلانخانىنىڭمۇ تاقىتى تۈگىدى ــ دە، ئوقۇۋاتقان ئايىتىنىڭ داۋامىنى تاپالماي كېكەچلەپ تۇرغان ئىمامغا زەردە بىلەن دېدى:

— تولىمۇ بىغەم ئادەم ئىكەنلا!

ئىمامنىڭ چىرايى بىردىنلا زەپىرانلەك سارغايدى. بىراق، ئارسلانخاننىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى ــ دە، ئۆزى تەرەپكە يېقىنلىشىپ قالغان لەشكەرلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇشنى ئويلاپ تەمتىرەپ كەتتى. ئەسلى يېنىدا زۇلپىقارى بولسا ئىدى، ياۋ ئالدىدا بۇنچىلىك تەمتىرىمىگەن، بىرسى كەلسە بىرنى، ئونى كەلسە ئوننى جەھەننەمگە يوللىغان بولار ئىدى. ئەپسۇس، نامازدا تۇرغان ۋاقىتتا يېنىدا ياراغ ئېلىپ يۈرمەيدىغان بولغاچقا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالدى. ناھايەت بىرسى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ كۈچ بىلەن نەيزە ئۇردى. ئارسلانخان ئۆزىنى چەبدەسلىك بىلەن دالدىغا ئېلىپ، نەيزىنىڭ سېپىنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى ــ دە، كۈچ بىلەن ئالدىغا تارتتى. ياۋ لەشكىرى يىلتىزى قۇرۇغان پور سۆگەتتەك تېزلا ئارسلانخانغا يېقىنلاشتى. ئارسلانخان تېزلىك بىلەن ئۇنىڭ نەيزە سېپىنى قاماللاپ تۇرغان قولىغا كۈچ بىلەن ئۇردى. «قارس» قىلغان ئاۋاز بىلەن ياۋ لەشكىرى ۋارقىراپ كەتتى ــ دە، نەيزە سېپىدىكى قوللىرى ئاجرىدى. ئارسلانخان نەيزىنى ئېلىپ، ئۇدۇلىغا كېلىپ قالغان ياۋ لەشكەرلىرىگە سانجىماقچى بولۇشىغا تۇيۇقسىز كەينى تەرەپتىن بىراقلا تۆت نەيزە مورە ۋە بىقىنلىرىغا سانجىلدى. «ئاھ، خۇدا!» دېدى ئارسلانخان ۋە يىقىلىپ چۈشۈشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇپ، قولىدىكى نەيزىنى قول يېتىم يەردىكى ياۋ لەشكىرىنىڭ دەل كۆكسىگە سانجىدى. شۇ ھامان ئۇنىڭ بويىنىغا قىلىچ ئۇرۇلدى. ئۇ ئۆزىگە تىغ سالغان رەقىبىنى كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولدى ــ يۇ، گويا قىلىپ يىقىلىپ چۈشتى. ئارسلانخاننىڭ يىقىلىپ ياتقىنىنى يىراقتىن كۆرگەن بىر بۇغرا لەشكىرى ئەلەم بىلەن ۋارقىرىۋەتتى:

— ئاھ، ئارسلانخان ئالىيلىرى!...

www.uyghurkitap.com

# 14

مۇسا بۇغراخاننىڭ كۆڭلى ناھايىتى پاراكەندە ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇ قوبۇلخانىغا چىقىپ، ئوردا ئەركانلىرىنىمۇ قوبۇل قىلمايۋاتاتتى. پات ـ پات ئۇھسىنىپ ئاللىقانداق بىر ئىشتىن خاۋاتىرلەنگەندەك، تەشۋىشلەنگەندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قوياتتى. بەزىدە سۇرلۇك، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە خىيالغا پاتاتتى. بۇنداق ۋاقىتتا يېنىغا بىرەر كىمنىڭ كىرگىنىنىمۇ تۇيماي قالاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزىدە ئوردا ـ ئەركانلىرىنىڭ ۋە خانىشىنىڭمۇ سورىغان سوئاللىرى جاۋابسىز قالاتتى. شۇنداق، خان ئېغىر خىياللار قاينىمىغا كىرىپ قالغانىدى. خىيال كەپتەرلىرى خاننى بەزىدە يىراق ئۆتمۈش قوينىغا ئېلىپ بارسا، بەزىدە كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا كېلىپ توختاپ قالاتتى. خان ئويلايتتى، خىيال سۈرەتتى. ئەمما، خىياللىرى دائىم باش ـ ئاخىرىنى بىلگىلى بولمايدىغان يىپتەك گادىرماچلىشىپ كېتەتتى. راست، ھازىرقى كۈنلەردە ئۇنى ئازابلايدىغان ئىشلار تولا ئىدى. يۇرت ـ يۇرتلاردىن توختىماي مەخپىي ئايغاقچىلار يوللىغان خەۋەرلەر كېلىپ تۇراتتى. بۇ ئىشلارغىمۇ خان يولـيورۇق بەرسىلا ئىش تامام. بىراق، ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ئىش قاغىلىق تەرەپتە ئىدى. چۈنكى، يۇرەك پارىسى، خان ئوغۇل ئەلى ئارسلانخاندىن كېلىۋاتقان ئۈچۈرلار ئۇنى ئارامسىزلاندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ئۇدۇنلۇكلەرنىڭ ئاستانە ئوردۇكەنتنى مۇھاسىرىگە ئېلىشى ۋە ئۇزۇنغا سوزۇلغان تىركىشىش ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى سەۋەبلىك ئوردا خەزىنىسى بوشاپ قالغانىدى. تارىغچىلارنىڭ تۇرمۇشىدىن ئېغىز ئېچىشىمۇ تەس. شۇڭا، لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق ـ تۈلۈكسىز قېلىپ كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، ئوغلىغا پەقەت

مۇداپىئەدىلا تۇرۇپ، ھۇجۇم قىلماسلىق توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرگەنىدى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئىشلار يەنە ئۆز يولىغا چۈشۈپ، بوشىغان خەزىنە ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىغاندا، ياۋ يەنە ھۇجۇم قىلىشنى باشلىدى...

— غىزاغا چىقاملىكىن، ئالىيلىرى، — توساتتىنلا پەيدا بولغان ئاشچىبېشى بېشىنى يەردىن ئالماي تۇرۇپ پەس ئاۋازدا سورىدى، — يا داستىخاننى مۇشۇ يەرگىلا راسلايمۇ؟

— بولدى، كۆڭلۈم غىزا تارتىدىغاندەك ئەمەس، مېنى بىردەم ئارامىمدا قويۇڭلار...

— ئىلەل... — ئاشچىبېشى قولىنى قوۋۇشتۇرغان پېتى ئارقىچىلاپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى. خان ئۇنىڭ يېنىك چامداپ مېڭىشىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ قەسرىدىن چىقتى. ئاندىن يېقىنلا يەردىكى تال ـ باراڭلىق سۇپىغا كەلدى ـ دە، ئوتقاشتەك رەڭدار گىلەملەر ئۈستىگە سېلىنغان يېكەندازنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرۇپ، ئۇھسىنغان ھالدا يۇقىرىغا قارىدى. شۇ ئان ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ پىشقان ئۈزۈملەرگە ئولاشقان ھەرىلەرگە چۈشتى. ئۇ بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ئۈزۈم دانلىرىغا ئاۋۋال قونۇۋېلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان ھەرىلەرگە بىردەم قاراپ ئولتۇردى.

خان شۇ ھالەتتە نەچچىلىك ئولتۇردى، نامەلۇم، بىر چاغدا شىپاڭغا ئالدىراپ كەلگەن ئىشىكئاغىسى خاننىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭ دىققىتىنى بۇراش ئۈچۈن قۇرۇق يۆتەلدى. خان كۆزلىرىنى ھەرىلەردىن ئۈزۈپ، تۇرقىدىن جىددىيلەشكەنلىكى، ئالدىراشلىقى ئالدىراۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرىدىغان، چىرايىدىن ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئالامەتلەر كۆرۈلۈۋاتقان ئىشىكئاغىسىغا نەزىرىنى ئاغدۇرۇپ «نېمە ئىش؟» دېگەندەك تىكىلدى. ئىشىكئاغىسى دېمەكچى بولغان گېپىنى تاپالمايۋاتقاندەك خانغا قارىدى ـ يۇ، ئەمما بۇ ئىشنى كېچىكتۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، تولىمۇ پەس،

قايغۇلۇق ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— مەلۇم بولغاي، خان ئالىيلىرى، تېخى ھېلىلا قاغىلىق تەرەپتىن ئارقىش كەلدى. ئارقىشنىڭ ئېيتىشىچە...

— قانداقلا گەپ بولسا تولا تىلىڭىزنى چاينىماي، تېزرەك دەڭ... — دېدى خان ئۇنىڭ بىردىنلا گېپىنى يۇتۇۋەتكەنلىكىدىن تېرىكىپ.

— ئارقىشنىڭ دېيىشىچە، قوشۇنىمىز بامدات نامىزى ئۆتەۋاتقاندا بۇددىستلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىپتۇ. خان ئوغۇل... كاشغەرنىڭ ئىلىك خانى ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان ئۇ...ئۇ... شېھىتلىك ماقامىغا يېتىپتۇ...

تۇيۇقسىز سۈزۈك ئاسماندا چاقماق چاقىغاندەك، پۈتۈن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقاندەك بولدى. مۇسا بۇغراخان ھاڭۋاققان ھالدا ئىشىكئاغىسىغا قاراپ قالدى. ئىشىكئاغىسى بولسا خىتىلداپ يىغلاشقا باشلىغانىدى. بىردىنلا خاننىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. پۇت - قوللىرى بوشاپ لاسسىدە بولۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا يەنە ئىشىكئاغىسىنىڭ خۇددى يىراقتا، تولىمۇ يىراقتا سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرىمىز ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە جېنىنى ئەپقېچىپتۇ. باتۇر، جاسارەتلىك كىشىلىرى مەريەم خېنىم قادىنلار قوشۇنىدىكى ھەمشىرىلىرى بىلەن جەڭگە چۈشۈپ، قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ، ئەلى ئارسلانخان بىلەن ئوخشاش قىسمەتكە دۇچار بوپتۇ. ئۇرۇشتا تەكەباش سۇباشىمۇ، كۇلۇك تۇمەنبېشىمۇ شېھىتلىك مۇقامىغا يېتىپتۇ. قۇتلۇقتاش سۇباشى چېچىلىپ كەتكەن لەشكەرلەرنى يىغىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ياۋ كەلكۈن سۈيىدەك باستۇرۇپ كېلىۋەرگەچكە ئامالسىز چېكىنىشكە مەجبۇر بوپتۇ...

خان كۆكسىگە بىگىز سانجىلغاندەك ئازابلىنىپ بوشىشىپ كەتتى. كۆز ياشلىرىنىڭ مەڭزىنى بويلاپ چارلاشقان ساقاللىرى

ئارىسىغا سىڭىپ كېتىۋاتقىنىنى سەزمىگەندەك بىر نۇقتىغا تىكىلگەن هالدا ئولتۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا زېمىن چۆرگۈلەۋاتقاندەك، پۈتۈن كائىنات قاراڭغۇلۇق قوينىغا غەرق بولغاندەك تۇيۇلاتتى. شۇ هالەتتە خېلى كۆپ ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ئۆرە تۇرىۋېرىپ پۇتلىرى تالغان ئىشىكئاغىسى ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

— خان ئالىيلىرى، ئۆزلىرىچە بۇ ئىشنى...

مۇسا بۇغراخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىشىكئاغىسىغا قارىدى:

— هە...

— ئۆزلىرىچە...

مۇسا بۇغراخان ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى:

— ياۋ هازىر قەيەردە ئىكەن؟

— ئارقىش بۇ تەرەپكە ماڭغاندا، قاغىلىقنىڭ چېگراسىدىن ئۆتۈپ ياركەند تەرەپكە كېلىۋاتقانىكەن. هازىر شۇ دىيارغا يېقىنلىشىپ قالدىمىكىن...

خان بىردىنلا چېشىنى گىرىچلاتتى ۋە بۇيرۇق قىلدى:

— تېز... تايانغۇ كېڭەشىدىكىلەرنىڭ هەممىسى هايالشىمايلا هۇزۇرۇمغا داخىل بولسۇن!...

— ئىلەل، ئالىيلىرى...

مۇسا بۇغراخاننىڭ خانلىقنىڭ چوڭ - چوڭ ئىشلىرىنى كېڭەش قىلىدىغان خاس هۇجرىسىغا تايانغۇ كېڭەشىدىكىلەرنىڭ هەممىسى توپلاندى. تۆردە ئولتۇرغان مۇسا بۇغراخان ئۆزىنى تۇتۇۋالغان هالدا كېڭەش ئەھلىگە ئالدىرىماي قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇنداق چوڭ ئىشلار قارار قىلىنىدىغان سورۇنغا تۇنجى قېتىم قاتنىشىۋاتقاچقا، تارتىنغان هالدا ئولتۇرغان جىيەنى ئەبۇ هارۇن هەسەنگە كەلگەندە خېلى ئۇزاق قېتىپ قالدى.

— گەپنى ئۇزارتىپ ئولتۇرمىساممۇ، قاراڭئۆتەڭدە بولغان پاجىئەدىن هەممىڭلار خەۋەر تاپتىڭلار. بۇ ناهايىتى

ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولدى. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قېلىۋاتىمەن. يىراق، هازىر كۆز يېشى قىلىپ، ۋاقىت ئىسراپ قىلىدىغان چاغ ئەمەس. بۇددىستلار سۇر ــ ھەيۋە بىلەن بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئەلنى قىرغىن قىلماقچى، قاراخانىيلار خانلىقىمىزنى غۇلاتماقچى. شۇڭا، ئەمدى يەنە ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. گەپنى بەك سوزمايلى، قانداق قىلىش ھەققىدە ھەركىم ئۆز ئويلىغىنىنى ئېيتىپ باقسۇن!

كېڭەش ئەھلى جىمىپ كېتىشتى. ئۇلار ئەسلىدە ئىشىككىغىسى ئارقىلىق بۇ خەۋەرنى تاپشۇرۇۋالغاندا، مۇسا بۇغراخان يۇرەك پارىسى، كاشغەرنىڭ ئىلىك خانى ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى قانداق ئۆزىتىش ھەققىدە مەسلىھەت بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا، ھەممەيلەن بۇ گەپتىن تۇيۇقسىزلىق ھېس قىلغاندەك بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. خېلى ئۇزاققىچە ھۇجرىدىن ئېغىر ـ يېنىك خورسىنىشلاردىن باشقا سادا چىقمىدى. خان سەل تېرىككەندەك ئەلپازدا ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

ــ كىمنىڭ ئاقىلانىرەك مەسلىھەتى باركىن؟

ــ دېگەنلىرىنى چۈشىنىپ ئولتۇرۇۋاتىمىز، ــ دېدى چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ئاغىچى خىڭىلداپ سۆزلەپ، ــ ئۆزلىرى دېگەندەك ئەمدى بىزگە ئىككىلىنىشنىڭ ئورنى يوق. بىز ئۇل بۇددىستلارنى يوقاتمىساق، ئۇلار بىزنى يوقىتىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئوردۇكەنتكە يېقىنلاشقۇچە دەرھال ئالدىنى توسۇپ زەربە بەرمەك زۆرۈردۇر!

ــ مەنمۇ شۇنداق ئويىدىمەن، ــ دېدى ئىلىك ھاجىپمۇ دەرھاللا، ــ ئۇلارغا تېزلىكتە لەشكەر تارتماقتىن ئۆزگە يول يوقتۇر...

ــ توغرا گەپ...

ــ ھەق سۆز، شۇنداق قىلماق زۆرۈر...

باشقىلارمۇ ئوخشاش سۆزلەرنى تەكرارلاشتى. بىر چاغدا ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدىن باشلاپ كۆپ جەڭلەرگە قاتنىشىپ قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن ئاق چاچلىق تۇمەنبېشى پەس ئاۋازدا يۆتەلدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا بۇرالدى:

— ئوبدان مەسلىھەتلەر بولدى. ياۋنى ئوردۇكەنتكە يېقىن كەلتۈرمەسلىكىمىز لازىمدۇر. شۇڭا، ئەلنى تېزدىن سەپەرۋەر قىلىپ، قانچىلىك ئېغىر بەدەل تۆلىسەكمۇ، ئۇلارنى ياركەند، يېڭىسار تەرەپلەردە توسمىساق بولمايدۇ.

مۇسا بۇغراخان بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى:

— بەرھەق، ئەمدى قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرساق بولمايدۇ! كاشغەرنىڭ ئىلىك خانى ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان، تەكەباش سۇباشى، كۇلۇك تۇمەنبېشىلار قارائۆتەڭدە شېھىتلىك مۇقامىغا يەتتى. ھازىر پەقەت قۇتلۇقتاش سۇباشىلا ياۋ بىلەن ئېلىشىۋاتىدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە، ئوردۇكەنتتىن يەنە ئىككى تۇمەن لەشكەرنى تۇمەنبېشىلىرى بىلەن ماڭدۇرساق، ئەبۇ ھارۇن ھەسەن ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئورنىغا كاشغەرنىڭ ئىلىك خانلىقىغا تەيىنلىنىپ، «ئارسلانخان» مەرتىۋىسى بىلەن ئىككى تۇمەنبېشىنى ئېلىپ يولغا چىقسا قانداق بولار؟

خاننىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن تەڭ ئاغىچىنىڭ خىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— خان ئالىيلىرىنىڭ سۆزى ئورۇنلۇق. ئەمما، ئەلى ئارسلانخاننىڭ باللىرى...

— بۇ تەرىپىنى مەنمۇ ئويلىدىم. ئەمما، ئەلى ئارسلانخاننىڭ باللىرى تېخى كىچىك. ئۇلار بۇنداق مەسئۇلىيەتنى ئېغىر ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئاۋۋال چوڭ بولۇپ، ئەلەم ۋە قەلەم ماھارىتىنى پۇختا ئىگىلىسۇن. بۇ ئىشلارنى شۇ ۋاقىتتا ئويلىشايلى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەبۇ ھارۇن ھەسەن گەرچە ئىنىم سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى بولسىمۇ،

مەيلى لەشكىرىي ئىلىمدە بولسۇن، مەيلى دىنىي ئىلىمدە بولسۇن خېلىلا كامالەتكە يەتكەن... قايسىسى ئىلىك خان بولسۇن، بەربىر قېرىنداش. شۇڭا، ھازىرقى رېئاللىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ئەبۇ ھارۇن ھەسەن كاشغەرنىڭ ئىلىك خانلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئارسلانخانلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئۇدۇن بۇددىستلىرىغا جازا يۈرۈشى قىلغىنى ياخشى... بۇ قارار سىزنىڭچە بولىدىغاندۇ، ئوغلۇم؟

كېڭەش باشلانغاندىن بېرى ئۆزىنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇ يەرگە چاقىرتىلغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ئولتۇرغان ئەبۇ ھارۇن ھەسەن خاننىڭ تۇيۇقسىز سوئالىدىن تېڭىرقاپ قالدى.

— ...

— نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن، ئوغلۇم؟

ئەبۇ ھارۇن ھەسەن خانغا قارىدى. ئۇنىڭ ئۈمىد، ئىشەنچ، ئىلتىجا بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىنى كۆرۈپ تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەر بار سورۇندا يەنە ئىككىلىنىپ ئولتۇرسا بولمايدىغانلىقىنى سېزىپ، لىككىدە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بۇغراخانغا تەۋازۇ بىلەن ئېگىلگەندىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— خان ئالىيلىرىنىڭ مەندىن كۈتىدىغان ئۈمىدى شۇنداق بولسا، يارلىقلىرىنى جان دەپ قوبۇل قىلىمەن! خانلىقىمىزنىڭ ئۇل ئەغيارلىرىنى توسۇپ، ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخان ئاكام ۋە باشقا سەركەردە ـ سەرۋازلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن!

بۇغراخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەسلەپ كۈلۈمسىرىدى، كېيىن بىردىنلا كۆزلىرىگە لىممىدە ياش ئالدى. شۇ ھالەتتە بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قايغۇلۇق، تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئېغىز ئاچتى:

— ياخشى... ئەسلى قائىدە بويىچە ئارسلانخانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ۋاقتىڭدا كاتتا مەرىكە ئۆتكۈزۈپ قۇتلۇقلىساق بولاتتى. بىراق، ھازىر مەنلا ئەمەس، پۈتۈن ئەل ماتەمدە، ياۋ قىلىچىنى بىلەپ يوپۇرۇلۇپ كەلمەكتە. ھازىرچە بۇ

ئىشلار گەدىنىمدە قەرز بولۇپ تۇرسۇن. ياۋنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ قۇتلۇقلارمىز...
— ئىلەل، خان ئاتا!
— ئەمىسە ئەتىلا يولغا چىققىن...
— باش ئۈستىگە، يارلىقلىرىغا پەرمانبەردارمەن... — ئەبۇ هارۇن ھەسەن ناهايىتى تېزلىكتە چېرىكچە سالام بەردى.
— باشقىلارمۇ ئۆز دائىرەڭلەردىكى ئىشلارنى دەرھال تاماملاپ، ئەبۇ ھارۇن ھەسەن ئارسلانخاننىڭ باشچىلىقىدا ئاتلىنىشقا تەل بولۇڭلار! ھېچكىم سۆرەلمىلىك قىلىپ، ئىشنى ئاقسىتىشقا سەۋەب بولۇپ قالمىغاي!
— خاتىرجەم بولسىلا، خان ئالىيلىرى!...
— يارلىقلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلايمىز.
— ئەمىسە ھەممىڭلار ئۆز ئىشىڭلارغا كىرىشىڭلار! — مۇسا بۇغراخان «كېڭەش تامام» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. كېڭەش ئەھلى ئورنىدىن تۇرۇشتى. شۇ ئەسنادا ئىلىك ھاجىپ ئېغىز ئاچتى:
— ئەلى ئارسلانخاننىڭ مېيىتىنى ئوردۇكەنتكە ئەكېلەمدۇق، ئالىيلىرى؟
بۇ گەپ بىلەن تەڭ ھەممەيلەن «بۇغراخان ئالىيلىرى نېمە دەركىن؟» دېگەندەك ئۇنىڭ چىرايىغا قاراشتى. مۇسا بۇغراخاننىڭ چىرايى يەنە قايغۇلۇق تۇس ئالدى ـ دە، ھازىرلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئۇمچەيدى. بەدەنلىرى سۇس تىترەپ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى لىكىلداپ كەتتى.
— شۇنداق قىلايلى... مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ مېيىتىنى ئەكەلدۈرەيلى. ئەمما، بۇ ئىش بەك داۋراڭ قىلىنىپ كەتمىسۇن... قالغان ئىشلار ئۆز لايىقىدا بولسۇن!
— ئىلەل، خان ئالىيلىرى...
تايانغۇ كېڭەشچىلەر چىقىپ كېتىشتى. يالغۇز قالغان

مۇسا بۇغراخان بوشاشقان ھالدا يېكەنداز ئۇستىدە يۈكۈندى ـ دە، خۇددى كىچىك بالىدەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.
ئەتىسى كۈن چاشكا بولغاندا ئەبۇ ھارۇن ھەسەن ئارسلانخان ئىككى تۈمەن لەشكەر بىلەن يولغا چىقتى. بىرنەچچە كۈن ئالدىراش لەشكىرىي يۈرۈشتىن كېيىن ئۇدۇن قوشۇنلىرىغا يېقىنلىشىپ، سەپ تۈزدى. بۇ چاغدا قۇتلۇقتاش سۇباشىمۇ بۇغرا قوشۇنلىرىغا قوشۇلۇپ بولغانىدى. قارىمۇقارشى ئىككى قوشۇن خۇددى قارىمۇ قارشى ئىككى ئېقىن سوقۇلغاندەك بىر ـ بىرىگە كۈچلۈك سوقۇلدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئالدىن جەڭگە كىرگەن لەشكەرلىرى كەينىگە قاڭقىپ، جەڭ مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن قۇلاقنى پاڭ قىلىدىغان شاۋقۇن ـ سۈرەن بىلەن قويۇق چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. گىرەلەشمە جەڭ شۇنچىلىك دەھشەت ۋە ئۇزاق داۋام قىلدىكى، جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى...
ياغلاقار قالۇ خان بۇ قېتىم بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە سەلدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان رەقىبىگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى تەن ئېلىپ، ئامان قالغان ئازغىنا لەشكىرى بىلەن زاۋا ئۆتىڭىگە چېكىندى. ئاندىن لەشكەرلىرىنىڭ يېرىمىدىن ئارتۇقراقىنى زاۋانى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى يۇرتخان شەھىرىگە چېكىندى. قاراخانىيلار قوشۇنى ياۋنى قوغلاشنى توختىتىپ، نەچچە يىل ئىلگىرى قولدىن كەتكەن قاغىلىقتىكى قارارگاھىنى قايتىدىن قولىغا ئالدى. بۇ قېتىملىق دەھشەتلىك جەڭ توغرىسىدا تارىخچى، شائىر موللا ھاجى مۇنداق قۇرلارنى يۈتتى:

ئەگەر كۆرسە دوستۇم چۈشىدە بۇ جەڭ،
سۇ بولغاي ئىدى، زۆھرەسى بى دە رەڭ[①].

① يەشمىسى: ئەگەر دوستۇم بۇ جەڭنى چۈشىدە كۆرگەن بولسىمۇ، قاتتىق قورققىنىدىن يۈرىكى سۇ بولغان بولاتتى.

## 15

چىڭقىچۇش بولمايلا ھاۋا تونۇردەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. بىپايان ئاسمان سەتھىدە ئېسىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان قۇياش زېمىندىكى جىمى مەۋجۇداتنى قىزدۇرۇپ، كۆيدۈرۈپ تاشلىماقچىدەك ئوت پۈركۈيتتى. دەرەخلەرمۇ قېتىپ قالغاندەك، ئەبەدىي ئۇيقۇغا كەتكەندەك جىممىدە ئىدى. ئەمما، مۇشۇنداق پىژغىرىم ئىسسىقتا ئوردۇكەنت كوچىلىرىدىكى ئادەملەر باشقا كۈنلەردىكىدىن كۆپ ئىدى. ئۇلار بىرنەچچە كۈندىن بۇيان پەيدا بولغان گەپ - سۆزلەرنى بىر - بىرىگە يەتكۈزۈشۈپ، ئۆزئارا مۇلاھىزە قىلىشاتتى.

— ھوي، ئاڭلىدىڭلارمۇ، ھارۇن بۇغراخان ئوردىسىنى بالاساغۇنغا كۆچۈرىدىكەن!

— ئاڭلىماي قالامتىمكى، بۇ گەپلەر كوچا - كويلارغا چىققىلى بىرنەچچە كۈن بولغان تۇرسا...

— راست شۇنداق قىلارمۇ؟

— قىلمامتىكى... ئەگەر ھارۇن بۇغراخاننىڭ بالاساغۇندىكى قىزئوردۇغا كۆچكۈسى كەلمىگەن، بۇ ھەقتە مەخسۇس كېڭەش ئۆتكۈزمىگەن بولسا، بۇ گەپلەر كوچا - كويلاردا ئېقىپ يۈرەرمىدى!...

— راست دېدىڭ. ئوردىدا بۇ ھەقتە ئاللىقاچان كېڭەش بولغانىمىش. كېڭەشكە قاتناشقان ئاكابىر - ئەشرەپلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى «بۇ ئوردىنى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىنا قىلغان. ئەمدى ئۆزلىرى بالاساغۇنغا كۆچۈرۈپ كېتىمەن دېمىگەيلا، ئوردا كاشغەر دىيارىدا تۇرىۋەرگەي! ئەگەر بالاساغۇن تەرەپلەرگە بارغۇلىرى بولسا بېرىپ - كېلىپ تۇرسىلا» دېگەنىمىش. ئەمما، ھارۇن بۇغراخان ئۇلارنىڭ گېپىگە زادى قۇلاق سالماپتۇ. ھەتتا تېخى: «مەن بىلەن بالاساغۇنغا بارغۇلىرى

بولمىسا ئوردۇكەنتتە قېلىشىسلا، مەن ھەرقايسىلىرىنى زورلىمايمەن» دېگەنىمىش.

— توۋا، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئوردىنى راستلا ئاشۇ يىراق جايغا كۆچۈرەرمۇ؟! قارىغاندا ھارۇن بۇغراخان قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئوخشايدۇ.

— «قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئوخشايدۇ» دېگىنىڭ نېمىسى؟ ھۆكۈمدار دېگەننىڭ بىر ئېغىز سۆزى يادىن ئايرىلىپ بولغان ئوققا ئوخشايدۇ. ئېغىزىدىن چىققانىكەن، دېگىنىنى قىلماي قويمايدۇ.

— ئۇغۇ شۇ. ئەمما، كېتىمەن دەپلا كەتسە، قاراخانىيلارنىڭ ئۇزاق يىللاردىن بېرى زور تىرىشچانلىق بىلەن بىنا قىلغان ئوردا ـ سارايلىرى، خانلىق مەدرىسە، كۇتۇپخانىلىرى، قازىخانا ۋە باشقا ئىمارەتلىرى تاشلىنىپ قالارمۇ دەيمىنا؟

— بۇ تەرىپىدىن غەم يېمە، ئەخمەق. ھۆكۈمدار دېگەن سەن بىلەن مەندەك بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەيدىكەن. يىراقنى كۆرىدىكەن، يىراقنى... ھارۇن بۇغراخان يۇسۇپ قادىرخاننى بىزگە ئىلىك خانلىققا تەيىنلەپ «ئارسلانخان» مەرتىۋىسىنى بېرىپتۇ.

— يۇسۇپ قادىرخان دېگىنى قايسى ئەمدى؟

— بۇرۇن بۇددىستلار ئوردۇكەنتنى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالغاندا، ئاتايىن بالاساغۇندىن كېلىپ كاپىرلار بىلەن ئېلىشقان...

— ھە... ھە... ئاڭلىغان، مانا ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. ئۇ ئادەم ئەلەمدىمۇ، قەلەمدىمۇ يېتىلگەن كاتتا زات ئىمىش ـ ھە؟...

— بۇ تەرىپىگە قىل سىغمايدۇ. ھازىر خانلىقىمىزدىكى بېكەچ[1]لەر ئىچىدە يۇسۇپ قادىرخاندەك ھەممە جەھەتتىن يېتىلگەنلىرى ئاز. ئاڭلىشىمچە، ئۇ ئۆزىمۇ كەمتەر، كىچىك

① بېكەچ — خان ئوغۇللىرى (تېگىنلەر)نىڭ لەقىمى.

پىئىل ئادەم ئىمىش!...
— راست، مەنمۇ بۇرۇن بۇ گەپنى بىرسىدىن ئاڭلىغانىدىم.
— ھەي ئىسىت، شۇنداق قىلىپ ھارۇن بۇغراخان ئوردىدىكى ئاكابىر - ئەشرەپلەرنى ئېلىپ بالاساغۇنغا كۆچۈپ كېتىدىكەن دەڭلار.
— كۆچۈپ كەتمەي... ئاڭلىسام، خان بىرنەچچە كۈن ئىچىدە بالاساغۇنغا سەپەر قىلىدىكەن. بۈگۈن ئاتايىن ئاتۇش مەشھەتكە بېرىپ ئۇلۇغ بوۋىسى بىلەن بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلىغىلى كېتىپتۇ. قارىغاندا ئەتە - ئۆگۈن ئىچىدە سەپىرىنى باشلىسا كېرەك...
ھەممەيلەن بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تۈيغۇلىرى تولىمۇ مۇرەككەپ، كۆڭلى ئىنتايىن پاراكەندە ئىدى. ئوردۇكەنتتىكى جىمى ئادەم — يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئېغىزىدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مۇشۇ گەپ ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىچە ئاللىقانداق ئىشلارنى پەرەز قىلىشاتتى، مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشاتتى. ھارۇن بۇغراخاننىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق چوڭ قارارنى چىقارغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ، تېگىگە يەتمەكچى بولۇشاتتى. بىراق، «ھەر كاللىدا ھەر خىيال» دېگەندەك، ھەربىر كىشىنىڭ خىيالى، ئويلىغىنى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ مۇسا بۇغراخاننىڭ نەچچە كۈن ئاۋۋال تۇيۇقسىزلا ئوردىنى بالاساغۇندىكى قۇزئوردۇغا يۆتكەش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگىنى راست ئىدى. ئاشۇ چاغدا ھارۇن بۇغراخان بۇ قارارنى ئېلان قىلغاندا، ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيرانلىقتا ئېغىزىنى ئاچقىنىچە داڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىشقانىدى. خان ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقتا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ ئىشنى تېزلىكتە روياپقا چىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتقاندىن كېيىنلا، ئاندىن قاباھەتلىك چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىشقاندەك ئوردىنى يۆتكىمەسلىك ئۈچۈن ھارۇن بۇغراخانغا نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى بېرىشكەن، خېلىلا

ئورۇنلۇق سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ ئۇنى نىيىتىدىن ياندۇرماقچى بولغانىدى. ھالبۇكى، خان ھېچكىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. ھەتتا خانىشمۇ ئۇزاق يىللاردىن بېرى بىر ياستۇقتا باش قويۇپ كەلگەن خاننى بۇرۇن كۆرۈپ باقمىغاندەك، دەسلەپ چىرايىغا ئۇزاق تىكىلىپ ئولتۇردى، ئاندىن خۇددى كەپتەر باچكىسىدەك بوغۇلۇپ ـ بۇقۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ، خاندىن بۇ نىيىتىدىن يېنىشنى ئۆتۈندى. خان دەسلەپتە خانىشقا چىرايلىق چۈشەندۈردى. ئەمما، خانىش گېپىدە چىڭ تۇرغانسېرى خانمۇ بىردىنلا جۇۋىسىنى تەتۈر كىيدى ـ دە، ئەگەر ئۆزى بىلەن بىللە بالاغۇنغا بارغۇسى بولمىسا، كاشغەردە قالسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭغا خاپا بولۇپ قالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ گەپنى ئۈزۈۋەتتى. شۇنداق قىلىپ ھېچكىم خاننى نىيىتىدىن ياندۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ ئېغىز ئېچىشتىن يالتىيىشتى.

ئەنە شۇ كۈنىدىن باشلاپ ئوردىدىكى ھەممە ئادەم بالاغۇنغا كۆچۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئېغىز غەم ـ قايغۇلارغا پاتقانىدى، يۈرىكىنى ئاللىقانداق ئىزتىراپلىق تۇيغۇلار غاجىلايتتى. شۇنداقتىمۇ، خاننىڭ يارلىقىغا بويۇنتاۋلىق قىلسا ئاقىۋىتىنىڭ ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلگەچكە، نائىلاج ھالدا لېۋىنى چىشلەشكە مەجبۇر ئىدى. ئەمما، ھارۇن بۇغراخان ئوردا ئەركانلىرىنىڭمۇ، خانىشنىڭمۇ تۇتۇلغان چىرايىنى كۆرمىگەندەك ھەر ۋاقىت زۆرۈر يارلىقلارنى بېرىپ تۇراتتى. مانا بۈگۈنمۇ بامدات نامىزىنى تۈگىتىپلا ئاتۇشقا بوۋىسى ۋە ئۇلۇغ بوۋىسىنىڭ قەبرىسى جايلاشقان مەشھەتكە بارىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ھەممەيلەن «ھېچ بولمىسا تونۇگۇن كەچلەردە خەۋەرلەندۈرۈپ قويسىچۇ كاشكى» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇندىمەستىن جىددىي تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقىشقانىدى.

ھاۋا بارغانسېرى قىزىشقا باشلىدى. قۇياش نۇر ئەمەس، ئوت پۈركۈيتتى. ئاتۇشقا بارىدىغان يولدا كېتىۋاتقان ھارۇن بۇغراخاننىڭ قورۇقچى قوشۇنى ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن تولىمۇ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. شۇ تاپتا قىلچە شامال بولمىغاچقا، ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ياياق لەشكەرلەرنىڭ قولىدىكى خانلىقنىڭ توققۇز شاخلىق تۇغىمۇ تۇغ سېپىغا يۆگىلىپ قالغانىدى. يۇرتۇغلارنىڭ ھىمايىسىدە جەدە ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقان ھارۇن بۇغراخان بولسا پات ـ پات ئەتراپقا قاراپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمىسىمۇ، جىددىي تۇرقىدىن، قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان چىرايىدىن ئاللىقانداق مۇھىم ئىشلارنى پىلانلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. ئۇنىڭ يېنىدىلا كېتىۋاتقان ئوردىدىكى ئاكابىر ـ ئەشرەپلەرمۇ ئات ئۈستىدە ئېزىلىپ ئولتۇرۇشۇپ، يېنىك پۇشۇلداشقىنىچە يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەر تامچىلىرىنى ئېرتقاچ، خانغا يەر تېگىدىن قاراپ قويۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ قارىشىدىن ئىلتىجامۇ، قېيىداشمۇ، خۇشامەتمۇ چىقىپ تۇراتتى. ھالبۇكى، خاننىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇمۇ باشقىلارغا ئوخشاشلا چىرايىدىكى تەر تامچىلىرىنى پات ـ پاتلا چەت ـ چۆرىسىگە ئەمدىلا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان گۈللەرنى مەشۇت يىپ بىلەن تولىمۇ سىپتا، چىرايلىق قىلىپ كەشتىلەنگەن قول ياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ، تاش ـ شېغىللىق سايغا قارىغىنىچە ئات ئۈستىدە ئېزىلىپ ئولتۇراتتى.

ناھايەت، كۈن غەربكە قىيسايغاندا لەشكەرلەرنىڭ كۆزلىرىگە يىراقتىن بىر يېشىللىق كۆرۈندى. بۇنى كۆرۈپ ئۇلار بىردىنلا جانلاندى، ياق، ئۇلارلا ئەمەس، خانمۇ، ئوردىدىن خانغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئاكابىر ـ ئەشرەپلەرمۇ، يۇرتۇغلارمۇ جانلاندى. ئۇلار ئاشۇ قارىيىپ كۆرۈنگەن يېشىللىققا قاراپ قەدەملىرىنى ئىلداملاتتى. ئۇلار كۆرۈنگەن ئاشۇ يېشىللىققا يېقىنلاشقاندا، ئالدى تەرەپتە بىر توپ كىشىلەر پەيدا بولدى ـ دە، رىتىملىق، ۋەزمىن

ھالدا ناغرا ئۇرۇشقا باشلىدى. ھارۇن بۇغراخان دەرھال ئېتىدىن چۈشۈپ پىيادە ھالدا ئۆزىنى قارشى ئېلىۋاتقانلار تەرەپكە ماڭدى.

باياتىن بېرى يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تۇرۇپ خاننىڭ يولىغا ئىنتىزار بولغان يۇرت كاتتىلىرى، دىنىي ئۆلىمالار ۋە تارىخچىلار ھارۇن بۇغراخانغا سالام بېرىشتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ھارۇن بۇغراخان ئالىيلىرى! پايى قەدەملىرىگە مۇبارەك بولغاي!...

ھارۇن بۇغراخان ئۇلارغا قاراپ، يۈرىكى شۇررىدە ئېرىگەندەك، تومۇرلىرىدىكى قانلار دولقۇن ياساپ كۆۋەجىگەندەك بولدى ـ يۇ، تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ سالىمىغا جاۋاب قايتۇردى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! ھەممىڭىزگە ياخشى كۈنلەر نېسىپ بولسۇن!

ھارۇن بۇغراخان قارشى ئېلىشقا چىققۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چاچ ـ ساقاللىرى ئاقارغان، چىرايىدىن مېھرىبانلىق، ساپ دىللىقى تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك كۆرۈنىدىغان، كۆزلىرى يوغان، بېشىغا ئاق يىپەكتىن يارىشىملىق سەللە ئورىۋالغان بوۋاينىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئېھسەنلىك سورىدى. شۇ ھامان بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن ياش تاراملىدى.

— بولدى، شەيخ ئاتا، كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا، سىلى كۆز يېشى قىلسىلا، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بوزۇلۇپ قالىدىكەن، — دېدى ھارۇن بۇغراخان.

بوۋاي جاۋاب بېرىش ئورنىغا بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى ـ دە، تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، توپىتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ئاندىن تەۋازۇ بىلەن سەل ئېگىلىپ دېدى:

— قېنى ئالىيلىرى، مەرھەمەت!

— قېنى ئاۋۋال ئۆزلىرى، شەيخ ئاتا! — دېدى خان سەل ئېگىلىپ.

بۇ شەيخنىڭ ئىسمى ئابدۇلمۆمىن ئىدى. ئۇنىڭ بوۋىسى

سۇلتان ساتۇق بۇغراخان ئەينى دەۋرلەردە ئاتىسى ئوغۇلچاق بۇغراخاننىڭ جەستىنى بالاساغۇندىن مەشھەتكە يۆتكەپ كېلىپ يەرلىككە قويغاندا بۇ مازارنىڭ شەيخلىككە تەيىنلەنگەنىدى. كېيىن شەيخلىك ئۇنىڭ ئاتىسىغا، ئاندىن ئۆزىگە قالدى. يىللار ئېقىپ سۇدەك ئۆتۈپ، بىر چاغلاردىكى شوخ، گەپدان ئابدۇلمۆمىنگە مانا ئەمدى قىرىلىق يەتكەنىدى. ئابدۇلمۆمىن شەيخ ئۆزى قارايدىغان بۇ مازارغا دەپنە قىلىنغان قاراخانىيلار خان جەمەتى كىشىلىرىنىڭ قاچان، قايسى كۈنى ئانا زېمىن باغرىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى قىلچە تەمتىرىمەي، نۇقسانسىز ئېيتىپ بېرەلەيتتى. شۇڭىمۇ خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ خېلىلا ئابرۇيى يۇقىرى ئىدى. يەنە كېلىپ مەيلى خان، مەيلى ئارسلانخان، بەگ، چەلەر بولسۇن، ھەر قېتىم ئاتا – بوۋىلىرىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىغىلى ئوردۇكەنتتىن ئاتۇش مەشھەتكە چىققاندا ئۇ ھەمراھ بولاتتى. ھارۇن بۇغراخانمۇ ئەقلىگە كەلگەندىن بۇيان ئابدۇلمۆمىن شەيخ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇچراشقانىدى. تېخى نەچچە ئاي ئىلگىرى خانلىق تەختىگە بەرقارار بولۇپ، ھەپتە ئۆتمەيلا بۇ يەرگە كېلىپ ئەجدادىنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلىغان، يۇرتقا كاتتا نەزىر بەرگەنىدى. ئاشۇ چاغدا ئابدۇلمۆمىن شەيخ ھارۇن بۇغراخاننى تولىمۇ ئىززەت – ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالغانىدى، خانمۇ ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كۆڭۈللۈك مۇڭداشقانىدى. ئەمما، بۇ قېتىم نېمىشقىكىن شەيخ ئۆزىنى تۇتۇۋالمايلا قىلىۋاتاتتى، كۆز يېشى ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ماغدۇرسىزلانغان قەدەملىرىنى تەسلىكتە يۆتكىدى. خانمۇ ئۇنىڭغا سوغداشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەلەمدارلار، سىپاھلار، يۇرتۇغلار ئەگەشتى.

— قېنى خان ئالىيلىرى، ئاۋۋال ئازراق ئۇسسۇلۇق ئىچكەچ، سەل ئارام ئېلىۋالسىلا، ئاندىن تۇپراق بېشىغا بارايلى، — دېدى ئابدۇلمۆمىن شەيخ ئەتراپى قويۇق ئورمانلىق بىلەن قاپلانغان،

هاۋاسى ئادەمگە ھۇزۇر ئاتا قىلىدىغان يەرگە كەلگەندە ئاللىقاچان گىلەملەر سېلىنغان ئېگىزرەك يەرنى ئىشارە قىلىپ. خان قويۇق دەرەخلىك ئاستىغا سېلىنغان گىلەمگە بېرىپ ئولتۇردى. ئابدۇلمۆمىن شەيخ ۋە باشقا ئەكابىرلارمۇ ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئالدى. ھەممە جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، خان دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئامىن...

دۇئادىن كېيىن يەنە بىر قېتىم ئامان - ئېسەنلىك سوراشتى. ئاندىن ساھىبخانلاردىن بىرسى قولغا سۇ بەرگەندىن كېيىن داستىخان سېلىندى. داستىخان بىردەمدىلا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدىغان تونۇر كاۋىپى، شورپا، توخۇ گۆشى، كەپتەر باچكىسى، يۇزىگە سىيادان سېپىپ يېقىلغان ھەمەك - توقاچلار، مۇزدەك دوغاپلار بىلەن تولدى. سەپەرچىلەرنىڭ قورسىقى تازا ئاچقان بولغاچقا، تەكەللۇپ، زورلاشلارسىزلا تائامغا تۇتۇش قىلدى. ئۇلار قورساقلىرىنى ئوبدانلا ئەستەرلەپ مۇزدەك دوغاپلارنى ئىچىپ، دۇئا قىلغاندا ھاردۇقلىرى كۆتۈرۈلۈپ، پىژغىرىم ئىسسىقتا تارتقان ھەرەجلىرى ئۇنتۇلغاندەك بولدى.

— ماڭايلىمىكىن... — دېدى خان ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن تۇغچى، يۇرتۇغلارنىڭمۇ ئاللىقاچان غىزالىنىپ، ئۇسسۇلۇق ئىچىشىپ بولۇپ پاراڭغا چۈشۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، — ھازىر ھاۋا خېلى سەگىگەندەك قىلىدۇ، كەچ قالمايلى يەنە...

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى، شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئابدۇلمۆمىن شەيخمۇ باش ئېگىپ.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئىككى تەرىپىدە سۆۋادان تېرەكلەر، دوڭغاق جىگدە - سۆگەتلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان توپىلىق يولغا چۈشتى.

— ئاتلىرىنى مىنىۋالسىلا، خان ئالىيلىرى، — دېدى

ئابدۇلمۆمىن شەيخ خانغا كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا.

— قەبرىستانلىق ئانچە ئۇزاق بولمىغاندىكىن ياياق بارايلى، — دېدى خان.

— ئوبدان... — دېدى شەيخ سۆيۈنگەندەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ.

ئۇلار ياندىشىپ ماڭدى. شەيخنىڭ خاندىن يېقىندىن بۇيان ئاڭلىغان گەپلەرنىڭ راست ـ يالغانلىقىنى سورىغۇسى بولسىمۇ، ئەمما جۈرئەت قىلالمىدى. خان بولسا ئويچان قىياپەتتە ئەتراپقا قاراپ قويغاچ يولنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇلار كۆپ ماڭمايلا قەبرىستانلىققا كەلدى. شەيخ قەدىمىنى ئاستىلىتىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى. خانمۇ، ئوردىدىكى ئەلەمدار، قەلەمدار، سىپاھلارمۇ، يۇرت بەگلىرىمۇ، تۇغچى، يۇرتتۇغلارمۇ ئورنىدا توختاپ دۇئا قىلدى. خان دۇئا قىلىۋېتىپ سىنچىلاپ قەبرىلەرگە قارىدى ۋە تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بىر خىل تۇيغۇلارغا چۆمۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. راست، خان بۇ يەرگە ھازىرغىچە قانچە قېتىم كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئەمما، ھەر قېتىم كېلىپ ئاشۇ قەبرىلەرگە قارىسىلا، بىر چاغلاردا تاغىسى مۇسا بۇغراخان ئېيتىپ بەرگەن ھېكايەت ئېسىگە چۈشەتتى: «ئاتام ساتۇق بۇغراخان سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇپ خېلى يىللاردىن كېيىن، چوڭ ئانام — بوۋام بازىر ئارسلانخاننىڭ ئايالى خانىش تەركىن خاتۇننىڭ ئارزۇسى بويىچە بازىر ئارسلانخاننىڭ يەرلىكىدە قويۇلۇپ بولغان جەسىتى بالاساغۇندىن ئاتايىن يۆتكەپ كېلىنىپ مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانىكەن. موماممۇ ۋەسىيىتىگە بىنائەن مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنىپتۇ. كېيىن خان جەمەتىدىكىلەر قازا قىلسىلا مۇشۇ مازارغا دەپنە قىلىنىدىغان بوپتۇ. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. بۇ مازارغا يەرلىككە قويۇلغانلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئاۋۇپ بېرىپتۇ، شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دادامنىڭ چۈشىگە ئانىسى كىرىپ قاپتۇ. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، بىر توپ يۇرتتۇغلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەمراھلىقىدا قاتتىق بورانغا قارىماي ئۇدۇل مۇشۇ مازارغا قاراپ يول ئاپتۇ. مازارغا كەلگىنىدە بوران ئاز ـ تولا پەسەيگەنىكەن. ئاتام مازارغا كېلىپ قارىسا، ھەممە يەر تۈپتۈز تۇرارىمىش. دادام قەيەردە ئولتۇرۇپ ئانىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، مازارغا قارايدىغان شەيخ يېتىپ كەپتۇ ـ دە، خانىش تەركىن خاتۇننىڭ قەبرىسىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئاتام ساتۇق بۇغراخان شەيخ كۆرسەتكەن جايدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلغاچ يىغلاپ كېتىپتۇ. كېيىن باشقىلارنىڭ تەسەللى بېرىشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئوردۇكەنتكە قايتىپ كەپتۇ ـ دە، دىنىي ئۇستازى ئەبۇنەسىر سامانىيغا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سۆزلەپ بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى تاپالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەبۇنەسىر سامانىي دېگەن زات ئاتامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ‹ئۇنداق بولسا مەرھۇمنىڭ قەبرىسىنى ياساپ، تۇپراق بېشىغا ئۇ ھايات ۋاقتىدا ياخشى كۆرىدىغان دەرەخلەردىن بىرەر تۈپ تىكىپ، بەلگە قىلىپ قويسىلا، ئالىيلىرى، ئۇ چاغدا يەنە ئانىلىرىنىڭ قەبرىسىنى تاپالماسلىقتىن ئەنسىرىمەيلا›، دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دادام بوۋام ـ موماملارنىڭ قەبرىسىنى ياسىتىپ، تۇپراق بېشىغا بىلەكتەك توملۇقتىكى بىر تۈپ كۆچەتنى تىكىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا كىشىلەرنىڭ قوۋمىدىن بىرەر ئادەم باقىيغا سەپەر قىلسىمۇ، قەبرە ياسىتىپ، تۇپراق بېشىغا خادا ئورنىتىدىغان، ھەتتا تۇلۇم، شەددە ئاسىدىغان ئادەتلەر ئومۇملىشىشقا باشلاپتۇ». ئۆز ۋاقتىدا مۇسا بۇغراخان مۇنداقلا ئېيتىپ بەرگەن ئاشۇ ھېكايەت ھارۇن بۇغراخاننىڭ قەلبىگە خۇددى تاشقا مۆھۈر ئويغاندەك ئورناپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگەنىدە ئاشۇ گەپلەرنى يادىغا ئالاتتى. مانا ھازىرمۇ ئاشۇلارنى خىيال قىلىۋېتىپ، يوغان گۈمبەزلىك قەبرىلەرگە ھۆرمەت، سېغىنىش بىلەن قاراپ قويدى. ئەنە ئاۋۇ باشتىكىسى بازىر ئارسلانخاننىڭ،

ئۇنىڭ يېنىدىكىسى ئۇنىڭ خانىشى تەركەن خاتۇنىنىڭ، مانا ماۋۇسى سۇلتان ساتۇق ئابدۇلكەرىم بۇغراخانىنىڭ، ئاۋۇسى ئوغلى ئەلى ئارسلانخانىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ، ئۈچ ـ تۆت يىل ئىچىدە بىراقلا تۈگىشىپ ئالەمدىن ئۆتكەن مۇسا بۇغراخانىنىڭ، ئەنە ئاۋۇ زومچەك ـ زومچەك قەبرىلەر بولسا خان جەمەتىدىكى تېگىن، خان ئوغۇل، خان قىزلارنىڭ... هارۇن بۇغرا قاراخانىنىڭ بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، دىمىقى ئېچىشقاندەك بولدى ـ دە، مۇڭغا تولغان كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشۈپ، مەڭزىنى بويلاپ دومىلىدى. دەل شۇ چاغدا ئابدۇلمۆمىن شەيخ دۇئانى ئاخىرلاشتۇردى. خانمۇ شەيخكە ئەگىشىپ يۈزىنى سىلىدى.

— ئاۋۇ تىكمەت ئۈستىدە ئولتۇرسىلا، خان ئالىيلىرى... — دېدى شەيخ مۇلايىم ئاھاڭدا.

هارۇن بۇغراخان نەچچە ئادىم يىراقلىقتا — ساتۇق بۇغراخانىنىڭ قەبرىسىنىڭ ئۇدۇلىغا سېلىپ قويۇلغان تىكمەت ئۈستىگە بېرىپ ئولتۇردى. شەيخمۇ، ئوردىدىكى ئاكابىر ـ ئەشرەپلەرمۇ خانىنىڭ ئەتراپىدىن ئورۇن ئېلىشتى. دەل شۇ چاغدا بەستىدىن ياشلىق، كۈچ ـ قۇۋۋىتى بالقىپ تۇرىدىغان، بېشىغا يارىشىملىق يېشىل شايى سەللە ئورىۋالغان، قاپقارا ساقاللىرى تۇرقىغا ناهايىتى ياراشقان بىر قارىي سوزۇپ قىرائەت باشلىدى. هەممەيلەن بىردىنلا جىم بولۇشتى. قارىينىڭ ئاۋازى ناهايىتى سۇزۇك ۋە مۇڭلۇق ئىدى. مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازىغا ئەسىر ئاللىكىملەر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى. يەنە بەزىلەر خۇددى قىرائەتكە جور بولۇۋاتقاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئىككى تەرەپكە يېنىك ئىرغاڭشىشقا باشلىدى. ئەمما، هارۇن بۇغراخان ئالدىدىكى قەبرىلەرگە قارىغان پېتى خىيالغا چۆمگەنىدى. ئۇ خىيالىدا ئالدىدىكى ئاشۇ قەبرە ئىچىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن ئەجدادلىرىدىن كەچۈرۈم سورىماقتا ئىدى: «مېنى كەچۈرۈڭلار، ئەجدادلىرىم، ئەسلى مېنىڭمۇ ئوردۇكەنتتىن ئايرىلغۇم، بىۋاام

www.uyghurkitap.com

ساتۇق بۇغراخان بىنا قىلغان بۇ ئوردىنى تەرك ئەتكۈم يوق ئىدى. ئەمما، ئاتام سۇلايمان ئارسلانخان بالاساغۇندا قازا قىلدى. ئۇ پەدەرى بۇزرۇكنىڭ قەبرىسىمۇ شۇ يەردە بولۇپ قالدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئاتام قازا قىلغاندىن بېرى ماۋەرائۇننەھىر رايونىنىڭلا ئەمەس، بالاساغۇن، شاش، قوقەند قاتارلىق جايلارنىڭ ۋەزىيىتىمۇ داۋالغۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. مەن تەختكە بەرقارار بولغاندىن بۇيان بالاساغۇن تەرەپتىن كۈن ئارىلاپ ئارقىش كېلىپ، تولىمۇ ۋەھىمىلىك خەۋەرلەرنى يەتكۈزۈۋاتىدۇ. ئەسلى ئۇ يەرگە يۈسۈپ قادىرخاننى ئەۋەتسەممۇ بولاتتى. ئۇ مەيلى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرى، مەيلى ئەلەم، قەلەم ماھارىتىدە بولسۇن بىكەچلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغىنى ئىدى، شۇنداقتىمۇ كۆڭۈل توختىتالمىدىم. ئارقىشلارنىڭ ئېيتىشىچە، سامانىيلارنىڭ شاھى مەنسۇر بىرنەچچە قېتىم قاراخانىيلارنى ھالاك قىلىمەن، ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان پۈتۈن زېمىنغا ئۆزۈم ئىگىدارچىلىق قىلىمەن» دېگەنىمىش. يەنە تېخى «ئۇلۇغ بوۋام ئىسمايىل بىننى ئەھمەد ھىجرىيەنىڭ 280 - يىلى[1] زور كۈچ بىلەن تالاس شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئاتىسى، بازىر ئارسلانخاننىڭ بىر قورساق ئىنىسى ئوغۇلچاق قادىرخاننىڭ خانىشى ۋە بىر يېرىم تۈمەن ئادىمىنى ئەسىرگە ئالغان ۋاقىتتىدىكىدەك، ھارۇن بۇغراخاننىمۇ ئاشۇ قىسمەتلەرگە دۇچار قىلىمەن» دەپ جۆيلۈۋاتقۇدەك. بۇنىڭدىن غەزىپىم تاشتى، ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي، نەچچە كۈن زەردىگۈش بولۇپ قالدىم. راست، مەن بۇ ھاقارەتكە پەقەت چىدىيالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلۇغ بوۋام بىلگە كۆل قادىرخان[2] بۇرۇن ئۆز ئىلكىگە ئالغان پۈتۈن زېمىننى قايتىدىن مۇستەھكەملەپ، سىر، ئامۇ دەريا ۋادىلىرىنى تولۇق ھالدا ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك، سەلتەنەتلىك

① مىلادىيە 893 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

② بىلگە كۆل قادىرخان — ساتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ دادىسى بولۇپ، مىلادىيە 880 - يىلى بالاساغۇندا قاراخانىيلار خانلىقىنى قۇرغان.

قاراخانىيلارنىڭ ھىمايىسىگە ئېلىپ، مېنى، ئەجدادىمنى ھاقارەتلەشكە پېتىنغان مەنسۇر شاھنى دارغا ئېسىشنى نىيەت قىلدىم. ھالبۇكى، تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەرمۇ، ئوردىدىكى ئاكابىر ـ ئەشرەپلەرمۇ، ئائىلەمدىكىلەرمۇ مېنىڭ بۇ قارارىمنى چۈشەنمەي كاشغەردىن ئايرىلىش يولۇمنى توسماقچى بولدى. ھەتتا ئۇدۇنلۇقلەر بىلەن بولۇۋاتقان جېدەلنى ئۈزۈل ـ كېسىل بىر ياقلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئوردىنى يۆتكەشنى مەسلىھەت بەرگەنلەرمۇ بولدى. لېكىن، تاغام مۇسا بۇغراخان ھايات ۋاقتىدا مەن ئۇدۇن بۇددىستلىرى بىلەن نەچچە كېچە ـ كۈندۈز جەڭ قىلىپ ئۇلارنى زاۋاغا، ئەسلىي قارارگاھىغىچىلىك قوغلىۋەتكەندىن بۇيان نەچچە يىل ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن ھېچقانداق ھەرىكەت ئالامىتى سېزىلمىدى. ئايغاقچىلارنىڭ ئىشەنچلىك خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇ جەڭدە ئېچىنىشلىق مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى ـ ئۈچ ئايغىچە ھۇجرىسىغا بېكىنىۋېلىپ، ھېچ كىشى بىلەن كۆرۈشمىگەنمىش. كېيىن نوقتەرىش، چوقتەرىش دېگەن سانغۇنلىرى تەسەللى بېرىپ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئوردىنىڭ قوبۇلخانىسىغا قەدەم تەشرىپ قىلغانىمىش. لېكىن، شۇنىڭدىن بۇيان داۋاملىق ئەلنىڭ ئىشى بىلەنلا مەشغۇل ئىمىش. ھازىرغىچە قايتا جازا يۈرۈشى قىلىش ھەققىدە ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن كېڭەش ئېلىپ بارغانلىقى سېزىلمەپتۇ. شۇڭا، مەنمۇ ئۇ تەرەپتىن ئاز ـ تولا خاتىرجەم بولۇپ قالدىم. ئالىمادىن ئۇلار لەشكەر تارتىپ كەلگەن تەقدىردىمۇ يۈسۈپ قادىرخان بۇ يەردە بار ئەمەسمۇ؟ ئەسلىدىغۇ مەرھۇم تاغام مۇسا بۇغرا قاراخان ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەرنىڭ گۇۋاھلىقىدا ماڭا «ئوغلۇم، ئەمدى خانلىقىمىزنىڭ تەقدىرى پۈتۈنلەي سېنىڭ قولۇڭدا قالدى، قېرىندىشىڭ ئەبۇھەسەن ئەلى ئارسلانخانىنىڭ پەرزەنتلىرى تېخى كىچىك، خانلىقنىڭ ئىشلىرىنى يۈرۈشتۈرۈپ كېتەلمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ بالىلىرىنى

ئۆز ھىمايەڭگە ئېلىپ، قاراخانىيلار خانلىقىمىزنىڭ سەلتەنەتىنى داۋاملاشتۇر. ئۇدۇن خانلىقى بىلەن قىلچە مادارا قىلماي، دادام ۋە مەن باشلىغان ئىشنى ئاخىرىغىچە بىر باشقا ئېلىپ چىققىن، دېگەنىدى. شۇ چاغدا مەنمۇ ماقۇل بولغانىدىم. بىراق، ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمىگەندەك، خانلىق تەختىگە ئولتۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ھاقارەتلىنىشكە، كەمسىتىشكە دۇچ كېلىپ، مانا مۇشۇنداق قارار چىقىرىشقا مەجبۇر بولدۇم. مەن ئوردىنى ئۆلۈغ بوۋىمىز بىلگە كۆل قادىرخان ئەڭ دەسلەپ خانلىقىمىزنى بىنا قىلغان بالاساغۇن دىيارىغا يۆتكەپ، مەنسۇر شاھ دېگەن مەلئۇننى يەر يۇزىدىن يوق قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ يەرگە يەنە قايتۇرۇپ كەلمەكچىمەن... قەدىرلىك پەدەرى بۇزرۇكۋارلىرىم، كەمىنە ۋارىسىڭلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈشۈڭلارنى، چىقارغان قارارىمنى توغرا چۈشىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن...»

— ئامىن!...

قارىنىڭ ئۇنلۇك ئاۋازى ھارۇن بۇغراخاننىڭ خىيالىنى ئۇزۇپ قويدى. شۇئان زاراتگاھلىقتا كۈچلۈك ئاۋاز ياڭرىدى:

— ئامىن ! ...

ھارۇن بۇغراخانمۇ قوللىرىنى جۈپلەپ، ئالدىدىكى قەبرىلەردىكى ھەربىر پەدەرى بۇزرۇكىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئىخلاس بىلەن دۇئا قىلدى. قارىيغا ئەگىشىپ دۇئانى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇردى. باشقىلارمۇ خانغا ئەگىشىپ گۆررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ھارۇن بۇغراخان سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسىنى ئاستا بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، قويۇن يانچۇقىدىن بىر كىچىك خالتىنى ئالدى. ئاندىن قەبرىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئوچۇم توپىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، بۇرنىغا يېقىن ئەكېلىپ قېنىپ ھىدلىدى، ئاندىن قولىدىكى خالتىغا سالدى. بۇنى كۆرگەن ئوردا ئەركانلىرى، قارشى ئېلىشقا چىققۇچىلار ھەيران بولدى. ھەتتا پەس ئاۋازدا خىتىلدىغان

ئاۋازلارمۇ ئاڭلاندى. ھارۇن بۇغراخان بولسا ئالدىرىماي، ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— يۇرت بەگلىرى ئۆزلىرى بىلەن دىدارى ـ مۇلاقەت بولۇشنى كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ، خان ئالىيلىرى. ئۇدۇل شۇ يەرگە بارايلىمىكىن؟ — دېدى ئابدۇلمۆمىن شەيخ ئىيانچىلىق نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ئوبدان... — دېدى خان قەبرىلەرگە ئاخىرقى قېتىم كۆزى قىيمىغاندەك قاراپ قويغاندىن كېيىن، — ماڭايلى...

ئابدۇلمۆمىن شەيخ قەبرىستانلىقنىڭ سىرتى بىلەن يول باشلىدى. خانمۇ، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

## 16

ھاۋا تولىمۇ ئوچۇق بولۇپ، ئاسماندا بىرەر پارچىمۇ بۇلۇت كۆرۈنمەيتتى. كۆپكۆك ئاسمان خۇددى بىپايان دېڭىزنى ئەسلىتەتتى. يورۇڭقاش دەرياسىنىڭ شاۋقۇنى خېلى يىراقتىن ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇشۇ كۈنلەردە يۇرتخان شەھىرىدىكى ھەممە كىشى يورۇڭقاش دەرياسىغا كەلگەن كەلكۈندىن كۆرە بىر ـ ئىككى كۈن ئىچىدىلا تىبەت ۋە قوچۇ دىيارىدىن يېتىپ كېلىدىغان ئالۋاچىلار ۋە سودىگەرلەرگە بەكرەك قىزىقىپ قېلىشقانىدى. كىشىلەر ئۇلارنىڭ تۇيۇقسىزلا كېلىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۆزلىرىچە ھەر خىل پەرەز قىلىپ باقسىمۇ، ئەمما ئېنىق بىر يەكۈنگە كېلەلمەيتتى. تېخى بەزى بىلەرمەنلەر خان ئوردىسىدىكى خېلى نامى بار كىشىلەرنىڭ ئىسمى ـ شەرىپىنى شىپىي كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ «ئىشغىزى»دىن چىققان گەپلەرنى ئاشكارا مەخپىيەتلىك تەرىقىسىدە تارقىتاتتى. بۇنداق پاراڭلار ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بىرگە ئونى قېتىلىپ يۇرتخان شەھىرىگىلا ئەمەس، ئىككى قاش دەريا

بويىدىكى پۈتۈن يېزا ـ قىشلاقلارغا تارقىلاتتى. مانا بۇگۈن شەھەردىكى ئاۋامدىن كۆرە ياغلاقار قالۇ خان بەكرەك ئىنتىزار بولغان كۈن يېتىپ كەلدى. ئۇ سەھەردىلا ئوردا ئەركانلىرىنى باشلاپ، خانلىق بويىچە ئەڭ ھەيۋەتلىك بۇتخانىغا يېتىپ كەلدى ـ دە، دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە رەتلىك تىزىلىپ قوللىرىنى جۈپلەپ دۇرۇت ئوقۇۋاتقان راھىبلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، بۆك ـ باراقسان ئورمانلار بىلەن پۈركەنگەن، يەرگە تەگكۈچىلىك ئاپتاپ چۈشمەيدىغان بۇتخانا ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى. بۇتخانا ھويلىسىنى كۈجىنىڭ خۇشبۇي ھىدى قاپلىغانىدى. ياغلاقار قالۇ خان ئۆزىگە تونۇش پۇراقلاردىن ھوزۇرلانغان ھالدا ئۇزاقتىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ۋاقىتلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خۇشال بولغاندەك تېتىك قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى تەرىپىدە ھەر خىل گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن تارچۇق يولنى بويلاپ يىگىرمە ـ ئوتتۇز ئادىم ماڭغاندىن كېيىن، تاش پەلەمپەي ئارقىلىق يۇقىرىغا ئۆرلىدى ـ دە، ناھايىتى ھەشەمەتلىك تاۋاپگاھنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئىچكىرىدىن نوم ئوقۇۋاتقان راھىبلارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. نومغا تەگكەش قىلىپ ئۇرۇلغان تاك ـ تاك ئاۋازى ئادەمگە ئاجايىپ بىر خىل لىرىك مۇزىكىدەك تۇيۇلاتتى. ياغلاقار قالۇ خان نوم ئاۋازىغا قۇلاق سالغان ھالدا تاۋاپخانىنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ، ئۇدۇلدىكى ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەم، چىرايىدىن بىر خىل مېھرىبانلىق بالقىپ تۇرغان نەچچە غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى چوڭ بۇتنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئاندىن شىرەدىن بىر سىقىم شاھانە كۈجىنى ئېلىپ، لىپىلداپ كۆيۈپ تۇرغان قىزىل شامنىڭ ئوتىدا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، قەددىنى رۇسلاپ، كۈجىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى، ئاندىن ئۇدا ئۈچ مەرتەم بۇدساتۋاغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن، كۈجىلەرنى كۈجىدانغا سېلىپ قويۇپ، بۇدساتۋانىڭ ئالدىدىكى مەخسۇس باش ئۇرغاندا تىزلىنىپ ئولتۇرىدىغان كىچىك

كۆرپىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى، چىن ئىخلاسى، ساداقىتى، سەممىيمىتى بىلەن باش ئۇردى. شۇ تاپتا خانىنىڭ كەيپىياتى بارغانسېرى ياخشىلانماقتا ئىدى. ئەگەر يالۋاچلار بىلەن تىلى بىر يەردىن چىقىپ، ئۇلار بىلەن پۈتۈمنامە ئىمزالىيالىسا قانداق ياخشى بولاتتى ـ ھە!... «ماڭا مەدەت بەرگىن ئاۋارۇكسۇرا بۇدساتۋا، كەمىنە قۇلۇڭ مۇشۇ تاپتا سىنىڭ ھىدايەت يولۇڭنى قوغداش، ھەقىقىي ھۆرمىتىڭنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن يات ئەللەرگە يېلىنىپ يۈرۈۋاتىمەن. نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇلۇغ بۇددا يولىنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇشۇمغا خىرىس قىلىۋاتقان قاراخانىيلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى زور تالاپەت بىلەن نەچچە ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇلارنىڭ خانى مۇسا بۇغراخان ئۆزلۈكىدىن ئەل بولۇشقا ئازلا ۋاقىت قالغاندا، تەقدىرنىڭ كاجلىقىدىن بىشىمىزدا ئۈچۈپ يۈرگەن نۇسرەت قۇشى بىردىنلا ئۇچۇپ كەتتى. شۇنىڭدىن بۇيان يېگىنىم ئوغا، ئىچكىنىم زەھەر بولۇپ، كېچە ـ كۈندۈز ئويلايدىغىنىم ساڭا ئاسىيلىق قىلغان، سىنىڭ ھەق يولۇڭدىن يۈز ئۆرۈپ، ساڭا ئېتىقاد قىلغان كىشىلەرنى ھايۋان كەبى خورلاپ، قان يىغلاتقان ئاشۇ ئاسىيلارنى قايتىدىن سىنىڭ ئالدىڭدا تىزلاندۇرۇش ئىستىكىدە بولدۇم. بۇ جەرياندا نۇرغۇن ئاماللارنى ئويلىغان بولساممۇ، لېكىن ئىشەنچ قىلالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن يىلى تىبەت ۋە قوچۇ ئېلى تەرەپكە يالۋاچ ماڭدۇرۇپ، ئەگەر بىز قاراخانىيلارغا قارشى لەشكەر تارتساق ئۇلارنىڭ ياردەم بېرەلەيدىغان ـ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقۇشتۇم. ھەر ئىككى تەرەپ دەسلەپ ئېنىق جاۋاب بەرمىدى، كېيىن ئۆزلىرىنىڭمۇ بىر مەزگىل ئىچىدە ياخشىراق ئويلىشىپ يالۋاچ ئەۋەتىدىغانلىقىنى، نىگىزلىك مەسىلىلەرنى ئۆز يالۋاچلىرى بىلەن كېڭىشىپ بېكىتىشىمىزنى ئېيتىپتۇ. مەن ئەنە شۇنىڭدىن بۇيان مەشۇقىنى ساقلىغان ئاشىقتەك ئىنتىزارلىق بىلەن ئۇلارنىڭ يولىغا قارىدىم. مانا ئەمدى ئۇلاردىن ئۈچۈر كەلدى. بۈگۈن قوچۇ

دىيارىدىكى ئىدىقۇت خانىنىڭمۇ، تىبەت خانىنىڭمۇ يالۋاچلىرى خۇددى يۇرتخان شەھىرىگە بىر كۈندىلا بېرىپ، ياغلاقار قالۇ خاننى بىراقلا خۇشال قىلىۋېتەيلى دېيىشىۋالغاندەك بىراقلا يېتىپ كېلىدىكەن. تۈنۈگۈن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىچىك بالىلاردەك سەكرىگۈم، بار ئاۋازىم بىلەن ۋارقىرىغۇم كەلدى. ئەمما، باشقا ۋەزىر ـ ۋۇزرالار ئالدىدا ئابرۇيۇمغا نۇقسان يەتكۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. بۈگۈن كېچىمۇ كىرپىكلىرىمنى جۈپلەپ باقمىدىم. ئېھ، ئۇلۇغ، ساخاۋەتلىك، ئىنسانلارغا بەخت ـ تەلەي ئاتا قىلغۇچى قۇدرەتلىك بۇدساتۋا، تون بويى يالۋاچلارنى قانداق كۈتۈۋېلىش، مەسلىھەتنى قانداق ئۆيۈشتۇرۇش، پۈتۈمنامىنى قانداق تۈزۈش ھەققىدە خىيال سۈرۈپ چىقتىم. ئاخىر ئەگەر ئۇلار ماڭا ياردەم قىلىپ، قاراخانىيلارغا جازا يۈرۈشى قىلىشىمغا ھەمدەمدە بولىدىغانلا بولسا، مەيلى قانداقلا شەرتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەممىسىگە قوشۇلۇش ئىرادىسىگە كەلدىم. ئەمدى ماڭا يار ـ يۆلەكتە بول، باشپاناھىم بۇدساتۋا ئۇلۇغ ئىگەم، مەن ئۇلار بىلەن چوقۇم پۈتۈمنامە ئىمزالاي...» ياغلاقار قالۇ خان ئاخىرقى رەت بۇدساتۋاغا باش ئۇرغاندىن كېيىن كۆزلىرىدىن تامچىشقا ئاز قالغان ياش تامچىلىرىنى تېزلىكتە ئالىقانلىرى بىلەن ئېرتىۋەتكەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، باياتىن بېرى ئۆزىگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرغان باش راھىبقا يېقىنلاشتى. باش راھىب خاننىڭ يېنىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قوللىرىنى جۈپلەپ، ئېغىزىغا يېقىن ئەكەلدى:

ــــ ئامىتابا، قايتاملا خان ئالىيلىرى...

ــــ ھەئە، قايتاي... ــــ ياغلاقار قالۇ خان سۆزلىگەچ تاۋاپخانىدىن يېنىپ ئۇدۇل بۇتخانىدىن چىقتى ـ دە، راھىبلار بىلەن ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن خەيرلەشكەندىن كېيىن ئۇدۇل ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى...

كۈن چىڭقىچۇشتىن ئاشقانلىقىغا قارىماي تېخىچە يالۋاچلاردىن خەۋەر يوق ئىدى. ياغلاقار قالۇ خاننىڭ ئەتىگەنكى ناۋاپنى تۈگىتىپلا، ئىدىقۇت خاننىڭ يالۋاچلىرىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن يۇرتخان شەھىرىدىن چىقىپ، قاراقاش دەرياسىدىن ئۆتۈپ ئازراقلا ماڭسىلا يېتىپ كەلگىلى بولىدىغان، ئادەتتە خان باشقا ئەللەردىن كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىش، ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياساتقان سەيناغا كەلگىلىمۇ ئۈچ ئاش پىشىمىدىن كۆپرەك بولغانىدى. ئۇ بەزىدە ئورنىدىن تۇرۇپ يىراقلارغا قاراپ قوياتتى ـ دە، كۆزلىرى ئۇ تەرەپلەردىن ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمىغاندىن كېيىن لاسىدە ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندا ئەمەلدارلىرىمۇ خاننىڭ ھېسسىياتىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك جىممىدە ئولتۇراتتى. ئۇلاردىن سەل نېرىدا ئۇدۇن خانلىقىنىڭ تۇغىنى كۆتۈرۈۋالغان تۇغچىلار، لەشكەرلەر، يەنە تېخى مەخسۇس يالۋاچلارنى كۈتۈۋېلىشقا چىققان شەھەر پۇقرالىرىمۇ بار ئىدى. خان ئاۋۋال قارشى ئالغۇچىلار سېپىگە، ئاندىن ئالدىدىكى شىرەگە تىزىۋېتىلگەن ھەر خىل مېۋە ـ چېۋە ۋە تائاملارغا مۇنداقلا قاراپ قويدى. دەل شۇ چاغدا يەردىن يەتتە ـ سەككىز غۇلاچ ئېگىزلىكتە كېسەك بىلەن ياسالغان كۆزىتىش سۇپىسىدىكى لەشكەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

ـــ كەلدى... كەلدى... ئەنە ئاۋۇ ياقتىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ.

ياغلاقار قالۇ خان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ھېلىقى لەشكەر قولى بىلەن ئىشارە قىلغان تەرەپكە قارىدى. راست دېگەندەك كۆز يېتىم دائىرىدە ئاسمان ـ پەلەك چاڭ ـتوزان كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. باشقىلارمۇ بۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشتى ـ دە، ئۆزلىرىنى تۈزەشتى. چاڭ ـ توزان بارا ـ بارا يېقىنلىشىپ، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى ئاتتا ئولتۇرغان چىرىك كۆتۈرۈۋالغان تۇغ ئۆزىنى كۆرسەتتى.

— ئىدىقۇت خاننىڭ تۇغى ئىكەن، — كىمدۇر بىرسى ئۈنلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى.

راست، ئۇلار ئىدىقۇت خاننىڭ يالۋاچلىرى ئىدى. يالۋاچلار ئۆمىكى قارشى ئالغۇچىلار توپىغا يېقىنلىشىپ، ئارىلىق ئازلا قالغاندا، تۇغچى لەشكەرنىڭ ئارقىسىدىكى چىلان تورۇق ئاتقا مىنىۋالغان ئوتتۇرا بوي، خام سېمىز كەلگەن بىرسى ھارغىنلىق بىلەن ئاتتىن چۈشتى ـ دە، ئۇدۇل سەپنىڭ ئالدىدا تۇرغان ياغلاقار قالۇ خاننىڭ يېنىغا بېرىپ، ئىككى قولىنى جۈپلەپ، ئېغىزىغا يېقىن ئەكەلدى:

— ئامىتابا... خان ئالىيلىرى، ئوبدان تۇرغانلا!

— ئامىتابا... سەپەرلىرى خەيرلىك بولغاندۇ؟ ھارمىغايلا!... — خان ئۇ كىشىدىن ئامانلىق سورىغاچ بىردىنلا ھەيران بولۇپ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى ـ دە، ۋارقىرىۋېتىشكە تاسلا قالدى، — بۇ سىلىمۇ ساراي مۇپەتتىشى جانابلىرى؟ كۆزۈم خاتا كۆرمىگەندۇ؟

— ئامىتابا... مېنى تونۇۋالدىلا، خان ئالىيلىرى، مەن شۇ...

خان بىردىنلا قۇچاقلىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئالدىدا ئۆزىگە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ساراي مۇپەتتىشىنى يېنىك قۇچاقلاپ قويدى. ساراي مۇپەتتىشى ياغلاقار قالۇ خان كاشغەرنى مۇھاسىرىگە ئالغاندا، ئىدىقۇت خاننىڭ يالۋۇچى سۈپىتىدە ئاتايىن كاشغەرگە كېلىپ قىزىل دەرياسىنىڭ بويىدىكى ئۇدۇن لەشكەر گاھىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋە خېلى ئوبدان سۆھبەتتە بولغانىدى. شۇڭا، خان ئۇنى كۆرۈپ قەۋەتلا خۇشال بولدى. كەيپىيات بىردىنلا جانلاندى. باشقا ئوردا ئەركانلىرىمۇ مېھمانلار بىلەن قىزغىن ئەھۋاللاشقاچ، ئۇلارنى ئالدىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان داستىخان تەرەپكە باشلىدى. خان ساراي مۇپەتتىشىنى بايا ئۆزى قوزغالغان سۇپىغا باشلىدى ـ دە، ئۇنى ئۇسسۇلۇق ئىچىشكە تەكلىپ قىلغاچ، سورىدى:

— ئىدىقۇت خانى ئالىيلىرىنىڭ بۇ دورەممۇ يەنە ئۆزلىرىنى

يالۋاچلىقتا تاللىشنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن، جانابلىرى، ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. سەپەر داۋامىدا مالالچىلىق تارتىپ قالمىغانلا؟

— يوقسۇ، ئالىيلىرى، سەپىرىمىز خەيرلىك بولدى. كەمىنە پېقىرمۇ يول بويى ئۆزلىرى بىلەن يەنە دىدارى ـ مۇلاقەتتە بولىدىغانلىقىمنى ئويلاپ خۇشاللىقىمدا سەپەرنىڭ ھەرەجلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— مېنىڭمۇ ئۆزلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى. شۇ تاپتا خۇشاللىقىمنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

— شۇنداق، قۇتلۇق ئىش سەۋەبلىك ئۇچراشقىنىمىز ئۈچۈن ھەر ئىككىمىز خۇشال، ئالىيلىرى...

ياغلاقار قالۇ خان يالت قىلىپ ساراي مۇپەتتىشىنىڭ چىرايىغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى ـ دە، «پۈتتى، بۇ زات ھېلىتىن مەن ئويلىغان، ئارزۇ قىلغان ئىشلاردىن شەپە بېرىۋاتىدۇ. مانا مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ سۆھبىتىمىزنىڭ نەتىجىلىك، ئۇنۇملۇك بولىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى...» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ساراي مۇپەتتىشىنى تەكەللۇپ بىلەن غىزاغا تەكلىپ قىلدى.

— يول ئۈستى بولغاچقا ئوبدان تەييارلىق قىلالمىدۇق. شۇنداق بولسىمۇ تائاملارغا ئېغىز تەگكەيلا!...

— يوقسۇ، خان ئالىيلىرى، ھېلىمۇ كۆپ جوۋاپلا...

ئۇلار ئەنە شۇنداق تەكەللۇپ بىلەن غىزالىنىشتى. ساراي مۇپەتتىشى تېزلا قولىنى يىغىپ، «ئەمدى ئوردىلىرىغا قاراپ ماڭساقمىكىن، خان ئالىيلىرى، مۇشۇ تاپتا سوزۇلۇپ يېتىپ، ئوبدان بىر ئارام ئالغۇم كېلىۋاتىدۇ» دېگەندەك ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدى. خانمۇ ئۇنىڭ مەقسىتىنى تېزلا چۈشەندى. دەل شۇ چاغدا كۆزىتىش سۇپىسىدىكى لەشكەرنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى:

— ئەنە ئاۋۇ تەرەپتىن يەنە چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈۋاتىدۇ. تىبەت خانىنىڭ يالۋاچلىرى كېلىۋاتقان ئوخشايدۇ!

ساراي مۇپەتتىشى بىلەن خان ھېلىقى لەشكەر كۆرسەتكەن تەرەپكە تەڭلا قاراپ قويغاندىن كېيىن، يەنە بىر ـ بىرىگە قاراشتى.

ـــ ئۆزلىرى... ـــ ياغلاقار قالۇ خان نېمىشقىكىن گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى. ساراي مۇپەتتىشى ئۇنىڭ تەڭلىكتە قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، دېدى:

ـــ بولدى، مەن ئوردىلىرىغا بارغاچ تۇراي، خان ئالىيلىرى، ئۆزلىرى مېھمانىنىڭ ئالدىغا ئىستىقبالغا چىقسىلا...

ـــ ئۇنداقتا ئۆزلىرىگە ئوردا ئاغىسى ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقسۇن، جانابلىرى!

ـــ دېگەنلىرىچە بولسۇن!...

ياغلاقار قالۇ خان باياتىن بېرى يېنىدا قول باغلاپ تۇرغان ئوردا ئاغىسىغا ساراي مۇپەتتىشى بىلەن يۇرتخان شەھىرىگە قايتىپ، ئۇلارنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇشنى جېكىلەپ يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن يېنىك تىن ئالدى ـ دە، بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان تىبەت خانىنىڭ يالۋاچلىرى تەرەپكە ماڭغاچ، بوش ئاۋازدا پىچىرلىدى: «قۇدرەتلىك ئاتام ئابا بۇدساتۋا، ‹قارىغۇنى كۆزىدىن ئايرىسىمۇ ھاسىسىدىن ئايرىماپتۇ› دېگەن مۇشۇ. قارىغاندا ساراي مۇپەتتىشى بىلەن ئاسانلا پىكىر بىرلىكىگە كېلەلەيدىغان ئوخشايمەن. ئەمما، تىبەت خانىنىڭ ئەلچىسى قانداقراق كىشىكىن!...»

# 17

ھاۋادىن كىرگەن سەلكىن شامال خانىنىڭ يىپەك پەردىلىرىنى يېنىك يەلپۈپ تۇراتتى. ھارۇن بۇغراخان پەردىلەرنىڭ يەلپۈنۈشلىرىگە قارىغان ھالدا ئاللىقانداق خىياللار قاينىمىغا پاتقانىدى. ئۇنىڭ خىياللىرى چىگىچ ۋە رەتسىز بولۇپ، ھېلى يىراق ـ يىراقلارغا كەتسە، يەنە تېزلىكتە مۇشۇ

جىمجىت، ئادەمگە سۈرلۈك تۇيغۇ بېرىدىغان خاس خانىسىغا قايتىپ كېلەتتى. خان خىياللار چارچىتىپ قويغانىدەك ئېغىر خورسىنىپ قويدى. ئۇ ئوردىنى بالاساغۇنغا كۆچۈرۈپ كەلگەندىن بۇيان يۈز بەرگەن ئىشلارنى ھەرقانچە ئويلىماي، خىيال قىلماي دېسىمۇ، ھامان كۆز ئالدىغا كېلىۋالاتتى. خان باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئىزتىراپلىق تۇيغۇلاردىن بىردەم بولسىمۇ قۇتۇلۇشنى ئويلايتتى... ئەمما خىياللىرى تىزگىنسىز ئىدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇ ئازراق ئارام ئېلىۋېلىشنى ئويلىدى. ھالبۇكى، كۆزلىرىنى يۇمۇش بىلەنلا ئوردۇكەنتتىكى ياسىداق، كۆركەم ئوردا، ئوردىغا ياندىش سېلىنغان ھەيۋەتلىك خانلىق مەدرىسە، سانسىز قېتىم ئاتلىق ھالدا ئايلانغان كوچىلار، ھەر جۈمە نامىزىدىن كېيىن ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىدىغان، بوۋىسى خانلىق تەختىگە بەرقارار بولغان چاغلاردا بىنا قىلىنغان ھېيتگاھ مەسچىتى، ئوردىنى ئەگىپ ئۆتىدىغان، يىل بويى سۈيى كۆۋەجەپ ئاقىدىغان تۈمەن دەرياسى پەيدا بولدى... خان ئېغىر خورسىنغان ھالدا خىيالىنى داۋام قىلدى...

ئوردۇكەنتتىن چىققان خان ھەمراھلىرى بىلەن خېلى ئۇزۇن كۈنلەردىن كېيىن بىلگە كۆل قادىرخان تۇرغان، كېيىن ئوغۇلچاق قادىرخان ئارسلانخانلىق مەرتىۋىسى بىلەن ئىلىك خان بولغان، ساتۇق بۇغراخان دەۋرىدە سۇلايمان ئارسلانخان بىر ئۆمۈر ھايات كەچۈرگەن بالاساغۇن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ھارۇن بۇغراخان بالىلىق دەۋرلىرىنى بۇ يەردە ئۆتكۈزگەچكىمۇ يېگىدىن ھاياجانغا چۈمۈلدى. ئۇ ئاۋۋال ئائىلىسى ۋە ھەمراھ بولۇپ چىققانلار بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن خان ئوردىسى بولىدىغان، ئەينى دەۋرلەردە دادىسى سەلتەنەت سۈرگەن ئوردىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئەتىسى باشقىلارنىڭ يول باشلاپ بېرىشى بىلەن ئاتىسى سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ۋە ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن، بالاساغۇن شەھىرىدىكى ھەممە مەسچىتتە ئۆز نامىدىن داش قازان ئېسىپ،

يۇرتقا نەزىر بەردى، قىسىققا ئېلىنغان جىمى گۇناھكارلارغا ئومۇمىي ئەپۇ ئېلان قىلدى. ئاندىن يەرلىك بايلارنىڭ، سودىگەرلەرنىڭ، ئېكتارلارنىڭ، ئاتىسى ھايات دەۋرىدە ئىشەنچىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ھىممىتىدە، سايىسىدا بىخ سۈرۈپ «كۆكلىگەن»لەرنىڭ تەكلىپى بىلەن بىر مەزگىل مېھماندارچىلىقلارغا داخىل بولدى، ئۇلار بىلەن سوقا ـ سۆھبەتلەرنى قۇرۇپ، بالاساغۇن ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قوشنا ئەللەر ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە بولۇپ، ئوردۇكەنتتىكى چاغلىرىدا پىلانلىغان ئىشلىرىنى رويابقا چىقىرىشقا تۇتۇندى. تېزلىكتە ھەرقايسى يۇرتلارنىڭ ھاكىمبەگلىرىنى، مىڭبېشىلىرىنى قايتىدىن مەنسەپكە تەيىنلەپ ۋەزىيەتنى تۇراقلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە ئەۋەتىپ، سامانىيلار شاھى نوھ بىننى مەنسۇرسانىيىنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئاندىن نوھ بىننى مەنسۇرسانىي تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىپ، ئەملى ئېلىپ تاشلانغان خۇراسان ۋالىيسى ئەبۇ ئەلى سەنجەرنىڭ ھۇزۇرىغا يالۋاچ ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەخپىي توختام تۈزۈپ، ئامۇ دەرياسىنىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىنى ئەبۇ ئەلى سەنجەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. قاراخانىيلار ئامۇ دەرياسىنىڭ شەرقىي تەرەپلىرىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى. دەل شۇ كۈنلەردە مەنسۇر شاھمۇ ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئۆز ئوردىسىنى كاشغەردىن بالاساغۇنغا يۆتكەپ چىققانلىقىنى ئۆزى ئۈچۈن بىر تەھدىت دەپ ھېسابلاپ، «سۇ كەلگۈچە توغان سېلىش» ئۈچۈن ئۆزىگە قارشى گەپ ـ سۆز قىلغان گۇناھى ئۈچۈن زىندانغا تاشلانغان فايىق دېگەن تۈرك ئەمەلدارىنى قىسقىتىن ئازاد قىلىپ، ئۆز قوشۇنىغا باش قىلىپ سەمەرقەندكە ئەۋەتتى. فايىق سەمەرقەند زېمىنىغا قەدەم ئېلىشى بىلەنلا مەنسۇر شاھقا بەرگەن ۋەدىسىگە زىت ھالدا ئاق توغ كۆتۈرۈپ ھارۇن بۇغراخانغا تەسلىم بولدى. نەتىجىدە ھارۇن بۇغراخان سەلتەنەت، سۇر ـ ھەيۋە بىلەن سامانىيلارنىڭ

پايتەختى بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى. مەنسۇر شاھ بارلىق لەشكىرىي كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئالدىنى توسماقچى، ئۇنىڭغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۆز ھەيۋىسىنى نامايان قىلماقچى بولغان بولسىمۇ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىدى. سەركەردىلەرنىڭ روھى سۇسلىشىپ، لەشكەرلىرىنىڭ بىر قىسمى بۇغرا قوشۇنلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى، بىر قىسمى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپلەرگە يول ئالدى. شاھ مەنسۇر قولىدىكى ئازراقلا لەشكەر بىلەن ھەرقانچە ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتسىمۇ، ھارۇن بۇغراخاننىڭ قىيانىدەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلىش ئەمەس، توسۇشنىڭمۇ بەسىي مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى، سەللا بىخەستەلىك قىلسا، ئۆز جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

سامانىيلار ئۇزاق يىللاردىن بېرى قۇدرەتلىك خاندانلىق بەرپا قىلغان، شاھ مەنسۇر پۈتكۈل خۇراساندا ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش بىلەنلا قالماستىن، سىر، ئامۇ دەريالىرى ئارىلىقىنى، ئاندىن پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى بېسىۋېلىپ، شۆھرەتلىك نام چىقاردى. ھەتتا ساراي شائىرلىرى تەرىپىدىن «سامانىيلارنىڭ يېڭىلمەس سۇلتانى» دەپ ماختالدى. ئۇ سەمەرقەندنى مەركەز قىلىپ، بۇخارا، شاش، قوقەند، پەرغانە، نامانگان، ئۆرگەنچكە ئەمەلدارلىرىنى قويۇپ، ئاۋۋالقى يەرلىك ئەمىر ـ ھاكىملارنى يوقاتتى. لەشكىرىي كۈچىنى مۇھىم شەھەرلەرگە قارىتىپ، قاراخانىيلارنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى ئۆزىگە قارام قىلماق بولدى. ئەمما، ئۇنىڭ ئىشى ئوڭدىن كېلىۋەرمىدى. ئۇ بېسىۋالغان زېمىنلاردا تارىخچىلارغا سالغان تۈرلۈك ئالۋان ـ ياساقلار، بەگ، سىپاھ، لەشكەرلەرنىڭ ئەلنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشلىرى، يەرلىك ئەمەلدارلار ۋە ئۆلىمالارنىڭ چەتكە قېقىلىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كۈچلۈك قارشىلىققا دۇچ كەلدى. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ھارۇن بۇغراخان لەشكەر

تارتىپ كېلىپ ئۇنى قاتتىق ساراسىمىگە سالدى. مانا ئەمدى ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ، شېرىن چۈشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۆز جېنىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئوردىسىنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. ھارۇن بۇغراخان سامانىيلار ئوردىسىنى ئىگىلەپ، ئەلگە ئومۇمىي ئەپۇ ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەبۇ ئەلى سەنجەر بىلەن تۈزگەن كېلىشىمىنى يىرتىپ تاشلاپ، سامانىيلارنىڭ پۈتكۈل زېمىنىنى ئۆز ھامىيلىقىغا ئالماقچى بولۇپ، فايىقنى ئىرمىزنىڭ باش ۋالىيلىقىغا بەلگىلىدى. بۇ ئىش ئەبۇ ئەلى سەنجەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغاپ، ئۇنى نوھ بىننى مەنسۇرساني تەرەپكە ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدى. ھارۇن بۇغراخان چوڭ كۆلەمدە جەڭگە تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەردە بۇخارادا ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى - دە، نوھ ئەۋۋەل بىننى ناسىرنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز بىننى نوھنى قورچاق پادىشاھ قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇخارانىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى سەمەرقەندكە قايتىپ كەلدى. مەنسۇر شاھ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇخاراغا قايتىپ كېلىپ، ئۆز تەرەپدارلىرىنى توپلاپ، قاراخانىيلارغا قارشى ئۇرۇشقا تەييارلاندى ھەم ئابدۇلئەزىز بىننى نوھنى ئۆلتۈردى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ھارۇن بۇغراخان ئەۋرە ئىنىسى، مۇسا بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ناسىر بىننى ئەلى ئىلىكخاننى ئۆز قوشۇنىغا باش قىلىپ، مەنسۇرغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. كۈچلۈك ھۇجۇمدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان مەنسۇر شاھ غەزنەۋىيلەر خانلىقىنىڭ سۇلتانى سەبۇقتېگىندىن ياردەم سورىدى. سەبۇق تېگىن ئوغۇللىرى سۇلتان مەھمۇد ۋە بۇغراچۇقلارنى ئىككى تۈمەن لەشكەرگە باش قىلىپ، قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەلىكىدىكى ماۋەرائۇننەھىر رايونىغا بېسىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن ناسىر بىننى ئەلى ئىلىكخان بىلەن سۇلتان مەھمۇد ئوتتۇرىسىدا پۈتۈمنامە تۈزۈلۈپ،

سەمەرقەند شەھىرىنىڭ شىمالىدىكى قەتۋان دېگەن جاي ئىككى ئەلنىڭ پاسىلى قىلىپ بېكىتىلدى. ئارىدىن ساپمۇساق ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەنسۇر شاھ ۋاپات بولدى. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىيلەرنىڭ تەختىنى ئىگىلىدى. مەنسۇر شاھنىڭ ئوغۇللىرى ۋە ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىمۇ كەسكىن ھالدا تەخت تالىشىش كۈرەشلىرى پەيدا بولۇپ، ئاخىر ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئابدۇلمەلىك سامانىيلارنىڭ شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇ بۇرۇنقى ئارزۇسىنى روياپقا چىقىرىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لەشكەرلىرى سەمەرقەندتىن چىقا - چىقمايلا سامانىيلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى...

ھارۇن بۇغراخان ئېغىر خورسىنىپ قويدى - دە، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولدى. ئەسلى قاتتىق تەييارلىق بىلەن كۈچلۈك ھۇجۇم ئارقىلىق بىراقلا سامانىيلار ئوردىسىنى ئېلىپ، كۆلىنى كۆككە سورۇشنى نىيەت قىلغانىدى. شۇنداق بولغاندا، ئۇ ئالدىنقى قېتىم چۈشۈپ كەتكەن نوپۇزىنى قايتا تىكلەپ، ئوردا ئەركانلىرى ئالدىدا ئۆزىنىڭ دېگىنىنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرمىغۇچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويالايتتى. ئەمما، بۇخارادا بۇدۇشقاقتەك چاپلاشقان كېسەلى يېقىنقى ۋاقىتلاردىن بېرى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تېزرەك ساقىيىش ئۈچۈن كۆرۈنمىگەن ھەكىم، ئوتاچى قالمىدى. ئۇلار ھارۇن بۇغراخاننىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، ئۇزاقتىن - ئۇزاق جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىشەتتى - دە، تىللىرىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزلەرنىمۇ دېيەلمەي، بىرتالاي دورىلارنى بۇيرۇپ، پەرھىز تۇتۇلىدىغان ئىشلار، تائاملار ھەققىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق ۋەز ئېيتىپ، ئاغىچى ھەدىيە قىلغان ئالتۇن - كۇمۇشلەرنى ئېلىپلا ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە خاننىڭ راستىلا ماغدۇرى يوق ئىدى. كېچىسىلا ئەمەس، كۈندۈزىمۇ يۆتىلىپ كېتەتتى. بەزىدە يۆتىلىنى ياندۇرالماي، نەپەس ئېلىشىمۇ قىيىنغا چۈشەتتى، ھەتتا ئىككى - ئۈچ قېتىم

يۆتەلگەندە ئېغىزىدىن قان ياندۇرغان ۋاقىتلىرىمۇ بولغانىدى. شۇڭا، ئۇ بەزىدە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە روھسىزلىنىپ كېتەتتى ـ دە، ھالىدىن خەۋەر ئېلىشۋاتقان ئوردا ئەركانلىرى ۋە مەھرەملەرنى كۆرسىلا قاپىقىنى تۈرۈۋېلىپ، ئۇلارنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇپلا قالماستىن، خانىشقىمۇ ئۆزىنى ئارامخۇدا ئارام ئالغىلى قويۇشىنى، كۆزىگە كىرىۋالماسلىقىنى ئېيتىپ، يالغۇز خىيال سۈرىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرۈۋالغانىدى.

تۇيۇقسىزلا خانىنىڭ يېنىدا يېنىك يۆتەلگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ھارۇن بۇغراخان كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ، ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ تۇرغان ئىشىكئاغىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىجازىتىسىزلا يېنىغا كىرىپ ئارامىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن چىچىلماقچى، چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇماقچى بولدى ـ يۇ، بىراق ئىشىكئاغىسىنىڭ ئۆمىسە چىرايىدىن ئۆزىگە دەيدىغان بىرەر مۇھىم ئىشنىڭ بارلىقىنى پەملەپ، «ھە نېمە گەپ بار ئىدى» دېگەندەك قارىدى.

ــ بۇگۈن مىجەزلىرى قانداقراقكىن، خان ئالىيلىرى؟...

ــ ھەرھالدا ئالدىنقى كۈنلەردىكىدىن ياخشى، ــ دېدى خان ئۇنىڭ گېپىنى ئەگىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ــ نېمە گەپ باركىن؟...

ــ مەن ئۆزلىرىگە...ئۆزلىرىگە...

ــ تىللىرىنى چاينىماي دەۋەرسىلە... ــ دېدى ھارۇن بۇغراخان سەل تۇتۇلغاندەك بولۇپ.

ــ ئۆزلىرىنىڭ گۇمانلىرى توغرا ئىكەن، ئالىيلىرى، پېقىر يارلىقلىرى بويىچە يېقىندىن بۇيان ئەھمەد توغانخاننىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى تەپسىلىي كۆزەتتىم. ھەتتا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۆز ئادەملىرىمىزنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، كۈندە دېگۈدەك يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارنى يېپىدىن يىڭنىسىگىچە سۈرۈشتۈرۈپ تۇردۇم. ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيان ھەرىكەتلىرى ناھايىتى گۇمانلىق بولۇپ كەتتى. نېمىشقىكىن مۇشۇ كۈندە ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلار بارغانسېرى

ئاۋۇپ قالدى. مەن سەزگەن ئەھۋاللارغا قارىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ يانلىرىدىكى ئادەملەر...

— ئۇلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلەمدىلا؟ — خان سەل ئۆرە بولۇپ قوشۇمىسىنى تۈردى، — ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى، گەپ - سۆزلىرى راستىلا شۈبھىلىكمۇ؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى، ئۇلارنىڭ ئادەتتە كۈندۈزلىرى بىر - بىرلىرى بىلەن پەقەت كارى يوق، خۇددى يات كىشىلەردەكلا يۈرۈشىدۇ. ئەمما، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باسقاندا بىر - بىرلىرىنى ئىزدىشىدۇ. يېقىندىن بۇيان كۆپىنچە توغانخاننىڭ قەسرىدە جەم بولۇشۇۋاتىدۇ.

— ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلىيالىدىڭمۇ، ئىشىكئاغىسى؟

ئىشىكئاغىسى نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالغاندەك سەل مەڭدەپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەندەك ئاھاڭدا جاۋاب بەردى:

— ئۇلار بىر يەرگە كەلسىلا، يېنىدىكى مەھرەم، غۇلاملارنى، ھەتتا ئۆز ئۆيىدىكىلەرنىمۇ سىرتقا چىقىرىۋېتىپ، ئىشىك، ھاۋادانلارنى دۇملەپ پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلىشىدىكەن. مەن ئۇنىڭ يېنىغا ئاتايىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھازىرقى كۈنلەردە توغانخاننىڭ ئەڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەن خىزمەتكارلارنىمۇ بۇنداق ۋاقىتتا يېنىدا ئولتۇرغۇزمايدىكەن. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ھازىرچە نېمە توغرۇلۇق مەسلىھەتلىشىۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن باشقا ھەممىمىزگە سىردۇر، ئالىيلىرى...

— ئۇلارغا ئوبدانراق كۆز - قۇلاق بولسىلا، ئىشىكئاغىسى، تاشقى دۈشمەندىن ئۆز ئىچىمىزدىكى دۈشمەن ياماندۇر. كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن...

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى...

— ئۇنىڭدىن باشقا، توغانخاننىڭ يېنىدىكى ئادەملىرىگىمۇ ئوبدانراق جىبكىلىسىلە، ئۇلار زىنھار چاندۇرۇپ قويىدىغان

ئىشنى قىلمىسۇن. بولمىسا كاللىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. مېنىڭمۇ، سىلىنىڭمۇ ئوتتۇرىغا چىقىشىمىز ئەپسىز بولغاچقا، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە...

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى، دېگەنلىرىنى ئېسىمدە تۇتىمەن...

— ئۇنداقتا چىقىۋەرسىلە... — خاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تولىمۇ بوش بولۇپ، ئىشىكئاغىسى ئارانلا ئاڭلىيالىدى. ئۇ ھارۇن بۇغراخاننىڭ كۆزىنى يۇمغانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا كەينىگە ياندى.

شۇ تاپتا خاننىڭ ئىچى ئاچچىققا تولغانىدى. ئۇ ئوردۇكەنتتىكى چېغىدا تاغىسى مۇسا بۇغراخاننىڭ ۋەسىيىتى ۋە تايانغۇ كېڭەشچىلىرىنىڭ ياردىمىدە خانلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەنىدى. ئۇ ۋاقىتتا مەرھۇم خاننىڭ نەۋرىلىرى — ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئوغۇللىرى تېخى كىچىك ئىدى. ئۇلار ھارۇن بۇغراخان بىلەن بالاساغۇنغا كېلىپ، يېشىغا ياش قوشۇلۇپ، بىرنەچچە يىلدىلا كۆزگە كۆرۈندى. خانلىقنىڭ ئىشى ئالدىراش، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر دائىم سامانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بولغاچقا، ھارۇن بۇغراخان تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش ھەققىدە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغانىدى. ئەمما، ئەلى ئارسلانخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئەھمەد توغانخان يىگىتلىك يېشىغا يېتىشى بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ رازىلىقى بىلەن تويىنى قىلىپ، زىممىسىدىكى قىيامەتلىك قەرزىنى ئادا قىلغانىدى. شۇنداقتىمۇ، ئەھمەد توغانخاننىڭ خانلىق تەختىنى قولىغا ئېلىش ئارزۇسى كۈچىيىپ قالغانىدى. ئۇ گەرچە ھارۇن بۇغراخان ئالدىدا ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا تەختنى ئۆتۈنۈپ بېرىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ، ئەمما تايانغۇ كېڭەشچىلىرىگە، ئوردا ئەركانلىرىغا بۇ ھەقتە خېلى پۇرىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. خان ئۇنىڭ گەپلىرىدىن ۋاقتىدا خەۋەر تېپىپ تۇرغان بولسىمۇ، دەسلىپىدە ئانچە ئېرەن قىلىپ كەتمىدى. «بالاغەتكە يېتىپ توي قىلغىنى بىلەن تېخى بىر بالا، قىزىققانلىق قىلىپ ئېغىزىدىن چىقىرىپ تاشلىغان بولسا، كېيىن ئۆز

گېپىدىن ئۆزى نومۇس قىلىپ قالار» دەپ ئويلىدى. ئەمما، ئىش ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. ئۇششاق گەپلەر بارا - بارا ئاۋۇپ، «كېپىش قېلىپتىن چىقىپ كەتكەن»دەك ھەيۋە، قورقۇتۇش سۆزلىرىمۇ پەيدا بولدى. تېخى بەزىلەر ئەھمەد توغانخاننىڭ ئوردىدىكى بەزى كىشىلەر بىلەن تۇيۇقسىز ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى، بەزى ئىشلىرىنىڭ تولىمۇ سىرلىق، شۇبھىلىك ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ھارۇن بۇغراخاننىڭ جىيەنىگە بولغان كۆز قارىشى ئۆزگەردى - دە، ئىشىكئاغىسىغا ئۇنىڭ يۇرۇش - تۇرۇشلىرى، گەپ - سۆزلىرىگە كۆز - قۇلاق بولۇش ھەققىدە پەرمان بەردى...

ھارۇن بۇغراخان ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغاندى، كىمدۇر ئېچىشقان يېرىگە تۇز سېپىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. «ئۇ راستىلا تەخت سەۋداسىغا چۈشكەنمىدۇ؟ باشقىلار ئېيتقاندەك بوۋىمىز ساتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاقنى ئۆلتۈرۈپ قاراخانىيلارنىڭ تەختىگە چىققاندەك، ئەگەر مەنمۇ ۋاقتىدا تەختنى ئۆتۈنۈپ بەرمىسەم، ئاشۇ تىراگېدىيەلەرنى تەكرارلامدىغاندۇ؟ ئاھ، خۇدا! ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بەر. ئۇ بۇ خىيالىدىن، پەيلىدىن يانسۇن، ئەگەر كۈندۈزدىكى خىيالىمدىلا ئەمەس، بەلكىم چۈشۈمدىمۇ داۋاملىق كۆرىدىغان سامانىيلارنىڭ بىزگە ئوزۇل - كېسىل بەيئەت قىلىدىغان ۋەزىيىتى يارىتىلسا، ئۇ چاغدا ئۇ تەلەپ قىلمىسىمۇ مەن تەختنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىمەنغۇ؟!... خانلىق بەرسىبىر ماڭا مەڭگۈلۈك باقىمەندە ئەمەسقۇ؟!...» خان ئويلىغانسېرى ئىزتىراپلىق تۇيغۇلار ئارىسىدا قالدى - دە، كاللىسى قوداڭشىپ، گاراڭلىشىپ كەتكەندەك بىر خىل تۇيغۇغا ئەسىر بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ بەللىرى كۆيۈشۈپ قالغان بولۇپ، بىردەم پۈتىنى سۇنۇپ يېتىۋالغۇسى كېلىپ، خاس مەھرەمنى چاقىرتىشنى ئويلىدى - يۇ، ئەمما ئۆزى خېلى كۆپ ھەرەج بىلەن بېشىنى ياستۇققا قويدى. دەل شۇ چاغدا خاس ھۇجرا ئالدىدىن ئىشىكئاغىسىنىڭ ئاۋۋال

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۆتەلگەن ئاۋازى، كېيىن بوش ئاۋازدا گەپ قىلغىنى ئاڭلاندى:

— مەلۇم بولغاي، خان ئالىيلىرى، تېخى ھازىرلا ئوردۇكەنتتىن ئارقىش كەلدى. ئۆزلىرىگە مەلۇم قىلىدىغان جىددىي لەشكىري مەلۇمات بار ئىكەن...

— كىرسۇن، — دېدى خان تېزلا. ئىشىك ئېچىلىپ ئاۋۋال ئىشىكئاغىسى، كېيىن چىرايىدىن ھاردۇق يەتكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇرىدىغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى شالاڭ ساقال، ئورا كۆز، كۆزلىرى كۆكۈچرەك بىرسى كىرىپ كەلدى ـ دە، خاننىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ بېشىنى ئەگدى:

— مەلۇم بولغاي، خان ئالىيلىرى، پېقىر قۇللىرى ھەسەن قىلىچخان① سۇباشىنىڭ پەرمانى بىلەن ئوردۇكەنتتىن كەلدىم. ھازىر ئۇدۇن خانى خانلىقىمىزغا قارشى جازا يۈرۈشى قوزغىدى. ئۇلار قاغىلىقتىن ئۆتۈپ، ياركەند دىيارىنى پۇتۇنلەي ئىسكەنجىگە ئالدى. ئىگىلىگەن ئەڭ ئىشەنچلىك خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ دورەم ئۇدۇن خانىنىڭ جازا يۈرۈشى قىلغان قوشۇنىدا ئىدىقۇت خانلىقى بىلەن تىبەت خانلىقىنىڭ ياردەمچى قوشۇنىمۇ بار ئىكەن. ئۇلار ھازىر سۇر ـ ھەيۋە بىلەن ئوردۇكەنتكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتىدۇ.

ھارۇن بۇغراخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قانداقلارچە ئۆرە بولۇپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى ـ دە، ئالدىراپ سورىدى:

— ئۇلارنىڭ لەشكىري سانىنى ئېنىقلىيالىدىڭلارمۇ؟

— پەمىمىزچە، ئون ـ ئون بەش تۈمەندىن كەم ئەمەس.

— ھە!... — خان ھەيران بولغىنىدىن ئېغىزىنى ئېچىپلا قالدى. شۇنىڭغىچە ئارقىش يەنە ئېغىز ئاچتى:

— ھەسەن قىلىچخان جانابلىرى ئۆزلىرىدىن جىددىي لەشكىري ياردەم تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، ئالىيلىرى...

خان نېمىشقىكىن ئىشىكئاغىسىغا قاراپ قويدى ـ يۇ، لېكىن

---

① قىلىچخان — قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە سەپ يارغۇچى باتۇرلارغا بېرىلىدىغان شەرەپ نامى.

بىردىنلا بىشىنى تۆۋەن قىلىپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن سورىدى:

— ئۇلار ھازىر قەيەرگە كەلدى؟

— مەن بۇياققا ماڭغاندا ياۋنىڭ قەدىمى ياركەند دىيارىغا يەتكەن. پىقىر قۇللىرى يارلىقنى تاپشۇرۇۋېلىپلا ئۆتەڭ – ئۆتەڭلەردە ئات ئالماشتۇرۇپ، كېچە – كۈندۈز دېمەي يول يۈرۈپ ئۇدۇل ھۇزۇرلىرىغا كەلدىم.

خان ئۇنىڭ چىرايىغا، تەق – تۇرقىغا قايتىدىن زەن سېلىپ، قانداق قىلىشنى خىيال قىلىۋاتقاندەك بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇ سامانىيلارغا قارشى لەشكەر تارتىش مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يۇسۇپ قادىرخاننى پەرمان بىلەن ئۆز يېنىغا چاقىرتىۋېلىپ، ئۇنى ۋاقىتىنچە پەرغانىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، سامانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەرنىڭ كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغانىدى. مانا ئەمدى ئويلىمىغان يەردىن ئۇدۇنلۇقلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كاشغەر رايونىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپتۇ. يەنە كېلىپ بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ لەشكىرىي كۈچى ناھايىتى كۆپ ئىكەن...

ھارۇن بۇغراخاننىڭ پېشانىسىدە تەر تامچىلىرى پەيدا بولۇپ، پۇت – قوللىرى ماغدۇرسىزلانغاندەك بولدى. ئىشىكئاغىسى دەرھال كېلىپ، خاننى ئاستاغىنا تۆشەك ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويدى. شۇ تاپتا خاننىڭ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، نەپەس ئېلىشى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى. خان ھەربىر نەپەس ئالغاندا بۇرۇن تۆشۈكى كېڭىيىپ يەنە ئەسلىگە كېلەتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ ئىشىكئاغىسىنىمۇ سوغۇق تەر باستى.

— ئوردا ئوتاچىسىنى چاقىرايمۇ، ئالىيلىرى؟ — سورىدى ئىشىكئاغىسى جىددىيلەشكەن ھالدا.

— ھاجىتى يوق، ئازراق ئارام ئالسام ئوڭشىلىپ قالىمەن... ھازىرچە بۇ خەۋەرنى باشقىلارغا بىلدۈرمەيلى... ھە راست، مەھرەمگە ئورۇنلاشتۇرۇڭ، ئوردۇكەنتتىن كەلگەن ئارقىشنى

يۈيۈندۈرۈپ، تويۇندۇرۇپ، تەكىيخانىدا ئوبدان ئارام ئالدۇرسۇن، ــ خان يەر تېگىدە سۆزلەۋاتقاندەك تولىمۇ پەس ئاۋازدا سۆزلىگەچكە، ئىككى ئادىم يىراقلىقتىكى ئارقىشمۇ ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى تۇزۇك ئاڭقىرالمىدى.

ــ ئىلەل، خان ئالىيلىرى... ــ ئىشىكئاغىسى ئاستاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىشنى شەرەتلەپ ئاچقىپ كەتتى. خان خاس ھۇجرىسىدا يالغۇز قالدى. ئۇ يۈرىكىگە يىڭنە سانجىلغاندەك ئارامسىزلىنىپ، ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن كۆكسىنى بېسىپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇ يۇسۇپ قادىرخاننى ئۆز يېنىغا چاقىرتىۋالغانلىقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتاتتى. بىراق، بولىدىغان ئىش بولۇپ بولدى، ئەمدى ھەرقانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ھازىرقى بىردىنبىر چارە پەقەت ھەسەن قىلىچخان سۇباشىنىڭ ئىلتىجاسىنى قاندۇرۇپ، ئەڭ تېزلىكتە ئوردۇكەنتكە لەشكەر ئەۋەتىش. شۇنداق قىلغاندىلا ياۋنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇرۇپ، پۈتۈن كاشغەر رايونىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. «ئۇ يەرگە كىم بارسا بولار؟ يۇسۇپ ئارسلانخانمۇ كاشغەرنىڭ ئارسلانخانلىق مەرتىۋىسىدىكى ئىلىك خانى. ئۇنى ئەۋەتىشنىڭ ئاقىلانە تەدبىر بولىدىغانلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ. ئەمما، ھازىرقى شارائىتتا پەرغانىدىن ئايرىۋەتسەم، ئالىمادىس سامانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر ھۇجۇم باشلاپ قالسا، قولۇمغا قول، پۇتۇمغا پۇت بولىدىغان ئادەم يوق بولۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا سامانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر خۇددى ئۇدۇنلۇكلەردەك پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەتسىچۇ؟... ياق، يۇسۇپ ئارسلانخاننىڭ مۇشۇ يەردە تۇرغىنى تۇزۇك. كاشغەرگە ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسىنىڭ بىرسىنى ئەۋەتسەمچۇ؟ ئۇلار بارسا بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چوقۇم چىقالارمۇ؟ ياق ... ياق، ئۇلارنى ئەۋەتسەم بولمىغۇدەك، ئۇلار تېخى ياش، جەڭلەردە يارلىق بويىچە ئات چاپتۇرۇپ، قىلىچ ئوينىتىپ يۈرگىنى بىلەن لەشكەرچىلىك جەھەتتىكى بىلىمى تۆۋەن. ئۇدۇنلۇكلەر ھىيلە ئىشلىتىپلا

قالسا، تەجرىبىسىزلىكى سەۋەبلىك ياۋنىڭ ئالدام خالتىسىغا تېزلا چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ئۆزى بىلەن بىللە قوشۇنىمۇ ئېغىر تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ. ئۇنداقتا كاشغەرگە كىم بارسا بولار؟ ئەھمەد توغانخانچۇ؟ ئۇمۇ مۇۋاپىق نامزات. لېكىن، مۇشۇ كۈنلەردە ماڭا غۇم ساقلاپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنى كاشغەرگە يولغا سالسام، ئوردۇكەنتكە بېرىۋېلىپلا ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلسىچۇ؟ ئۇ چاغدا يولۋاسنى تاغقا قويۇۋەتكەندەك ئىش بولۇپ، مەن ياۋغا ئەمەس، ئۆز قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمغا قارشى لەشكەر تارتامدىمەن؟!... ياق، قاراخانىيلار خانلىقى قۇرۇلغاندىن باشلاپ خانلىقتا پەقەتلا بىرلا خان بولۇپ كەلگەن. ئەگەر ئۇ راستلا شۇنداق باشباشتاقلىق قىلسا، قىلىچىمنى قىنىمدىن سۇغۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ... ئۇنداقتا زادى كىم لەشكەر باشلاپ بېرىپ ھەسەن سۇباشىغا ياردەمدە بولىدۇ؟... تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقسام، ئۇلاردىن ياخشىراق ئاقىلانە تەكلىپ چىقىپ قالارمۇ يا؟... راست، ئەھمەد توغانخان ھەر كەچلىكى تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەر بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپ يۈرىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىشلىرى تولىمۇ سىرلىق ئىكەن. قانداق ئىشلارنى قىلىۋاتقىنىنى، نېمە ئىشلارغا تۇتۇنغىنىنى بىلگىلى بولمايدىكەن. شۇڭا، تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەرگىمۇ ئىشەنگىلى بولمىغۇدەك. ئەسلىدىغۇ تايانغۇ كېڭىشىدىكى شۇ دۆيۈزلەرنى بىرمۇبىر قىسىقىغا ئېلىپ، ھەممىسىنىڭ گۇناھىنى ئىقرار قىلدۇرسام ياخشى بولاتتى. ئەپسۇس، قولۇمدا ھېچبىر پاكىت يوق ئەھۋالدا ئۇلارغا تەدبىر قوللانسام، ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك ئىش بولۇپ، ياتقان يىلاننى ئويغىتىۋېتىشىم مۇمكىن. شۇڭا، سەۋر قىلاي. بۇنىڭمۇ پۇرسىتى بولۇپ قالار... ئەستا، كاشغەرگە كىم ئاتلانسا بولار زادى؟... — ھارۇن بۇغراخان ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى. ئەمما، ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى يەنە قانات قېقىشقا باشلىدى... — بۇنداق ئىككىلىنىپ ئولتۇرىۋەرسەم، ياۋنىڭ ئالدىنى توسىدىغان

پەيت ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئۇدۇنلۇكلەرنىڭ قەدىمى ئوردۇكەنتكە يەتسىلا، نۇرغۇن ئىشلار ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا هازىر ئىككىلىنىپ تۇرۇشنىڭ ئورنى يوق. ئەڭ ياخشىسى كاشغەر تەرەپكە ئۆزۈملا لەشكەر تارتاي. بەلكى، مۇساپە ئۇزۇن، يول جاپالىق ھەم ئاتتا بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىمدىكىدەك ئولتۇرالمىغاچقا تەسلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ياخشىراق ياريار هارۋا ياسىتىپ، يېتىپ ماڭساممۇ ياكى تۆگە ئۈستىگە ئەپلىكرەك كاجۇۋا باغلىتىپ ئاتلانساممۇ بولىدۇغۇ؟!... ئۇنىڭ ئۈستىگە كاشغەردىن ئايرىلغىنىمغا ئۇزاق يىللار بولدى. بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئاتام سۇلايمان ئارسلانخانىڭمۇ جەسىتىنى مەخسۇس ئادەم بەلگىلەپ ئوردۇكەنتكە يۆتكەپ ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلدۇرغان بولساممۇ، قەبرىسىنى تېخى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىم يوق. يەنە بىر جەھەتتىن كاشغەرگە بارسام، كېسىلىم ياخشىلىنىپ شىپا تېپىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. شۇنداق قىلاي، ئۇ يەرگە ئۆزۈملا باراي، يولدا ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن كەنجى ئوغلۇم ئەلتېگىننى ئېلىۋالاي. بۇنى تايانغۇ كېڭشىدىكىلەرگە هازىرلا ئۇقتۇرۇپ سەپەر تەرەددۇتىنى باشلاي. يۇسۇپ قادىرخانغىمۇ مەخپىي هالدا ئارقىش ماڭدۇرۇپ، ئەھمەد توغانخانغا كۆز ـ قۇلاق بولۇشنى تاپىلاپ قوياي. ئۇ بۇ يەردە بولغانىدىكەن توغانخانمۇ ئۆزىنىڭ بىلگىنىچە ئىش قىلالماس...»

هارۇن بۇغراخان مانا شۇلارنى ئويلاپ، ئېغىر يۇكتىن قۇتۇلغاندەك بولۇپ يېنىك يۆتەلدى. شۇ ئان خاس هۇجرىغا ئىشىكئاغىسى قول باغلىغىنىچە كىرىپ كەلدى.

— هازىرلا تايانغۇ كېڭشىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى هۇزۇرۇمغا كەلسۇن! كېڭەش قىلىدىغان تولىمۇ زۆرۈر ئىش بار. يەنە ئەھمەد توغانخانىنىمۇ خەۋەرلەندۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا!

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى...

ئىشىكئاغىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، هارۇن بۇغراخان

ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ خېلى تەستە ئۆرە بولدى ـ دە، تايانغۇ كېڭىشىدىكىلەرگە تېخى بايىلا ئويلىغانلىرىنى قانداق چۈشەندۈرۈش ھەققىدە خىيالغا پاتتى.

## 18

ئارقىشنىڭ ئىت قوغلىغان ئادەمدەك تېزلىكتە دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان يۈسۈپ قادىرخان دەسلەپتە مەڭدەپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا ئۆزىنى تۇتىۋېلىپ، قولىقىم خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ نېمە دېگەندەك سورىدى:

— ئالدىرىماي سۆزلە، ھېلى نېمە دېدىڭ؟...

— ئارسلانخان ئالىيلىرى، ھارۇن بۇغراخان جانابلىرى كاشغەرگە سەپەر قىلىش داۋامىدا كېسەللى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، قوچقاربېشى دېگەن جايغا بارغاندا پەقەتلا بولالماي... — ئارقىش يۈسۈپ قادىرخاننىڭ چىرايىنىڭ بوزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ گېپىنى توختىتىۋالدى ـ يۇ، ئەمما ئارسلانخاننىڭ ئۆزىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، يەنە سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى، — خان ئالىيلىرى ئاخىر پەقەتلا بەرداشلىق بېرەلمىدى. ئوردا ئوتاچىلىرىنىڭمۇ قىلمىغان دورىلىرى قالمىدى. ئاخىر... ئاخىر باقىيغا رىھلەت قىلدى...

— ئاھ، خۇدا! — يۈسۈپ قادىرخان تۇيۇقسىز ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا باياتىن بېرى گەپ قىلماي ئولتۇرغان ئەھمەد توغانخان بىلەن ئىسمىداش بولغان ئىنىسى ئەھمەدمۇ يىغلاپ تاشلىدى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن بىردەم بىر ـ بىرىنى قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى. بۇنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ھەمراھلىرىمۇ كۆز يېشى قىلىشتى. يۈسۈپ قادىرخان بوغۇلۇپ، بۇقۇلداپ يىغلايتتى.

— ھارۇن بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ جەسىتى ھازىر قەيەردە؟ — سورىدى يۈسۈپ قادىرخان خېلىدىن كېيىن ئۆزىنى ئاران

تەسلىكتە بېسىپ.

— خان ئالىيلىرى قوچقاربېشى دېگەن جايدا قازا قىلغاندىن كېيىن ئىنىلىرى ۋە كاشغەرگە قاراپ يولغا چىققان قوشۇن باشلىرى ئارىسىدا خېلى تالاش ـ تارتىش بولدى. بەزىلەر دەرھال كەينىمىزگە يانايلى، دېيىشتى. يەنە بەزىلەر كەينىمىزگە يانماي، ئۇدۇل كاشغەرگە ئاتلىنايلى. خان ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك تېنىنى ئەجدادلىرى ياتقان قەبرىستانلىقتا قويايلى، دېيىشتى. ئۇلار خېلى ئۇزاق تالاشقان بولسىمۇ، لېكىن بىرلىككە كېلەلمىدى. ئاخىر خان ئوغۇل ئەلتېگىن قانداق يارلىق چۈشۈرسە شۇ بويىچە ئىش كۆرەيلى دېگەن يەرگە كېلىشتى. ئەلتېگىن «ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئاخىرقى ئارزۇسىمۇ كاشغەرگە بېرىش ئىدى. تەقدىر قىسمەتتىن بۇ يەردە ئاللانىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسى بويىچە ئىش كۆرەيلى. ھەرگىز كەينىمىزگە يانمايلى» دېدى. ئۇنىڭ گېپىگە ھەممەيلەن قوشۇلۇپ، مۇسىبەت خەۋىرىنى يەتكۈزۈشنى ماڭا تاپىلاپ قويۇپلا كاشغەر تامان يولغا چىقتى. بەلكىم ئۇلارمۇ كاشغەر تەۋەسىگە يېقىنلاپ قالغاندۇ...

— بىزمۇ دەرھال ئاتلىنايلى، ئاكا، — دېدى خان ئوغۇل ئەھمەد يىغا ئارىلاش، — ئاتلىق ئاتلانساق، ئۆتەڭ ـ ئۆتەڭلەردە ئات ئالماشتۇرۇپ بولسىمۇ، ھارۇن بۇغراخاننى يەرلىكىدە قويۇپ بولغۇچە بەلكىم يېتىپ بارارمىز.

يۈسۈپ قادىرخان ئىنىسىنىڭ گېپىگە ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئەمما، شۇ تاپتا ئۇمۇ شۇنداق خىيالدا ئىدى. ئەمما، ھازىرقىدەك ۋاقىتتا قىزىققانلىق قىلسا، چوڭ ئىشلارغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ئەنسىرەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھارۇن بۇغراخان كاشغەرگە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى مەخسۇس ئارقىش ئارقىلىق ئەۋەتكەن مۇتلەق مەخپىي مەكتۇپتا يېزىلغان گەپلەر ھازىرمۇ ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. «مەن ھازىر كاشغەرگە ئۇدۇنلۇقلارگە قارشى جازا يۈرۈشى قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. بۇمۇ ئىلاجسىزلىقتىن چىقىرىلغان قارار بولدى. ئەگەر ئۇ يەرگە

ئۆزۈم بارماي، كاشغەردىكى خانلىقىمىزغا تەۋە زېمىنلارنى ئۇدۇنلۇكلەرگە تارتقۇزۇپ قويسام، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا ئەجدادلىرىمىنىڭ لەنىتىگە قالىمەن. چۈنكى، ئۇ زېمىندا بوۋام ساتۇق بۇغراخان ئۆلۈم تەھدىتىگە قارىماي قولىغا ياراغ ئېلىپ، خانلىقىمىزنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان. تاغام مۇسا بۇغراخانمۇ بىر ئۆمۈر ئاشۇ زېمىندا ياشاپ، مېنى ۋارىسلىققا تاللىغان. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە مەن كېسىلىمنى باھانە قىلىپ، ئۇ زېمىنلارنى بۇددىستلارغا تاشلاپ بەرسەم، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىناتى قورۇنۇپ قالىدۇ. شۇڭا، مەن كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق دەرھال ئۆزۈم ئاتلىنىش قارارىغا كەلدىم. ئەمما، مەن كەتكەندىن كېيىن سىز ئەھمەد توغانخانغا تولىمۇ ھېزى بولغايسىز. ئىگىلىگەن ئەھۋاللىرىمغا قارىغاندا، ئۇنىڭ كۆڭلى قارىدەك تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بولۇشقا مەخسۇس ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. ئەگەر كۈتۈلمىگەن ئىش بولۇپ قالسا، سىز بىلەن ئالاقىلىشىدۇ. شۇڭا، مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ھازىرقى ئورنىڭىزدىن ئايرىلماڭ. پەۋقۇلئاددە كۈتۈلمىگەن ۋەقەلەر يۈز بېرىپ قالسىمۇ سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ، ئاندىن ئىش كۆرۈڭ. دوستلارغا يىغا، ياغىغا كۈلكە بولۇپ قالىدىغان ئىشلار بولۇپ قالمىغاي.»

يۈسۈپ قادىرخان ئۇلۇغ تىن ئالدى. ئاندىن «قانداق قىلىمىز، گەپ قىلىسىڭىزچۇ ئارسلانخان ئاكا؟» دېگەندەك تەرزدە تىكىلىپ تۇرغان ئەھمەدگە قاراپ بېشىنى ئىرغىتتى.

— قەلبىڭىزنى چۈشىنىمەن، ئىنىم. ئەمما، ھەرقانچە قايغۇرساقمۇ، ھازىرلا كاشغەرگە ئاتلانساق بولمايدۇ. بۇ ھەقتە بۇغراخان ئالىيلىرى ماڭا ۋاقتىدا ماڭا ئاتايىن پەرمان بەرگەن. شۇڭا، ھازىرچە تەخىر قىلايلى. ئىنىمىز ئەلتېگىن چوقۇم خاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىدىكىدەك بىر تەرەپ قىلىدۇ.

— ياق، سىزنىڭ بۇ يەردە قىلىدىغان ئىشىڭىز بولسا، سىز

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كاشغەرگە بارماڭ، ئاكا، ئەمما، مېنىڭ يولۇمنى توسماڭ. مەن كاشغەرگە ئاتلىناي... — ئەھمەد مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا يولغا چىقىدىغاندەك ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرۇڭ، ئەزىز ئىنىم، كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. لېكىن ھەممە ئىشنى بارمەسلىھەت قىلايلى... — يۇسۇپ قادىرخان كۆز ياشلىرىنى ئېرتسۇېتىپ قوشۇپ قويدى، — بۇ ئىشتا ئالدىراقسانلىق قىلساق، كېيىن «ئىسىت» دەپ پۇشايمان قىلىدىغان ئىش چىقىدۇ...

— سىزنىڭ قايسى ئىشلارنى ئويلاۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمەيمەن. ھەتتا بۇنى بىلىش خىيالىممۇ يوق. شۇڭا، ماڭا نەسىھەت قىلىمەن دېمەي، مېنى كاشغەرگە يولغا سېلىپ قويۇڭ، ئاكا. مەن سىزدىن خۇش بولۇپ قالاي... — ئەھمەد بىردىنلا يەنە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى، — راست، ئاكا، مەن كاشغەرگە باراي، ئىنىم ئەلتېگىن بىلەن بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلاي...

يۇسۇپ قادىرخانمۇ كۆز يېشىنى تۇتالمىغان ھالدا دېدى:

— ئۇنداق قىلماڭ، ئەزىز ئىنىم، ھازىرچە گېپىمنى ئاڭلاڭ، بىز ئوبدانراق مەسلىھەتلىشىپ باقايلى...

دەل شۇ چاغدا سىرتتا ئوپۇر - توپۇر ئاۋازلار ئاڭلىنىپ، ھايال بولمايلا بىر نۆكەر كىرىپ كەلدى ۋە ھاسىرىغان ھالدا دېدى:

— ئارسلانخان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، بالاساغۇندىكى ئوردىدىن كەلگەن بىرسى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، پەقەت ئۆزلىرىگىلا دەيدىغان مەخپىي گېپى بار ئىمىش.

— دەرھال باشلاپ كىر، — دېدى يۇسۇپ قادىرخان ئويلىنىپ تۇرمايلا.

— ئىلەل، ئارسلانخان ئالىيلىرى... — نۆكەر ئارقىچىلاپ چىقىپ كېتىپ ھايالشىمايلا قەلەندەر سىياقىدا ياسىنىۋالغان

بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. «قەلەندەر» ئۆيگە كىرىپ، خانىدا ئۇنىغا يېقىن ئادەمنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمىدىندۇر خاۋاتىرلەنگەندەك مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. بۇنى كۆرگەن يۈسۈپ قادىرخان هارۇن بۇغراخاننىڭ خېتىدە يازغان گېپىنى دەررۇ ئېسىگە ئېلىپ، «چىقىپ تۇرۇڭلار» دېگەندەك يېنىدىكىلەرگە بېشى بىلەن ئىشىكنى ئىشارە قىلدى. خانىدىكىلەر ئارسلانخاننىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، سىرتقا چىقىپ كېتىشتى. ئەھمەدمۇ ئاكىسىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن ئورنىدىن قوزغىلىۋىدى، يۈسۈپ قادىرخان:

— سىز قېلىڭ، ئىنىم، — دېدى تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

ئۆيدە ئۈچلا ئادەم قالدى. باشقىلار چىقىپ كېتىپ ئىشىك يېپىلىشى بىلەن تەڭ «قەلەندەر» موكلا يەرگە تىزلاندى ـ دە، يىغلامسىرىغاچ ئېغىز ئاچتى:

— پېقىر قۇللىرى مەرھۇم هارۇن بۇغراخان هايات ۋاقتىدا ئوردا مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ مىڭبېشىلىقىغا تەيىنلەنگەن ئىسراپىل بولىمەن. قۇللىرىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالغايلا، ئارسلانخان ئالىيلىرى!...

— بولدى ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، ھەرقانداق گەپ بولسا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ دېسىلە، مىڭبېشى...

— ياق، ئارسلانخان ئالىيلىرى، قۇللىرى خان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى ئورۇنلىيالمىدىم. كەمىنە قۇللىرىنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچكەيلا!

— قېنى ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، — يۈسۈپ قادىرخان ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. مىڭبېشى يۈزىنى ئىككى ئالقىنى بىلەن تۇتقانچە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەنمۇ بىرقىسىملا بولۇپ قېلىشتى.

— مېنى راستلا كەچۈرگەيلا، ئارسلانخان ئالىيلىرى، قۇللىرى ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلالمىدىم. شۇ ۋەجىدىن ئوردىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ۋاقتىدا ئۆزلىرىگە خەۋەر قىلىشقا

www.uyghurkitap.com

ئىلاجسىز قالدىم. ئاخىر ئەھمەد توغانخان... — قەلەندەر يەنە ئېسەدەپ كەتتى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. يۇسۇپ قادىرخان «ئەھمەد توغانخان» دېگەن ئىسمىنى ئاڭلاپ بىردىنلا سەگەكلەشتى، ھارۇن بۇغراخاننىڭ مەكتۇپىدا يازغان گەپلىرىنى ئويلاپ، يۈرىكى ئەنسىز سىلىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، دېدى:

— قېنى ئولتۇرسىلا، مىڭبېشى، ھەرقانداق گەپ بولسا ئولتۇرۇپ دېسىلە.

ئىسراپىل مىڭبېشى ئېسەدىگەن ھالدا گىلەم ئۈستىدە ئولتۇردى. ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەنمۇ ئۇنىڭغا روبىرو بولۇپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يۇسۇپ قادىرخان «قېنى گەپلىرىنى داۋاملاشتۇرسىلا» دېگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى.

— خان ئالىيلىرىنىڭ قوچقارىبېشىدا ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى ئوردىغا يېتىپ كېلىشى بىلەنلا ئەھمەد توغانخاننىڭ نىيىتى بۇزۇلدى، ئالىيلىرى، ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك تېپىرلاپلا قالدى، تېزلىكتە تايانغۇ كېڭەشچىدىكىلەرنى يىغىپ كېڭەش ئۆتكۈزدى. مەرھۇم خاننىڭ قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزۈپ، «ئەلدە خان بولمىسا بولمايدۇ. شۇڭا، تېزدىن بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلمىساق بولمايدۇ» دېدى. بۇنىڭ بىلەن تايانغۇ كېڭەشچىدىكىلەر بىردەم سۈكۈتتە ئولتۇرغاندىن كېيىن، بەزىلىرى: «بۇ ئورۇنغا سىلى مۇۋاپىق، ئەسلىمۇ خانلىق تەختى ئۆزلىرىنىڭ ئىدى. مەرھۇم خان ئاتىلىرى ۋاپات بولغاندا، ئۆزلىرى كىچىك بولغاچقا، ھارۇن بۇغراخان ئورۇنلىرىنى ئىگىلىۋالغان. سىلى چوڭ بولۇپ ئەقىللىرىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ تەختنى ئۆتۈنۈپ بەرمىدى. مانا ئەمدى ناھايىتى ئوبدان بولدى. بۇ سەلتەنەت ئاخىر ئۆز ئىگىسىنى تاپتى» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر: «بۇ تەختنىڭ ئىگىسى يۇسۇپ ئارسلانخان، ئۇ زاتقا ئارقىش ئەۋەتىپ، دەرھال ئوردىغا تەكلىپ قىلايلى» دېيىشتى. تالاش ـ تارتىش خېلى كۆپ بولدى. ئەمما، ھېچكىم بىر ـ

بىرىنى قايىل قىلالمىدى. ئەھمەد توغانخانمۇ ئۆزىنىڭ تەختىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسى ئىكەنلىكىنى، بۇ كۈنلەرنى كۈتۈۋاتقىلى خېلى ۋاقىتلار بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھارۇن بۇغراخاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، مۇشۇ كۈنگىچە تەخىر قىلىپ كەلگەنلىكىنى، ئەمدى تەختتە ئولتۇرسا تازا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتتى. بىراق، يەنە بەزىلەر قايىل بولمىدى. ئۇلار تالىشىپ ئورۇنلىرىدىن نەچچە مەرتەم تۇرۇشۇپ كەتتى. ئەسلىي ئەھمەد توغانخان خېلى بۇرۇنلا خانلىق ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپ تايانغۇ كېڭەشچىدىكى بەزى كىشىلەر بىلەن خۇپىيانە ھالدا تىل بىرىكتۈرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشكەندە، يەنە بەزىلەرنىڭ قارشى چىقىشىنى ئويلاپ باقمىغاچقا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى ـ دە، «ھەقىقىي تەخت ۋارىسى يۈسۈپ ئارسلانخان» دەپ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇرغان بىتىكچىگە يېنىدىن بۆكتەسىنى چىقىرىپلا تىقىۋەتتى. بىتىكچى نەق مەيداندىلا ئۆلدى. بۇنى كۆرگەن تايانغۇ كېڭەشچىدىكىلەر قورقۇنچتىن لاغ ـ لاغ تىترىشىپ، ئەھمەد توغانخاننىڭ تەختكە چىقىشىغا قارشى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. پېقىر بۇ ئەھۋاللارنى ھاۋادان سىرتىدا تۇرۇپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ، ھارۇن بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ كاشغەرگە مېڭىش ئالدىدىكى پەرمانى بويىچە ئۆزلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەھمەد توغانخان ئۆزىنىڭ پەرمانىسىز ھېچ كىشىنى ئاستانىنىڭ قوۋۇقىدىن چىقارماسلىق ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەن بولغاچقا، ئامال قىلالمىدىم. ئەتىسى ئەھمەد توغانخان تايانغۇ كېڭەشچىدىكى سىرداشلىرىنىڭ ياردىمىدە ئۆزىنى قاراخانىيلارنىڭ خانى دەپ جاكارلاپ تەختكە ئولتۇرۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، بىر ئاماللار بىلەن ئاران تەستە ئاستانە قوۋۇقىدىن چىقىپ ھوزۇرلىرىغا ئاتلاندىم.

يۈسۈپ قادىرخان مەكتۇپچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، تىترەك ئاۋازدا دېدى:

— ئاھ، ھەممىگە قۇدرەتلىك كەرەملىك ئاللا، بىزگە نېمە

كەلگۈلۈك بۇ!...

— ئەمدى ئىككىلىنىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، ئارسلانخان ئاكا، بىز تېزدىن ئەھمەد توغانخاننىڭ يېنىغا بېرىپ ئەسلىدىن ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغان تەختنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى ئېيتايلى، چىرايلىقچە گېپىمىزگە كۆنسە كۆنسۇن، كۆنمەي تىلىنى چاينايدىغان بولسا، قولىمىزدىكى جىمىكى لەشكەرلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ بولسىمۇ تەختنى تارتىۋالايلى.

يۇسۇپ قادىرخان ئىنىسىنىڭ سۆزىگە ئىنكاس قايتۇرمىدى. ئۇ گەرچە ھارۇن بۇغراخاننىڭ سامانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەرنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئوردىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئەمما باشقىلاردىن ئەھمەد توغانخاننىڭ يېقىندىن بۇيان ھە دەپ خۇپىيانە ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرغاچقا، ئوردىغا بارسىلا ئۇنىڭدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ، ۋەزىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىشتىن ئەنسىرەپ تەخىر قىلىپ كەلگەنىدى. «خانلىق تەختى چوقۇم مېنىڭ... — دەپ ئويلىغانىدى يۇسۇپ قادىرخان شۇ چاغدا، — قاراخانىيلار تەۋەسىدە مەيلى قەلەم، مەيلى ئەلەمدە ماڭا يېتىدىغىنى يوق. يېقىندىن بۇيان يات ئەللەرنىڭ ھۇجۇمىنى كۆپ قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك چېكىندۇرۇپ، قاقشاتقۇچ زەربە بەردىم. ئوردا ئەركانلىرى ئارىسىدىمۇ ماڭا قول قويمايدىغانلار يوق دېيەرلىك. شۇڭا، ھازىر ئوردىغا بېرىپ ئەھمەد توغانخاننىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ ئۇنىڭدا خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ ياتقان يىلاننى ئويغاتقاندىن كۆرە، ھارۇن بۇغراخان تاپشۇرغان ۋەزىپىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلاي...»

مانا ئەمدى ئۇ چۈشىدىمۇ ئويلاپ باقمىغان ئىشلار يۈز بەردى ... ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ ئەھمەدنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئەھمەد توغانخاندىن تېزدىن تەختنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ

قىلغۇلۇقمۇ ياكى لەشكەر تارتقۇلۇقمۇ؟!...

ئۇ كۆپ ئويلاندى، ئەمما بىر قارارغا كېلەلمىگەندەك ھۇجرا ئىچىدە ئۇياندىن ـ بۇيانغا مېڭىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ ئەھمەدنىڭ ئىچى پۇشقاندەك تەئەددى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئەمدى ئىككىلىنىشنىڭ ئورنى قالمىدى، ئارسلانخان ئاكا. بىز ئىشەنگەن ئەھمەد توغانخان دېگەن نائەھلى خان ئالىيلىرىنىڭ تېنى سۇۋۇپ، مېيىتى يەرلىكىدە قويۇلمايلا ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا مەيلى دەپ يول قويساق، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنى تېخىمۇ ئاني تاپىدۇ. بۇگۈن سىزگە تەئەللۇق تەختنى تارتىۋالغان ئادەم ئەتە ئارسلانخانلىق مەرتىۋىڭىزنى ئېلىپ تاشلايدۇ. ئۆگۈنلۈككە بىرەر ئىشنى باھانە قىلىپ سىزنى يا يىراق بىر جايغا سۈرگۈن قىلىدۇ، يا بولمىسا بېشىڭىزنى ئالىدۇ...

— بولدى بەس، ئەزىز ئىنىم، بىز ھازىر ھازىدار. يەنە بىر جەھەتتىن بىز ئەھمەد توغانخان بىلەن قان قېرىنداش. ھەممىمىزنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى بوۋىمىز ساتۇق بۇغراخاننىڭ قېنى. ئۇ ھەرقانچە تۇزكور، نائەھلى بولسىمۇ ئۇ دەرىجىگە بارماس...

— ياق، ئاكا، ئۇنىڭ نىيىتى قارا. سىز بەلكىم ئېسىڭىزدىن چىقىرىپ قويغان بولسىڭىز كېرەك، ئىككى ـ ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇ بىزنى كۆرسىلا يېغىرىمىزغا تېگىدىغان گەپلەرنى قىلاتتى. مانا ئەمدى ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. بۇ ئىشنى ھازىر «مەيلىلا، ئەھمەد توغانخان بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، ئۇ خان بولسىمۇ، مەن خان بولسامۇ ئوخشاش. ھەممىمىز ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرى...» دېگىنىڭىز بىلەن ئۇ سىزدەك ئويلامدۇ؟ ياق، زىنھار ئۇنداق ئويلىمايدۇ. ئۇنىڭ نىيىتى قارا بولمىسا ئاۋۋال سىزنى خەۋەرلەندۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن تەختكە ئولتۇرسىمۇ بولاتتىغۇ؟!... شۇڭا ئەمدى ئىككىلەنمەڭ. دەرھال ئۇنىڭغا قارشى جازا يۈرۈشى قىلىڭ ـ دە، ئۆزىڭىزنىڭ ساتۇق

بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، تەختنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى ئىكەنلىكىڭىزنى بىلدۈرۈپ قويۇڭ. ئەگەر بۇنىڭغا رايىڭىز بولمىسا، ھەممە ئىشنى ماڭىلا قويۇپ بېرىڭ. ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭغا قارشى لەشكەر تارتىمەن.

— ھاياجىنىڭىزنى چۈشىنىمەن، ئىنىم، مەرھۇم خاننىڭ كىرپىكىگە توپا قونماي تۇرۇپ، قان قېرىنداشلار بىر - بىرىمىزگە تىغ كۆتۈرۈشسەك، ئۇلۇغ، سەلتەنەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھى قورۇنۇپ، يەرلىكىدە خاتىرجەم ياتالمايدۇ. ھازىر ھەقىقىي دۈشمەن ئەھمەد توغانخان ئەمەس، ئالدىمىزدىكى سامانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر، كەينىمىزدە ئۇدۇنلۇك بۇددىستلار. بەلكىم سىز بەزى ئىشلارنى ئۇجۇر - بۇجۇرىگىچە بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. خان تاغىڭىزمۇ خانلىقىمىزنىڭ ئومۇملۇقىنى، مەڭگۈ قۇدرەت تېپىشىنى كۆزلەپ، كېيىنىنىڭ ئىغىرلىقىغا قارىماي كاشغەرگە يولغا چىققان. ئەمما، قازايىقەدەر يېتىپ، ئارمىنى شۇ يېتىلا قالدى. ھازىر بىزگە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئەلھۆكمىللىلا دېمەكتىن ئۆزگە چارە يوق. شۇڭا، مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە قېرىنداشلار بىر - بىرىمىزگە قارشى تىغ كۆتۈرۈپ جەڭگە - جېدەلگە چۈشسەك رەقىبلىرىمىزنىڭ چىچىكى چاي بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، سەۋر قىلايلى، ئىنىم. بۇ ئىشقا ھېلىتىن قىزىققانلىق قىلغىلى تۇرساق، ئۆزىمىزنى ئالدۇرۇپ، تۇگىمەس ئاداۋەت پاتقىقىغا پېتىپ قالىمىز. ئاۋۋال يات ئەللەرنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرايلى، ئۆز ئىچىمىزدىكى ئىشلارنى كېيىنچە ئالدىرىماي دېيىشىۋالارمىز.

— سىز بۇ ئىشلارنى مۇشۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋەتمەكچىمۇ؟ خانلىق تەختنى قولىدىن ئويۇن - تاماشىدىن باشقا ئىش كەلمەيدىغان، ھە دېسىلا نىزا - خۇسۇمەت پەيدا قىلىپ، ئارىدىن نەپ ئېلىشنىلا كۆزلەيدىغان ئەھمەد توغانخانغا قوش قوللاپ سۇنۇپ بەرمەكچىمۇ؟... مەيلى، سىز نېمە ئىش قىلسىڭىز قىلىۋېرىڭ،

ئاكا. مۇشۇنداق چوڭ ئىشلار ئالدىدىمۇ يەنە ئۆز ئاجىزلىقىڭىزنى ئىپادىلەپ «ئەلھۆكمىللىللا، كۆرىدىغان كۈنۈم، يەيدىغان رىزقىم مۇشۇ ئوخشايدۇ» دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرسىڭىز تۇرىۋېرىڭ، ئەمما، مەن ئۇنداق قىلالمايمەن. مەنمۇ قاراخانىيلار تەختىدە نەچچە يىل خانلىق سەلتەنىتىنى سۈرگەن سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى. ھازىرغۇ ئەھمەد توغانخان ئۆزىنى سەلتەنەت ئىگىسى دەپ ئېلان قىپتۇ. بۇرۇنمۇ مەن ئۇنى ئېلىۋەتكەن تىرىنىقىمغا تەڭ قىلمايتتىم. ھازىرمۇ ھەم شۇنداق قارايمەن. ئۇ قايسى ئەجىر ـ تۆھپىسىگە ئۆزىنى خان دەپ ئېلان قىلىدىكەن؟ ئۇ يا سىزدەك ئىلىملىك بولمىسا، يا جەڭگاھلاردا قان كېچىپ بىرەر قېتىم بولسىمۇ لەشكەر تارتىپ باقمىسا... ياق، مەن ئۇنىڭ قاراخانىيلار خانلىقىغا خان بولغانلىقىنى ھەرگىز ئېتىراپ قىلمايمەن!

— ھاي ـ ھاي، ئەزىز ئىنىم، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، بەك قايىنىغان چۆگۈن ئۆزىنىڭ بويىغا تاشىدۇ. سىز مەيلى ئېتىراپ قىلىڭ، مەيلى ئېتىراپ قىلماڭ، توغانخان ھازىر بەرىبىر قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خانى. يەنە كېلىپ ئۇمۇ سىز بىلەن مەندەك خاننىڭ پۇشتى. ھېلى دېگىنىڭىزدەك، ئۇ بىرەر قېتىممۇ جەڭگە قاتنىشىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلمىغىنى بىلەن بۇ ئۇنىڭ خان بولالماسلىقىغا سەۋەب بولالمايدۇ. بىزدە «ئوينىماپ سۆزلىسەڭمۇ، ئويلاپ سۆزلە» دەيدىغان گەپ بار. ئۇنتۇپ قالماڭ، مۇشۇ تاپتا ھۇجرىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ بىزگە قويۇپ قويغان كۆز ـ قۇلىقى بارمۇ تېخى، ھېچنېمە دەپ بولمايدۇ. شۇڭا ئىشلارنى ھېسسىياتىمىزغا تايىنىپ ئەمەس، ئەقلىمىزگە تايىنىپ ھەل قىلايلى.

— دۇرۇس، تولىمۇ ئاقىلانە گەپ بولدى خان ئوغۇل، — دېدى باياتىن ئاكا ـ ئۇكا ئىككىسىلەننىڭ پارىڭىغا قوشۇق سالماي جىممىدە ئولتۇرغان مىڭبېشى ئېغىز ئېچىپ، — ئارسلانخان ئالىيلىرى توغرا دەۋاتىدۇ. ئەمدى ھەرقانداق ئىشنى سالماقلىق

بىلەن قىلغىنىمىز ياخشى. مەرھۇم ھارۇن بۇغراخان ئالىيلىرىنىڭ ھازىر ئوردىدا تۇرۇۋاتقان قەدىرلىك يارەنلىرىمۇ مەن بۇ تەرەپكە ماڭار چېغىمدا، ھەرقايسىلىرىنى بۇنىڭدىن كېيىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلسۇن. ھەرگىز توغانخاننىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويىدىغان ئىشلارنى قىلىپ سالمىسۇن. ھازىر توغانخان قۇترىغان يولۋاس، پەيلى يامان. خان ئوغۇللار ئۇنىڭغا باھانە تېپىپ بېرىدىغان ئىشلارنى قىلمىغاي. كېيىن شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە بىزمۇ بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرمايمىز، دەپ ئالاھىدە گەپ ئېيتىپ بەردى. شۇڭا، خان ئوغۇل ئۆزلىرى ئارسلانخان ئالىيلىرىنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالغايلا. سەمىلىرىگە سېلىپ قويسام بەلكىم ئارتۇقچە بولماس، توغانخاننىڭ قەلبىگە خانلىق ۋەسۋەسىسى چۈشكەندىن باشلاپ، كېيىن كۆتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئۇنۇملۇك ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرقايسى قوشۇنلارغا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يارەنلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، دەپ ئاڭلىدىم. شۇڭا، بۇنىڭدىن كېيىن تولىمۇ ئېھتىيات قىلماق زۆرۈر.

ئەھمەد بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، يەنە سۆزلەش ئۈچۈن ئېغىزىنى ئۆمەللىدى ـ يۇ، نېمىنىدۇر ئويلىغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— توغرا ئېيتتىلە، مەنمۇ بۇرۇن بۇ ئىش ھەققىدە شۇنداقراق گۇمان قىلغانىدىم. گۇمانىم توغرا چىقتى. بىز ئېھتىيات قىلايلى... — دېدى يۈسۈپ قادىرخان مەيۈس ئاھاڭدا.

— ئەمىسە مەن ياناي... — مىڭبېشى ئورنىدىن تۇردى، — ھارۇن بۇغراخان ئالىيلىرىغا بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇنلىيالمىغان بولسامىمۇ، ئوردىدىكى ئىشلاردىن ھەرقايسىلىرىنى خەۋەردار قىلدىم. پېقىر قۇللىرى بۇ تەرەپكە ماڭغاندا، يىراق سەھرادىكى ئاتا ـ ئانامنى يوقلايمەن دېگەن سەۋەب بىلەن ئاتلانغانىدىم. ھېلىمۇ ھايال بولۇپ قالدىم. شۇڭا، باشقىلار گۇمان قىلىشتىن بۇرۇن ۋاقتىدا قايتمىۋالاي. بۇنىڭدىن كېيىن ئۇ تەرەپتە يېڭى ئەھۋال يۈز بېرىپ قالسا، ئىلاج بار ئۆزۈم كېلىمەن. ئەگەر

كېلەلمىسەم، ئىشەنچلىك كىشىلەردىن بىرسىنى ئەۋەتىمەن...
— تۇزۇك ئارام ئالمايلا قايتىدىغان بولدىلا، — دېدى يۈسۈپ قادىرخان، — ئۆزلىرىمۇ قاتتىق ئېھتىيات قىلغايلا!
خان شۇنىڭدىن كېيىن ئىنىسىغا دېدى:
— مىڭبېشىنى يولدىن قويمايلى، ئىنىم. سىز ئۇنىڭغا يولدا خەج - خىراجەت قىلىش ئۈچۈن ئوبدانراق يوللۇق تۇتۇڭ...
— ئىلەل، ئارسلانخان ئاكا!
— ئەمىسە مەن ياناي، ئارسلانخان ئالىيلىرى، يەنە پۇرسەت بولسا دىدارلىشىپ قالارمىز، — دېدى مىڭبېشى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ئەزىز تەنلىرىنى ئاسرىغايلا!
— مەندىن ئوردىدىكى يارەنلەرگە سالام دېسىلە، مىڭبېشى...
— ئىلەل، ئارسلانخان ئالىيلىرى، ئاللاغا ئامانەت...
— ئاللاغا ئامانەت!
ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يۈسۈپ قادىرخان ئۆينىڭ ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭمۇ ئەھمەد توغانخان بىلەن يۈزتۇرا پاراڭلاشقۇسى، خېلىدىن بېرى ئۆزى تەۋە دەپ قاراپ كېلىۋاتقان خانلىق تەختىنى ئۆتۈنۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلغۇسى بار ئىدى. ئەمما، ھازىرقى ئەھۋالدا بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقارسىلا ئىنىسى ئەھمەدنىڭ دەرھال يەڭ تۇرۇپ مەيدانغا چۈشۈشى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گەپلەرنىمۇ يۇتۇۋېتىپ، ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغانىدى. بىراق، ئەمدى ئۇنى بىر خىل ئاجايىپ تۇيغۇ ئەسىر قىلماقتا ئىدى. «زادى قانداق قىلغۇلۇق؟ مۇشۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ خىيالىچە بولغاندا ئۇدۇل كاشغەرگە مېڭىشىم لازىم ئىدى. مەن كاشغەرنىڭ ئارسلانخانى تۇرۇقلۇق لەشكەر باشلاپ بېرىپ ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى توسىيالمىسام قانداق بولىدۇ؟ راست، ئەسلىي مەرھۇم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

خاننىڭ نامىزىغا ئۈلگۈرەلمىسەممۇ مۇسىبەت ئىشلىرىغا قاتناشسام ياخشى بولاتتى... يەنە تېخى تەخت ئىشى بار. بۇ ئىشنىمۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن. خانلىقىمىزغا ئەھمەد توغانخان خان بولۇپ سەلتەنەت سۈرسىمۇ مەيلى. ئەمما، ئۇ مەرھۇم خان هايات ۋاقتىدىكى ئىشلارنى روياپقا چىقىرىپ، تاشقى ياغىنى يوقىتىپ، ئەلنى ئەمىنلىككە ئېرىشتۈرسىلا بولاتتى. لېكىن، هازىر ئۇنىڭ تومۇرى قانداق سوقىدىكىن! ...»

ئىنىسى ئەھمەدنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ خىيال يىپلىرى ئۈزۈلدى. ئەھمەد ئاكىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ھەسرەت، پۇشايمان، ئۆرتىنىش ياشلىرى تولغان كۆزلىرىنى بىردەم تىكىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، سورىدى:

ـــ شۇنداق قىلىپ، خان ئالىيلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا بارمامدۇق، ئاكا؟

ـــ مېنىڭمۇ خۇددى قۇشلاردەك پۇررىدە ئۇچۇپ بارغۇم بار. ئەمما، بىز ئۇنداق قىلالمايمىز. هازىر خان ئالماشتى. لەشكەرگاھتىن ئايرىلىش ئۈچۈن ھېچ بولمىسا ئەھمەد توغانخاندىن يارلىق سورىشىمىز لازىم. ئۇ تەلىپىمىزگە قارىتا يارلىق چۈشۈرمىسە، بىز ئۇ تەرەپلەرگە خالىغانچە ماڭالمايمىز.

ـــ يەنە شۇ گەپ... يەنە شۇ ئەھمەد توغانخان... خان ئالىيلىرى باقىيغا سەپەر قىلىشى ھامانلا بىز خۇددى قانىتى بوغقۇچلانغان قۇشقا، پۇتى چۈشەپ قويۇلغان، بوغۇزلاش ئۈچۈن تەييارلانغان قويغىلا ئوخشاپ قالدۇقمۇ ئەمدى، ئارسلانخان ئاكا؟

ـــ بۇنداق خىياللارنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىڭ، ئەزىز ئىنىم. بايا سىزگە دېگىنىمدەك، ئالدى ـ ئارقىمىزدىكى ياۋ بىزنىڭ ئۆز ئىچىمىزدە ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىشىمىزنى، ئاداۋەت تۈگمىنىگە ئۆگۈت قويۇپ، خۇسۇمەت ئىچىدە ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرۇشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. ھەرقانچە ئىش

بولسىمۇ، رەقىبلىرىمىز ئالدىدا ئۇلارغا ئويۇن قويۇپ بەرمەيلى. ئەھمەد توغانخان پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ ئۆزىنى قاراخانىيلارنىڭ خانى دەپ ئېلان قىلغان بولسىمۇ، بىز قورسىقىمىزنى كەڭرەك تۇتايلى. ئۇنى يەنە بۇرۇنقىدەك قان قېرىنداشىمىز دەپ بىلىپ، يارلىق چۈشۈرسە خان ئەمرىنى بەجا قىلماق ۋاجىپ، دەپ بىلەيلى...

— مەن سىز دېگەندەك قىلالمايمەن، جېنىم ئاكا، مۇشۇ تاپتا قورساق كۆپۈكىدىن ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قېلىۋاتىمەن. ئۆزىڭىز بارمىسىڭىز، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ. مەن ئەتە سەھەردىلا كاشغەرگە ئاتلىناي، ئىنىم ئەلتېگىنگە ياردەملىشىپ، ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىۋېتىپ ئاندىن قايتىپ كېلەي...

يۇسۇپ قادىرخان خېلى ئۇزاق سۈكۈتكە پېتىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى سۇس لىڭشىتتى:

— ئەمىسە ئۆزۈم بارالمىسامۇ، مېنىڭ ئورنۇمدا كاشغەرگە بېرىپ، ئەلتېگىنگە ياردەملىشىپ، خان ئاتىلىرىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كېلىڭ، ئىنىم. ئەمما، شۇنىسى سەمىڭىزدە بولسۇنكى، ئاۋۋال ئەھمەد توغانخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ، ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن ئاتلىنىڭ!

— ئىلەل، ئارسلانخان ئاكا!... دېگىنىڭىزچە قىلىمەن...

شۇ كېچىسى ئۇلار تۈن نىسپىيگىچە مەرھۇم خاننىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ بەزىدە يىغلىشىپ، بەزىدە بىر ـ بىرىگە تەسەللى بېرىشىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇردى ـ دە، ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ ئايرىلىشتى. بىراق، «ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمىگەن»دەك، قۇياش ئۇپۇقتىن بىر ـ ئىككى غېرىچ كۆتۈرۈلگەن ۋاقىتتا قارارگاھقا خۇددى قۇيۇندەك ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن چاپارمەن ئۇلارنىڭ شېرىن خىيالىنى بۇزۇۋەتتى. چاپارمەن تېزلىك بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تۇغى يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان چېدىر ئىشىكى

تۇۋىدە قولىدىكى پۆپۈكلۈك نەيزىنى چاڭ تۇتۇپ، ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرغان نۆكەرلەرگە يېقىنلاشتى:

— مەن ئوردىدىن كەلگەن ئارقىش، ئەھمەد توغانخان ئالىيلىرىنىڭ يارلىقىنى ئەكەلدىم. يۈسۈپ ئارسلانخان بىلەن ھازىرلا كۆرۈشتۇر!

نۆكەر ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە مەلۇم قىلدى.

— كىرگۈزۈۋەت... — چېدىر ئىچىدىن يۈسۈپ ئارسلانخاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىش كىيىملىرىدىكى چاڭ ـ توزاننى قېقىۋەتكەندىن كېيىن بېلىدىكى تاۋار پوتىسىغا قىستۇرۇۋالغان تۇرمەللەپ ئورالغان يارلىقنى ئوڭ قولىغا ئېلىپ چېدىر ئىچىگە كىردى ـ دە، تېزلىكتە چېرىكچە سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، يۇقىرى ئاۋازدا دېدى:

— كەمىنە قۇللىرى قاراخانىيلار سەلتەنەتىنىڭ خانى ئەھمەد توغانخان ئالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىگە ئاتاپ يازغان يارلىقىنى ئەكەلدىم...

ئارسلانخان چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن، دېدى:

— ئوقۇ...

— ئىلەل... — ئارقىش ئارسلانخاننىڭ بۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەن چېغى، سەل ھودۇقۇپ قالغاندەك قولاشمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن يارلىقنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

## يارلىق

سەلتەنەتىمىزنىڭ پەدەرى بۇزرۇكۋارى ھارۇن بۇغراخان ئالىيلىرى كاشغەرگە قىلغان سەپىرىدە قوچقاربېشىدا باقىيغا رىھلەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، كەمىنىگىمىز ئاللانىڭ ئىرادىسى، تايانغۇ كېڭەشچىلىرىنىڭ قارارى بويىچە قاراخانىيلارنىڭ

خانلىق تەختىگە بەرقارار بولدۇم. خانلىقىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ سىزنى يەنە ئاۋۋالقىدەكلا كاشغەرنىڭ ئارسلانخانلىق مەرتىۋىسىدىكى ئىلىكخانلىقىغا مۇۋاپىق كۆردۈم. ئەمما، تاشقى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھازىرچە ئۇ يەرگە قايتماي، يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغان ھامان قاراركاھىڭىزنى پەرغانىدىن شاشقا كۆچۈرگەيسىز. سىزنىڭ پەرغانىدىكى بارلىق ۋەزىپىڭىزنى خان ئوغۇل مەھمۇد ئۆتكۈزۈۋالغاي. ئۇنىڭغا ھازىرچە توكسىن① مەرتىۋىسىدىكى ھاكىمبەگلىك ئىنئام قىلىندى. مەھمۇد ھاكىمبەگ پەرغانىنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل بولىدۇ. شۇڭا، يارلىقنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال شاشقا يۈرۈش قىلغايسىز.

قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ خاقانى ئەھمەد توغانخان ئەۋۋەل بارس يىلى سەپەر ئېيىنىڭ يەتتىسى.

ئارقىش يارلىقنى ئوقۇپ بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۆزىگە مىختەك تىكىلىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئوڭايسىزلاندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالغان بولۇپ، چىرايىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. ئەھمەد توغانخاننىڭ مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇنى شاشقا بۇيرۇشى، يەنە كېلىپ ئەھمەدتىن يىراقلاشتۇرۇشى يۈسۈپ قادىرخانغا قاتتىق ھار كېلىۋاتاتتى. «شۇ تاپتا كاشغەرگە ئۇدۇنلۇقلار ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ. مەرھۇم خانمۇ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ئۈچۈن يولغا چىقىپ قازا قىلىپ كەتتى. مېنى كاشغەرنىڭ ئىلىك خانلىقىغا تەيىنلەپتۇ ـ يۇ، ئەمما شاشقا بۇيرۇغىنى قىزىق، بۇنىڭدا بىرەر ئويۇن بارمۇ نېمە؟...» ئۇ بۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويىدى ـ دە، ئارقىشنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولىدىكى يارلىقنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئالدى:

① شۇ دەۋرلەردە قاراخانىيلار خانلىقىدا تايانغۇ كېڭەشچىدىكىلەردىن باشقا، ئىلىك خان، جۇۋەي، يابغۇ، توكسىن قاتارلىق يەرلىك ئەمەلدارلار قويۇلغان.

— بولدى قايتىپ كەت، خاننىڭ يارلىقىدىن خەۋەر تاپتىم.

ئارقىش ئارقىچىلاپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان خۇددى ئەتىۋارلىق بىر نەرسىسىنى يوقىتىپ قويغاندەك ناھايىتى بىئاراملىق ئىچىدە بىر دەم تۇرغاندىن كېيىن، چېدىر ئىچىدە ئۇياقتىن ـ بۇياققا ماڭغاچ ۋارقىرىدى:

— قايسىڭ بار؟

— مەن بار، ئارسلانخان ئالىيلىرى... — چېدىر سىرتىدىكى نۆكەر يۈگۈرگەندەك كىردى.

— دەرھال ئىنىم ئەھمەدنى چاقىرىپ كەل.

— ئىلەل... — نۆكەر چىقىپ كېتىپ ھايالشىمايلا ئەھمەدنى باشلاپ كىردى. ئۇ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۆزىنى بۇنداق ئالدىراش چاقىرتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغاندەك تېزلا ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدى ـ يۇ، ئالدىراپ سورىدى:

— يەنە بىر ئىش بولدىمۇ، ئارسلانخان ئاكا؟...

يۈسۈپ ئارسلانخان گەپ قىلمايلا قولىدىكى يارلىقنى ئۇزارتتى. ئەھمەد يارلىققا تېز ـ تېز كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭمۇ چىرايى بوزىرىپ، بۇرۇن تۆشۈكى كېڭەيدى. چىرايىغا ياراشتۇرۇپ قويۇلغان يارىشىملىق بۇرۇتلىرى لىكىلداپ كەتتى. چېكە تومۇرلىرى بىر دەمدىلا بۆرتۈپ چىقتى.

— بۇ... بۇ... ئۇنىڭ نېمە قىلغىنى ئارسلانخان ئاكا؟... — سورىدى ئەھمەد قارا قىشتا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك لاغىلداپ تىترەپ تۇرۇپ، — بۇ قاراپ تۇرۇپ بىزنى ئانىسى تاپقانلىقمۇ؟

— ئاستىدىكى ئىسمىنىڭ يېزىلىشىدىن ھەممىسىنى بىلىۋالالايسىز ئىنىم. ئۇ ئۆزىنى «توغانخان ئەۋۋەل» دەپ ئاتاپتۇ. تېخى ئىككىمىزنى ئايرىم ـ ئايرىم تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. قارىغاندا خان بىزنىڭ ئۆزىگە قارشى تىغ كۆتۈرۈشىمىزدىن ئەنسىرەيدىكەن. مەن ئەھمەد توغانخاننى ئوبدان بىلىمەن، ئۇ ئىشلارنى بۇنچىلىك ئەتراپلىق ئويلىيالمايدۇ. بۇ ئېھتىمال ئۇنىڭ

يىنىدىكى ئەقىلدارلىرىنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتى... — يۈسۈپ ئارسلانخان ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى.

— سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولار، ئارسلانخان ئاكا؟ — سورىدى ئەھمەد تولىمۇ قىيىن ئىشقا يولۇققاندەك ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ.

— يارلىق چۈشكەنىكەن، شۇ بويىچە ئىش كۆرمەك كېرەك، — دېدى يۈسۈپ ئارسلانخان ئىلاجسىزلىقىنى تەن ئالغاندەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ، — ئۇ يارلىقىدا مەرھۇم خانىنىڭ ۋاپاتىنى تىلغا ئاپتۇ - يۇ، ئاخىرەتلىكىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىدىغىنىنى يازماپتۇ. مېنى كاشغەرنىڭ ئىلىك خانى دەپ ئېلان قىپتۇ - يۇ، ئەمما پەرغانىدىن شاشقا بېرىشىمنى ئېيتىپتۇ. يەنە تېخى سىزگە پەرغانىدەك ۋەزىيىتى مۇرەككەپ ئورۇننىڭ ھاكىمبەگلىكىنى تارتۇق قىپتۇ. قارىغاندا ئەمدى كاللىمىزنى سىلكىۋېتىپ ئىش كۆرسەك بولىدىغان ئوخشايدۇ. بولمىسا ئۇنىڭ تۇزىقىغا ئاسانلا چۈشۈپ قالغۇدەكمىز.

— ئۇنداقتا مەن كاشغەرگە بارمامدىمەن، ئاكا؟

— ياق، ئەمدى بارسىڭىز بولماس... ھازىرقى ئەھۋالدا ئۇنىڭ ئالدىغا بارسىڭىز، بۇ يەردىكى كەسكىن ۋەزىيەتنى شېپى كەلتۈرۈپ ئورۇنلۇق سەۋەبلەر بىلەن ئىجازەت بەرمەيدۇ. ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يولغا چىقسىڭىز، ئەھمەد توغانخان يارلىققا خىلاپلىق قىلدى دېگەن گۇناھنى ئارتىپ، قىسىقا ئېلىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا ھەرقانچە چۈشەندۈرسەكمۇ بىكار. شۇڭا، كاشغەرگە بېرىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ قويايلى، ئىنىم...

ئەھمەد كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالدى. ھارۇن بۇغراخان قازا قىلىپ كەتكىلى نەچچە كۈن بولغىنىغا قارىماي ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلار ئۇنى ھەقىقەتەن گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. مانا ئەمدى... ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى:

— مەيلى...

— بۇنىڭدىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىڭ، ئىنىم. كىمنىڭ ئاخىرىغىچە تىك تۇرالايدىغانلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئىشقىلىپ، يېڭى خانغا ئۆزىمىزنىڭ ئاجىز يېرىنى تۇتقۇزۇپ قويمايلى.

— ئۇقتۇم، ئاكا، تەلىمىڭىزنى چوقۇم ئېسىمدە ساقلايمەن.

يۈسۈپ قادىرخان ئەلەم بىلەن خورسىنىپ قويدى ـ دە، بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، تىزىغا شاپىلاقلىغاچ پەس ئاۋازدا نىدا قىلدى:

— ئاھ، خۇدا، ئۆزۈڭ بار!...

## 19

تاڭ سۈزۈلۈشكە ئاز قالغاندا، يىراقتىن ئاڭلانغان ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى كېچىدىن بېرى كۆز يۇممای قاراۋۇللۇق قىلغان نۆكەرنى سەگەكلەشتۈردى. ئۇ قولىدىكى نەيزىسىنى چىڭ سىقىملاپ، دۈپۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتقان تەرەپكە بىرھازا قۇلاق سالغاندىن كېيىن، يەنە بىر قولىنى ئېغىزىغا يېقىن ئەكېلىپ دۈگىلەك ھالەتكە كەلتۈردى ـ دە، بۆرىنى دوراپ ھۇۋلىدى. شۇ ئان بىرنەچچە قارا سايە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— نېمە بولدى؟ — دېدى نۆكەرنىڭ يېنىغا ھەممىدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن سايە جىددىي ئاھاڭدا.

— مەنمۇ ئۇقالمىدىم، قىلىچخان جانابلىرى، ئالدى تەرەپتىن ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتىدۇ، — دېدى قاراۋۇل نۆكەر ئالدى تەرەپنى قولى بىلەن ئىشارە قىلىپ.

قىلىچخان ئەنسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكىنى تىنچلاندۇرماقچى بولغاندەك ئوڭ قولى بىلەن كۆكسىنى بوشلا بېسىپ قويغاچ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قۇلاق سالدى. دېگەندەك قانداقتۇر ئاۋازلار يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. قىلىچخان پەس، ئەمما ۋەزمىن ئاھاڭدا دېدى:

— ياتقاقبېگى!...

— ئىلەل، قىلىچخان سۇباشى جانابلىرى، مەن يانلىرىدا... — قىلىچخاننىڭ يېنىدىكى سايە تېزلا جاۋاب بەردى.

— دەرھال لەشكەرلەر تەخ بولغاي!

— ئىلەل...

قىلىچخان يەنە ئەتراپقا قۇلاق سالدى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئەتراپ تېخى تولۇق يورۇپ بولمىغاچقا، كېلىۋاتقانلارنى پەرقلەندۈرۈشمۇ تەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ، قىلىچخاننىڭ كۆزى گىرىسمەن قاراڭغۇلۇقتا تىكىلگەنىدى. ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىغا لەشكەرلەر تىۋىش چىقارماي پەيدا بولۇشقا باشلىدى ـ دە، بارغانسېرى سوزۇلۇۋاتقان ئۇپۇق تامان يۈزلىنىپ، جىممىدە تۇرۇشتى.

— ئەپلىك جايلارنى تاللاپ يوشۇرۇنۇڭلار، قارىغاندا ياۋنىڭ لەشكەرلىرى بىزنى ئىزدەپ يۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى قىلىچخان پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلەپ.

لەشكەرلەر ئۇنىڭ يارلىقىنى بىر ـ بىرلىرىگە ناھايىتى تېزلىكتە يەتكۈزۈشتى. شۇ ئان ئۇلار ئاستا ـ ئاستا تارقاشتى ـ دە، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ئاۋاز ئاڭلىنىۋاتقان تەرەپكە تىكىلىپ ئوقيالىرىنى تەييارلاشتى. ۋاقىت تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. شەرق تەرەپ بارغانسېرى ئاقىرىپ، بىرەر يۈز ئادىم يىراقلىقتىكى يەرلەرنى كۆرگىلى بولىدىغان ھالەت شەكىللەندى. ئەمما، ئاتلارنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلانغىنى بىلەن كېلىۋاتقانلارنىڭ قارىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ھەسەن قىلىچخان كۆزلىرىنى ئالدى تەرەپكە تىككىنىچە جىددىيلىشىپ تۇراتتى. ئۇ بۇرۇن نۇرغۇن جەڭلەردە دەسلەپ ئەلى ئارسلانخان بىلەن، كېيىن يۈسۈپ قادىرخان بىلەن بىللە يۈرۈپ ئۆز ماھارىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، لەشكەرلەر ئارىسىدا زور شۆھرەت قازانغانىدى.

شۇڭمۇ يۇسۇپ قادىرخان كېيىن ئۇنىڭغا قىلىچخان سۆكمەن[1] مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلىپ، تۇمەن كىشىلىك قوشۇنغا باش قىلغانىدى. ئادەتتىكى ۋاقىتتا ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز، ئەمما جەڭگە كىرگەندە ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ياۋنى قىر - چاپ قىلىپ يەر چىشلىتىدىغان بۇ پالۋانغا لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى قايىل ئىدى. شۇڭا، ئۇلار بۇ لەشكەربېشىنىڭ ئىسمىنىڭ ھەسەن، مەنسىپىنىڭ تۇمەنبېشى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقانىدەك «قىلىچخان» دەپلا ئاتايتتى. يۇسۇپ ئارسلانخان ھارۇن بۇغراخان تەرىپىدىن سامانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەرگە قارشى جەڭگە چاقىرتىلغان ۋاقىتتا، ئۇ ھەسەن قىلىچخاننى كاشغەر رايونىنىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق لەشكەر باشلىقلىقىغا تەيىنلەپ، ئۇدۇنلۇقلەر تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قالسا، ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشنى تاپىلاپ قويۇپ كەتكەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ھەسەن قىلىچخان مەيلى قانداقلا تالاپەتكە ئۇچرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئىلىك خان يۇسۇپ ئارسلانخاننىڭ يارلىقىنى بەجانىدىل ئورۇنلايدىغىنى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەنىدى. راست دېگەنىدەك، ئارسلانخان كاشغەر زېمىنىدىن ئايرىلىپ ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇ ئۆزى لەشكەر باشلاپ ھۇجۇم قوزغىدى. ھەسەن قىلىچخان يۇسۇپ قادىرخانغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئىدىقۇت ۋە تىبەت خانلىرىنىڭ كۈچلۈك ياردىمىگە ئېرىشكەن ئۇدۇن لەشكەرلىرى سان جەھەتتىلا كۆپ بولماستىن، بەلكى يەنە جەڭگىۋارلىقى تولىمۇ كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇنىڭ ئورۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. ئۇلار دەسلەپ قاغىلىقنى، ياركەندنى ئۆز قوللىرىغا ئالدى. ھەسەن قىلىچخان يېڭىساردا بارگاھ قۇرۇپ، ئۇلارنى توساقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ياغلاقار قالۇ خان بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن

---

[1] سۆكمەن — بۇ، خان جەمەتىدىن بولمىغان، ئەمما جەڭدە پىداكارلىق كۆرسىتىپ تۆھپە ياراتقانلارغا بېرىلىدىغان نام.

قىلىۋەتتى. ئەلتېگىن ھارۇن بۇغراخاننىڭ مېيىتىنى ئاتۇشقا ئاپىرىپ يەرلىكىدە قويۇپ، بەش كۈن ئۆتكەندە ئۇدۇنلۇكلەر ئوردۇكەنتنى ئۇزۇل - كېسىل ئۆز قولىغا ئالدى - دە، ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ئادەملەرنى قەتلىئام قىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. ھەسەن قىلىچخان زور غەيرەت بىلەن ياۋغا قارشى تۇرۇپ، يۈسۈپ قادىرخانغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق دېگۈدەك ياۋ قوشۇنىغا تەڭ كېلەلمەي، ئوردۇكەنتنى تاشلاپ ئاتۇشقا يېقىنراق جايغا چېكىنىپ قارارگاھ قۇرغانىدى.

ھەسەن قىلىچخان ھېلىھەم ياۋغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، سەمەرقەند تەرەپتىن لەشكىرىي ياردەمگە ئېگە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، كۈن ئارىلاپ دېگۈدەك بىر بۆلەك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان لەشكەرلەرنى تاللاپ، ئۇدۇن لەشكەرلىرى تېخى تامامەن بىلىپ كېتەلمىگەن يوللار ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قارارگاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، لەشكىرىي تەمىناتلىرىغا ئوت قويۇپ، ئېغىر ساراسىمىگە سېلىۋاتاتتى.

ياغلاقار قالۇ خانمۇ پات - پات شەھەر قوۋۇقىدىن لەشكەر چىقىرىپ، قوغلاپ زەربە بېرىشنى توختاتمىغان بولسىمۇ، ھەسەن قىلىچخاننىڭ لەشكەرلىرى يەر شارائىتىنى پىششىق بىلگەچكە، بىردە ياۋغا ھۇجۇم قىلىپ، ياۋ لەشكەرلىرى باستۇرۇپ كەلسە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ ئۇلارنى ئېغىر تالاپەتكە دۇچار قىلىۋاتاتتى.

شۇڭا، ياغلاقار قالۇ خان يەنە بىر رەت بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان ئوردۇكەنت پۇقرالىرىغا ھەسەن قىلىچخاننى تۇتۇپ بەرگۈچىلەر ياكى ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئېنىق تۇرار جايىدىن خەۋەر بەرگۈچىلەرگە كاتتا ئىنئام بېرىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىدى. ھەسەن قىلىچخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئانچە خاۋاتىرلىنىپ كەتمىدى. شۇڭا، ئۇ پۇرسەت تاپسىلا ئوردۇكەنتكە ھۇجۇم قىلىشنى توختاتمىدى. ھەتتا لەشكىرىي ماھارىتى خېلى ئۈستۈن، قورقۇمسىز

لەشكەرلىرىدىن تاللاپ، تارىخچىلاردەك ياساندۇرۇپ، ئوردۇكەنتكە كىرگۈزۈپ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ قوشۇن باشلىرىدىن بىرنەچچىسىنىڭ بېشىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئاسانلىقچە بەل قويۇۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپمۇ ئۇلگۇردى. تېخى بىرنەچچە ئاش پىشىم ئىلگىرى تۈن قاراڭغۇسىدا ياۋ قارارگاھىغا بېسىپ بېرىپ، ئۇيقۇلۇقتا ياتقان خېلى كۆپ ياۋ لەشكىرىنى قىلىچ ـ نەيزىدىن ئۆتكۈزۈپ، بىر مەيدان قىسقا، ئەمما غەلىبىلىك جەڭنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەنىدى. «ئۇلار چوقۇم بىزنى ئىزدەپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرى، قارىغاندا بىزنىڭ تۈن قاراڭغۇسىدا قىلغان ھۇجۇمىمىزدىن غەزەپلەنگەن ياغلاقار قالۇ خان ئاچچىقىدا ئارقىمىزدىن قوغلاپ كەپتۇ. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ لەشكەرلىرى ئاز ئەمەس ئوخشايدۇ. ئەمدى ھايات ـ ماماتلىق جەڭگە دۇچ كەلگەن ئوخشايمىز. ئەگەر تەلىيىمىز كېلىپ يېڭەلىسەك يېڭەرمىز، يېڭەلمىسەك چېكىنەرمىز. ئەگەر جەڭدە ئالمادىس قازا قىلىپ كەتسەكمۇ مەيلى، ئىشقىلىپ، يۇسۇپ قادىرخان ئالىيلىرىغا بەرگەن ۋەدەمنى ئورۇنلاپ، شېھىت بولسام رازىمەن... ياق، ياۋنى كۆرمەي، ھېلىتىن بولمىغۇر خىياللاردا بولغىنىم نېمىسى؟! بىز دېگەن بۇغرا قوشۇنى، بۇ يەر، ھازىر بىز دەسسەپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇ زېمىن سەلتەنەتلىك قاراخانىيلارنىڭ زېمىنى. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار بۇ زېمىننى تارتىۋالىمەن، سىنى ئۆلتۈرىمەن دېسە، مەيلى، قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل دەپ قاراپ تۇرامدىمەن؟!... بىز ئاخىرىغىچە ئېلىشىشىمىز كېرەك، ھەتتا ھەممىمىز قىرىلىپ كەتسەكمۇ...» ھەسەن قىلىچخان بارا ـ بارا يۇرۇپ خېلى يىراقلارنى پەرق ئەتكىلى بولىدىغان يورۇقلۇقتا قاراپ ئاشۇ خىياللارنى قىلغان ھالدا يېنىدا تۇرغان سادىر سۆكمەنگە قارىدى.

— ئوقياچىلار تەييارلانسۇن، ياۋ يېقىنلاپ قالغاندەك قىلىدۇ!

— ئىلەل، قىلىچخان جانابلىرى...

ھەسەن قىلىچخان يەنە ئالدىغا — ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق

ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىدى. ئەمدى ئالەم يورۇپ، خېلى يىراقلارنىمۇ بىمالال پەرق ئەتكىلى بولۇۋاتاتتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە خۇددى چۇمۇلىلەردەك بىر توپ قارا نەرسىلەر كۆرۈندى.

— تەييارلىنىڭلار!... — قىلىچخان پەس ئاۋازدا يارلىق چۈشۈردى. ئۇنىڭ يېنىدىكى ئوقياچىلار ساداقلىرىغا ئوقنى بېسىشىپ كىرىچنى تارتىشقا تەييارلاندى. ئۇ كۆزىنى ئالدى تەرەپتىن ئۈزمەيتتى. كېلىۋاتقانلار بارغانسېرى يېقىنلاشتى. ئالدى تەرەپ پۈتۈنلەي سايلىق بولغاچقا، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى تاش ـ شېغىللارغا تېگىشى بىلەن تاراقشىپ ۋەھىمىلىك ئاۋاز پەيدا قىلاتتى... «ئۇلار ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس ئىكەن، تەڭ كېلەلمىگۇدەكمىز. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار بىلەن بىر ـ ئىككى مەرتەم ئېلىشىپ، ئارقىمىزدىكى تاغ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، بۆلۈنۈپ ھەرىكەت قىلىپ، ئۇلارنى پاتىپاراق قىلايلى، بۇ بۇددىستلار زېمىنىمىزغا ھۇجۇم قىلىپ كەلگىنىگە تويسۇن، جەسەتلىرى قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولسۇن...»

ھەسەن قىلىچخان قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە سۇغۇرۇپ چىڭ سىقىملىدى. ئەمدى كېلىۋاتقانلارمۇ ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلار بىر خىل رىتىمدا ناھايىتى ئاستا كەلمەكتە ئىدى. قوشۇن بېشىدىكى ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىكى لەشكەرلەرگە كۆز يەتمەيتتى. ئۇلار بارا ـ بارا يېقىنلاپ قالدى. نېمىشقىكىن ھەسەن قىلىچخاننىڭ يۈرىكى ئۆرۈلگەندەك قىلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ ئىلاج بار ئۆزىنى توختىتىۋېلىشقا تىرىشتى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆزلىرى قوشۇننىڭ ئەڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ قولىدىكى توققۇز شاخلىق تۇغقا چۈشتى ـ دە، ۋارقىرىغىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى ـ يۇ، ئەمما تېزلا «بۇ ياۋمىدۇ ياكى ئۆز ئادەملىرىمىزمىدۇ؟ ئەھمەد توغانخان ھەمدەمچى قوشۇن ئەۋەتسىمۇ بۇنچىلىك تېز يېتىپ كەلمەس ئىدى... ئۇدۇن خانى ياغلاقار قالۇ بىزنى ئالدام

خالتىسىغا چۈشۈرمەكچىمۇيا...» ھەسەن قىلىچخان خىلمۇخىل خىياللارنى قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل توختىتالمىدى ــ دە، ھۇجۇم باشلاش ــ باشلىماسلىقنى بىلەلمەي قالدى. بۇ چاغدا كېلىشۋاتقانلارمۇ بىر ئوق يېتىم دائىرىگە كىرىپ بولغانىدى. ئەگەر يەنە ۋاقىت ئۆزىراپ كەتسە، ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىشۋاتقان لەشكەرلەرگە تاقابىل تۇرۇشمۇ تەسكە توختايتتى.

ــ بىزنىڭ قوشۇنلار ئىكەن، قىلىچخان جانابلىرى، ــ دېدى سادىر سۆكمەن پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلەپ، ــ قانداق قىلىمىز، ئۇلارغا بەلگە بېرەمدۇق؟

ھەسەن قىلىچخان ئەمدى يەنە ئىككىلىنىپ ئولتۇرسا پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈپ قويىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئوقياچىلارغا يارلىق چۈشۈرۈشنى ئويلاپ تۇرغاچقا، بوغۇزىغا كېلىپلا قالغان گەپنى يۇتۇۋېتىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ سالغانلىقىنىمۇ تۇيمايلا قالدى. سادىر سۆكمەن يېنىدىكى تۇغچى لەشكەرگە بۇيرۇق قىلدى:

ــ ئورنۇڭدىن تۇرۇپ تۇغنى پۇلاڭلات...

تۇغچى لەشكەرمۇ دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئورنىدىن دەس تۇردى ــ دە، قولىدىكى توقۇز شاخلىق تۇغنى كۆچەپ پۇلاڭلاتتى. كېلىشۋاتقانلار بۇ تاسادىپىيلىقتىن چۆچۈشكەندەك ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ، ئالدىغا قاراپ سەل مەڭدەپ تۇرۇشتى. ھايالشىمايلا ئاتلىق بىرسى سەپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ــ دە، ئۇدۇل ئالدى تەرەپكە ئات سېلىپ كېلىپ، ھەسەن قىلىچخاندىن بىرنەچچە ئادىم يىراقلىقتا توختىدى.

ــ سىلەر بۇغرا قوشۇنىمۇ؟ ــ سورىدى ئۇ ئەتراپقا ئېھتىيات بىلەن قارىغاچ.

ھەسەن قىلىچخان ئورنىدىن تۇرۇپ، شۈبھىلەنگەندەك ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرغان، دۇبۇلغا ــ ساۋۇتلىرى سەھەر قۇياشىنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا يالت ــ يۇلت قىلىپ كۆزنى چاقنىتىۋاتقان، كۆزلىرىدىن ھارغىنلىقى چىقىپ

تۇرسىمۇ، ياشلىق جاسارىتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان يىگىرمە تۆت ـ يىگىرمە بەش ياشلاردىكى ئاق سېرىق كەلگەن يىگىتتىن سورىدى:

— سىلەر كىم؟ قەيەردىن كەلدىڭلار؟

— بىز توغانخان ئەۋۋەل ئالىيلىرىنىڭ يارلىقى بىلەن ھەسەن قىلىچخان جانابلىرىغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن ئاتايىن كەلگەن خان تاغىسى ھۈسەيىن ياغانتېگىننىڭ لەشكەرلىرى بولىمىز. ھازىر ھەسەن قىلىچخاننى ئىزدەۋاتىمىز. قارىغاندا سىلەرمۇ بۇغرا لەشكەرلىرى ئوخشايسىلەر. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، ھەسەن قىلىچخان ھازىر نەدە؟...

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىمەستىنلا ھەسەن قىلىچخاننىڭ يېنىدىكى لەشكەرلەر كۆچلۈك ھۇررا ـ سۈرەن كۆتۈرۈشكىنىچە ئورنىدىن تۇرۇشتى. قارشى تەرەپتىن كەلگەن ئاتلىق لەشكەرلەر بۇنداق بولۇشنى كۈتمىگەن چېغى، جىددىيلەشكەن ھالدا قىلىچلىرىغا قوللىرىنى ئۇزارتىشتى. شۇ ھامان سادىر سۆكمەن ئالدىدا چىققان يىگىتكە يېقىنلاشتى:

— مەرھابا دوستۇم، خۇش كەپسىز. بىزمۇ بۇغرا لەشكەرلىرى، مانا ماۋۇ باھادىر دەل سىز سورىغان ھەسەن قىلىچخان جانابلىرى بولىدۇ!

ئاتلىق لەشكەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمىگەندەك، ھاياجانلانغاندەك ھەسەن قىلىچخانغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بىر خىل تەرزدە كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى دەرھال كەينىگە تارتىپ، چوڭ قوشۇن تەرەپكە ئات سالدى ـ دە، ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغانلارغا خەۋەر يەتكۈزدى. چوڭ قوشۇنمۇ دەۋرەپ مېڭىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا ھەسەن قىلىچخاننىڭ لەشكەرلىرى ئالقىشلاپ ھۇررا ـ سۈرەن بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا ماڭغانىدى. ئاتلىقلارمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. ھەسەن قىلىچخان ئۆزى تەرەپكە بايىقى يىگىت بىلەن ئالدىراپ كېلىۋاتقان كىشى بىلەن روبىرو بولۇشقاندىن كېيىن، بىردىنلا

خۇددى كونا تونۇشلاردەك قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— سىزنى تېپىشىمىز ئاسانغا چۈشمىدى، قىلىچخان، — دېدى ئۇ كىشى بىردىنلا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — تەرەپ - تەرەپكە لەشكەر ماڭدۇرۇپ، سىلەر بىلەن دەرھال كۆرۈشۈشنى نىيەت قىلغان بولساقمۇ، پەقەتلا دېرىكىڭلارنى ئالالمىدۇق...

ھەسەن قىلىچخان تولىمۇ ھاياجانلىنىپ كەتكەچكە، لەۋلىرى تىترەپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. شۇنىڭغىچە ھېلىقى لەشكەر ئېغىز ئاچتى:

— بۇ كىشى قاراخانىيلارنىڭ يېڭىدىن خانلىق تەختىگە بەرقارار بولغان خانى توغانخان ئەۋۋەل ئالىيلىرىنىڭ تاغىسى ھۈسەيىن ياغانتېگىن جانابلىرى بولىدۇ...

— تولىمۇ ئەدگۈ... مەرھابا... مەرھابا... — ھەسەن قىلىچخان ئاران شۇلارنى دېيەلىدى. بۇ چاغدا ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرىمۇ مۇشۇ ۋاقىتقىچە دىدارلىشىپ باقمىغىنىغا قارىماي بىر - بىرلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەچ قىزغىن ئەھۋال سوراشماقتا ئىدى.

— قېنى ئاۋۇ يەردە ئولتۇرايلى، — دېدى ھەسەن قىلىچخان ھاياجىنىنى ئاران بېسىۋېلىپ، — مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ئۇچراشقاندا ئات - تۆگە سويۇپ كۈتۈۋالساق بولاتتى. ئەمما، يېقىندىن بېرى...

— تۇزۇت قىلماڭ، قىلىچخان جانابلىرى، — دېدى ھۈسەيىن ياغانتېگىن تېزلا، — بۇرۇن نامىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. بۇ دورەم كاشغەر تەۋەسىگە كىرگەن تۆت - بەش كۈندىن بېرى ئۇچرىغانلا ئادەم تەرىپىڭىزنى قىلىپ، قەلبىمدىكى ئوبرازىڭىزنى تولىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتتى. مانا ھازىر دىدارلاشتۇق. بىز دېگەن ئۆز ئادەملەر، ئۇنىڭسىزمۇ «بىر كۆرۈشكەن تونۇش، ئىككى كۆرۈشكەن تۇغقان» ئەمەسمۇ؟!...

سادىر سۆكمەن قەيەردىندۇر تېپىپ كەلگەن تىكمەتلەرنى تۈزرەك جايىنى تاللاپ سېلىپ ئۇلگۇرگەنىدى. ئۇلار تەۋازۇ بىلەن

بىر ـ بىرلىرىنى تەكلىپ قىلىشىپ جايلاشقاندىن كېيىن، ھۆسەيىن ياغانتېگىن باياتىن ھەسەن قىلىچخاننىڭ سېپىگە ئات سېلىپ كەلگەن، شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ يېنىغا جايلاشقان يىگىتنى تونۇشتۇردى:

— بۇ جەسۇر پالۋان تەبرىزلىق غوجا ئەبۇل مۇزەپپەر تۆمەنبېشى بولىدۇ.

— تولىمۇ ئەدگۈ... — ھەسەن قىلىچخان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، بېشىنى يېنىك لىڭشىتتى.

— ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە تۆت تۆمەنبېشى بار. ئۇلار ئەنە ئاۋۇ جايدا لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئوخشايدۇ. ھېلى چاقىرتىپ تونۇشتۇرۇپ قويىمەن.

— ئىلەل، ياغانتېگىن جانابلىرى...

سادىر سۆكمەن لەشكەرلەرنى بۇيرۇپ، چاي قاينىتىپ، تىكمەت ئۈستىگە داستىخان سېلىپ، ناشتىلىق يېمەكلىكلەرنى ئەكەلگۈچە ئۇلار قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

— قېنى ئاددىي بولسىمۇ غىزاغا بېقىشسىلا، — دېدى ھەسەن قىلىچخان بېشىنى سەل ئېگىپ، داستىخاننى ئىما قىلىپ، — «يول ئازابى، گۆر ئازابى» دېگەن گەپ بار. غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن ئارام ئېلىۋالسىلا...

ئۇلار بىر ـ بىرىنى غىزاغا تەكلىپ قىلىشىپ ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھەسەن قىلىچخان ياۋنىڭ ئەھۋالىنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

— بۇ ئىشلارنى بۇرۇن ئەھمەد توغانخان ئالىيلىرىدىن ئاڭلىغاندا تولىمۇ ھەيران بولغانىدىم، جانابلىرى، — دېدى ھۆسەيىن ياغانتېگىن، — ئەمما كاشغەر تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن قىرغىندىن، بۇلاڭ ـ تالاڭدىن ئامان قالغان ئاھالىلەر ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇردى. ئۇلاردىن بۇ قېتىملىق جەڭنىڭ ناھايىتى دەھشەتلىك بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم. قارىغاندا ئۇلار بىلەن پۇخادىن چىققۇچە ئېلىشىدىغان ئوخشايمىز.

— بۇ دورەم ئۇلارنىڭ پەيلى يامان. بولۇپمۇ ئوردۇكەنتنى تارتىۋالغاندىن بۇيان تولىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئامان قالغانلىرىنىڭ كۆپى جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ. قاچالماي قالغانلىرىنى ياغلاقار قالۇ خان بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىشقا قىستاۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىمۇ بەك تەس... — ھەسەن قىلىچخان ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدىقۇت، تىبەت تەرەپتىن ھەمدەمگە كەلگەن لەشكەرمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، قارىغاندا ئۇلار بىلەن بولىدىغان ئۇرۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

— زىنھار ئۇنداق ئويلىمىغايلا، قىلىچخان جانابلىرى، بۇ دورەم پېقىر بۇ تەرەپكە ماڭار چاغدا توغانخان ئەۋۋەل ئالپىلىرى قانداقلا قىلىپ بولسۇن، ئوردۇكەنتنى ئۇدۇنلۇكلەرنىڭ قولىدىن قىسقا مۇددەتتە تارتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۇزۇل ـ كېسىل مەغلۇپ قىلىشىمىزنى تاپىلىدى. مانا مەن بەش تۈمەن لەشكەر بىلەن كەلدىم. توغانخان ئالپىلىرى يەنە باشقا جايلاردىكى جەڭگىۋار قوشۇنلاردىن ياردەمگە لەشكەر ئەۋەتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، شاش، ئىسپىجاپ، قوقەند، مەرغىلان تەرەپتىن كېلىدىغان لەشكەرلەرمۇ ئاللىقاچان يولغا چىقىپ بوپتۇ. ئەتە ـ ئۆگۈن ئىچىدە يېتىپ كەلسە كېرەك..

— تولىمۇ ئەدگۈ... ئەدگۈ... — ھەسەن قىلىچخان سۆيۈنۈش بىلەن كۈلۈمسىرىدى، — ئەمدى بۇ بۇددىستلارنىڭمۇ مەھشەر كۈنى يېقىنلاپ قاپتۇ ئەمىسە...

— ھەئە... ئەمدى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان ۋاقتىمىز كەلدى. شۇڭا، ھەمدەمچى قوشۇنلار كەلگۈچە ئۆزىمىزمۇ ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى. ياۋنى چېكىندۈرسەك چېكىندۈرەرمىز، چېكىندۈرەلمىسەك ياردەمچى قوشۇنلار يېتىپ كەلگەندە كۈچنى توپلاپ قايتىدىن ھۇجۇم قىلارمىز...

— ئىلەل، ياغانتېگىن جانابلىرى، دېگەنلىرىچە بولسۇن، —

دېدى ھەسەن قىلىچخان ئورنىدىن تۇرۇپ چېرىكچە سالام بەجا كەلتۈرگەچ، — ياۋنى چېكىندۈرۈپ، ئەلنى ئامان، خانلىقنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئىشلارلا بولسا ئۆلۈمگىمۇ تەييارمەن...

— ياق... ياق... قىلىچخان جانابلىرى، قېنى ئولتۇرسىلا، — دېدى ھۈسەيىن ياغانتېگىن دەرھاللا ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئولتۇرغۇزۇپ، — بۇ دېگەنلىرى بەكلا ئېشىپ كەتتى. ئۆزلىرى يۈسۈپ قادىرخان جانابلىرى تەيىنلىگەن كاشغەرنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل سەركەردە. بۇ مەسئۇلىيەت ھازىرمۇ ئۆزلىرىنىڭ زىممىلىرىدە. پېقىر خاننىڭ پەرمانى بويىچە بۇ يەرگە كەلگەن. قولۇمدىكى لەشكەرگە باش بولۇۋاتقان ئادەم بولسامىمۇ، بۇ دىيارغا تۇنجى قېتىم كېلىشىم بولغاچقا، ھەممە ئەھۋالنى پىششىق بىلىپ كەتمەيمەن. شۇڭا، قوشۇنغا ئۆزلىرى باشچىلىق قىلىدىلا، پېقىر سىلىگە ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرىمەن.

ھەسەن قىلىچخان نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ خان تاغىسىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. چۈنكى، ھۈسەيىن ياغانتېگىن سەمەرقەندتىكى ھەممىگە مەشھۇر ئېكتارنىڭ ئوغلى ئىدى. ئەھمەد توغانخان بىر قېتىملىق شىكارغا مېڭىش سەپىرىدە ئۇنىڭ سىڭلىسىنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قېلىپ، ھارۇن بۇغراخانغا ئۇ قىزغا ئۆيلىنىش تەلىپىنى ئېيتىپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن توي قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھۈسەيىن ياغانتېگىنمۇ ئاستا ـ ئاستا ئوردا ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلىدى. كېيىن ھارۇن بۇغراخان باقىيغا رىھلەت قىلىپ، ئەھمەد توغانخان خانلىق تەختىگە بەرقارار بولغاندىن كېيىن، ھۈسەيىن ياغانتېگىن ئۇنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك كىشىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئوردىدا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى زىممىسىگە ئالدى. بۇ قېتىم ئۇ كاشغەرگە يولغا چىقىش ئالدىدا ئەھمەد توغانخان ئاتايىن يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا «ياغانتېگىن»لىق مەرتىۋىسىنى ھەدىيە قىلدى.

— كاشغەرنى قايتۇرۇۋالىدىغان بۇنداق چوڭ ئىشقا سەل

www.uyghurkitap.com

قاراشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ ۋەزىيەتنىڭ ھۆددىسىدىن پەقەت ئۆزلىرىلا چىقالايدىلا، شۇڭا ھەرگىز باش تارتمىغايلا، قىلىچخان ئالىيلىرى! — دېدى ھۇسەيىن ياغانتېگىن ئۇنىڭ سەل ھاياجانلىنىپ نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالغانلىقىنى كۆرۈپ.

ھەسەن قىلىچخان ئىلاجسىز قالغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغاندەك، قاشلىرىنى يىمىرىپ قويدى:

— ئۇنداق دەپ تۇرۇۋالسىلا ئىلتىجالىرىنى رەت قىلسامۇ قاملاشماس. ئەمما، لەشكىرىي ئىشلارغا يەنىلا ئۆزلىرى باش بولسىلا، پېقىر قۇللىرى قىلىچلىرىنىڭ بىسى، نەيزىلىرىنىڭ ئۇچى بولۇشقا تەييارمەن. قالغان ھەرقانداق ئىش بولسا، بار مەسلىھەت قىلارمىز.

— بولىدۇ... بولىدۇ... شۇنداق بولسۇن!

ئۇلار شۇ تەرزدە بىردەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، لەشكەرلەرنى بۈگۈن كۈندۈزى دەم ئالدۇرۇپ، كېچىچە تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، ئوردۇكەنت سېپىلىغا يېقىنلىشىپ، ئەتە تاڭ ئاتارغا يېقىن ھۇجۇم باشلاشنى كېڭەشتى.

ئەتىسى كۆزلىگەن ۋاقىتتا جەڭ ناغرىلىرىنىڭ ساداسى ئىچىدە ئوردۇكەنتكە ھۇجۇم باشلاندى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالغان چالا ئۇيقۇلۇق ياغلاقار قالۇ خان سەركەردىسى نوقتەرىش ئالدىراپ كىرىپ بۇغرا قوشۇنلىرى ھۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندىلا ئۇيقۇسىرىشى غايىب بولدى، — ئۇلارنى ئۇزۇل - كېسىل قىرىپ تاشلاڭلار!... — دېدى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ.

جەڭ ناھايىتى كەسكىن بولدى. ياغلاقار قالۇ خان ئوردۇكەنتنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا ئالغاندىن كېيىن، دەسلىپىدە خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالغان بولسىمۇ، كېيىن ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان پاراكەندىچىلىكلەردىن زەردىگۆش بولۇپ قالغانىدى. كۈن ئارىلاپ بولۇۋاتقان خۇپىيانە ھۇجۇملار، قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقان لەشكەر باشلىقلىرى، ئوت

قويۇلـۇۋاتقان لـەشـكـرىـي تـەمـنـاتـلار، كۆپكـۈنـدۈزدە ئېلـىـپ بېرىلىۋاتقان تەرغىباتلار ئۇنىڭ بېشىنى قاتۇرغانىدى. ئۇ قانداقلا قىلىپ بولسۇن، ئۇزاق يىللاردىن بېرى نەچچە قېتىملاپ ھۇجۇم قىلىپ ئاران تەسلىكتە قولىغا ئالغان بۇ شەھەرنى چىڭ تۇتـۇپ تۇرۇش، ئاۋامنى قايتىدىن بۇددا دىنىغا مۇشەررەپ قىلىش ئۈچۈن قانچىلىك بەدەل تۆلىسە ئەرزىيدۇ، دەپ قارايتتى. ئـەمما، شەھـەر ئاھالىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى جىنىنى ئەپقېچىپ كەتكـەن بولغاچقا، چۆلـدەرەپ قالغـانـدەك كۆرۈنـدىغان بـۇ شـەھـەردە قېچىشقا ئامالسىز قالغان كىشىلەر نەيزە ـ قىلىچ ۋەھىمىسىدىن قورقۇپ، بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، خان ئۆزى كۆزلىگەن مەنزىلدىن يىراق ئىدى. ئـۇنىڭ ئۈسـتـىگە ئـۆز نامىدىن ئوردۇكەنتتىكى ھەممىنىڭ كۆزى چۈشىدىغان رەستىگە ياسىلىۋاتقان ئىبادەتخانىسىنىڭ ئۇلى پۈتۈپ، تېمى يېرىم بولا ـ بولمايلا نەچچە قېتىم ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىمۇ ئۇنى بىئارام قىلىپ قويغانىدى. خان ئـىـبادەتخـانـىنى كـېـچـىسـى خېلـى نـۇرغـۇن لەشكەرنىڭ ساقلىشى ھەققىدە پەرمـان چۈشۈرگەن بـولسىمـۇ، ئۇنۇمى بـولمىغـانىدى. «بـۇ ھـەسەن قىلـىچخـانىنىڭ قـالـدۇق لـەشـكەرلـىرىـنىڭ كـۆرسـتىـۋاتـقان ھۈنـەرلـىرى، ئـۇلارنـىـڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، كۆپكە ئىبرەت قىلمىسام ماڭا ئاراملىق يوق. بۇغراخاننىڭ قاچاق لەشكەرلىرى ئاسمانغا چىقىپ كەتسە تاپىنىدىن، يەرگە كىرىپ كـەتسە كوكـۇلىسـىدىن تارتـىـپ چىـقـىرىپ، ھـەممىسـىنىڭ جـېنىـنـى ئالـمىسام، ئۇدۇن ئـۇلـۇغ ئاغىلىق دۆلىتى ۋىسارا خانلىقىنىڭ خانى ياغلاقار قـالـۇ بولمـاي كېتەي...» ئۇ نەچچە قېتىـم مۇشۇلارنى خىـيالـىدىن ئۆتكـۈزۈپ، ھەسەن قىلىچخاننىڭ لەشكەرلىرىنى قـوغلاپ يوقـىتىش ئۈچـۈن نـوقتەرىش، چـوقتەرىش ئـاكا ـ ئۇكا سـانغۇنلارنـى خېلـى كـۆپ لەشكەر بىلەن جازا يۈرۈشىگە ماڭدۇرغان بولسىمۇ، نەتىجىسـى كۆرۈلمىدى. ئاخىر ئۇ «بۇ جاھاندا پۇل ـ مالغا قىزىقمايدىغـان ئادەم يوق. ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۇنچـە ـ مەرۋايىت ۋاقـتى كەلسـە

گاچىنىمۇ سۆزلىتىدۇ. ئەگەر باھانى يۇقىرىراق قويسام، چوقۇم ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئالالايمەن» دەپ ئويلاپ، ھەسەن قىلىچخان بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنى ھەققىدە ئۇچۇر يەتكۈزگۈچىلەرنى كاتتىسا مۇكاپاتلايدىغانلىقى توغرىسىدا جاكارچىلارنى كوچا ـ كويلارغا چىقارغانىدى. ئەمما، تەقدىر ئۇنىڭ بىلەن قەستەن قېرىشىۋاتامدۇ ياكى ئوردۇكەنتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۇدۇن خانى ئېھتىياجلىق بولغان ئۇچۇرلارنى ئېيتىپ بەرگۈسى كەلمەمدۇ، ئىشقىلىپ، بۇ ئىشتا ھېچبىر ئىلگىرىلەش بولمىغانىدى. شۇڭا ياغلاقار قالۇ خان ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولۇپ، بىردەمدىلا غايىب بولىدىغان بۇ رەقىبلىرىنى تىرىك تۇتۇۋالسا تولۇمچىلاپ سويۇپ، تېرىسىغا سامان تىقىقۇسى كېلىپ تۇرغان ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ھۇجۇم باشلىشى ئۇنى خۇشال قىلىۋەتكەنىدى.

جەڭ ناغرىلىرى گۈمبۈرلەيتتى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ تۇزانلار بىپايان بوشلۇقتا كۆتۈرۈلەتتى. قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغاندىكى جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى، ياردار بولغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھۇ ـ زارى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ياغلاقار قالۇ خان كۆزىتىش سۇپىسىدا تۇرۇپ، جەڭگاھتىكى ھەربىر ئۆزگىرىشنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتمەكتە ئىدى. كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەن ۋاقىتتا بۇغرا لەشكەرلىرى مەلۇم ۋاقىت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. كېيىن ياغلاقار قالۇ خان يەنە ھەمدەمچى قوشۇن ئەۋەتىپ چوڭ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئەمدى بۇغرا لەشكەرلىرى مۇداپىئەگە چۈشۈپ قالدى. ئۆلۈم ـ يېتىم، تالاپەتلەر بارا ـ بارا كۆپىيىشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا جەڭگاھنىڭ نېرىسىدىن بىر توپ ئاتلىقلار چىقىپ، ئۇدۇل كەلگەن پېتى جەڭ سېپىگە قېتىلدى. بىردەمدىلا جەڭگاھنىڭ قەيىرىگە قارىسا قاراخانىيلارنىڭ تۇغلىرى كۆزگە چېلىقىدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. بۇنى كۆرۈپ ياغلاقار قالۇ خاننىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن

دەھشەتلىك جەڭلەرنى كۆرۈپ، يۈرىكى پىشىپ قالغان خان قوشۇنىنىڭ خىلمۇ خىل جەڭگىۋار، ئاكا - ئۇكا سانغۇنلىرىنىڭ لەشكىرىي ماھارەتتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلگەچكە، لەشكەرلىرىنى جەڭگاھتىن قايتۇرغۇسى كەلمىدى. كۈن تىكلىنىپ قىيام بولغاندا ئۇنىڭ سەۋر قاچىسى توشتى. جەڭ مۇشۇ پېتى داۋاملىشىدىغان بولسا، تالاپەتنىڭ تېخىمۇ ئېغىر بولۇشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىشتەكلا بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ يېنىدىكى نۆكەرگە ھۆركىرىدى:

— دەرھال يارلىقىمنى يەتكۈز، ناغرىچىلار لەشكەرلەرنىڭ قايتىشىغا بەلگە بەرسۇن!...

ناغرىلار زېمىننى تىترەتكۈدەك گۈمبۈرلىدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى قارارگاھى تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتقان ناغرا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، جەڭگاھتىن ئاستا - ئاستا چېكىنىشكە باشلىدى.

— قوغلامدۇق؟ — سورىدى ھۈسەيىن ياغانتېگىن ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىراپ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تاقەت قىلالمىغاندەك.

— ياق، ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىشى مۇمكىن. بۈگۈنچە بىزمۇ جەڭنى ئاخىرلاشتۇرايلى...

شۇ كۈنىدىكى جەڭدىن كېيىن ھەسەن قىلىچخان نەچچە قېتىم ئوردۇكەنتكە ھۇجۇم قىلدى. ياغلاقار قالۇ خان بىر - ئىككى قېتىم لەشكەر چىقىرىپ ئېغىر تالاپەت تارتقاندىن كېيىن، بىراقلا جىم بولۇۋالىدىغان بولدى. ئەمما، توغانخان ئەۋۋەل سەمەرقەند تەرەپتىن ئەۋەتكەن ھەمدەمچى قوشۇن ئۇزۇلمەي كېلىپ تۇردى.

— ئوردۇكەنتنى مۇھاسىرىگە ئېلىپ بۇنداق يېتىۋەرسەك قاملاشماس، قىلىچخان ئالىيلىرى، — دېدى بىر كۈنى ھۈسەيىن ياغانتېگىننىڭ تاقىتى تاق بولغاندەك، — ھازىر توغانخان ئەۋۋەل ئالىيلىرى ھەمدەمگە ئەۋەتكەن لەشكەرلەر ئاساسەن كېلىپ بولدى. ئەمدى يەنە بىر مەرتەم ئېلىشىپ باقساق قانداق بولار؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئالدىرىمايلى، جانابلىرى، ھازىر تېخى ۋاقتى ئەمەس، — دېدى ھەسەن قىلىچخان ئالدىرىماي سۆزلەپ، — يەنە تۆت ـ بەش كۈندىن كېيىن بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئوردۇكەنتنى چوقۇم ئۇلاردىن تارتىۋالىمىز.

ھۇسەيىن ياغانتېگىن ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك چىرايىغا قارىدى:

— بۇنداق دېيىشلىرىنىڭ سەۋەبى نېمىكىن؟

— سىلى بىلەن تۇنجى قېتىم ھۇجۇم قىلغاندا، قول ئاستىمدىكىلەرنىڭ بىر بۆلىكى ئوردۇكەنتكە ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كىرىپ كەتكەن. شۇلاردىن بىرەر شەپە بولغاندىن كېيىن تېگىش قىلايلى.

— ھوششەرە پالۋىنىم! تېخى بۇنداقمۇ ھىيلە ئىشلەتتىم دېسىلە، كەمىنىلىرى سىلىنى خاتا تونۇماپتىمەن!

— بەك ئاشۇرۇۋەتتىلە!...

ئۇلار قاقاھلاپ كۈلۈشتى.

دېگەندەك ئارىدىن بەش كۈن ئۆتكەندە، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئوردۇكەنت تەرەپتىن بىرنەچچە يەردە كۈچلۈك ئوت يالقۇنى كۆرۈندى. قاراۋۇللارنىڭ خەۋەر قىلىشى بىلەن ئورنىدىن چاچراپ تۇرغان ھەسەن قىلىچخان ياڭراق ئاۋازدا يارلىق چۈشۈردى:

— ئوردۇكەنتكە قاراپ ھۇررا!...

بۇ قېتىملىق جەڭمۇ ناھايىتى كەسكىن بولدى. ھەسەن قىلىچخانىنىڭ ئوردۇكەنتكە كىرىۋالغان لەشكەرلىرى ئۇدۇن قارارگاھىغا ئوبدان ئورۇنلىشىۋالغاچقا، بىرلا ۋاقىتتا لەشكىرىي تەمىناتقا ئوت قويۇۋەتكەنىدى. ياغلاقار قالۇ خان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، خۇددى سارالڭ بولۇپ قالغان ئادەمدەك ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى لەشكەردىن ئۈچ ـ تۆتكە قىلىچ ئۇردى ـ دە، قەھرى بىلەن ۋارقىرىدى:

— چېكىنىڭلار نان قېپىلار... تېز چېكىنىڭلار!...

بۇنى ئاڭلىغان نوقتەرىش ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا خاننىڭ

يېنىغا پەيدا بولدى:

— ئۇنداق يارلىق چۈشۈرمىگەيلا، شاھىم، بىز بۇغرا قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرەلەيمىز!

— چېكىندۈرگەن تەقدىردىمۇ، لەشكىرى تەمىناتلار كۆيۈپ تۈگىسە، ئادەمسىز چۆلدەرەپ قالغان بۇ شەھەردىن ئوزۇق - تۈلۈكنى قانداق غەملىيەلەيمىز؟ لەشكەرلەرنى قانداق غىزالاندۇرىمىز؟ — دېدى خان ئاچچىقىنى ئۇنىڭدىن چىقارماقچى بولغاندەك زەردە بىلەن.

نوقتەرىش تېزلا كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، يېنىدىكى نۆكىرىگە دېدى:

— شاھىمىزنىڭ پەرمانىنى تېز يەتكۈز، پۈتۈن قوشۇن چېكىنسۇن!...

سەھەر قۇياشى ئىللىق نۇرىنى چېچىپ كۆتۈرۈلگەندە ھەسەن قىلىچخان بىلەن ھۈسەيىن ياغانتېگىن تەنتەنە بىلەن ئوردۇكەنتكە كىرىپ كەلدى - دە، ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. كوچىلاردا جەسەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. يول بويلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ تولىسى ئۆرۈلۈپ، كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغانىدى. ئۇلار ئېچىنىش بىلەن خورسىنىشتى. بىر چاغدا كوچىنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىر توپ كىشىلەر ئۇدۇل ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا كەلگەن كىشى بىردىنلا يەردە موككىدە تاشلىنىپ، بېشىنى تۈۋەن سېلىپ ئولتۇردى. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولغان ھۈسەيىن ياغانتېگىن «بۇ قانداق ئىش؟» دېگەندەك ھەسەن قىلىچخانغا تىكىلدى. ھەسەن قىلىچخانمۇ ئۇنىڭ بۇنداق تەكەللۇپ قىلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەندەك، بىردە ئۇنىڭغا، بىردە ھېلىقى ناتونۇش كىشىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتسىلە، قانداقلا گەپ بولسا دەۋەرسىلە...

— ياق، قىلىچخان ئالىيلىرى، كەمىنە قۇللىرى ئۇلۇغ

قاراخانىيلار سەلتەنەتىمىز ئۈچۈن ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكار بەندىمەن. شۇ تاپتا ئۆزلىرىگە قاراشقىمۇ يۈزۈم چىدىمايدۇ. ھەر قايسىلىرى شەھەرگە كىرىشتىن ئىلگىرى ئۆزۈم ئۆلۈۋېلىشنى ئويلىغان بولسامۇ، يەنە كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. ئۆلسەممۇ كەچۈرگۈسىز گۇناھىم ئۈچۈن خانلىقىمىزنىڭ باھادىر ئەزىمەتلىرىنىڭ قولىدا جان بېرەي دەپ ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىشىم...

ئۇنىڭ سۆزى بىلەن ھەسەن قىلىچخان ۋە ھۇسەيىن ياغانتېگىنلەرنىڭ ھەيرانلىقى تېخىمۇ ئاشتى.

— ئۆزلىرى كىم؟ گۇناھلىرى نېمە؟ — سورىدى ھۇسەيىن ياغانتېگىن.

— بۇ سەل ئۇزۇن ھېكايە، تەخىر قىلىپ ئاڭلىشارلا، — دېدى ئۇ يىغلامسىرىغان ئاھاڭدا، — كەمىنە قۇللىرىنىڭ ئىسمى زاتى ئەسلەمخان تۈركىي، بۇۋام ئۆز زامانىسىدا ئەڭ بۇرۇن ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغانلاردىن ئىكەن. مەنمۇ كامىل مۇسۇلمان ئائىلىسىدە يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىپ، دىنىي ئەھكاملارنى خېلى پۇختا ئىگىلىگەنىدىم. كېيىن ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇ تەرەپ — شاش، قوقەند، سەمەرقەند دىيارلىرىدا، بۇ تەرەپ — ئۇدۇن، كۇچا، قوچۇ دىيارلىرىدا تىرىكچىلىك قىلىپ ئۆتكەن مۆمىن بەندە ئىدىم. ئۇدۇنلۇقلار بۇ قېتىم كاشغەرنى ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، «بايلارنى، سودىگەرلەرنى، ئېكىتارلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىكەن» دېگەن گەپلەر تارقالدى. بۇنى ئاڭلاپ قورقۇپ قالدىم. ئۆزلىرىگە مەلۇم، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بىزدەك يۇرتمۇ ـ يۇرت كېزىپ، ئۆز رىزقىمىزنى ئىزدەپ يۈرىدىغانلارنىڭ جان باقمىقىمىز ئاسان ئەمەس، شۇڭا كاللامغا غەم چۈشتى. ياق، غەم ئەمەس، ئاسمان ـ زېمىن ئۆڭتۈرۈلۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئاتا ـ بوۋام بىر ئۆمۈر يىمەي ـ ئىچمەي يىغقان، پېقىر ـ قۇللىرى سەپەرلەردە ئاسماننى يېپىنچا، يەرنى سېلىنچا قىلىپ، قاتتىق

نان، تالقان ۋە سوغۇق سۇ بىلەن جېنىمنى جان ئېتىپ ئاران تاپقان پۇللىرىمنى بىردەمدىلا تارتىۋالسا، بۇ مېنىڭ ھالاك بولغىنىم بىلەن تەڭ ئەمەسمۇ؟! بۇگۈنى پالانى زەردارنىڭ ئۇدۇن لەشكەرلىرى تەرىپىدىن بۇلىنىپ قاق سەنەم بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۇۋالغانلىقىنى، ئەتىسى يەنە بىر ئېكتارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى قوغدايمەن دەپ بېشىنى قىلىچقا تۇتۇپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. بۇ گەپلەر خۇددى ماڭا ئەزرائىل يېنىمغا كېلىپ، «ياشايدىغان ۋاقتىڭ توشتى، ئەمدى ئامانەتنى ئالىمەن» دېگەندەك تۇيۇلۇپ ئۇيقۇ ھارام، غىزا ئوغا بولدى. بارلىق ئېرىغ ۋەجىمنى خۇرجۇنۇمغا قاچىلاپلا، بالىچاقىلىرىمنى باشلاپ، باشقىلاردەك يۇرتتىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدىم. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن ئۇدۇنلۇكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسام، مال ـ بىساتىمنىلا ئەمەس، بەلكى ئائىلىمىز بويىچە جېنىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقتۇم. ئويلىمىغان چارەم قالمىدى. ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت دېگەندەك ئېرىغ ماللارنى بىر ەر پىنھان جايغا كۆمۈپ قويۇپ زامان ئوڭشالغاندا ئاندىن قايتىدىن تىجارەتنى قولۇمغا ئالاي دەپ ئويلىغان بولساممۇ، بىر ەر كىشى بۇنى سېزىپ قالسا، ھەممىدىن قۇرۇق قېلىش ۋەھىمىسى قەلبىمنى چۇلغىۋالدى. شۇ كۈنلەردە كوچىدا كېتىۋېتىپ تاسادىپەن ھالدا ئۇدۇنلۇك بىر لەشكەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئېتىدىن چۈشۈپ، ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، مەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مەنمۇ ئۇنى تونۇپ، خۇشاللىقىمدا ئۆزۈمنى قويارغا يەر تاپالماي قالدىم. ئەسلى ئۇنىڭ ئاتىسى بىلەن جاھان تىنچ ۋاقىتلاردا خېلى قويۇق سودا ئالاقىسى قىلغانىدىم. بەزىدە سودا داۋامىدا ئۇنىڭ بىلەن نەچچە قېتىم ئەسرامۇ بولۇشقانىدۇق. كوچىدىن ئۆتكەنلەر مېنىڭ بىر ياغى لەشكىرى بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتكەنلىكىمدىن ئەجەبلىنىۋاتقاندەك قارىشىپ ئۆتۈشۈپ كەتسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزاق پاراڭلىشىپ تۇردۇم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دورەم

www.uyghurkitap.com

ئۇدۇن خانى كاشغەرگە لەشكەر تارتمىشتا پۈتۈن يۇرتتىكى قولغا ياراغ ئالالايدىغانلىكى ئەركەكلەرنىڭ ھەممىسىنى سەپەرۋەر قىپتۇ. ئوردىدىن چىققان بەگلەر ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ لەشكەر توپلاپتۇ. ھەتتا كوچىدا كېتىۋاتقان كىشىلەرنىمۇ تۇتۇپ باغلاپ لەشكەرگاھقا ئاپىرىپتۇ. ئۇنىڭ ئاتىسىمۇ ئوغلىنىڭ لەشكەرلىككە قاتنىشىپ غايىب ئوق تېگىپ كېتىشىدىن، كۆزى يوق قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ زەربىسىدىن باقىيغا سەپەر قىلىشىدىن ئەنسىرەپ، خېلى كۆپ مال ـ دۇنيانى قولىدىن ئىش كېلىدۇ دېگەنلەرگە سۇڭگۇتۇپ باققان بولسىمۇ، ئەمما ئوغلىنى بۇ قىسمەتتىن ئامان قالدۇرالماپتۇ. شۇنداقتىمۇ، يۈزبېشىلىققا ئېرىشتۈرۈپتۇ. ئۇمۇ كىچىكىدىن زېرەك بولغاچقا، قوشۇن باشلىرى بىلەن ئاسانلا ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولۇپ، تېزلا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشىپتۇ. ئۇدۇن لەشكەرلىرى قاغىلىقنى قارام قىلىپ، ياركەندتە جەڭ قىلغاندا، ئۆلۈپ كەتكەن مىڭبېشىنىڭ ئورنىغا مىڭبېشى بوپتۇ. ئۇلار يېڭىسارىدىن ئۆتۈپ، كاشغەرنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئالغان كۈنلەردە تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئېسىگە مەن كېلىپ قاپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى خېلى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرۈپتۇ. ھەتتا كوچا ـ كويلاردا ماڭغان چاغلىرىدا كېتىۋاتقان ھەربىر ئادەمگە سىنچىلاپ قاراپ باققان بولسىمۇ، مېنى ئۇچرىتالماي «بەلكى، باش ئېلىپ بۇ يەردىن باشقا جايلارغا كېتىپ قالغان ياكى بولمىسا قازا قىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك» دېگەن خىيالغا كېلىپ قالغانىكەن. ئەمدى مېنى كۆرۈپ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قاپتۇ...

خېلىغىچە گېپىمىز تۈگىمىدى. ئۇنى ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلدىم. ئۇ ئەگەشتۈرۈۋالغان لەشكەرلەردىن ئون نەچچىنىلا ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى قايتۇرۇۋەتتى. بىز ئۆيگە كېلىپ خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتۇق. پاراڭ ئارىلىقىدا مەنمۇ بارلىق غەم ـ غۇسسىلىرىمنى قالدۇرماي بايان قىلدىم.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، ئاكا. مەن سىلىنى پۈتۈن

كۆچۈم بىلەن قوغداشقا كاپالەتلىك قىلىمەن. هازىر مىڭبېشى بولسامۇ، تۆمەنبېشىلار بىلەن ئوبدان تونۇشلۇقۇم بار. ئۇلارنى ئەيۋەشكە كەلتۈرۈۋالساقلا، قالغان ئىشلارنى «تۆكىنىڭ يېتىشىغا، سۇنىڭ ئېقىشىغا» قويۇپ بەرسەك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە يانلىرىدا مەن بار. ئەمدى خۇشال ـ خۇرام ياشىسىلا، مەن ئۇلارنى سىلىگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، ـــ دېدى ئۇ.

مەن ماقۇل بولدۇم. شۇنداق قىلىپ، ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇ بىر توپ كىشىلەرنى باشلاپ كەلدى. ئۇلارنى ئوبدان مېھمان قىلدىم. قايتىشىغا ھەممىسىگە لايىقىدا كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلىپمۇ ئۈلگۈردۈم. شۇنداق قىلىپ يولۇم ئېچىلغاچقا، يۈرىكىممۇ ئاز ـ تولا ئورنىغا چۈشكەندەك بولدى. ئەمما، ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتكەندە، مەن مېھمان قىلغانلارنىڭ بىرسى ئۆيۈمگە تەكەللۇپسىزلا كىردى ـ دە، مېنى ئۇدۇن خانىنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلاپ بېشىمدىن كىرگەن ئاغرىق تاپىنىمدىن چىقىپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. ئەمما، ئۇ «تونۇگۇن خان ھۇزۇرىدا تۇيۇقسىز سىلىنىڭ پاراڭلىرى چىقىپ قېلىپ، ھەممىمىز بىر ئېغىزدىن تەرىپلىرىنى قىلىشتۇق. خان ئۇنى ئاڭلاپ، سىلىگە قىزىقىپ قاپتۇ. باشقا ئىش يوق. خاتىرجەم بولسىلا...» دەپ مېنى خاتىرجەم قىلدى. ئۇنىڭ بىلەن باردىم. راستىنى ئېيتقاندا، كۆڭلۈمدىن كەچمىگەن خىياللار كەچتى. ئەمما، مەن تولىمۇ بىقۇۋۇل ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدىم. قاچاي دەپ ئويلىغان بولسامۇ، يۈزدىن كۆپرەك لەشكەرنىڭ ھىمايىسىدە كېتىۋاتقاچقا ئامالسىز ئىدىم. ئۇ مېنى ئۇدۇل خانىنىڭ ئالدىغا باشلاپ كىردى. خان ماڭا مۇنداقلا قاراپ قويۇپ ئولتۇرۇشقا بۇيرۇدى، ئولتۇردۇم. ئۇ خېلى گەپلەرنى سورىدى. كۆڭلۈم تازا جايىدا بولمىغاچقا، نېمە دەپ جاۋاب بەردىم، تازا ئېسىمدە يوق، بىر چاغدا ئۇ: «سىزنى كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىدىم» دېۋىدى، ھەيرانلىقتا: «قۇلىقىم خاتا ئاڭلاپ قالغان بولسا كېرەك» دەپ چىرايىغا قارىدىم. ئەمما،

ئۇ بىر خىل ھالەتتە ئۇلتۇراتتى. يېنىدىكى كىشىلەر بولسا مېنى تەبرىكلەشتى. ياغلاقار قالۇ خاننىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىپمۇ بۇ ئىشنىڭ ئۇچۇم ياكى چۈشۈم ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئەتىسى ئۇ يارلىق ئەۋەتىپتۇ. مېنىڭ بوينۇم ئەمدى ئالىلىقاچان قىلدا باغلاقلىق ئىدى. مال ـ دۇنيالىرىمنىڭ، بالىچاقامنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن بولسىمۇ «خاننىڭ يارلىقىنى بەجا كەلتۈرۈش ۋاجىپ» ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ياغلاقار قالۇ خان مەيلى قانداق ئىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرسۇن، تېز، بەجانىدىل ئورۇنلىدىم. بىراق، مانا ئەمدى زامان ئۆزگەردى. ھەرقايسىلىرى بۇ يەرنى قايتا قولىرىغا ئالدىلا، شۇڭا مەندەك گۇناھكار ئاسىي بەندىگە قانداق جازا بەرسىلە مەن رازى...

ھەسەن قىلىچخان بىلەن ھۈسەيىن ياغانتېگىن بىر ـ بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويىدى.

— قېنى ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا. بايا ئۆزلىرىمۇ «خاننىڭ يارلىقىنى بەجا كەلتۈرۈش ۋاجىپ» دېدىلە. مەيلى قانداقلا گۇناھلىرى بولسا، گۇناھلىرىدىن ئۆتتۇق. بۇرۇن ئىسىملىرى ئەسلەمخان تۇركىي بولغان بولسا، بۇنىڭدىن كېيىن ئىسلامخان تۇركىي بولسۇن. كاشغەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئالماشقان بولسىمۇ، ئۆزلىرى داۋاملىق بۇ يەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىنى ئۆتەۋەرسىلە... — دېدى ھەسەن قىلىچخان.

ئەسلەمخان تۇركىي ئورنىدىن تۇردى ـ دە، بۇ ئىككى سانغۇنغا قاراشقا پېتىنالمىغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ھەشقاللا، قۇللىرى بۇ ئىسمنى قوبۇل قىلدىم. ئەمما، ھاكىمبەگلىكنى...

— ئەمدى تالىشىپ يۈرمەيلى. قېنى يول باشلىسىلا، ئۇدۇل مەرھۇم مۇسا بۇغراخان ئائىلىرىنىڭ ئوردىسىغا بارايلى، — دېدى ھۈسەيىن ياغانتېگىن.

ئىسلامخان تۇركىي گەپ قىلمايلا ئالدىدا ماڭدى. باشقىلارمۇ ئۇلارغا سوگداشتى. ئۇلار ھايالشمايلا خان ئوردىسىغا يېتىپ

كەلدى. ھېلىھەم ئۆز ھەيۋىتىنى يوقاتمىغان ئوردا سېپىلىنى، ئۆزى نەچچە قېتىملا كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ يەردىكى يول، دەل ـ دەرەخلەر، قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا تاشقا مۆھۈر باسقاندەك ئورناپ كەتكەن خان ئوردىسىنى كۆرۈپ ھەسەن قىلىچخان خۇشال بولدى. ئۇ نېمىلا بولسۇن يۇسۇپ قادىرخان پەرغانە ۋادىسىغا ماڭار ۋاقتىدا تاپشۇرغان كاشغەرنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ھەققىدىكى يارلىقنى ئورۇنلىيالماي، ياۋغا تارتقۇزۇپ قويغان بولسىمۇ، ھەرھالدا ھازىر ئوردۇكەنت زېمىنىنى، ئوردىنى قايتۇرۇۋالغانلىقىدىن خۇشال ئىدى. ھۇسەيىن ياغانتېگىن بولسا ئوردۇكەنتنى قايتۇرۇۋالغاچقا، ئەھمەد توغانخاننىڭ يېنىدىكى پىتنىخور ئوردا ئەربابلىرى ئالدىدا يۈزىنىڭ يورۇق بولىدىغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى. ئۇلار ئوردىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن توختاشتى.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز، قىلىچخان جانابلىرى؟ — سورىدى ھۇسەيىن ياغانتېگىن ئاللىنېمىلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ۋەزمىن ئاھاڭدا.

— بۈگۈن بۇ يەرنى قايتۇرۇۋالغىنىمىز بىلەن تېخى باشقا جايلار يەنىلا ياۋنىڭ ئىلكىدە، ياغانتېگىن جانابلىرى. ياۋنىڭ لەشكەرلىرى جان قايغۇسىدا قالدى. شۇڭا، بىزمۇ پۇرسەتنى ئەلا بىلىپ بۇددىستلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ زەربە بېرەيلى. شۇندىلا تولۇق نۇسرەت قازىنالايمىز!

— ئۆزلىرىچە ئوردۇكەنتنى...

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، سىلى بىلەن كەلگەن مىڭبېشىدىن بىرسىنى لەشكەرلىرى بىلەن بۇ يەردە قالدۇرايلى! قالدىسىغا ئىسلامخان تۈركىي ھاكىمبەگ جانابلىرى بار ئەمەسمۇ؟

— خوپ، ئەمىسە ھازىرلا ئاتلىنايلى!...

ھەسەن قىلىچخان ھەيۋەتلىك ئوردا ئىمارەتلىرىگە ھەۋەس بىلەن قارىۋەتكەندىن كېيىن كەسكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— شۇنداق قىلايلى، ياغانتېگىن جانابلىرى، پۇرسەت غەنىيمەت. مۇشۇنداق ئوبدان پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، كېيىن پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالمايلى. قېنى ئاتلىرىغا مىنسىلە...

— سىلىمۇ...

## 20

سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ ھەشەمەتلىك ئوردىسى ناھايىتى قاينام - تاشقىنلىقتا چۆمگەنىدى. كەڭلىكى ئون بەش - ئون ئالتە ئادىم، ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇز - ئوتتۇز بىر ئادىم كېلىدىغان كۆركەم سارايىنىڭ تاملىرىدىكى شەرق مېمارچىلىقىنىڭ سەلتەنەتىنى نامايان قىلىدىغان قاپارتما رەسىملەر، يەرگە سېلىنغان رەڭدار گىلەملەر كۆزنى چاقناتتى. توققۇز پايىلىق پەلەمپەي بىلەن چىقىلىدىغان، ئىككى تەرىپىگە قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلاردىن كۆزلەر قويۇلغان تۆردىكى تەخت ئۈستىدە توغانخان ئەۋۋەلىنىڭ ئىنىسى ناسىر ئىلىكخان گىدىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تۆۋىنىدە يۇسۇپ قادىرخان ۋە باشقا قوشۇن باشلىرى مەرتىۋىسى بويىچە ئورۇن ئالغانىدى. ئوردا ئىچىدە ئىنسان قەلبىنى لال قىلىدىغان بىر خىل لىرىك كۈي ياڭرىماقتا ئىدى. ئىشىك تۈۋىدە نەپىس ياسالغان ھەيكەللەردەك تىك تۇرغان قورۇقچى لەشكەرلەرنىڭ سەل نېرىسىدىن ئورۇن ئېلىشقان سازەندىلەر پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن قالۇن، داپ، بالىمان، دۇتار، تەمبۇر، بەرباب، قوۋۇز، چىلتار، پەنجىتار، چاڭ قاتارلىق سازلىرىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن چېلىۋاتاتتى. ئوردا ئىچىدىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇخارانىڭ بۇ كۈيلىرىنى تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقاچقا، بەزىلەر قەلبىدىكى تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز شادلىقنى مۇزىكا رىتىمىغا ماس ھالدا بېشىنى ئىرغىتىپ، ئىپادىلەپ ئولتۇراتتى. يەنە بەزىلەر كۆزلىرىنى

يېرىم يۇمۇپ، بۇ لىرىك كۇيلەرنى قەلبىگە مەڭگۈلۈك ئورنىتىۋالماقچى بولغاندەك پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەنىدى. ناسىر ئىلىكخان نىمىشقىدۇر تامىقىنى قىقىپ قويدى. سازەندىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەكتىز بولۇپ ئولتۇرۇپ، پۈتۈن دىققىتىنى سىم تارلارغا تىكىپ، ئەپچىل، نەپىس ھەرىكەتلەر بىلەن چاڭ چېلىۋاتقان، قاپقارا ساقاللىرى سىمىز بەستىگە تولىمۇ ياراشقان كىشى سىم تارلارغا يەڭگىل ئۇرۇلۇپ، يېقىملىق كۈي تۆكۈۋاتقان بىر جۈپ چوكىسىنىڭ سۇرئىتىنى ئاستىلاتتى. بۇنى سەزگەن باشقا سازەندىلەرمۇ كۈينىڭ يۆتكىلىدىغانلىقىنى جەزم قىلغاندەك ئۇنىڭغا ئەگەشتى. چاڭچى چېلىۋاتقان كۈينى سوزۇپ ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، پەدىنى يېڭى بىر كۈيگە يۆتكىدى. شۇ ئان ئوردا شائىرلىرى تەرىپىدىن سامانىيلارنىڭ يېڭىلمەس شاھى، دەپ تەرىپلەنگەن ئابدۇلمەلىك بىننى مەنسۇرنىڭ ئوردىسىدا شوخ، يۈرەكنى تىترەتكۈچى سادا ياڭرىدى. بۇ سادا ئاۋۋال خۇددى بۇلاق سۇلىرىنىڭ يەر تېگىدىن ئوقچۇپ چىقىۋاتقىنىدەك، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىدەك يېقىملىق ئاڭلىنىپ بارا ـ بارا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. شۇ ئەسنادا بىر ياندا ئولتۇرۇپ، ساتار تارلىرىغا كامالچىسىنى ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن سۈرۈپ ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلاردىكى كۆزلىرى ئويناق كوسا ئادەم ناخشا باشلىدى:

بېزىلىپسەن بەك گۈزەل، ھۆرلەر كەبى جانانە قىز،
گۈل ـ گۈلىستانلار ئارا گۈل تاجى رەيھانە، قىز.

بىر كۆرۈپ قانسام جەمالىڭ ھۆسنىگە ئەي نازىنىن،
جىلۋە قىلىپ نازىڭ بىرلە قىلما مېنى ۋەيرانە، قىز.

...

يان تەرەپتىكى ئىشىكتىن خۇددى كېپىكلەردەك يورغىلاپ بىر توپ رەققاس قىزلار چىقىپ كەلدى ـ دە، مۇزىكا رىتىمىغا ماس ھالدا ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ چاققان، نازۇك ھەرىكەتلىرى تولىمۇ چىرايلىق بولۇپ، كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان مۇشتتەك كۆكسى تار رەققاسلىق كىيىمى بىلەن ئۇلارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. جانىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويىدىغان نازلىق جىلمىيىشلىرى، كۆزلىرىنى لەپ ـ لەپ قىلىپ ئېتىشلىرى، قاشلىرىنى يىمىرىشلىرى يۈرەكلەرنى لەرزىگە سالاتتى. ناسىر ئىلىكخان نەچچە قېتىم تەخت ئۈستىدە ئولتۇرالمىغاندەك قىمىرلاپ قويدى. شۇ تاپتا باشقا لەشكەر باشلىرىمۇ خۇددى مۇشۇ چاغقىچە بۇنداق لەۋەن، نازاكەتلىك، ھەربىر ھەرىكەتلىرىدىن گۈزەللىك تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قىزلارنى كۆرۈپ باقمىغاندەك ھاڭۋېقىپ قېلىشقانىدى. يەنە بەزىلىرى بولسا كۆزلىرىنى قىزلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىدىن ئۈزمەي، تىللىرىنى چاكىلدىتىشاتتى.

ئىشق ئوتى سەۋداسىدىن ئەندىشىدە كۆڭلۈم ھامان،
كىرپىكىڭنى يا قىلىپ ئاتە مېنى مەردانە، قىز...

رەققاس قىزلار شوخ، يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن نازلىق جىلمىيىشاتتى. لەرزان چۆرگۈلەپ چاچلىرىنى ئوينىتاتتى. ناسىر ئىلىكخانغا ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئۆزىگىلا ناز قىلىپ، ئىشق ھەۋىسىنى قوزغاۋاتقاندەك تۇيۇلدى ـ دە، بىردىنلا «ئاھ...» دەۋەتتى تىزىغا شاپىلاقلاپ. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ يۈسۈپ قادىرخان بىر خىل كۆڭۈلسىز تۇيغۇغا كېلىپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن تېزلا بېشىنى يەرگە سېلىۋالدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا ناسىر ئىلىكخاننىڭ ئۆزىنى تۇتالماي قېلىشى ياقماي قالغانىدى. ناسىر ئىلىكخان كۈندە دېگۈدەك مۇشۇنداق بەزمە ـ مەشرەپلەرنى

ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇشى تۇتقان چاغلاردا يۈسۈپ قادىرخاننى چاقىرتاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ يۈسۈپ قادىرخان بۇنداق سورۇنلاردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىپلا يۈرۈۋاتاتتى. پەقەت ناسىر ئىلىكخاندا گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ سورۇنىغا ئامالسىز داخىل بولاتتى. بۇ، ئەمەلىيەتتە، ناسىر ئىلىكخاندىن، ياق، پۈتۈن ئەلەۋىيلەر[1] جەمەتىدىن ئارىلىق ساقلىغىنى ئىدى.

ئەھمەد توغانخان تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىككى ئىنىسىنىڭ قورسىقى كۆپكەن بولسىمۇ، ئەمما يۈسۈپ قادىرخان ئالدىدىكى رېئال ئەھۋالنى نەزەردە تۇتۇپ، بىر ئامال بىلەن ئۇلارنى پەسكويغا چۈشۈرگەنىدى. ئەمما، توغانخان ئەۋۋەل زادى نېمىنى ئويلايدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ ھە دېسىلا ھېلى يۈسۈپ قادىرخاننى باشقا جايلارغا ئۇرۇشقا بۇيرۇيتتى، ھېلى ئەھمەدنى يوقىلاڭ سەۋەبلەر بىلەن ئەيىبلەيتتى. ئەلتېگىننى قەيەردە جاپالىق، مۇشەققەتلىك ئىشلار بولسا، شۇ يەرگە ھەيدەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئاكا ـ ئۇكىلار بىر يەرگە كەلسىلا بۇ ئىش توغرىسىدا دەتالاش باشلىناتتى. ئىككى ئوغۇل ئەھمەد بىلەن ئەلتېگىن يۈسۈپ قادىرخاندىن ئاغرىنغان پېتى ئويلىغانلىرىنى سۆزلەشكە باشلايتتى:

— بۇ تەخت ئەسلىدىن سىزنىڭ ئىدى، ئاكا. ئۇلارنىڭ بوۋىسى بۇرۇن خان بولغان بولسا، بىزنىڭمۇ بوۋىمىز ئارسلانخان، ئاتىمىز ئىلىك خان بولغان. ئۇلار سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى بولسا، بىزمۇ شۇ پەدەرى بۇزرۇكنىڭ نەسلىدىن. ھارۇن بۇغراخان كېسەل سەۋەبلىك لەشكىري يۈرۈش داۋامىدا قازا قىلىپ كەتسە، ئەھمەد توغانخان توپىلاڭدىن توقاچ

---

[1] ئەلەۋىيلەر — ئەھمەد توغانخان قاراخانىيلار تەختىگە چىققاندا، خان جەمەتى ئەلەۋىيلەر ۋە ھەسەنىيلەر دەپ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئەلەۋىيلەرگە مۇسا بۇغراخان ئەۋلادلىرىدىن ئەھمەد توغانخان، ناسىر ئىلىكخان، مەنسۇر، مۇھەممەد؛ ھەسەنىيلەرگەن سۇلايمان ئارسلانخان ئەۋلادلىرىدىن يۈسۈپ قادىرخان، ئەھمەد، ئەلتېگىن قاتارلىقلار بۆلۈنگەنىدى.

ئوغرىلاپ ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى ئۆلتۈرۈپ، قارشى چىقمىغانلارنى پۇلغا سېتىۋېلىپ، بىز بىلەن پەرۋايى پەلەك ئۆزىنى خان دەپ جاكارلىدى. شۇنداق تۇرسا، بىز يەنە ئۇنىڭغا بەيئەت قىلامدۇق؟ ياق، ئاكا. خان بولۇش ئۈچۈن ئەلگە قوشقان تۆھپىسى بولۇش كېرەك. نەچچە يىللاردىن بېرى سىزنىڭ خانلىقىمىز ئۈچۈن قوشقان تۆھپىڭىز ئازمۇ؟ بىراق، ئۆزىنى توغانخان ئەۋۋەل دەپ ئاتىۋالغان خانچۇ؟.. ئەسلىدە تەختتە سىز ئولتۇرۇپ، ئۇنى ئىلىكخان دەپ جاكارلاپ ئارسلانخانلىق مەرتىۋىسى بەرسىڭىز توغرا بولاتتى. بىراق ھازىرچۇ؟ ئۇ خان بولۇۋېدى، سىزنى كاشغەرنىڭ ئىلىك خانى دەپ جاكارلىغىنى بىلەن ئۆز زېمىنىڭىزغا بېرىشقىمۇ يول قويماي، نەدە قان كېچىپ جەڭ قىلىدىغان ئىشلار بولسا، شۇ يەرگە بۇيرۇپ تۇرۇۋاتامدۇ !... سىز ئۇنىڭ مۇشۇنداق يولسىز پەرمانلىرىنى چىشىڭىزنى چىشلەپ تۇرۇپ، ئورۇنلاۋەرسىڭىز بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئوچۇق ئېيتىڭ، توغانخان ئەۋۋەل يا خانلىقنى سىزگە قايتۇرۇپ بەرسۇن، يا قاراخانىيلارنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىغا ئۇ خان بولسۇن، قالغان يېرىمىغا سىز خان بولۇڭ...

يۈسۈپ قادىرخان بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىغاندا، ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئۇلارغا نەسىھەت قىلاتتى:

— ئۇنداق دېسەڭلار قاملاشمايدۇ، ئەزىز ئىنىلىرىم. ئاسماندا بىرلا قۇياش بولغىنىغا ئوخشاش، بىر خانلىقتا پەقەت بىرلا خان بولىدۇ. ئەھمەد توغانخان خان بولسىمۇ، مەن خان بولساممۇ بەرىبىر ئوخشاش، ھەممىمىز سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرى، ئۇ پەدەرى بۇزرۇك خانلىقىمىزنى گۈللەندۇرۇش ئۈچۈن كۆپ كۈچ سەرپ قىلدى. ئەمدى قوپۇپ بىز بىر خانلىقنى ئىككىگە بۆلىمىز دېسەك، ئۇنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدۇ. راست، ئۇ بىز ھەسەنىيلەر ئەۋلادلىرىنى چەتكە قېقىۋاتىدۇ، ئوردىدىن بارغانسېرى يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلمىغان ئىشلىرى

قالمىدى. بەزىدە ئويلىسام ئۆزۈمنىڭمۇ قورسىقى كۆپىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭغا چىش يېرىپ بىرنەرسە دېسەم، بىزنىڭمۇ پېيىمىزدا يۇرۇۋاتقانلارنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۇشۇپ قېلىپ، ئارىمىزدىكى نىزانى بارغانسېرى چوڭايتىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىزگە زىيىنى باركى، ھەرگىز پايدىسى يوق. شۇڭا، سەۋر قىلايلى، سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن. ئۇنىڭ ئۇستىگە خان تېخى ياش، ئەل - رەئىيەت ئىشلىرىغا تەجرىبىسى كەمچىل. شۇڭا، يا ئۇنداق، يا مۇنداق سەۋەنلىكلەردىن خالىي بولالمايدۇ. بىز قان قېرىنداش بولغاچقا ئۇنداق ئىشلارنى سالاۋاتقا چىقىرىپ، خان يارلىقىنى بەجانىدىل ئورۇنلايلى. پەرمانىنى كەم - كۇتىسىز ئىجرا قىلايلى. بۇ ئىشلىرىمىز بىر مەزگىل داۋاملاشسا، بەلكىم ئۇمۇ ئىنسان بولغاندىكىن ئۆز يۇرىكىگە قول سېلىپ باقار... مېنىڭ دەيدىغىنىم، بىزدىن بۇنداق گەپلەر ھەرگىز چىقمىسۇن. بولمىسا ئالدى - كەينىمىزدىكى ياغى، ئىچىمىزدىكى سۇخەنچى، خۇشامەتچى، پىتنىخورلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغان بولۇپ قالىمىز.

ئۇنىڭ گەپلىرى ئىككى ئىنىسىنى قايىل قىلالمايتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ھالقىلىق پەيتلەردە «قۇشقۇن»غا ئولتۇرۇۋالغانلىقىدىن ئاغرىناتتى. ئەمما، ئۇنىڭ سۆزىنى يېرىشقا، ئويلىغانلىرىنى، ئېغىزىغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى دېيىشكە پېتىنالمايتتى. ھالبۇكى، يۇسۇپ قادىرخان ئارىلىق ساقلىغىنى بىلەن توغانخان ئەۋۋەل ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتى. ئۇ يۇسۇپ قادىرخاننى ئاۋۋال پەرغانىدىن شاشقا يۆتكىدى. ئاردىن بىر - ئىككى يىل ئۆتمەيلا قوقەندكە ئەۋەتتى. كېيىن يەنە ئىنىسى ناسىر ئىلىكخاننى قوماندان، يۇسۇپ قادىرخاننى قوشۇن بېشى قىلىپ بۇخاراغا ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. ناسىر ئىلىكخان سەپەر جەريانىدا ئۆزىنىڭ خان ئىنىسى، بۇ قېتىمقى يۇرۇشنىڭ قوماندانى ئىكەنلىكىنى پەش قىلىپ، يول بويى ئۇنىڭ زىتىغا، غۇرۇرىغا تېگىپ، كۆزىگە ئىلماي يۇردى.

ھەتتا ئۆزى بۇخاراغا بىر كۈنلۈك يول قالغان جايدا چۈشكۈن قىلىپ، ئۇنى دەرھال بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىپ، شاھ مەنسۇر ئوردىسىنى ئىشغال قىلىشقا بۇيرۇدى. يۇسۇپ قادىرخان ئۇنىڭغا لام ـ جىم دېمەيلا يولغا چىقىپ، ناھايىتى تېزلا بۇخارانى قارام قىلدى ـ دە، سامانىيلارنىڭ شاھى ئابدۇلمەلىك بىننى مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئىبراھىم ئىسمايىل بىننى مەنسۇرنى قولغا چۈشۈرۈپ، زىندانغا تاشلىغاندىن كېيىن، دەرھال ناسىر ئىلىك خانغا غەلىبە خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزۈشكە ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا ئالمان ـ تالمان كېچىلەپ يولغا چىقىپ، ئۇدۇل شاھ ئوردىسىغا كەلدى ـ دە، خەزىنىدىكى بىھېساب ئالتۇن ـ كۈمۈش، مەرۋايىت، ھېقىق ۋە قىممەت باھالىق جاۋاھىراتلارنى كۆرۈپ، گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدى. تېزلىكتە ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ھەمراھىدىن بىرسىنى خەزىنىچى قىلىپ بېكىتتى. يۇسۇپ قادىرخان بۇخارانى، شاھ ئوردىسىنى ئېلىش داۋامىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن سەركەردە ـ سەرۋازلار، قوشۇن باشلىرى، لەشكەرلەرنى ئازراقتىن بولسىمۇ تارتۇقلاپ، ئۇلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ناسىر ئىلىكخان كەسكىن رەت قىلىپ، جىمى بايلىقنى سەمەرقەندكە ــ ئاكىسىنىڭ ھۇزۇرىغا يۆتكەشكە تۇتۇندى. يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئىچى ئاچچىققا تولدى. ناسىر ئىلىكخان ئەل ئىشلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ كەيپ ـ ساپا بىلەن مەشغۇل بولدى. يۇسۇپ ئارسلانخان ئۇنىڭغا يۇرتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلايدىغان زۆرۈر تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، ناسىر ئىلىكخان رەت قىلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئارسلانخانمۇ بۇنداق ئورۇنلۇق تەكلىپلەرنى ئويلىسىمۇ ئېغىزىدىن چىقارمايدىغان بولدى.

مۇزىكا داۋاملىشىۋاتاتتى. ناخشىمۇ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىشقا باشلىغانىدى:

بەر قولۇڭنى چىقسۇن ئارمان، بولدى بەس، قىلما ئۇۋال،
باغرىمىز قانسۇن، كېتەيلى باغ ئارا سەيلانە، قىز.
...

رەقـقـاس قـىـزلار خـۇددى ئـومۇرتـقـىـسـى يـوق قـۇرتـلاردەك تولغىناتتى. شاھ سارىيىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە، جىلمىيىشلىرىغا، خۇمار كۆزلىرىنى، يا كىرىپچىدەك كىرپىكلىرى ئۈستىدىكى قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك قاشلىرىنى يىمىرىشلىرىغا مەستانە بولۇشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشقاندەك ئولتۇرۇشاتتى. دەل شۇ چاغدا ئالدىراش كىرىپ كەلگەن نۆكەر شاھ سۇپىسى ئۈستىدە گىدىيىپ ئولتۇرۇپ، رەققاس قىزلارنى كىيىمسىز تەسەۋۋۇر قىلىپ، خىيالىي ھەۋەس قوينىدا ئۈزۈۋاتقان ناسىر ئىلىكخاننىڭ يېنىغا كەلدى ــ دە، پىچىرلاپ بىرنەرسىلەرنى دېدى. نۆكەرنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا، ناسىر ئىلىكخاننىڭ خۇددى چايان چېقىۋالغاندىكىدەك چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلاندى:

ــ قا... قاچان... قاچان يۈز بېرىپتۇ؟

ناسىر ئىلىكخاننىڭ سۆزى بىلەن تەڭ سازەندىلەر چېپىپىدە توختىدى. ئىشىك تۈۋىدە رەققاس قىزلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە نازارەت قىلىپ ئولتۇرغان رەققاسلار يېتەكچىسى ئۇسسۇلنى داۋاملاشتۇرۇشنى يا يىغىشتۇرۇشنى بىلەلمەي قالغان قىزلارغا بېشى بىلەن ئىشارە قىلدى. ئۇلار خۇددى بايىقىدەكلا شوخ تاقلاپ، تېزلا غايىب بولدى.

ــ بۇنىڭغا خېلى ۋاقىت بولغان ئوخشايدۇ، ئالىيلىرى. ھېلى يېتىپ كەلگەن ئارقىشنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، شاھ مەنسۇر بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى زىنداندىن ئايالچە ياسىنىپ قېچىپ چىقىپ كېتىپتىمىش...

ــ ھۇ مەلئۇنلار، قىلغان ئىشىنى قارا، ئادەمگە يەنە ئاۋارىچىلىك تېپىپ... ئۆزكەنت① نىڭ زىندانبېگى بۇنى

① ئۆزكەنت ــ تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ھارۇن بۇغراخان ئاستانىنى سەمەرقەندكە كۆچۈرگەندە، قوزئوردۇ نامىنى ئۆزكەنتكە ئۆزگەرتكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەزمەپتۇمۇ؟

— سەزمەي قالغان ئوخشايدۇ، ئالىيلىرى...

— زىندانبېگىنىڭ كاللىسىنى ئېلىش كېرەك. پۈتۈن جەددى - جەمەتىنى قىرىپ تاشلاش كېرەك... — ناسىر ئىلىكخان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى، — شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن بۇنىڭ ھېسابى ئېلىنىدۇ!

يۈسۈپ قادىرخان ئۇنىڭ بوزىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ئۇنى ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا ئۈندىمەكچى بولدى - يۇ، يەنە تېزلا نىيىتىدىن يالتايدى. باشقىلار بولسا ئىلىكخانىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە جىم بولۇۋالغانىدى.

— دەرھال ئۆزكەنتكە ئارقىش ماڭدۇرۇلسۇن، توغانخان ئەۋۋەل ئالىيلىرىغا «ناسىر ئىلىكخان زىندانبېگىنىڭ دەرھال كاللىسىنى ئېلىپ، يەتتە ئەۋلاد ئۇرۇق - جەمەتىنى قىرىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ» دەپ مەلۇم قىلىنسۇن!

نۆكەر چىقىپ كەتتى. شاھ سارىيى بىردىنلا ئېغىر سۈكۈتكە چۆمدى. باشقىلار ئۇنلۇكرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىغاندەك ئولتۇرۇشاتتى. بۇ ھالەتتىن تېخىمۇ ئىچى سىقىلغان ناسىر ئىلىكخانىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ ساراي ئىچىدىكىلەرگە ئاچچىق بىلەن ھومايدى - دە، گۇسۇلدەپ دەسسىگىنىچە چىقىپ كەتتى. شۇندىلا ھەممەيلەن يېنىك تىن ئېلىشتى. ئەمما، يۈسۈپ قادىرخان ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىنى توغرا تاپمىغاندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

## 21

ھەسەن قىلىچخان بىلەن ھۈسەيىن ياغانتېگىنىنىڭ ئوردۇكەنتنى ياغلاقار قالۇ خانىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ يېڭىسارغا يېقىن جايدا قارارگاھ قۇرغىنىغا خېلى كۈنلەر بولۇپ قالدى. ياغلاقار قالۇ خانمۇ يېڭىساردا لەشكەرگاھ قۇرغان بولۇپ، ئىككى تەرەپ قوشۇن باشلىرى كۆزىتىش سۈپىسىغا چىقىپ

قارشى تەرەپكە قاراشسىلا، بىر - بىرىنىڭ لەشكەرگاھلىرىنى بىمالال كۆرەلەيتتى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى كۈندە دېگۈدەك توقۇنۇشۇپ تۇراتتى. بۇنداق چاغدا تۇغ - ئەلەملەر لەپىلدەيتتى، جەڭ مەيدانىنى ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، لەشكەرلەرنىڭ ھۇررا - سۈرەنلىرى، يارىلانغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاھۇ زارى، قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان چاغدىكى جاراڭ - جۇرۇڭلىرى بىر ئالاتتى. ھەر ئىككى قوشۇنىنىڭ سەركەردە - سەرۋازلىرى، لەشكەرلىرى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىۋاتقان بۇ جەڭنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرۇش، ياق، ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش، جەڭدە تېزرەك نۇسرەت قازىنىش ئۈچۈن كۈچىنىڭ بارىچە رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشاتتى. ئەتراپىنى ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى قاپلايتتى. بوينى سۇنغان، يا ئوقلىرى تەگكەن ئاتلارنىڭ ئازابلىق چىرقىراشلىرى جەڭ ناغرىلىرىغا قوشۇلۇپ يىراق - يىراققا تارقىلىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ، بىر تەرەپ ئاز - تولا ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپ دەرھال كۈچلۈك مۇداپىئە تەشكىللەيتتى - دە، قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتەتتى. شۇنداق قىلىپ، تىركىشىش ۋەزىيىتى خېلى ئۇزاق داۋاملىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئۈزۈلدۈرمەي لەشكىرىي ياردەم كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېچقايسى تەرەپنىڭ بىر - بىرىگە يول قويغۇسى كەلمەيتتى.

ياغلاقار قالۇ خان ئىدىقۇت خانى ۋە تىبەت خانى بىلەن تۈزۈشكەن پۈتۈمنامە بويىچە ئۇلار تەرەپتىن كەلگەن لەشكەرلەر بىلەن ئۆلگەن، يارىلانغانلارنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. توغانخان ئەۋۋەلمۇ كاشغەردىكى ھۈسەيىن ياغانتېگىنگە ئۆزگەنت دىيارىدىن لەشكىرىي ياردەملەرنى بېرىپ تۇراتتى.

— بۇ يەرنى قارارگاھ قىلىپ، ياغلاقار قالۇ خان بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقىنىمىزغا ئۇزاق بولۇپ كەتتى، — دېدى بىر كۈنى ھۈسەيىن ياغانتېگىن ياۋ قارارگاھى تەرەپكە بويۇنداپ قاراپ تۇرۇپ، — ئۇلارنى كاشغەر زېمىنىدىن تېزرەك قوغلاپ

چىقىرىۋەتسەك بولاتتى. ھازىرغۇ توغانخان ئەۋۋەل ئالىيلىرى مەيلى قايسى جەھەتتىن بولسۇن ياردەمنى قىلچە ئايىمايۋاتىدۇ. باشقا قىيىنچىلىقىمىزمۇ يوق. شۇنداقتىمۇ، جەڭ بەك ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتسە ياخشى بولمايتتى...

— سۆزلىرى ئورۇنلۇق، جانابلىرى، بىز ئۇلار بىلەن خېلى كۆپ قېتىم تۇتۇشتۇق. ئەمما، ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ لەشكىرىي كۈچى تەڭ كېلىپ قالغاچقا، بىر - بىرىمىزنى يېڭەلمەيۋاتىمىز. ئەمدى بۇنداق قاتمال ھالەتنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتمىسەك بولمايدىغان يېرىگە يەتتى. قوشۇن باشلىرىمۇ ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشىمىزنى تەلەپ قىلىشتى.

— بۇ تولىمۇ ئەدگۈ پاراڭ بوپتۇ. ئۇلارنىڭ رايى راستىلا شۇنداق بولسا، بىزمۇ ئۇلارغا ھە - ھۇ دېيىشىپ، غەيرىتىگە كۈچ قوشايلى... — دېدى ھۇسەيىن ياغانتېگىن خۇشال بولغاندەك.

— ئەمما، بۇ ئىشنى ئەتراپلىق كېڭەش قىلغىنىمىز تۈزۈك، جانابلىرى. ئەگەر كەڭ كۆلەمدە جەڭ قىلساق، چوقۇم غەلىبە قىلمىقىمىز لازىمدۇر. بولمىسا كاشغەرنىمۇ قولدىن بېرىپ قويىدىغان ئىش چىقىدۇ.

— ئۆزلىرى تۇرغان يەردە بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، قىلىچخان ئالىيلىرى. بۇ جەھەتتە ئۆزلىرى ئالدىدا ئاتىكارچىلىق قىلمايمەن، سىلى قانداق ئويلىغان بولسىلا شۇ بويىچە ئىش كۆرەيلى، كەمىنىلىرى چوقۇم ئۆزلىرىگە ھەمدەم بولىمەن.

— بۇگۈن كەچتىلا بارلىق قوشۇن باشلىرىنى يىغىپ كېڭەش قىلىپ كۆرەيلىمىكىن؟

— ئوبدان...

ئەتىسى سەھەردىلا بۇغرا لەشكەرلىرى قارارگاھىدىن ناغرىنىڭ گۈمبۈرلەپ ئورۇلغان كۈچلۈك ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ ھامان لەشكەرلەر خۇددى كىرىپتىن ئايرىلغان يا ئوقىدەك ئاتلىنىشتى. ئۇدۇن قارارگاھىدىكىلەر دەسلەپ سەل ھەيران بولغاندەك مەڭدەپ

تۇرۇپ قىلىشتى، ئاندىن بىردىنلا خۇدىنى تاپقاندەك قۇيۇندەك باستۇرۇپ كېلىۋاتقان بۇغرا لەشكەرلىرىگە يا ئوقلىرىنى ياغدۇردى. بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا قىلىچىنى ئويناتقىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان لەشكەر دەل كۆكرىكىگە سانجىلغان ئوقنى تۇتقىنىچە بىر ئاز تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، سەنتۈرۈلگەن هالدا گۈپپىدە يىقىلدى. ئوقلار ۋىژىلداپ بۇغرا لەشكەرلىرى تەرەپكە ئۇچاتتى. ئەمما، بۇغرا لەشكەرلىرى ئالدىنقىسى يىقىلسا، كېيىنكىسى هۇررا – سۈرەن بىلەن ئالدىغا ئېتىلاتتى. ئاخىر ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى ئارىلىشىپ، گىرەلەشمە جەڭگە چۈشۈپ كەتتى. هەسەن قىلىچخاننىڭ هۇجۇمى تويۇقسىز بولغاچقا، ياغلاقار قالۇ خان لەشكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ئۈلگۈرەلمىگەندى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىككى كوزىرى — ئاكا – ئۇكا نوقتەرىش، چوقتەرىشلەرمۇ قىلىچلىك ئېيقى يوق تۇم قارا ئارغىماقلىرىنى دېۋىتىپ، ئالاھىدە قىلىپ سوقتۇرۇلغان ئەگمە قىلىچلىرىنى ئويناتقان پېتى جەڭگە باشچىلاپ كىرىشىپ كەتكەندى.

كۈن غەربكە قىيسايدى. جەڭ داۋاملىشىۋاتاتتى، قانلار تۆكۈلۈۋاتاتتى، كۆزلىرى ئوچۇق قالغان تالاي تەنسىز باشلار تۇپراققا مىلىنىپ، ئات ۋە لەشكەرلەرنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدا دومىلاپ يۈرەتتى...

تۇيۇقسىز تەبرىزلىق غوجا ئەبۇل مۇزەپپەرنىڭ كۆكرىكىگە نەيزە سانجىلدى. ئۇ بىر قولى بىلەن كۆكسىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولى ئۆزىگە نەيزە ئۇرغان ياۋ لەشكىرىنىڭ ئىككى قولىغا كۈچ بىلەن قىلىچ ئۇرۇپ، بىلىكىدىنلا ئۈزۈۋەتتى. لەشكەر ئېچىنىشلىق چىرقىراپ كەتتى. غوجا ئەبۇل مۇزەپپەرمۇ ئارقىسىغا تىرىككىدە ئۇچۇپ چۈشتى.

شۇ ئەسنادا هەسەن قىلىچخان ياۋ قوشۇنىنىڭ ئەجەللىك جايلىرىغا هۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئاستا – ئاستا سۇندۇرماقتا ئىدى. ئاستا – ئاستا جەڭ ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش

بولۇشقا باشلىدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى قاتتىق ھۇجۇمغا بەرداشلىق بېرەلمەي چېكىنىشكە باشلىدى. كۆزىتىش سۇپىسىدا جەڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىپ تۇرغان ياغلاقار قالۇ خان پۇتى كۆيگەن توخۇدەك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالدى ـ دە، ئالدىراپ پەسكە چۈشۈپ، ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

— دەرھال ئات كەلتۈرۈڭلار!... تېز!...

جەڭ ئەمدى باشقىچە تۈس ئالدى. بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ ھۇررا ـ سۈرەنلىرى ئەتراپنى بىر ئالدى. ئۇلار خۇددى ئارسلاندەك تاشلىنىپ قاچقانلارنى قوغلاشقا باشلىدى...

ياغلاقار قالۇ قوشۇنلىرىنى قوغلاۋاتقان بۇغرا قوشۇنلىرى ئەتىسى چۈشكە يېقىن يېڭىسار بىلەن پوسكام ئارىلىقىدىكى تۇپتۇز سايدا يېتىشتى. كۈن خېلىلا ئىسسىق ئىدى. لەشكەرلەرنىڭ پېشانىسىدىن ـ يۈزلىرىدىن تەر تامچىلىرى سىرغىپ چۈشەتتى. بىراق، ئۇلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. شۇ تاپتا ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى مۇشۇنداق قوغلىغان پېتى زاۋادىن ئۆتكۈزۈپ، يۇرتخان شەھىرىگىچە قوغلاپ بارغۇسى، پۈتۈن ئۇدۇن ئېلىنى قارام قىلىپ، ياغلاقار قالۇ خاننى دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرگۈسى بار ئىدى. بىراق، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ سىپىگە قاراپ ھەيران بولدى. ئۇلارنىڭ سانغۇنى چوقتەرشىنىڭ يېنىدا تۇنۇگۇنكى لەشكەرلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەسەن قىلىچخان سەل ھەيران بولدى.

— ئۇلار تۇنۇگۇنكى ھۇجۇمدا شۇنچىلىك كۆپ تالاپەت تارتقانمۇ؟ — سورىدى ھۇسەيىن ياغانتېگىنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلگەندەكلا.

— مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران، جانابلىرى، ئۇلار بەلكىم ھىيلە ئىشلىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ھەسەن قىلىچخان ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا.

— ئۇنداق بولۇشىمۇ ناتايىن، قىلىچخان جانابلىرى، مانا قارىسىلا، بۇ تۈپتۈز سايدا ياغلاقار قالۇ خان ھىيلە ئىشلىتىمەن

دېمىسمۇ قاملاشتۇرالمىغۇدەك، بۇ يەردە نە لەشكەرلىرىنى يوشۇرغۇدەك ئورمانلىق، نە قۇم بارخانلىرى بولسۇن؟ ئۇلار راستلا كۆپ لەشكەرلىرىدىن ئايرىلىپتۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا بىز لەشكىرىي كۈچ جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىمىزنى ئىشقا سالساقلا، ئۇلارنى ئۈزۈل - كېسىل يوقىتىۋېتەلەيمىز، — دېدى ھۇسەيىن ياغانتېگىن ئىشەنچ بىلەن كېسىپ سۆزلەپ.

ھەسەن قىلىچخان ياۋ سېپىگە نەزەر سالدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇلارنىڭ سېپى قىسقا، لەشكەر سانى ئاز ئىدى. بىرلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى مۇھاسىرىگە ئالسىلا، بۇددىست لەشكەرلىرىنى تامامەن تارمار قىلغىلى بولاتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قەلبىدىن بىردەمدىلا نۇرغۇن گۇمانلار، تەشۋىشلەر كېزىپ ئۆتتى. لېكىن، ياغانتېگىن بۇنى سەزمىگەندەك ئۇنى ئالدىرىتاتتى.

— يارلىق چۈشۈرسىلە، جانابلىرى. لەشكەرلىرىمىز ئۇلارنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن يەر بىلەن يەكسان قىلسۇن!

— كەينىمىزگە يېنىپ، قارارگاھ قۇرساق بولامدىكىن! — دېدى ھەسەن قىلىچخان ئۇنىڭغا ئىلتىجا بىلەن قاراپ، — بەلكىم سىلىنىڭ دېگەنلىرى بەرھەقتۇر، ئۇلارنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن يەر بىلەن يەكسان قىلارمىز. ئەمما، مەن بىر ئاز خاۋاتىرلىنىۋاتىمەن، جانابلىرى. ياغلاقار قالۇ خاننىڭ ئىككى سانغۇنى لەشكىرىي ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن. جەڭ مەيدانلىرىدا ھىيلە ئىشلىتىشكە تولىمۇ ماھىر. قارىماققا سىلى دېگەندەك ئۇلارنىڭ لەشكىرىي ئازدەك كۆرۈنگىنى بىلەن بەلكىم ھىيلە ئىشلىتىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن...

— جەڭ دېگەندە جاننى ئالىقانغا ئېلىپ ئۇرۇش قىلغۇلۇق، جانابلىرى، بۇنچىلىك ياۋدىن قورقساق جەڭ قىلمىساق بولىدۇ! — دېدى ياغانتېگىن بىردىنلا ئۆچۈپ، — قارىسىلا دەيمەن، بىر كۆز يېتىم دائىرىدە بۆكتۈرمىگە لەشكەر قويغۇدەك يەر بولمىسا، نېمىدىن ئەنسىرەيدىلا؟

ھەسەن قىلىچخان بىردىنلا غەلىتە سېزىم ئىچىدە قالدى.

بۇلار ئۇچراشقان چاغدىلا، ھۈسەيىن ياغانتېگىن: «ئۆزلىرى قوشۇنغا باشچىلىق قىلسىلا، مەن سىلىگە ھە ـ ھۇ دېيىشىپ بېرىمەن» دېگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە خان تاغىسى بولغاچقا، ھەسەن قىلىچخان تولىمۇ ئېھتىيات بىلەن ھەربىر كىچىك ئىشنىمۇ ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالغان، ئۇنىڭ رايى بويىچە قارار چىقارغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ توغانخان ئەۋۋەلنىڭ يارلىقىغا بىنائەن ئوردىدىن مەخسۇس بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى، خان تاغىسى ئىكەنلىكىنى، جەڭ مەيدانىدا بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزىنىڭ ئۆتىدىغانلىقىنى تەئەددى بىلەن، چىرايىنى ئۆڭدۈرۈش بىلەن ئىپادىلەپ قويدى. ئەمما، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئەگەر ياۋ ھەقىقەتەن ھىيلە ئىشلەتسىچۇ؟ لەشكەرلەر قىرىلىپ، قوشۇن ھالاكەتكە ئۇچرىسا، يۈسۈپ قادىرخانغا قانداق جاۋاب بەرگۈلۈك؟!... ھەسەن قىلىچخان ئىزتىراپلىق تۇيغۇلار ئىچىدە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى. شۇنىڭغىچە ئۇدۇن لەشكەرلىرى تەرەپتىن يا ئوقلىرى ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئالدى تەرەپتىكى لەشكەرلەردىن ئۇچ ـ تۆتى ئېچىنىشلىق ۋارقىراپ يىقىلدى. ھەسەن قىلىچخان ھۈسەيىن ياغانتېگىنگە قارىدى. ئۇ بايىقى پېتىنى بۇزماي ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى چىڭ سىقىملىغىنىچە تەتۈر قاراپ ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ يەنە ئىككىلىنىشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى سەزگەن قىلىچخان قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە سۇغاردى ـ دە، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ھاۋادا پۇلاڭلاتقاچ ئېتىنى دېۋىتىپ ئالدى تەرەپكە ئېتىلدى.

— ھۇررا!... — ھەسەن قىلىچخان كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك ۋارقىرىدى. شۇ ئان ئاتلىق چەۋەندازلارمۇ، ياياق لەشكەرلەرمۇ ياۋ سېپى تەرەپكە ئومۇمىي سەپ بويىچە ئاتلاندى. ئىككى قوشۇن لەشكەرلىرى ناھايىتى تېزلا بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ ئېلىشىشقا باشلىدى. ھەسەن قىلىچخان بايىقى گەپ تەسىرىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، ئىشقىلىپ، تولىمۇ

پىداكارلىق بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. لەشكەرلەرمۇ ھۇررا ـ سۈرەن بىلەن كېيىككە تاشلانغان يولۋاستەك پىداكارلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئارىدىن بىر چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت ئۆتكەندە جەڭگاھتا خېلى كۆپ جەسەت پەيدا بولدى. بۇددىست لەشكەرلىرى ئۆز رەقىبلىرىگە تەڭ كېلەلمىگەندەك ئاستا ـ ئاستا چېكىنىدى ـ دە، قېچىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ھەسەن قىلىچخان ئۆز لەشكەرلىرىنى توختىتىۋالماقچى بولۇپ، يارلىق بېرىشكە تەمشەلدى. دەل شۇ چاغدا ھۈسەيىن ياغانتېگىننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قوغلاڭلار! بۇددىستلارنى تولۇق قىرىپ تاشلاڭلار!...

بۇغرا لەشكەرلىرى ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاشقا باشلىدى. ھەسەن قىلىچخانمۇ ئۆزىگە ھەمراھ بولغاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ لەشكىرىي ئىشلارغا ئارىلاشماي كېلىۋاتقان ھۈسەيىن ياغانتېگىننىڭ بۇ يارلىقىنى يىرغۇسى كەلمەي ئات سالدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئارقىسىغا باقماي قېچىۋاتاتتى، بۇغرا لەشكەرلىرى قوغلاپ ماڭغاچ، جەڭدە جاراھەتلىنىپ سەپتىن چۈشۈپ قالغانلارنى، ھېرىپ ماجالى قالماي ھاسىراپ ـ ھۆمۈدىگىنىچە ئولتۇرۇپ قالغانلارنى قىرغاچ قوغلاشنى داۋام قىلىۋاتاتتى. قېچىۋاتقان، قوغلاۋاتقان ئاتلارنىڭ تاپىنىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان چەكسىز چۆللۈكنى خۇددى قىيامەت بولغاندەك ھالغا كەلتۈرگەنىدى.

ئەنە شۇنداق قېچىش ۋە قوغلاش كەچ كىرگۈچە داۋام قىلدى. ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي ئاسمان سەتھىدە پارلاپ، نۇر چېچىشقا باشلىدى. يۇلتۇزلار پارلىدى. يىراقتىن، خېلىلا يىراقتىن ئوتقاچىلارنىڭ يورۇقى كۆرۈنەتتى. ھەسەن قىلىچخان لەشكەرنى باشلاپ ئاشۇ نىشانغا قاراپ ماڭماقتا ئىدى.

— قارىغاندا ئۇلارغا يېتىشەلمىگۈدەكمىز، جانابلىرى. ياۋنىڭ ئوتقاچىلىرى بىردە كۆپىيىپ، بىردە ئازىيىپ، بەزىدە كۆرۈنۈپ، بەزىدە كۆرۈنمەي تۇرۇۋاتىدۇ. لەشكەرلەرمۇ ئەتىگەن غىزالانغانچە

تېخى ئېغىزىنى نەمدىگۈچىمۇ بولمىدى. شۇڭا، مۇشۇ يەردە ئارام ئېلىپ، سەپەرنى كۈن يورۇغاندا داۋاملاشتۇرساق قانداق؟ — دېدى ھەسەن قىلىچخانغا ياندىشىپ كېلىۋاتقان ھۇسەيىن ياغانتېگىن ئىلتىجا بىلەن.

— مەيلى، دېگەنلىرىچە بولسۇن، جانابلىرى، — دېدى ھەسەن قىلىچخانمۇ نەچچە قېتىم دېمەكچى بولۇپ دېيەلمىگەن گەپنى ئۇنىڭدىن ئاڭلاپ، — لەشكەرلەر ئارام ئالسا ئېلىۋالسۇن!

بۇغرا لەشكەرلىرى يۈرۈشنى توختاتتى. ئۇلار يانلىرىدا ئېلىۋالغان تالقانلىرى بىلەن قورساقلىرىنى تويدۇرۇشۇپلا ئۇيقۇغا كەتتى. ھەسەن قىلىچخان قوشۇن باشلىرىغا كېچىلىك كۆزەتنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا زورۇر كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ ئۆز قونالغۇسىغا كەلگەندە، كېچە بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى.

ئەتىسى شەپەق سۈزۈلگەندە يېقىنلا يەردىن ئاۋۋال كۈچلۈك سۈرەن كۆتۈرۈلۈپ، جەڭ ناغرىلىرىنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى بىلەن قوشۇلدى. ھەسەن قىلىچخان ئورنىدىن چاچراپ تۇردى ـ دە، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغاردى.

— نېمە ئىش بولدى، جانابلىرى؟ — سورىدى ئۇيقۇسىغا تېخى ئوبدان قانمىغان ھۇسەيىن ياغانتېگىن كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ.

— يېقىنلا يەردە ئۇدۇن لەشكەرلىرى بار ئوخشايدۇ. ئۇلار بىزنى جەڭگە چىللاۋاتىدۇ!

— ئۇنداقتا جەڭگە ئاتلىنامدۇق؟

ھەسەن قىلىچخان گەپ قىلىپ بولغۇچە، ئۇنىڭدىن نەچچە قەدەم يىراقلىقتا تۇرغان لەشكەر ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغىنىچە يىقىلدى. ھەسەن قىلىچخان جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى:

— تەييارلىنىڭلار، ياۋ ھۇجۇم قىلىۋاتىدۇ!...

بۇغرا لەشكەرلىرى تېزلا ئاتلاندى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى بۇغرا لەشكەرلىرىگە قارىتىپ بىرنەچچە تالدىن يا ئوقى ئېتىپ

قويغاندىن كېيىن يەنە چېكىندى.

— قوغلاڭلار!...

قوغلاش يەنە چوشكىچە داۋاملاشتى. ئەمدى ئۇلار بىپايان سايلىقتىن ئۆتۈپ، ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرى ئارىسىغا كىرىپ بولغانىدى. بوغرا قوشۇنلىرى قىسقا ۋاقىت غىزالىنىۋالغاندىن كېيىن قوغلاشنى داۋام قىلدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى گاھ توختاپ ھۇجۇم قىلسا، گاھ چېكىنىپ قىلچىلىك تۇتۇق بەرمەي قېچىۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ، ھەسەن قىلىچخان بىلەن ھۇسەيىن ياغانتېگىننىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان بوغرا لەشكەرلىرى ياۋنى قوغلاپ كېلىۋاتاتتى.

— قوغلايلى، ئۇلارغا قىلچىلىك ئاراملىق بەرمەي قوغلاپ بىر يولىلا مەغلۇپ قىلايلى، — دېدى ھۇسەيىن ياغانتېگىن ئېتىنى دېۋىتكەچ، — ياۋنىڭ مەھشەر كۇنىگە ئاز قالدى.

قوغلاش ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ داۋاملاشتى. تۆتىنچى كۈنى چىڭقىچۇش مەزگىلىدە ھاۋا بىردىنلا قىزىپ كەتتى. لەشكەرلەر خۇددى تونۇرنىڭ تەپتىدەك ئىسسىق قۇم ئۇستىگە ئاۋايلاپ دەسسەپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. شۇ ئارىلىقتا ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئاتنى دېۋىتىپ كەلگەن مىڭبېشى ھاسىرىغان ھالدا دېدى:

— مەلۇم بولغاي، قىلىچخان جانابلىرى، لەشكەرلەر ئارىسىدا ئۇسسۇزلۇقتىن يىقىلىپ قېلىۋاتقانلار كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مەلۇم ۋاقىت يۈرۈشنى توختىتىپ، سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلساقمىكىن؟

بۇ گەپ بىلەن ھەسەن قىلىچخانمۇ، ھۇسەيىن ياغانتېگىنمۇ ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تارتىشتى - دە، كەينىگە بۇرۇلۇشتى. دېمىسىمۇ لەشكەرلەرنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى. يېقىنلا يەردە قىزىق قۇم تۆپىسىگە ئۆزىنى تاشلاپ ياتقانلار، بىر - بىرىنى يۆلىشىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئەمما، بۇنداق قۇم بارخانلىرى

www.uyghurkitap.com

ئارىسىدىن سۇ تېپىش ئاسان ئەمەس ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟!... سۇ بولمىسا سەپەرنى داۋاملاشتۇرغىلى بولمايدۇ!... ئەقەللىيسى قايتىپ كېتىش ئۈچۈنمۇ يەنە بىرنەچچە كۈنلۈك سۇ ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈك كېرەك... ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ھەسەن قىلىچخاننى سوغۇق تەر باستى. ئۇ قۇم بارخانلىرىغا قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتتى. بۇ قۇملۇقتىن ئۇ تۇنجى قېتىم ئۆتۈۋاتاتتى، شۇڭا يەنە قانچىلىك مۇساپىنى باسسا، ئاندىن بۇ كۆز يەتمەس قۇملۇقتىن چىقىپ كېتەلەيدىغانلىقى ئۇنىڭغىمۇ قاراڭغۇ ئىدى.

قىلىچخان «ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ قوغلاشنى داۋاملاشتۇرامدۇق يا توختاپ قالامدۇق؟... » دېگەندەك ھۇسەيىن ياغانتېگىنگە قارىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئەڭ دەسلەپ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى قوغلاش ھەققىدە يارلىق چۈشۈرگەن ھۇسەيىن ياغانتېگىن ئەتىگەندىن بېرى «يارلىق چۈشۈرۈشكە بەك ئالدىراپ كەتتىممۇ نېمە؟ قارىسام بارسا كەلمەس يولغا كىرىپ قالغاندەك قىلىمىز. قارىغاندا ياۋ ھىيلە ئىشلىتىپتۇ. ھەسەن قىلىچخان گەپ قىلغان ۋاقىتتا مەن بۇ يەرلەرنىڭ دۆڭ ـ چوڭقۇرىنى، بۇددىست لەشكەرلىرىنىڭ جەڭ تاكتىكىسىنى پۇختا بىلمىگەندىكىن ئۆز سۆزۈمدە چىڭ تۇرۇۋالمىساممۇ بوپتىكەن. ئەگەر مۇشۇ قۇملۇقتىن ساق چىقىپ كېتەلىسەكقۇ تەلىيىمىز، ئۇنداق بولمىسا، ھەتتا مېنىڭ ئۆلۈكۈممۇ مۇشۇ يەردە قالىدۇ...» دېگەنلەرنى نەچچە رەت خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ، قوغلاشنى توختىتىپ كەينىگە قايتىشنى ئېيتماقچى بولغان بولسىمۇ، ئۆز سۆزىنىڭ ساداقىتىن ئايرىلغان ئوق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، خىيالىدىن يالتايغانىدى. شۇڭا، ھەسەن قىلىچخاننىڭ ئۆزىگە ئۈمىد، ئىلتىجا بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئۆزى ئويلىغان، ئارزۇ قىلغان، ئەمما ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتقان گەپنى ئاڭلاشنى كۈتۈپ، خۇددى ھېچنېمىنى بىلمىگەندەك تۇرۇۋالدى.

— قانداق قىلساق بولار، جانابلىرى؟ — سورىدى ئاخىر ھەسەن قىلىچخان تاقەت قىلالماي.

— نېمىنى؟... — ھۈسەيىن ياغانتېگىنمۇ تېزلا ئىنكاس قايتۇردى.

— ئەنە قارىسىلا، لەشكەرلەر ھېرىپ - ئېچىپ كەتكەننىڭ ئۈستىگە ئۇسسۇزلۇقتا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتىدۇ. مۇشۇ مېڭىشىمىزدا يەنە قانچىلىك يول ماڭىمىز، بۇنىسى قاراڭغۇ. ھېلىمۇ تۆت كۈندىن بېرى بۇ بۇددىست كاپىرلارنى قوغلاۋاتىمىز. ئەمما، ئۇلار گاھى كۆرۈنۈپ، گاھى كۆرۈنمەي، گاھى بىزگە ھۇجۇم قىلىپ، گاھى چېكىنىپ ئايىغى يوق چۆللۈكلەرگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇ پېتى مېڭىۋەرسەك ھالاكەتكە ئۇچرىشىمىز ئېنىق. شۇڭا، قوغلاشنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، سۇ ۋە ئوزۇق - تۈلۈكنىڭ ئامالىنى قىلمىساق تالاپەت ئېغىر بولۇپ كەتكۈدەك...

— ئويلىغانلىرى بويىچە بولسۇن، جانابلىرى، — دېدى ھۈسەيىن ياغانتېگىن ئىچىدە خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرماي، — سىلى قوشۇننىڭ بېشى. مەيلى قانداقلا پەرمان چۈشۈرسىلە، كەمىنىلىرى قوللايمەن...

ھەسەن قىلىچخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چىرايىغا يالت قىلىپ قاراپ قويدى، ئاندىن پەرمان كۈتۈپ تۇرغان مىڭبېشىغا قارىمايلا يارلىق چۈشۈردى:

— لەشكىرىي يۈرۈش توختىتىلسۇن، لەشكەرلەر ئارام ئالسۇن!...

شۇ گەپ بىلەن تەڭ ماغدۇرسىزلانغان، ئۇسساپ - چاڭقىغان لەشكەرلەر قىزىق قۇم ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاشتى...

ھەرھالدا كېچە تىنچ ئۆتتى. ئەمما، ياۋنىڭ ھۇجۇمى بولمىغىنى بىلەن ئۇسسۇزلۇق، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىش ۋە ھېرىپ - چارچاش سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. ئۇلارنىڭ جەسىتى شۇ كۈنى بامدات نامىزىدىلا چۈشۈرۈلدى.

نامازدىن كېيىن ھەسەن قىلىچخان ئەمدى قانداق قىلىش ھەققىدە يەنە خىيالغا پاتتى. ئۇ يېرىم كېچىدىن بېرى بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش ھەققىدە ئويلانغان بولسىمۇ، ئويلىرىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالمىغانىدى. شۇ تاپتىمۇ ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىزلانغانىدەك، بېشى ھازىرلا ئېتىلىپ كېتىدىغانىدەك لوقۇلداپ ئاغرىيتتى. ئۇ جانسىز بارماقلىرى بىلەن ئىككى چېكىسىنى بېسىپ قويدى. دەل شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىكى قۇم دۆۋىسىنىڭ باغرىدا غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرغان لەشكەرلەر تەرەپتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇ ھەيران بولغانىدەك ئۇلارغا قاراپ مېڭىۋىدى، بىر لەشكەر ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— مەلۇم بولغاي، جانابلىرى، ئاۋۇ تەرەپتىن ياۋ باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ!

ھەسەن دەرھال لەشكەر كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى. راستىلا يېقىنلا يەردە ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ تۇغى لەپىلدەپ بۇياققا يېقىنلاۋاتاتتى. قىلىچخان بىردىنلا بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى:

— تەييارلىنىڭلار، ياۋ باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ!

بىردىنلا جەڭ ناغرىسىنىڭ ئاۋازى ياڭرىدى. ئەمما، ناغرا ئاۋازلىرى بىر ياقتىن ئەمەس، ھەممە تەرەپتىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. ھەممە تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئاستا - ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلىمەكتە ئىدى. ھەسەن قىلىچخان ئالدىراپ قالدى. ئۇ ئۆزلىرىنىڭ قوللۇققا ئالداپ ئەكىرىش ھىيلىسىگە چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئەلەم بىلەن لېۋىنى چىشلىدى.

— قا... قانداق قىلىمىز، جانابلىرى؟ — ئۆڭسۇلى ئۆچكەن ھۇسەيىن ياغانتېگىن يەردىن ئۈنگەندەكلا ئۇنىڭ يېنىغا پەيدا بولدى، — قا... قارىسىلا، ھەممە تەرەپتە ياۋ لەشكەرلىرى... ئۇلار باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ!

— ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە ئۇلار بىلەن ئېلىشماقتىن باشقا ئامالىمىز يوق. ئېلىشساقمۇ ئۆلىمىز، ئېلىشمىساقمۇ ئۆلىمىز. ھازىر بىزنى كۈتۈۋاتقىنى ئۆلۈم. ئۆلسەكمۇ ياۋ لەشكەرلىرى

بىلەن ئېلىشىپ تۇرۇپ ئۆلەيلى. ئۇلاردىن بىرنى يەر چىشلەتسەكمۇ ھېساب...
ھەسەن قىلىچخان سۆزلەۋېتىپ قانلىرى قىزىغاندەك بولدى ـ دە، قىلىچىنى شارتتىدە قىنىدىن سۇغۇرۇپ، ھاۋادا پۇلاڭلاتتى:
— ئاتلىنىڭلار بۇغرا باھادىرلىرى! ئالدىمىزدىكى ياۋنى قىرىڭلار، ئەل ۋە خانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى!...
— ئامىن!... — كىمدۇر بىرسىنىڭ ھۆركىرىگەندەك بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. كۆز يەتكۈسىز قوشۇنلۇقتا ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتىدىغان سادا ياڭرىدى:
— ئامىن!... قالساق غازى، ئۆلسەك شېھىت!...
لەشكەرلەر كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغاندەك روھلاندى ـ دە، كۆچلۈك ھۇجۇم باشلىدى... بىپايان قۇملۇقنى ياراغلارنىڭ جاراڭ ـ جۇرۇڭلىرى بىر ئالدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ بىر ـ بىرىگە يول قويۇشماي ئېلىشماقتا ئىدى. ئەمەلىيەتتە، ياغلاقار قالۇ خان يېڭىسار جېڭىدە ئېغىر تالاپەت تارتقاندىن كېيىن، بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ ئۆزلىرىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى، ئۇلار جاھىللىق بىلەن ئۆزىنى ئۇرۇپ ئېلىشىۋىرسە، كۆپ تالاپەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى پەملەپ، مۇشۇ ھىيلىنى ئويلاپ تاپقانىدى. ئۇنىڭ ئاز بىر قىسىم لەشكەرلىرى جەڭدە يېڭىلگەن بولۇپ، قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاچقاندا، كەلكۈن تەسىرىدىن ياردان بولۇپ كەتكەن جىلغا ئىچىگە يوشۇرۇنۇۋالغان ئاساسىي قوشۇنىمۇ ئالدىرىماي تولۇق تەييارلىق بىلەن بۇغرا لەشكەرلىرىگە ئەگىشىپ كەلگەنىدى. ئىككى ئارىدا بۇغرا قوشۇنىدىن قېيىپ ماڭىدىغان ئارقىشلار تىنىمسىز ئالمىشىپ تۇرغاچقا، ياغلاقار قالۇ خان ئىمكانقەدەر ئۆز رەقىبلىرىنى كۆزلىگەن مەنزىلگە چوقۇم ئاپىرىش ئۈچۈن گاھ ھۇجۇم قىلىش، گاھ قېچىپ يوشۇرۇنۇش ھىيلىسىنى ئىشلەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ كۆزلىگەن مەقسىتىگە يەتكەن بولغاچقا، ھۇجۇمى خېلىلا

دەھشەتلىك ئىدى. كۆچلۈك كۆن نۇرىدا قىزىپ چىققىپ كەتكەن ناغرىلار گۈمبۈرلەپ تۇراتتى. لەشكەرلەر قىلىچنى رەقىبلىرىگە كۆچ بىلەن ئۇرغاندىمۇ، نەيزىلىرىنى غەزەپ بىلەن سانجىغاندىمۇ ھۇررا ــ سۈرەن سېلىشاتتى...

جەڭ بىر ئاش پىشىم ۋاقىتتىن كۆپرەك داۋاملاشتى ــ دە، ياغلاقار قالۇ خان لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنىشى بىلەن تامام بولدى. ھېلىلا جەڭ بولغان قۇملۇقتا ھەر ئىككىلا تەرەپنىڭ ئۆلگەن لەشكەرلىرى سايىنىڭ تېشىدەك يېتىشاتتى. يارىلانغانلارمۇ خېلى كۆپ بولۇپ، ئۆلارنىڭ ئېچىنىشلىق ندالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر چاغدا بىر بۇغرا لەشكىرى پۇتى سۇنۇپ كەتكەن بىر ياۋ لەشكىرىنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ قىلىچىنى ئېگىز كۆتۈردى. بۇنى كۆرگەن ھەسەن قىلىچخان جىددىي ھالدا ئۇنى توختاتتى:

ــ توختا! ئۇنى ئۆلتۈرمە! ئۇنى ماڭغۇسى كەلگەن تەرەپكە يولغا سېلىپ قوي. ئۇ بەربىر ئۆلىدۇ. سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلگىنىدىن ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگىنى ياخشى. باشقا يارەنلىرىڭگىمۇ يارلىقىمنى يەتكۈز. ئورنىدىن تۇرالايدىغانلا ياۋ لەشكىرى بولسا، ئۇلارغا چېقىلماي يولغا سېلىپ قويسۇن!

ھېلىقى لەشكەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىلىچىنى ئاستا چۈشۈردى ــ دە، ھەسەن قىلىچخاننى ئەمدىلەتىن كۆرۈۋاتقاندەك ئۇبدان بىر قاراپ تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن يارىدار ياۋ لەشكىرىدىن نېرى كەتتى. ھەسەن بۇغراخان ئۇنىڭغا قاراپ بىر نېمە دېمەكچى بولدى ــ يۇ، ئەمما ئۆزىدىن نەچچە قەدەم يىراقلىقتىكى بىر دۆڭنىڭ باغرىدا ئۆسكەن قۇمۇشلارنى كۆرۈپ، ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم قۇمۇش كۆرگەن كىشىدەك ھەيران بولۇپ قاراپ تۇرۇپ كەتتى ــ دە، بىردىنلا خۇددى كىچىك بالىدەك خۇشال بولۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

ــ تېز... تېز بۇ يەرگە كېلىڭلار!...

شۇ ئان بىرنەچچە لەشكەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەكچى بولغاندەك ئۇنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. ھەسەن بۇغراخان

ھېلىلا كۆزى چۈشكەن قومۇش تۈۋىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى:
— بۇ... بۇ يەرنى كولاڭلار!...
لەشكەرلەر ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى نېمە مەقسەتتە دەۋاتقانلىقىنى بىلمىسىمۇ، قومۇش تۈۋىدىكى قۇمساڭغۇ توپىنى قوللىرى بىلەن كولاشقا باشلىدى... ھەسەن قىلىچخان ئۇلارنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ كۆرسەتكەن جاينى كولىماق ئاسان ئەمەس ئىدى. لەشكەرلەر بىر چاڭگال قۇمنى ئالدىغا تارتسا، يەنە ئىككى جاڭگال قۇم سىيرىلىپ چۈشەتتى. شۇ سەۋەبلىك بەزى چېرىكلەرنىڭ تىرناقلىرى يېرىلىپ، قان تەپچىپ چىقىشقا باشلىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار نۆۋەتلىشىپ يەرنى كولاۋاتاتتى. ھۇسەيىن ياغانتېگىنمۇ بۇ يەرگە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇمۇ بىر خىل قىزىقىش ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. كولانغان يەر بارغانسېرى چوڭقۇرلاشقا، قۇرۇق قۇم تۈگەپ، ھۆل توپا چىقىشقا باشلىدى. لەشكەرلەر شۇنىڭدىلا ئۆز سانغۇنىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، تېخىمۇ كۈچىنىپ ئىشلەشكە تۇتۇندى. كولانغان يەر ئىككى ـ ئۈچ ئادەم بويى چوڭقۇرلۇققا يەتكەندە، ئورەك ئىچىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ توپا قازغاچ، قازغان لاي توپىنى يۇقىرىغا چىقىرىپ بېرىۋاتقان لەشكەرلەر بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى:
— سۇ... سۇ چىقتى!...
بۇ خەۋەر تېزلىكتە ئەتراپقا تارالدى. جەڭدىن كېيىنلا ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئۆزىنى قۇم ئۇستىگىلا تاشلاپ ياتقانلار ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇشۇپ بۇ يەرگە كېلىشتى. راست دېگەندەك، كولانغان ئورەك تۈۋىدىن بىر تېمىم ـ بىر تېمىمدىن سۇ سىرغىپ چىقىۋاتاتتى. كىمدۇر بىرسى بىلىگە قىستۇرۇۋالغان مۇشتۇمدەك كېلىدىغان قاپاقنى ئورەك ئىچىدىكى لەشكەرگە تەڭلىدى. ئۇ خېلى تەستە يىغىلغان سۇنى نوگايغا ئۇسۇپ لېۋىگە ئاپاردى ـ يۇ، ئەمما تېزلا تارتىۋېلىپ، ئۆزىگە كۆز ئۇزمەي قاراپ تۇرغان ھەسەن قىلىچخانغا تەڭلىدى. ھەسەن قىلىچخان نوگاينى تېزلا قولىغا ئېلىپ، سۇدىن بىر يۇتۇم

ئىچىپ، لېۋىنى نەملىگەندىن كېيىن، ھەممىسىنى بىراقلا ئىچمۇيتىپ لەۋلىرىنى قولى بىلەن ئىرتمۇەتتى ـ دە، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان لەشكەرلەرگە قاراپ ئېغىز ئاچتى:

— سۇ تاتلىق ئىكەن، قېنى ھەممىڭلار ئاتلىنىڭلار، ئەزىمەتلەر! قەيەردە قۇمۇش ئۆسكەن بولسا، شۇ يەرنى كولاڭلار!...

لەشكەرلەر چاڭ ئۆرلەتكەن ھالدا ئەتراپقا تارقىلىپ كېتىشتى ـ دە، ئۇن ـ ئون بەشتىن بولۇشۇپ قومۇش ئۈنگەنلا يەر بولسا كولاشقا باشلىدى.

— لەشكەرلىرىمىزنى ئەجەل ھالاكىتىدىن قۇتقۇزۇۋالدىلا، جانابلىرى، — دېدى ھۇسەيىن ياغانتېگىن ھاياجانلانغان ھالدا، — ئەمدى ھايات قالىدىغان بولدۇق!

— ياق، سۇ مەسلىسى ھەل بولسىمۇ ئوزۇق ـ تۈلۈكتىن قىينىلىۋاتىمىز، تەخسىر، — دېدى ھەسەن قىلىچخان ئويچان كۆزلىرىنى يىراققا تىكىپ.

— ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار. ئۇنىڭمۇ ئامالى بولۇپ قالار. قېنى ئېيتسىلىچۇ؟ بۇ ئەقىل كاللىلىرىغا قانداق بولۇپ كىرىپ قالدى؟

— توساتتىن كۆزۈمگە قومۇش كۆرۈندى. سۇ بولمىسا بۇنداق قۇملۇقتا قومۇش ياشىرىپ تۇرالمايدۇ، قومۇش ئۈنگەن جاينى كولىساق چوقۇم سۇ چىقىدۇ، دەپ ئويلىدىم.

— نېمىلا دېگەنبىلەن لەشكەرلەر تەشنالىقتىن قۇتۇلدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقى قانسا، تېنى ئاز ـ تولا مادارلىنار. ئەمما، بۇ يەردىن چىقىپ كېتىشنىڭ يولىنى قىلساق بولاتتى.

ھەسەن قىلىچخان ئۇنىڭغا قارىدى. دەل شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن بىرسىنىڭ خۇشاللىقتا ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سۇ.. سۇ چىقتى!...

ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشۇپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ مېڭىشتى. راست دېگەندەك، بۇ جايدا كولانغان ئورەكتىنمۇ سۇ سىرغىپ چىقماقتا ئىدى. ھەسەن قىلىچخان

ئورەككە ئاستا ـ ئاستا يىغىلىۋاتقان سۇغا قاراپ، يادىغا بىر ئىش كەلگەندەك سورىدى:

— بۇ يەرنىڭ ئىسمىنى نىمە دەيدۇ؟

لەشكەرلەر بىردىنلا جىم بولۇپ قالدى. شۇ ئەسنادا ھەممەيلەننىڭ ئارقىسىدا تۇرۇۋاتقان بىر لەشكەر ھېچكىمدىن جاۋاب چىقمىغاندىن كېيىن، ئېغىز ئاچتى:

— كىچىك ۋاقىتلىرىمدا مەرھۇم بوۋام بىلەن باينىڭ قويلىرىنى باققىلى چىققان چاغلىرىمدا مۇشۇ تەرەپنى كۆرسىتىشىپ، «ئاۋۇ تەرەپتە ‹دەشت ـ چۆل› دېگەن قۇملۇق بار. ئۇ يەرگە كىرگەن ئادەمنىڭ تىرىك چىققىنىنى كۆرگەن ئادەم يوق» دېگەن گەپنى دەپ بېرىدىغان، بەلكى «دەشت ـ چۆل» دېگەن مۇشۇ يەرلەرمىكىن...

— ياق، ئەمدى ئۇنداق دېمەيلى. بۇ يەرنىڭ ئىسمى «دەشت ـ كۆل» بولسۇن!...

— ئوبدان ئىسىم بولدى!...

— راست، «دەشت ـ كۆل» دېسەك بولىدىكەن...

ھەركىم ھەرنىمە دېيىشەتتى. شۇ چاغدا خېلى يىراقتىن يەنە لەشكەرلەرنىڭ خۇشاللىقتا ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى:

— سۇ چىقتى... سۇ!...

ئەتىسى چاشكا مەھەلدە ئۇدۇن لەشكەرلىرى يەنە ھۇجۇم قىلدى. ياغلاقار قالۇ خان بۇ قېتىم يەنە بىر رەت قەتئىي نىيەتكە كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇلار ئۇشتۇمتۇتلا ھۇجۇم قىلدى ـ دە، بۇغرا لەشكەرلىرى جەڭگە تەييارلىنىپ بولغۇچە، خېلى كۆپ قىرغىنچىلىق قىلدى. ھەسەن قىلىچخاننىڭ كۆزىگە قىزىللىق تىقىلغاندەك، ئەتراپىدىكى قوم دۆۋىسى ئەمەس، بەلكى جەسەت دۆۋىسىدەك، قوم ئۇستىدە لۆمۈلدەپ قان ئېقىۋاتقاندەك كۆرۈندى ـ دە، ئۆزىنى شىددەت بىلەن ياۋ قوشۇنلىرىغا ئۇرغاچ، ۋارقىرىدى:

— قىرىڭلار، ئەزىمەتلەر، قىرىڭلار! ھايات قالىمىز، ئاتا ـ ئانا، بالىچاقا، ئەھلىمەھەللىدىكىلىرىمىز بىلەن تىنچ ـ ئامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىدارلىشىمىز دېسەڭلار، ياۋغا بوش كەلمەڭلار!...

جەڭ خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى. ياۋ سەركەردىلىرى نوقتەرىش بىلەن چوقتەرىشمۇ ئۆز لەشكەرلىرىگە باشچىلىق قىلىپ باتۇرلۇق بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. ھەر ئىككىلا تەرەپ ئېغىر چىقىم تارتىپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا لەشكەرلىرىنى جەڭدىن قايتۇرۇشتى.

— بىزگە يەنە ئېلىشماقتىن باشقا ئامال يوق، — دېدى كەچلىك غىزاسىنى يەپ بولۇپ، ھاردۇقىنى چىقارماقچى بولغاندەك يۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ھەسەن قىلىچخان يېنىدا ئېغىر خىيالغا چۆمگەندەك يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ ئولتۇرغان ھۈسەيىن ياغانتېگىنگە قاراپ، — سۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلغىنىمىز بىلەن لەشكەرلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى تۈگىدى. بۇ باياۋاندا يەنە ئىككى كۈن تۇرىدىغان بولساق، لەشكەرلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئاچلىقتىن قىرىلىپ كېتىدۇ. بۇ جايدىن ئادەمزات بار مەھەللىلەرگە يېتىپ بېرىش ئۈمىدىمۇ قالمايدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە، بۈگۈن كېچە لەشكەرلەر ئارىسىدىكى لەشكىرىي ماھارىتى يۇقىرى لەشكەرلەردىن بەش مىڭ كىشىنى تاللاپ زەربە بەرگۈچى قىسىم تەشكىللەيلى. ئەتە ھۇجۇمنى ئاشۇلار بىلەن مەن باشلاپ، مۇھاسىرە چەمبىرىكىدىن يوچۇق ئاچاي، سىلى قالغان لەشكەرلەر بىلەن يوچۇق ئېچىلغان ئاشۇ جايدىن كەلگەن يولىمىز بىلەن يېڭىسارغا قايتسىلا. ئەگەر بىزمۇ تىنچ - ئامان قورشاۋنى بۇزۇپ چىقالىساق، يەنە دىدارلىششقا پۇرسەت بولۇپ قالار...

ھۈسەيىن ياغانتېگىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا يۈرىكى ئۆرۈلگەندەك بولدى - دە، تېزلا ھەسەن قىلىچخانغا قارىدى. ئەمما، ئۇ يەرگە قارىۋالغان بولغاچقا، چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدى.

— بۇنىڭدىن باشقا ئامال يوقمىدۇ، جانابلىرى؟ — سورىدى ئاخىر پەس، ئەمما ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك تىترەڭگۈ ئاۋازدا

ھۈسەيىن ياغانتېگىن.

— كۆپ ئويلاندىم، مۇشۇنداق قىلمىساق قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىپ كېتەلمىگۈدەكمىز. ھەممىمىز ئۆلۈمىمىزنى كۆتكەندىن كۆرە، ئازراق قۇربانلىق بەرسەكمۇ، قوشۇننى ھالاكەتكە ئۇچراتمايلى. ئەنە قارىسىلا، ئەتراپىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە گۈلخان يېقىلغان، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياۋنىڭ قارارگاھلىرى... — ھەسەن قىلىچخان يىراقلاردا سۇس پىلدىرلاپ تۇرغان تەڭگىچىلىك يورۇقلۇقنى قولى بىلەن ئىشارە قىلدى، — بۇ يەردىن مەيلى قانچىلىك لەشكەر قۇتۇلۇپ چىقالىسا شۇنچىلىكى چىقىپ كەتسۇن. كېيىنچە ئۇلار شېھىت بولغانلارنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ!

ھۈسەيىن ياغانتېگىن جىمىپ قالدى. ئۇ بىراۋغا ئىنىق دېمىگىنى بىلەن تۇنۇگۈندىن بېرى ئۆزىنى ئەيىبلەپ كېلىۋاتاتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ بىر ئېغىز يارلىقى بىلەن مۇشۇ ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن دەشت ـ چۆلدە نۇرغۇن لەشكەرلەر بىئەجەل ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ. ھەسەن قىلىچخانغا دەسلەپ بەرگەن ۋەدىسىنى بىر چەتتە قايرىپ قويۇپ، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى قوغلاشقا يارلىق بەرگەنلىكىگە قاتتىق ئازابلىناتتى، گەجگىسىدىن ئېغىر تۈگمەن تېشى بېسىپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. بۇ ئىش سەۋەبلىك ھەسەن قىلىچخاندىن نەچچە قېتىملاپ سەمىمىيلىك بىلەن كەچۈرۈم سورىغۇسى كەلدى ـ يۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېنىغا بارغاندا نېمىشقىكىن ئېغىز ئېچىش بىئەپ تۇيۇلۇپ، كۆڭۈل دەپتىرىدىكى يۇرەك سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋېتەتتى. مانا ئەمدى ھەسەن قىلىچخان بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، ھەممە گۇناھ ئۆزىدىن ئۆتكەندەك گەپ قىلىۋاتىدۇ؟.. ئۇ زادى نېمە دېمەكچىدۇ؟! مەقسىتى نېمىكىن؟!...

— سىلىچە شۇنداق قىلساق بولارمۇ، جانابلىرى؟ — ھەسەن قىلىچخاننىڭ سوئالى ئۇنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈۋەتتى.

— ياق، تاللانغان لەشكەرلەر بىلەن ياۋنى مەن مەلىكە قىلىپ تۇراي. سىلى قوشۇننى باشلاپ، قورشاۋنى بۇزۇپ چىقىپ كەتسىلە، — دېدى ھۈسەيىن ياغانتېگىن تۇيۇقسىزلا.

— ئۆزلىرىنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا، جانابلىرى، ئۆز سۆزلىرى بويىچە ئېيتقاندا، ھازىر قوشۇنغا مەن باشچىلىق قىلىۋاتىمەن. شۇڭا، سىلى مېنىڭ دېگىنىمگە كۆنسىلە. بولمىسا پۈتۈن قوشۇننى تالاپەتكە ئۇچرىتىپ قويىمىز!

ھۈسەيىن ياغانتېگىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۇلۇغ - كىچىك نەپەس ئالدى - دە، بېشىنى لىڭشىتتى:

— مەيلى، دېگەنلىرىچە بولسۇن، ئەتە سىلىنىڭ پىلانلىرى بويىچە ئۇرۇنۇپ كۆرەيلى...

ھەسەن قىلىچخان يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىدى. ئۇ كىچىكىدە ئاۋۋال مەھەللىدىكى مەدرىسەدە، كېيىن ئوردۇكەنتتىكى خانلىق مەدرىسەدە ئاز - تولا ئىلىم تەھسىل قىلغانىدى. ئاشۇ چاغلاردا ئۇستازلىرىدىن ھەربىر يۇلتۇزنىڭ مۇقىم ئورنى بولىدىغانلىقىنى، ئەمما ئۇلارنىڭمۇ باشقا سەييارىلەرگە ئوخشاش قۇياشنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدىغانلىقىنى، يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىنى بىلىۋالسىلا، ئالىمادىس سەپەر ئۇستىدە ئېزىپ قالىدىغان ئىشلار كۆرۈلسىمۇ، ئۆز مەنزىلىگە بىمالال يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ چاغدا بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا تولىمۇ يوچۇن بىلىنگەن بولغاچقا، تازا قۇلاق سالمىغانىدى. ئەگەر ئۆز مەھەللىسىنىڭ ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىنى بىلىۋالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتىكىن! ئەپسۇس... ئۇنىڭ خىيالىغا بىردىنلا ياشىنىپ قالغان ئانىسى، سېمىز، ئاق سېرىق كەلگەن، ھەر كۈلگىنىدە مەڭزىدە ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كەلگۈدەك زىنىخ پەيدا بولىدىغان ئايالى، تاتلىق، چۈرۈك گەپلىرى بىلەن يۈرەكلەرنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىككى ئوغلى كەلدى. شۇ ئان ھەسەن قىلىچخاننىڭ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولۇپ، كۆزلىرىگە

لىققىدە ياش كەلدى. شۇنداقتىمۇ، ھۇسەيىن ياغانتېگىننىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بىقۇۋۇللۇقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن كۆزلىرىنى يوشۇردى - دە، ئۆزىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئەتراپىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان نۆكەرگە يارلىق چۈشۈردى:

— تېزدىن بېرىپ قوشۇن باشلىرىنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كەل، كېڭەش قىلىدىغان جىددىي ئىش بار!

— ئىلەل، جانابلىرى...

ئەتىسى ھەسەن قىلىچخان مۇۋاپىق دەپ قارىغان ۋاقىتتا ھۇجۇم باشلاندى. ئۇلار تېزلىك بىلەن ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە يېقىنلاشتى - دە، بىپايان دالانى تىترەتكۇدەك سۈر - ھەيۋە بىلەن ئۆزىنى ئۇردى. ياغلاقار قالۇ خانمۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەندەك تېزلىكتە جەڭگە ئاتلاندى. ئۇمۇ بۈگۈن رەسمىي ھالدا لەشكەرچە كىيىنىۋالغان بولۇپ، دۇبۇلغا - ساۋۇتلىرى سەھەر قۇياشىنىڭ ئۆتكۈر نۇرىدا كۆزنى چاقاتتى. ياغلاقار قالۇ خان ئۇدۇن دىيارىدىكى ئەڭ ئۇستا تۆمۈرچىگە ئاتايىن بۇيرۇتۇپ سوقتۇرغان قىلىچىنى ئويناتقىنىچە جەڭ قىلماقتا ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ لەشكىرىي ماھارىتى تازا دېگەندەك يۇقىرى بولمىسىمۇ، نوقتەرىشىنىڭ توسۇشلىرىغا قارىماي ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈنلا جەڭگە چۈشۈۋالغانىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۇرتۇغلار جەڭ قىلغاچ، خاننى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىۋاتاتتى.

ھەسەن قىلىچخان ئاخشامقى مەسلىھەتتە كېلىشىۋالغىنى بويىچە ياۋغا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، ھۇسەيىن ياغانتېگىننىڭ مۇھاسىرىدىن ئوڭۇشلۇق چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە

قاراتماقتا ئىدى. بۇ قېتىمقى جەڭگە ئالاھىدە تاللانغان سەركەردە ـ سەرۋازلارمۇ جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويغاندەك پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇلار ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ياۋنى خېلى ساراسىمىگە سالغان بولسىمۇ، نوقتەرىش، چوقتەرىشلەر ئۆزلىرىنى تېزلا ئوڭشاپ ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۇردى. ھەسەن قىلىچخان قانداقلا قىلىپ بولسۇن، بۇگۈنكى جەڭ ئارقىلىق ھۇسەيىن ياغانتېگىن ۋە لەشكەرلەرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىغاچقا، يەنە بىر دەمدىلا قايتۇرما ھۇجۇم تەشكىللىدى ـ دە، خۇددى يولۋاستەك ھۆركىرىگىنىچە ئالدىغا كەلگەنلىكى ياۋغا قىلىچ ئۇرۇشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئوڭ يېنى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن يا ئوقى گۆرەن تومۇرىغا قادالدى. ئاچچىق ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالمىغان ھەسەن قىلىچخان كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا يا ئوقىنى يۇلۇپ ئېلىۋەتتى ـ دە، سول قولى بىلەن گۆرەن تومۇرلىرىنى چىڭ بېسىپ تۇرۇپ، ئۆزىگە يېقىنلاپ قالغان بىر لەشكەرنىڭ كاللىسىغا قىلىچ ئۇردى. شۇ ھامان يان تەرەپتىن قىستاپ كەلگەن يەنە بىر ئۇدۇن لەشكىرى ئۇنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى. ھەسەن قىلىچخاننىڭ بوينىدىن قان چاچراپ چىقىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ تېنى ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشتى.

— ئاھ، قىلىچخان!... قىلىچخان ھەزرەتلىرى شېھىت بولدى!... — كىمدۇر بىرسى ئەنسىز ۋارقىرىۋەتتى. بۇ خەۋەر تېزلىكتە بۇغرا لەشكەرلىرى ئىچىدە قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يەتتى. ھۇسەيىن ياغانتېگىن ئۆزى بىلەن خېلى ۋاقىتتىن بۇيان ئەسىرا بولۇشۇپ كەلگەن، مىجەز ـ خۇلقىنى ئوبدانلا بىلىپ قالغان، كىچىك پېئىل، ھەممە ئادەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغان بۇرادىرىنىڭ باقىيغا رىھلەت قىلغانلىقىغا ئىشەنمىگەندەك،

ئۆزىدىن ئايرىلماي، ياۋ بىلەن ئېلىشىۋاتقان نۆكىرىدىن سورىدى:

— نېمە... نېمە بوپتۇ؟...

— ھەسەن قىلىچخان شېھىت بوپتۇ، ئالىيلىرى!... — دېدى نۆكەر يىغلامسىرىغاندەك ئاۋازدا.

ھۈسەيىن ياغانتېگىن «ئاھ!» دېدى ۋە ئاتتىن مۇدۈرۈپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. بۇ ۋاقىتتا ياۋ لەشكەرلىرى روھلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھە دەپ بۇغرا لەشكەرلىرىنى سۈر - توقاي قىلماقتا ئىدى. ھۈسەيىن ياغانتېگىن دەقىقە مەڭدەپ قالدى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى ئۈنۈملۈك توسۇلمىسا، پۈتۈن قوشۇن مۇشۇ دەشت - چۆلدە ھالاك بولۇشى ئېنىق. ھايات - ماماتلىق تىركىشىش قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدەكلا كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغانىدى. «ياق، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈش كېرەك. بولمىسا توغانخان ئەۋۋەلگە بەرگەن ۋەدەمنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغان بولىمەن...» ھۈسەيىن ياغانتېگىن شۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قولىدىكى قىلىچنى زەرب بىلەن شىلتىدى:

— ئامىن!... ئامىن!... بۇددىست كاپىرلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلايلى!... ئامىن!...

ھۈسەيىن ياغانتېگىننىڭ بوغۇق، ھۆركىرەك ئاۋازىنى لەشكەرلەرنىڭ ھۇررا - سۈرەنلىرى بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يۈرتۇغلار ئېنىق ئاڭلىيالىغان بولغاچقا، ياغانتېگىن بىلەن بىرلىكتە ياۋ لەشكەرلىرىگە قايتىدىن يوپۇرۇلدى. ھۈسەيىن ياغانتېگىن ئەمدى چېكىنىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئاچچىقتىن كۆزلىرى جامدەك ئېچىلغان، ئاق سېرىق چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۆز باشچىسىنىڭ شىردەك ھۆركىرەپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى ياۋ

لەشكىرىگە قىلىچ ئۇرۇشى بۇغرا لەشكەرلىرىنىمۇ روھلاندۇردى. بۇغرا قوشۇنى ئۇزمەستىن ھۇررا توۋلاپ، ساداقتىن ئايرىلغان ئوقتەك تاشلىنىپ، كەسكىن ئېلىشىشى نەتىجىسىدە ئۇدۇن لەشكەرلىرى يەنە ئاستا ـ ئاستا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن يىراقتىن تەڭلا ئېتىلغان ئۈچ تال يا ئوقى ھۇسەيىن ياغانتېگىننىڭ مۇرە، بويۇن ۋە بىقىن قىسمىغا تەڭلا سانجىلدى. ئۇ ئەلەملىك بىر تولغىنىپلا ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. بۇنى كۆرگەن يۇرتۇغلار يا ئۇنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىشنى، يا ياۋ لەشكەرلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋېرىشنى بىلەلمەي قالدى. شۇ ئارىدا نوقتەرىش ھەمراھلىرى بىلەن يۇرتۇغلارنى قىستاپ كەلدى ـ دە، ئۇلارنى بىردەمدىلا تىرىپىرەن قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپلا ھۇسەيىن ياغانتېگىننىڭ بېشىنى تېنىدىن ئۈزدى، ئاندىن يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان ئۆز لەشكىرىنىڭ دەل يۈرىكىگە سانجىلغان نەيزىنى سۇغۇرۇۋېلىپ باشنى ئۇچىغا ئىلدى ـ دە، چاققانلىق بىلەن ئېتىغا مىنىپ، سول قولىدا نەيزىلەنگەن باشنى ئېگىز كۆتۈرگەن ھالدا يەنە بىر قولىدا مىسران قىلىچىنى ئوينىتىپ ئالدىغا كەلگەنلىكى بۇغرا لەشكىرىگە تىغ ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ ئۇدۇن قوشۇنلىرى ھۇجۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى. ئىككىلا باشچىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇغرا قوشۇنلىرى سەركىسىدىن ئايرىلغان پادا توپىدەك پىتىراپ كەتكەن بولۇپ، ھەممەيلەن ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش كويىدا ھە دەپ چېكىنمەكتە ئىدى. ئەمما، ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئۇلارنى قوغلاپ يېتىشكەن يېرىدە قىرغىن قىلىۋاتاتتى. بەدەنلىرىگە قان چاچراپ قورقۇنچلۇق بولۇپ كەتكەن ياغلاقار قالۇ خان ئەسەبىيلەشكەندەك ۋارقىراۋاتاتتى:

— قىرىڭلار!.. بۇ ئاسىيلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاڭلار!

## 22

ئارقىشلار ئارقىلىق ياغلاقار قالۇ خاننىڭ قىلىچخان ۋە ھۆسەيىن ياغانتېگىنلەرنى شېھىت قىلىپ كاشغەرنى قارام قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان يۈسۈپ قادىرخان ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. كۆز ئالدىغا ئەزىزانە كاشغەرنىڭ ئۇدۇن بۇددىستلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا پايخان بولغان ھالىتى كەلدى ۋە كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. شۇڭا، ئۇ تېزلىك بىلەن چېدىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ ئېتىغا مىندى ــ دە، ئۇدۇل توغانخان ئەۋۋەلنىڭ ھۇزۇرىغا قاراپ ئاتلاندى. ئۇ راباتلاردا ئات ئالماشتۇرۇپ، تۇزۇك ئارامىۇ ئالماستىن ئوردىغا كەلگەندە، ئەھمەد توغانخان قاپىقىنى سىلىپ ئولتۇرغانىدى.

ــ كاشغەر قولدىن كېتىپتۇ، ئالىيلىرى، مەن بۇياققا ماڭغاندا ئۇ يەردە قالدۇرۇپ قويغان ھەسەن قىلىچخان ئەۋەتكەن ئارقىشنىڭ ئېيتقىنىغا قارىغاندا، ئۇ يەرنىڭ ئەھۋالى چاتاق ئىكەن. ئەل ــ ئاۋامنىڭ قاچالايدىغانلىرى قېچىپ جېنىنى دالدىغا ئاپتۇ. قاچالمىغانلىرىنى ياغلاقار قالۇ خان بۇددا دىنىغا بەيئەت قىلىشقا زورلاپ قىرغىنچىلىق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ يەردىكى تارىغچىلار ئۆزلىرىنىڭ تېزرەك كاشغەرگە لەشكەر تارتىپ، ئۇلارنى زۇلۇم ــ ستەمدىن قۇتۇلدۇرۇشلىرىغا ئىنتىزار ئىكەن. شۇڭا، پېقىرغا يارلىق بەرگەيلا، ئالىيلىرى، مەن ئۇ بۇددىست كاپىرلارغا قارشى لەشكەر تارتىپ، قولىمىزدىن كەتكەن بارلىق زېمىنىمىزنى قايتۇرۇۋالغايمەن!

ئەھمەد توغانخان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۇشتۇمتۇتلا كېلىپ ئۆزىگە تەكەللۇپسىزلا سۆزلەپ كەتكەنلىكىگە ئاچچىقى كەلگەندەك قاپاقلىرىنى تۈردى ــ يۇ، ئەمما ئىنكاس بىلدۈرۈشكە ئالدىرىمىدى. ئەھمەد توغانخانغا يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۆزىدىن

مەيلى دىنىي ئىلىمدە، مەيلى لەشكىرىي ئىلىمدە ئۇستۇن ئىكەنلىكى سىر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوردىدا يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئىناۋىتى، نوپۇزى ئەھمەد توغانخاندىن ئۇستۇن تۇراتتى. شۇڭا، ئۇ يۇسۇپ قادىرخان باش كۆتۈرۈپلا قالسا تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىنى، هارۇن بۇغراخان دەۋرىدە مەيلى ئوردىدا بولسۇن، مەيلى ئوردا سىرتىدا بولسۇن، ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولغانلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ يۇسۇپ قادىرخانغا مايىل ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئەنە شۇ ئەندىشە بىلەن خانلىق تاجىنى بېشىغا كىيگەن كۈندىن باشلاپ، ئىلاج قىلىپ يۇسۇپ قادىرخاننى كۆزدىن يوقىتىش ھەققىدە كۆپ ئويلانغان، ئۇنى تەختكە يۆلەپ چىقارغان تايانغۇ كېڭەشچىلىرىنىمۇ بۇ ھەقتە ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇپ ئۇلگۇرگەنىدى. شۇ چاغدا ئەقىلدارلار يۇسۇپ قادىرخاننى ئوردىغا چاقىرتىپ، يېرىم يولغا كەلگەندە ئىشەنچلىك جانبازلاردىن تەشكىللەنگەن بىرەر مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قورشاپ ئۆلتۈرۈۋېتىش ياكى بولمىسا ئۇنىڭ يېنىدىكى ئىشەنچلىك نۆكەرلىرىنى پۇل، مال - دۇنيا، يەر - زېمىن بېرىپ سېتىۋېلىپ، غىزاسىغا ئوغا سېلىۋېتىپ بارلىق غەم - غۇسسىلەردىن بىراقىلا قۇتۇلۇش ھەققىدە مەسلىھەت بەرگەن بولسىمۇ، نېمىشقىكىن ئەھمەد توغانخان بۇ مەسلىھەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىغا قوشۇلمىغانىدى. بۇ ھەقتە ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا ئويلىغىنى بار ئىدى. يەنى، سامانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەر بىرلىشىپ قىلىچ - نەيزىلىرىنى ئۆزلىرى تەرەپكە شىلتىۋاتقان، كەينى تەرەپتىن ئۇدۇن خانى كاشغەردىن ئىبارەت ئارقا ھويلىغا ئوت قويۇۋەتكەن ھازىرقىدەك ئەھۋالدا خانلىق ئۇچۇن يۇسۇپ قادىرخاندەك جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ جەڭ قىلىدىغان سانغۇن بولمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلار نېمىلا دېگەن بىلەن ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادلىرى، قان قېرىنداشلار تۇرۇپ بىر - بىرىگە ئورا كولاپ،

تىغ كۆتۈرۈشۈپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟ يەنە بىر جەھەتتىن، كېيىنچە تەقدىر ـ قىسمەت ئەھمەد توغانخان ئەۋۋەلگە تەتۈر باققاندا ياكى ئۇنىڭدىن ئوردا ئەركانلىرىنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچمەي قالغاندا بۇ ئىشلار خەلقىئالەمگە ئاشكارا بولمايدۇ دېگىلى بولاتتىمۇ؟... مانا مۇشۇنداق تەگسىز خىياللار توغانخان ئەۋۋەلنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر زىخمۇ كۆيمەيدىغان، كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان ئۇسۇلنى تاپقانىدى: تەختكە ئولتۇرۇپلا، يۈسۈپ قادىرخانغا مەرھۇم خان ھارۇن بۇغراخان ئاتا قىلغان ئارسلانخانلىق مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلىپ، كاشغەرنىڭ ئىلىكخانى دەپ جاكارلاپ، ھازىرقى ۋەزىيەتنى «كۆزدە تۇتقان» ئاساستا پەرغانىدىن شاشقا يۆتكىگەنىدى. خاننىڭ شۇ چاغدىكى ئويى بويىچە بولغاندا، يۈسۈپ قادىرخان كاشغەرنىڭ ئىلىكخانى بولسىمۇ، ئۇنى سامانىيلار بىلەن غەزنەۋىيلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ھارۇن بۇغراخان ئۆزى يارلىق چۈشۈرۈپ بۇ يەرگە ئەكەلگەن. گەرچە ھارۇن بۇغراخان قازا قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇرۇش تېخى تۈگىگىنى يوق. بۇنداق شارائىتتا ئۇ كاشغەرگە كەتسە بولمايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ كاشغەرنىڭ قانۇنلۇق ئىگىسى بولسىمۇ، ئەمما قاراخانىيلارنىڭ خانلىق قائىدىسىدە ئىلىكخانلار چوقۇم خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان بۇغراخانلارنىڭ يارلىقىنى كەم ـ كوتىسىز ئىجرا قىلىشى بەلگىلەنگەن. دېمەك، يۈسۈپ قادىرخان چوقۇم توغانخان ئەۋۋەلنىڭ پەرمانىنى بەجانىدىللىق بىلەن ئورۇنلىشى كېرەككى، بويۇن تولغاشقا ھەددى ئەمەس. ئۇ بۇ يەردە ـــ ئۆزىنىڭ كۆز ئالدىدىكى زېمىندا تۇرسا، يولۋاسنى قەپەسكە سولىغاندەك پۇت ـ قولىنى چۈشەپ، خالىغانچە ھەرىكەت قىلىشىنى توسۇپ، مۇستەقىل بولۇۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭسىزمۇ يۈسۈپ قادىرخان ھېچ بولمىسا ئەينى ۋاقىتتا ھارۇن بۇغراخاننىڭ سامانىيلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئوردۇكەنتنى بۇ يەرگە يۆتكەپ، سەمەرقەندنى قاراخانىيلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاستانىسى قىلغانلىقىنى، مەرھۇم خان قازا قىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىنىڭ تېخى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىنى، ھازىر سامانىيلارنىڭ غەزنەۋىيلەر بىلەن بىرلىشىپ ھە دەپ خىرىس قىلىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ بولسىمۇ باشقا خىيالدا بولمايدۇ. ئەمما، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى يۈسۈپ قادىرخان ئەمەس، ئەھمەد بىلەن ئەلتېگىن. ئۇلارنى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قورسىقىنى ئەسمەيدۇ، بۇغراخانلىق تەختىنى تارتىۋېلىشقا كۆشكۆرتمەيدۇ، دەپ ھۆددە قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئەھمەدكە تۆكسىن مەرتىۋىسى ئىنئام قىلىنىپ، پەرغانىنىڭ ھاكىمبەگلىكى بېرىلسە جىمىپ قېلىشى مۇمكىن. ئەلتېگىن تېخى كاشغەردە، سەمەرقەندكە ھايات قايتىپ كېلەلەمدۇق، يوق، بىلگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ھازىرچە ئۇ ئىككىسى ئايرىۋېتىلسە، كەنجىسىنىڭ ئىشىنى كېيىن ئويلاشسىمۇ بولىدۇ.

ئەھمەد توغانخاننىڭ ئويلىرى شۇنداق بولۇپ، ئۇ شۇ خىيالى بويىچە ئىش كۆردى. دېگەندەك ئۇنىڭ بۇ ئۇسۇلى ئوبدانلا ئۈنۈم بەردى. يۈسۈپ قادىرخان يارلىقنى ئېلىپ پەرغانىدىن شاشقا كەتتى. ئەھمەد بولسا دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يۈسۈپ قادىرخاندىن ئايرىلدى. كېيىن ئەلتېگىن قايتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا بەلختىكى قوشۇنىنىڭ مىڭبېشىلىقىنى بېرىپ شۇ يەرگە يولغا سالدى. ئىشلار خۇددى ئەھمەد توغانخان ئويلىغاندەك تولىمۇ راۋان يۈرۈشۈپ كەتتى. كۆڭۈللەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ مېڭىۋەردى. ئۇ ئۆزىمۇ خانلىق سەلتەنەتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈپ يۈرىۋەردى. دەل ئاشۇ كۈنلەردە سامانىيلارنىڭ ئۆزىگە قارشى ھەرىكەت قوللىنىش ئۈچۈن تېپىرلاپ قالغانلىقىنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاپلا، ئۆز ئىنىسى ناسىر ئىلىكخاننى سامانىيلارغا قارشى قوشۇننىڭ قوماندانى، يۈسۈپ قادىرخاننى ياردەمچىسى قىلىپ بۇخاراغا يولغا سالدى. يۈسۈپ قادىرخان بۇ قېتىم خېلى باتۇرلۇق كۆرسىتىپ، سامانىيلار ئىگىدارچىلىق قىلىۋاتقان بارلىق

زېمىنلارنى قاراخانىيلارغا قارام قىلدى. بۇنىڭ بىلەن توغانخان ئەۋۋەلگە سامانىيلار تەرەپتىن كېلىدىغان خەتەر تۇگەپ، كۆڭلى ئەمىن تېپىۋاتقان كۈنلەردە، مەنسۇرشاھ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى زىنداندىن ئايالچە ياسىنىپ قېچىپ چىقىپ كەتتى ـ دە، ناھايىتى تېزلا خېلى كۆپ ئەگەشكۈچىلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ، ئۆزىگە تەۋە زېمىنلارغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ زادىلا ئاراملىق بەرمىدى. ئابدۇلمەلىك ئۆزىنى مۇنتەسسىر① دەپ ئاتاپ، بۇخارانى قايتۇرۇۋېلىش قەستىدە يۈرۈۋاتىدۇ. مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇدۇن خانىمۇ قىرىشقاندەك كاشغەرگە لەشكەر تارتىپ، ئۇ تەرەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىگە قارام قىلدى. ئەمدى زادى قانداق قىلىش كېرەككىن؟ ئۇدۇن خانىغا قارشى لەشكەر تارتسا، سامانىيلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇخاراغا ھۇجۇم قىلىدۇ. يەنە تېخى سەمەرقەندمۇ تەھدىتكە ئۇچرايدۇ. ئەگەر لەشكەر تارتمىسا، ئۇدۇن خانى ئۇ يەردە بىلگىنىنى قىلىپ، بىگۇناھ تارىخچىلارنى قىرغىن قىلىدۇ. ئەل ـ رەئىيەتنى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇ چاغدا قاراخانىيلارنى گۈللەندۈرگەن ساتۇق بۇغراخاننىڭ بارلىق ئەجىرلىرى، ئاقتۇرغان قانلىرى بىكارغا كەتكەن بولىدۇ. ئەگەر مۇنۇ ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان، ئۆز ئېغىزى بىلەن كاشغەرنى قايتۇرۇۋېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىۋاتقان، ئاشۇ جايىنىڭ قانۇنلۇق ھۆكۈمدارى بولغان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرسىچۇ؟!... ياق، ئۇنداق قىلىش ئەخمەقلىق. يۈسۈپ قادىرخاننى كاشغەرگە يولغا سېلىش يولۋاسنى تاغقا قويۇپ بەرگەن بىلەن باراۋەر. ئۇ مۇشۇ جايدا مەنسۇر شاھ بىلەن خىرىس قىلىشىپ تۇرۇشى، كۆز ئالدىدىن يىراق كەتمەسلىكى لازىم. شۇندىلا خان ئۇنى تىزگىنلەپ، كۆڭلىنى ئەمىن تاپتۇرالايدۇ...

يۈسۈپ قادىرخان توغانخان ئەۋۋەلىنىڭ خاس خانىسىدىكى

① مۇنتەسسىر ـــ دائىم غەلىبە قىلغۇچى.

ئېغىر سوكۇناتقا بەرداشلىق بېرەلمىدى. خان ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ زادى نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ يەنە ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر بولدى:

— ئەھۋال راستىلا خەتەرلىك، ئالىيلىرى، پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتسەك كېيىن ئۇدۇن خانىنى كاشغەردىن چېكىندۈرمەك، ئۇ زېمىنلارنى قايتا قولىمىزغا ئالماق بەسى مۇشكۇل بولۇر. شۇڭا، تېزرەك بىر قارارغا كېلىپ، پېقىرنىڭ ئىلتىجاسىنى ئويلىنىپ كۆرگەيلا. ئۇدۇن خانىنىڭ بۇ ئىشقا ئەمدى سۈكۈت قىلىشقا بولمايدۇ. تېزدىن ياخشىراق تەدبىر كۆرمەك كېرەكتۇر!

ئەھمەد توغانخان يەنە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇرسۇۋەرسە ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، سورىدى:

— سىلى دېگەن تەدبىر ئۆزلىرىنىڭ كاشغەرگە بېرىشى، شۇنداقمۇ؟

يۈسۈپ قادىرخان توغانخان ئەۋۋەلىنىڭ بۇ سوئالىنى نېمە سەۋەبتىن سورىغانلىقىنى بىلەلمەي سەل مەڭدەپ قالغان بولسىمۇ، ئويلانمايلا جاۋاب بەردى:

— بۇنى شۇنداقراق چۈشەنسىلىمۇ بولىدۇ، ئالىيلىرى.

— خوش، كاشغەرنى قايتۇرۇۋېلىش سىلى دېگەندەك مۇھىم ئىش، ئارسلانخان، ئەمما بۇخارانى ساقلاپ قېلىش تېخىمۇ مۇھىم. ئۆزلىرىگە سىر ئەمەسكى، مەرھۇم پەدەرى بۇزرۇكۋارىمىز ھارۇن بۇغراخان دەل ئاشۇ بۇخارانى قارام قىلىش، سامانىيلارنى ئۇزۇل - كېسىل يوقىتىش، مەنسۇرشاھنى ھالاك قىلىش ئۈچۈن ئوردىنى بۇ دىيارغا يۆتكىگەن. ناھايەت، بۇگۇنگە كەلگەندە ئۇ پەدەرى بۇزرۇكۋارنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئارزۇسىنى ئۆزلىرى روياپقا چىقاردىلا، ھالبۇكى مەنسۇر شاھنىڭ ئوغلى ئابدۇلمەلىك ئۆزىنى مۇنتەسىر دەپ ئاتاپ، ھە دەپ پاراكەندىچىلىك سالماقتا. شۇڭا، بۇخارانىڭ، سەمەرقەندىنىڭ،

جۇملىدىن خانلىقىمىزنىڭ ماۋەرائۇننەھىر رايونىدىكى جىمى زېمىنلىرىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ بولسىمۇ بۇ خىياللىرىدىن يانغايلا!

— ئۇنداقتا كاشغەر بىلەن كارىمىز بولمامدۇ، ئالىيلىرى؟

— ياق، مېنىڭ سۆزلىرىمدىن ئۇنداق مەنە چىقمايدۇ. سىلى بۇ يەردە بولمىسىلا بولمايدۇ. ئەمما، كاشغەرگە باشقا ئادەم لەشكەر تارتىپ، جازا يۈرۈشى قىلسا بولىۋېرىدۇ.

يۈسۈپ قادىرخان خانىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى، شۇڭا جىمىپ قالدى. خانمۇ ئۇنىڭ مەڭدەپ قالغانلىقىنى سېزىپ، تېزلا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىلىمەن، ئارسلانخان، سىلى كاشغەرنىڭ ئىلىكخانى، ھۆكۈمدارى. شۇنداق ئىكەن، يۇرتنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراشلىرى بەرھەق. ئەمما، سىلى كۆز ئالدىمىزدىكى ۋەزىيەتنى، رەقىبلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ خىياللىرىدىن يانغايلا. مەن چوقۇم سىلىنىڭ ئارزۇلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەڭ قابىل سەركەردىنى ئۇدۇن لەشكەرلىرىدىن ئۈستۈن لەشكىرىي كۈچ بىلەن جازا يۈرۈشىگە ئەۋەتىمەن. باياتىن كىمنى دېۋىدىلە؟... ھە، ئېسىمگە كەلدى. ھەسەن قىلىچخان... بۇ تەرەپتىن ئۆزلىرىگە ۋاكالىتەن بارغان ئادەم ئاشۇ كىشى بىلەن بىرلىكتە بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈز ئۈستىگە ئالسۇن!...

يۈسۈپ قادىرخان جىم بولۇپ قالدى. توغانخان ئەۋۋەل شۇنداق دەپ تۇرسا، ئۇ يەنە نېمە دېيەلىسۇن؟

— سىلىچە شۇنداق قىلساق بولامدۇ، ئارسلانخان؟

يۈسۈپ قادىرخان خۇددى يەر ئاستىدىن ئاڭلىنىۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى:

— مەيلى، خان ئالىيلىرى، ئۆزلىرى شۇنداق ئويلىغان بولسىلا، پېقىر باشقىچە خىيالدا ئەمەسمەن...

شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ قادىرخانىنىڭ ئۆزى لەشكەر باشلاپ

كاشغەرگە بېرىپ، ياغلاقار قالۇ بىلەن ئېلىشىش خىيالى يوققا چىقتى. توغانخان ئەۋۋەلمۇ ئاز كۈن ئىچىدىلا تاغىسى ھۈسەيىن ياغانتېگىننى نۇرغۇن لەشكىرى كۈچ بىلەن كاشغەرگە يولغا سالدى. شۇنىڭدىن بۇيان يۇسۇپ قادىرخان يەنە ئابدۇلمەلىك شاھنىڭ پاراكەندىچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇش بىلەنلا بولدى. ئارىدا نەچچە قېتىم قانلىق توقۇنۇشلار بولدى. ھەر ئىككىلا تەرەپتىن نۇرغۇن تالاپەت كۆرۈلدى. شۇنداق بولسىمۇ ناسىر ئىلىكخان بىلەن يۇسۇپ قادىرخان ئابدۇلمەلىك شاھنىڭ كۆپ قېتىم قوزغىغان توپىلاڭلىرىنى ئۇنۇملۈك باستۇردى. ئارىدا ئابدۇلمەلىك شاھمۇ ئۆلدى. ئەمما، ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. ئاتىسى سەبۇقتېگىن ئۆلۈپ، ئۇنىڭ ئورنىغا تەختكە چىققان غەزنەۋىيلەر سۇلتانى مەھمۇد قاراخانىيلار بىلەن سامانىيلارنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان جەڭ ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، سامانىيلار سۇلالىسىگە قاراشلىق ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بەزى جايلارنى ئىگىلىۋالغانىدى. سامانىيلار ئۇزۇل ـ كېسىل زاۋاللىققا يۈزلەنگەندىن كېيىن، توغانخان ئەۋۋەل ئەمدى مەھمۇد سۇلتانغا قارشى لەشكەر تارتىش يارلىقىنى چۈشۈردى. يۇسۇپ قادىرخان يەنە ناسىر ئىلىكخاننىڭ قوماندانلىقىدا لەشكەر تارتىپ، نۇرغۇن بەدەللەر ئارقىلىق غەزنەۋىيلەرگە قاراشلىق خۇراسانغا بېسىپ كىردى. دەل شۇ چاغدا كاشغەردىن ئارقىش كەلدى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ھەسەن قىلىچخان بىلەن ھۈسەيىن ياغانتېگىن گەرچە كاشغەرنى قايتۇرۇۋالغان بولسىمۇ، يېڭىساردا ياغلاقار قالۇ خاننىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ، دەشت ـ چۆلدە ھەر ئىككىلىسى شېھىت بوپتۇ. ئىككى سانغۇن باقىيغا سەپەر قىلغاندىن كېيىن لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان ئادەم چىقماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەممەيلەن ئۆز جېنىنىڭ كويىدىلا قاپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ياغلاقار قالۇ خان ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە قارىماي قېچىۋاتقان بۇغرا لەشكەرلىرىنى سۈر ـ توقاي قىلىپ، ئالدىغا كەلگەنلىكى لەشكەرلەرنى قىرىپ تاشلاپ،

داغدۇغا بىلەن يەنە كاشغەرنى قارام قىپتۇ ـ دە، ئوردۇكەنتكە ئورۇنلىشىپتۇ.

يۇسۇپ قادىرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، دەسلەپ ئىشەنمىدى. ئارقىشىنىڭ يىغلاپ تۇرۇپ ۋەقەنى يەنە بىر مەرتەم سۆزلەپ بېرىدىشى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالماي ھۆڭگىرەپ يىغلاپ تاشلىدى ـ دە، ئۇدۇل ئەھمەد توغانخاننىڭ ئالدىغا بارماقچى بولدى. ئەمما، ناسىر ئىلىكخان بۇنىڭغا يول قويمىدى. ياق، يول قويمىدى ئەمەس، ئالدىدىكى ۋەزىيەتنى چۈشەندۈرۈپ تۇرۇۋالدى. كۆنلەر بىدارلىق ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. يۇسۇپ قادىرخان خۇددى ئېلىنىشىپ قالغان، نېرۋىسىدىن ئاداشقان ئادەمدەكلا بولۇپ قالدى. دەل شۇ كۈنلەردە ئەھمەد توغانخان ئۇنى سەمەرقەندكە چاقىردى. بۇنى ئاڭلىغان يۇسۇپ قادىرخان چاقماق تېزلىكىدە خاننىڭ ھۇزۇرىغا داخىل بولدى. خان ئۇنى ناھايىتى مەيۈس ھالدا كۈتۈۋالدى. رەسمىيەت يۈزىسىدىن بىر قۇر ئەھۋال سوراپ قويغاندىن كېيىن، ئۇدۇللا سورىدى:

— كاشغەر تەرەپتە بولغان ئىشلاردىن خەۋەر تاپقانلا، ئارسلانخان؟

— خەۋەر تاپتىم، ئالىيلىرى، ئۇ يەردىكى ئىشلار ناھايىتى ئېچىنىشلىق بوپتۇ. خۇددى قاباھەتلىك چۈشتەكلا...

— سىلىچە، ئەمدى بۇ ئىشنى قانداق قىلغۇلۇق؟

توغانخاننىڭ ئەۋۋەلنىڭ تومتاقلا سورىغان سوئالى يۇسۇپ قادىرخاننى ھەيران قالدۇردى. ئۇ يولدا كەلگۈچە «خان كاشغەر تەرەپتىن كەلگەن خەۋەرنى ئاڭلىغان بولسا، مېنى چاقىرتقان گەپ. ئۇ يا ئۆزى ئوردۇكەنت تەرەپكە لەشكەر تارتىدۇ، يا مېنى دەرھال ئاتلىنىشقا بۇيرۇق بېرىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما، ئۆزىدىن بۇنداق سوئال سورىشىنى ئەسلا خىيال قىلىپ باقمىغان بولغاچقا تېڭىرقاپ قالدى.

— ئۆزلىرى قانداق پەرمان بەرسىلە. پېقىر پەرمانلىرىنى بەجانىدىل ئورۇنلايمەن... — دېدى يۇسۇپ قادىرخان خېلى

ئۇزاقتىن كېيىن تولىمۇ پەس ئاۋازدا.

— خوش... تولىمۇ ئەدگۈ... — توغانخان ئەۋۋەل بېشىنى تولىمۇ سۇس لىڭشىتىپ قويدى، — ئۇنداقتا سىلى تەرەپنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— خېلىلا كەسكىن، ئالىيلىرى. ناسىر ئىلىكخان بىلەن كەمىنىلىرى يارلىق بويىچە خۇراساننى ئۇزۇل - كېسىل قارام قىلغان بولساقمۇ، ئەمما سۇلتان مەھمۇد ھەدېسىلا ھۇجۇم قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. يېقىندىن بۇيان بىرئاز جىم بولۇپ قېلىۋىدى، تەقدىرگە تەن بەرگەن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغاندۇق. بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا پايلاقچىمىز ئەكەلگەن خەۋەرگە قارىغاندا، ئۇ قايتىدىن كۈچ توپلاپ، كەڭ كۆلەمدە ھۇجۇمغا ئۆتۈشنىڭ تەرەددۇتىغا چۈشكەن ئوخشايدۇ. مۆلچەرىمىزچە، ئۇزاققا قالماي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش مۇمكىنچىلىكى كۆپرەك...

— سۇلتان مەھمۇدنىڭ ھۇجۇم قىلىش ئېھتىماللىقى بارغانسېرى كۈچىيىۋاتىدۇ، دېسىلە، ئارسلانخان؟

— شۇنداق، ئالىيلىرى.

توغانخان ئەۋۋەل جىم بولۇپ قالدى - دە، بىرنەرسىنى ئويلاۋاتقان كىشىدەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەنە سورىدى:

— ناسىر ئىلىكخان ئۆزى يالغۇز خۇراساننى قوغداپ قالالامدۇ، ئارسلانخان؟

— قوغداپ قېلىش ئەمەس، باشقا جايلارنىمۇ تامامەن قارام قىلىشقا چامىسى يېتىدۇ، ئالىيلىرى. ھازىر خۇراساندىكى قوشۇنلار خىل، ھەممىسى ئاساسەن مۇنتىزىم لەشكىرىي تەربىيە كۆرگەن. جەڭ تەجرىبىسىمۇ يۇقىرى...

— ئەدگۈ... ئەدگۈ... ئەمدى تولۇق خاتىرجەم بولۇپ، سىلىنى كاشغەرگە يولغا سالسام بولغۇدەك، ئارسلانخان! گەپنى سوزۇپ ئولتۇرمىساممۇ بولار، سىلى كاشغەرنىڭ ئەھۋالىنى مەندىن ئوبدانراق بىلىدىلا. شۇڭا دەرھال ئاتلىنىپ كاشغەرنى ئۆز

ھىمايىلىرىگە ئېلىپ، بۇددىست كاپىرلارنى ئۇ يەردىن دەرھال ھەيدەپ چىقارغايلا!

— ئىلەل، خان ئالىيلىرى. يارلىقلىرىغا پەرمانبەردارمەن... — يۇسۇپ قادىرخان سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ، لەشكىرىي سالام بەجا كەلتۈرمەكچى بولۇپ قوزغىلىشىغا توغانخان ئەۋۋەل تېزلا ئېغىز ئاچتى:

— بولدى، ئارسلانخان قوزغالمىسىلا. قېنى بەھۇزۇر ئولتۇرسىلا... ئەسلىي تاغام ھۈسەيىن ياغانتېگىننى كاشغەرگە زور ئۈمىدلەر بىلەن ئەۋەتكەن بولسامۇ، ئەمما ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى. شۇڭا، يەنە سىلىنى مالال قىلىدىغان بولدۇم. بۇ دورەمقى سەپەرلىرىدە غەلىبە ـ نۇسرەت يار بولغاي، ئارسلانخان!...

— ئېيتقانلىرى كەلسۇن، ئالىيلىرى...

— مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە يولغا چىقالامىلىكىن؟

— لەشكىرىي تەييارلىقلار پۈتسىلا يولغا چىقىمەن، ئالىيلىرى...

— ھە راست، ئېسىم قۇرۇسۇن، ھۈسەيىن ياغانتېگىننىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ، ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن. بۇ دورەمقى سەپەرلىرىدە سىلىگە لەشكىرىي ياردەم بېرەلمەيمەن، ئارسلانخان، ھازىر بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ، ھەممە ئىشلارنى بەش قولدەكلا چۈشىنىلا. ھازىر بىزگە كېلىۋاتقان تەھدىت ئاز ئەمەس. مۇشۇنداق تىنچسىز ۋاقىتتا كاشغەرگە لەشكەر يۆتكىسەك سۇلتان مەھمۇدلا ئەمەس، بۇ ۋاقىتقىچە بىزگە ئاشكارا قارشى چىقالماي قورسىقىدا غوم ساقلاپ كەلگەنلەرمۇ ئۇۋۇسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك بىزگە ئېتىلىشى مۇمكىن. شۇڭا سىلىمۇ سەمەرقەندىنىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، يۇرتۇغ قىسىملىرىنىلا ئېلىپ يولغا چىقسىلا. كاشغەر سىلىنىڭ، سىلى ئاشۇ جايىنىڭ ئىلىكخانى، ئامان ـ ئېسەن كاشغەرگە بارالىسىلا، ئاز كۈن ئىچىدىلا ئۇ يۇرتتىن

يېتەرلىك لەشكەر توپلاپ، ياۋنىڭ دەككىسىنى تازا ئوبدان بېرەلەيدىلا. بۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئىشەنچى كامىلدۇر، ئارسلانخان؟

يۇسۇپ قادىرخان خانىنىڭ بۇنداق دېيىشىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ يۇرتۇغ قىسمىدىمۇ بارى ـ يوقى بەش ـ ئالتە يۈزدەكلا لەشكەر بار ئىدى. ئۇ ئاشۇ لەشكەرلەر بىلەن كاشغەرگە بارغاندىمۇ كېمىدە ئىككى ـ ئۈچ يىل تەييارلىق قىلىپ لەشكىري كۈچىنى تولۇقلىمىسا، ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە تەڭ كەلگىلى بولمايتتى. بۇ قاراپ تۇرۇپ قارىغۇنى تار يەردە قىستىغاندەكلا ئىش بولغاچقا، يۇسۇپ قادىرخان نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى.

— يەنە باشقا قىيىنچىلىقلىرى بارمۇ، ئارسلانخان؟ — سورىدى خان ئۇنىڭ جىمىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ.

— ياق، ئەمما لەشكەرلەرنىڭ ئىشى... ھېچ بولمىسا كاشغەردىن مەن بىلەن بىللە چىقىپ بۇ يەرگە كەلگەن لەشكەرلەرنى بولسىمۇ...

— سىلى يارلىقا قارشى چىقماقچى ئەمەستۇرلا ـ ھە، ئارسلانخان؟ بۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى سىلى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس. مۇشۇنداق ۋاقىتتا ماۋۇ لەشكەر كاشغەرلىك، ماۋۇسى شاشلىق، ئاۋۇسى سەمەرقەندلىك دەپ ئايرىساق بولماس! ئەسلىرىدىن چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ. كاشغەر ھازىرچە ۋاقىتلىق ئۇدۇنلۇقلەرنىڭ قولىدا تۇرۇۋاتقىنى بىلەن بۇرۇنمۇ، ھازىرمۇ، كېيىنمۇ يەنىلا قاراخانىيلارغا تەۋە... — خان سۆزلىگەچ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى، — شۇڭا سىلى دەرھال ھۇسەيىن ياغانتېگىننىڭ تىرىقتەك چېچىلىپ كەتكەن قوشۇنىنى جەم قىلىپ، يېتىشمىگىنىگە ئۆز تەۋەلىرىدىن لەشكەر ئېلىپ، كاشغەرنى ئۇدۇنلۇقلەرنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشنىلا ئويلىسىلا. سىلىنىڭ ۋەزىپىلىرى پەقەتلا مۇشۇ...

يۇسۇپ ئارسلانخانىنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدى ـ دە، مۇشۇ

چاغقىچە ئىچىنى ئۆرتەپ كېلىۋاتقان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ، قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىۋالماقچى بولدى. لېكىن، بۇنداق جىددىي پەيتتە ئۇنىڭ بىلەن تەرگىشىپ قالسا ئۆزىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى، توغانخان ئەۋۋەلىنىڭ ئۆزىنىلا ئەمەس، ئەھمەد ۋە ئەلتېگىنلەرنى تېخىمۇ چەتكە قېقىپ، قان قېرىنداشلار ئارىسىدا كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ، لەۋلىرىنى ئەلەم بىلەن چىشلىدى.

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئارسلانخان، مەن پات يېقىندا غەلىبە خەۋىرىنى كۈتىمەن... — توغانخان ئەۋۋەل «گېپىم تۈگىدى، ئەمدى چىقىپ كەتسىلە بولىدۇ» دېگەندەك كۆزلىرىنى يۇمدى. بۇنى كۆرۈپ يۈسۈپ ئارسلانخان ئورنىدىن تۇردى - يۇ، ئەمما خىيالىدىن لاپ قىلىپ كەچكەن ئوي بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— لەشكەرلەرنىڭ مەسىلىسىنىغۇ ئۆزلىرى دېگەندەك كاشغەر تەرەپتىن بىر ئامال قىلارمەن، ئالىيلىرى، ئەمما لەشكىرىي تەمىنات مەسىلىسىنى...

— سىلى بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەملا ئارسلانخان؟ — دېدى خان قاپىقىنى تۈرۈپ زەردە بىلەن، — سامانىيلار بىلەن نەچچە يىلدىن بۇيان ئۈزۈلدۈرمەي جەڭ قىلىپ، ئۇلارنى ئاران كۆزىمىزدىن يوقاتساق، ئەمدى سۇلتان مەھمۇد پەيدا بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىزدە نەدىمۇ ئېشىپ - تېشىپ تۇرغان لەشكىرىي تەمىنات بار؟... ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىيەت مۇشۇنداق قىلىن ئۈستىدە تۇرغان ۋاقىتتا ئەل - كۈننىڭ بېشىغا ئالۋان - ياساقنى كۆپەيتسەك، قورۇپ تەييار بولغان پاخالغا چوغ تاشلىغاندەك ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىمىز. بۇنى سىلى بىلمەيدىغان يەردە ئەمەس، ئارسلانخان! شۇڭا لەشكىرىي تەمىنات ئىشىنىمۇ ئۆزلىرى ھەل قىلىدىلا. ئىزدەنسىلە چوقۇم ياخشى بىر ئامالنى تاپالايدىلا.

يۈسۈپ قادىرخان خاننىڭ زەردە بىلەن دېگەن گەپلىرىنى ئاڭلاپ، تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئۆزى

تەۋە دەپ ئويلىغان خانلىق ئورنىغا ئېرىشەلمەي قالغان ۋاقىتتىمۇ بۇنچىلىك خورلۇق ھېس قىلمىغانىدى. ئالدىنقى مەرتەم كاشغەرگە ئاتلىنىپ، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى چېكىندۇرۇش ئۈچۈن يارلىق تەلەپ قىلغاندا قوشۇلمىغان خان مانا ئەمدى نەچچە تۈمەن لەشكەر دەشت ـ چۆلدە تىرىپىرەن بولۇپ، كاشغەر قايتىدىن ئۇدۇنلۇقلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەندە، ئاندىن ئۆزىنىڭ كاشغەرنىڭ ئارسلانخان مەرتىۋىسىدىكى ئىلىكخانى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇ دىيارنى بۇددىستلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىشقا بۇيرۇۋاتىدۇ... يەنە كېلىپ لەشكەر ۋە لەشكىرىي تەمىنات بەرمەستىن! بۇنداق قىلىشتا خاننىڭ قانداق ئويى بار؟!...

يۇسۇپ قادىرخان ئويلىغانسېرى غەزىپى ئۆرلەپ، مۇشتلىرى چىڭ تۈگۈلدى. ئەمما، ھازىرقىدەك ۋاقىتتا «يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئېغىر خورسىنىپ قويدى ـ دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى.

ـــ ھە راست، ئارسلانخان، ئۇ تەرەپكە سەپەر قىلىش جەريانىدا قەدەمدە بىر مۇشكۇلاتقا، قىيىنچىلىققا ئۇچراشلىرى مۇمكىن. شۇڭا ئاغىچىغا بىر يولۇقۇپ ئۆتسىلە، مەن ئۇنىڭغا تاپىلاپ قويغان، ئۇ سىلىگە ئاز ـ تولا ئاقچا بېرىدۇ، ئېلىۋالسىلا. سەپەردە ئەسقېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بۇ مېنىڭ سىلىگە تۇتقان يوللۇقۇم بولسۇن.

ـــ رەھمەت، ئالىيلىرى... ـــ يۇسۇپ قادىرخان رەسمىيەت يۈزىسىدىنلا شۇ گەپنى دېدى ـ دە، خاننىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ كەتتى.

يۇسۇپ قادىرخان خۇددى ساراڭ ئادەمدەكلا بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ ئوردا سەيناسىدا دوقۇرۇشۇپ، ئۇسۇشۇپ قالغىلى تاسلا قالغان تونۇش ـ بىلىشلىرىگىمۇ سوغۇقلا سالام قىلىپ، ئوردا سىرتىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرغان يۇرتتۇغلارنىڭ قېشىغا كەلدى، ئۇلارنىڭ بىرسىنى پەرغانىدە ھاكىمبەگلىك قىلىۋاتقان ئىنىسى

ئەھمەدنى دەرھال ئۆز قارارگاھىغا باشلاپ كېلىشنى بۇيرۇپلا، ئېتىغا مىنىپ يولغا چىقتى. يۈسۈپ قادىرخان شۇ ئاچچىقىدا ئېتىنى تىنماي تېقىمداپ، بەزىدە قوي ئۆچىيىدىن چىرايلىق، سىپتا ئۆرۈلگەن قامچىسى بىلەن ساغرىسىغا سېلىپ، ئاچچىقىنى ئېتىدىن ئالدى. ئەمما، ئۇ يولدا كېتىۋېتىپمۇ، ئېتىنى ئارام ئالدۇرۇۋېتىپمۇ ئەھمەد توغانخاننىڭ گەپلىرى خىيالىدىن كەتمىدى. ئويلىغانسېرى جۇدۇنى ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۆزىنىڭ ھېچ بولمىسا ئىككى ئېغىز بولسىمۇ نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ، خاننىڭ ھەسەنىيلەر ئەۋلادلىرىغا قىلىۋاتقان يولسىزلىقلىرىنى بىرمۇبىر ساناپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىقنى سەمىگە سالمىغىنىغا ئۆكۈندى. «ياق، بۇ قېتىم چىداي، مۇشۇ چاغقىچە ئۇ بىزنى ئانچە تاپسىمۇ غىڭ قىلماي كەلدىم. بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىمنى كۆڭلۈمدىلا بىلىپ، دەردىمنى بىراۋغا بىلدۈرمىدىم. لېكىن، بۇ قېتىم باشقا يەرگە ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىلىرىم خانلىق سەلتەنەتىنى سۈرگەن، قاراخانىيلارنىڭ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرغان، خانلىقىمىز تەۋەسىدە دىنىمىز ئەڭ بۇرۇن تارقىلىپ روناق تاپقان ئەزىزانە دىيارنى يات دىندىكىلەرنىڭ تاپىنىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بارىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە توغانخان ئەۋۋەللا ئەمەس، مەرھۇم خان ھارۇن بۇغراخانمۇ ئۆز ۋاقتىدا كاشغەرگە مېنى ئىلىكخان دەپ جاكارلىغان. ئۆزۈم ئاۋۋال خاننىڭ، كېيىن ھازىرقى خان توغانخان ئەۋۋەلنىڭ پەرمانى بىلەن كاشغەردىن ئايرىلىپ، بۇ يەردە جەڭ قىلىۋاتقان بولسامۇ كاشغەر يەنىلا مېنىڭ... شۇڭا ئۇ يەرگە بېرىشىم، ئۇدۇنلۇقلەرنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىشىم، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ روھىنى ھەرگىز قورۇندۇرۇپ قويماسلىقىم لازىمدۇر...»

يۈسۈپ قادىرخان ئەنە شۇلارنى ئويلىسىمۇ، ئەمما خاننىڭ سوغۇق تەلەتىنى، ئۆزىنى مەنسىتمىگەندەك سۆزلىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا، يەنە باشقىدىن خۇيلىنىپ، تەتۈر چاپىنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىيەتتى ـ دە، ئىزتىراپلىق خىياللارغا ئەسىر بولاتتى.

يۈسۈپ قادىرخان كەڭلىكى يەتتە ـ سەككىز ئادىم، ئۇزۇنلۇقى ئون بىر ـ ئون ئىككى ئادىم كېلىدىغان چېدىر ئىچىدە خېلى ئۇزاق ئۆرە تۇردى. بۇ قېيىن مەسىلىگە جاۋاب تاپماقچى بولغاندەك ئۇياقتىن ـ بۇياققىمۇ ماڭدى. ئۇنىڭ پۇتلىرى تالدى. بېشى ھېلىلا ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك لوقۇلداپ ئاغرىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، نېمىشقىكىن ئولتۇرغۇسى، بىردەم سوزۇلۇپ يېتىپ ئارام ئالغۇسى كەلمىدى. شۇ چاغدا چېدىر ئىچىگە خاس نۆكىرى كىرىپ كەلدى ـ دە، پەس ئاۋازدا سورىدى:

ـــ كەچلىك غىزا يەۋالامسىلەر، ئالىيلىرى؟

ـــ ياق، مېنى بىردەم ئارامىمدا قويۇڭلار!

ـــ ئىلەل، ئارسلانخان ئالىيلىرى... ـــ خاس نۆكەر كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ، نەچچە قەدەم مېڭىشىغا، يۈسۈپ قادىرخان ئۇنى توختىتىۋالدى:

ـــ دەرھال بەلخكە ئارقىش ماڭدۇر. كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ ئەلتېگىنگە خەۋەر يەتكۈزسۇن. ئەلتېگىن ئارقىش يېتىپ بارغان ھامانلا يولغا چىقىپ، ئۇدۇل قارارگاھىمغا يېتىپ كەلسۇن!

ـــ ئىلەل، ئالىيلىرى، پەرمانلىرىنى ھازىرلا بەجا كەلتۈرىمەن.

خاس نۆكەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان چېدىرنىڭ ھاۋا ئۆتۈشۈش ئۈچۈن قويۇلغان كۆزنىكىگە يېقىن كېلىپ، ئاستا ـ ئاستا گۇگۇم پەردىسى يېپىلىۋاتقان تەبىئەتكە قاراپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

كۈنلەر تولىمۇ ئاستا ئۆتمەكتە ئىدى. بۇ كۈنلەردە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىچى تىتىلداپلا تۇرغاچقا قولىمۇ ئىشقا بارمىدى. ئۇ ئىنىلىرىنىڭ يېتىپ كېلىدىغان ۋاقتىنى ھېسابلىماقچى بولغاندەك، بىر كۈن ئىچىدە نەچچە قېتىم بارماق سانايتتى. بەزىدە خاس نۆكىرىدىن ئارقىشنىڭ كەتكەنلىكىگە قانچە كۈن

بولغانلىقىنى سورايتتى. يۈسۈپ قادىرخان ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپلا ئورنىدىن تۇراتتى ـ دە، شاھانە چېدىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى كۆزىتىش سۇپىسىغا چىقىپ، يىراق ـ يىراقلارغا قارىغىنىچە خىيالغا پاتاتتى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلى ئارامىغا چۈشتى. ئەتىسىگەندە بامدات نامىزىدىن يېنىپ ئەمدىلا ناشتا قىلىشقا تۇتۇنغاندا، ئاۋۋال بەلختىكى ئەلچىگىن يېتىپ كەلدى. ئۇلار بىرھازا ئەھۋال سورىشىپ، ئەمدى ئەسلىي گەپكە ئۆتەيلى، دەپ تۇرغان ۋاقىتتا ئەھمەد ھاكىمبەگمۇ كىرىپ كەلدى.

يۈسۈپ قادىرخان ئىنىلىرى بىلەن غىزالىنىپ، داستىخان يىغىلغاندا ئەتراپقا گۈگۈم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغانىدى. خاس نۆكەر ياندۇرۇپ قويغان شام چېدىر ئىچىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. گەرچە بايا كۆرۈشكەندىمۇ، غىزا يەۋېتىپمۇ يۈسۈپ قادىرخان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆڭۈلسىز ئىشلار ھەققىدە بىرەر ئېغىزمۇ پاراڭ قىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما سەزگۈر ئەھمەد ھاكىمبەگ ئاكىسىنىڭ خىيالچان كۆزلىرىگە، ئۆمسە چىرايىغا قاراپ، ھاردۇق يەتكەندەك بىرھازا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئېغىز ئاچتى:

— ھازىر ئىچىڭىزدە بىزگە دەيدىغان بىر مۇھىم ئىش باردەك، ئاكا، قېنى قۇلىقىمىز سىزدە...

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۈچ قېرىنداش ئۈچ جايدا تۇرۇپ، خېلى ئۇزاقتىن بۇيان دىدارلاشماپتۇق، سىلەرنى كۆرگۈم كەلدى، شۇڭا...

— تۇزۇت قىلماڭ، ئاكا، ئىنىمىز ئەلچىگىن كاشغەردە بولغان ئىشلارنى ئاڭلىدىمۇ، يوق، ئۇقمايمەن. ئەمما، مەن خەۋەر تاپتىم. ھەتتا ئارقىشتىن سىزنىڭ تۇغانخان ئەۋۋەل بىلەنمۇ كۆرۈشكىنىڭىزنى، ئۇنىڭ ھوزۇرىدىن چىقىپلا مەن تەرەپكە ئۆزىنى ماڭدۇرغىنىڭىزنىمۇ ئاڭلىدىم. قارىغاندا ھازىر بېشىڭىزنى قاتۇرۇۋاتقان بىرەر ئىش بار. شۇڭا، مەسىلە بولسا،

تەڭ باش قاتۇرايلى، ئاكا.

— راست، ئاكام توغرا ئېيتتىدۇ. بىز دېگەن قان قېرىنداشلار، ھەرقانداق گەپ بولسا دەڭ، ئاكا...

يۇسۇپ قادىرخان ئىككى ئىنىسىغا مەيۇس قاراپ قويىدى.

— ئەسلىي بۇ گەپنى سىلەر ئاز ـ تولا ئارام ئېلىپ، ھاردۇقۇڭلار چىقىپ بولغاندا دېيىشسەكمۇ بولاتتى. خەير، بۇگۈن يوشۇرسامۇ، ئەتە دېيىشىم زۆرۈر... — ئۇ شۇنداق دېگەچ ئىككى ئىنىسىنىڭ چىرايىغا زەن سېلىپ قويغاندىن كېيىن، ئەھمەد توغانخان بىلەن بولغان سۆھبەتنى قىسقىلا سۆزلەپ بەردى.

— بۇ قاراپ تۇرۇپ سىزنى بوزەك قىلىشقۇ، ئاكا، خان شۇنچىۋالا ئاني تاپسا، گەپ قىلماي قايتىپ كەلدىڭىزمۇ؟ ياق، ئۇنىڭ بۇ ئىشى پەقەت قاملاشماپتۇ. قارىغاندا خان بىز ھەسەنىيلەرنى پەقەتلا كۆزگە ئىلمايدىكەن. خۇددى بىز بوۋىمىز ساتۇق بۇغراخاننىڭ ئەۋلادى ئەمەستەك، خانلىق ئۇچۇن جان تىكىپ، قان كېچىپ جەڭ قىلمىغاندەك! ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن «ئەمدى ئورنۇڭلارنى بوشىتىپ بېرىڭلار، ئۇ جاي بىز ئەلەۋىيلەرگە كېرەك بولۇپ قالدى» دېيىشتىنمۇ يانمىغۇدەك. شۇڭا، ئەمدى بوزەك بولىۋەرسەك بولمايدۇ، ئاكا، سەۋر ـ تاقەت دېگەننىڭمۇ چېكى بار. خان بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆزىمىزنىڭ كىم، كىمنىڭ ئەۋلادى ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ قويىدىغان يەرگە كەپتۇ.

— راست دەيسىز، ھاكىمبەگ ئاكا. خېلىدىن بېرى ئاكامنىڭ گېپىنى يىرالماي، ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ زەردىگۆش بولۇپ كەلدۇق. ئەمدى پىچاق سۆڭەككە يېتىپتۇ. نەدىمۇ لەشكەرسىز جەڭ قىلىپ، چىقىمسىز قورغان ئالىدىغان ئىش بار ئىكەن؟ بۇ، خاننىڭ قاراپ تۇرۇپ ئاكامنى، ياق، بىزنى بوزەك قىلماقچى بولغىنى. مۇشۇ ۋاقىتقىچە مەنمۇ دەردىمنى سىلەرگە ئېيتالماي كەلدىم. ئەمدى ئىككى ئېغىز يۈرەك سۆزۈمنى دەۋالاي. پەدەرى بۇزرۇك ھارۇن بۇغراخان ئالىيلىرى قازا قىلىپ كەتكەندىن بېرى

ئۆزۈمنىڭ بىر قېتىم قېنىپ كۈلگىنىمنى، تەشۋىشلەردىن خالىي ھالدا بىر كېچە تاتلىق ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن. قەلبىمدىن مۇدھىش خىياللار كېزىپلا يۈرىدۇ. ئەھمەد توغانخاننىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپ، بىر ئاماللار بىلەن بىزنى جىمىقتۇرۇپ قويىدىغاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدىلا ياشايمەن. راست گەپنى دېسەم، بىزمۇ خان ئەۋلادى. لېكىن، ئۇ بىزنى خان پۈشتى قاتارىدا كۆرۈپ باققىنى يوق. مۇھىم مەنسەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەلەۋىيلەرگە ئۈلەشتۇرۇپ بەردى. بۇمۇ مەيلى، بىزنى ھېچ بولمىسا ئوردا ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ يۈرىدىغان، قولىدىن ئىش كەلمىسىمۇ ئۆزىنى ماختاش، ئۇچۇرۇش، خۇشامەت قىلىش بەدىلىگە ئىتتەك جان ساقلايدىغانلارچىلىك بولسىمۇ كۆرسە بولاتتى... ئىشقىلىپ، ئۇ بىز ھەسەنىيلەرنى بەك بوزەك قىلىپ كەتتى. شۇڭا نەچچە قېتىم قول ئاستىمدىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، كېچىلەپ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرىپ، خۇددى بوۋىمىز ساتۇق بۇغراخان تاغىسى ئوغۇلچاق قادىرخاننى ئۆلتۈرۈپ قاراخانىيلارنىڭ تەختىنى ئىگىلىگەندەك، ئەھمەد توغانخاننىمۇ ئاشۇ قىسمەتكە گىرىپتار قىلىپ، سۇلايمان ئارسلانخان ئەۋلادلىرىنىڭمۇ نان قېپى، يارىماس، باشقىلارغا ئاسانلىقچە بوزەك بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويغۇم كەلدى. ئەمما، ئاكام يۈسۈپ قادىرخاننىڭ پەرمانى يوق ئەھۋال ئاستىدا ئۇنداق قىلسام ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ نىيىتىمدىن ياندىم... — ئەلتېگىن ھاياجانلانغانلىقىدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى ـ دە، ئازراق دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە سۆزلەشكە باشلىدى، — مانا ئەمدى خان يەنە ئاكامنى تىك يار تۈۋىگە بېرىپ ئۆزىنى سەكرەشكە مەجبۇرلىغاندەك ئىش قىپتۇ. بۇنىڭغا يەنە خەيرىيەت، خان يارلىقىنى بەجا كەلتۈرمەك كېرەك دەيدىغان بولساق، كېيىنكى كۈنلەردە يەنە قانداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولىمىز، ياراتقۇچىدىن ئۆزگە ھېچكىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلمەيدۇ...

— راست، بۇ خىيالنى مەنمۇ قىلغان، ئىككىمىزنىڭ ئويى بىر يەردىن چىقمىۋاتىدۇ، — ئەھمەد بىردىنلا قىزىشتى، — سەۋر - تاقىتىمىز چېكىگە يەتتى، ئاكا، ئەمدى سىز بىزگە باش بولۇڭ، قولىمىزدىكى لەشكەرلەر خانغا تەۋە لەشكەرلەرگە قارشى جەڭ قىلىشقا تامامەن يېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانلىق قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقانلار ئارىسىدىمۇ، تولا ھاللاردا ئەسرالىشىپ تۇرىدىغان باي، ئېكىتارلار ئارىسىدىمۇ، «ئاشۇنداق ئىش قىلىسڭىز ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز. قولىمىز كۆكسىمىزدە» دەپ تۇرۇۋاتقانلارمۇ بار. ئۇلار بىلەن كۆرۈشسەملا بىزگە ئەگىشىپ...

— ياق، ئىنىلىرىم، — دېدى يۈسۈپ قادىر خان ئىشنىڭ بارغانسېرى چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ كەسكىن تەلەپپۇزدا، — ئەمدى بۇنداق گەپلەرنى ئىككىنچى ئېغىزىڭلارغا ئالماڭلار. ئۇ دېگەن خان، يەنە كېلىپ بىز بىر ئۇرۇقنىڭ پۇشتى. بىز ئۇنىڭدىن نارازى بولۇپ، خان يارلىقىغا قارشى قوپساق، باشقىلار قانداق قىلىدۇ؟!... راست، خاننىڭ كەتكۈزۈپ قويغان يېرى بار. بۇنى بىزلا ئەمەس، باشقىلارمۇ بىلىدۇ. بىراق، شەخسىي ئۆچمەنلىكنى دەپ خانلىقنىڭ ئۇلىغا پالتا چاپىدىغان، ئۆزئارا جەڭگى - جېدەل قىلىپ، يات قوۋملارغا پۇرسەت بېرىدىغان ئىشنى قىلماسلىقىمىز زۆرۈر!...

ئەھمەد بىلەن ئەلتېگىن ئاكىسىنىڭ قارىيىپ كەتكەن چىرايىغا، ھېلىلا چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك تىكىلگەن كۆزلىرىگە قاراپ جىم بولۇشۇپ قالدى.

— ئەمدى بۇنداق گەپلارنىلا دېيىش ئەمەس، خىيالمۇ قىلماڭلار، بولمىسا رەقىبلىرىمىزگە كۆلكە، دوستلىرىمىزغا يىغا بولۇپ قالىدۇ، — دېدى يۈسۈپ قادىرخان سەل مۇلايىم ئاھاڭدا.

— ئۇنداقتا دەردىمىزنى يۇتۇپ بىر ئۆمۈر زەردىگۈش بولۇپ

ئۆتەمدۇق، ئاكا؟ — سورىدى ئەھمەد.

— خان بىزنى مۇشۇنداق بوزەك قىلىۋەرسە، بىز يەنە «سىزنىڭ ھەقتۇر، بىز يارلىقلىرىڭىزغا پەرمانبەردارمىز» دەمدۇق؟ — دېدى ئەلتېگىنمۇ.

يۇسۇپ قادىرخان ئىنىلىرىغا قاراپ قويۇپ، بېشىنى چايقىدى.

— ئەزىز ئىنىلىرىم، ئىشلار داۋاملىق بۇنداقمۇ كېتىۋەرمەس، توغانخان ئەۋۋەل ئەقلىنى تاپىدىغان، بۇرۇن ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىگە ئۆكۈنىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر. شۇڭا، يەنە سەۋر قىلايلى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب، دىيانەت، پاكلىق، ئاقلىق تىلەيلى...

ئەھمەد نېمىشقىدۇر چۈشىنىپ يېتەلمىگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئۆز ئېغىزىدىن توغانخان ئەۋۋەلگە نىسبەتەن باشقىچە گەپلەرنى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن دائىم ئەسرالىشىپ تۇرىدىغان يېقىنلىرىنىڭ ئېغىزىدىن خانغا نىسبەتەن خېلىلا ئاغرىنىشى بارلىقىنى ئاڭلىغانىدى. مانا ھازىرمۇ ئۇ خاننىڭ يېنىنى ئېلىۋاتىدۇ. سەزگۈر ئەھمەد شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسىنىڭ قاراملىق قىلىپ بىرەر ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ كۆڭلىدىكىنى قەستەن يوشۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— ماقۇل، ئاكا، دېگىنىڭىز بويىچە قىلايلى، — دېدى ئەھمەد ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، — بۇ ئىشنى ھازىرچە قويۇپ تۇرايلى. سىز دېگەندەك خانمۇ ئەقلىنى تاپىدىغان كۈنلەر كېلەر. ئەمما قېنى دەپ بېقىڭچۇ؟ سىز قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز؟ مۇشۇنداق قۇرۇق قول كاشغەرگە ئاتلىنامسىز؟

يۇسۇپ قادىرخان ھالقىلىق پەيتتە ئەھمەدنىڭ يەنىلا ئۆزىنى چۈشەنگەنلىكىدىن سۆيۈنگەندەك كۈلۈمسىرىمەكچى بولدى ـ يۇ، ئەمما قاملاشتۇرالمىدى. ئۇ غەمكىن كۆزلىرىنى ئىككى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنىسىغا تىكىپ، ئۇدۇللا جاۋاب بەردى:

— خان يارلىقنى چۇشۇرۇپ بولدى، ئەزىز ئىنىلىرىم. ئەمدى ئۇنى بەجا كەلتۈرمەي باشقا چارە يوق. بۇ ئىشتا مەنمۇ بەك تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتىمەن. شۇڭا، سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلارنى ئاڭلاپ باققۇم بار...

— سىز كاشغەرگە يۇرتۇغلارنى باشلاپ بارغان تەقدىردىمۇ ھەسەن قىلىچخان بىلەن ھۈسەيىن ياغانتېگىنىنىڭ تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى جەم قىلالىشىڭىز ئۇڭايغا چۇشمەيدۇ. كاشغەرنىڭ ئۆزىدىن لەشكەر ئالىمەن دېسىڭىز، ئۇ يەردىكى ئەل ـ رەئىيەتنىڭ قاچالىغىنى قېچىپ، قاچالمىغىنى ئۇدۇن خانىنىڭ چاڭگىلىغا چۇشكەن بولغاچقا، ئۇلار ئارىسىدىنمۇ يېتەرلىك لەشكەر جۇغلىماق ئاسان ئەمەس، — دېدى ئەھمەد ئويچان قىياپەتتە، — بۇ يەردىن بىز قولىمىزدىكى لەشكەرنىڭ بىر قىسمىنى ھىمايىڭىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى دېسەك، خان سىز بىلەن بىللە كاشغەردىن چىققان لەشكەرلەرنى بەرمىگەن يەردە، بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىزنى ھەرگىز قولىلمايدۇ. ئەمما، سىزنى كاشغەرگە بۇنداق ھالەتتە يولغا سېلىپ قويۇشقا بىزنىڭ كۆڭلىمىز ئۇنىمايدۇ...

چېدىر ئىچى بىردىنلا جىمىپ كەتتى. قېرىنداشلارنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر خىياللار قايىنىمىغا چۆككەندى.

— سىزنىڭ بۇ ھەقتە باشقىچىرەك ئويلىغانلىرىڭىز بارمۇ، ئاكا؟ — سورىدى ئەلتېگىن خېلى ئۇزاق جىمجىتلىقتىن كېيىن.

— مەن كۆپ ئويلاندىم، ئەمما بىر قارارغا كېلەلمىدىم.

— ئەمىسە مۇنداق قىلساق قانداق، — دېدى ئەھمەد بىردىنلا ھاياجانلانغاندەك تىزىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ، — ئېكتارلار، بايلار، چارۋىدارلارنىڭ قوللىرىدىكى مۇھاپىزەتچىلىك، كۆزەتچىلىك ئىشلىرىنى قىلىدىغان لەشكەرلەرنى جەم قىلساق ئاز ـ تولا

لەشكەر يىغقىلى بولۇشى مۇمكىن[1]. مەن پەرغانە ۋادىسىدىكى بايلار، ئېكتارلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ قولىدىكى جىمىكى لەشكەرلەرنى ئاكامغا ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن بىر يەرگە جەم قىلاي، ئۆنىگدىن باشقا، نامانگان، ئىسپىجاپ، قوقەند، تالاس قاتارلىق جايلارنىڭ ھاكىمبەگلىرىگە، بىز ھەسەنىيلەرگە ھەمدەم بولۇشنى قوللايدىغان يۇرت كاتتىلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتەي. شۇنداق قىلساق ئىككى ـ ئۈچ تۈمەن لەشكەر يىغالايمىز.

ـــ بۇمۇ بولىدىغان چارە ئىكەن، ـــ دېدى ئەلتېگىن ئالدىرىماي سۆزلەپ، ـــ مىنىڭمۇ ئېسىمگە مەداين[2]لىق بۇرادەرلىرىم كېلىۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، ئۇلارنىڭ قولىدا ئىككى تۈمەندىن كۆپرەك لەشكەر بار ئىمىش. ئۇلار بىلەن نەچچە مەرتەم ئەسىرالاشقان ۋاقتىمدا، ئۇلار ئۆزلىرىنى دىنىمىز ئۈچۈن ئاتىۋەتكەنلىكىنى، مەيلى قەيەردە دىنىمىزنى كېڭەيتىش، مۇستەھكەملەش ئۈچۈن جەڭ بولۇپلا قالسا، يات دىندىكىلەر بىلەن جەڭ قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ئەگەر مەن بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچسام ھەرگىز ياق دېمەيدۇ.

ـــ سىز دېگەن مەداينلىقلار تەلىپىڭىزنى قوبۇل كۆرەرمۇ ئەزىز ئىنىم؟ ـــ سورىدى يۈسۈپ قادىرخان سەل روھلىنىپ.

ـــ ئىشقىلىپ، مەن ئېغىز ئاچساملا ياق دېمەيدۇ، ئاكا. بۇ قوشۇنغا باشچىلىق قىلىدىغانلارنى ئادەتتە باشقىلار «تۆت ئىمام» دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ تۆت ئىمامنىڭ مەدايىندىلا ئەمەس، باشقا جايلاردىمۇ ھۆرمىتى خېلىلا زور. ئەگەر ئۇلار سەپەرۋەر قىلىدىغانلا بولسا، لەشكەرلىرى ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئاۋۇيدۇ.

---

[1] قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە خانغا بىۋاستە قارايدىغان قوشۇنلاردىن باشقا، ئىلىك خانلارغا، ئېكتارلارغا ۋە باشقا ئەمەلدارلارغا قارايدىغان قوشۇنلار، مۇھاپىزەتچىلەر بولغان.

[2] مەداين ـــ مىلادىيە 224 ـــ 651 ـ يىللار ئارىلىقىدا ھۆكۈم سۈرگەن ئىران سامانىيلار سۇلالىسىنىڭ پايتەختى بولغان. بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى باغدادنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇ تەرەپتە تارىخچىلارنىڭ كۆنىمۇ بەكلا مۇشكۈل ئىكەن. بىز ھازىر قىيىن ئەھۋالدا قالغاندىكىن، ئەگەر ئۇلار بىزگە ھەمدەمدە بولسا، ئىشلار تۈگىگەندە ئوبدانراق پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە ۋەدە قىلساق، ھەرگىز لەۋ چىشلەپ تۇرۇۋالمايدۇ.

ــ بۇ چارىمۇ بولىدىكەن، ــ دېدى ئەھمەدمۇ خۇشال بولۇپ، ــ شۇنداق قىلايلى، مەن بايا دېگىنىمدەك قىلاي، سىز مەدايىنغا ئۆزىڭىز بېرىپ، تۆت ئىمام بىلەن ئۆزىڭىز كۆرۈشۈپ، ئىمكان بولسا بىللە ئەكېلىڭ، ئىنىم...

ــ ماقۇل، خاتىرجەم بولۇڭلار... مەن ئاكام ۋە يۇرتىمىز كاشغەر ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇلارنى ماقۇلغا كەلتۈرىمەن.

ــ رەھمەت، ئەزىز ئىنىلىرىم. ئەگەر سىلەر دېگەندەك بۇ ئىش راستلا روياپقا چىقىدىغان ئىش بولسا، مەن ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ كىندىك قېنى، قەدەم ئىزى چۈشكەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىپ، ئۇدۇن خانىدىن تولىمۇ ئۇزاقتا سوزۇلغان ئىنتىقامنى ئېلىشقا مۇشەررەپ بولاتتىم، ــ دېدى يۈسۈپ قادىرخان خۇددى قەسەم قىلىۋاتقاندەك دانىمۇدانە سۆزلەپ.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى. نۇرغۇن مەسلىھەتلەرنى قىلىشتى. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزلىرىگە يۈتلىكاشاڭ بولىدىغان ئىشلارنىمۇ نەزىرىدىن ساقىت قىلماي ئوتتۇرىغا قويۇشۇپ، شۇنىڭغا ماس ئىشلاردا بىرلىككە كېلىشكەندىن كېيىن، تەڭ كېچىدىن ئۆتكەندە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

## 23

قوشۇن بىر خىل رىتىمدا ئالغا سىلجىۋاتاتتى. ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان تۇغچى لەشكەرنىڭ قولىدىكى تۇغلار سەلكىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىكى يۇرتۇغلارنىڭ

ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان يۈسۈپ قادىرخان ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى پات ـ پات تارتىپ قويغاچ گىياھسىز تاقىر سايغا قاراپ قوياتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئوردۇكەنتنى قايتۇرۇۋالغىنىدىن خۇشال بولۇپ، غەلىبە تەنتەنىسىدىن قاقاھلاپ كۈلسە ئەرزىيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەن بولۇپ، كۆڭلىنى بىر خىل تەشۋىش چۇلغىۋالغاندەكلا ئىدى.

يۈسۈپ قادىرخان خۇراساندىكى قارارگاھىدا ئىنىلىرى بىلەن ئەتراپلىق كېڭەش ئۆتكۈزگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەھمەد بىلەن ئەلتېكىن ئۆز ۋەدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىنىشتى. ئارىدىن دەل بىر ئاي ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ خۇش خەۋىرى كەلدى: مەداينىلىق تۆت ئىمام ئەلتېكىننىڭ ياردەم تەلەپ قىلىش ھەققىدىكى ئىلتىجاسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىپتۇ ـ دە، ئۆز تەۋەسىدىكى لەشكەرلىككە يارايدىغان ئەركەكلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ، ئۆز سېپىنى تولۇقلاپ، تۆت تۈمەندىن ئوشۇقراق لەشكەر بىلەن يولغا چىقىپتۇ. ئەھمەدمۇ نۇرغۇن كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۈچ تۈمەن ئەتراپىدا لەشكەر جەملەپ يولغا ساپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يۈسۈپ قادىرخان قەۋەتلا خۇشال بولدى ۋە ئۇلار خۇراسانغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىككى كۈن ئارام ئالدۇرۇپلا ئۇدۇل كاشغەرگە ئاتلاندى. مۇساپە ئۇزۇن، يول جاپالىق بولسىمۇ، كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈش ئارقىلىق كاشغەرگە يېتىپ كەلدى. شۇ ئارىدا ئۇدۇنلۇقلار كاشغەرنى ئىككىنچى قېتىم بېسىۋالغاندا، ئوردۇكەنتتىن قېچىپ چىقىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرلەردە پاناھلىنىۋاتقان كاشغەرنىڭ ھاكىمبېگى ئىسلامخان تۇركىيمۇ يۈسۈپ قادىرخان بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن ھەسەن قىلىچخان بىلەن ھۈسەيىن ياغانتېكىننىڭ دەشت ـ چۆلدە پىتىراپ كەتكەن لەشكەرلىرىنىڭمۇ بىر قىسمى سەپكە قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ قادىرخان ئۆز سېپىنى ئۈزۈكسىز ئۇلغايتىپ، بۈگۈن

ئەتىگەن قۇتلۇق ۋاقىتتا ئوردۇكەنتكە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن قانلىق جەڭ قىلدى. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ قاچالايدىغانلىرى قاچتى، قاچالمىغانلىرىنىڭ بېشى ئېلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئوردۇكەنتتىكى نۇرغۇن قېتىملىق قىرغىنىدىن ئامان قالغان ئەل ـ رەئىيەت سىپىل قوۋۇقىنىڭ سىرتىغا چىقىپ يۇسۇپ قادىرخاننى داغدۇغا بىلەن قارشى ئالدى. ئارسلانخان بوۋىسى بۇنىڭدىن نەچچە ئون يىل مۇقەددەم قاراخانىيلارنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان خان ئوردىسىغا كېيىنكى ۋاقىتلاردا كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى، يول بويلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئۆرۈۋېتىلگەن، بەزىلىرىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىدى. كوچىلاردا يېرىم يالىڭاچ باللار ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ تىلەمچىلىك قىلىشىۋاتاتتى. مەسچىتلەر ئورنىغا سېلىنغان يېڭى بۇتخانىلار كىشىلەرگە تولىمۇ سوغۇق تۇيغۇ بېرەتتى. يۇسۇپ قادىرخان قارىغانسېرى ئوردۇكەنت ئۆزگىرىپ كەتكەندەك، بۇرۇن بۇ يەرنى پەقەت كۆرۈپ باقمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئۇ ئىسلامخان تۇركىنىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ھەشەمەتلىك ئوردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ـ دە، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ھاياجان ياشلىرىنى تۆكتى بۇنى كۆرۈپ ئىسلامخان تۇركىيمۇ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى. يۇسۇپ قادىرخان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاللىقاچان ئۆز ھىمايىسىگە ئۆتۈپ، نۆكەرلىرى قاتتىق مۇھاپىزەت تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ قوغداۋاتقان ئوردا قوۋۇقىدىن كىرىپ، بۇرۇن ئاتىسى تۇرغان، ماڭغان جايلارنىڭ ھەممىسىنى بىر قۇر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئاللىقانداق بىر خىل قىزىقىش بىلەن ئوردىغا يانداش سېلىنغان خانلىق كۇتۇپخانا بىلەن خانلىق مەدرىسە تەرەپكە بۇرالدى ـ دە، ئۆزىگە تونۇش ئىمارەتلەرنىڭ ھازىرقى كۆرۈنۈشىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى، بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى.

ــ ھەممىسى ياغلاقار قالۇ خاننىڭ پەرمانى، ــ ئالدىراپ

چۈشەندۈردى ئىسلامخان تۈركىي، — ئۇلار ئوردۇكەنتنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ھەممە مەسچىتلەرنىڭ ئورنىغا بۇتخانا سېلىش ھەققىدە پەرمان چىقاردى، قارشى چىققانلارنى قىرغىن قىلدى...

— راست، ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ قاپتۇ. مەن ئۆزلىرىگە ياغلاقار قالۇ بىلەن ئىككى سانغۇننىڭ دېرىكىنى ئېلىشنى تاپشۇرغانىدىم، بۇ ئىش قانداق بولدى، جانابلىرى؟ — توساتتىنلا سورىدى يۈسۈپ قادىرخان بۇ كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەرنى كۆرۈشنى خالىمىغاندەك.

— باياتىن لەشكەرلىرىمىز تۇتۇۋالغان يۈزبېشىدىن ئېنىقلاپ كۆرسەم، ئۇ جاھىل بۇددىست ئۆزلىرىنىڭ خوراساندىن لەشكەر باشلاپ جازا يۈرۈشىگە ئاتلانغانلىقلىرىنى ئاڭلاپلا قوشۇنىدىكى بىر مىڭبېشىنى كاشغەرنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلەپ، ئۆزى ئىككى سانغۇننىڭ ھىمايىسىدە ئاللىقاچان يۇرتخان شەھىرىگە تىكىۋېتىپتۇ. ئۇ تەيىنلىگەن ھاكىمبەگ ئىككى ئاش پىشىم ئىلگىرى ئوردىغا بېسىپ كىرگەن لەشكەرلىرىمىزنىڭ سۈر - ھەيۋىسىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتۇ.

يۈسۈپ قادىرخان خانلىق مەدرىسە بىلەن كۇتۇپخانىنىڭ ۋەيران قىلىنغىنىغا كۆڭلى پەرىشان بولدىمۇ ياكى ياغلاقار قالۇ خاننى مۇشۇ يەردە قولغا چۈشۈرەلمىگىنىگە ئۆكۈندىمۇ، ئەيتاۋۇر بېشىنى چايقاپ قويدى. شۇ ئەسنادا خانلىق مەدرىسە تەرەپتىن كەلگەن بىر توپ كىشى يۈسۈپ قادىرخانغا بىرنەچچە قەدەم قالغاندا، بىرسى كوماندا بەرگەندەك ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئارسلانخان غوجام!

يۈسۈپ قادىرخان تېزلىكتە ئاتتىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئەڭ ئالدىدىكى چاچ - ساقاللىرى ئۇچىتەك ئاقارغان، ياداڭغۇ چىراي، كۆزلىرىدىن مىسكىنلىك، ھەسرەت چىقىپ تۇرىدىغان خانلىق مەدرىسەنىڭ مۇدەررىسى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۇستاز!
— بىزنى كەچۈرسىلە، ئارسلانخان ئالىيلىرى، مەدرىسەنى ئامان ـ ئېسەن ساقلاپ قالالمىدۇق، — دېدى مۇدەررىس ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ كۆزىگە ياش ئېلىپ، — بىز ئۆز مەجبۇرىيىتىمىزنى ئادا قىلالمىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئالدىلىرىدا تولىمۇ خىجىلمىز...
— بولدى، بۇنداق دېمىسىلە، خانلىق مەدرىسە تالاپەتكە ئۇچرىغان بولسا، ئۇنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرىمىز، ھەرقايسىلىرى بولغاندىكىن، بىلىك ئىشلىرى يەنە تېزلا ئەسلىگە كېلىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسىلىرى بۇرۇنقىدەك قەددىلىرىنى تىك تۇتۇپ، خانلىقىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشارلا...
— ھەشقاللا، ئارسلانخان ھەزرەتلىرى، — دېدى مويسىپىت مۇدەررىس، — ئەمەلىيەتتە، مەدرىسە ۋەيران بولمىدى، ئالىيلىرى، ۋەيران بولغىنى ئۇنىڭ ئىمارەتلىرى. ھەقىقىي بىلىك بېرىدىغان جىمىكى ماتېرىياللارنى ساقلاپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ بىر پارچىسىمۇ ياۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالمىدى.
— ھوششەرە ئۇستاز! — يۈسۈپ قادىرخان ھاياجانلانغان ھالدا كۈلۈمسىرىدى، — بۇ تولىمۇ خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ. ئاشۇ ماتېرىياللار ۋە ھەرقايسىلىرىدەك ئۇستازلار بولسىلا، مەدرىسە قۇرۇلۇشىنى ئاز كۈندىلا رېمونت قىلىپ، بىلىك ئىشلىرىنى قايتىدىن بۇرۇنقىدەكلا باشلايمىز. ئۇ چاغدا يەنە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يىغىلىپ، خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلىدىغانلار كۆپىيىدۇ!
— دېگەنلىرىدەك بولغاي، ئالىيلىرى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ كەمىنىلىرىنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى، — دېدى مويسىپىت مۇدەررىس كۆزىدە لىغىرلاپ تۇرغان ياشنى سۈرتۈپ.
— سىلى تېزلىكتە ئۇستىكارلارنى تېپىپ بۇ قۇرۇلۇشلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قايتىدىن يېڭىلاپ سېلىشقا تۇتۇش قىلسىلا! نەچچىلىك خىراجەت كەتسە مەيلى، چوقۇم ناھايىتى

گۈزەل ۋە كۆركەم بولغاي! — دېدى يۈسۈپ ئارسلانخان بىردىنلا ئىسلامخان تۈركىي تەرەپكە بۇرۇلۇپ.

— ئىلەل، ئالىيلىرى، پېقىر قۇللىرى دەرھال كىرىشەي! — دېدى ئىسلامخان تۈركىيمۇ كۈتۈرەڭگۈ روھ بىلەن.

شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ قادىرخان ئوردۇكەنتتە ئىككى كۈن تۇرۇپ، جىددىي بىر تەرەپ قىلىدىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، بىر بۆلەك قوشۇننى ئاقسۇ تەرەپتىن يورۇڭقاش دەرياسىنى بويلاپ يۈرۈش قىلىپ، يۇرتخان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرۇدى. ئاندىن ئۆزى مەدايىنلىق ئىماملار ۋە ئىنىسى ئەھمەد جەملىگەن لەشكەرلەر بىلەن ياۋنىڭ يېڭىسار، ياركەند، قاغىلىقتىكى لەشكەرلىرىنى سۈر - توقاي قىلىپ ئۇدۇل ئۇدۇنگە كىرىش ئۈچۈن ئاتلاندى. ئۇ سەپەر جەريانىدا بۇ قېتىمقى جەڭنىڭ كاشغەر زېمىنىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلەپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۆزىنىڭ توغانخان ئەۋۋەل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلغانىدى. شۇڭا، قانداقلا بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، ھەر قېتىملىق جەڭدە چوقۇم نۇسرەت قازىنىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق، ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى. يۈسۈپ ئارسلانخان قوشۇننى باشلاپ يېڭىسار زېمىنىغا كېلىپ، شەھەر قوۋۇقىدىن كۆز يېتىم يەردىكى تۈزلەڭلىككە چېدىر - بارگاھلىرىنى تىككىلىمۇ ئىككى ھەپتىدىن ئاشتى. ئۇلار دەسلەپكى كۈنى سېپىل قوۋۇقىغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مۇستەھكەم سېپىل ئۈستىدىكى ياچىلارنىڭ ئاتقان ئوقلىرى بۇغرا قوشۇنىدىكى لەشكەرلەرنى خېلى تالاپەتكە ئۇچراتتى. سېپىل ئېگىز بولغاچقا بۇغرا قوشۇنى ئارقا - ئارقىدىن نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇرۇنۇشلىرى بىكارغا كەتتى. ئاخىر سېپىلدىن نەچچە چاقىرىم يىراق جايدا بارگاھ قۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇلار ھەر كۈنى سېپىل قېشىغا كېلىپ، ناغرا - سۇنايلىرىنى چېلىپ، يېڭىسار ھاكىمبېگىنى جەڭگە ئۈندىگەن بول-

سىمۇ، لېكىن ئۇلار سېپىل قوۋۇقىنى ئىچىپ جەڭگە چۈشمەي، يا ئوقلىرىنى ياغدۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇغرا قوشۇنلىرى نا ـ ئىلاج قالاتتى.

ـــ بۇلارنى جەڭگە چىللاپ هاردۇق، خان ئالىيلىرى، ـــ دېدى ئىمامى ناسىردىن كۆزلىرىنى سېپىل ئۈستىدىكى كۇنگۇرىلىك مۇداپىئە تېمىسغا تىكىپ، ـــ ئېهتىمال ئۇلار بىزنى تېرىكتۇرۇۋاتقان بولۇشى مۇمكىن. هازىر سېپىلنىڭ تۆت تەرەپتىكى هەممە قوۋۇقنىڭ ئالدىدا بىر تۈمەندىن لەشكەرلىرىمىز بار. مەيلى قايسىلا قوۋۇق ئېچىلسا، شۇ هامان كەلكۈن سۈيىدەك دەۋرەپ شەهەر ئىچىگە كىرىۋالساقلا، ئۇلارنى ئوڭايلا ئۆزىمىزگە قارام قىلاتتۇق...

ـــ بۇ ئىشتىن مېنىڭمۇ بېشىم قېتىۋاتىدۇ، ئىمام. ئەمما، ئامالىنى چوقۇم قىلىمىز. قوشۇن باشلىرى هازىر شوتا ياساۋاتىدۇ، بەلكىم بۇ ئامالىمىز ئەسقېتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس!

ـــ ئەگەر شوتىلار پۈتسە، بۈگۈن كېچە ئىككىنچى تاك ـ تاك ۋاقتىدا سېپىلغا تېگىش قىلىپ باقساق قانداق بولار، ئارسلانخان ئالىيلىرى؟..

يۈسۈپ قادىرخان بەش غۇلاچ ئېگىزلىكتىكى سېپىلغا قاراپ ئاستا بېشىنى لىڭشىتتى.

شۇ كېچىسى تۈن نىسپىي بىلەن بىر توپ بۇغرا لەشكەرلىرى شوتا كۆتۈرگەن پېتى سېپىلغا يېقىنلاشتى ـ دە، شوتىلىرىنى سېپىلغا تىرەپلا ناهايىتى ئېهتىيات بىلەن يۇقىرىغا يامىشىشقا باشلىدى. ئەمما، تۈنجى لەشكەر ئەمدىلا سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، كۇنگۇرىلىك مۇداپىئە قاپقىنىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇپ تۇرۇشىغا قاپقىنغا يۆلىنىپ مۈگدەۋاتقان لەشكەر ئويغىنىپ كېتىپ ۋارقىرىدى:

ـــ ياۋ، ياۋ بېسىپ كەپتۇ!...

بىردىنلا سېپىل ئۈستىدىكى ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئارىسىدا ۋارقىراش ـ جارقىراشلار باشلىنىپ كەتتى. هەممە ياقتا ئوت ـ

قاشلار يېنىپ، بۇغرا لەشكەرلىرى سېپىل ئۈستىگە چىقىش بىلەن تەڭ قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ئارقىسىغا ئۆچۈپ چۈشۈشكە باشلىدى. بىر چاغدا سېپىل قوۋۇقچىبېشى قىلىچنى پولاتئالاتقان پېتى يۇگۇرۇپ كەلدى ـ دە، ئەمدىلا بېشى سېپىل ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەن بۇغرا لەشكىرىنىڭ بوينىنى چەنلەپ قىلىچ ئۇردى. شۇ ئان ئۇنىڭ گەۋدىسى شوتىدىن ئاجرىدى ـ دە، گۈپ قىلىپلا سېپىل تۈۋىگە چۈشتى. سېپىل ئۈستىدىكىلەر ئەمدى شوتىلارنى ئىتتىرىپ، بۇغرا لەشكەرلىرىنى يېقىن يولاتمىدى.

ـــ ئېتىڭلار! ـــ دەپ ۋارقىرىدى ئىمامى ناسىردىن باياتىن بېرىقى ئىشلارنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغاندەك بار ئاۋازدا، ـــ ئاۋۇ ئوتقاش كۆتۈرۈۋالغانلارنى چەنلەپ ئېتىڭلار!

ياچىلار بىردىنلا كىرىچلىرىنى كۈچ بىلەن تارتىپ قويۇۋەتتى. ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى. شۇ ئەسنادا سېپىل ئۈستىدە ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان، ئاللا ـ تۇۋا قىلىشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى.

ـــ ئوتقاشلارنى ئۆچۈرۈپ، ياۋغا قارشى ئېتىڭلار، ـــ سېپىل ئۈستىدىنمۇ بىرسىنىڭ دەھشەتلىك ۋارقىرىشى ئاڭلاندى. ئوتقاشلار بىردەمدىلا ئۆچۈپ، ھېچنېمىنى ئىلغا قىلغىلى بولماي قالدى. بۇنىڭ بىلەن سېپىل ئۈستىدىن ۋىژىلداپ كېلىۋاتقان يا ئوقلىرى ئەمدى بۇغرا لەشكەرلىرىنى تالاپەتكە ئۇچرىتىشقا باشلىدى.

ـــ چېكىنىڭلار! ـــ ئىمامى ناسىردىن پەس ئاۋازدا يارلىق چۈشۈردى، ـــ ياۋ بىزنىڭ چېكىنگىنىمىزنى بىلمەي قالسۇن!...

بۇغرا لەشكەرلىرى ھۇررا ـ سۈرەن سالغاچ ئاستاغىنا بارگاھقا چېكىنىشتى.

ـــ قانداق قىلساق بولار؟ ـــ سورىدى يۈسۈپ ئارسلانخان بولغان ئىشلانى تەپسىلىي ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، ـــ ياۋ قوۋۇقتىن چىقسىلا، ئۇلار بىلەن يەكمۇيەك ئېلىشساق، بەلكىم

www.uyghurkitap.com

بىز ئۈچۈن بىرەر پايدىلىق پۇرسەت تۇغۇلۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇلار ئىككى ھەپتىدىن بېرى تۈگۈلۈپ يېتىۋاتىدۇ. بۇنداق ھالەتتە بىزنىڭ شەھەرنى ئېلىشىمىز بىر گەپ بولدىغۇ...

شۇ ئەسنادا چېدىر ئالدىدىكى نۆكەر يۇقىرى ئاۋازدا مەلۇم قىلدى:

— بىر لەشكەر خان ئالىيلىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ!

خان ئىمامى ناسىردىنغا قاراپ قويغاندىن كېيىن ئىجازەت بەردى:

— كىرگۈزۈۋەت!

ھايالشىمايلا چېدىر ئىچىگە بىر لەشكەر كىرىپ كەلدى ـ دە، چېرىكچە سالام بەرگەندىن كېيىن، تاپىسىدىلا قول باغلاپ تۇردى.

— خوش... — دېدى ئارسلانخان ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، — بۇ كەچتە كېلىشىڭىزنىڭ ۋەجى نېمىدىنىكىن؟

— قۇللىرىنىڭ ئىسمىزاتى باقىت، تېگى ـ تەكتىم مۇشۇ يېڭىساردىن، بۇرۇن بۇغرا قوشۇنىدا خىزمەت قىلىپ، كېيىن قوۋۇقچىبېشى بولغانمەن. ئۇدۇن لەشكەرلىرى بۇ يەرگە كەلگەندە، ھەرقانچە تىركەشكەن بولساقمۇ، ئۇلارنىڭ ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، پىتىراپ كەتكەن قوشۇن بىلەن ئۇ يەر ـ بۇ يەردە كۈن ئۆتكۈزۈپ يۈردۈم. بۇ قېتىم ئالىيلىرى كاشغەرگە كەلگەندىن كېيىن يەنە سەپلىرىگە قېتىلىپ بۇ يەرگە كەلدىم. مەقسىتىم، ھەرقايسىلىرىنىڭ يېڭىسارنى تېزرەك ئېلىشلىرىغا ھەمدەمدە بولۇپ، بۇ يۇرتتىكى زۇلۇم ـ سىتەم چېكىۋاتقان رەئىيەتنى رىيازەتتىن بىر كۈن بولسىمۇ بۇرۇنراق قۇتۇلدۇرۇش...

يۈسۈپ ئارسلانخان باقىتنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سەل قىزىقسىنغاندەك كۈلۈمسىرىدى:

— سۆزلەۋېرىڭ...

— بىز بۇ سېپىلنى قورشاپ يېتىۋاتقىلى ئون كۈنلەردىن

ئېشىپ كەتتى، ئالىيلىرى، ئەمما ئۇدۇن لەشكەرلىرى قوۋۇقنى ئېچىپ جەڭگە چىقمايۋاتىدۇ. بۇنداق تۇرىۋېرىش بىزگە ياخشى ئەمەس. شۇڭا، مەن بىرەر يوچۇق تېپىلارمىكىن دەپ پۈتۈن سېپىل ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىقتىم. دېگەندەك سېپىل ئىچىگە سۇ كىرىدىغان ئۆستەڭنىڭ بارلىقىنى بايقىدىم.

— خوش، نېمە دېمەكچىسەن؟ — ئالدىراپ سورىدى ئىمامى ناسىردىن.

— سېپىلنى ھۇجۇم بىلەن ئېلىش مۇمكىن ئەمەس. پېقىر ئەينى ۋاقىتتا بۇ يەردە قوۋۇقچىبېشى بولۇپ تۇرغاندا، ھەر كۈنى نەچچە قېتىملاپ سېپىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئايلىنىپ يۈرگەنمەن. سېپىل تولىمۇ مەزمۇت ۋە پۇختا. شۇڭا، باشقىچە ئامال قوللانساقمىكىن، دېگەن ئويدىمەن.

— قېنى پىلانىڭنى سۆزلەپ باق!

— پېقىرنىڭ تېگى - تەكتىم يېڭىسارلىق بولغاچقا، بازار، رەستىلەرنى، كوچىلىرىنى پىششىق بىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر سېپىل ئىچىدە شۇ ۋاقىتتا خېلى ئوبدانلا ئەسرالاشقان بۇرادەرلىرىممۇ بار. شۇڭا، سېپىل ئىچىگە سۇ ئاقىدىغان ئۆستەڭدىن كىرىپ، ئەھۋاللارنى بىر قۇر ئىگىلەپ چىقساممىكىن دېگەن ئويدىمەن.

— بۇ خەتەرلىك ئىش، باقىت، ئالىمادىس ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسىڭىز...

— مەنمۇ ئويلاپ كۆردۈم، ئالىيلىرى. بۇنىڭدىن باشقا ياخشىراق ئامال يوق ئىكەن. شۇڭا، ماڭا ئىجازەت بەرسىلە، بىر تەۋەككۈل قىلىپ باقاي.

يۈسۈپ ئارسلانخان باقىتنىڭ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىمامى ناسىردىنغا قارىدى. ئىمامى ناسىردىن بېشىنى ئىرغىتقاندىن كېيىن، دېدى:

— ئۇنداقتا مەيلى، ئەمما كۆپرەك ئېھتىيات قىلىڭ، لەشكەرلەردىنمۇ كۆپرەك ئېلىۋېلىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— يوقسۇ، ئالىيلىرى، بۇنىڭغا كۆپ ھەمراھ ئىلىش بىھاجەت. ئادەم قانچە كۆپ بولسا، خەتەر شۇنچىلىك كۆپ بولىدۇ. مەن پەقەت ئىككى ھەمراھ ئىلسۇالساملا بولىدۇ.

— دېگىنىڭىزدەك بولسۇن، ئۇياقتا بەك ھايال بولۇپ قالماڭ...

— ئىلەل، ئارسلانخان ئالىيلىرى...

باقىت ئورنىدىن تۇرۇپ، چېدىردىكىلەرگە ئېگىلىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، كەينىچىلەپ مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

— بۇ تولىمۇ چېچەن ئادەمدەك قىلىدۇ، ئالىيلىرى، پەممىچە، بىزگە ياخشى خەۋەر ئېلىپ كېلىشىدە گەپ يوق.

— دېگەنلىرىدەك بولسىغۇ ئوبدان بولاتتى.. ئىلاھىم نۇسرەت يۇلتۇزى بىز تەرەپكە نۇر چاچقىيدى...

— ئارام ئالسىلا، ئالىيلىرى، بۇ ئىشلاردىن تولا ۋايىم يېمىسىلە. ۋاقتى كەلگەندە، كۈتكىنىمىزدىنمۇ ياخشىراق ئامال تېپىلىدۇ.

يۈسۈپ قادىرخان گەپ قىلمىدى. ئىمامى ناسىردىن ئورنىدىن تۇرۇپ چېدىر سىرتىغا چىقتى ـ دە، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەردە يېقىلغان گۈلخان يورۇقىدا ئاران ئىلغا قىلغىلى بولىدىغان چېدىرلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ياتقاقلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەش ئۈچۈن ماڭدى.

— ئىم ! — قاراڭغۇلۇقتىن بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

— توغرۇل — دېدى ئىمامى ناسىردىن تېزلا جاۋاب بېرىپ، — قانداق، بىرەر شەپە بارمۇ؟

— يوق، ئەتراپ تىنچ.

— ئۇخلاپ قالماڭلار. ياۋ ھەرقاچان ئايغاقچى ئەۋەتىپ تىڭتىڭلىشى مۇمكىن. سەللا بىخۇدلۇق قىلساق كاللىمىزدىن ئايرىلىمىز.

— باش ئۈستىگە...

ئىمامى ناسىردىن بىرەر ئاش پىشىم ئىچىدە ئۆزى گۇمان

قىلىدىغان يەرلەردىكى ياتقاقلارنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۆز چېدىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، نېمىشقىدۇر يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ بىردەم تۇرۇۋالدى. ئاندىن قانداقتۇر بىر ئىشتىن ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

ئەتىسى تىنچلا ئۆتۈپ كەتتى. بۇغرا قوشۇنلىرى سېپىل قوۋۇقى ئالدىدا ناغرا ـ سۇنايلارنى چېلىپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدىغان تالاي بەدەۋىي تىللار بىلەن تىللىغان بولسىمۇ، ئۇدۇن لەشكەرلىرى يا ئوقى بىلەن جاۋاب قايتۇردى. بۇغرا قوشۇنلىرى كۈن غەربكە قىيسايغاندىلا ئاندىن قارارگاھىغا ياندى.

— باقىتتىن ھازىرغىچە بىرەر خەۋەر يوق. بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟ — سورىدى شۇ كۈنى كەچتە ئارسلانخان.

— خاتىرجەم بولسىلا، ئارسلانخان ھەزرەتلىرى، بەلكىم ئۇنداق بولۇپ كەتمەس...

باقىت يۇسۇپ ئارسلانخاندىن ئىجازەت ئالغاندىن كېيىن، ئۇدۇللا ئۆز چېدىرىغا باردى ـ دە، كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئىشەنچلىك ھەمراھلىرىدىن ئىككىنى ئەگەشتۈرۈپ، جىمجىتلا بۇغرا لەشكەرگاھىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ئۆزى تەپسىلىي كۆرۈپ، ھەممىنى ئېنىقلاپ كۆڭلىگە پۈكۈۋالغان ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ، ئاۋايلاپ سۇغا كىردى. ئۆستەڭ ئادەمنىڭ مەيدىسىگە كەلگۈچىلىك چوڭقۇر بولسىمۇ، سۇنىڭ ئېقىشى نورمال بولغاچقا، سۇ بىلەن بىللە ئېقىپ سېپىل ئاستىدىن ئوڭۇشلۇق ئۆتۈپ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۆستەڭ بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ شېخىغا ئېسىلىپ قىرغاققا چىقتى. باقىت ئەتراپقا سەزگۈرلۈك بىلەن قۇلاق سالغاندىن كېيىن، پىچىرلاپ دېگۈدەك سۆزلىدى:

— دەرھال كىيىملىرىڭلارنى سېلىپ، سۈيىنى سىقىۋېتىڭلار...

ئۇلار ئاي قاراڭغۇسىدا تېزلىكتە يېشىنىپ، كىيىملىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىقىپ كىيگەندىن كېيىن ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭدى. ئۇزاق ماڭماي شەرق تەرەپكە بۇرۇلۇپ كىچىك بىر كوچىغا چىقىشتى. باقىت بارماقچى بولغان تەرەپنى پەرەز قىلىشقا تىرىشقاندەك بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، كوچىنىڭ باش تەرىپىگە قاراپ مېڭىپ، يەنە بىر ئايلانمىدىن ئەگىپ ئۆتتى. دەل شۇ چاغدا يېقىنلا يەردىن تاك ـ تاك ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جاھان تىنچ، ئەل ئامان!...

تاكتاكچى خىرقىراق، بوغۇق ئاۋازدا ماڭدامدا بىر توختاپ توۋلىۋەتكەندىن كېيىن يەنە ماڭاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشىپ تاكتاكچى خېلى يىراقلاپ كەتكۈچە مۆكۈپ تۇرغاندىن كېيىن يوللىرىنى داۋام قىلدى. باقىت ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن، ئەمما تېز ـ تېز ماڭاتتى. ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭدىن قالماسلىق ئۈچۈن يېتىشىپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇلار ھاكىمبەگ مەھكىمىسىگە بارىدىغان كوچىغا چىقىشتى. باقىت ئەمدى يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، يەنە بىر خالتا كوچىغا بۇرالدى ـ دە، كوچىنىڭ ئاخىرىدىكى قوش قاناتلىق دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ، ئەتراپقا زەن سېلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشىكنى بوشلا ئۇردى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپ ئىچكىرىدىن بىرسىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— كىم؟

— مەن ... ئىشىكلىرىنى ئاچسىلا، مۇقشاربەگ، يېقىن بۇرادەرلىرى سىلىنى پاناھ تارتىپ كەلدى.

ئۆي ئىچىدىكى ئاۋاز جىمىپ، خېلى بىر چاغدا گۈڭگا چىراغ يورۇقى كۆرۈندى ـ دە، ھېلىقى ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:

— كىمدۇر بۇ يېرىم كېچىدە كېلىپ ئادەمنى ئاۋارە قىلغان؟ ئاۋازىدىن قارىسام تونۇشتەك... ئۆھۆ ـ ئۆھۆ ـ ئۆھۆ... ئىسمىشەرىپلىرى كىمكىن؟...

— بۇنى ھېلىلا بىلىپ قالىدىلا، مۇقشاربەگ. پېقىرنى ئۆزلىرى ئوبدان تونۇيدىلا. بەك ئەسلىرىگە ئالالمىسىلا پاچاقلىرىدىكى تاتۇقنى ئويلىسىلا...

دەرۋازا تۇۋىگە يېقىنلاشقان ئاياغ تىۋىشى بىردىنلا توختاپ قالدى ـ دە، ئىچكىرىدىن يىغلامسىرىغاندەك ئاۋاز ئاڭلاندى:

— بۇ سىلىمۇ جانابىي قوۋۇقچىبېشى؟...

— ھوش... ئەمدى گەپ قىلماي، دەرۋازىلىرىنى ئاچسىلا، مۇقشاربەگ... — دېدى باقىت ئالدىراپ، — بىز بۇ يەردە تۇرىۋەرسەك ئۆزلىرىگە مالامەت يەتكۈزۈۋالىدىلا.

ئىشىك تىرىقلاپ ئېچىلدى. باقىت ھەمراھلىرى بىلەن ئالدىراپ ھويلىغا كىردى ـ دە، ئىشىكنى قايتىدىن تاقاۋاتقان مۇقشاربەگكىمۇ قارىماستىن، ئۇدۇل سۇس يورۇقلۇق كۆرۈنۈۋاتقان ئىشىك تۇۋىگە بېرىپ توختىدى. شۇنىڭغىچە مۇقشاربەگمۇ ئالدىراپ ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا كەلدى ـ دە، ئىشىكنى ئاچتى:

— قېنى ئىچكىرىگە...

ئۇلار تەكەللۇپ قىلماي ئۆيگە كىردى. ئۆي جىنچىراغ يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى، چىراغدا كۆيۈۋاتقان كەندىر يېغىنىڭ قويۇق پۇرىقى دىماقنى ئېچىشتۇراتتى. مۇقشاربەگ تېزلىكتە چىراغ يورۇقىغا كېلىپ، يېرىم كېچىدە تۇيۇقسىزلا كەلگەن مېھمانلارغا سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن، باقىتقا غولاچلىرىنى كەڭ يايدى.

— بۇ سىلىمۇ قوۋۇقچىبېشى، كۆزۈم خاتا تونۇپ قالمىغاندۇ؟...

— شۇنداق، تەخسىر، مەن باقىت، ھايات بولساق كۆرۈشىدىكەنمىز...

— يەيدىغان رىزقىمىز بار چېغى، جانابلىرى. سىلىدىن ئايرىلغاندىن بېرى سىلىنى سېغىنمىغان، خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرمىگەن بىرمۇ كۈنۈم يوق ئىدى. مانا بۈگۈن دىدارلاشتۇق. ئەمدى ئۆلسەممۇ ئارمىنىم يوق...

— ئۇنداق دېمىسىلە، سىلى ـ بىز ياشايمىز تېخى...

مۇقشاربەگنىڭ كۆزى تېخىچە پەگاھتا تۇرغان ئىككىيلەنگە

چۈشكەندە خىجىل بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى:
— قېنى مېھمانلار، تۆرگە مەرھەمەت... ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ، دېگەندەك، شاپائەتچىمنى كۆرۈپ سىلەرنى ئۇنتۇپتىمەن. خوتۇن... ھەي خوتۇن، تۇر ئورنۇڭدىن. ئەزىز مېھمان كەلدى.
ئۇلار تەكەللۇپسىزلا تۆرگە چىقىپ كىگىز ئۈستىدە ئولتۇرۇشتى. شۇنىڭغىچە يان تەرەپتىكى ئۆيدىن ئەللىك ياشلاردىن ھالقىغان بىر ئايال چىقتى ـ دە، تۆردە ئولتۇرغانلارغا ئىبسەنگىرەپ قارىدى.
— كىم كەلدى، تېپىپ باقە خوتۇن؟... — دېدى مۇقشاربەگ ئايالىغا، — بەلكىم ئۆزۈم دەپ بەرمىسەم ھەرگىز تاپالمايسەن. ئەنە ئاۋۇ كىشى مەن ساڭا دائىم گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان باقىت قوۋۇقچىبېشى...
— ھە، مۇنداق دېسىلە! سالامەت تۇرۇشتىلىمىكىن؟... — ئايال ئەمدى ھەممەيلەنگە قاراپ چىققاندىن كېيىن، تەۋازۇ بىلەن ئېگىلىپ سالام بەردى.
— بولە خوتۇن، تېزدىن چاي قاينات.
ئايال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇقشاربەگ بىر خىل رىتىمدا پىلىلداپ قويۇق ئىس چىقىرىپ كۆيۈۋاتقان جىنچىراغنىڭ پىلىكىنى پەرلەپ قويغاندىن كېيىن، سۆكىگە چىقىپ باقىت بىلەن روبىرو ئولتۇردى.
— قانداقراق، قېرىپ كېتىپتىمەنمۇ؟ — سورىدى باقىت كۈلۈپ، — بايا ئاۋازىمنى تونۇيالماي، قۇلاقلىرىغىمۇ ئىشەنمەي قالدىلا ـ ھە!
— كۆڭلۈمدىكىنى تېپىۋالدىلا، جانابلىرى، ئۆزلىرى بۇ يەردىن ماڭار چاغدا مەن يەنە قايتىپ كېلىمەن، دېگەندىلە. لېكىن، ئاردىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي «ئۇدۇنلۇكلەر ئوردۇكەنتنى قارام قىپتۇ. ئۇلۇغ ـ ئۇششاق جىمى رەئىيەتنى قىرغىن قىپتۇ. كوچىلار ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ»

دېگەن خەۋەر پەيدا بولدى. مەن بۇ گەپلەرگە ئىشىنىش ياكى ئىشىنەلمەسلىكنى بىلەلمەي يۈرگەن كۈنلەردە، ئۆزلىرىنىڭ قول ئاستىدا تۇرغان لەشكەرلەردىن ئىككى - ئۈچى يېڭىسلاردا پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ كۈنلەردە جاھان تولىمۇ قالايمىقان بولغاچقا، مەنمۇ ئۇلارغا دەماللىققا تونۇشلۇق بىرىشكە پېتىنالمىدىم - دە، ئۆزۈمنى دالدىغا ئالدىم. ئۇلارمۇ مېنى تونۇيالمىدى. كېيىن پەيت كۈتۈپ يۈرۈپ، ئۇلاردىن ئاسماقچىلاپ سوراپ يۈرۈپ سىلىنىڭ دېرەكلىرىنى قىلدىم. ئۇلارمۇ ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن ئوردۇكەنتتە قاتتىق جەڭ قىلغانلىقىنى، ياۋ لەشكەرلىرى كۆپ بولغاچقا، بۇغرا قوشۇنىدىكىلەرنىڭ تىرىپىرەن بولۇپ كەتكەنلىكىنى، ئەمما ئۆزلىرىنى كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۆزلىرىنى ھاياتتەك، ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدىغاندەك سېزىم ئىچىدە داۋاملىق ئەسلەپ، ھەر نامىزىمدا ئۆزلىرىگە تىنچ - خاتىرجەملىك تىلەپ كەلدىم.

— يارلىرى ساقىيىپ قالدىمۇ، تەخسىر؟ — سورىدى باقىت مۇقشاربەگنىڭ سۆزىدىن ھاياجانلىنىپ.

— سىلى كېتىپ ئىككى - ئۈچ ئايغىچە يەرگىمۇ بىمالال دەسسىيەلمەي، ھاسا بىلەن ھاجىتىمدىن ئاران چىقىپ يۈردۈم. كېيىن بۇ يەرگە ئىدىقۇت تەرەپتىن ئوتاچىلىقتىن ئوبدانلا خەۋىرى بار بىر كىشى پەيدا بولۇپ قالدى. باشقىلاردىن ئۇنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ كۆرۈنۈۋىدىم، قاينىتىپ ئىچىدىغان، مەلھەم قىلىپ تاڭىدىغان دورىلارنى بەردى. شۇ دورىلارنى بىر مەزگىل ئىشلىتىۋىدىم، خېلى ئوبدانلا ئوڭشىلىپ قالدىم. مانا ھازىر بىر ئوبدان تۇرۇۋاتىمەن. ئۆزلىرىچۇ جانابلىرى قاياقتىن كېلىشلىرى؟

— ئاۋۇ تەرەپتىن، — باقىت بېشى بىلەن كاشغەر تەرەپنى ئىشارە قىلدى، — سىلى بىلەن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن كۆپ قېتىم جەڭ قىلدۇق. ئاخىر ئۈچ - تۆت مىڭ ئادەمدىن يۈزچە كىشى ھايات قاپتىمىز. كېيىن بېشىمىز

www.uyghurkitap.com

قايغان، پۈتمىز تايغان تەرەپكە مېڭىشتۇق. مەن تۆت ـ بەش بۆرادىرىم بىلەن قەيەردە كەچ بولسا شۇ يەردە تۈنەپ، بىر مەزگىلنى ئۆتكۈزدۇق ـ دە، يۈسۈپ قادىرخان بۇ تەرەپكە لەشكەر تارتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سېپىگە قېتىلدۇق.

— خاتالاشمىغان بولسام، بۇ دورەم ئۆزلىرى يەنە بۇغراخان قوشۇنلىرى بىلەن بىللە كەلدىلىغۇ دەيمەن؟ — سورىدى مۇقشاربەگ ئالدىراپ.

— ھەئە، تەخسىر. بۇ قېتىم يۈسۈپ ئارسلانخان بىلەن بىللە كەلدىم، — دېدى باقىت ئۇدۇللا، — قوشۇنىمىز يەنە ئوردۇكەنتنى قايتۇرۇۋالدى. ئەمما، يېغىسار قەلئەسىگە كەلگەندە توسۇلۇپ قالدى. كۆندە دېگۈدەك ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى جەڭگە دالالەت قىلىۋاتقان بولساقمۇ، يېغىسار ھاكىمبېگى سېپىل قوۋۇقىنى تاقىۋېلىپ، جەڭگە چىققىلى ئۇنىمىدى. بىز ھۇجۇم قىلغان بولساقمۇ تازا ئۈنۈمى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بۇ ئىككى ھەمراھىمنى ئېلىپ ئەھۋال ئۇقۇشقىلى كەلدىم. ھەرنېمە بولسا بۇرۇنقى ئۆيلىرىدە ئىكەنلا، تەخسىر. بولمىسا بۇ قاراڭغۇ كېچىدە قەيەردە تېنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرەتتىمىزكىن...

— بۇ قورۇ ـ جاينى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرى ياستىپ بەرگەن، قوۋۇقچىبېشى. بۇ يەردىن قەيەرگىمۇ بارارمەن؟...

شۇ ئەسنادا مۇقشاربەگنىڭ ئايالى مېھمانلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. ئۇلار قورساقلىرىنى توقلىغاچ، يەنە ھازىرقى ۋەزىيەت ئۈستىدە خېلى ئۇزاق پاراڭلاشتى.

— ھازىر قىيىن كۈنگە قېلىۋاتىمىز، تەخسىر، — دېدى بىر چاغدا باقىت يەنە نەق گەپكە ئۆتۈپ، — گەرچە ئوزۇق ـ تۈلۈك ۋە لەشكىرىي تەمىناتلىرىمىز خېلى يېتەرلىك بولسىمۇ، يېتىپ يېسە تاغمۇ توشۇمايدۇ ئەمەسمۇ؟ نەچچە تۈمەن لەشكەر، ئات ـ ئۇلاغ مۇشۇ يەردە يەنە بىر مەزگىل يېتىپ قالسا، ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك تەس. شۇڭا، بۇ ئىشقا بىر ئامال قىلىسىلا بولاتتى.

مۇقشاربەگ باقىتقا، ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىغا بىر پەس

تىكىلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، دېدى:

— مەن بۇغرا قوشۇنلىرىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان. تېخى تۇنۇگۇنلا يېڭىسار ھاكىمبېگى ئاۋامغا كوچىلارغا چىقماسلىقنى، يوچۇن كىشىلەر بىلەن ئالاقىلەشمەسلىكنى، ئەگەر شۇنداق كىشىلەر بايقىلىپ قالسا، ئۇرۇق - ئەۋلادىغىچە قىرىپ تاشلايدىغانلىقنى جاكارلاپ، مەھەللىلەرگە ئايغاقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ۋەھىمە پەيدا قىلغاچقا، مەنمۇ تالا - تۈزگە چىقمىغانىدىم. ئەمما، لەشكەرلەرنىڭ ھۇررا - سۈرەنلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇم. مانا ئەمدى سىلى بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا بىرسى يادىمغا كېلىپ قالدى. ئۇ سېپىل قوۋۇقىدا يۈزبېشىلىق قىلىدۇ. بەلكىم ئىچكى ئىشلارنى شۇ كىشى ئوبدان بىلەرمىكىن. مەن ئۆزلىرىنى شۇ كىشى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشنىڭ تەرەددۇتىنى قىلاي.

بۇ گەپ بىلەن باقىتىنىڭ چىرايىدا بىر خىل خاتىرجەمسىزلىكنىڭ ئىپادىسى ئەكس ئەتتى - دە، ھەمراھلىرىغا قاراپ قويدى. مۇقشاربەگمۇ بۇنى تۇيۇپ ئۈلگۈردى بولغاي، ئالدىراپ ئېغىز ئاچتى:

— خاتىرجەم بولسىلا. مەن گېپىنى قىلىۋاتقان كىشى ئايالىمنىڭ ئىنىسى بولىدۇ. ئۇ ھازىر بىز بىلەن بىللە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇدۇنلۇقلار بۇ يەرنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، مەجبۇرىي ھالدا نۇرغۇن كىشىنى لەشكەرلىككە ئالدى. ئۇ ئىنىممۇ شۇ چاغدا لەشكەر بولغان. ئۇ پەقەت تىرىكچىلىك غېمى ئۈچۈنلا لەشكەرچىلىك قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، زىنھار باشقا ئويدا بولمىغايلا...

مۇقشاربەگ داستىخاننى يىغىۋېتىپ، ئايالىغا بىرنەرسىلەرنى تاپىلىدى - دە، ئۆزى يەنە بايىقى جايىدا ئولتۇرۇپ، كاشغەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئۆزى قىزىقىدىغان ئىشلارنى سوراشقا باشلىدى. شەرق بېلىق قاسىرقىدەك ئاقىرىشقا باشلىغاندا، دەرۋازا تاراقشىپ ئېچىلىپ، يەنە يېپىلدى - دە، ھايالشمايلا مۇقشاربەگنىڭ ئايالى

لەشكەرچە كىيىنگەن بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. ئۇ كىشى ئۆيگە كىرىپ، تۆردە ئولتۇرغان يوچۇن مېھمانلارغا قاراپ تۇرۇپ قالدى ـ يۇ، تېزلا مۇقشاربەگكە قارىدى.

ـــ قېنى تۆرگە چىقسىلا، ئىنىم، ـــ دېدى مۇقشاربەگ ئورنىدىن قوزغالمايلا، ـــ بۇلار ئۆز ئادەملەر...

ھېلىقى يىگىت مۇقشاربەگنىڭ يېنىدىلا ئولتۇردى.

ـــ بۇلار كاشغەردىن كەلگەن بۇغراخان لەشكەرلىرى. ماۋۇسى مەن سىلىگە دائىم گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان باقىت قوۋۇقچىبېشى بولىدۇ...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يىگىت كۆزلىرىنى يوغان ئاچتى ـ دە، ئاۋۋال ھەممەيلەنگە ئالدىرىماي قاراپ چىققاندىن كېيىن، تېزلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئېگىلدى:

ـــ ئوبدان تۇردىلىمۇ باقىت قوۋۇقچىبېشى جانابلىرى؟...

ـــ ئاللاغا شۈكۈر... مەن ھازىر يېڭىسارنىڭ قوۋۇقچىبېشى ئەمەس ئىنىم، يۇسۇپ ئارسلانخان قوشۇنىدىكى بىر لەشكەر... ـــ دېدى باقىت كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

ـــ بۇ، ئايالىمنىڭ ئىنىسى. بابا ھەرقايسىلىرىغا گېپىنى قىلىپ بەرگەن يىگىت بولىدۇ. ئىسمىشەرىپى ئىلساۋۇن...

ـــ ئىلساۋۇن... ئىلساۋۇن... ناھايىتى چىرايلىق ئىسىم ئىكەن بۇ! ـــ باقىت بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن يىگىتكە سىنچىلاپ قاراپ تۇرۇپ دېدى، ـــ يىگىت، بىزگە ياردەم بېرەلەرسىزمۇ؟

ـــ قولۇمدىن كېلىدىغان ئىش بولسىلا خىزمەتلىرىگە تەييارمەن، جانابلىرى. بۇرۇن ئاكامدىن ئۆزلىرىنىڭ تەرىپلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ، غايىبانە ھۆرمىتىم بار ئىدى. ئۆزلىرىنى كۆرمىگەن بولساممۇ، جەڭگاھتىكى پالۋانلىقلىرىغا، قورقۇمسىزلىقلىرىغا، چېرىكچىلىك جەھەتتىكى قابىلىيەتلىرىگە ھەۋەس قىلاتتىم. مانا بۈگۈن تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن دىدار ـ مۇلاقەتتە بولۇش نېسىپ بوپتۇ. پېقىرنى يات كۆرمەي، قانداق تاپشۇرۇقلىرى

بولسا، ئۇدۇللا دەۋەرگەيلا.

باقىت ئىلساۋۇن يۈزبېشىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— رەھمەت، ئىنىم، — دېدى. ئاندىن يۇسۇپ قادىرخاننىڭ بۇ قېتىم بۇ تەرەپكە لەشكەر تارتىشتىكى مۇددىئاسىنى قىسقا، چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ، سورىدى:

— يېڭىسار ھاكىمبېگى نېمە سەۋەبتىن جەڭگە چىققىلى ئۇنىمايدۇ، ئىنىم؟ بۇنىڭ بىرەر سەۋەبى بارمۇ؟

— بۇ ھەقتىكى ئىچكى ئىشلارنى مەنمۇ تازا ئۇقمايمەن. لېكىن، بىزنىڭ مىڭبېشىدىن ئاڭلىسام، ئۇدۇن تەرەپتىن سېپىلنى چىڭ ساقلاش ھەققىدە پەرمان بېرىلگەنمىش. پات ئارىدا ئۇ تەرەپتىن لەشكىرىي ياردەم كېلىدىغان ئوخشايدۇ.

باقىت ئىلساۋۇننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئويچان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەنە سورىدى:

— ئۇلار قاچانراق كېلەر، ئىنىم؟

— بۇ تەرىپى پېقىرغا قاراڭغۇ.

— ئۇلار كەلگۈچە بۇ جەڭنى تاماملىساق بولغۇدەك. بولمىسا كۆتۈرەلمىسەك ساڭگىلىتىۋال دېگەندەك ئىش بولغۇدەك، — دېدى باقىت ئويچان ھالدا، — شۇڭا گەپ ئەمدى سىلەردە قالدى.

— بىزنىڭ قانداق ياردىمىمىز كېرەككىن، مەيلى قانداقلا گەپ بولسا ئۇدۇللا دەۋەرسىلە...

بۇ گەپ بىلەن ھەممەيلەن بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە جىم بولۇپ قېلىشتى. ئارىنى سۈكۈنات قاپلىدى. باقىت چىراغقا قاراپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا دېدى:

— ئىشقىلىپ، ئۇدۇن لەشكەرگاھىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلىۋالساق بولاتتى...

— بۇ تەرىپى ئاسان. سىلى نېمىنى بىلمەكچى بولسىلا سوراۋەرسىلە، مەن بىلىدىغىنىمنىڭ ھەممىسىنى دەپ بېرەي. بىراق، بۇنىڭ ئۇنۇمى ئانچە ياخشى بولماسمىكىن. سېپىل قاپقىقى ئېچىلمىغىلى خېلى كۈنلەر بولدى. بۇ ھەقتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھاكىمبەگنىڭ پەرمانى بەك چىڭ. ئۇدۇن تەرەپتىن لەشكىرىي ياردەم كەلمىسە، سىپىل قاپقىقى ئېچىلمايدۇ. باشقا جايلاردىن كىرىشنىڭ ئامالى بولغان تەقدىردىمۇ، بىرلا ۋاقىتتا كۆپ ئادەم كىرەلمەيدۇ... چارلىغۇچىلار ھەر ئاش پىشىم مەزگىلدە شەھەرنى بىر ئايلىنىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئىلساۋۇن ئويچان قىياپەتتە.

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

مۇقشاربەگنىڭ كۆزلىرى ئۆزىگە ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن تىكىلگەن باقىتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ـ دە، بىرنەرسىنى خىيال قىلىۋاتقاندەك بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئايرىلىپ كەتكىنىمىزدىن بۇيان مىجەزلىرى بىراقلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، مۇقشاربەگ، — دەپ كۈلدى باقىت بىردىنلا، — بۇرۇن ناھايىتى قىزىققان، بىر گەپنىڭ بېشى چىقىپ ئاخىرلىشىپ بولغۇچە، ئورۇنلىرىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىدىغان مىجەزلىرى بار ئىدى. مانا ھازىر ئۇبدانلا پىشىپ يېتىلىپتىلا.

— ئادەمنىڭ يېشى ئۇلغايغانسېرى نېمىشقىكىن بۇرنىنىڭ ئۇچىغىلا قارىماي، يىراققا نەزەر سالىدىغان بولۇپ قالىدىكەن، قوۋۇقچىبېشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاز سورۇقچىلىق تارتمىدىم... خوش، بۇ گەپلەرنى قويۇپ، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى. سىلى كەتكەندىن كېيىن ئۇدۇنلۇقلار يۇت ـ قولىدا ئاز ـ تولا ماغدۇرى بارلىكى ئادەمنى ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش دېمەي يىغىپ، ساق ئۈچ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ شەھەر سېپىلىنى پۇختىلىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ قارىسىغىلا ھۇجۇم قىلىش تەدبىرلىك لەشكەربېشىنىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بايىقى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈمدىن بىر خىيال كېچىۋاتىدۇ. ئەسقېتىپ قالامدۇ، يوق، ئۇقمايمەن. ئەگەر ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا ئېيتىپ باقسام...

— قېنى ئېيتىۋەرسىلە، قۇلىقىم سىلىدە...

— شەھەر سېپىلى ئىچىدە ئالدىنقى قېتىمدا بۇ يەردە قالغان بۇغرا قوشۇنى لەشكەرلىرىدىن ئىككى ـ ئۈچەيلەن بار. ئۇلارمۇ ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ بۇ يەردە تىرىكچىلىك قىلىۋاتىدۇ. ھازىرقى ۋەزىيەت بەكلا قالايمىقان بولغاچقا، بىزمۇ ھە دېگەندىلا باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئانچە ئەسىرالاشمايمىز. سىلى ھازىر ئارسلانخاننىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان ئىشنى دەۋاتىدىلا. مەن بۈگۈن كەچتىلا ئۇلارنى باشلاپ كېلەي. بىز پىنھاندا كۆرۈشكەن ۋاقىتلاردا ئۇلار كاشغەرنىڭ پارىڭىنى قىلىپ كۆز يېشى قىلىشىدۇ. ھەرقاچان يۈسۈپ قادىرخاننىڭ قوشۇن باشلاپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ بولدى...

— ئوبدان ئويلاپلا. بىزگە بىر ئادەم قوشۇلسا بىر ئۇلۇش كۈچ قوشۇلغان بىلەن باراۋەر. ئەگەر ئۇلار مەخپىيەتلىكنى ساقلىيالىسا، باشلاپ كېلىۋەرسىلە...

— بۇ تەرىپىدىن خاتىرجەم بولسىلا. ھازىرچە ھەرقايسىلىرى ئارام ئېلىشسىلا، قالغان گەپنى ئۇلار كەلگەندە دېيىشەيلى...

راست دېگەندەك، مۇقشاربەگ ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە ئەينى ۋاقىتتا يارىلانغانلىقى سەۋەبلىك، باشقىلار چېكىنگەندە بۇ يەردە قېلىشقا مەجبۇر بولغان ئۈچ لەشكەرنى باشلاپ كىردى. ئۇلار ھازىر ياشىنىپ قالغان بولۇپ، چاچ ـ ساقاللىرىغا ئاق سانجىلغانىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا، بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى باقمت قوۋۇقچىبېشى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەچ يىغلاپ كېتىشتى.

— ئۆزلىرىنى قايتا كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدىم. قوۋۇقچىبېشى جانابلىرى، — دېدى يۈزىدە تاتۇق بار كىشى مۇقشاربەگنىڭ تەكلىپى بىلەن سوپا ئۈستىگە چىقىپ جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — بايا ئۆزلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ، مۇقشاربەگ چاقچاق قىلمىۋاتامدۇ نېمە، دەپ گاڭگىراپ قالدىم. خۇداغا شۈكۈر، تىرىك بولساق دىدارلىشىدىغان كۈنلەر كېلىدىكەن.

— مەنمۇ شۇ، — دېدى يېڭى كىرگەن يەنە بىر ئادەممۇ، — خېلى بۇرۇنلا ئارسلانخان يەنە لەشكەر تارتىپ كېلىدىكەن، دېگەن خەۋەرنى مەھەللە - كويىدىكىلەردىن ئاڭلاپ خۇشال بولغانىدىم. چۈنكى، مەن شۇلار بىلەن كاشغەرگە قايتىشنى نىيەت قىلغانىدىم. ھالبۇكى، ئۆزلىرىنى قايتا كۆرۈش ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەنىدى.

ئۇلار شۇ يوسۇندا ئۇچىنچى تاڭ - تاك ئۇرۇلغۇچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. ئاخىر سۆھبەتنىڭ مەركىزى يەنىلا يۈسۈپ قادىرخاننىڭ شەھەرنى ئېلىشىغا مەركەزلەشتى.

— ھازىر بۇ يەردە بۇغرا قوشۇنىدىن يەتتىمىز ئولتۇرۇپتىمىز، — دېدى باقىت، — بىز ئۇچىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغان تۆتىڭلار بۇ شەھەردە خېلى ئۇزاق ياشاپ، دۆڭ - چوڭقۇرنى ئوبدانلا بىلىپ قالدىڭلار. شۇڭا، يۈسۈپ ئارسلانخاننىڭ يېڭىسار شەھىرىنى ئېلىش ئۇچۇن كۈچۈڭلارنى ئايىمىغايسىلەر...

— بۇنداق دېمىسىلە. بىز يۇرتتىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، كىندىك قېنىمىز كاشغەرگە تۆكۈلگەن. ھازىرمۇ ئۆزىمىزنى ئارسلانخاننىڭ پۇقراسى، كاشغەرلىك، دەپ سانايمىز. ئەگەر ئارسلانخان ئۇچۇن يەنە خىزمەت قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەك، قىلچە ئارمىنىمىز يوق، — دېدى يۈزىدە تاتۇقى بار كىشى.

— ھەشقاللا. تولىمۇ بەلەن گەپ قىلدىڭلا. ئۇنداقتا دەپ باقسىلىچۇ، ئىشنى قانداقراق باشلىساق بولار؟

— ئۆزلىرى سوراپ قالغاچقا، ئويلىغانلىرىمنى دەپ باقاي، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، — دېدى ھېلىقى ئادەم بىرنەرسىنى خىيال قىلىپ، تازا كۆڭۈل توختىتالمىغاندەك بېشىنى قاشلاپ قويۇپ، —

سىلى دېگەندەك بوغرا قوشۇنلىرى سېپىلىغا ھەرقانچە كۈچلۈك ھۇجۇم قىلغان بىلەنمۇ ئالغىلى بولمايدۇ. ھازىرقى ئەھۋالدا ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئىچىدىن ماسلىشىدىغان ئادەم بولۇش كېرەك. ئەمما، بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ بۇ ئىشقا چامى يەتمەيدۇ. شۇڭا، ئەتراپىمىزغا ئادەم توپلىشىمىز، كۈچىمىزنى ئۇلغايتىشىمىز كېرەك. پېقىرنىڭ ئويىچە، قاراخانىيلارنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەر بىلەن ئالاقىلىشىپ، يۇسۇپ قادىرخان يېڭىسارغا ئومىۇميۈزلۈك ھۇجۇم قوزغىغۇچە بولغان ئارىلىقتا يادەم بېرىدىغانلارنى بىرەر مىڭغا يەتكۈزەلمىسەكمۇ، ئۈچ ـ تۆت يۈزگە يەتكۈزۈش كېرەك. يېقىندىن بېرى ئۇرۇش تەييارلىقى سەۋەبلىك ئاۋامنىڭ شىللىسىدىكى ئالۋان ـ ياساقلار كۆپىيىپ، تارىغچىلار كۈن ئالالمىغۇدەك يەرگە بېرىپ قالدى. ھازىر ئادەم توپلاشقانلىكى يەر بولسا، ئالۋان ـ ياساق، كۈن ئالماقنىڭ تەسلىكىدىن زارلىنىۋاتقان كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. شۇڭا، بىزمۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇدۇن خانىنىڭ زالىملىقى، مۇستەبىتلىكىنى ئاچىدىغان گەپلەرنى قىلىپ، باشقىلارنى مايىل قىلساق، ئۇلارنىڭ غەزىپىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرسەك، كېيىنكى ئىشلارغا پايدىسى بولارمىكىن دەپ ئويلايمەن.

ــ دانا پىكىر بولدى، ــ دېدى باقىت خۇشال بولغاندەك ئورنىدىلا قىمىرلاپ قويۇپ، ــ سىلى دېگەندەك قىلساق، خېلى كۈچ توپلىيالايمىز.

ــ مېنىڭچە، يەنە بىر چارىمۇ بار، ــ دېدى مۇقشاربەگ ئۆيدىكىلەرگە سالقىن تەرزدە قاراپ قويۇپ، ــ بىز ئەتراپىمىزغا ئادەم توپلايمىز دېسەك، ھاكىمبەگنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىمۇ ئۆزىمىزگە قارىتىشىمىز كېرەك. ھازىر ئىلساۋۇن بار. ئۇ ئىشەنچلىك يىگىت. ئۇ يۈزبېشى بولغىنى بىلەن قول ئاستىدىكى لەشكىرى ئىككى ـ ئۈچ يۈزدىن كەم ئەمەس. ئۇ كۈچەيدىغانلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولسا، قالغان ئىشلارنىڭ ئۆتكىيغا توختىشىدا گەپ يوق.

— تازا جايىدا ئويلاپتىلا، مۇقشاربەگ، — دېدى باقىت خۇشاللىقىنى ئىپادىلەپ قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ، — ئەگەرچەندە دېگەنلىرى بويىچە بولسا، تولىمۇ ئوبدان بولاتتى.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسىلا، قولىمىزدىن كېلىدىغانىلا ئىش بولسا، كاللىمىزدىن ئايرىلىپ قالساقمۇ، بۇ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقارغايمىز...

ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى پىشتى. باقىت ھەمراھلىرى بىلەن مۇشۇ ئۆيدە پاناھلىنىدىغان، بايا كەلگەن ئۇچەيلەن تارىخچىلارنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان، مۇقشاربەگ ئىسلاۋۇن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ ئىشنى روياپقا چىقىرىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان بولۇپ كېلىشتى ـ دە، تۆتىنچى جېسەك ۋاقتى بولغاندا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

ئاردىن بەش كۈن جىمجىتلا ئۆتۈپ كەتتى. يۇسۇپ قادىرخان بىلەن ئىمامى ناسىردىن بىر يەرگە كەلسىلا، تەبىئىيلا باقىتنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىپ، ھەر خىل پەرەزلەرنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ئەمما، ئۇلار ئۆز پەرەزلىرىگە ئۆزلىرى كۆڭۈل توختىتالماي، بىرەر ئۇچۇرنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشەتتى. مانا ھازىرمۇ ئىككىيلەن شۇ ھەقتە پاراڭلىشىۋاتقاندا، چېدىرغا بىر لەشكەر ئالدىراپ كىرىپ كەلدى ـ دە، قولىدىكى بىتىكنى ئارسلانخانغا قوش قوللاپ سۇنغاچ، ئېغىز ئاچتى:

— بۇنى ياۋ قارارگاھىدىن بىرسى ھازىرلا بىز تەرەپكە ئاتتى، ئالىيلىرى.

ئارسلانخان بىتىكنىڭ قاتلىقىنى ئالدىراپ ئاچتى ـ دە، تېز ـ تېز كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. ئىمامى ناسىردىن ئارسلانخاننىڭ چىرايىنىڭ بىردىنلا باھار ئاپتىپىدەك ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، چوقۇم بىرەر ياخشى خەۋەر بولسا كېرەك دېگەنلەرنى ئويلىدى ـ دە، ئالدىراپ سورىدى:

— بىرەر خۇش خەۋەر بارمىكەن، ئالىيلىرى؟

— ئۇ تەرەپتىكى ئىشلار ئاساسەن پۇتۇپ قاپتۇ، — دېدى ئارسلانخان باقىتنىڭ ئىشلىرىدىن سۆيۈنگەندەك، — «ئەتە كەچ تۈن يېرىمدىن بۇرۇن سىپىلنىڭ شەرقىي قوۋۇقىغا ھۇجۇم قىلىغان يالغان كۆرۈنۈشنى شەكىللەندۇرۇپ قويۇپ، جەنۇبىي قوۋۇقىغا راست ھۇجۇم قىلىڭلار. بىز ئىچكىرىدىن ھەمدەم بولىمىز» دەپتۇ.

— بەك ئوبدان بوپتۇ، — دېدى ئىمامى ناسىردىنمۇ خۇشال بولۇپ.

بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا كۇچلۇك ھۇجۇم باشلاندى. يېڭىسار ھاكىمبېگى چايان چاققاندەك ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىشىك يېنىدىكى ئىلغۇچقا ئېسىپ قويۇلغان ھىلال ئاي شەكىللىك قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، مەلۇماتچى لەشكەرگە قارىمايلا ئۇدۇل شەرقىي قوۋۇققا قاراپ ماڭدى. دەرۋەقە ئىش مەلۇماتچىنىڭ دېگىنى بىلەن ئوخشاش ئىدى. شەرقىي قوۋۇق سىپىلىنىڭ ئالدىدا خۇددى يۇلتۇزلاردەك ئوتقاشلار پىلىلدايتتى. لەشكەرلەرنىڭ ھۇررا ـ سۈرەنلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، ھاكىمبەگنىڭ پۇت ـ قولىدا جان قالمىغاندەك بولدى.

— ئېتىڭلار! ياۋ لەشكەرلىرىنى سىپىل تۈۋىگە يېقىن كەلتۈرمەڭلار! — ھاكىمبەگ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى. شۇ ئان يەنە سىپىل ئۈستىدىن يامغۇردەك يا ئوقلىرى ۋىژىلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىمۇ يېنىدىلا تۇرغان قوۋۇقچىبېگىنىڭ قولىدىكى يانى تارتىۋېلىپلا، كىرىچنى كۈچ بىلەن تارتتى ـ دە، كۆزىگە خىيلىلا روشەن كۆرۈنگەن ئوتقاشنى كۆزلەپ، ئوقنى قويۇۋەتتى... ئارىدىن بىرەر چۆگۈن چاي قاينىغۇچىلىك ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇغرا لەشكەرلىرى چېكىنەي دېمەيتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ قېشىغا بىر لەشكەر يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە،

هاسىرغىنىچە مەلۇم قىلدى:
— بۇغرا لەشكەرلىرى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ھازىر نەچچە يەرگە شوتا قويۇپ، سېپىلغا يامىشىۋاتىدۇ!
— شوتىلارنى ئىتتىرىۋېتىڭلار، ھاماقەتلەر! سېپىل ئاستىدىكىلەرگە تاش ئېتىڭلار! ئۇلارنىڭ سېپىل ئۈستىگە چىقىشىغا ئىمكانىيەت بەرمەڭلار!...
ھاكىمبەگ ئالدىراپ يارلىق چۈشۈردى. ئەمما، تۆۋەندىكى ئوت يورۇقلىرى بىردىنلا كۆپىيىشكە باشلىدى. ھاكىمبەگ سوغۇق تەر ئىچىدە قالغاندەك بولۇپ، يېنىدىكى قوۋۇقچىبەگكە قاراپ ۋارقىرىدى:
— تېز!... تېزدىن باشقا قوۋۇقلاردىكى لەشكەرلەرمۇ ياردەمگە كەلسۇن!...
— بۇنداق قىلساق بولمامدىكىن ھاكىمبەگ جانابلىرى. باشقا قوۋۇقلار لەشكەرسىز قالسا...
— سەن ئۇ ئىشلارنى ئويلىماي، تېزدىن يارلىقىم بويىچە ئىش قىل. بولمىسا كاللاڭنى ئالىمەن! — ھاكىمبەگ بىردىنلا قىلىچىنى چىڭ سىقىملىدى.
— ئىلەل، جانابلىرى، مانا ھازىرلا...
بۇغرا قوشۇنلىرىنىڭ كۈچلۈك ھۇجۇمى داۋام قىلىۋاتاتتى. بىر چاغدا دەل ھاكىمبەگ تۇرغان يەرگىمۇ شوتىدىن بىرسى قويۇلدى. بۇنى كۆرۈپ ھاكىمبەگ يېنىدىكى دۆۋىلەپ قويۇلغان ئادەم بېشىدەك يوغانلىقتىكى تاشتىن بىرنى ئېلىپ ئېگىز كۆتۈردى - دە، پەسكە قارىتىپ كۈچ بىلەن ئاتتى. شۇ ئان سېپىل ئاستىدىن ئاللىكىملەرنىڭ ئېچىنىشلىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ھايالشمايلا ئۆچتى. ھاكىمبەگ شوتىنىڭ ئىككى ئۇچىنى تۇتۇپ كۈچ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى - دە، سېپىل ئاستىغا قارىماقچى بولۇپ ئېڭىشتى. دەل شۇ چاغدا قاياقتىندۇر ئۇچۇپ

كەلگەن بىر تال يا ئوقى بىلىكىگە سانجىلدى.

— ۋاي... ۋايجان!... — ھاكىمبەگ ئىچىنىشلىق ۋارقىرىۋەتتى. شۇ ئەسنادا قول ئاستىدىكىلەرگە باشقا قوۋۇقتىكىلەرنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىشنى جېكىلەپ قايتىپ كەلگەن قوۋۇقچىبېگى ھاكىمبەگنى سىپىلنىڭ يان تەرىپىگە ئولتۇرغۇزدى - دە، ھېلىھەم سانجىلغان پېتى تۇرغان يا ئوقىنى كۈچ بىلەن تارتىپ ئېلىۋەتتى. ئاندىن ھاكىمبەگنىڭ بولدۇقلاپ قان چىقىپ تۇرغان بىلىكىنى چىڭ سىقتى.

— تېز!... تېز بۇ يەرنى تېڭىڭلار!...

شۇ ئان بىر لەشكەر سەرگەز كۆڭلىكىنىڭ پېشىنى جارتتىدە يىرتتى - دە، ھاكىمبەگنىڭ قولىنى تېڭىشقا باشلىدى.

— مەھكەم ... مەھكەمرەك تاڭ، — دېدى قوۋۇقچىبېشى جىددىيلىشىپ، — بىرسىڭلار بېرىپ دەرھال ئوتاچىنى چاقىرىپ كېلىڭلار.

— ھاجىتى يوق... قانداق بولدى؟ ... — سورىدى ھاكىمبەگ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ، — ئۇلار... ئۇلار كەلدىمۇ؟

— خاتىرجەم بولسىلا، جانابلىرى ... باشقا قوۋۇقتىكىلەرمۇ كېلىۋاتىدۇ.

— ياۋنى سىپىل ئۈستىگە ھەرگىز چىقارماسلىق كېرەك. ھۇجۇمنى كۈچەيتىڭلار...

— ئىلەل، ھاكىمبەگ جانابلىرى ... — قوۋۇقچىبېشى تېزلا كەينىگە ئۆرۈلدى - دە، قولىغا يوغان بىر تاشنى ئېلىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ۋارقىرىدى، — غەيرەت قىلىڭلار باتۇرلىرىم، ياۋ لەشكەرلىرىنى ئايىماي قىرىڭلار! كىمكى ئەجىر - تۆھپە كۆرسەتسە، ئىنئامغا ئېرىشىدۇ!

دەل شۇ چاغدا شەھەر ئىچىدە بىردىنلا ھۇررا - سۈرەن كۆتۈرۈلدى - دە، ھاكىمبەگ مەھكىمىسى تەرەپتىن ئاسمان - پەلەك ئوت كۆتۈرۈلدى.

— نېمە... نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى ھاكىمبەگ ئالاقزەدە بولۇپ ۋارقىراپ.

— ئوت... ئوت كۆرۈنۈۋاتىدۇ! مەھكىمىگە بىرەر ئاسىي ئوت قويۇۋەتكەن ئوخشايدۇ!

ھەقىقەتەن مۇشۇ دەملەردە سېپىلنىڭ ئىچىدىمۇ جەڭ قىزىپ كەتكەنىدى. جەنۇبىي قوۋۇقتىن شەھەر ئىچىگە بېسىپ كىرگەن بوغرا قوشۇنلىرى ئاللىقاچان ھاكىمبەگ مەھكىمىسىنى ئىگىلەپ، سېپىل ئۈستىدىكى رەقىبلىرىنى قىستاپ كېلىۋاتاتتى. ئىلساۋۇن باشلاپ ماڭغان بوغرا لەشكەرلىرى ناھايىتى تېزلىكتە سېپىل ئۈستىگە چىقتى ـ دە، تېخىچە سېپىل ئاستىدىكى بوغرا قوشۇنلىرى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىش بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقانلارنى بىر ـ بىرلەپ قىلىچ ـ نەيزىلىرىدىن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. سېپىل ئۈستىدىكىلەرمۇ ئەمدى قايسى تەرەپكە ھۇجۇم قىلىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالغانىدى. شۇ ئەسنادا سېپىلنىڭ شەرقىي قاپقىقىمۇ بىردىنلا ئۆلۈغ ئېچىۋېتىلدى ـ دە، بوغرا لەشكەرلىرى خۇددى كەلكۈن سۈيىدەك دەۋرەپ، ھۇررا ـ سۈرەن سېلىشقىنىچە باستۇرۇپ كىردى. بۇنى كۆرۈپ سېپىل ئۈستىدىكىلەر قېچىشقا باشلىدى. ئىلساۋۇن ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى كىشىنى قىلىچىدىن ئۆتكۈزۈپ، ھاكىمبەگكە يېقىنلاشتى.

— ئەبلەخ! نان بەرگەن قولنى چىشلەيدىغان تۇزكور!... — دېدى ھاكىمبەگ ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — مۇشۇنداق ئاسىيلىق قىلىشقا ۋىجدانىڭ قانداق چىدىدى؟...

ئىلساۋۇن يېنىدىكى بىر لەشكەرنىڭ قولىدىكى ئوتقاشنى ئالدى ـ دە، ھاكىمبەگنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا مەنسىتمەسلىك بىلەن تىكىلىپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، چىشىنى غۇچۇرلاتتى:

— بۇ گەپ ئاغزىڭغا قانداق كەلدى؟ ئەسلى بۇ سوئالنى مەن

سەندىن سورىسام بولاتتى، ھاكىمبەگ. سەن يېڭىسار زېمىنىغا قەدەم باسقاندىن بۇيان بۇ يەردىكى ئەل ـ ئاۋامنى بىر كۈن تىنچ ياشىغىلى قويدۇڭمۇ؟ ئۇلار سەن ئۈچۈن ئىشلىدى، ساڭا بايلىق ياراتتى. ئەمما، سەن ئۇلارنى ئادەم قاتارىدا كۆرمىدىڭ. ھە دېگەندىلا ئالۋان ـ ياساق سېلىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرگىلى قويمىدىڭ. ئۇلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە ئۆزۈڭنى سەمرىتتىڭ. ئاشۇ قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش ئادەملەرنىڭ خالىغانچە بېشىنى ئېلىپ، ئۆزۈڭنىڭ نوپۇزىنى تىكلىمەكچى بولدۇڭ. بەس ئەمدى، ھەرقانداق ئىشنىڭ چېكى بولىدۇ. ئەمدى ئاشۇ بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئەنتىنى ئالىمەن!...

ھاكىمبەگ ئۇنىڭ قەتئىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىگە ئەيمەنگەندەك قارىدى ـ يۇ، بىردىنلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىلساۋۇنغا ئېتىلدى. ئىلساۋۇن ھاكىمبەگنىڭ قىلىچىدىن ئۆزىنى چەبدەسلىك بىلەن قاچۇرۇپ تۇرۇپ، دەلدەڭشىپ كەتكەن ھاكىمبەگنىڭ دەل كۆكسىگە قىلىچنى سانجىدى. ھاكىمبەگنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، بىردىنلا سەت چىرقىرىدى ـ دە، يەرگە گۈپپىدە چۈشتى.

— ئالغا، يىگىتلەر!... بۇ دۆيۈزلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كاللىسىنى ئېلىڭلار!... — ئىلساۋۇن ۋارقىرىغاچ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى. بۇ چاغدا بۇغرا لەشكەرلىرىمۇ ئاللىقاچان سېپىل ئۈستىگە چىقىپ بولغانىدى.

كۈن ئىللىق نۇرىنى چېچىپ ئۆرلىگەندە يېڭىسار شەھىرى ئاللىقاچان قاراخانىلارغا تەۋە بولغانىدى. سېپىل ئۈستىدە ئۇلارنىڭ توققۇز شاخلىق دۆلەت بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن ھال رەڭ بايرىقى لەپىلدەپ تۇراتتى. كوچىلاردا بۇغرا لەشكەرلىرى مۆكۈۋالغان ياۋ لەشكەرلىرىنى ئىزدىمەكتە ئىدى. ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى. ھاكىمبەگ

مەھكىمىسىگە يېقىن كوچىلاردا قان ئۇيۇندىلىرى قېتىپ قالغان بولۇپ، ھەممە ياق ناھايىتى سۈرلۈك بولۇپ كەتكەنىدى. ھاكىمبەگ مەھكىمىسىنىڭ يان تەرىپى تولۇق كۆيۈپ بولغان بولسىمۇ، ھېلىھەم دىماقنى ئېچىشتۇرىدىغان ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. پالتا، گۇرجەك كۆتۈرۈشۈۋالغان بىر توپ بۇغرا لەشكەرلىرى ھاكىمبەگ مەھكىمىسىدىن ئۆتۈپ، بىر ئۇن يېتىم يىراقلىقتا جايلاشقان بۇتخانا تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى...

## 24

سىلىق مېڭىۋاتقان ئاتتا ئولتۇرغان يۇسۇپ ئارسلانخاننىڭ خىيال كەپتەرلىرى ئۇدۇنلۇقلار بىلەن بولىدىغان بۇ قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە ئىدى. ئۇ يېڭىسار سېپىلىنى خېلى قىيىندا ئىگىلىگەندىن كېيىن، ياۋ قوشۇنلىرىنى سەل چاغلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالغانىدى. ئەمدى قالغان ئۇرۇشلار قانداقراق بولاركىن؟...

توساتتىن يىراقتىن بىرسىنىڭ ئات چاپتۇرۇپ كېلىشى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ قويدى ۋە ئادەمزاتسىز چۆلدە يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولغان ئاتلىق كىشىگە ھەيران بولغاندەك قارىدى. ئاتلىق بارا ـ بارا يېقىنلاپ كەلدى، تۇغچى لەشكەرلەرنى يانداپ ئۆتۈپ، يۇرتۇغلارغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئېتىندىن سەكرەپ چۈشتى. قوشۇن بىر يانغا سۈرۈلۈپ، يۇسۇپ قادىرخانغا يول بەردى. يۇسۇپ قادىرخان ئېتىنى دېۋىتىپ ھېلىقى ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مەلۇم بولغاي، ئالىيلىرى، بۇغرا قوشۇنىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسمى زاۋاغا يېقىن قۇمرابات دېگەن يەردە ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ بۆكتۈرمىسىگە ئۇچرىدى، — دېدى ھېلىقى

ئادەم ھاسىراپ تۇرۇپ، — سەركەردىمىز ئىمامى مۇھەممەد شاكىر تۇيۇقسىز ئوق تېگىپ يارىلانغاندىن كېيىن، لەشكەرلەر پاتىپاراق بولۇپ كېتىشتى. شۇ ئارىدا تۆت تەرەپتىن ئۇۋۇسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك يامراپ كەلگەن ياۋ لەشكەرلىرى بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنى تامامەن شېھىت قىلدى. قوللىرى مېغىبىر بالالىقتا ئۇلارنىڭ قورشاۋىدىن قۇتۇلۇپ، خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كەلدىم...

لەشكەرنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى.

يۇسۇپ قادىرخان چۆچۈگەندەك ئالدىدىكى لەشكەرلەرنىڭ چىرايىغا تىكىلدى ـ دە، ئالدىراپ سورىدى:

— قۇمرابات بىلەن بۇ يەرنىڭ ئارىلىقى قانچىلىك كېلىدۇ؟

— يااق لەشكەرلەرگە يېرىم كۈنلۈك يول، — دېدى ھېلىقى لەشكەر پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى يېڭى بىلەن سۈرتكەچ، — ئاتلىق ئىككى ئاش پىشىمدىن كۆپرەك يول ماڭساق يېتىپ بارالايمىز...

— ئاتلىنايلى! — دېدى يۇسۇپ قادىرخان بىردىنلا ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى يان تەرەپكە تارتىپ، تىزى بىلەن تېپىقىمداپ دېۋەتكەچ، — ئۇ كاپىرلار قۇمراباتتىن يوقالغۇچە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئالايلى!

شۇ ئان بۇغرا قوشۇنلىرى خۇددى بەيگىگە چۈشكەندەك ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى قويۇۋېتىپ، قامچىلىرىنى ئويناتىشقا باشلىدى...

يۇسۇپ قادىرخان قۇمراباتقا يېتىپ كەلگەندە ئەتراپ سۈكۈتكە پاتقانىدى. ئېگىز ـ پەس قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا بايىقى قەتلىئامدا شېھىت بولغانلارنىڭ جەسەتلىرى قالايمىقان ھالدا يېتىشاتتى. ئۇلارنىڭ قانلىرى يۇمشاق قۇم ئۈستىدە قېتىپ قالغانىدى. ئەمما، جەڭ بولسىلا ئاساسىي زەربە نۇقتىسىنى

رەقىبلىرىنىڭ قوماندان، سەركەردىلىرىگە قارىتىپ، ئالدى بىلەن ئۇلارنى ھالاك قىلىپ، قوشۇننى پاراكەندە قىلىش تاكتىكىسى بىلەن نۇسرەت قازىنىپ كەلگەن ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. يۈسۈپ قادىرخان جەسەتلەرگە قاراپ، ئۇلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ئاندىن يارلىق چۈشۈردى:

— بۇلارنى ھازىرلا يەرلىكىدە قويۇۋېتىڭلار، جەسەتلىرى ئادەمسىز چۆلدە قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كەتمىسۇن...

يارلىق تېزلا بەجا كەلتۈرۈلدى. شېھىت بولغان لەشكەرلەر رەتلىنىپ، قاتار قىلىپ ياتقۇزۇلدى. ئۇلارنىڭ نامىزى چۈشۈرۈلۈپ، كىيىم ـ كېچەكلىرى بىلەنلا دەپنە قىلىندى. يۈسۈپ قادىرخان يۈزى قىبلىگە قاراپ ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە قۇم دۆۋىلىنىۋاتقان جەسەتلەرگە قاراپ يەنە بىر قېتىم كۆزىگە ياش ئالدى. ئاندىن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، دېدى:

— خەپ! ... بۇ قان قىساسىنى ئېلىپ، يۇرتخان شەھىرىدىكى بۇددىستلارنىڭ قېنىنى ئېرىق قىلىپ ئاقتۇرمىسام، بۇغراخانلار ئەۋلادى بولماي كېتەي!

شېھىت بولغانلارنى يەرلىكىدە قويۇپ بولغۇچە كۈن ئولتۇرۇپ بولغانىدى. شۇنىڭغىچە ئارقىدا قالغان ياياق لەشكەرلەرمۇ يېتىپ كەلدى. يۈسۈپ قادىرخان ئارام ئالماستىن ئىلگىرىلەپ ئۇدۇل ياغلاقار قالۇ خانىنىڭ زاۋادىكى قارارگاھىغا تېگىش قىلىشنى مۇۋاپىق تاپتى. بۇغرا لەشكەرلىرى ھېرىپ ـ ئېچىپ كەتكىنىگە قارىماي يەنە يولغا چىقتى ـ دە، شۇ كۈنى تاڭ ئاتارغا يېقىن ئاجايىپ سۈر ـ ھەيۋە بىلەن زاۋاغا قەدەم باستى. لەشكەرلەرنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. چۈنكى، ئۇلار يۇرتخان شەھىرىگە يېقىنلاپ قالغانىدى.

بىر بۇيرۇق بىلەن ھۇجۇم باشلاندى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى

ھېچقانچە بەرداشلىق بېرەلمەي تىرىپىرەن بولۇپ كەتتى. ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، قاچىدىغىنى قېچىپ، زاۋا ئۆتكىنى بۇغرا قوشۇنلىرىغا قالدۇردى. يۈسۈپ قادىرخان بۇ يەردە ئازراق ئارام ئېلىپ، لەشكەرلىرىنى تاماقلاندۇردى، ئاندىن يەنە يولغا چىقتى. ئۇلار يول بويى زاۋادىن چېكىنگەن ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ قالدۇقلىرىنى سۈر - توقاي قىلغان ھالدا قاراقاش دەرياسىدىن ئۆتۈپ، يۇرتخان شەھەر سېپىلىغا يېقىنلاشتى.

ئەتراپ جىمجىت ئىدى. يۇرتخان شەھىرى سېپىلىنىڭ ناھايىتى پۇختىلىقى قاراشتىلا بىلىنىپ تۇراتتى. گەرچە يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى قاراخانىيلار ئۇدۇن زېمىنىغا نەچچە قېتىملاپ ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئەمما يۇرتخان شەھىرىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدىمى يەتمىگەنىدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۈچ - تۆت يۈز يىلدىن بۇيان ھەر قېتىم خانلىق تەختىگە بەرقارار بولغانلار سېپىلنى پۇختىلاش، مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەنىدى. يۈسۈپ قادىرخان مۇشۇ ياشقىچە خېلى كۆپ جايلاردا جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنداق مۇستەھكەم، ھەيۋەتلىك شەھەر سېپىلىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئەگەر قارامىلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىنسا، ھۇجۇمچىلار بىھۇدە تالاپەتكە ئۇچرىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

يۈسۈپ قادىرخان سېپىلنى خېلى ئۇزاق كۆزەتتى. ھەتتا سېپىل ئالدىدىكى كەڭلىكى ئون ئادىم، چوڭقۇرلۇقى ئالتە - يەتتە غۇلاچ كېلىدىغان لىققىدە سۇ تولدۇرۇلغان خەندەكنىڭ يېنىغىچىلىك چارلىغۇچى ئەۋەتىپ، ئەتراپىنى كۆزەتكۈزدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ئەكەلگەن ئۇچۇرىنى ئاڭلاپ ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

— سېپىلنى كۆرەلىگۈدەك يەرگە چېكىنىپ بارگاھ قۇرايلى، لەشكەرلەر بارلىق قوۋۇقلارنىڭ كىرىش - چىقىش ئېغىزلىرىنى قاتتىق قامال قىلسۇن! يۇرتخان شەھىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئىشىنى ئايرىم بېكىتەيلى!

قوشۇن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ يارلىقىنى تېزلا بەجا كەلتۈردى. لەشكەرلەر يېڭىسار، ياركەند، قاغىلىق، گۇما قاتارلىق جايلاردىكى ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ۋە بۇتقا ئېتىقاد قىلىشقا باشلىغانلارنى قايتىدىن ئىسلامغا مۇشەررەپ قىلىپ ئوبدانلا ھارغاندى. شۇڭا، ئۇلار شەھەر سىپىلىنى بويلاپ بارگاھ قۇرۇپ نەچچە كۈنگىچە ئوبدانلا ئارام ئېلىشۋالدى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ يارلىقى بويىچە يۇرتخان شەھىرىنىڭ تۆت قوۋۇقى سىرتىغا بىر تۈمەندىن لەشكەر قويۇلدى.

— ئەگەر يۇرتخان شەھىرىگە زورمۇزور ھۇجۇم قىلىمىز دېسەك ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى بىھۇدە خورىتىۋەتكۈدەكمىز، ئالىيلىرى، — دېدى بىر كۈنى ئىمامى ناسىردىن، — بۇ يەرگە كەلگىنىمىزگىمۇ ئون نەچچە كۈندىن ئېشىپتۇ. لەشكەرلىرىمىزمۇ تازا ئوبدان ئارام ئېلىپ ھاردۇقىنى چىقىرىۋالدى. شۇڭا، ياخشىراق ئامال تېپىپ ھۇجۇمنى باشلىساق بولاتتى.

— مەنمۇ شۇ خىيالدا، جانابلىرى، نەچچە كۈندىن بېرى ئىزچىل چارلىغۇچىلارنى ئەتراپىنى چارلاپ كېلىشكە ئەۋەتىپلا تۇرۇۋاتىمەن. ئەمما، يۇرتخان شەھىرىنىڭ سىپىل قوۋۇقلىرى ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىكەن. ھۇجۇمنى قەيەردىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن، — دېدى يۈسۈپ قادىرخانمۇ ئىلاجسىزلىقىنى بىلدۈرۈپ، — سىز دېگەندەك سىپىل تۈۋىگە يېقىنلاشساق، نەچچە غۇلاچ ئېگىزلىكتە يۇرۇۋاتقان ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىزنى بىمالال كۆرەلەيدۇ ـ دە، يا ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىدۇ. يەنە تېخى ئۇلار خەندەكنىڭ بىر يەر يۈز ئادىم دائىرىسىنى تاقىر قىلىپ قويۇپتۇ. كۈندۈزى ھۇجۇم قىلساق ئاشكارىلىنىپ قالىمىز. كېچىسى ھۇجۇم قىلساق، لىققىدە سۇ قاچىلانغان چوڭقۇر خەندەكتىن ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس.

— ئەگەر شوتا ياساپ خەندەكتىن ئۆتسەكچۇ، ئالىيلىرى؟ — سورىدى ئىمامى ناسىردىن خىيالچان ھالدا.

— خەندەكتىن شوتا بىلەن بىر ئاماللار بىلەن ئۆتكەن تەقدىردىمۇ، سېپىلنىڭ ئۈستىگە شوتا قويساق ئۇلار سېرىپ قالىدۇ. بەربىر تارتقان زىيان ئۆزىمىزگە...

— ئەمىسە ئۇلارنىڭ بىزگە ئەل بولۇشى ھەققىدە بىتىك يوللىساقچۇ، ئالىيلىرى؟

— سىلى نېمە دېمەكچى، ھەزرەتلىرى؟ — سورىدى يۈسۈپ قادىرخان ئىمامى ناسىردىننىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.

— ئۆزلىرىنىڭ زور قوشۇن بىلەن كاشغەرگە ماڭغانلىقلىرىدىن خەۋەر تاپقان ياغلاقار قالۇ خان ئۆزى ئاران تەستە ئېرىشكەن ئوردۇكەنتنى تاشلاپ يۇرتخان شەھىرىگە — ئۆز ئوردىسىغا كېلىۋاپتۇ. بىزمۇ يول بويى ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپىلا كەلدۇق. ئېنىقكى، بىزنىڭ قىلىچ ـ نەيزىلىرىمىزنىڭ سۈر ـ ھەيۋىسى بۇ بۇددىستلارنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. شۇڭا، ئاۋۋال خانغا يالۋاچ ئارقىلىق بىتىك ئەۋەتىپ، ئەل بولۇپ، ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلىشنى تەۋسىيە قىلايلى. ياغلاقار قالۇ خان بىزنىڭ سۆزىمىزگە كۆنۈپ، تەلىپىمىزگە چىرايلىقچە ماقۇل بولسا بولدى. ماقۇل بولمىسا ئاندىن قىلىچ ـ نەيزىلىرىمىزنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ قويار...

— ماقۇل، دېگەنلىرىچە قىلايلى!... — دېدى يۈسۈپ قادىرخانمۇ بۇ سۆزنى توغرا تاپقاندەك باش لىڭشىتىپ.

مەسلىھەت بويىچە تېزلا يۇرتخان شەھىرىگە يالۋاچ ماڭدۇرۇلدى. يۈسۈپ ئارسلانخان يالۋاچنى يولغا سېلىپ بىرەر ئاش پىشىمدىن كېيىنلا بۇ يەرگە بارگاھ قۇرغاندا تەييارلانغان كۆزىتىش سۇپىسىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى. كۆزىتىش سۇپىسى يۇرتخان شەھىرىنىڭ سېپىلىدىنمۇ ئېگىز بولۇپ، سېپىل ئۈستىدە ئەتراپنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىۋاتقان لەشكەرنىلا ئەمەس، سېپىل ئىچىدىكى سەل ئېگىزرەك ئىمارەتلەرنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. شۇ تاپتا ئۇ يالۋاچنىڭ جاۋابىغا ئىنتىزار بولۇپ جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى.

شۇنداقتىمۇ، ئاشۇاقتىدا كەتكەن يالۋاچنىڭ كۆن غەربكە باش قويۇاي دەۋاتقان چاغدىمۇ قايتىپ كەلمەسلىكى ئۇنى خىلمۇخىل گادىرماچ خىياللارغا ئەسىر قىلىۋالغانىدى. «ئېھتىمال خان بىز يازغان ئەل بولۇش توغرىسىدىكى بىتىكنى كۆرۈپ، قاتتىق ئاچچىقلاپ كېتىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالماي يالۋاچنىڭ كاللىسىنى ئېلىۋەتكەن بولسا كېرەك. ياق، ئەگەر يالۋاچ شۇنداق قىسمەتكە ئۇچرىغان بولسا، ياۋ ئۆزلىرىنىڭ جاۋاب خېتىنى يا ئوقىغا باغلاپ بىز تەرەپكە ئاتقان بولاتتى، ھېچ بولمىسا يالۋاچنىڭ ئۆلۈكىنى سېپىلدىن ئارتىلدۇرۇپ تاشلىغان بولاتتى... ياق، ياغلاقار قالىۇ خان مەن ئەۋەتكەن ئادەمنى ئۇنداق قىسمەتكە دۇچار قىلىشقا پېتىنالمايدۇ. ئەگەر شۇنداقلا ئىش كۆرۈلۈپ قالسا، يۇرتخان شەھىرىنىڭ ئېرىقلىرىدا سۇ ئەمەس، لۆمۈلدىتىپ قان ئاقتۇرىمەن، قان!...»

ئۇ «نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم؟» دېگەندەك بېشىنى سىلكىپ قويدى. شۇ ھامان پەستىن نۆكەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— مەلۇم بولغاي، ئارسلانخان ئالىيلىرى، يۇرتخان شەھرىگە كەتكەن يالۋاچ قايتىپ كەلدى!

يۇسۇپ قادىرخان يالۋاچنىڭ قاچانلاردا سېپىل قوۋۇقىدىن چىققانلىقىنى كۆرمىگەنلىكىگە ھەيران بولغان ھالدا تېزلا كۆزنىتىش سۇپىسىدىن چۈشتى. يالۋاچ خانغا چېرىكچە سالام بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، قويۇن يانچۇقىدىن پاتلىق سامان قەغەزگە دانىمۇدانە قىلىپ يېزىلغان بىتىكنى ئۇزارتتى. يۇسۇپ قادىرخان خەتنى ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«يۇسۇپ قادىرخان! بىزگە بىتىك يوللاپ ئاۋارە بولما. ساڭا ئەل بولۇپ، يۇرتخان شەھرىنى تاپشۇرۇشىمىزنىمۇ خام خىيال قىلما. دىنىي ئېتىقادىمىزدىنمۇ زىنھار يانمايمىز. ئەڭ ياخشىسى، سەن چۆچۈرىنى خام سانىماي، ئۆزۈڭگە يەرلىك كولىتىپ، ئۇ دۇنيالىق ئىشلىرىڭنىڭ غېمىنى قىلىپ قوي.

بولمىسا جەسىتىڭ بۇ يەردە قاغا ـ قۇزغۇنلارغا يەم بولۇپ كېتىدۇ!
ئۇلۇغ ئاغىلىق ئۇدۇن دۆلىتىنىڭ خانى: ياغلاقار قالۇ»

يۇسۇپ قادىرخاننىڭ بىتىكنى تۇتقان قوللىرى تىترىدى ـ دە، قەغەزنى پۇرلەپ پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكەندىن كېيىن، بېلىدىكى سىدىرىمغا ئۆتكۈزۈۋالغان قىلىچىنىڭ سېپىنى چىڭ سىقىملىدى ـ يۇ، ئەمما ئاستا قويۇۋەتكەچ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى:

— بۇپتۇ، كىمنىڭ چۆچۈرىنى خام سانىغانلىقىنى كۆرىمىز تېخى!

يۇسۇپ قادىرخاننىڭ غەزىپى تۇتقانىدى. شۇڭا، ئەتىسى كۈن چىقىش بىلەن تەڭ يۇرتخان شەھىرىگە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلاندى. لېكىن، ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئېگىزدە بولغاچقا، بۇغرا لەشكەرلىرى تالاپەتكە ئۇچراشقا باشلىدى. گەرچە لەشكەرلەر خەندەكتىن ئۆتۈپ، بىر ئاماللار بىلەن سېپىل تۈۋىگە يېقىنلاشقان بولسىمۇ، سېپىل ئۈستىدىن يامغۇردەك يېغىۋاتقان يا ئوقلىرى ئۇلارنىڭ جېنىنى ئامان قويمىدى.

— قوشۇن چېكىنسۇن، قارارگاھقا قايتسۇن! — دېدى يۇسۇپ قادىرخان بىئەجەل ئۆلۈۋاتقانلارنى كۆرۈپ، — ئەمما، قورشاۋ سېپى مۇستەھكەملەنسۇن!

كۈنلەر يەنە ئېقىن سۇدەك ئۆتىۋەردى. يۇسۇپ قادىرخان ھەر كۈنى كۆزىتىش سۇپىسىغا چىقىپ يۇرتخان شەھىرىنىڭ سېپىلىغا ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراپ كېتەتتى. قانداق قىلغاندا بۇ شەھەرنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدە باش قاتۇراتتى. ئەمما، مۇۋاپىق چارە تاپالماي لاسىدە بولۇپ قالاتتى. ئۇ قوشۇن باشلىرى بىلەنمۇ نەچچە قېتىم لەشكىرىي كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئەمما، تۇتامغا چىققۇدەك يېڭى گەپ بولۇنمىدى. شۇڭا، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى سېپىل قاپقىسىدىن سىرتقا چىقىرىپ ئۇرۇشۇش ئۈچۈن بىرنەچچە قېتىم ئۇلارنى داغدۇغا بىلەن جەڭگە چىللاپ بېقىشتى. ئەمما، ئۇدۇن لەشكەرلىرى بۇغرا

قوشۇنلىرى يېقىنلاشسا يا ئوقى ئېتىپ، يىراقلاشسا سېپىل ئۈستىدە مازاق قىلغاندەك قاقاھلاپ كۈلۈشتى.
بۇ ئىشتىن تېرىككەن يۈسۈپ قادىرخان يەنە قايتىدىن تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، تۈن يېرىمىدا ھۇجۇمغا ئۆتتى. خەندەكتىن ھېچقانداق تىۋىش چىقارماي ئۆتكەن لەشكەرلەر سېپىل ئۈستىگە شوتا قويۇپ يامىشىۋاتقاندا، ئۇدۇن لەشكەرلىرى سېزىپ قالدى ـ دە، ناھايىتى تېزلىكتە ئوتقاشلارنى ياندۇرۇپ، سېپىل ئۈستىدىن چوڭ تاشلارنى تۆۋەنگە قارىتىپ ئېتىشتى. بىر دەمدىلا يارىلانغانلارنىڭ زارلىنىشلىرى سېپىل ئاستىنى بىر ئالدى. شوتىلارنىڭ ھەممىسى ياۋ لەشكەرلىرى تەرىپىدىن ئىتتىرىۋېتىلىپ، ئۇلارغا ياماشقانلار بىراقلا دومىلىتىۋېتىلدى. پەستىكىلەر ئوتقاش يورۇقىدا تۇرغان ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە ئوقيا بىلەن ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. سېپىل قاپقىقىنى ئېچىشقا بەلگىلەنگەنلەرنىڭمۇ ئەجرى بىكار كەتتى. شۇنىڭ بىلەن يۈسۈپ قادىرخان يەنە لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.
ئارىدىن يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئويلىمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. يۇرتخان شەھىرىنىڭ تۆت تەرىپىدىكى قاپقا ئالدىدا مۇستەھكەم بارگاھ قۇرغان لەشكەرلەر ئارقا ـ ئارقىدىن خەۋەر ئەكەلدى.
— نېمە؟ شەھەر قاپقىسى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلىپتۇمۇ؟ — سورىدى يۈسۈپ قادىرخان ئارقىشلار ئەكەلگەن خەۋەرگە ئىشەنمىگەندەك ئالدىراپ سۆزلەپ.
— شۇنداق، ئالىيلىرى، بۈگۈن ئەتىگەن قارىساق سېپىل قوۋۇقى ئوچۇق تۇرىدۇ. بىزمۇ ھەيران بولۇپ، خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردۇق. ئەمما، ھېچقانداق ئۈن ـ تىنىش يوق.
— بۇ غەلىتە ئىشقۇ. ئۇدۇن لەشكەرلىرى سېپىل قاپقىسىنى ئېچىۋەتسۇن، لېكىن شەھەردىن چىقىپ جەڭ قىلمىسۇن، ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟...

— ئۇنداق ئەمەستەك قىلىدۇ، ئالىيلىرى، سىپىل ئۈستىدىمۇ لەشكەرلەر كۆرۈنمەيدۇ!

يۇسۇپ قادىرخان ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغاندەك بىر دەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئېتىغا مىندى ـ دە، ئۇدۇل يۇرتخان شەھرىنىڭ غەرب تەرىپىدىكى قوۋۇقنىڭ ئالدىغا كەلدى. راست دېگەندەك قوۋۇقنىڭ قاپقىسى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەنىدى. ئەتراپتا ھېچقانداق ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

— ناغرا چېلىپ ئۇلارنى جەڭگە چىللاپ بېقىڭلار! — دېدى خان ھەيرانلىقىنى يوشۇرالماي.

جەڭ ناغرىلىرى گۈمبۈرلىدى. لېكىن، شەھەردىن ھېچكىم چىقمىدى. شۇ ئەسنادا ئىمامى ناسىردىنىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر يۈزبېشى ئىلتىجا قىلدى:

— قۇللىرىغا يارلىق بەرگەيلا، ئالىيلىرى، مەن يىگىتلىرىم بىلەن شەھەر قوۋۇقىغىچە بېرىپ چارلاپ كېلەي.

— مەيلى، ئەمما بىرەر ئەھۋال كۆرۈلسە دەرھال قايتىپ كېلىڭ... — دېدى يۇسۇپ ئارسلانخان ئويلىنىپ تۇرمايلا، — باشقىلار جەڭگە تەييارلىق قىلىڭلار!

— ئىلەل، ئالىيلىرى...

يۈزبېشى لەشكەرلىرى بىلەن ئاستا ـ ئاستا سېپىل قوۋۇقى تەرەپكە يېقىنلاشتى. يۇسۇپ قادىرخاننىڭ يېنىدىكىلەر قىلىچ ـ نەيزىلىرىنى چىڭ سىقىملاپ، يالىرىنىڭ كىرىچلىرىنى چىڭ تارتىشىپ تۇرۇشتى. ئۇلار قاپقىغا يېقىنلاشتى... قوۋۇقنىڭ تۈۋىگە كەلدى ... يۇسۇپ قادىرخاننىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى... يۈزبېشى قولىدىكى قىلىچىنى پۇلاڭلاتقان پېتى ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىكى لەشكەرلەرمۇ ئېھتىيات بىلەن ئەتراپقا تېزلىك بىلەن نەزەر سالغاچ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. يۇسۇپ قادىرخان ھاڭغىرقاي تۇرغان قوۋۇق قاپقىسىغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇردى. ئەتراپ ناھايىتى تىنچ ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرمۇ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىمجىتلا تۇراتتى.

شەھەرگە كىرىپ كەتكەنلەرنىڭ قارىسى يىتتى. يۈسۈپ قادىرخانغا ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى. شەھەر تەرەپتە ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىغانسېرى ئۇ بارغانسېرى تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى ـ دە، كۆڭلىگە ھەر خىل خىياللار كېلىپ، يېنىدا تەخ بولۇپ تۇرغان لەشكەرلەرگە ھۆررا توۋلىغىنىچە يۈرتخان شەھىرىگە ئاتلىنىش يارلىقىنى چۈشۈرۈمەكچى بولدى. دەل شۇ چاغدا يۈزبېشى لەشكەرلىرى بىلەن قايتىپ چىقىپ، تېزلىكتە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ يېنىغا ھازىر بولدى:

— مەلۇم بولغاي، ئالىيلىرى، بىز پەرمانلىرى بويىچە يۈرتخان شەھىرىنىڭ قوۋۇقىدىن ئۆتۈپ، خېلى ئىچكىرىلەپ كىردۇق. ئەمما، كوچىلاردا ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق. ھەممە يەر تىپتىنچ، ئۆزلىرىدىن پەرمان بولمىغاچقا، يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرمەي، قايتىپ چىقتۇق...

يۈسۈپ قادىرخان قوۋۇق ئالدىدا خېلى تۇردى. بۇغرا لەشكەرلىرى يۈرتخان شەھىرىنىڭ تۆت تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان قوۋۇقلىرىنىلا ئەمەس، پۈتۈن سېپىللىرىنى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن بېرى كۆپ قېتىم جەڭ قىلغان بولسىمۇ، ئۇدۇن لەشكەرلىرى خېلى پىداكارلىق بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنىدى. مانا ئەمدى سېپىلنىڭ بىرلا قوۋۇقى ئەمەس، تۆت قوۋۇقنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلىپتۇ. قوۋۇقباقارلار، سېپىل ئۈستىدىكى سانجاق ـ سانجاق لەشكەرنى يەر يۇتۇپ كەتكەندەك غايىب بوپتۇ. شەھەر كوچىلىرىمۇ گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆكۈپتۇ. ھازىر بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن. «ئۇزاق يىللاردىن بېرى قاراخانىيلار بىلەن تىغمۇتىغ ئېلىشىپ، ئۇلارنى كۆپ بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر قىلىۋاتقان ئۇدۇن خانى بىردىنلا جەڭ قىلىشنى خالىماس بولۇپ قالغانمىدۇ؟! بۇ ئۇنىڭ قاراخانىيلار بىلەن جەڭ قىلىشتىن ۋاز كېچىپ، يۈرتخان شەھىرىنى يۈسۈپ قادىرخانغا ئىككى قوللاپ تۇتۇپ

بەرگىنىمىدۇ؟!... ياق، ياق... ياغىلاقار قالىۇ خان ھەرگىز ئۆز يۇرتىنى، يۇرتخان شەھىرىنى بۇنداق ئاسانلا باشقىلارغا تۇتۇپ بەرمەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ ھىيلە ئىشلىتىۋاتقىنى... قاراخانىيلارنى، ياق، يۇسۇپ قادىرخاننى ئۆزى قۇرغان قاپقانغا دەسسەتمەكچى بولىۇۋاتقىنى... شۇڭا ئېھتىيات قىلماق كېرەككى، ئالدىراقسانلىقتىن قەتئىي ساقلانماق زۆرۈر...»

يۇسۇپ قادىرخان ئىزتىراپلىق خىياللار بىلەن قوۋۇق تەرەپكە قاراپ خېلى ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، ئېھتىيات تەدبىرلىرىنى كۈچەيتىشنى، كۈتۈلمىگەن ئەھۋال كۆرۈلسە، ئىمغا ئوت يېقىپ ئالاقىلىشىشنى ئېيتىپ ئۆز چېدىرىغا قايتىپ كەتتى.

يۇرتخان شەھىرىنىڭ قوۋۇقى بىر ئايغا يېقىن ئوچۇق تۇردى. يۇسۇپ قادىرخان ھەر كۈنى ھەممە قوۋۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەھۋالنى كۆزەتتى. ھەتتا باشقا قوۋۇقلاردىن شەھەر ئىچىگە لەشكەر كىرگۈزۈپمۇ كۆردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاۋابى ئوخشاش ئىدى.

— «شەھەر گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆكۈپتۇ. ئىمتاس كوچىلاردا ئادەمزاتتىن ئەسەر يوق ئىكەن.»

بۇنداق خەۋەرلەر يۇسۇپ قادىرخاننى خۇشال قىلىشتىن كۆرە ئىزتىراپلىق تۇيغۇلارغا ئەسىر قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئوچۇق سېپىل قوۋۇقىغا قاراپ يەنە خىيالغا پاتاتتى.

— بۇ شەھەرنى بەكمۇ ئۇزاق ۋاقىت مۇھاسىرىگە ئالدۇق، ئالىيلىرى، — دېدى بىر كۈنى ئىمامى ناسىردىن خاننىڭ قوۋۇق تەرەپكە قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، — ئۇدۇن لەشكەرلىرى ھىيلە ئىشلەتكەن تەقدىردىمۇ سېپىل قوۋۇقىنى بۇنچە ئۇزاق ئېچىپ قويمايدۇ. قارىغاندا ئۇدۇن خانى ئوردىسىدا بىرەر ئىش بولغان گەپ. لەشكەرلەر يۇرتخان شەھىرىدىن تامامەن چېكىنىپ چىقىپ كەتتى دېگەن تەقدىردىمۇ، ئاۋامنىڭ ھەممىسى ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ ماڭمايدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە «كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسام پىشارمۇ؟» دېگەندەك تۇرغاندىن كۆرە شەھەرگە

ئېچكىرىلەپ كىرىپ بىرەر تىل تۇتۇپ، ئەھۋالنى ئىدىتلاپ باقمايلىمۇ؟
— ماقۇل... ئەمىسە يۇرتخان شەھىرىگە جەڭ ماھارىتى ئۇستۇن لەشكەرلەردىن بىرنەچچىنى كىرگۈزۈپ باقايلى.
— ئىلەل...
ئۇ تېزلا كەينىگە ئۆرۈلۈپ لەشكەرلەر تەرەپكە كەتتى. بىر ئاش پىشىمدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن يۇرتخان شەھىرىگە كىرىپ كەتكەنلەر چەمبەرچاس باغلانغان بىرسىنى ئالدىغا سالغىنىچە چىقىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل يۇسۇپ قادىرخاننىڭ قېشىغا ھەيدەپ ئەكەلدى. يۇسۇپ قادىرخان تۇتقۇننىڭ ئۇزايىغا باشتىن ـ ئاخىر قاراپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنى باغلاقتىن يەشتۇرۇۋەتتى ـ دە، سورىدى:
— ئىسمىڭ نېمە؟
— خىزىر بابا، ئالىيلىرى، — تۇتقۇن خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بەردى.
— ئۆزۈڭ مۇشۇ يۇرتخان شەھىرىدىنمۇ؟
— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ. كەمىنە قۇللىرى ئانامنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقىتتىلا ماۋەرائۇننەھىردىن ئاتا ـ ئانام بىلەن ئۇدۇنگە كەلگەنىكەنمەن. كېيىن يۇرتخان شەھىرىدە تۇغۇلۇپ ئۆستۈم. ھازىر ئۆزۈمنى قاراخانىيلارغا تەۋە دېسەممۇ، ئۇدۇنلۇك دېسەممۇ بولىدۇ.
يۇسۇپ قادىرخان ھەيران بولدى ـ دە، خىزىر بابانىڭ تەمكىن تۇرقىغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى.
— ئۇنداقتا بۇددىستمۇسەن؟
— يوقسۇ، ئالىيلىرى، قۇللىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئىدى. پېقىر شۇلارنىڭ تەربىيەسىدە كىچىكىمدىن باشلاپ ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغانمەن. ئۆزۈم يۇرتخان شەھىرىدە ياشىغىنىم، تىرىكچىلىك غېمىدە بۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ ئۆتۈۋاتقىنىم بىلەن بۇددىست ئەمەسمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ چىرايىدا سەل ئېچىلىش بولدى.

— قېنى ئېيتىڭ، يۇرتخان شەھىرىنىڭ قوۋۇقلىرى خېلىدىن بېرى ئوچۇق تۇردى. بۇ نېمە ئالامەت؟ خان ھازىرمۇ ئوردىسىدا بارمۇ؟

— ئۆزلىرى زور قوشۇن باشلاپ داغدۇغا بىلەن ئوردۇكەنتكە ھۇجۇم قىلغان چاغلىرىدا يۇرتخان شەھىرىگە كېلىۋالغان ياغلاقار قالۇ خان تۇرلۇك مۇھاپىزەت تەدبىرلىرىنى كۈچەيتكەندى. كېيىن ئۆزلىرى نۇسرەت بىلەن بۇددىست لەشكەرلەرنى قوغلاپ، يۇرتخان شەھىرىگە كېلىپ، بۇ يەرنى قاتتىق مۇھاسىرىگە ئېلىپ، ئۇلارغا شەھەرنى تاپشۇرۇپ ئىسلامغا بەيئەت قىلىشقا دالالەت قىلغاندا، يالۋاچلارغا: «ئۆلۈم دېگەن بىر، بىز بەربىر ئۆلىمىز، ئەمما دىنىي ئېتىقادىمىزدىن ھەرگىز يانمايمىز» دەپ جاۋاب ياندۇرغاندىن كېيىن ئوردىدا كەسكىن دەتالاش بوپتۇ. خان ئوردىسىدا ئىشلەيدىغان، مەن ئوبدانلا ئەسراللىشىدىغان بىر سىنىڭ ئېيتىشىچە، ئوردىدىكى ئەلەمدار، قەلەمدارلار ئىككى تەرەپ بولۇپ قاپتۇ. ئۆزلىرى بىلەن ئاخىرىغىچە ئېلىشىمىز، ئۇدۇن ئېلىنى، ئۇلۇغ بۇددا دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەك ئەرزىيدۇ دېگۈچىلەرمۇ، بۇ قېتىم يۇسۇپ قادىرخاننىڭ پەيلى يامان، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى بىزنىڭكىدىن كۆپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ لەشكەرلەر ئۇزاقتىن بېرى جەڭ قىلىپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن. ئەگەر قارشىلىق كۆرسەتسەك، ھازىرچە سېپىل، خەندەكلىرىمىز مۇستەھكەم بولغىنى بىلەن ئۇلار ئازراقلا يوچۇق ئېچىۋالسا، ئۇزاق يىللاردىن بېرى قەلبىگە مەھكەم ئورناپ كەتكەن قان قىساسلىرىنى بىراقلا ئېلىش ئۈچۈن يۇرتخان شەھىرىنىلا ئەمەس، پۈتۈن ئۇدۇن ئېلىنى قانغا بويايدۇ. ئۇ چاغدا بىزلا ئەمەس، ئۇدۇن زېمىنىدىكى جىمىكى رەئىيەت بىراقلا تۈگىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلار چىرايلىقچە يالۋاچ ئەۋەتكەندىن كېيىن سېپىل قوۋۇقىنى ئېچىپ، قاپقىنى

www.uyghurkitap.com

چۈشۈرۈپ، ئەل بولىدىغانلىقىمىزنى، ئۇلارنىڭ ھامىيلىقىغا ئۆتۈشكە رازى ئىكەنلىكىمىزنى بىلدۈرۈپ، دىنىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى ئۆتۈنسەك قانداق بولار؟ بەلكىم قاراخانىيلار تەلىپىمىزنى ئويلىشىپ كۆرۈپ، خانىمىزغا ئارسلانخانلىق مەرتىۋىسىنى بەرسە ئەجەب ئەمەس. ئاڭلىساق ئارسلانخانلار قاراخانىيلارنىڭ خانى بۇغراخاننىڭ يارلىقىنى بەجا كەلتۈرگەندىن باشقا، يەنە ئۆز ئالدىغا بۇرۇنقىدەك ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ھوقۇقلۇق ئىكەنغۇ؟ ئەگەر يۈسۈپ قادىرخان ھازىرقى پەيلىدىن يېنىپ، بۇ ئەھۋاللارنى توغانخان ئەۋۋەلگە مەلۇم قىلىپ، بىزگىمۇ ئاشۇنداق كەڭچىلىك قىلىشنى قولغا كەلتۈرەلىسە، ئوبدان پۇرسەتنى قولدىن ئۆتكۈزۈۋەتمىگىنىمىز تۈزۈك...» دېگەنلەرمۇ چىقىپتۇ. ياغلاقار قالۇ خان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئېنىق بىر قارارغا كېلەلمەپتۇ. ئەمما، ئوردىدىكى تالاش ـ تارتىش تۈگىمەي، ئاخىر جاڭجالىشىش دەرىجىسىگە يېتىپتۇ. دەل شۇ كۈنلەردە بۇغرا لەشكەرلىرى كۈندە دېگۈدەك شەھەر سېپىلىغا ھۇجۇم قىلىشنى توختاتمىغاچقا، خاننىڭ بېشى قېتىپتۇ. ئەلەمدارلارمۇ، قەلەمدارلارمۇ ئۆز گېپىنى يورغىلىتىشنى توختاتماپتۇ. خان لەشكەر چىقىرىپ سىلەر بىلەن جەڭ قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، نەچچە يىللاردىن بۇيانقى يېغىلىقتا لەشكەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ، يارىدار بولۇپ، ئازلا ئادىمى قالغاچقا، تەڭ كېلەلمەسلىكتىن، يۈسۈپ ئارسلانخان ئالىيلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىگە ئۇنىماي پۈتۈن ئەلدە قەتلىئام يۈرگۈزۈشىدىن ئەنسىرەيدىكەن. ئەل بولۇپ، سۈلھى تەلەپ قىلاي دېسە، مىڭ يىلغا يېقىن داۋاملاشقان خانلىقنىڭ ئۆز دەۋرىگە كەلگەندە خارابىلىشىپ، نامىنىڭ لەنەتكە قېلىشىدىن قورقىدىكەن. تالاش ـ تارتىش تازا ئەۋجىگە چىققاندا، خانلىق بۇتخانىنىڭ راھىبى شەمئۇن ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئۆزى ئۈچۈن ئاۋارىكسۇرا بۇدساتۋانىڭ روھىغا سىغىنىپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ئۈچۈن ئالاھىدە بىر ئۆي ياساپ بېرىشنى، قىرىق

شاگىرت بىلەن قاراخانىيلار ئېلىدىن كەلگەن لەشكەرلەرنى بىراقلا يەر يۈزىدىن يوق قىلىش ئۈچۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ نوم ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭ تەلىپى ئىجازەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئاكا ـ ئۇكا نوقتەرىش، چوقتەرىشلەر بۇنىڭغا تازا ئىشەنچ قىلالماي، خانغا: «بىز هازىرچە لەشكەرلەرنى باشلاپ شەهەردىن چىقىپ كېتەيلى. ئەگەر شەمئۇن راهىبنىڭ دېگىنىدەك ياۋ لەشكەرلىرى بىراقلا ئۆلۈپ تۈگەشسە ياكى بىرەر ئالاهىدە كېسەللىك كۆرۈلۈپ، ئۇلار ئامال تاپالماي ئۆز يۇرتىغا چېكىنسە، بىز دەرهاللا شەهەرگە كىرەيلى. ئەگەر ئۇنداق بولماي، ئۇلار شەهەرگە بۆسۈپ كىرىپ قەتلىئام يۈرگۈزگۈدەك بولسا، بىزمۇ دەرهاللا جەڭنى باشلايلى. شۇڭا، هازىرچە سېپىلدىكى بارلىق قوۋۇقلارنىڭ قاپقىسىنى ئېچىۋەتسىلە، ئالىيلىرى، شەهەردىكى ئاۋاممۇ كوچىلارغا چىقمىسۇن، ئۇلار شەهەرگە كىرىپ قالسىمۇ، بىزنى هىيلە ئىشلىتىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ۋەهىمە بېسىپ چىقىپ كېتىدۇ. ‹پالتا چۈشكۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ› دېگەندەك، بىزمۇ بەزى تەييارلىقلارنى قىلىۋالالايمىز» دېگەن تەكلىپنى بېرىپتۇ. خانمۇ نائىلاج بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، شەهەر قوۋۇقىنى ئېچىۋېتىشنى، بارلىق رەئىيەتنىڭ كۈندۈزى تالا ـ تۈزگە چىقماسلىقى، ئۆيلىرىدە ئوت قالىماسلىقى هەققىدە ئالاهىدە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. شۇ كۈنى كېچىسى نوقتەرىشلەر لەشكەرلىرىنى باشلاپ، پىنهان يوللار بىلەن شەهەردىن چىقىپ كېتىپتۇ. شۇ ئىشقا مانا بۈگۈن سايپاق قىرىق كۈن بولدى. پېقىر نەچچە قېتىم بۇ خەۋەرنى سىلەرگە يەتكۈزۈشنى ئويلىغان بولسامۇ، ئەمما ياغلاقار قالۇ خاننىڭ ئايغاقچىلىرىغا ئۇچراپ قالسام، ئائىلەم بويىچە قەتلىئام بولۇشتىن قورقتۇم. بۈگۈن تۇيۇقسىز مانا بۇ لەشكەرلەرنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم، قارىسام، بۇغرا لەشكەرلىرى. بۇ هىيلىنى يەتكۈزۈپ قوياي دەپ ئالدىغا چىقسام، مېنى باغلاپ بۇ يەرگە ئەكەلدى...

يۈسۈپ قادىرخان خىزىر بابانىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. خاننىڭ ئەتراپىدىكىلەرمۇ خۇددى چۈچەك ئېيتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراشقىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى..

— ھازىر شەھەردە قانچىلىك ئادەم بار؟ — سورىدى يۈسۈپ ئارسلانخان چۈشىدىن ئويغانغان ئادەمدەك كۆزىنى چىمچىقلىتىۋېتىپ.

— ئېنىق بىلگىلى بولمايدۇ، ئالىيلىرى، بەزىلەر نوقتەرىش، چوقتەرىش سانغۇنلارغا قوشۇلۇپ شەھەردىن چىقىپ كەتتى. ھازىر يۈرتخان شەھىرىدە قالغانلىرى بىرەر تۈمەندىن ئاشارمىكىن، ئەمما ئىككى تۈمەنگە بارمايدۇ.

— شەھەردە قالغانلار مۇسۇلمان بولۇرمۇ؟

— بۇنىڭغا قۇللىرى كېسىپ جاۋاب بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن، ئالىيلىرى. ئۇدۇنلۇكلەرنىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغان ۋاقتى بەك ئۇزاق. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇدۇن ئېلىنىڭ ئادەملىرى تولىمۇ جاھىل، ئۇلارغا گەپ يېگۈزۈش ئاسان توختىماسمىكىن، ئالىيلىرى، — دېدى خىزىر بابا ئەستايىدىللىق بىلەن.

— ھازىر يۈرتخان شەھىرىدە ئوردا ئەركانلىرىدىن كىم بار؟

— ياغلاقار قالۇ خان بار.

— ئۇ نېمىشقا نوقتەرىشلەر بىلەن يۈرتخان شەھىرىدىن چىقىپ كەتمىدى؟ — سورىدى يۈسۈپ قادىرخان ھەيران بولۇپ.

— ئۇ كىشىنىڭمۇ يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئالىيلىرى، ئوردىدا ئىشلەيدىغان تونۇشۇمنىڭ دېيىشىچە، كاشغەردىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى بىتاب بولۇپ قاپتۇ. خېلى نامى ئاتالغان ئوتاچىلارمۇ خاننىڭ زادى نېمە كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئون نەچچە ئەۋلاد خانلىق تەختىدە ئولتۇرغانلارنىڭ ئەۋلادى بولغاچقا، سانغۇنلىرى بىلەن شەھەردىن چىقىپ كەتسە، خانلىقنى

گۇللەندۇرۇش يولىدا مېھنەت سىڭدۇرۇپ، باقىيغا سەپەر قىلغان ئەجدادلىرىغا يۈز كېلەلمىگۇدەك!

يۇسۇپ قادىرخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئاللىقاچان ئىشلارنى خىيال قىلىۋاتقاندەك يېنىدىكى مەدايىنلىق ئىماملارغا قارىدى. ئۇلارمۇ خاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەندەك:

— يارلىق بەرگەيلا، ئالىيلىرى، پەرمانبەردارمىز! — دېيىشتى.

— بۇ ئىشتا ئەمدى سۇلھى قىلىشقا بولمايدۇ. ياغلاقار قالۇ خاننىڭ ئوردا ئەركانلىرى دېگەندەك بۇلارنى ئۆز ھامىيلىقىمىزغا ئېلىپ ئارسلانخانلىق ھوقۇقىنى بەرگەن تەقدىردىمۇ يەنە كۆڭلىمىز ئەمىن تاپمايدۇ. شۇڭا، ئىشنى ئۇزۇل - كېسىل قىلغىنىمىز تۈزۈك، — دېدى يۇسۇپ قادىرخان كەسكىن ھالدا.

— توغرا ئېيتتىلا، ئالىيلىرى، بۇ ئىشتا سۇلھى قىلىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى. شۇڭا، ئاۋۋال ئوردىغا يەنە بىر رەت يالۋاچ ئەۋەتىپ، ياغلاقار قالۇ خاننىڭ ئەل بولۇشىنى، ئىسلام دىنىغا كىرىشىنى ئېيتايلى. ئۇ كۆنسە مەيلى، كۆنمىسە، يۇرتخان شەھىرىگە بېسىپ كىرەيلى، خانمۇ پېشانىسىگە پۈتۈلگىنىنى كۆرەر...

— شۇنداق قىلايلى... ياغلاقار قالۇ خان ئوردىسىغا كىم بارسا بولار؟ — سورىدى يۇسۇپ قادىرخان مەسلىھەت ئاھاڭىدا.

— مەن باراي، ئالىيلىرى، — دېدى قەيتۇس مەغرىبىي مىڭبېشى خانغا يېقىنلىشىپ.

— مەيلى، كۆپرەك لەشكەر ئېلىۋالسىلا، — يۇسۇپ ئارسلانخان ئويلىنىپ ئولتۇرمايلا جاۋاب بەردى.

— ئەگەر كۆپ لەشكەر بىلەن بارسام، ئۇ بىزگە ئىشەنمەي قالمىسۇن، شۇڭا ھازىرچە يالغۇز كىرىپ خان بىلەن كۆرۈشەي، ئالىمادىس ۋاقىتىدا قايتىپ چىقالمىسام، شۇ چاغدا لەشكەر ماڭدۇرغايلا، ئالىيلىرى...

— دېگەنلىرى ئورۇنلۇق، ئەمىسە يولغا چىقسىلا.

— ئىلەل، ئالىيلىرى... — قەيتۇس مەغرىبىي يۇسۇپ ئارسلانخانغا چىرىكچە سالام بەرگەندىن كېيىن يۇرتخان شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ شەھەر قوۋۇقىدىن كىرىپ، ئادەمسىز كوچىلاردا خېلى ماڭغاندىن كېيىن، خۇددى بۇ شەھەرنى بەش قولدەك بىلىدىغاندەكلا چوڭ كوچىدىن ئۇدۇللا خان ئوردىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، خېلىلا ھەيۋەتلىك ئوردا دەرۋازىسىدىن كىرىپ، قاياقىقا مېڭىشنى بىلەلمەي ئەتراپقا قارىدى. خان ئوردىسى ناھايىتى ھەيۋەتلىك ئىدى. يەردىن بىر ـ ئىككى غۇلاچ ئېگىزلىكتە كۆتۈرمە قىلىپ سېلىنغان، قويۇق يەرلىك ئالاھىدىلىك بىلەن بۇددا مەدەنىيىتى زىچ گىرەلەشتۈرۈپ سېلىنغان ئوردا قۇرۇلۇشلىرى ئادەمنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇراتتى. شۇ ئەسنادا بىرنەچچە لەشكەر يەردىن ئۈنگەندەكلا پەيدا بولۇپ، قەيتۇس مەغرىبىينى ئورىۋالدى.

— ماڭا يېقىن كېلىشمە، — دېدى قەيتۇس مەغرىبىي، — كەمىنە يۇسۇپ قادىرخان مەخسۇس ئەۋەتكەن يالۋاچىمەن. مېنى خاننىڭ قېشىغا باشلاپ كىرىش!...

ئۇدۇن لەشكەرلىرى تەتۈر ئۈستىخان، سىڭار كۆز بىرسىنىڭ بېشىنى لىڭشىتىشى بىلەن قەيتۇس مەغرىبىينى ئارىغا ئالغان پېتى ئۇدۇل خان سارىيىغا باشلاپ كىردى. ئۇ خان سارىيىغا كىرىپ، ئاۋۋال ئوردىدىكى ئالتۇن ھەل بېرىلگەن، ئادەمگە كۈلۈمسىرەپ تۇرغاندەك تۈيغۇ بېرىدىغان بۇتقا، ئاندىن ھەيۋەتلىك تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان ياغلاقار قالۇ خانغا قارىدى. خانمۇ ئۇنىڭغا سوغۇق نەزەر بىلەن سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن، ئالدىرىماي سورىدى:

— نېمە ئادەمسەن؟ نېمىشقا ماڭا باش قويمايسەن؟

— كەمىنە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئارسلانخانى يۇسۇپ قادىرخان ئالىيلىرىنىڭ يالۋاچى قەيتۇس مەغرىبىي بولۇرمەن. مەن ئالاھىدە سېنى ئەل بولۇشقا، بارلىق پۇقرالىرىڭ بىلەن بىزنىڭ دىنىمىزغا كىرىپ، يۇسۇپ ئارسلانخان ئالىيلىرىنى

سېپىل قوۋۇقىغا چىقىپ قارشى ئېلىشقا دالالەت قىلىپ كەلدىم. ھە راست، مەن مۇسۇلمانمەن، ئىسلام دىنى ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا باش قويۇشىنى توغرا تاپماس!

— ئوھو، گېپىڭ خېلى چوڭغۇ، — دېدى ياغلاقار قالۇ خان ئۇنى مەنسىتمىگەندەك تەرزدە قاراپ قويۇپ چىرقىراق ئاۋازدا، — ئەگەر بۇ تەلەپلەرگە ماقۇل بولمىسامچۇ؟!

— ئۇ چاغدا ئۆز ئۇۋالىڭ ئۆزۈڭگە، سەن ۋە پۇقرالىرىڭ قىلىچىمىز ئاستىدا جان تەسەددۇق قىلىسىلەر.

ياغلاقار قالۇ خان تۈيۇقسىز تاتىرىپ، پۇت - قوللىرى سۇس تىترىدى.

— تۇتۇڭلار، بۇ بىئەدەپنى!...

بۇ گەپ بىلەن تەڭ خان سارىيىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىدىكى يان ئىشىكلەردىن بىر توپ لەشكەرلەر يوپۇرۇلۇپ كىردى - دە، قەيتۇس مەغرىبىيگە ئېتىلدى. قەيتۇس مەغرىبىيمۇ تېزلىك بىلەن قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ، ئەڭ ئالدىدىكى لەشكەرنىڭ دەل كۆكسىگە ئۇرغاندىن كېيىن تېزلا تارتىۋالدى. ئۇ لەشكەر ئوتقاشتەك جۇلالىنىپ تۇرىدىغان گىلەم ئۈستىگە يىقىلدى - دە، خارت - خارت قىلىپ بىرنەچچىنى تىنىغاندىن كېيىن جىمىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن باشقا لەشكەرلەر تېخىمۇ ئېھتىيات بىلەن قەيتۇس مەغرىبىيغا تاشلاندى. قەيتۇس مەغرىبىيمۇ چاققانلىق بىلەن مۇداپىئەلەنگەچ ھۇجۇم قىلىپ سارايىنى ئۆرىتۆپە قىلىۋەتتى. بۇ جەرياندا بەش - ئالتە لەشكەر يەر چىشلەپ ئۆلگۈردى.

— ئۆلتۈرۈڭلار بۇ مەلئۇننى، قىيما - چىيما قىلىۋېتىڭلار!... — دېدى ياغلاقار قالۇ خان ئەلەملىك ۋارقىراپ. ئەمما، شۇ ھامان كۈچلۈك ھۇررا - سۈرەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ، سارای ئىشىكى گۈمبۈرلەپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى ۋە بۇغرا قوشۇنلىرىنىڭ مىڭبېشى شاھ قاسىم ئۈش بىلەن شاھ يەمەننىڭ لەشكەرلىرى يوپۇرۇلۇپ كىردى. ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن سارای

بىردەمدىلا تىقما ـ تىقما بولۇپ كەتتى. ساناقلىق ئۇدۇن لەشكەرلىرى قېچىشقا باشلىدى. رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشقاچ تەخت تەرەپكە سۈرۈلۈپ بېرىپ قالغان قەيتۇس مەغرىبىي قورققىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتقان، چىرايى تاتىرىپ، بەزگەكتەك تىترەپ ئولتۇرغان ياغلاقار قالۇنىڭ دەل بويىنىغا قان تامچىلىرى سارقىپ تۇرىدىغان قىلىچىنى تەڭلىدى:

— ئۆلۈمگە تۇرامسەن، ئەل بولۇشقىمۇ؟

تۇيۇقسىز ياغلاقار قالۇنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلگەن ئىككى تامچە ياش تاتىراڭغۇ مەڭزىنى بويلاپ چۈشتى. ئۇ بىردە ئۆزىگە تەڭلىنىپ تۇرغان قىلىچقا، بىردە يەردە سۇنايلىنىپ ياتقان جەسەتلەرگە ئەندىككەندەك قاراپ قويغاندىن كېيىن، دۇدۇقلىدى:

— بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭ، پالۋان... مەن... مەن ئەل بولاي!

— ئەمىسە ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلامسەن؟

ياغلاقار قالۇ خان قىلىچقا يەنە بىر قېتىم قارىدى ـ دە، كۆزلىرىنى يۇمدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆتكۈر قىلىچقا ئۇرۇپلا پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشقۇسى، ئەجدادلىرى بىلەن دىنداش ھالدا باقىيغا سەپەر قىلغۇسى كەلدى ـ يۇ، ئەمما نىمجان تېنى بىلەن بولسىمۇ جاھاننىڭ سېرىقىنى كۆرۈش ئىستىكى غالىب كېلىپ، يەنە لاپپىدە كۆزىنى ئاچتى:

— ماقۇل... ھايات قالساملا مەن ھەممىگە رازى!...

— ئورنۇڭدىن تۇر... ماڭ!... — قەيتۇس مەغرىبىينىڭ شۇ تاپتا بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلىغان خاننى بىرلا قىلىچ بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۆزىتىپ قويغۇسى كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ يالۋاچ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە يۈسۈپ قادىرخانغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

ياغلاقار قالۇ خان ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك تىترەپ تۇرغان پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ، ئۆلۈكلەر ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئاتا

مىراس شاھ قەسرىدىن چىقتى ـ دە، ئاستا كەينىگە ئۆرۈلۈپ، بۇ ھەشەمەتلىك ئوردىغا قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن قارىدى.
— ماڭ!... — ۋارقىرىدى قەيتۇس مەغرىبىي قاتتىق ئاۋازدا.
خان ئۇلۇغ ـ كىچىك تىن ئالغان ھالدا خورلۇق ھېس قىلغاندەك تۇيغۇ بىلەن قەيتۇس مەغرىبىيگە قاراپ قويۇپ ئاستا قەدەم تاشلىدى. ئۇلار ئوردا ئالدىغا چىققاندا، يۈسۈپ قادىرخانمۇ ھەمراھلىرى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ بولغانىدى. ئۇ بىردە قىلىچىنى تەڭلەپ تۇرغان قەيتۇس مەغرىبىيگە، بىردە قەلبىدىكى قورقۇنچ، ۋەھىمە بېسىپ تىترەپ تۇرغان ياغلاقار قالۇ خانغا قارىدى. بۇ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۇدۇن خانىنى تۇنجى قېتىم يېقىن ئارىدىن كۆرۈشى بولغاچقا، ئورۇقلاپ ۋىجىككىنە بولۇپ قالغان گور كۆز، مەڭىز سۆڭەكلىرى پۈلتىيىپ چىققان خانغا قاراپ يېنىك خورسىنىپ قويدى. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان مۇسا بۇغراخان، ئەلى ئارسلانخان، ھارۇن بۇغراخانلار ئۇزۇكسىز جەڭ قىلغان بولسىمۇ، يېڭىلمەي كەلگەن خاننىڭ مۇشۇ ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىگەندەك تۇرۇپ قالدى.
— ئۇدۇن خانى بىزگە ئەل بولۇپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىدىغان بولدى، ئالىيلىرى! — دېدى ھېلىھەم قىلىچىنى چىڭ سىقىملاپ تۇرغان قەيتۇس مەغرىبىي.
— ئۇنداقتا ئۇنى قويۇۋېتەيلى. گەرچە ئۇ كېچىكىپ ئەقلىنى تاپقان بولسىمۇ، بىزنىڭ شەرتىمىزگە كۆنگەنىكەن، بىز بىلەن دىنداش دېگەن گەپ. ئەمدى تىغ كۆتۈرۈشنىڭ ئورنى يوق. ئەگەر ھەقىقىي ھالدا گۇناھىغا توۋا قىلسا، يەنە ئاۋۋالقىدەك خانلىقىنى قىلىۋەرسۇن...
ياغلاقار قالۇ خان «قۇلىقىم خاتا ئاڭلاپ قالدىمۇ نېمە؟» دېگەندەك تېزلا يۈسۈپ قادىرخانغا قارىدى. ئەمما، ئارسلانخاننىڭ سەممىيلىك چىقىپ تۇرغان ئۇزايىغا قاراپ، ئازراق مەڭدەپ قالغاندىن كېيىن، بېشىنى ئېگىپ دېدى:
— ئامىتا... ياق... ياق... ياراتقۇچى ئۆزلىرىگە ئۇزۇن ئۆمۈر،

www.uyghurkitap.com

كاتتا نۇسرەت ئاتا قىلسۇن، ئالىيلىرى...

— تۇزۇت قىلمىسىلا، خان. سىلى شەرتىمىزگە كۆنگەنىكەنلا، ئەمدى ئۆتكەن ئىشلارغا سالاۋات. ئۇ ئىشلارنى سۇرۇشتۇرۇپ ئولتۇرمايلى، — يۇسۇپ قادىرخان سۆزلىگەچ يېنىدىكى شاھ قاسىم ئۇشنى قولى بىلەن ئىشارە قىلدى، — بۇ كىشى ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئۇستازى بولسۇن. بىزنىڭ دىنىمىزنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىنى ياخشى ئۆگەنسىلە...

— ئوب... ئوبدان...

يۇسۇپ قادىرخان ئۇنىڭغا يەنە بىر رەت قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئادەمسىز قالغان سارايغا كىردى، ئۇ يەرگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، جەسەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ دەپنە قىلىش ۋە بۇتلارنى كۆزدىن يوقىتىشنى تاپىلاپ سىرتقا چىقتى...

شۇ تاپتا يۇرتخان شەھىرى باشقىچە ھالەتكە كىرگەنىدى. كوچىلاردا جەسەتلەر سۇنايلىنىپ يېتىشاتتى. بىر قوشۇق قېنىنى تىلەۋاتقان شەھەر پۇقرالىرىمۇ، بېشىنى چۇشۇرۇۋەتكەن، بويىنىغا تەسۋى ئېسىۋالغان راھىبلارنى ھەيدەپ كېتىۋاتقانلارمۇ، بۇتخانىلارنى بۇزۇپ - چېقىۋاتقانلارمۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئوت قويۇۋېتىلگەن ئۆي - بۇتخانىلاردىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق ئىس شەھەر ئاسمىنىنى قاپلىغان بولۇپ، نەپەس ئېلىشمۇ تەس ئىدى. بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرگەن يۇسۇپ قادىرخان كۆڭلى يېرىم بولغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانىدى. ئەمما، نېمىلا بولسۇن، ساتۇق بۇغراخان، مۇسا بۇغراخانلارنىڭ ئارزۇسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغانلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن تېپىپ قالدى.

كۈنلەر تېزلىكتە ئۆتمەكتە ئىدى. ياغلاقار قالۇ خانلا ئەمەس، يۇرتخان شەھىرىنىڭ پۇقرالىرىمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانىدى. ياغلاقار قالۇ خان تۇتقۇنغا ئايلانغان ئاشۇ كۈندىكى روھىي ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ خېلىلا تېتىكلىشىپ قالدى. ئەمما، يۇسۇپ قادىرخانىنىڭ ئەمدىكى پۈتۈن ئەس - يادى نوقتەرىش، چوقتەرىشلەردە بولۇپ، ئۇلارنىڭ يۇرتخان شەھىرىگە قايتىپ

كېلىپ، ئەمدىلا ئىزىغا چۈشۈۋاتقان ئىشلارنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، تەرەپ ـ تەرەپكە ئايغاقچى ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ دېرىكىنى قىلغان بولسىمۇ ھېچبىر ئۇچۇرى بولمىدى. ھەتتا ياغلاقار قالۇ خانمۇ ئۇلارنىڭ پەقەت يۇرتخان شەھىرىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنىلا بىلىدىغانلىقىنى، ھازىر نەدىلىكىدىن خەۋەرسىزلىكىنى ئېيتتى. يۇسۇپ قادىرخان شەھەر مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرلىكتە نوقتەرىشلەرنىڭ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس قوشۇن ماڭدۇردى. قوشۇن شەھەردىن ئايرىلىپ ئارىدىن ئون كۈن ئۆتكەندە چوقتەرىشلەرنىڭ دېرىكىنى ئالغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. شۇ كۈنى يەنە ئوردۇكەنتتىكى ئىسلامخان تۈركىيدىنمۇ ئارقىش كەلدى.

— بۇنىڭدىن تۆت كۈن ئىلگىرى ئورۇقلۇقىدىن ئۈستىدىكى يۈكلەرنى كۆتۈرەلمەي قېلىۋاتقان بىر تۆگىنى يېتىلەپ كېتىۋاتقان بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ قالدۇق، — دېدى نۇقتەرىشلەرنىڭ دېرىكىنى قىلىپ يۇرگەنلەردىن كەلگەن ئارقىش، — ئۇنىڭدىن نوقتەرىش، چوقتەرىش قوشۇنىنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىنى سورىساق، «ياق» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇندىمەي ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ، باش كىيىمىنى ئالساق، تاقىر باش ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى باغلاپ، سوراق قىلىش باشلاندى. ئۇ راھىب بولۇپ، دەسلەپىدە ھېچقانداق سوئالغا جاۋاب بەرگىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالغان بولسىمۇ، كېيىن قىيىن ـ قىستاققا بەرداشلىق بېرەلمەي راست گەپنى ئېيتتى. نوقتەرىش، چوقتەرىشلەر يۇرتخان شەھىرىدىن قېچىپ چىققاندىن كېيىن، دەسلەپ ئۇچاتتا پاناھلىنىپ، يۇرتخان شەھىرىنىڭ ئەھۋالىنى تىڭتىڭلاپ تۇرۇپتۇ. كېيىن بىزنىڭ شەھەرنى ئىستېلا قىلغانلىقىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى پىلانلىغان بولسىمۇ، لېكىن لەشكىرىي كۈچىنىڭ ئاز، تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ، ھازىرچە پاناھلىنىپ تۇرۇش، لەشكەر سانىنى كۆپەيتكەندىن كېيىن

ئەھۋالغا قاراپ ھۇجۇم قىلىشنى ئويلاپ تاغ ئارىسىدىكى ھاسا، ھاشى قورغانلىرىغا چىقىپ كېتىپتۇ.

— قايسى تەرەپتە ئىكەن ئۇ قورغانلار؟ — دېدى يۈسۈپ قادىرخان.

— چىرا دېگەن يۇرتىنىڭ تاغلىق يېرى ئىكەن. مۇساپىسى خېلى ئۇزاق ئوخشايدۇ. بىزنىڭ تۈمەنبېشى ئۇلارنى قوغلاش ـ قوغلىماسلىق ھەققىدە بىر قارارغا كېلەلمەي ئۆزلىرىدىن يارلىق كۈتۈۋاتىدۇ.

يۈسۈپ قادىرخان نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. تېخى باياتىنلا كاشغەردىن كەلگەن ئارقىش «يېقىندىن بۇيان قەيەردىن كەلگەنلىكى نامەلۇم توپىلاڭچىلار ھە دەپ ئوردۇكەنتكە ھۇجۇم قىلىپ، پەقەت ئاراملىق بەرمەيۋاتىدۇ. ھاكىمبەگ جانابلىرى خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لەشكەرلىرىمىز ئاز بولغاچقا، تالاپەت كۆپ بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۆزلىرىدىن جىددىي لەشكىرىي ياردەم تەلەپ قىلىۋاتىدۇ!» دېگەنىدى. مانا ئەمدى نوقتەرىش، چوقتەرىشلەرمۇ باشنى قاتۇرۇۋاتىدۇ.

يۈسۈپ قادىرخان خىيالغا چۆمدى. ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى. ھازىرنىڭ ئۆزىدە نوقتەرىشلەر لەشكەر باشلاپ قاچقان تەرەپكە ئىز بېسىپ لەشكەر تارتمىسا، ئۇلار كۈچىيىۋالسىلا، ئۇدۇننىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايتتى. ئەگەر كاشغەر تەرەپكە لەشكەر يۆتكەپ ئوردۇكەنتنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتمىسە، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلەش قىيىن ئىدى. شۇڭا، ئۇ خۇددى ئاچا يول دوقمۇشىغا كېلىپ قالغان كىشىدەك تېڭىرقاپ قالدى. ئاخىر تېزلىكتە ھەرقايسى قوشۇن باشلىرىنى چاقىرتىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسلىھەت سورىدى. كېڭەش ئەھلىدىن خېلى ئۇزاققىچە سادا چىقمىغاندىن كېيىن، ئىمامىي ناسىردىن گېلىنى قىردى:

— ھازىرقى ئەھۋالدا سىلى يۈرتخان شەھىرىنىڭ ئىشلىرىنى ئىشەنچلىك بىرسىگە ھاۋالە قىلىپ، كاشغەرگە ئاتلانمىسىلا بولمىغۇدەك، خان ھەزرەتلىرى. نوقتەرىشلەرگە قوغلاپ زەربە بېرىشنى بىز مەدايىنلىق تۆت ئىمامغا قالدۇرغايلا.

— ئارى، ھەق گەپ...

— مۇشۇنداق قىلماق زۆرۈر...

— ئىمامى ناسىردىننىڭ مەسلىھەتىنى ئويلاشماق كېرەك...

ھەممەيلەن ئىمامى ناسىردىننىڭ سۆزىنى قوللاشتى. يۈسۈپ قادىرخانمۇ ئۆزىگە پەقەت مۇشۇ بىرلا يول قالغانلىقىنى، ئەگەر ئۆزى كاشغەرگە يول ئالماي، باشقىلارنى يولغا سالغاندىمۇ كۆڭلى ئەمىن تاپالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بېشىنى سۈس لىڭشىتتى.

— مەيلى... شۇغىنىسى ھەرقايسىلىرىنى ئالاھىدە خۇراساندىن چىللاپ كېلىپ، بۇ يەرگە كەلگەندە... — يۈسۈپ قادىرخان نېمىشقىدۇر گېپىنىڭ داۋامىنى دېيەلمەي قالدى.

— ياق، ئۇنداق دېمىسىلە، ئالىيلىرى. بىزمۇ سىلى بىلەن ئاۋۋال كاشغەرگە، كېيىن ئۇدۇنگە سەپەر قىلىش داۋامىدا خېلى ئوبدانلا ئەسرالىشىپ، ئىچەركىشىپ بىر - بىرلىرىمىزنى چۈشىنىشتۇق. راست گەپنى دېسەم، بۇمۇ بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بەخت. بىز مانا شۇنىڭدىن خۇشال. ھازىرقى ئايرىلىش جۇدالىقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئىنساننىڭ ئىنساندىن ئايرىلمىقى بەرھەقتۇر. لېكىن... — ئىمامى ناسىردىنمۇ بىرئاز جىمىپ قالغاندىن كېيىن دېدى، — مۇشۇ تاپتا سىلىدىن ئۆتۈنىدىغان بىرلا ئۆتۈنۈشۈم بار، ئالىيلىرى...

— قېنى ئېيتىۋەرسىلە، جانابلىرى، — دېدى يۈسۈپ قادىرخان ناھايىتى تېزلا.

— تەقدىرى قىسمەتكە بىرنەرسە دېمەك قىيىندۇر. ئالىمادىس تاغدىكى بۇددىستلارنىڭ قولىدا شېھىت بولساق، جەسىتىمىز تاغۇ - دەشتلەردە تاشلىنىپ قالمىغاي...

بۇ گەپنى ئاڭلاپ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ يۈرىكى ئۆرۈلگەندەك بولدى. تېنى شامال سوققان ياپراقتەك تىترەپ، لەۋلىرى ئۇمچەيدى...

— بۇنداق... بۇنداق گەپلەرنى دېمىسىلە، جانابلىرى، ئاللا ئىگەم ھەممىمىزنى ساق ـ سالامەت كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلار. ئالىمادىس تەقدىر قىسمەت شۇنداق بولۇپ قالسا، ئېيتقانلىرىنى چوقۇم بەجا كەلتۈرگەيمەن...

— رەھمەت، ئالىيلىرى... — ئىمامى ناسىردىننىمۇ كۆزىگە ياش ئالدى، — ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ بىر ئېغىز گەپلىرى ئۈچۈن بولسىمۇ، نوقتەرىش، چوقتەرىشلەرنىڭ لەشكەرلىرىنى چوقۇم يەر بىلەن يەكسان قىلىمىز.

كېچەش ئاخىرلاشتى. لېكىن، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئۇخلاش ئالدىدىمۇ سۇس پىچىرلىدى: «ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمىسىلا، ئاللا نېسىپ قىلسا، بىز يەنە ساق ـ سالامەت دىدارلىشىمىز. خىزىر بابا بۇ يەرنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئوبدان بىلىدۇ، شۇڭا ئۇ كىشىنى سىلەرگە ھەمراھ قىلىپ قويسام، چوڭ چاتاق چىقماس بەلكىم!...»

## 25

ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى قوغلاپ زەربە بېرىش جېڭى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى. ئىمامى ناسىردىن باشچىلىقىدىكى مەدايىندىن كەلگەن بۇغرا لەشكەرلىرى ۋە ئىۋش، پەرغانىدىن قوشۇلغان لەشكەرلەر ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ، نوقتەرىشلەر قوشۇنىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن بولسىمۇ، ئۆزلىرىمۇ خېلىلا تالاپەت تارتتى. ھەرھالدا ئۇلار سامپۇل[1]دىن چىققاندىن بېرى كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، بۇددىست لەشكەرلىرىنى ئاخىر ھاسا،

[1] سامپۇل — ھازىرقى لوپ ناھىيەسىنىڭ سامپۇل بازىرى. ئەينى دەۋرلەردە بۇ يەردىن چىرانىڭ چاقار، بوستان، نۇرى قاتارلىق يېزىلىرىغا بارغىلى بولاتتى.

ھاشى قورغانلىرىغا بەند قىلىنىشقا مۇشەررەپ بولدى. ئەمما، سايلىنقىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قورغانلار خېلى يىللار مۇقەددەم نوقتەرىش، چوقتەرىشلەر تەرىپىدىن ياسالغان بولغاچقا، مۇداپىئەدە تۇرۇشقىمۇ، ھۇجۇم قىلىشقىمۇ ئەپلىك ئىدى. قورغاننىڭ جەنۇب، شەرق، غەرب ئۈچ تەرىپى ھاشى دەرياسى، چوكا دەرياسى، سوغۇق جىلغىدىن ئىبارەت سۇ ئېقىنلىرىدىن ھاسىل بولغان چوڭقۇر جىلغا، شىمال تەرىپى بولسا ئېگىز تاغ بولۇپ، تەبىئىي توسۇق ئىدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى مانا مۇشۇنداق ئوبدان جاينى تاللاپ تاش بىلەن سېغىز لايدا ناھايىتى پۇختا قورغان سوقۇپ، ئىچىگە لەشكىرىي گازارما ۋە زورۇر قورۇلۇشلارنى جايلاشتۇرۇۋالغانىدى. قەلئە ئىچىگە يەنە جەڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى، دەريا بىلەن تۇتىشىدىغان يەر ئاستى خەندەكلىرىمۇ قېزىلغانىدى. گەرچە ئىككى قەلئەنىڭ ئارىلىقى تۆت ـ بەش ئۇن يېتىم كەلسىمۇ، ئۇلار ۋاقتى كەلسە ھەم مۇستەقىل جەڭ قىلالايدىغان، ھەم بىر ـ بىرىگە ياردەم بېرەلەيدىغان شارائىتنى ھازىرلىغانىدى. شۇڭا، ئىمامى ناسىردىن قاتارلىقلار بۇ قەلئەنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. دېگەندەك ئۇلار نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۇنۇم قازىنالمىدى.

— بۇ ئورۇش ئۇزاققا سوزۇلۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى بىر كۈنى يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ، قەلئەگە يېقىنلىشىش تۇگۇل ئۈچ يۈزدەك لەشكىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ئىمامى ناسىردىن ئۆكۈنگەن ھالدا، — كۆز ئالدىمىزدىكى قەلئەنى قولغا ئالغىلى بولمايدۇ. بۇ يەردە يەنە مۇشۇنداق تىركىشىپ تۇرىۋېرىدىغان بولساق، ھاۋا سوۋۇپ كەتسە، لەشكەرلىرىمىز قىيىن كۈنگە قالىدۇ. شۇڭا، قەلئەنى تېزرەك ئېلىشىمىز كېرەك، بۇ جاھىل بۇددىستلار بىلەن بولغان جەڭنى ئاخىرلاشتۇرساق بولاتتى.

— راست دەيدىلا، ئاكا، — دېدى ئىمامى مۇئىنىددىنمۇ، — ھازىر ياۋنىڭ لەشكەرلىرى بىزنىڭ لەشكەرلىرىمىزنىڭ بەشتىن

بىرىگە توغرا كەلمەيدۇ. ئەمما، ئۇلار ناھايىتى ئەپلىك مۇداپىئە قورغىنىغا ئورۇنلىشىۋالغاچقا، خېلى كۈچلۈك ھۇجۇممۇ زەرەر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇنۇمسىز بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى قورغاندىن ئالداپ چىقىرالىساقلا بىرلا ھۇجۇم بىلەن ھەممە ئىشنى ئاياغلاشتۇرۇۋېتەتتۇق.

— قورغاندىن چىقىشىنىڭ ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىكەنلىكىنى نوقتەرىشلەر ئوبدان بىلىدۇ. ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ھالاكەتكە تۇتۇپ بېرىدىغان ئىشنى قىلمايدۇ، — دېدى ئىمامى زۇھۇرىدىن ئويچان ھالەتتە.

— بۇ ياۋ سانغۇنلىرىنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئىمامى قاۋامىددىن، — بۇلار قانداقلارچە مۇشۇنداق مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى ساپ، ئۆرۈك، ئالما قاتارلىق مېۋىلەرگە تولغان، يىل بويى سۈزۈك زىلال سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان جايغا ئاسانلىقچە يېقىنلاشقىلى بولمايدىغان مۇستەھكەم قەلئە ياسىغاندۇ؟ بىلمەن، ئۇلار ئاسان قىلتاققا چۈشمەيدۇ...

— مەيلى قانداقلا بولسۇن، بۇ يەردە قىش كىرىپ، جاندىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغۇقتا لەشكەرلىرىمىزنىڭ توڭلاپ ئۆلۈپ كېتىشىنى ساقلىساق بولماس، — دېدى ئىمامى ناسىردىن ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ، — بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى بىزنىڭ يۇرتىمىز بىلەن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. تۆت پەسلى ئېنىق، قىشتا سوغۇق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن كۈنلەردە ئادەم تۇكۇرسە، يەرگە مۇز بولۇپ چۈشىدۇ.

— راست، مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىدىم. ئەمما، قورغاننى ئېلىش ئۈچۈن قانداق چارە قوللىنىش كېرەك زادى؟

— ئىزدىنىپ كۆرەيلى. بەلكىم بىرەر ئامالىنى تېپىۋالارمىز. ئۇلارنىڭمۇ بىزگە قۇيرۇقىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىغان تەرەپلىرى چىقىپ قالار...

كېچەش خېلى ئۇزاق داۋاملاشقان بولسىمۇ، ھېچقانداق پىكىر

بىرلىكى ھاسىل بولمىدى. ئاخىر ھازىرچە نوقتەرشىنىڭ ھىيە-لە - مىكىر ئىشلىتىشىدىن ساقلىنىش، مۇداپىئەنى كۈچەيتىش، قاراۋۇللارنى كۆپەيتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىپ، ياۋنىڭ ئەھۋا-لىنى پىششىق بىلىدىغان تىل تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن، ئەھۋال-غا قاراپ ئىش كۆرۈشنى مەسلىھەتلەشتى - دە، تۇتقاقلارنى تىل تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندە، راست دېگەندەك بىر يەرلىك ئاھالە «ئەسىر»گە چۈشتى. ئىمامى ناسىر-دىن ئۇ كىشىنىڭ تۇرقىغا باشتىن - ئاياغ نەزەر سالغاچ، ۋەزمىن ئاھاڭدا ئالدىرىماي سورىدى:

— نېمە ئادەمسەن؟

— مۇشۇ جاينىڭ شۇقاقى[①] تەرىپىدىن، پادا باقىدىغان قويچىمەن.

— بۇ يەرگە نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟

— ئالدىنقى كۈنى بەش - ئالتىدەك پاقلىنىم توساتتىنلا يوقاپ كەتكەنىدى. شۇنى ئىزدەپ يۈرۈپ، بۇ تەرەپكە كېلىپ قالدىم، تەخسىر.

— سەن ئاۋۇ قەلئەنى بىلەمسەن؟

— بىلىمەن، تەخسىر، بىلىمەن. مەنلا ئەمەس، مۇشۇ تاغدا ياشايدىغان تاغلىقلارنىڭ ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى بىلىدۇ.

— ئەمىسە قېنى ئېيتە، قورغان ئىچىگە قانداق كىرگىلى بولىدۇ؟

— قورغان ئىچىگە قوۋۇقتىن باشقا يەردىن كىرگىلى بولمايدۇ، تەخسىر.

— ئۇلار ئىچىملىك سۇنى دەريادىن ئېلىپ ئىشلىتەمدۇ ياكى جىلغىدىنمۇ؟ — سورىدى ئىمامى زۇھۇرىددىن توساتتىنلا.

— نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇلارنىڭ قورغان ئىچىنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن يەر تېگىگە مىس نور كۆمدۈرگەنلىكىنى

① شۇقاقى — يۇقىرىدىكى.

ئاڭلىغانىدىم، ئەمما بۇ گەپ راستمۇ، يالغانمۇ بىلمەيمەن.

— بۇ كىشىنى قويۇۋېتىڭلار، — دېدى ئىمامى ناسىردىن.

تۇتقۇن قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇلار بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇشتى. ئەمدى مەسلىھەتنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. شۇڭا دەررۇ ئورنىدىن قوزغىلىشىپ قورغانغا يېقىنلاشتى - دە، بىر مىڭبېشىنى لەشكەرلىرى بىلەن قورغاننى سۇ بىلەن تەمىنلەيدىغان مىس نورنىڭ ئېغىزىنى تېپىشنى بۇيرۇدى. بىر كۈن... ئىككى كۈن... ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتكەن، دەرياغا چۈشكەن لەشكەرلەر كۆپەيتىلگەن بولسىمۇ ئۇنۇمى بولمىدى.

— لەشكەرلەرگە سۇدىن چىقىپ كېتىش ھەققىدە پەرمان بەرگەيلا، جانابلىرى، — دېدى خىزىر بابا يىراقتىن بىر سېۋەتتە غەزمەت① كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان يەرلىك كىشىنى كۆرۈپ.

— قانداق قىلاي دەيدىلا؟ — سورىدى ئىمامى ناسىردىن ھەيران بولۇپ.

— ئاۋۋال لەشكەرلەرگە پەرمان چۈشۈرسىلە، قالغىنى ھېلى بىر گەپ بولسۇن... — دېدى ئۇ سۆزلىگەچ ئورنىدىن تۇرۇپ.

خىزىر بابا ھېلىقى كىشىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى سېۋەتنى ئالدى - دە، بىر لەشكەرگە بىرنېمىلەرنى دەپ، سېۋەتنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن ئۆزىمۇ قورغان تەرەپكە يېقىنلاشتى. لەشكەرلەرمۇ ھەيران بولغان ھالدا خىزىر باباغا ئەگەشتى. بۇ چاغدا سۇدىكى لەشكەرلەر ئىمامى ناسىردىنىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە سۇدىن چىقىپ بولغانىدى. سېۋەتنى كۆتۈرگەن لەشكەر سۇنىڭ سەل باش تەرىپىگە بېرىپ، سېۋەتتىكى غەزمەتنى سۇغا تۆكتى. قىزىرىپ پىشقان غەزمەتلەر بەزىدە لەيلەپ، بەزىدە چۆكۈپ دېگۈدەك ئېقىشقا باشلىدى. تۇساتتىن خىزىر بابا سۇغا سەكرەپ چۈشتى - دە، بىر يەردە

① تاغ ئالمىسىنىڭ بىر تۈرى.

توختىماي پىرقىراپ ئايلىنىۋاتقان غەزمەتنى سوزۇۋېلىپ قىرغاقتىكىلەرنى تونۇلىدى.

— سۇغا چۈشۈپ بۇ يەردىكى تاشلارنى يۆتكەڭلار، نورنىڭ ئېغىزى دەل مۇشۇ يەردە...

لەشكەرلەر تېزلا سۇغا چۈشۈپ، خىزىر بابا كۆرسەتكەن دائىرىدىكى تاشلارنى قومۇرۇشتى ـ دە، ھەيران بولدى. دېگەندەك يۇتىدەك تومۇلۇقتىكى مىس نورغا سۇ غۇرقىراپ كىرمەكتە ئىدى.

— بىر تامچىمۇ سۇ ماڭمايدىغان قىلىۋېتىڭلار! — دېدى ئىمامى ناسىردىن، — ئۇلار ئۇسسۇزلۇققا قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيدىكىن قېنى؟

شۇ كۈندىن باشلاپ مۇداپىئە كۈچەيتىلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، قورغان ئىچى تىنچ ئىدى. «ئېھتىمال ئۇلارنىڭ زاپاس سۈيى بولسا كېرەك. يەنە بىر ـ ئىككى كۈن تەخىر قىلايلى، ئاچلىقتىن ئۇسسۇزلۇق يامان، ئۇلار ھامان ئەل بولىدۇ...» دەپ ئويلايتتى ئىمامى ناسىردىن. ئەمما، ئۇ مۆلچەرلىگەن مۆھلەتتىن نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە غەلىتە بىر ئىش يۈز بەردى: ھاسا قورغىنى تەرەپتىن رىتىملىق ئۇرۇلغان ناغرا ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇلار ئۇسسۇزلۇققا چىدىيالماي ئەل بولۇشىنىڭ ئورنىغا بىزنى جەڭگە چىللاۋاتىدۇ. جەڭگە تەييارلىنامدۇق، — سورىدى ئىمامى قاۋامىددىن.

— ياق، ئالدىرىمايلى. بىز مۇشۇ يەردە قورغاننى ئۇدۇل تەرەپتىن مۇھاسىرىگە ئېلىپ تۇرىۋېرەيلى. ئۇلار بىزنى جەڭگە چىللاپ، ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن چىدىيالماي قالغاندا چوقۇم ئەل بولىدۇ.

ناغرا بىر خىل رىتىمدا چېلىنىدى. كۈندۈزىلا ئەمەس، كېچىسىمۇ، ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ چېلىنىدى. ئىمامى ناسىردىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلدى ـ دە، لەشكەرلەرنى ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە بۇيرۇدى. لەشكەرلەر تېزلىك بىلەن قورغانغا

www.uyghurkitap.com

يېقىنلىشىپ، قىيا ئوچۇق تۇرغان قاپقىدىن قورغان ئىچىگە كىرگەندە ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. قورغان ئىچىدە بىرمۇ لەشكەر كۆرۈنمەيتتى. قورغان سەيناسىدىكى موما ياغاچقا باغلاپ قويۇلغان، كۆيلەش مەزگىلىگە كىرگەن بىر مەست تۆگە ئېغىزىدىن ئاپپاق ماغزاپلارنى چاچرىتىپ توختاۋسىز مىدىرلاپ تۇرىدىغان قۇيرۇقىنى ناغرىغا ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئىمامى ناسىردىن كۈلۈشنىمۇ، ئاچچىقلىنىشنىمۇ بىلەلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، يەرنى بوشلا تېپىپ قويدى.

ــ قانداق قىلىمىز، ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئالىلىقاچان قېچىپ كېتىپتۇ، بىز ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان لەشكەرسىز قورغاننى ساقلاپ يۈرۈپتىمىز، ــ دېدى ئىمامى مۇئىنىددىن ئەپسۇسلانغاندەك بېشىنى چايقاپ.

ــ پەمىمچە، ئۇلار بەك يىراققا كەتمىدى. شۇڭا، دەرھال قوغلايلى، ئۇلارغا قەيەردە يېتىشۋالساق شۇ يەردە ھۇجۇم قىلىپ ئەدىپىنى بېرەيلى، ــ دېدى ئىمامى ناسىردىن كەسكىن ھالدا.

ــ قوغلاشقا لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى چىقمىغىنى ياخشى، ــ دېدى باياتىن بېرى گەپ ـ سۆز قىلماي ئولتۇرغان ئىمامى زۇھۇرىددىن ئويچان ھالدا يىراقتىكى ئاقباش تاغ چوققىلىرىغا قاراپ، ــ نوقتەرىش بەكلا ھىيلىگەر ئىكەن. ھىيلە ئىشلىتىپ، بىزنى كولدۇرلىتىپ يۈرمىسۇن يەنە... شۇڭا بىرەر تۈمەندەك لەشكەرلا ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشسەك بولارمىكىن...

ــ بۇ كېپىڭىزمۇ ئورۇنلۇق، ــ دېدى ئىمامى ناسىردىن، ــ ئەمىسە مەنسۇر تۈمەنبېشى لەشكەرلىرى بىلەن ئۇلارنى قوغلىسۇن!

ــ باش ئۈستىگە، ــ دېدى مەنسۇر تۈمەنبېشى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ.

مەنسۇر تۈمەنبېشى لەشكەرلىرىنى باشلاپ قورغاندىن چىقىپ، ئەتىسى كۈن تىكلەنگۈچە يول يۈرگەندىن كېيىن، جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان بىر جىلغا ئېغىزىغا يېتىپ

كەلدى. يول مۇشۇ جىلغىنى بويلاپ داۋام قىلاتتى. جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى تىك قىيا ئىدى. مەنسۇر تۇمەنبېشى دېلىغۇل بولغاندەك ئەتراپقا بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن كەينىگە يانماقچى بولدى. ئەمما، بۇ ئەتراپتا مۇشۇ يولدىن باشقا يول يوقلۇقىنى، يەردە چېچىلىپ ياتقان ئات تېزەكلىرىنىڭمۇ تېخى هۆل پېتى تۇرغانلىقى نوقتەرىشلەرنىڭ بەك يىراقتا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا، ئۇ ئاشۇ تار جىلغىغا قاراپ ئېتىنى دېۋىتەتتى. ئاتلار ناهايىتى ئېھتىيات بىلەن ئاستا ماڭاتتى. تاغ ئىچىگە قانچە ئىچكىرىلەپ كىرگەنسېرى يول شۇنچە تارىيىپ، شۇنچە خەتەرلىك بولۇپ كېتىۋاتاتتى...

تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك هۆررا ــ سۈرەن تاغ ئىچىنى لەرزىگە كەلتۈردى. بۇغرا لەشكەرلىرى هەممە ياقتىن ئەكس سادا قايتۇرۇۋاتقان بۇ سۈرەن ــ چوقاننىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى بىلەلمىگەندەك ئەتراپقا ئالاڭلاپ قاراشقا باشلىدى. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن ئىككىلا تەرەپتىن تەڭلا تاشلار پەسكە قاراپ دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. مەنسۇر تۇمەنبېشى ئۆزى ئويلىغان، پەرەز قىلغان ئاقىۋەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، دەسلەپىدە سەل تېڭىرقاپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما تېزلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ۋارقىرىدى:

ــ قېچىڭلار!...

ئەمما، ئۇنىڭ ئاۋازىنى تىك قىيا ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان تاشلارنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئەكس ساداسى يۇتۇپ كەتتى.

بۇغرا لەشكەرلىرى كېچىككەنىدى. دومىلاپ چۈشۈۋاتقان تاشلار ئۇلارغا ئاراملىق بەرمەستىن دەهشەتلىك سوقۇلۇۋاتاتتى. بىر چاغدا ئالدى تەرەپتە، يەنى جىلغىنىڭ بىرەر يۈز قەدەم نېرىسىدىكى ئىككى ئادەم ئاران قاتارلىشىپ ماڭالايدىغان تار يەردە نوقتەرىش پەيدا بولدى ــ دە، قاقاهلاپ كۈلدى. ئاندىن كۈچلۈك ئاۋازدا ۋارقىرىدى:

ــ تاشلاڭلار! ئەڭ چوڭ تاشلارنى تاشلاڭلار! ئۆزىنى چاغلىماي

بىزنى باقمىغا ئۆزىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئارقىمىزدىن تاپ بېسىپ كەلگەن بۇ كەلگۈندىلەرنىڭ بىرسىمۇ ساق قالمىسۇن!

بوغرا لەشكەرلىرى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىلەردەك ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرۇشاتتى. ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يارىلانغان، ئۆلگەنلەرنىڭ ئۈستىدىن دەسسەپ، ھېلى ئۇياندا، ھېلى بۇياندا موكۇنەتتى. ئەمما، ئۇلار خۇددى ئېغىزى بوغۇلغان بۆز تاغارغا كىرىپ قالغاندەك، جىلغا ئىچىگە قاپسىلىپلا قالغانىدى. ئۈستى تەرەپتىن تاشلار دومىلايتتى، يا ئوقلىرى ۋىژىلداپ كېلەتتى. پەسنى، يەنى جىلغا ئىچىنى بولسا ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، يارىلانغانلارنىڭ نالە ـ زارى بىر ئالغانىدى. مەنسۇر تۈمەنبېشىمۇ تاشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇۋالماي جېنىدىن ئايرىلغانىدى. جىلغا ئىچى بىردەمدىلا بوغرا لەشكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى بىلەن تولدى. ئەمما، ھۇجۇم بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئالاھازەل ئىككى ئاش پىشىمدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، بوغرا لەشكەرلىرىدىن بىرەر مىڭغىمۇ يەتمىگۈدەك ئادەم قالدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى جىلغىدىكى تىك قىيا تۈۋىگە بېرىۋالغانلار بولۇپ، ئۈستىدىن تاشلانغان تاش، ئېتىلغان ئوقلاردىن قاچالىغانلار ئىدى. بىر چاغدا باياتىن بېرى جىلغا ئېغىزىنى ئوڭ تەرەپتىن توسۇپ تۇرغان چوقتەرىش بىلەن سول تەرەپتىن توسۇپ تۇرغان نوقتەرىش تەڭلا قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىشىپ، ھۇررا ـ سۈرەن كۆتۈردى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلگەن ئۇدۇن لەشكەرلىرى ھايات قالغان بوغرا لەشكەرلىرىگە قىيامەتنى كۆرستىشكە باشلىدى. گەرچە بوغرا لەشكەرلىرى ناھايىتى جان تىكىپ ئېلىشقان بولسىمۇ، پاتىپاراقچىلىقتا پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قېچىۋالالىغان ئون نەچچە ئادەمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى قىرىلىپ تۈگىدى. ئامان قالغانلارنىڭ بەزىلىرى ئۆلگەن لەشكەرلەر قىياپىتىگە كىرىۋالدى. بەزىلىرى چوڭ ـ چوڭ قورام تاشلارنى دالدا قىلىپ يېتىۋالدى. پەقەت بىر تۈمەن بوغرا لەشكەرلىرىنى تامامەن

دېگۆدەك قىرىپ تاشلاپ غەلىبە خۇشاللىقىدا جەڭ مەيدانىنى تىنتىپ كۆرۈشنىمۇ ئېسىدىن چىقارغان ئۇدۇن لەشكەرلىرى جەڭگاھتىن ئايرىلغان چاغدىلا ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، ئۆز قوشۇنىنى ئىزدەپ يولغا چىقتى. ئۇلار شۇ كۈنى كېچىسىمۇ خۇددى ياۋ لەشكەرلىرى قوغلاپ كېلىدىغاندەك ۋەھىمە ئىچىدە ئارامىمۇ ئالماستىن يول يۈرۈپ تاڭغا ئۇلاشتى.

شۇ كېچىسى ئىمامى ناسىردىن پەقەتلا ئۇخلىيالمىدى. بېشى ياستۇققا تېگىپ، كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىشى بىلەنلا قالايمىقان چۈش كۆرۈپ ئويغىنىپ كەتتى ـ دە، تېخى ھېلىلا چۈشىدە كۆرگەن ئىشلارنى ئەسلەپ، خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. مەنسۇر تۇمەنبېشىنىڭ خەۋىرى كېلىپ قالارمىكىن دېگەندەك، چېدىر سىرتىغا چىقىپ، قاراڭغۇلۇقتا مەھكۇم بولغان دالاغا بىرھازا قارىغاندىن كېيىن، ھېچقانداق تىۋىش يوقلۇقىغا كۆزى يېتىپ، يەنە قايتىپ كىرىپ ياتتى.

— ئۇلاردىن ھېچ خەۋەر يوققۇ؟ مەن مەنسۇر تۇمەنبېشى بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن، — دېدى ئەتىگەنلىك غىزادىن كېيىن ئىمامى ناسىردىن ھەمراھلىرىغا قاراپ، — ھېلىمۇ بىرنەچچە كۈن ئۇن ـ تىنسىز ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ھەرگىز ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ئەمەس. بىزمۇ قوزغىلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئاتلانساق قانداق بولار؟

باشقىلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ سۆزىنى مۇلاھىزە قىلىشىۋاتقاندەك بىردەم جىم بولۇشتى.

— بۇگۈن ئەھۋالغا قاراپ باقساق قانداق بولار؟ مەنسۇر تۇمەنبېشى جەڭگە خېلى پىششىق، پاراسەتلىك كىشى، ئۇ نۇرغۇن جەڭلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئالدىراپ قارامىلىق قىلمايدۇ. ئەگەر كۈتۈلمىگەن ئىشلار كۆرۈلۈپ قالغان بولسا، ئارقىمىز ئەۋەتىپ بىزنى خەۋەردار قىلاتتى. شۇڭا، ئەتە ئەتىگەنگىچە قاراپ باقايلى... — دېدى ئىمامى قاۋامىددىن.

— شۇنداق قىلساقمۇ مەيلى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئەگەر مەنسۇر تۇمەنبېشى ئارقىش ئەۋەتمىسىچۇ؟
— ئارقىش كەلسە كېلەر. ئەگەر كەلمىسە، ھەممىمىز يولغا چىقايلى.
— مەيلى، دېگىنىڭلاردەك بولسۇن... — دېدى ئىمامى ناسىردىن.
شۇ كۈنى كېچىسى تۆت ئىمام تاڭ ئاتقۇچە شاھ مەنسۇرنىڭ يولىغا قاراپ چىقتى. بىراق، يەنىلا ئۇچۇر يوق ئىدى.
— مەيلى نېمىلا بولسۇن ئەتە يولغا چىقايلى، — دېدى ئىمامى مۇئىنىددىنمۇ بىتاقەت بولغاندەك، — بۇ يەردە ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ بەك بۇرۇقتۇرما بولۇپ كېتىدىكەنمىز...
— شۇنداق قىلايلى.
كەچ كىرىپ، ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلدى. ئاي ناھايىتى تۇتۇق بولۇپ، يۇلتۇزلار سۇس جىمىرلايتتى. ئىمامى ناسىردىننىڭ كۆڭلى تازا جايىدا بولمىغاچقا، كەچ كىرىشى بىلەن بارگاھىنىڭ مۇداپىئەسىنى ئەسلىدىكىدىنمۇ بەكىرەك كۈچەيتكەنىدى. بەش - ئوندىن بىر توپ بولۇپ بارگاھ ئىچىنى توختىماي ئايلىنىپ، ئالمىشىپ تۇرىدىغان ياتقاقلاردىن باشقا، يەنە ئون بەش - يىگىرمە قەدەم ئارىلىقتا بىردىن قاراۋۇل قويۇلغانىدى. شۇ تاپتا ئېغىر ئەلياتقۇ بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن شەرق تەرەپتىكى پەسرەك دۆڭ ئۈستىدە تۇرغان ئىككى قاراۋۇلنىڭ ئورنىغا ئالمىشىدىغانلار تېخى كەلمىگەچكە، پات - پات قارارگاھ تەرەپكە قاراپ قويغاچ ئۆرە تۇرۇشاتتى.
— ئۇلار كەلمەيدۇغۇ؟ — سورىدى ئېگىزرەك كەلگەن بىرسى بىتاقەت بولغاندەك.
— كېلىپ قالار. بايا يۈزبېشى ھەر ئىككى ئاش پىشىم ۋاقىت ئىچىدە قاراۋۇللار ئالمىشىپ تۇرىدۇ، دېگەن، — دېدى پاكارراق كەلگىنى.
— بىز كەلگىلى نە كەم، ئىككى ئاش پىشىم ئەمەس، ئۈچ ئاش پىشىمدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، — دېدى ئاۋۋال ئېغىز ئاچقىنى

نارازى بولغاندەك.

— يەنە بىردەم چىدايلى. بەلكىم ئەمدى كېلىپ قالار...

ئۇلار جىمىپ قېلىشتى. ھەر ئىككىلىسى يىراققا نەزەر سالغىنىچە تۇراتتى. توساتتىن ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۆزلىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئىككى قارا نەرسە كۆرۈندى.

— قارا... قارا... ئاۋۇ نېمە؟ — سورىدى دوغىلاق لەشكەر ھەيران بولغاندەك پەس ئاۋازدا پىچىرلاپ، — ھېلى تېخى يوق ئىدى. بىردەمدىلا پەيدا بولدى.

— قايسى... قايسىسىنى دەيسەن؟

— ئاۋۇ... ئاۋۇ قارا كۆرۈنگەن نەرسىنى... — دوغىلاق لەشكەرنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى، ئۇنلۇكرەك نەپەس ئېلىشقىمۇ پېتىنالمىغاندەك ھېلىلا ئۆزى كۆرگەن، ئەمما ئېنىق پەرق ئېتەلمىگەن قارا نەرسىگە قاراپ تۇردى.

— ئەخمەق، تازىمۇ قورقۇنچاق ئىكەنسەن، — دېدى ئېگىز لەشكەر خىرىلداپ كۈلۈپ، — قارا، ئوبدان قارا، سېنىڭ كۆرگىنىڭ ئىككى ئىت ئىكەن ئەمەسمۇ؟

دوغىلاق لەشكەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئالدىدىكى ھېلىھەم قارىيىپ كۆرۈنگەن نەرسىگە سىنچىلاپ قارىدى. راست، ئۇ ئىككىسى ئىت ئىكەن. ئەمما، بۇ ئىتلار نېمىشقىكىن بەك چوڭ ئىدى. ئۇ ئۆزىنى قورقۇنچقا، ۋەھىمىگە سالغان ئىتلاردىن دەردىنى ئالماقچى بولغاندەك، ئوقياسىنى ئالدى ـ دە، كىرىچكە ئوق باستى.

— بولدى... بولدى قىلغىنا، ئۇلار بىزگە خىرىس قىلمىغاندىكىن، كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگىلى قويايلى...

دوغىلاق لەشكەر كىرىچىنى ئاستا ـ ئاستا بوشىتىپ، خورسىنىپ قويدى. ئاندىن بارگاھ تەرەپكە بۇيۇنداپ قارىغاچ غودۇڭشىدى:

— ئۇلار كەلسە بولاتتى، ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ...

— مەنمۇ ئۆزە تۇرۇپ بولالماي، پۇتلىرىم تېلىپ كەتتى، قېنى بۇ يەردە پاراڭلاشقاچ ئولتۇرايلى. شۇنداق قىلساق بەلكىم ۋاقىتنى تېزرەك ئۆتكۇزەرمىز.

بۇ گەپ دوغىلاقىمۇ ياقتى. ئۇلار ياندىشىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ چاغدا ھېلىقى ئىككى ئىتمۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي قاياقلارغىدۇر يوقالغانىدى. ئەمما، بۇ ئىككى لەشكەر خاتالاشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىت تېرىسىنى يېپىنىۋالغان نوقتەرشىنىڭ لەشكەرلىرى ئىكەنلىكى خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى.

شۇ كۈنى تاڭ سەھەردە بۇددىست لەشكەرلىرى بۇغرا قارارگاھىغا بېسىپ كەلدى. كۈچلۈك ھۆررا ـ سۈرەندىن، ناغرىلارنىڭ گۈمبۈرلەشلىرىدىن، ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن چىققان ئەكس سادادىن چۆچۈپ ئويغىنىشقان لەشكەرلەر ياراغلىرىنى قولىغا ئالدى ـ يۇ، ئەمما نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قېلىشتى. چۈنكى، بارلىق قىلىچ ـ نەيزىلەرگە يېلىم قۇيۇۋېتىلگەنىدى. شۇنداقتىمۇ، بەزى لەشكەرلەر ئاتلارنى مىنىپلا جەڭگە كىرمەكچى بولۇۋىدى، ئويلىمىغان يەردىن ئېگەرلەرنىڭ ئۈزەڭگىسى يوقلۇقى مەلۇم بولدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار يەنىلا بىر ئامال قىلىپ جەڭگە كىردى. خېلى كۆپ تالاپەتكە ئۇچراپ، ئاندىن بۇددىست لەشكەرلىرىنى چېكىندۇردى.

جەڭ ئاخىرلىشىپ، ئۇزاق ئۆتمەي بامدات نامىزىغا چاقىرىلغان ئەزان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىمامى ناسىردىن ئېتىدىن چۈشۈپ ئالدىراپ تاھارەت ئالدى ـ دە، ئاللىقاچان سەپراس بولۇپ بامدات نامىزىغا تەييارلىنىۋاتقان لەشكەرلەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ قاباھەتلىك چۈشى بۇگۈن كېچىمۇ داۋاملاشقان بولۇپ، تۇزۇكرەك ئۇخلىمىغان، كېيىن ياۋ بىلەن ئېلىشىپ، ئۇبدانلا ھاردۇق يېتىپ قالغاچقا، كۆزلىرى قىزىرىپ، بېشى لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ، نامازنى تەرك ئېتىشنى خالىماي، خاس نۆكىرىنىڭ نامازنى چېدىردىلا ئوقۇش تەلىپىنىمۇ رەت قىلغانىدى. ئۇ سەپ تۇزۇپ تۇرغان

لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، قوشۇن ئىمامى خاجە ئابدۇللاغا يېقىنلاشتى ـ دە، ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، نامازنى باشلاشقا تەييارلاندى. ئەمما، شۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى ئاغقاندەك بولۇپ، ئىككى كۈندىن بىرى كۆرگەن چۈشلىرى كۆز ئالدىدا زاھىر بولغاندەك بولدى.

— نامازنى قىسقا سۈرىلەر بىلەن تېزرەك تاماملىسىلا، — دېدى ئىمامى ناسىردىن ئىمامغا يېقىنلىشىپ پەس ئاۋازدا.

— ئوبدان!... ئوبدان!...

ناماز باشلاندى. قارائۆتەڭدىكى ئۇرۇشتا ئۇدۇن بۇددىستلىرى قاراخانىيلار لەشكەرلىرى نامازدا تۇرغان ۋاقىتتا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ قانلارنى خۇددى سۇدەك ئاقتۇرغاندىن كېيىن، قوشۇن ئىچىدە مەيلى قانداقلا ناماز بولسۇن، قىسقا سۈرىلەر بىلەن تېز تاماملاش ئادەتكە ئايلانغانىدى. مانا بۇگۈن ئىمامى ناسىردىنمۇ بۇنى خاجە ئابدۇللاغا يەنە بىر قېتىم ئەسكەرتىپ قويدى.

خاجە ئابدۇللا بىرىنچى رەكەت نامازنى تاماملاپ، ئىككىنچى رەكەت نامازنى باشلىغاندا بىردىنلا تۆت تەرەپتىن كۈچلۈك ھۇررا ـ سۈرەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىمامى ناسىردىن ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ باستۇرۇپ كەلگەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، نامازنى بۇزۇشنى خالىمىدى. خاجە ئابدۇللامۇ تەمتىرەپ قالغاچقا، ئىمامى ناسىردىننىڭ تاپىلىغىنىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئۇزۇن بىر سۈرىنى ئوقۇشقا باشلىغانىدى. بۇغرا لەشكەرلىرى نامازنىڭ تېزرەك تۈگىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئەمما، ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىر باشتىن قىرغىنىنى باشلاپ بولغان بولۇپ، رەتلىك ھالدا تىزىلىپ نامازغا تۇرغانلار بىر ـ بىرلەپ يىقىلماقتا ئىدى. ناھايەت، ئىمام نامازنى تاماملىدى. لېكىن، بۇ ئارىلىقتا بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىلا قالغانىدى.

— تېزدىن جەڭگە چۈشۈڭلار! — ئىمامى ناسىردىن دۈئانى ئالدىراپلا قىلىپ، يۈزلىرىنى سىيپاپلا ۋارقىرىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇغرا لەشكەرلىرى يۇگۇرۇشكەن ھالدا بىرىپ قورال ـ ياراغلىرىنى ئېلىپ جەڭگە كىردى. گەرچە ناماز تۇگىگۇچە بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ جەسەتلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھايات قالغانلار ئۆز ھاياتىغا كېپىللىك قىلىش ئۇچۇن بارلىق كۇچىنى ئىشقا سېلىپ جەڭ قىلماقتا ئىدى. جەڭ خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرىمۇ خېلى كۆپ تالاپەت تارتىپ، ئاخىر چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى.

ئىمامى ناسىردىن قالايمىقان ياتقان جەسەتلەرگە قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، يېنىدىلا تۇرغان شەيخ مىرجالالىددىنغا قارىدى:

— نوقتەرىشلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بىزنى ئىككى قېتىم ئاني تاپتى. ئەمدى بۇ دەردلەرنى كۆتۇرۇپ يۇرىۋەرمەيلى، سىلى تېزدىن ئاتلانسىلا، بۇگۇن پېشىن مەزگىلىگىچە قانداقلا بولسۇن ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىلەپ كەلسىلە.

— باش ئۇستىگە!... — شەيخ مىرجالالىددىن يولغا چىقتى. باشقا ئىماملارمۇ بۇ يارلىقنى ئاڭلاپ، گەپ قىلىشمىدى.

— لەشكەرلەر قازا قىلغانلارنىڭ جەسەتلىرىنى بىر يەرگە يىغسا، نامىزىنى چۇشۇرۇۋەتسەكمىكىن، — دېدى ئىمامى مۇئىنىددىن خېلى ئۇزاق سۇكۇتتىن كېيىن ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا.

— ياق، ھازىر لەشكەرلەر ئوبدان ئارام ئالسۇن. شەيخ مىرجالالىددىن نوقتەرىشلەر قوشۇنىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ كەلسە، قانداقلا بەدەل تۆلەشتىن قەتئىينەزەر، بۇھۇدە ئەجەل شەربىتى ئىچكەن بۇ يارەنلىرىمىزنىڭ قىساسىنى ئالايلى، ئاندىن ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا تۇتۇش قىلايلى. بولمىسا بۇلارنىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىدۇ. شۇڭا، سىلەرمۇ غىزالانغاچ بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى ئىمامى ناسىردىن كەسكىن ھالدا.

ھېچكىم گەپ قىلمىدى. شۇ تاپتا ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى پەرىشان ئىدى. قاراپ تۇرۇپ نۇرغۇن لەشكەرنىڭ بىردەمدىلا

قىرىلىپ كېتىشى ئىماملارغىلا ئەمەس، باشقا لەشكەرلەرگىمۇ تەسىر قىلغانىدى. لەشكەرلەر مەدايىنىدىن يولغا چىققان ۋاقىتتا «جەڭ دېگەندە ئۆلۈم ـ يېتىم بولۇپ تۇرىدۇ، جەڭدىن قورقساق، لەشكەر بولمىساق، كاشغەر تەرەپكە بارمىساق بولىدۇ» دېيىشكەنىدى. ئەمما، نۇرغۇن بەرنا يىگىتلەرنىڭ بىر چۈگۈن قايىنغۇچىلىك ۋاقىتتا باقىيغا سەپەر قىلىشىنى ھېچكىم تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدى. شۇڭا، ئۇلار ئاشچىبېشىنىڭ غىزا تەييار بولغانلىق ھەققىدىكى سۆزىنىمۇ ئاڭلىمىغاندەك ئۇندىمىدى. خۇددى ساينىڭ تېشىدەك ياتقان جەسەتلەرگە خېلى ئۇزاق قاراپ ئولتۇرۇشتى، ئاشچىبېشى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىلتىجا قىلغاندا، ئاندىن مەيۇسقىنا ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىشتى.

كۈن پېشىندىن ئۆتكەن بولسىمۇ، شەيخ مىرجالالىدىندىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. ئىماملارنىڭ ئۇنى ساقلاپ تاقىتى تاق بولۇپ، ئاخىر ئۆزلىرىمۇ يولغا چىقىشتى. قوشۇن تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ئەڭ ئالدىدىكى تۇغچى لەشكەرنىڭ كەينىدىنلا ماڭغان ئىمامى ناسىردىنىنىڭ روھىي كەيپىياتى بۆلەكچىلا چۈشلاپ قالغانىدى. ئۇ دەممۇدەم يۈرىكى ئاغقاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە ئەتراپقا قاراپ ئېغىر ئۇھسىنىپ قوياتتى. شۇ تاپتا يۈرىكىنى بىرسى پىچاق بىلەن تىلغاندەك بىئارام بولماقتا ئىدى. تۇرۇپلا جۆيلۈگەندەك: «بۇ قان قىساسىنى چوقۇم ئالماي قويمايمەن، بولمىسا قايسى يۈزۈم بىلەن ماڭا ئەگىشىپ، يۇرتىدىن ئايرىلغان يارەنلىرىمگە يۈز كېلەلمەيمەن» دەپ پىچىرلاپ قوياتتى...

ئىمامى ناسىردىن ئەتراپقا ئالاڭلاپ قارىدى ۋە قوشۇن بىر تەرىپىنى تىك يار، بىر تەرىپىنى ئېگىز تاغ قورشاپ تۇرغان جىرادا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدى. ئۇ ئالدىدا كېتىۋاتقان تۇغچىلارنىڭ قانداقلارچە بۇ يولغا باشلاپ ماڭغانلىقىنى بىلەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يولنىڭ ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەنىدى. پەستە قىيانىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاستى تەرىپىدە سۇنىڭ شارقىراپ ئاققان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاغ قاپتىلى بىلەن قىيا ئارىلىقى ئاتمىش ـ يەتمىش ئادىم كېلەتتى. ئالىمادىس ياۋ ھۇجۇم قىلىپ، قوشۇننىڭ ئالدى ـ كەينىدىن ئىسكەنجىگە ئېلىۋالسا، تىك قىيادىن سەكرەشكە، تاغقا يامىشىپ چىقىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئۇ تېزلىك بىلەن قوشۇنغا كەينىگە چېكىنىش ھەققىدە يارلىق بەرمەكچى بولۇپ، ئېغىزىنى ئۆمەللىشىگە تۇيۇقسىز كۈچلۈك ھۇررا ـ سۈرەن بىلەن تاغدىن تاشلار دومىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئالدى تەرەپتىنمۇ چوقتەرىش بىر توپ ئۇدۇن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، بۇغرا لەشكەرلىرىگە تىغ سىلىشقا باشلىدى.

ئىمامى ناسىردىن دېمەكچى بولغان «دەرھال چېكىنىڭلار!» دېگەن سۆز بوغۇزىدا قالدى. ئۇ ئەمدى ھايات ـ ماماتلىق جەڭنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، قىلىچىنى قىنىدىن شارتتىدە سۇغاردى ـ دە، ۋارقىرىدى:

ــ ئېلىشايلى، يارەنلەر! ئۇدۇن بۇددىستلىرىغا ئۆزىمىزنىڭ كۈچىنى كۆرستىپ قويايلى!

جەڭ مەيدانىدا قىر ـ چاپ باشلىنىپ، ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى گىرەلىشىپ كەتتى. ئىمامى ناسىردىننىڭ قىياسى تېزلا ئىسپاتلاندى. كەينى تەرەپتە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغان نوقتەرىشمۇ بۇغرا لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى. قۇياش پېتىش ئالدىدا جەڭ تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئېتىنىڭ پۇتى قورام تاشقا پۇتلىشىپ تىك موللاق چۈشكەن ئىمامى ناسىردىننى، ياۋ لەشكىرىنىڭ نەيزىسىدىن زەخىم يەپ يىقىلىپ چۈشكەن ئىمامى موئىنىددىننى، كەينى تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن غايىب ئوق دەل يەلكىسىگە تېگىپ، قانسىراپ ياتقان ئىمامى زۇھۇرىددىننى، قىلىچ تۇتقان قولى بىلىكىدىن ئۈزۈلۈپ كېتىپ چىرايى ئاقىرىپ كەتكەن ئىمامى قاۋامىددىننى

چەمبەرچاس باغلىنىۋەتتى. چوقتەرىش ئۆزلىرىنى يۇرتخان شەھىرىدىن قېچىپ چىقىشقا مەجبۇر قىلغان، نەچچە ئايدىن بېرى توختىماي قاچىسىمۇ، ئەمما قۇتۇلالمىغان بۇ سەركەردىلەرگە قاراپ، ئۇلارنى مەسخىرە قىلغاندەك زورغا ھىجايدى.

— قانداق؟ بۇ كۇنگە قېلىشنى ئەسلا ئويلاپ بېقىشمىغان بولغىيدىڭلار - ھە! — دېدى ئۇ ئىستىھزا بىلەن كۇلۇپ، — ئەسلىي بۇ يەرگە كەلمىسەڭلار، ئۆز يۇرتۇڭلاردا سىڭگەن نېنىڭلارنى يېسەڭلار بولاتتى. ئەمدى «ئۆزۈمنى بىلمەي شىلتىنىڭ ئېتىپتىمەن، پالاسقا يۆگىنىپ ھەپتە يېتىپتىمەن» دېگەندەك ئىش بولدى مانا. قېنى ئېيتىڭلار، مەن سىلەرگە نېمە قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟

— تۇفى، لەنەتگەردى، بۇنى بىزدىن سورىغۇچە قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، — دېدى ئىمامى ناسىردىن غەزەپ بىلەن، — ئۇرۇشتا ھىيلە ئىشلىتىپ تۇرۇپمۇ كۆرەڭلەۋاتىسىنا...

— ھا - ھا - ھا... ئۆزۈڭنى بەك باتۇر چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟ سېنىڭ شۇنچە ئۇزاق يول بېسىپ بۇ يەرگە كەلگىنىڭگە ئەجەبلىنىۋاتىمەن. مەيلى، ھېلىمۇ كېچىكىپ بولسىمۇ بىلىپ قويدۇڭ. خوش، ئەگەر گۇناھىڭغا تۇۋۋا قىلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ماڭا باش قويۇشساڭ، بەلكىم يەنە كۇنىنىڭ سىرىقنى كۆرۈشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىشىم مۇمكىن.

— ساڭا تىزلانغاندىن ئۆلگىنىمىز مىڭ ئەۋزەل، — دېدى ئىمامى موئىنىددىن زەردە بىلەن، — بىزگە بۇنداق گەپلەرنى دېگۇچە قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، ئىپلاس!...

— ھا - ھا - ھا... جېنىڭ تۇمشۇقۇڭغا كېلىپ قالغاندىمۇ يەنە ماڭا بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتامسەن؟ بوپتۇ، سېنىڭ مەقسىتىڭ شۇ بولسا، ئارمىنىڭغا يەتكۇزۇپ قوياي. قېنى بۇلارنى قوينى بوغۇزلىغاندەك بوغۇزلاڭلار!...

شۇ ئان بىر توپ لەشكەرلەر ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياتقۇزۇشتى. چوقتەرىش نىمىشقىدۇر كۆكسىنى بوش بىسىپ قويدى ـ دە، بۇ مەنزىرىنى كۆزۈم كۆرمىسۇن دېگەندەك تەتۈر قارىۋالدى. ئەمما، ھېلىھەم ئىلىشىۋاتقانلار تەرەپكە قاراپ، بىر لەشكەرنىڭ قولىدىكى شامالدا يېنىك يەلپۈنۈۋاتقان تۇغنى كۆرۈپ، ئەسەبىيلەشكەندەك ۋارقىرىدى:

— ئاۋۇ... ئاۋۇ تۇغچى لەشكەرنى ئۆلتۈرۈڭلار!

شۇ ئان بىر توپ لەشكەرلەر تۇغچى تەرەپكە يوپۇرۇلۇپ بېرىشتى، قايسىدۇر لەشكەرنىڭ قولىدىكى قىلىچ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، تۇغچى لەشكەرنىڭ بېشىغا كۈچ بىلەن ئۇرۇلدى. تۇغچى لەشكەر يىقىلدى. ئەمما، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە بولغان ئارىلىقتا قەيەردىندۇر پەيدا بولغان بىر بۇغرا لەشكىرى قىڭغىيىپ قالغان تۇغنى كاپپىدە تۇتۇۋالدى. قىلىچ ئۇنىڭ تۇغ سېپىنى تۇتقان ئوڭ قولىغا ئۇرۇلدى. تۇغ ئۇنىڭ سول قولىغا ئۆتتى. سول قولىغىمۇ قىلىچ ئۇرۇلدى. بۇغرا لەشكىرى تۇغ سېپىنى چاقماق تېزلىكىدە ئىككى تىزى ئارىسىغا قىسىۋالدى. دەل شۇ چاغدا قىلىچ ئۇنىڭ بوينىغا زەرب بىلەن ئۇرۇلدى. تۇغنى قوغداۋاتقان بۇغرا لەشكىرىنىڭ بوينى بىر تەرەپكە قىيسىيىپ، يەرگە تۇغ بىلەن قوشۇلۇپلا يىقىلدى...

بۇ چاغدا بۇغرا لەشكەرلىرى ئاساسەن قىرىلىپ تۈگىگەندى. جەڭگاھتىكى ھۆررا ـ سۈرەنمۇ پەسىيىپ قالغانىدى. ئۇدۇن لەشكەرلىرى يارىلانغان لەشكەرلەرنى قىلىچ ـ نەيزىلىرىدىن ئۆتكۈزگەچ، ئۆلگەنلەرنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرۇپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشنى باشلىۋەتتى. چوقتەرىش بىپايان سايدىكى قورام تاشتەك يېتىشقان جەسەتلەرگە قاراپ مەغرۇرلۇق بىلەن كېرىلىپ قويغاندىن كېيىن، يېنىدىكى خاس نۆكىرىگە يارلىق بەردى:

— دەرھال لەشكەرلەرنىڭ يىغىلىشى ئۈچۈن ناغرا چالدۇر. ئەمدى يۇرتخان شەھىرىگە ئاتلىنىمىز!...

— ئىلەل، ئالىيلىرى!...

ئەتراپ ناھايىتى قاراڭغۇ ئىدى. ھەممە يەر خۇددى قازاننى

دۇم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قارىسىپ كۆرۈنەتتى. ئادەم تىنىنى قورۇيدىغان سوغۇقتا ھوشىغا كەلگەن خىزىر بابا ئاللىقانداق يەرلىرىنىڭ ئېچىشىشىغا بەرداشلىق بېرىپ، كۆزلىرىنى تەسلىكتە ئاچتى ـ دە، يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىدى. تۇيۇقسىز باياتىن سول قولىغا نەيزە تەگكەندە ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ، بېشى قاتتىق بىر نەرسىگە تېگىپ كەتكەنلىكى ئېسىگە كەلدى. دېمەك، ئۇ ھوشىنى يوقىتىپ يېتىپ قالغانىدى. ئۇ ئاستاغىنا ئەتراپىنى سىلاشتۇردى. ئۇنىڭ قولىغا يېنىدىلا ياتقان بىرسىنىڭ سوۋۇپ كەتكەن تېنى ئۇرۇندى. خىزىر بابانىڭ تېنى شۈركۈنگەندەك بولدى ـ يۇ، يېنىغا سەل سۈرۈلدى. ئۇنىڭ قولىغا يەنە بىر جەسەت ئۇرۇندى. «قازا قىلىپ كەتكەنلەر ئىكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى شېھىت بوپتۇ. قارىغاندا بۈگۈنكى جەڭدە ساق قالغانلار يوق ئوخشايدۇ. ئىماملىرىم نەدىكىن؟ ئۇلار ھاياتمىدۇ؟... يا... تۇۋا، نېمىلەرنى ئويلاپ كەتتىم. ئۇلار باھادىر، يېڭىلمەس سانغۇنلار، ئۇلار چوقۇم ھايات. بەلكىم تاڭ ئاتسا چوقۇم بۇ يەرگە كېلىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا ئۇلارنىڭ ئىللىق دىدارىنى چوقۇم كۆرەلەيمەن... راست، ھازىر ئالەم قايسى چاغ بولغاندۇ؟ ئاۋۇ ئۈركەر يۇلتۇزنىڭ تىكلەنگىنىگە قارىغاندا يېرىم كېچىدىن ئاشقان چېغى... قاچانمۇ تاڭ ئاتار؟ بۇ يەرگە بىللە كەلگەن يار ـ بۇرادەرلىرىم بىلەن كۆرۈشسەم ئوبدان بولاتتى!...»

خىزىر بابا بىردە ھېچنېمىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇقتا، بىردە ئاسماندىكى چاقناق يۇلتۇزلارغا قارىدى. ئۇنىڭ بېشى ھېلىھەم قاتتىق ئاغرىپ تۇراتتى. قېنىپ ئۇسسۇلۇق ئىچكۈسى كېلىۋاتاتتى. ئەمما، بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ قەيەردىن سۇ تاپالايدۇ؟! «چىداي... بەلكىم تاڭ ئاتسا سۇنىمۇ تاپارمەن...» خىزىر بابا ئولتۇرغان يېرىدىلا بېشىنى تاشقا قويدى...

خىزىر بابا چۆچۈپ ئويغانغاندا، قۇياش باش كۆتۈرۈپ

بولغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا تېزلىك بىلەن قاراپ چىققاندىن كېيىن، تاشتەك يېتىشىپ كەتكەن جەسەتلەرنى كۆرۈپ بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. ئۇ بۇنداق بولارىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، خېلىغىچە ئەسلىگە كېلەلمىگەنىدەك ئېسەنگىرەپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، بىردىنلا ئۆزىدىن ئون ئادىمىدەك يىراقتىكى ئىماملارنىڭ جەسىتىگە كۆزى چۈشۈپ كۆزىگە ياش كەلدى. ئۇ سايىنىڭ تېشىدىكى يېتىشقان لەشكەرلەرنىڭ جەسەتلىرى ئارىسىدىن ئېھتىيات بىلەن ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتى ـ دە، بىردىنلا ئىمامى ناسىردىنىڭ جەسىتىنى قۇچاقلاپ ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ خېلى ئۇزاق يىغلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى تولىمۇ ئېچىنىشلىق ئىدى...

خىزىر بابا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەمدى قانداق قىلىش ھەققىدە خېلى كۆپ ئويلاندى. بىر چاغدا ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە يۇسۇپ قادىرخاننىڭ كاشغەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا ئېيتقان سۆزلىرى ياڭرىغاندەك بولدى. «ئىماملارنى سىزگە تاپشۇردۇم. سىز ئۇدۇن ئېلىنىڭ ئەھۋالىنى ئوبدان بىلىسىز، بۇلارنىڭ قېشىدا بولسىڭىز مەنمۇ خاتىرجەم بولىمەن. ئەگەر ئالىمادىس كۆتۈلمىگەن ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا، ۋاقتىدا مېنى خەۋەرلەندۈرۈڭ...»

خىزىر بابا قايتىدىن ئەتراپقا قارىدى. بۇ يەردە جەسەتنى دەپنە قىلىش ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. ئەگەر ئۇلارنى دەپنە قىلىشقا توغرا كەلسە، يۇسۇپ قادىرخانغا خەۋەر يەتكۈزۈش ئىشى كېچىكىپ كېتەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ تۇيۇقسىز خىزىر بابانىڭ قۇلىقىغا ئاتنىڭ يېنىك پۇشقۇرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ تېزلىك بىلەن قاراپ، سەل نېرىدا ئىمامى مۇئىنىددىننىڭ ئاق ئېتىنى كۆردى. ئۇ ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ، ھېلىلا يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك دەلدۈگۈنۈپ ئاتقا يېقىنلاشتى ـ دە، ئۆزىگە مۆكۈلىنىش ئىچىدە قارىغان ئاتنىڭ بويىنىغا يېنىك شاپىلاقلاپ

قويۇپ، ئۇزەڭگىسىگە پۇتىنى ساپتى. ئاتقا تەسلىكتە مىنىپ، ئېگەردىكى چۇلۋۇرنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، يېنىك تېقىمداپ قويۇپ، پىچىرلىدى:

— چاپ، جانىۋار، چاپ... مۇشۇ يۈرۈشۈڭدە مېنى كاشغەرگە، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا يەتكۈز. ئۇ لەشكەر باشلاپ كېلىپ، سېنىڭ ئىگەڭنىڭ، ئۇنىڭ قېرىنداشلىرىدىن چارە يارەنلىرىنىڭ ھەم ماۋۇ شېھىتلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئالسۇن، يەنە بۇلارنى يەرلىكىدە قويسۇن. بولمىسا بۇلارنىڭ جەسىتى بۇ ئادەمزاتسىز چۆلدە قاغا ـ قۇزغۇنغا يەم بولۇپ كېتىدۇ...

ئاق تۇلپار ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنگەندەك، ئۆزى بىلەن مەدايىندىن بىللە كەلگەن ئىمامى مۇئىنىددىنغا تارتىشقاندەك، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك كىشنەپ قويدى ـ دە، ئاستا قەدەم ئېلىپ، جەسەتلەر بىلەن تولغان جەڭگاھتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يۈرۈشىنى بارا ـ بارا تېزلىتىشكە باشلىدى.

## 26

كۈن چىچىلىشقا باشلىغاندا يولغا چىققان قوشۇن، چۈش مەزگىلىدىمۇ ئارام ئالماستىن يۈرۈشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇلارنىڭ يول يۈرۈشى ناھايىتى جىددىي ئىدى. شۇ تاپتا يۈرتۇغلارنىڭ مۇھاپىزىتىدە كېتىۋاتقان يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ھېسسىياتى ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدى. ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ نۇرغۇن ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگىنىگە قارىماي، يەنە خىيالغا ئەسىر بولغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان خىزىر بابامۇ ئۇنىڭ خىيال كەپتەرلىرىنى ئۈركۈتۈپ قويۇشتىن ئەنسىرىگەندەك پات ـ پات ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، ئۈندىمەي كېتىۋاتاتتى. راست، يۇسۇپ قادىرخان يىغلاۋاتاتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى. ئۆزىگە ھەمنەپەس بولۇش ئۈچۈن ئاتايىن يىراق مۇساپىلەرنى

بىسىپ كەلگەن، جەسىتى يۇرتىدىن يىراق بىر چۆلدە قالغان ئىماملار ۋە لەشكەر ئۇچۇن يىغلاۋاتاتتى. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى ئەسلا ئويلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، خىزىر بابا ئوردۇكەنتكە بېرىپ بۇ شۇم خەۋەرنى يەتكۈزگەندە، ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى تاسلا قالغانىدى.

— نېمە؟ راست دەۋاتامسىز؟... ئۇلار... ئۇلارنىڭ ھەممىسى شېھىت بولدىمۇ؟ — سورىغانىدى يۇسۇپ قادىرخان ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەلمىگەندەك.

— ھەئە، ئالىيلىرى. ئاشۇ جەڭدە مەدايىنلىق ئىماملار بىلەن ئۇلارنىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرىمۇ تامامەن قىرىلىپ كەتتى. نوقتەرىش جەڭنى تۈگىتىپلا ئۇدۇل ئۇدۇنغا يۈرۈش قىلىپ، يۇرتخان شەھىرىنى قايتىدىن ئۆز ئىلكىگە ئاپتۇ. ئۇلار كېلىشتىن نەچچە كۈن ئىلگىرى ياغلاقار قالۇ خان قازا قىلىپ كەتكەچكە، نوقتەرىش ۋاقىتىنچە ئۇدۇن ئېلىگە ئۆزىنىڭ ئىگىدارلىق قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغانىمىش.

يۇسۇپ قادىرخانغا خان ئوردىسى چۆرگۈلىگەندەك، بېشىغا بىراۋ بىر چېلەك سۇ قۇيغاندەك ئەندىكتى ـ دە، كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش سىرغىپ چۈشتى. بۇنى كۆرۈپ، پەستە ئۆز مەرتىۋىلىرى بويىچە ئولتۇرغانلارمۇ كۆز يېشى قىلىشتى. خىزىر بابامۇ كۆز يېشى قىلدى. بىر چاغدا ئۆزىنى بېسىۋالغان يۇسۇپ قادىرخان ئەسەبىيلەرچە ۋارقىرىدى:

— يارلىق: بارلىق لەشكەرلەر سەپەر تەرەددۇتىنى باشلىسۇن. كاشغەر ھاكىمبېگى ئىسلامخان تۈركىي ئۆز زېمىنى تەۋەسىدىكى ياراغ تۇتالايدىغانلىكى ئەركەكلەرنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈرۈپ، لەشكەر سېپىنى تولۇقلىسۇن. ئۇدۇنغا قايتىدىن ھۇجۇم قىلىپ، بۇ قان ـ قىساسنى ئالغايمىز!

يۇسۇپ قادىرخان ئۆزى لەشكەرلەرنى ئېلىپ ئۇدۇنغا ئاتلاندى ـ دە، كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، يۇرتخان شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. ئەمما، يۇسۇپ قادىرخاننىڭ بۇ قېتىم

كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ، جەڭدە پىشقان لەشكەرلەرنى باشلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان نوقتەرىش سېپىل قوۋۇقلىرىنى مەھكەم تاقاپ، تۈرلۈك تەييارلىقلارنى پۈتكۈزۈپ بېكىنىۋالغانىدى. يۈسۈپ قادىرخان يۇرتخان شەھىرىنىڭ سېپىلىنىڭ مۇستەھكەم ئىكەنلىكىنى، ھۇجۇم بىلەن ئېلىشنىڭ تەسلىكىنى ئۇبدان بىلگەچكە، يۇرتخان شەھىرىگە يالۋاچ كىرگۈزۈپ، نوقتەرىشكە ئەل بولۇشنى ئېيتتى. بىراق، ئۇ قوشۇلمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى تەرەپ تىركىشىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىككى - ئۈچ قېتىم جەڭ قىلدى. ۋاقىت ئۇزارغانسېرى يۇرتخان شەھىرىدىكى بەزى كىشىلەر تەۋرىنىشكە باشلىدى. ھەتتا نوقتەرىشنىڭ قول ئاستىدىكى سانغۇنلارمۇ يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىنىڭ ھاياتىغا كاپالەتلىك قىلسا، ئۆزلىرىنىڭمۇ شەھەر ئىچىدىن ماسلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەلەپلىرى يېزىلغان بىتىكلەرنى يا ئوقىغا چىگىپ ئاتتى. ۋاقىت سوزۇلۇپ مۇھاسىرە كۈچەيگەنسېرى بۇ ئەھۋال تېخىمۇ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈسۈپ قادىرخاننىڭ لەشكەرلىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇدۇن لەشكەرلىرىمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە قىلىنغان جەڭلەردىن بىرىسىدە سېپىل قوۋۇقى بىردىنلا ئېچىلىپ، قايتا چۈشۈرۈلدى. بۇغرا لەشكەرلىرى يۇرتخان شەھىرىگە كەلكۈن سۇدەك ئاقتى. شەھەر بىردىنلا قىيا - چىيا، يىغا - زار ئىچىدە قالدى. ئارىدىن ئىككى ئاش پىشىمدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، نوقتەرىش بىلەن چوقتەرىشنىڭ تىرىك قولغا چۈشكەنلىك خەۋىرى يېتىپ كەلدى. يۈسۈپ قادىرخان تېزلىك بىلەن ئاتلىنىپ، ئۆزىگە تونۇش يۇرتخان شەھىرىگە كىردى - دە، ئارقىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۇدۇن ئېلىنىڭ بۇ ئاكا - ئۇكا سانغۇنلىرى قولغا چۈشكەن جايغا يېتىپ كەلدى. يۈسۈپ قادىرخان چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن ئىككىيلەنگە بىرپەس قاراپ تۇردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە قورقۇش ئالامەتلىرى يوق ئىدى.

يۇسۇپ قادىرخاننىڭ بۇنى كۆرۈپ جۇدۇنى تۇتتى ـ دە، ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلىچىنىڭ سېپىنى چىڭ سىقتى ـ يۇ، ئەمما يەنە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— بۇلارنى كىم تۇتۇۋالدى؟ — سورىدى يۇسۇپ قادىرخان ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى ئوراپ تۇرغان لەشكەرلىرىدىن.

ھەممەيلەن بىردىنلا قوشقاچ بالىلىرىدەك ۋىچىرلاشقىلى تۇردى.

— مەن تۇتۇۋالدىم، ئالىيلىرى!...

— ياق، بۇ ئىككى مەلئۇننى مەن تۇتۇۋالدىم. مانا قارىسىلا، بۇلارنى تىرىك قولغا چۈشۈرىمەن دەپ يارىلاندىم!

— ئۇنداق ئەمەس، بۇلار قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، ئالىيلىرى! بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەننى مەن تۇتۇۋالدىم.

...

يۇسۇپ قادىرخان بۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، زادى قايسىسىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشنى بىلەلمەي قالدى ـ دە، تېخى ھېلىلا گەپ سورىماستىن كاللىسىنى ئېلىش قارارىغا كەلگەن نوقتەرىش بىلەن چوقتەرىشكە بۇرالدى.

— سەنلەرنى بۇلارنىڭ ئىچىدىن كىم تۇتۇۋالدى؟

ئاكا ـ ئۇكىلار گەپ قىلماستىن خۇددى يۇسۇپ قادىرخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىغاندەك جىم تۇرۇشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ يېنىدىكىلەر يەنە چۇرقىراشقىلى تۇردى:

— سەنلەردىن گەپ سوراۋاتىدۇ. قېنى ئېيتىش، سەنلەرنى كىم تۇتۇۋالدى؟

— سېنى مەن تۇتۇۋالدىم، شۇنداقمۇ؟...راست گەپنى دېگىن، بولمىسا مۇشۇ يەردىلا كاللاڭنى ئالىمەن!

— تېز جاۋاب بەر! مەن تۇتۇۋالدىمغۇ سەنلەرنى!...

نوقتەرىش ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىستىھزا بىلەن كۈلۈپ قويدى ـ دە، ئۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇرغان لەشكەرلەرنى مەنسىتمىگەندەك بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى.

— سەندىن گەپ سوراۋاتىمەن، تېزدىن جاۋاب بەر! — دېدى جۇدۇنى ئۆرلىگەن يۇسۇپ قادىرخان قەھرى بىلەن.

نوقتەرىش يۇسۇپ قادىرخانغا بىرپەس تىكىلىپ تۇردى ـ دە، خۇددى ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك سۆزلىدى:

— بىزنىڭ ئالتۇن تاجىمىز كىمدە بولسا، بىزنى ئاشۇ كىشى تۇتتى!

— ئالتۇن تاج قايسىڭلاردا، قېنى چىقىرىڭلار! — دېدى يۇسۇپ قادىرخان.

شۇ ئارىدا تويپىنىڭ سەل كەينىدىرەك تۇرغان، باياتىن بېرى باشقىلارنىڭ سۆزىگە ئارىلاشمىغان سەئىد ئىبراھىم قوينىدىن ئالتۇن تاجنى ئېلىپ سۇندى. يۇسۇپ قادىرخان تاجنى قولىغىمۇ ئالماستىن، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ـ دە، يارلىق چۈشۈردى:

— ماۋۇ ئىككى مەلئۇننى كۆزۈمدىن نېرى قىلىڭلار، هازىرلا كاللىسىنى ئېلىڭلار!...

شۇنداق قىلىپ، يۇرتخان شەھىرى ئىككىنچى قېتىم يۇسۇپ قادىرخاننىڭ قولىغا ئۆتتى. ئەمما، نوقتەرىش، چوقتەرىشنىڭ ئىككى ئوغلى بىر قىسىم لەشكەرلەرنى ئېلىپ تاغ تەرەپكە چېقىپ كەتتى. يۇسۇپ قادىرخان قاچقۇنلارنىڭ پاراكەندىچىلىك سېلىشىدىن ئەنسىرەپ، لەشكەرلەرنىڭ يېرىمىنى قالدۇرۇپ، ئەلى ھەمەدانىي باشچىلىقىدىكى بەش مىڭ لەشكەرنى تاغقا نوقتەرىش بىلەن چوقتەرىشنىڭ ئوغۇللىرىنى تىرىك تۇتۇپ كېلىشكە ئەۋەتكەندىن كېيىن، ئۆزى خىزىر بابانىڭ يول باشلىشى بىلەن ئىمامى ناسىردىنغا بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاتلاندى.

— يېتىپ كەلدۇق، ئالىيلىرى، ئىماملار ئەنە ئاۋۇ جايدا قازا تاپقان، — خىزىر بابانىڭ هاياجانلىنىپ يۇقىرى ئاۋازدا دېگەن گېپى بىلەن تەڭ يۇسۇپ قادىرخاننىڭ خىيال كەپتەرلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ تېزلىك بىلەن ئالدىدىكى مەنزىرىگە قاراپ هەيران قالدى. ئالدىدا تىك قىيا بىلەن تاغ

قاپتىلى ئارىسىدىكى دالادا جەسەتلەر بىر ـ بىرىگە باش قويۇشۇپ يېتىشاتتى. ئەتراپىنى قاغىلار قاپلىغان بولۇپ، ئۆلارنىڭ يېقىمسىز ئاۋازى پۈتۈن دالانى بىر ئالغانىدى. يۈسۈپ قادىرخان تۇيۇقسىز يېنىدىكى نۆكەرنىڭ قولىدىكى يانى ئېلىپ، بىر جەسەتنىڭ ئۈستىدىن قوزغىلىپ، ئەمدىلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلگەن قاغىنى چەنلەپ كىرىچىنى قويۇۋەتتى. ئوق دەل جايىغا تېگىپ، قاغا ئەنسىز قاقىلدىغىنىچە يەرگە پوكلا قىلىپ چۈشتى. باشقا قاغىلارمۇ بىرەر كېلىشمەسلىكنى سېزىشكەندەك تەڭلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭغىچە يۈسۈپ قادىرخانمۇ ئېتىدىن چۈشۈپ، خىزىر بابانىڭ كەينىدىن ئۇدۇل ئىمامى ناسىردىنىڭ جەسىتى بار يەرگە كەلدى ـ دە، كىيىملىرى يىرتىلغان، چىرايلىرى بۇزۇلۇشقا باشلىغان جەسەتلەرگە ئۆزىنى ئاتتى.

يۈسۈپ قادىرخان بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردى. جەڭدە قازا قىلغان ئىماملارنى، جىمى لەشكەرلەرنى بىر يەرگە يىغىپ نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۆزى بىلەن كاشغەردىن بىللە كەلگەن قىرىق نەچچە لەشكەرنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ يەنە يۇرتخان شەھىرىگە ئاتلاندى①.

كۈنلەر تولىمۇ ئالدىراش ئۆتۈشكە باشلىدى. يۈسۈپ قادىرخان يۇرتخان شەھىرىگە كېلىپ نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەلى ھەمەدانىيدىن خۇش خەۋەر كەلدى: نوقتەرىش بىلەن چوقتەرىشنىڭ ئوغۇللىرى جەڭدە ئۆلۈپتۇ. ئەل بولۇشنى خالىمىغان سەركەردە، سەرۋازلار، راھىبلار ۋە يەرلىك ئاھالىلەر تاغ ئىچىدىكى يوللار ئارقىلىق تىبەت، كەشمىر، ھىندىستان قاتارلىق تەرەپلەرگە قېچىپ كېتىپتۇ...

يۈسۈپ قادىرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۇرتخان شەھىرىدىكى ھەرقايسى رەستىلەردە داش قازان ئېسىپ، جەڭدە قازا قىلغانلارنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر بېرىشنى جاكارلىدى. ئاندىن ئۇدۇن خەزىنىسىدە ساقلىنىۋاتقان ئالاھىدە قىممەت باھالىق سوۋغاتلارنى تەييارلاپ، توغانخان ئەۋۋەلگە ئۇدۇننىڭ پۈتۈنلەي

① بۇ جاي چىرا ناھىيەسىنىڭ بوستان يېزىسىدا.

قاراخانىيلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتكەنلىك خەۋىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەخسۇس يالۋاچلار ئۆمىكى ماڭدۇردى. يالۋاچلار يولغا چىقىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندە ئويلىمىغان يەردىن يۈسۈپ قادىرخان بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىۋاتقان بىر كىشى پەيدا بولدى.

— پېقىر ئۆزلىرىنىڭ پەرمانى بىلەن ئاقسۇدىن يولغا چىققان قوشۇندىن بولىمەن، ئالىيلىرى...

يۈسۈپ قادىرخان ئۇنىڭغا تەئەججۇپ ئىلكىدە تىكىلدى. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ ئالدىنقى قېتىممۇ، بۇ دورەممۇ ئاشۇ قوشۇننىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئىستىكىدە تەرەپ ـ تەرەپكە تىڭتىڭچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، خەۋىرىنى ئالالمىغانىدى. مانا ئەمدى...

— قېنى چاپسان دېگىن، سەن بىلەن بىللە يولغا چىققانلار قەيەردە؟ — ئالدىراپ سورىدى يۈسۈپ قادىرخان.

— سۆزلەپ كەلسەك گەپ تولا، ئالىيلىرى. بىز پەرمان بىلەن ئاقسۇدىن يولغا چىققاندىن كېيىن، نۇرغۇن دەشت ـ چۆللەرنى كېزىپ، ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز ئاز قالغان ۋاقىتتا ئۇدۇن زېمىنىدىكى قوملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تەۋەككۇل دېگەن جايغا يېتىپ كەلدۇق. بىزنىڭ بۇ يول بىلەن ئۇدۇنغا تېگىش قىلمىدىغانلىقىمىزدىن ياغلاقار قالۇ خان ئاللىقاچان خەۋەر تاپقان بولسا كېرەك، ئالدىمىزنى توسۇپ زەربە بېرىشكە بەرزۇ تۈركىي، قەھرىمان تۈركىي، سەنسۈيل قاتارلىق سانغۇنلىرىنى خېلى زور لەشكەر بىلەن ئەۋەتىپتۇ. دەسلەپكى كۈنلەردە ھەر ئىككىلا قوشۇننىڭ باھادىر ئەزىمەتلىرى يەكمۇيەك ئېلىشىپ، جەڭنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرۇشقا كىرىشتى. ئەمما، نېمىشقىكىن بىزنىڭ سەركەردىلىرىمىز ھە دېسىلا يېڭىلىپ قېلىپ، شېھىت بولىۋەردى. بۇنى كۆرگەن رەقىبلىرىمىزنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ جەڭگە چىقىشقا پالۋان تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. بىزدىن چىقىم كۆپ بولغاچقا، ھېچكىم مەيدانغا چۈشۈپ ئۇلار بىلەن ئېلىششقا جۈرئەت قىلالمىدى. دەل شۇ چاغدا بىزدىن ئىمامى جەئفەر جەڭگە چۈشۈپ، ئۇلار تەرەپتىن جەڭگە ئادەم چىللاۋاتقان ئەسلەم تۈركىي بىلەن ئېلىششقا باشلىدى. ئۇلار

يەتمىش ـ سەكسەن مەرتەم تۇتىشىپمۇ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى. ھەر ئىككىلا پالۋان ھالسىزلىنىشقا باشلىغاندا، تۇيۇقسىز ئىمامى جەئفەر ئەسلەم تۈركىينى ئاتتىن يۇلۇۋېلىپ يەرگە قاتتىق ئاتتى ـ دە، ئۆزىمۇ سەكرەپ چۈشۈپ پۇت ـ قولىنى چەمبەرچاس باغلىۋالدى. قوشۇن باشلىرى ئۇنىڭ لەشكىري ئىشلاردا پۇختا ـ قابىلىيىتىنى، جەڭدە قورقماس ـ باتۇرلۇقىنى، ئەگەر ئىۇ بىز تەرەپكە ئۆتسە، كېيىن ئۇدۇننىڭ كېيىنكى ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور خىزمەت كۆرسىتەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەسلەم تۈركىيگە سەمىمىيلىك بىلەن پەند ـ نەسىھەت قىپتۇ. ھەتتا ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ، ئۇدۇن زېمىنى قاراخانىيلارغا تەۋە بولغاندا، بۇ يەرنىڭ جىمى ھوقۇق، مەرتىۋىلىرىنى بېرىشكە ۋەدە بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ «پۈتۈن جىسمىمنى چاناپ، قىيما ـ قىيما قىلىۋەتسەڭلارمۇ سىلەرنىڭ گېپىڭلارغا كۆنمەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاخىر قوشۇن باشلىرى جەڭگاھقا دار ياساپ، ئەسلەم تۈركىينى ئۇدۇن لەشكەرلىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ دارغا ئېسىپ ئۆلتۈردى. بۇنى كۆرگەن ئۇدۇن سانغۇنلىرى پۈتۈن لەشكەرلىرىنى باشلاپ بىزنىڭ سېپىمىزگە باستۇرۇپ كەلدى.

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى قاتتىق ئېلىشتى. ئۆلگەن ـ يارىلانغانلار جەڭگاھتا تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى. بۇ ئۇرۇش توغرىسىدا قوشۇنىمىزدا مۇنداق قوشاق تارقالدى:

ئالپلار ئارىغ ئالقىشۇر،
كۆچ بىر قىلىپ ئارقاشۇر.
بىر ـ بىر ئۆزە ئالقىشۇر،
ئەزگەرمەزىپ ئوق ئاتار①.

---

① مەنىسى: باتۇرلار بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈشتى، كۈچىنى توپلاپ ئۆز كىشىلىرىنى قوللاشتى، مەدەت بېرىپ بىر ـ بىرىنى ئالقىشلاشتى، ئۆلۈمدىن قورقماي ئوق ئېتىشتى. (قاراڭ: مەھمۇد كاشغەريي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 1ـ نەشرى، 316 ـ بەت.)

شۇ كۈنى كۈن قىزىرىشقا باشلىغاندا، ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئۆزلىرىنىڭ تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى بايقاپ چېكىندى، بىز قوغلىدۇق. لەشكەرلىرىمىز يول بويى قوشاق ئوقۇپ ماڭدى:

تەلىم باشلار يۇۋالدىمات،
ياغى ئاندىن ياۋالدىمات،
كۆچى ئانىڭ كەۋەلدىمەت،
قىلىچ قىنىغا كۆچۈن سىغىدى①.

ئىككى كۈن ئۆتۈپ، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى جىيا دېگەن يەردە ئۇلار يەنە ئالدىمىزنى توستى. ئۇلاردىن سەنسۇل دېگەن قوشۇن بېشى ئوتتۇرىغا چۈشتى. بىزدىن ئىمامى ئاسىم جەڭگە چۈشتى. ھەر ئىككىيلەن بىر - بىرىنى ئەل بولۇشقا دالالەت قىلىشىپ، بىردەم تىل ئۇرۇشى قىلىشقاندىن كېيىن ئېلىشىش باشلاندى. جەڭدە سەنسۇل ئۆلۈپ، ئىمامى ئاسىم غەلىبە قىلىپ، ئۆزگە پالۋان تەلەپ قىلدى. شۇ ئەسنادا ئۇدۇن لەشكەرلىرى تەرەپتىن قەھرىمان تۈركىي مەيدانغا چۈشۈپ جەڭ باشلانغان بولسىمۇ، كەچ كىرگۈچە ئىككى پالۋان بىر - بىرىنى يېڭەلمەي جەڭ ئاخىرلاشتى. ئەتىسىدىكى جەڭدە بىز تەرەپتىن ئىمامى ئاسىم جەڭگە چۈشكەن بولسىمۇ، ئۇلاردىن باشقا پالۋان جەڭگە چۈشۈپ، تۆت - بەش مەرتەم ئېلىشمايلا، ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپلا ئۆز سېپىگە قاچتى. ئىمامى ئاسىم بۇنىڭ ھىيلە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي ياۋنى قوغلاۋېتىپ ئالدىن كولىنىپ، ئۈستى شاخ - شۇمبا بىلەن يېپىلغان ئورەككە ئېتى

① مەنىسى: باتۇرلارنىڭ باشلىرى تېنىدىن جۇدا قىلىندى، شۇڭا دۈشمەنىنىڭ ھەيۋىسى سۇنۇپ، كۆچى ئاجىزلاشتى. قىلىچلار يۇزىگە قاتقان قاننىڭ كۆپلۈكىدىن قىنىغا تەستە سىغدى. (قاراڭ: مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - يىلى 1 - نەشرى، 516 - بەت.)

بىلەن تەڭلا تىك مولىلاق چۈشۈپ، ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغۇچە، ئىككى دولىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۇرۇلغان نەيزە بىلەن قانسىراپ كېتىپ قازا قىلدى. ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى يەنە قانلىق جەڭلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. قوشۇن باشلىرىمىز لەشكەرلەرنىڭ بىھۇدە ئۆلۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەريانى بويلاپ تاغ ئارىسىغا كىرىپ، بەزىدە ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن جەڭ قىلىپ، بەزىدە مۇداپىئەنى كۈچەيتىپ دېگەندەك ئۈچ ـ تۆت ئاي ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. تىركىشىش ۋەزىيىتىمۇ خېلىلا كەسكىن بولدى. بىر كۈنى سەھەردىلا ئىككىلا تەرەپ جەڭ ناغرىلىرىنى چېلىپ سەپ تۈزۈشتى ـ دە، جەڭ باشلاندى. جەڭ تولىمۇ كەسكىن تۈس ئېلىپ، لەشكەرلەرنىڭ ھۇررا ـ سۈرەنلىرىدىن، ناغرىلارنىڭ گۈمبۈرلەپ چېلىنىشىدىن، ئاتلارنىڭ قەھرىلىك كىشنەشلىرىدىن، قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشلىرىدىن، يارىلانغانلارنىڭ ئېچىنىشلىق ناله ـ زارىدىن تاغلار يېرىلىپ، زېمىن تىترىگۈدەك بولدى. بۇ كۈنى ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ ھۇجۇمى ناھايىتى شىددەتلىك ئىدى. كۈن قىيام بولمايلا ئۆلار بىزنى تامامەن قورشىۋالدى. بىزنىڭ پۈتۈن سەپ بويىچە تارمار بولۇشىمىز قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا ئۇدۇن لەشكەرلىرى ئاستا ـ ئاستا چېكىنىپ، بىزگە قايتا ھاياتلىق بەرگەندەكلا ئىش قىلدى. بۇنىڭغا قوشۇن باشلىرىمۇ، لەشكەرلەرمۇ ھەيران بولۇشۇپ، ھەر خىل مۇلاھىزىلەرنى قىلىشقان بولسىمۇ، ئەمما ھېچكىمنىڭ مۇلاھىزىسى ئادەمنى قايىل قىلالمايتتى. شۇ كۈنى كەچتە ھەممە سىر ئېچىلغاندا، ھەممەيلەن بۇ ئىشقا ئىشىنىش ـ ئىشەنمەسلىكنى بىلەلمەي قېلىشتى. ئەسلىدە قوشۇنىمىز تاغ ئىچىگە يۆتكەلگەندە، قوقەندتىن لەشكەر باشلاپ بارغان ئەمىر ئابا مۇسلىم دېگەن مىڭبېشى ئېتىنى سۇغارغىلى دەريا بويىغا بارغاندا تاسادىپىي پۈرسەتتە ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ مۇشۇ

قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىدىغان سۇباشىنىڭ چىرايلىق قىزى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ يۈرۈپ، كۆڭۈللىرىگە ئىسسىق ئۆتۈپ قاپتۇ. ئەمما، ئۇلار قېرىنداشلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە تىغ كۆتۈرۈشۈپ، ئۆزئارا قىرغىن قىلىشىشلىرىنى خالىمايدىكەن. ھەتتا تېخى دىنىي ئېتىقادىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىن مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىشەلمەي قېلىشلىرىدىن ئەنسىرەشسىمۇ، يەنىلا مۆجىزە يۈز بېرىشىنى ئۈمىد قىلىشىدىكەن. ئۇلار كۆرۈشكەنسېرى رىشتىلىرى تېخىمۇ چىڭىيىپ بېرىپتۇ. شۇڭا، بىرەرسى كۆرۈشۈشكە ۋەدىلەشكەن ۋاقىتتا بارالماي قالسا، بىر ـ بىرىگە بولغان سېغىنىشتا قوشاق ئېيتىشىدىكەن:

بۇلنار مەنى ئۇلاس كۆز،
قارامەڭىز قىزىل يۈز،
ئاندىن تامار تۈگەل تۈز،
بۇلناپ يانا ئول قاچار①.
باردى كۆزۈم يارۇقى،
ئالدى ئۇزۇم قونۇقى،
قاندا ئەرىنچ قانىقى،
ئەمدى ئۇدىن ئۆزغۇرۇر.②

① مەنىسى: قارا مەڭلىك قىزىل يۈزلىرىدىن گۈزەللىك تېمىپ تۇرىدىغان خۇمار كۆز مېنى ئەسىر قىلدى، ئەسىر قىلدى ـ دە، قېچىپ كېتىدۇ. (قاراڭ: مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 82 ـ بەت.)

② مەنىسى: كۆز نۇرۇم، يەنى سۆيگەن يارىم كەتتى، ئۇ مېنىڭ روھىمنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتتى. ئەمدى ئۇ قەيەردىكىن؟ ئۇنىڭ پىراقىدىن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. (قاراڭ: مەھمۇد كاشغەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 ـ توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 65 ـ بەت.)

كۆنلەر ئۆتكەنسېرى بىزنىڭمۇ تىركىشىشىمىز ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئۇرۇشنىڭ تېزرەك ئاياغلىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك ۋىسالىغا يېتىشىگە ئىنتىزار ئىكەن. ئۇدۇن لەشكەرلىرى بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان كۈنى بىزنىڭ تامامەن قىرىلىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى كۆرگەن قىز سۆيگەن نىگارىنىڭمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ، كۆزىتىش سۇپىسىدا جەڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تۇرغان دادىسىنىڭ يېنىغا چىقىپتۇ ـ دە، قىلىچە تارتىنماستىن دەرھال جەڭنى توختىتىشنى ئۆتۈنۈپتۇ. قىزنىڭ ئەمىر ئابا مۇسلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن بىخەۋەر سۇباشى بۇ گەپتىن ھەيران بولۇپ، سەۋەبىنى سوراپتۇ. قىز ئەقىللىك بولغاچقا، قېرىنداشلار ئارا قان تۆككەنىنىڭ قىلچىلىك زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى، بەزى ئىشلارنى سۆھبەت، چۈشىنىش ئارقىلىق ھەل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇڭا ئورۇنسىز بىر ـ بىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولماسلىقنى ئېيتىپتۇ. بىراق، سۇباشى قوشۇلماپتۇ. ھەتتا «قاراخانىيلار بىزنىڭ دۈشمىنىمىز. خانىمىز ياغلاقار قالۇ ئۇلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان قان كېچىپ جەڭ قىلدى. بىزنىڭ نۇرغۇن لەشكەرلىرىمىز ئۇلارنىڭ قولىدا جان بەردى. بىز ئاشۇ خورلۇقلارغا چىداپ، مۇشۇنداق پۇرسەتنىڭ يېتىپ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتقان تۇرساق، نېمىشقا لەشكەرلەرنى چېكىندۈرىمىز. سەن كىچىك، قىزىم، جاھاننىڭ ئىشلىرىنى تازا بىلىپ كەتمەيسەن، بۈگۈن ئۇلارنىڭ قىرىلىپ كېتىشىگە ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ قويساڭ، ئەتە ساڭا قىلىچ تەڭلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەلمىساقتىن بېرى جەڭدە كۈچلۈكلەر يېڭىپ، ئاجىزلار مەغلۇپ بولغان. ياشايمىز دېسەك، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىپ، پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىشىمىز كېرەك. شۇندىلا بىزمۇ خاتىرجەملىككە ئېرىشەلەيمىز...» دەپتۇ. قىز بۇ گەپنى

ئاڭلاپ، دادىسىغا چىرايلىق گەپلەرنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى قىلىچنى شارتتىدە قىنىدىن سۇغۇرۇۋاپتۇ ـ دە، ئۆزىنىڭ بويىنىغا تەڭلەپ: «ئاتا، بۇ مېنىڭ سىزدىن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆتۈنۈشۈم بولۇپ قالسۇن، ئەگەر قىزىڭىزنى بۇ دۇنيادا ئۇزاقراق ياشىسۇن دېسىڭىز، دەرھال لەشكەرلىرىڭىزنى جەڭگاھتىن قايتىشقا يارلىق بېرىڭ. ئەگەر ئۇنداق قىلمىسىڭىز، ھازىرلا ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالىمەن» دەپتۇ. قىزىنىڭ قەتئىي نىيەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرگەن سۇباشى تەڭلىكتە قاپتۇ. ئۇ قىزىغا ناھايىتى ئامراق ئىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلمىسا، تەرسالىق بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىپ، مەڭگۈلۈك ھەسرەتتە قېلىشىدىن قورقىدىكەن. ئەگەر تەلىپىگە ماقۇل بولسا، ياغلاقار قالۇ خانىنىڭ لەشكىرىي جاساق بويىچە جازالىشىدىن قورقىدىكەن. ئۇ ئارىسالدىچىلىقتا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ كېتىپتۇ ـ دە، قىزىنى ئۆز سۆزىگە كىرگۈزۈشكە كۆزى يەتمەي، يېنىدىكى خاس نۆكىرىگە ناغرا چېلىپ، ئۇدۇن لەشكەرلىرىنىڭ چېكىنىشىگە بەلگە بېرىشكە يارلىق چۈشۈرۈپ قويۇپلا، كۆزىتىش سۇپىسىدىن چۈشۈپ كېتىپتۇ...

بۇنى ئاڭلاپ ھەممىيلەن ئېغىزلىرىمىزنى ئېچىشىپلا قالدۇق. ئەمىر ئابا مۇسلىم ئۇ قىزنىڭ ئاتىسى بىلەن ماڭماي، مۇشۇ يەردە قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لەشكەر باشلىرىمىز بۇنى ئاڭلاپ، بۇ ئىككىيلەننىڭ تېزرەك مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتىشىنى تىلەپ چىن دىلىدىن دۇئا قىلىشتى. قوشۇن بېشىمىز ئىمامى جەئفەر شۇ كۈنىلا لەشكەرلەرگە ئىككىگە بۆلۈنۈپ لەشكەرگاھتىن ئايرىلىشقا پەرمان بەردى. سۇلتان غۇلام خۇراسانىي بىلەن سۇلتان زۇھۇرىددىن باشچىلىقىدىكى ئاتلىق لەشكەرلەر تاغ ئىچى بىلەن كۈنچىقىشقا، ئىمامى جەئفەر قالغان لەشكەرلەرنى باشلاپ كۈنپېتىشقا ئاتلاندى. ئەمما، كۈنچىقىشقا ئاتلانغانلار ئىككى كۈندىن كېيىن، ئۇدۇنلۇكلەرنىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ لەش-

كىرىپ قىسمىغا ئۇچراپ قېلىپ، ئازراقلا كىشى ئامان قاپتۇ ـ دە، تېزلىكتە چېكىنىپ، مىڭبىر مۇشەققەتتە ئىمامى جەئفەرنىڭ قوشۇنىغا كېلىپ قوشۇلدى. بۇ قوشۇنمۇ نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن، يەنە ئىككى يولغا بۆلۈنۈشنى لايىق كۆردى ـ دە، بۇرھاندىن قىلىچ ئاتا، غوجا ئىسھاق ئاتا باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر دەريانى بويلاپ شىمالغا مېڭىپ، ئاقسۇغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار يولدا سەلسال پىرى دەندان باشچىلىقىدىكى قوشۇنغا ئۇچراپ قېلىپ، تامامەن قىرىلىپ كېتىپتۇ. بۇددىستلار ئېغىر يارىلانغان بىر لەشكەردىن ئىمامى جەئفەرنىڭ قاياققا ماڭغانلىقىنى بىلىۋاپتۇ ـ دە، ئارقىمىزدىن قوغلاپ مېڭىپ، چۈشكۈن قىلغان جايىمىزغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلاپ، ھەممە لەشكەرلەرنى بىراقلا شېھىت قىلىۋەتتى. شۇ چاغدا قۇللىرى ھاجەت قىلىش ئۈچۈن سەل نېرىراقتا كەتكەنلىكىم سەۋەبلىك ھايات قالدىم. ئۇدۇن لەشكەرلىرى لەشكەرلىرىمىزنى قىرغىن قىلغاندىن كېيىن ئۆز يولىغا راۋان بولدى. مەن بۇ خەۋەرلەرنى ئۆزلىرىگە يەتكۈزمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ يولغا چىقتىم...

يۈسۈپ قادىرخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولغان ھالدا سۈكۈتكە پېتىپ ئولتۇرۇپ كەتتى... ئۇ بۇ قوشۇننىڭ بۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولۇپ قېلىشىنى ئەسلا خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى.

يۈسۈپ ئارسلانخان ئېغىر ئۇھ تارتتى ـ دە، يارلىق كۈتۈپ تۇرغان ئىشىكئاغىسى تەرەپكە بۇرالدى:

ــ بۇ كىشىنى ئوبدانراق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسىلا، بىرنەچچە كۈن ئوبدان كۈتۈلسۇن!

ــ ئىلەل، ئالىيلىرى...

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان كۆزلىرىنى يۇمدى ـ دە، تېخى ھېلىلا ئاڭلىغان ئىشلارنى خىيالىدىن قايتا ئۆتكۈزمەكچى بولغاندەك گەۋدىسىنى تەختكە

تىرىدى.

كۆنلەر ئېقىن سۇدەك ئۆتمەكتە ئىدى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئىشلىرى تازىمۇ ئالدىراش ئىدى. ئەمما، شۇنداق ئالدىراش كۈنلەردە ئويلىمىغان ئىككى ئىش يۈز بەردى. بىرسى، ئۇدۇن پۇتۇنلەي قاراخانىيلارنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، خېلى مەزگىلدىن بۇيان، ئىچكىرىدىكى سۈلۈك سۇلالىسى تەرەپكە بېرىپ سودىگەرچىلىك قىلىدىغان ئۇدۇنلۇقلار ئۈزۈلۈپ قالغان سودىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاشۇ تەرەپلەرگە كارۋان تارتىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىجازەت بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىشتى. يۈسۈپ قادىرخان بۇنىڭ سۈلۈك ئېلى بىلەن چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنىڭ تازا ئوبدان پەيتى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە تېزلا قوشۇلدى ـ دە، ئۇدۇننىڭ ھازىر قاراخانىيلارغا تەۋە بولغانلىقىنى، سۈلۈك شاھى بىلەن ئۆزئارا تاۋار ئالماشتۇرۇش، ئىناق قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆز نامىدىن نامە پۈتۈپ، ئۇدۇننىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى بىلەن قوشۇپ يولغا سالدى. يەنە بىرسى، توغانخان ئەۋۋەلدىن كەلگەن يارلىق ئىدى. خان يارلىقتا ناسىر ئىلىكخاننىڭ نۇرغۇن قوشۇن بىلەن غەزنەۋىيلەرگە قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغان بولسىمۇ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخ شەھىرىگە يېقىنلاشقاندا، غەزنەۋىيلەر تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغانلىقىنى، شۇڭا ئۇنىڭ تېزدىن ئۇدۇندىن ئايرىلىپ، ناسىر ئىلىكخانغا ھەمدەم بولۇشى ھەققىدە پەرمان بەرگەنىدى. يۈسۈپ قادىرخان بىرنەچچە كۈنگىچە بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئۇ، ئۆزى تولىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغاندا، خاننىڭ لەشكىرىي ياردەم بېرىشىنى رەت قىلىپ يولغا سېلىپ، مانا ئەمدى ئۇدۇن پۈتۈنلەي ئۆز ئىلكىگە ئۆتكەندە، يەنە باشقا جايغا جەڭگە بېرىشىنى بۇيرۇشىنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايۋاتاتتى. توغانخان ئەۋۋەلدىن كۆرگەن سوغۇق مۇئامىلىلەرنى، چەتكە قېقىشلارنى

بىرمۇبىر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭ يارلىقنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇدۇندىن يەنە بىر مەزگىل ئايرىلماسلىقنى ئويلىدى. ئەمما، يەنە ھەسەنىيلەر بىلەن ئەلەۋىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ يىرىكلىشىپ، خانلىقنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ھازىرچە ناسىر ئىلىكخانغا ياردەملىشىپ غەزنەۋىيلەرگە قارشى تۇرۇشنى، كېيىنكى ئىشلارنى ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلىدى ـ دە، يولغا چىقىشنىڭ سەپەر تەرەددۇتلىرىنى قىلىشقا باشلىدى.

# سۆكۆتكە چۆمگەن دالا (رومان)

**ئاپتورى:** مەتتۇرسۇن ئوبۇلقاسىم
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئابدۇقەييۇم سايىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** سەنەۋەر ئىبراھىم
**تەكلىپلىك كوررېكتورى:** ۋەلى زەيدۇن
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** ئەكبەر سالىھ
**نەشر قىلغۇچى:** شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**تارقاتقۇچى** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 880 × 1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 16
**نەشرى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2016 ـ يىلى 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 - 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 17303 - 7
**باھاسى:** 44.00 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 978-7-228-17303-7
9 787228 173037 >
定价：44.00元